

AltunOq

# بۇلاق

www.uyghurkitap.com

# بۇلاق

(ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مەجمۇئەسى)

(ئومومىي 16-سان)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

1985-يىل ئۈرۈمچى

# مۇندەرىجە


داستان پادىشا ئىسكەندەر ........ ئەلىشىر ناۋايى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: قۇربان بارات ........ 72

دىۋان ھىكمەت ........ ئەخمەت يەسەۋى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: نىجات مۇخلىس ........ 162

چاھار دەرۋىش ........ ئا. نىزارى، ن. زىيائى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئىسرائىل يۈسۈپ ........ 275

كىتابى غېرىب ........ تۇردى نازىم غېرىبى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇرىشىت ئىسلامى ........ 325


## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن


شىرزات ۋە گۈلشات ........ 1

نەشرگە تەييارلىغۇچى: توختى ئابىخان ........ 1

سەيپۇلمۇلۇكنىڭ ھىكايىسى ........

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: سۈزۈك، نېمەتۇللا ئەبەيدۇللا ........ 374




نەشرگە تەييارلىغۇچى: توختى ئابىخان

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:

«شەھزات ۋە گۈلشات» ناملىق بۇ قىسسە ئۆز قولۇمىدا ساقلىنىۋاتقان، ھىجرىيە 1291 - يىلى (مىلادى 1771 - يىلى) يەكەندە كۆچۈرۈلگەن ئۇيغۇر خەلق قىسسىلىرى ۋە ھىكايىلىرىنىڭ قوليازما توپلىمى ــ «جامىئۇل ھىكايات» قا ئاساسەن نەشرگە تەييارلاندى.

## قاراخان پادىشاسى ھەققىدە ھىكايە

رىۋايەتچىلەر ھىكايە قىلىپ شۇنداق دېيىشىدۇ:

قاراخان شەھرىدە بىر پادىشا بار ئىكەن. ئۇ پادىشانىڭ ئېتى كەركىس بولۇپ، بىرمۇ پەرزەنتى يوق ئىكەن، شۇڭا ئۇ قايغۇرۇپ ھەسرەت چېكىدىكەن.

شاھ كەركىس بىر كۈنى ئويلاپتىكى: «بىر ئوغۇل پەرزەنتىم بولغان بولسا، ئوقۇتۇپ، ئىلىم تەھسىل قىلدۇرسام، جەڭ ماھارىتىنى ئۆگەتسەم، ئارمىنىمغا يەتكەن بولاتتىم. ھەقتىن بۇيرۇق كېلىپ، بۇ پانى، ۋاپاسىز دۇنيا بىلەن خوشلىشالمۇ پۇشايمان قىلمايتتىم. ئوغلۇم ئورنۇمدا ئولتۇرۇپ، تەختى - تاجىمنى ۋەيران قىلماي، چىراغىمنى ياندۇرۇپ ئولتۇرغان بولاتتى... ئەمدى كېيىنكى ھالىم نېچۈك بولغاي!؟...»

پادىشانىڭ يۈرەك - باغرى شۇ غەم - غۇسسە بىلەن ئازاپلىنىپتۇ. ئۇ، ئاقىللارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن كېچە - كۈندۈز تائەت - ئىبادەتكە مەشغۇل بولۇپتۇ. سەجدىگە باش قويۇپ، يىغلاپ دۇئا قىلىپ خۇدادىن پەرزەنت تىلەپتۇ، ئاللاتائالا پادىشانىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۆز قۇدرىتى بىلەن بىر پەرزەنت ئاتا قىپتۇ.

ئەلقىسسە، بىر كۈنى پادىشانىڭ كۆڭلىدە شىكار ھەۋىسى قوزغىلىپ، «جەمى خالايىق مېنىڭ بىلەن شىكارغا چىقسۇن!» دەپ ئەمىر قىپتۇ. پادىشا پەرمانىغا ئاساسەن كىشىلەر شىكارغا چىقىپتۇ. ئۇلار شەھەردىن ئايرىلىپ، يېزا - قىشلاقلاردىن ئۆتۈپ، بىر جاڭگال ئىچىدە كېتىپ بارغاندا، يان تەرەپتىن بىر شىر چىقىپ پادىشاغا ھۇجۇم قىپتۇ.

كەركىن شاھ قولىغا تىغ ئېلىپ شىرغا زەربە
بېرىپتۇ، شىرنىڭ غەزىۋى تېخىمۇ ئۇلغىيىپتۇ.
پادىشانىڭ ئېتى ھۈركۈپ، شاھ ئاتتىن يىقى-
لىپتۇ. شىر كېلىپ پادىشاغا زەخمە يەتكۈ-
زۈپتۇ. نەۋكەرلەر كېلىپ، پادىشانى قۇتۇلدۇ-
رۇپ شەھەرگە ئېلىپ كەپتۇ.

شۇ سەۋەپ بىلەن، پادىشانىڭ ھالى
خاراپ بولۇپ باش ئۈستىدە ئەجەل ۋەھىمى-
سى ئويناپتۇ. ئۇ ھاياتىدىن ئۈمىت ئۈزۈپ،
بارلىق چوڭ - كىچىك ئوردا ئەمەلدارلىرىنى
يىغىپ رازىلىق ئاپتۇ.

— ئەي بۇرادەرلەر، — دەپتۇ ئۇ سۆز-
لەپ، — مەن كېسەلدىن ساقىيالمايدىغان
ئوخشايمەن. سىلەرگىمۇ مەلۇم ئەھلەم ھامىلە-
دار. ئاللا مۇرادىمنى ھاسىل قىلىپ، بىر ئو-
غۇل ئاتا قىلسا ياخشى تەربىيلەپ، مېنىڭ
ئورنۇمدا كۆرۈڭلار. ئۇ كېيىن پادىشالىق
تەختىمگە ۋارىسلىق قىلسۇن. روھىمنىڭ
خۇشنۇدلىقى ئۈچۈن ھەممەڭلار ئۇنىڭ پەر-
مانىدا بولۇڭلار! ئاندىن ئۇ ۋەزىرگە قاراپ
دەپتۇ، — ئەي پەررۇخزادە، پەرزەنتىم كامالىغا
يەتكۈچە سەن پادىشالىق تەختىدە ئولتۇر-
غىن. ئوغلۇم كامالىغا يەتكەندە، ئۇ پادىشا
بولسۇن، سەن يەنە ۋەزىر بولغىن، پەرزەن-
تىمنى تەربىيلەپ يېتەكلىگىن!

پەررۇخزادە پادىشانىڭ ۋەسىيىتىنى
ئاڭلاپ، ئورنىدىن تۇرۇپ، تازىم بىجا كەلتۈ-
رۈپتۇ. پادىشانىڭ ئۆمىدىنى يەردە قويماي،
ئېيتقانلىرىنى بىجانىدىل ئورۇنلايدىغانلىقىنى
بىلدۈرۈپتۇ.

كەركىن شاھ پانى دۇنيادىن باقى
دۇنياغا سەپەر قىپتۇ. پەررۇخزادە پادىشالىق
تەختىدە قارار تېپىپ، شاھ كەركىنگە قاراش-
لىق شەھەرلەرنى تامامەن ئۆز تەسرۇپىغا كىر-
گۈزۈپتۇ.

بىر كۈنى ئۇ ئويلاپتۇ: «بۇ پادىشالىق
ماڭا ئوڭايلا مۇيەسسەر بولدى. شاھ كەركىن-
نىڭ خوتۇنى ھامىلىدار. مۇبادا ئۇ ئوغۇل
تۇغسا پادىشالىق قولۇمدا ئۇزاق تۇرمايدۇ.
شۇنىڭ ئۈچۈن بىر تەدبىر بىلەن پادىشانىڭ
خوتۇنىنى يوق قىلاي، پادىشالىق مېنىڭ ئەۋ-
لادىمغا باقى بولۇپ قالسۇن...»

ئەلقىسسە، پادىشا پەررۇخ ۋەزىرى پارس-
نى چاقىرىپ، بىر خىلۋەتكە باشلاپ كىر-
رىپتۇ.

— ئەي پارس، مېنىڭ كۆڭلۈمدە بىر
ئەندىشە بار، ساڭا ئېيتاي، — دەپتۇ ئۇ. —
ساڭا مەلۇمكى پادىشالىق ماڭا جىدەلسىز كەل-
دى. مەن ھازىر پادىشالىقنىڭ ئەۋلادىمغا
باقى بولۇشىنىڭ ئامالىنى ئىزلەۋاتىمەن. سەن
مېنىڭ ۋەزىرىم. بۇ ھەقتە ماڭا بىر مەسلىھەت
بەرسەڭ، ناۋادا پادىشانىڭ خوتۇنى ئوغۇل
تۇغسا پادىشالىقنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇشۇم لازىم.
شۇنىڭ ئۈچۈن پادىشا كەركىننىڭ خوتۇنى
يەڭگىچە ئۇنى كۆزدىن يوقاتسام دەيمەن، —
ئاندىن ئۇ ۋەزىرگە تىكىلىپ تۇرۇپ سۆزىنى
داۋام قىپتۇ، — ئەگەردە بۇ ۋەزىپىنى سەن
ئورۇنلىساڭ، پادىشالىغىمغا شېرىك بولغايسەن.

پادىشادىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغان پارس
ئەندىش ئىلكىدە پەرىشان بولۇپتۇ. «ئەجەپ
بىر مۇشكۇل ئىشقا گىرىپتار بولۇپ قالدىم، —
دەپ ئويلاپتۇ ئۇ، — ئەگەر بۇ ۋەزىپىنى قو-
بۇل قىلمىسام، ئۇنىڭ مېنى ھالاك قىلىشى
ئېنىق. ئەگەر مەسلىھەتكە ماقۇل بولسام، قى-
يامەت كۈنى ھەق ئالدىدا قارا يۈز بو-
لىمەن...»

ئەلقىسسە، پارس ئىلاجسىز پادىشانىڭ
مەسلىھەتىگە ماقۇل بولۇپتۇ. پەررۇخزادە ئۇ-
نىڭغا بىسيار ئىنئام - ئېھسان قىپتۇ. ئەتىسى
پارس پادىشا بىلەن قىلىشقان مەسلىھەتكە
ئاساسەن، خىزمەتچىلىرىگە مەرھۇم پادىشا كەر-
كىننىڭ خوتۇنىنى «سەھرا سەيلىسى قىلدۇ-
رىمىز» دەپ مەپىگە ئولتۇرغۇزۇپ، دەشتكە
ئېلىپ چىقىشنى بۇيرۇپتۇ. ئىتائەتكار غۇلام -

خىزمەتچىلەر ۋەزىرنىڭ ئەمرىنى دەرھال بىجا كەلتۈرۈپتۇ. مەيە شەھەر دەرۋازىسىدىن چىقىپ، سەھرا يوللىرىنى بېسىپ بىر دەشتكە يېتىپ كەپتۇ. دەشتنىڭ بىر تەرىپى توقايلىق جاڭگال ئىكەن. مەيە شۇ يەرگە يېتىپ بارغاندا، پارىس غۇلاملىرىغا:

— بۇ خىتۇننى توقاي ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ ئۆلتۈرۈڭلار، بۇ ھازىرقى پادىشانىڭ بۇيرىقى. ئەمما قاتتىق سىر ساقلىشىڭلار لازىم. شۇنداق قىلساڭلار، سىلەرنى ئازات قىلىمەن ۋە سىلەرگە ھىساپسىز مال - دۇنيا ئىنئام قىلىمەن، — دەپتۇ.

غۇلاملار ھامىلدار ئايالنى توقاي ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ ئۇنىڭغا رەھىمسىزلىك بىلەن خەنجەر ساپتۇ، ئايال يىغا - زارە بىلەن يەرگە يىقىلىپتۇ...

پارىس ۋەدىسىدە تۇرۇپ قاتىل غۇلاملارغا ئازاتلىق ئېلان قىلىپتۇ.

— ئەي ئازات، ئەركىن غۇلاملار، — دەپتۇ ئۇ سۆزلەپ، — ئازغىنا تەخىر قىلىڭلار. مەن تاھارەت ئېلىپ ئىككى رىكەت ناماز ئوقۇۋالاي.

پارىس غۇلاملىرىنى توختىتىپ، ئۆزى تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن توقاي ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىرىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا ئايالدىن ئايدەك بىر ئوغۇل تۇغۇلۇپتۇ، ئۇ بالا ئۆلگەن ئانىسىنىڭ كۆكسىنى تۇتۇپ ئېمىۋاتقان ئىمىش. بۇ ھالنى كۆرگەن پارىس پۇشمان قىلىپ، مەرھۇم پادىشا كەركىننى ئەسلەپتۇ. كۆزلىرىدىن ياشلىرى تاراملاپ ئېقىپتۇ. ئۇ قولىغا قەلەم - قەغەز ئېلىپ، ئۆتكەن ۋاقەنى بىر - بىرلەپ يېزىپتۇ - دە، ئون دانە گۆھەرنى لاتىغا ئوراپ بالىنىڭ ئوڭ بىلىكىگە چىگىپ قويۇپ توقايلىقتىن قايتىپ چىقىپتۇ.

ئەلقىسسە، پارىس توقايلىقتىن چىقىپ قارىسا، ئازات غۇلاملارنى شىرلار ھالاك قىلغان ئىكەن. ئۇ قورقۇنچىدىن يۈرىكى يېرىلغۇدەك بولۇپ شەھەرگە قاراپ قېچىپتۇ. شەھەرگە كېلىپلا، پادىشا ئالدىغا كىرىپتۇ.

— ئەي پارىس، — دەپتۇ پادىشا ئالدىراپ، — ھېلىقى خىزمەتنى بىجا كەلتۈردۈڭمۇ؟

— ئەي پادىشاھى ئالەم، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ پارىس تەرلىرىنى سۈرتۈپ، — خاتىرجەم بولسىلا، ئۈمىتلىرىنى يەردە قويمىدىم. تاپشۇرۇقلىرىنى تولۇق بىجا كەلتۈردۈم.

پادىشا خۇشال بولۇپ پارىسقا ناھايىتى كۆپ ئالتۇن - كۈمۈشلەر ئىنئام قىپتۇ. ئۇ شۇندىن كېيىن ئارامىغا چۈشۈپ، پادىشالىق تەختىدە قارار تېپىپ، خاتىرجەم، ئەيشى - ئىشرەتتە كۈن ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ...

ئەلقىسسە، پارىس شاھىنىڭ ئەمرى بىلەن مەرھۇم پادىشا كەركىننىڭ ھامىلدار خوتۇنىنى ئۆلتۈرگەندە، ئۇ ئايال تۇغۇۋېتىپتۇ. پەرزەنت ئوغۇل ئىكەن. توقايلىق ئىچىدىن چىققان بىر شىر ئۆلۈكنىڭ يېنىغا كېلىپ نۇرانە بىر ئوغۇلنى كۆرۈپتۇ. بالا ئانىسىنى ئېمىۋاتقان ئىكەن. خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن شىرنىڭ مېھرى ئوغۇلغا چۈشۈپ، ئۆز ئەمچىكىنى بالىنىڭ ئاغزىغا ساپتۇ. ئوغۇل دەرھال ئىمىشكە باشلاپتۇ.

شۇنداق قىلىپ شىر بۇ نارسىدە يېتىم بالىنى ئېمىتىپ تەربىيىلەپتۇ. باشقا يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ زەخمىسىدىن قوغداپ، ئاسراپ ئۆستۈرۈپتۇ. بالىمۇ شىرغا ئىچكىپ قاپتۇ.

## سودىگەر خوجا ئەسەدنىڭ توقايلىق يېنىغا كېلىپ چۈشۈشى

ئەلقىسسە، راۋىلار ئانداق رىۋايەت قىلىدۇلەركى، باغداد شەھرىدە خوجا ئەسەد دىگەن بىر سودىگەر بار ئىكەن. ئۇ شەھەرمۇ - شەھەر كېزىپ يۈرۈپ سودىگەرچىلىك قىلىدىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى خوجا ئەسەد ئۆز يۇرتىغا قايتىپتۇ. ئۇ ھىلىقى توقايلىق يېنىغا كەلگەندە توختاپ ئازراق ئارام ئېلىپ ئۆتۈش قارارىغا كەپتۇ.

شۇ زاماندا خوجا ئەسەد تەڭدىشى يوق سودىگەر ئىكەن. ھەرقانداق نەرسە ئۇنىڭ بىساتىدىن تېپىلىدىكەن، قىرىق خېچىرغا قىزىل ئالتۇن ئارتىپ دائىم ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرىدىكەن. يۈز نەپەر پەرماندارى بار ئىكەن. ئۇلار ھەرقاچان جەڭ ئەسۋاپلىرىنى بىللە ئېلىپ يۈرىدىكەن. ئۇلار بۇ يەردە بىر دەم ئارام ئاپتۇ، ئاندىن كېيىن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ شىكار قىلىش ئۈچۈن ئاتلىنىپ، توقايلىق ئەتراپىنى ئايلىنىپتۇ. بىر چاغدا توقايلىق ئىچىدىن بىر شىر چىقىپ ئۇلارغا ھەملە قىپتۇ ۋە ئىككى خىزمەتكارنى ھالاك قىپتۇ. خوجا ئەسەد بۇ ھالنى كۆرۈپ، غۇلاملارنى شىرغا ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇپتۇ. يۈز نەپەر غۇلام ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، شىرنى ھالاك قىپتۇ. بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن توقاي ئىچىدىن يەنە بىر شىر چىقىپ كەپتۇ. بۇ شىرغا تولۇن ئايدەك بىر ئوغۇل بالا مىنگەن ئىكەن. خوجا ئەسەد بۇ ھالنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ. چۈنكى ئادەم پەرزەنتىنىڭ شىرغا مىنىپ يۈرۈشى بۇرۇن قۇلاق ئاڭلىمىغان، كۆز كۆرمىگەن ئىش ئىكەن.

— ئى غۇلاملىرىم، — دەپتۇ خوجا ئەسەد خىزمەتچىلىرىگە، — ئۇشبۇ شىرنى تىرىك قولغا چۈشۈرۈش كېرەك. بۇ يەردە بىر سىر باردەك تۇرىدۇ، شىرغا كەمەند تاشلاپ، بالىغا زىيان يەتكۈزمەي تۇتۇڭلار.

شۇنىڭدىن كېيىن غۇلاملار ھەر تەرەپتىن كەمەند تاشلاپ ئاي يۈزلۈك ئوغۇلنى سەھەت - سالامەت قولغا كىرگۈزۈپ خوجا ئەسەدنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ. خوجا ئەسەد ئىنتايىن خوشال بولغىنىدىن بالىنى باغرىغا بېسىپ سۆيۈپ قويۇپتۇ ۋە يۈز - كۆزلىرىدىكى چاڭ - غۇبارنى ئۆز قولى بىلەن تازىلاپتۇ. ئوغۇلنىڭ رۇخسارىغا تىكىلىپ قاراپ، ئۇنىڭ چېھرىدىن شاھزادىلىك نۇرى جۇلالىنىپ تۇرغانلىغىنى كۆرۈپتۇ. ئاندىن كېيىن دەرھال بۇيرۇپ، يېڭى كىيىملەرنى كەلتۈرۈپ، ئوغۇلغا كىيگۈزۈپتۇ، ئۇنى پەرزەنتلىككە قوبۇل قىلغانلىغىنى جاكالاپ، «شىرزات» دەپ ئىسىم قويۇپتۇ.

خوجا ئەسەد بالىنىڭ بىلىگىگە بىر نەرسە چىگىكلىك تۇرغانلىغىنى كۆرۈپ، دەرھال يېشىپ قاراپتۇ: ئۇنىڭدىن بىر پارچە خەت بىلەن ئون دانە گۆھەر چىقىپتۇ. خوجا ئەسەد خەتنى ئوقۇپ، مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولۇپتۇ ۋە غۇلاملارغا بۇ يەردىن دەرھال كۆچۈش بۇيرۇغىنى چۈشۈرۈپتۇ. غۇلاملار يۈك - تاقلارنى ئارتىپ، بۇ قورقۇنچلۇق جايدىن كۆچۈپ يولغا راۋان بولۇپتۇ. بىرنەچچە كۈن يول يۈرۈپ، باغداد شەھرىگە يېتىپ كەپتۇ.

خوجا ئەسەد سەپەر رەنجىدىن ئاسايىشلىق تېپىپ، ھىلىقى ئوغۇلنى تەربىيىلەشكە باشلاپتۇ. كۈن، ئايلار ئۆتۈپ، شىرزات يەتتە ياشقا تولۇپتۇ. خوجا ئەسەد بالىنى مەكتەپكە ئوقۇشقا بېرىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى www.uyghurkitap.com

## پەررۇخزادىنىڭ پادىشا بولغىنى، بىر قىز پەرزەنت كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئېتىنى گۈلشات قويغىنى

ئەلقىسسە، پەررۇخزادە شاھ كەركىننىڭ ئايالىنى ئۆلتۈرگۈزۈپ كۆڭلى تىنىپتۇ، شاد-خۇرام بولۇپ، تۇي-تاماشالار قىلىپ، خاتىرجەملىك بىلەن تەختتە ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ كۈنلەردە پەررۇخزادىنىڭ خوتۇنىمۇ ھامىلدار ئىكەن. ۋاقت يېتىپ، ئاي كۈنلىرى تولۇپ، ئۇ ئايالمۇ يەڭگىپتۇ. پەرزەنتى قىز ئىكەن. پەررۇخزادىمۇ بۇرۇن پەرزەنتسىزلىكتىن كۆڭلى پەرىشان بولۇپ، كۆپ دۇئا-تەلەپلەر قىلىپ، پەرزەنت كۆرۈش ئارزۇسىدا يۈرگەن ئىكەن. شۇڭا بۇ تۇغۇلغان بالىسى قىز بولسىمۇ، بىسيار شاتلىنىپ شەھەر خەلقىنىڭ قىرىق كۈنگىچە تۇي-تاماشا قىلىشىنى ئۇقتۇرۇپتۇ. شەھەر خەلقى ئوردىغا كېلىپ شاھنى مۇبارەكلەپتۇ. ئاندىن قىرىق كۈنگىچە تۇي-تاماشالار بىلەن مەشغۇل بولۇپتۇ. پەررۇخزادە قىزىغا «گۈلشات» دەپ ئات قويۇپتۇ، ياخشى ئىنىك ئانىلارغا تاپشۇرۇپ، تەربىيە قىلدۇرۇپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈن پادىشا پەررۇخزادە چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە بىر ئەزىز ئادەم كۆزىگە كۆرۈنۈپ، ئېيتىپتىكى:

«ئەي پەررۇخزادە، بىلگىن ۋە ئاگاھ بولغىنكى، بۇ پەرزەنتىڭنىڭ ۋۇجۇدى مۇبارەكدۇر. بۇنىڭ قەدىمى بىلەن سەن كۆپ مەنپەئەت، ياخشىلىقلار كۆرىسەن، شۇڭا بۇ پەرزەنتىڭنى ئاسرا، ياخشى تەربىيە قىل. بۇنىڭ ئۈچۈن باغى ئېرەم قىلدۇرغىن. ئۇ يەرگە ئالىي قەسىرلەر سالدۇرغىن. باغ ئەتراپىغا شاھانە مەنزەر قىلدۇرغىن. ئەشۇ جەننەتتەك باغنىڭ ئىچىدە گۈلشاتنى تەربىيەلىگىن...»

پەررۇخزادە ئويغىنىپتۇ، دەرھال ۋەزىرى پارسنى چاقىرتىپ دەپتۇ:

— ھەي دانا ۋەزىر، مەن شۇنداق ئاجايىپ بىر ۋاقە كۆردۈمكى، ئۇنىڭ تەسرىدىن ئۆزەمنى يوقىتىپ قويغىلى ئاز قالدىم،— ئاندىن ئۇ كۆرگەن چۈشىنى بىر-بىرلەپ بايان قىلىپتۇ.

— ئەي جاھان پاناھ،— دەپتۇ ۋەزىر خوشال بولۇپ، — كۆرگەن چۈشلىرى مۇبارەك بولسۇن. بۇ پەرزەنتلىرىنىڭ قەدىمى بىلەن ئۇزاق دەۋر سۈرگەيلا.

— ئەي پارس، — دەپتۇ پادىشا ۋەزىرگە قاراپ، — سەن ئەمدى ھەرقايسى مەملىكەتلەردىن مەسلىھەتچى دانا ئادەملەرنى يىغىپ، باغى ئېرەم بىنا قىلدۇرغىن. ۋەزىر پارس يەر سۆيۈپ، قۇللۇق بىلدۈرۈپ، بۇيرۇغىنى بىجانىدىل ئىجرا قىلىشقا ئەھدىلەر بېرىپتۇ. ئاندىن كېيىن مۇناسىپ كىشىلەرنى يىغىپ ئىشقا كىرىشىپتۇ. شۇ كۈنلەردە بۇ يەرگە چىن مەملىكىتىدىن سودىگەرلەر كەلگەن ئىكەن. ئۇلارنىڭ باشلىقى:

— بىزنىڭ مەملىكەتتە تېفۇر نامىلىق نەققاشچى ئۇستا بار ئىدى، بىزنىڭ شاھىمىزنىڭ كاتتا سارايلىرىنى ئەشۇ تېفۇر ياسىغان، — دەپ ئۇنى كۆككە كۆتىرىپ ماختاپتۇ.

پارس پادىشانىڭ ئالدىغا كېلىپ چىن سودىگەرلىرىدىن ئاڭلىغانلىرىنى قويماي يەتكۈزۈپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان پەررۇخزادە دەرھال مۇنشىنى چاقىرتىپ تېفۇرنى تەكلىپ قىلىپ نامە يازدۇرۇپتۇ. كۆپ ھەدىيە بىلەن نامىنى بىر ئادەمدىن ئەۋەتىپتۇ. شاھ كەركىننىڭ نامىسىنى تاپشۇرۇپ ئالغان تېفۇر دەرھال يولغا راۋان بوپتۇ. نەچچە كۈن يول يۈرۈپ، پەررۇخزادىنىڭ شەھرىگە يېتىپ

كەپتۇ. پادىشا تېڭۇرنىڭ كەلگىنىگە خۇرسەن بولۇپ شاھانە مەجلىسلەر قۇرۇپ، ئۇنىڭغا سەرپايلار كەيدۇرۇپتۇ. ئاندىن ئەمەلدارلارنى ھازىرلىنىشقا بۇيرۇق قىلىپتۇ. پادىشا كامىل ئەييارلارنى ھەمرا قىلىپ، شەھەردىن سەھراغا قاراپ يولغا راۋان بوپتۇ. سەيلە قىلىپ ئەتراپنى تاماشا قىلىپ، بىر خۇش ھاۋالىق يەرگە كېلىپ توختاپتۇ. شۇ يەرگە چار باغ بىنا قىلىشنى، باغنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەڭرى كەتكەن سەھنە، سەھنە ئوتتۇرىسىغا ئالى قەسرو مەنزەر بىنا قىلىشنى بۇيرۇپتۇ.

تېڭۇرباشلىق ماھىر ئۇستىلار يىغىلىپ مەسلىھەتلىشىپتۇ، ئۇلار ئون يىل ئىشلەپ باغ، قەسرۇ مەنزەرلەرنى پۈتتۈرۈپتۇ. مۇنداق ئالى باغنى ھېچكىشى ئۆز ئۆمرىدە كۆرمىگەن بولغاي. باغنىڭ ئىچىگە بىر گۈمبەز قىلىنىپتۇ، ئۇنى كۆرگەنلەرنىڭ ئەقلى ھەيران قاپتۇ.

ئەلقىسسە، بىنالار پۈتۈپتۇ. پەررۇخزادە توي - تاماشالار قىلدۇرۇپ قىزى گۈلشاتنى ئەشۇ باققا كۆچۈرۈپتۇ. گۈلشات كېچە - كۈندۈز كېنىزەكلەر بىلەن ئەيشى - ئىشرەتكە مەشغۇل بولۇپتۇ.

## شىرزاتنىڭ ساياھەتكە چىققىنى ۋە مەنزەر خەبىرىنى تاپقىنى

ئەلقىسسە، خوجا ئەسەدنىڭ تەربىيىسىگە ئۆتكەن شىرزات يەتتە ياشقا قەدەم قويۇپتۇ. خوجا ئۇنى مەكتەپكە بېرىپتۇ. شىرزاتنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئەقلى زىيادە بولۇپ يېشى ئون تۆرتكە يەتكەندە، بارلىق ئىلىمنى ئۆگىنىپ كامىل بولۇپتۇ. بىرنەچچە ھۈنەرلەرنىمۇ ئۆگىنىپتۇ، سىپاھگەرچىلىك ئىلمىگە ماھىر بولۇپتۇ، ئاندىن كېيىن خوجا شىرزاتنى مەكتەپتىن قايتۇرۇۋاپتۇ. يۈز غۇلام ئوغۇلنى ئۇنىڭ خىزمىتىگە ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ.

شىرزات غۇلاملار بىلەن پات - پات ئوۋغا چىقىپ قۇلانلارنى ئېتىپ، شىرلارنى تىرىك تۇتۇپ كېلىدىغان بوپتۇ. بۇنى كۆرگەن خوجا ئەسەد زىيادە خۇرسەن بولۇپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى، باغدات شەھرىگە ھىندىستاندىن سودىگەرلەر كېلىپ چۈشۈپتۇ. خوجا ئەسەد قايسى مەملىكەتتىن سودىگەر كەلسە، خانىدانىغا چاقىرىپ مېھمان قىلىدىكەن. بۇ سودىگەرلەرنىمۇ تەكلىپ قىلىپ كاتتا زىياپەت• بېرىپتۇ. ھەرخىل ئىشلار ھەققىدە سۆزلىشىپتۇ. سۆھبەت پەررۇخزادىنىڭ چار بېغى، قەسرى مەنزەرلىرى ئۈستىگە كەلگەندە خوجا ئەسەد:

— سىلەرنىڭ پادىشاھىڭلار كىم؟ ئادالەتلىك شاھمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بىزنىڭ شاھىمىزنىڭ ئېتى پەررۇخزادە، — دەپ تەپسىلى سۆزلەشكە باشلاپتۇ سودىگەرلەر، — شاھىمىز گۈلشات دىگەن قىزى ئۈچۈن باغى ئېرەم بىنا قىلدۇرۇپ، قەسىر ۋە مەنزەرلەر ياساتتى. بۇ مەلىكە ھۆسۈن بابىدا جەننەتتىكى ھۆرلەردىن قېلىشمايدۇ. ئۇ ھازىر ئاشۇ باغدا ئۆزىدەك ھۆر سۈپەتلىك قىزلار بىللە ئەيشى - ئىشرەتكە مەشغۇل، يەر يۈزىدە ئۇ باققا ئوخشايدىغان يەنە بىر باغنى ھېچكىم كۆرمىگەن بولغاي...

سودىگەرلەر چەندان تەۋسىپ ۋەتەرىپ قىلىپ، خوجا ئەسەد بىلەن شىرزاتنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ. بولۇپمۇ بۇ تەۋسىپ شىرزاتقا بۆلەكچە تەسىر قىپتۇ، ئۇ غايىبانە ھالدا گۈلشاتقا ئاشىق بىقارار بولۇپتۇ.

مەجلىس ئاياقلىشىپ سودىگەرلەر قايتىپتۇ. ئاردىن بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ شىرزات خوجا ئەسەدنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ.

— ئەي مېھرىۋان ئاتا، — دەپتۇ ئۇ خوجا

ئەسەدكە قاراپ، — شۇ كۈنلەردە كەمىنە پەرزەنتىڭىزنىڭ كۆڭلى كۆپ پەرىشاندۇر. مۇبادا سەپەر قىلسىڭىز، مېنىمۇ بىللە ھەمرا قىلىپ ئېلىۋېلىشىڭىزنى ئۈمىت قىلىمەن.

— ئەي كۆز نۇرۇم ۋە ئەي قەلبىم سەۋرى، — دەپتۇ خوجا ئەسەد ئوغلىنىڭ ئىلتىماسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، — سىز سەپەر ئارزۇسىنى قىلسىڭىز خۇشاللىق بىلەن بىللە ئېلىپ بارۇرمەن.

خوجا ئەسەد غۇلام خىزمەتكارلىرىنى چاقىرتىپ تېزدىن سەپەر تەييارلىقىنى قىلىشقا بۇيرۇپتۇ. ئوزاق ئۆتمەي تەييارلىق پۈتۈپتۇ، خوجا ئەسەد كۆپ شانۇ-شەۋكەت بىلەن ئوغلى شىرزاتنى ھەمرا قىلىپ، ھىندىستان تەرەپكە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. بىر قانچە مەنزىللەرنى بېسىپ بىر توقايلىقنىڭ يېنىغا كېلىپ چۈشۈپتۇ. خوجا مۇشۇ يەردە شىرزاتنى شىردىن ئاجرىتىۋالغانلىقىنى ئەسلەپتۇ.

خوجا ئەسەد چېدىرلارنى تىكتۈرۈپ بۇيرۇپتۇ. شىرزات ئازراق ئارام ئالغاندىن كېيىن ئون نەچچە غۇلامنى باشلاپ شىكارغا ئاتلىنىپتۇ. ئۇ مەردانە يۈرۈش قىلىپ بىر جايغا كەلگەندە توقاي ئىچىدىن بىر شىرنىڭ چىقىپ كېلىۋاتقانلىقى مەلۇم بوپتۇ. ئۇنى كۆرگەن شىرزاتنىڭ ئېتى ھۈركۈپ ئۈيناپ كېتىپتۇ. شىرزات دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ، قىلىچىنى مەھكەم تۇتۇپ شىر تەرەپكە پىيادە راۋان بولۇپتۇ. شىر شىرزاتقا ھەملە قىپتۇ. شىرزاتنىڭ غەزىۋى كېلىپ شىرنىڭ بېشىغا تىغ بىلەن شۇنداق ئۇرۇپتىكى، ئۇ جانىۋار ئىككى پارچە بولۇپ يىقىلىپتۇ. يەنە توقايلىقتىن بىر شىر چىقىپ كەپتۇ. ئۇنىڭ ھەيۋىتىدىن ئەتراپ لەرزىگە كەپتۇ. شىرزات بۇ مەخلۇقنىمۇ تىغى بىلەن ئىككى پارە قىلماقچى بولۇپتۇ. لېكىن بۇ جانىۋار قۇيرۇقىنى ئوينىتىپ، تونۇشلۇق بەرگەندەك ھالەتتە تېز-تېز بېسىپ شىرزاتنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. شىرزاتمۇ ئۇنى تونۇغاندەك قىپتۇ ۋە دەرھال تىغىنى قىنىغا سېلىپ شىرنىڭ پېشانىسىنى سىلاپتۇ. شىرمۇ شىرزاتنى تىلى بىلەن يالاپ ئايىغىغا باش قويۇپتۇ. شىرزات ئىلگىرىكى ئادىتى بويىچە شىرنىڭ ئۈستىگە مىنىپ ھەمراھلىرىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. غۇلاملار بۇ ھالنى كۆرۈپ، شىرزاتقا ئاپىرىنلار ئوقۇپتۇ، ئاندىن ھەممىلىرى خوجا ئەسەدنىڭ ئالدىغا بىللە بېرىپتۇ.

## شىرزاتنىڭ گۈلشاتقا يولۇققىنىنىڭ بايانى

ئەلقىسسە، گۈلشاتنىڭ كۆڭلىگە شىكار ھەۋىسى چۈشۈپ كېنىزەكلىرىگە:

— تەييارلىنىڭلار، سەھراغا چىقىپ سەيلە قىلىپ، كۆڭۈل ئاچايلى، — دەپ بۇيرۇپتۇ.

شۇنداق قىلىپ مەلىكە قىزلار بىلەن بىللە تاماشا ئۈچۈن سەھراغا چىقىپتۇ. سەيلە قىلا-قىلا شىرزات چۈشكەن يەرگە يېتىپ كەپتۇ. گۈلشاتنىڭ كۆزى ئۇلارنىڭ بارگاھىغا چۈشۈپ، يىراقتىن تاماشا قىلىپ تۇرۇپتۇ. بىر چاغدا قارىسا، ئايغا ئوخشايدىغان گۈزەل بىر يىگىت بىر شىرغا مىنىپ كېلىۋاتقان ئىمىش. ئۇڭ-سولدا قاۋۇل يىگىتلەر پىرئان بەردار بولۇپ تۇرۇشقۇدەك. بۇنى كۆرۈپ گۈلشات تەئەججۈپتە قاپتۇ. ئاندىن شىرزاتقا بىجانىدىل ئاشىق بولۇپ، ئىشىق ئوتى كۆڭۈل تۆرىدىن ئورۇن ئاپتۇ.

شىرزات ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ھەيۋەت بىلەن ئۆتۈپتۇ. گۈلشات بىر كېنىزىگە بۇيرۇپتۇ:

— سەن دەرھال بېرىپ بۇ كىشىلەر-

دىن سورا: قەيەردىن كەپتۇ، نەگە بارىدىكەن؟ بۇ شىرغا مىنگەن يىگىت قايسى باغنىڭ گۈلى ۋە قايسى چىمەننىڭ بۇلبۇلى ئىكەن؟

كېنىزەك دەرھال بېرىپ ساراي خوجىلىرى ۋە شىرزات بىلەن ئۇچرىشىپتۇ. سالامدىن كېيىن سوراپتۇ:

— ئەي يىگىت، سىلەر كىم؟ قەيەردىن كەلدىڭلار؟ نەگە بارىسىلەر؟ قورقۇنچلۇق سەھرادا نىمە ئىش قىلىسىلەر؟

— ئەي قىز، بىلگىن ۋە ئاگاھ بولغىنكى، — دەپتۇ شىرزات، — بىز سودىگەرلەرمىز، شەھىرىمىزدىن سودىگەرچىلىك قىلىپ چىققان ئىدۇق. ئۇشبۇ جاي خوش ھاۋالىق كۆرۈنۈپ بىر ئاز ئىستىراھەت قىلىش ئۈچۈن بۇ يەرگە چۈشتۇق. ئەمدى سىلەردىن سورايلى: سىلەر كىم؟ بۇ سەھرادا نىمە قىلىپ يۈرىسىلەر؟

— ئەي ياش يىگىت، — دەپتۇ كېنىزەك، — بىلگىن ۋە ئاگاھ بولغىنكى بىز مۇشۇ شەھەر پادىشاسىنىڭ قىزى گۈلشات خانىمنىڭ خىزمەتكارلىرىدۇرمىز. پادىشاھىمىزنىڭ ئېتى پەررۇخزادە، پادىشاھىمىزنىڭ ئايدەك بىر قىزى بار. ئۇنىڭ ئېتى گۈلشات. ئەشۇ يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئالى مەنزەرلەر گۈلشات خانىمنىڭ خانىدانىدۇر. ئاشۇ مەنزەرلەر ئوتتۇرىسىدا پىردەۋس دىگەن باغ بار. ئۇ گۈلشات خېنىمنىڭ دائىم تۇرىدىغان جايىدۇر. بىز بۈگۈن بۇ يەرگە سەيلە قىلىش ئۈچۈن چىققان ئىدۇق.

كېنىزەك مەلىكىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىپ شىرزاتنىڭ قىسسەسىنى بىر-بىرلەپ بايان قىپتۇ.

ئەلقىسسە، شىرزات ھىلىقى كېنىزەكتىن گۈلشاتنىڭ خەۋرىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا بولغان ئىشقى پىراقى تېخىمۇ ئارتىپتۇ. لېكىن بۇ سىرنى كۆڭلىدە پىنھان ساقلاپتۇ.

قىزلارمۇ، شىرزاتمۇ ئۆز مەنزىلگاھلىرىغا قايتىشىپتۇ. خوجا ئەسەد «ئوغلۇم قاچان كېلەر» دەپ ئىنتىزار بولۇپ تۇرغان ئىكەن. بىر چاغدا قارىسا، شىرزات بىر شىر ئۈستىگە مىنىپ كېلىۋېتىپتۇ. خوجا ئەسەد بۇ ھالنى كۆرۈپ ھەم ھەيران، ھەم خۇرسەن بولۇپتۇ. شىرزات خوجا ئەسەدنىڭ ئالدىغا كېلىپ كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىنى ئاتىسىغا بىر-بىرلەپ بايان قىپتۇ. ئەمما گۈلشاتنىڭ ۋاقئەسىنى سىر تۇتۇپتۇ. خوجا ئەسەد شىرزاتنىڭ قىلغانلىرىغا تەھسىن-ئاپىرىنلار ئەيلەپ ئاندىن كېيىن نەسھەتلەر قىلىشقا باشلاپتۇ.

— ئەي يۈرەك پارەم، مۇندىن كېيىن مۇنداق قارامىلىقنى قىلماڭ. مۇبارەك ۋە ھۆرمەتىڭىزگە بىرەر زەخمە يەتمىسۇن.

خوجا ئەسەد كۆپ پەند-نەسھەت قىلىپتۇ. دەستۇرخان سالدۇرۇپ تۈرلۈك-تۈرلۈك لەزىز تائاملارنى كەلتۈرۈپتۇ. تاماق يېيىلىپ، شاراپ ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن كۈن كەچ بولۇپتۇ. ھەرقايسىلىرى بىر بۇلۇڭغا بېرىپ ئارام ئاپتۇ. ئەمما شىرزاتنىڭ كۆزىگە ئۇيقا كەلمەپتۇ. بىقارار ۋە بىئارام بولۇپتۇ. لېكىن ھېچكىشىگە ئىزھار قىلماپتۇ.

ئۇ تەرەپتە گۈلشاتمۇ بىقارار ۋە بىئارام بولۇپ كېچىسى كۆزىگە ئۇيقا كەلمەپتۇ. موم شاملارنى ئالتۇن شامدانلارغا ياقتۇرۇپ شىرزاتنى ئويلاپتۇ. گۈلشاتنىڭ ھەمرالىرى مەلىكىنىڭ بۇ ھالىغا ھەيران بولۇپ ئالدىغا كىرىپتۇ. ھەر تەرەپتىن سوئال سوراپتۇ. لېكىن گۈلشاتمۇ ئۆز سىرىنى پىنھان تۇتۇپتۇ. ئۇ شىرزات بىلەن قانداق قىلىپ ئۇچرىشىش ھەققىدە چوڭقۇر خىيالغا پېتىپتۇ. ئاخىرى تاقىتى تاق بولۇپ، كۆڭلىدىكى سىرىنى ئىزھار قىپتۇ. ھەمرالىرى مەلىكىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بىر تەدبىر تېپىشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ.

www.uyghurkitap.com

## گۈلشاتنىڭ شىرزاتقا نامە ئەۋەتكىنى

ئەلقىسسە، گۈلشات بىتاقەت بولۇپ شىرزاتقا نامە پۈتۈپ ئەۋەتىپتۇ. نامىدا ئۆزىنىڭ يىگىت ئىشقىدا ئوت بولۇپ يېنىۋاتقانلىقى ئىزھار قىلىنىپ، ۋىسال ئۈمىت قىلىنغان ئىكەن. شىرزات خەتنى ئوقۇپ كۆپ خۇرسەن بولۇپتۇ ۋە گۈلشات تەرەپكە قاراپ يولغا راۋان بولۇپتۇ.

شىرزاتنىڭ كەلگىنىنى ئاڭلىغان گۈلشات بىسيار شاتلىنىپ، تامام ئوردا قىزلىرى بىلەن شاھزادىنىڭ ئىستىقبالىغا چىقىپتۇ. كۆپ ئىلتىپات ۋە ناز كېرەشمىلەر بىلەن قارشى ئېلىشىپتۇ. شۇ كېچە بەزمە مەجلىسى قۇرۇپ موم شاملارنى ئالتۇن شامدانلاردا ياندۇرۇپ ھەرخىل لەزىز تائاملارنى، شاراپلارنى كەلتۈرۈپ زىياپەت بېرىپتۇ. ساقىلار شاراپنى قۇيۇپ تۇرۇپتۇ. سازەندە كېنىزەكلەر مەسھۇش بولۇپ راۋاپ، تەنبۇرنى مۇقامىغا كەلتۈرۈپ ئاجايىپ بەزمە قىلىشىپتۇ. ئىككى ئاشىق بىر بىرىنىڭ دىدارىغا مۇشەررەپ بولۇپ زەۋىق-شەۋىق بىلەن تەنتەنە قىلىشىپتۇ.

## باغۋەننىڭ خەۋىرى

ئەلقىسسە، گۈلشاتنىڭ بىر باغۋىنى بار ئىكەن، ئۇ باغۋەن ئۇزاقتىن بېرى گۈلشاتنىڭ ئىشقىدا كۆيمەكتە ئىكەن. بۈگۈن مەلىكىنىڭ شىرزات بىلەن ئىشقىۋازلىق قىلغىنىنى كۆرۈپ يۈرىكى يېرىلغۇدەك بولۇپ، رەشىك ئوتى پۈتۈن ۋۇجۇدىغا تۇتىشىپتۇ. بىقارار ۋە بىئارام بولۇپ نىمە قىلىشنى بىلمەي ئاخىرى باغرى كۆيۈپ جىگىرى كاۋاپ بولۇپ، پەررۇخزادىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ.

— ئەي پادىشاھى جاھان، — دەپتۇ ئۇ شىكايەت قىلىپ، — دۆلەتلىرى زىيادە بولسۇن. گۈلشات قىزىڭىز بىر بىگانە يىگىت بىلەن باغدا كېچە-كۈندۈز بەزمە قىلىپ شاراپ ئىچىپ ئىشقىۋازلىق قىلىشماقتا. بۇنىڭغا ھەرقانچە قىلىپمۇ چىدىيالمىدىم. ئۇ، ۋاقىئە-ھادىسىلەرنى تولۇق بايان قىلىپتۇ، بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ پەررۇخزادىنىڭ رەڭگى-رويى ئۆچۈپتۇ. بەدەنىدىكى ھەرتال مويى نەشتەردەك تىك تۇرۇپتۇ.

پەررۇخزادىنىڭ ئىشەنگەن ئىككى پەھلىۋانى بار ئىكەن. بىرىنىڭ ئىتى ئالماس، يەنە بىرىنىڭ ئىتى قويماس ئىكەن. بۇ پەھلىۋانلارنىڭ ھەر قايسى يۈزمىڭ كىشىگە تەڭ كېلىدىكەن. بۇلارغا دىۋىلەر روبىرو كەلسىمۇ، سالامەت قۇتۇلالمايدىكەن. پەررۇخزادە غەزەپ بىلەن بۇ ئىككى پەھلىۋانغا بۇيرۇپتۇ:

— ئەي پەھلىۋانلىرىم، دەرھال بېرىپ باغدىكى يىگىتنى تۇتۇپ باغلاپ ئېلىپ كېلىڭلار. ئۇنى ئانىسىدىن تۇغۇلغىنىغا تويغۇزۇپ، ئەمگەن سۈتلىرىنى بۇرنىدىن بۇلاق قىلىپ، ئاجايىپ ئازاپتا ئۆلتۈرەي. باشقىلارغا ئىبرەت بولسۇن!

پەھلىۋانلار دەرھال ئاتلىرىغا مىنىپ يولغا راۋان بولۇپتۇ. ئاتنى شامالدەك چاپتۇرۇپ باغنىڭ ئىشىگىگە بېرىپتۇ. پادىشا يەنە خاتىرجەم بولالماي ئىككى پەھلىۋاننىڭ ئارقىسىدىن ئىككى يۈز لەشكەر ئەۋەتىپتۇ. بۇلار باغنىڭ دەرۋازىسىغا كەلگىچە سۇبھى سۇزۇلۇپ، ئالەم مۇنەۋۋەر بولۇپتۇ.

ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى شىرزات بىلەن گۈلشاتتىن ئاڭلاڭ: شىرزات بىلەن گۈلشات

ئاخشامدىن تا سەھەرگىچە ئەيشى - ئىشرەت قىلىشىپ مەس - بىھوش بولۇپ يېتىپتۇ. سۇبھى سۈزۈلگەندە يەنە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ شاراپ- سازلارنى كەلتۈرۈپ مەي ئىچىپ ساز چېلىپ نەۋا قىلىشىپتۇ.

نەزمە

قەدەم ئاپتۇ تاڭ سەھەردە،
ئىشىق ئوتى ھەر كۆڭۈلدە.
«مەنزەر قەمەر» مەجلىس ئورنى،
تازىلانغان چېچىپ سۇنى.
ساقىلار مەيرەك بولۇپتۇ،
توختىماي مەينى قۇيۇپتۇ.
مەي ئىچىپتۇ شىرزات راسا،
گۈلشات لىۋى مۇراد ئاگا ...

ئەلقىسسە، ئۇلار ئەيشكە مەشغۇل ئىكەن، ساراي خوجىلىرى ئالدىراپ كىرىپ كەپتۇ.

— ئەي مەلىكەم، — دەپتۇ ئۇلار قورقـقان ھالدا، — ئاگاھ بولۇڭكى، ئاتىڭىز پەر- رۇخزادە بۇ ئىشىڭىزدىن خەۋەر تېپىپ، نام- دار ئىككى پەھلىۋاننى ئىككى يۈز لەشكەر بىلەن ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار شىرزات بىلەن سىزنى باغلاپ پادىشا ئالدىغا ئېلىپ بارىدىكەن ...

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان گۈلشاتنىڭ ھوشى كاللىسىدىن قېچىپتۇ. ئاستا دەرۋازا ئالدىغا بېرىپ ماراپ قارىغۇدەك بولسا، راست دىگەن- دەك ئىككى پەھلىۋان بىلەن ئىككى يۈز نە- پەر لەشكەر تەق تۇرغۇدەك. بۇ ھالنى كۆرۈپ گۈلشاتنىڭ رەڭگى ئۆڭۈپتۇ، قورقۇپ تېنى تىترەشكە باشلاپتۇ.

گۈلشاتنىڭ ۋەھىمىلىك ھالىتىنى كۆرگەن شىرزات مەردانە قىياپەتتە سۆزلەپتۇ:

— ئەي جانىمنىڭ مەرھىمى گۈلشات، نىمە ھادىسە بولدى؟ نىمانچىلا قورقۇپ تىتـ- رەپ كېتىسىز؟ ئەينى ئەھۋالنى دەرھال ئىز- ھار قىلغايسىز.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان گۈلشاتنىڭ كۆز- لىرىدىن ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلۈپتۇ.

— ئەي سۆيۈملۈك نىگارىم، — دەپتۇ ئۇ يىگىتكە، — سەن مېنىڭ جېنىمنىڭ ئارامى ئىدىڭ. ھازىر ۋاقت ئۆتۈپتۇ. ئىش قولدىن كېتىپتۇ. ئاتام بىزنىڭ ئىشىمىزدىن خەۋەر تېپىپتۇ. غەممازلار ئاتامغا يەتكۈزگەن بولسا كېرەك. ئاتام نامدار ئىككى پەھلىۋانى بىلەن ئىككى يۈز لەشكەر ئەۋەتىپتۇ. ھەي ئىست!... ھەي ئىست! سىزنىڭ جېنىڭىزغا مەن قارا يۈز زامىن بولدۇم! ...

گۈلشات ئۆزىنى توختىتالماي يىغلاپتۇ. لېكىن شىرزات كۈلۈپ قويۇپتۇ،

— ئەي ئارامى جانىم، — دەپتۇ شىرزات ئىشەنچلىك ئاۋازدا، — غەم يىمەڭ. دىلىڭىز خا- تىرجەم بولسۇن، بۇلارنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ.

بۇ ئىككى پەھلىۋانغا سەل قارىماڭ، — دەپتۇ گۈلشات چۈشەندۈرۈپ، — بۇلارنىڭ ھەربىرسى يۈز كىشىگە تەڭ كېلىدۇ. بىر ئامال قىلىپ بۇلار بىلەن سۈلھى قىلغىنىمىز پايدىلىق.

— مېنىڭ قوراللىرىمنى كەلتۈرۈڭ، — دەپتۇ شىرزاتنىڭ غەزىۋى ئۆرلەپ، — سىز قە- سرنىڭ تېمىغا چىقىپ تاماشا كۆرۈڭ!

شىرزات جەڭ قوراللىرىنى ئېلىپ، مەن- زەردىن چۈشۈپ، كەلگەنلەر ئالدىغا قاراپ را- ۋان بولۇپتۇ. تاشقىرىدىن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ:

— ئەي ئىشەك كاللا! سەن كىم؟! قانداق نىمە سەن؟! دەرھال باغدىن چىق! ساگا بۇيرۇق! سېنى پادىشا ئالدىغا ئېلىپ بارىمىز! ...

شىرزات بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، پەسەنتكە

ئاماي كۆلۈپ قويۇپتۇ.

— ئەي گۈلشات، — دەپتۇ ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ — بىر پىيالە شاراپ بەرگىن، ئاندىن بۇلار بىلەن سۆزلىشىمەن ...

گۈلشات دەرھال شاراپ كەلتۈرۈپتۇ. شىرزات شاراپنى ئىچىپ، يېرىم مەس بولۇپتۇ. ئۇنىڭ ساقالىقىنىغا تاشقىرىدىكى ئىككى نامدار پەھلىۋاننىڭ قاتتىق قەھرى كەپتۇ.

— ئەي قويماس، — دەپتۇ ئالماس ھەمەرىيىغا قاراپ، — سەن ئاتتىن چۈشۈپ باغنىڭ ئىچىگە كىرگىن، بۇ ئەدەپسىزنىڭ قوللىرىنى باغلاپ ئېلىپ چىققىن.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ تۇرغان شىرزاتنىڭ غەزىۋى تېخىمۇ ئۆرلەپ گۈلشاتقا دەپتۇ:

— ئەي گۈلشات، سەن مەنزەر ئۈستىدە تۇرۇپ تاماشا قىلغىن، مەن بۇلارنىڭ نوچىلىغىنى كۆرۈپ باقاي. خۇداۋەندە كېرىم مەرھەمەت قىلسا، جازاسىنى بەرگەيمەن، — ئاندىن ئۇ ساراي خوجىلىرىغا قاراپ بۇيرۇپتۇ:

— مېنىڭ چېدىرىمنى تاشقىرىغا ئېلىپ چىقىپ قۇرۇڭلار!

ساراي خوجىلىرى شىرزاتنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ چېدىرلىرىنى تاشقىرىغا ئېلىپ چىقىپ قۇرۇپتۇ. شىرزات ئۆز چېدىرىغا كىرىپ خاتىرجەم شاراپ ئىچىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئىككى پەھلىۋاننىڭ بۇ ھالنى كۆرۈپ غەزىۋى زىيادە بولۇپتۇ. پەھلىۋان ئالماس قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ شىرزاتنىڭ قېشىغا كەپتۇ، قىلىچ بىلەن يىگىتنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلماقچى بولۇپتۇ. لېكىن شىرزات چاققانلىق بىلەن قولىنى ئۇزىتىپ، ئالماسنىڭ قولىنى ھاۋادا تۇتۇۋېلىپ تىغىنى تارتىۋېلىپ ئۆز تىغى بىلەن ئۇنى ھالاك قىپتۇ. بۇ ھالنى كۆرگەن قويماس قەھرى ئۆرلەپ، ياقىسىنى چاك قىلىپ تىغىنى غىلاپىدىن سۇغۇرۇپ، شىرزاتقا ئېتىلىپتۇ. لېكىن شىرزات ئۇنىمۇ ئۆزىنىڭ تىغى بىلەن ھالاك قىپتۇ.

ئەلقىسسە، شىرزات ئاتقا مىنىپ، قولىغا قىلىچ ئېلىپ نەرە تارتىپتۇ. بۇ ھالنى كۆرگەن ئىككى يۈز لەشكەر قورقۇپ يۈرىگى يېرىلغۇدەك بولۇپ، پادىشا ئوردىسىغا قاراپ قېچىپتۇ. ئۇلار چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمگەن ھالدا ھەسرەپ - ھۆمۈدەپ پادىشانىڭ ئالدىغا كىرىپ كەپتۇ.

— ئەي پادىشاھى ئالەم، — دەپتۇ ئۇلار لاغىلداپ تىترەپ، — ئۇ باغدىكى يىگىت ئادەممۇ ياكى دىۋىمۇ؟! بىز ئۇنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىگە ھەيرانۇ - ھەس بولدۇق. ئىككى پەھلىۋانىڭنى بىر قېتىمدىلا ئېتى بىلەن قوشۇپ، ئۆز تىغىدا تەگمۇ تەڭ ئىككى پاراۋەر قىلدى. بىز قېچىپ ئاران جېنىمىزنى بۇ يەرگە ئېلىۋالدۇق.

ئۇلار باغ ئىشىگىدە بولغان ھادىسىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپتۇ. پادىشانىڭ ۋۇجۇدىغىمۇ بىرخىل قورقۇنچ چۈشۈپ، خاتىرجەملىگى بۇزۇلۇپتۇ.

ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى گۈلشاتتىن ئاڭلاڭ:

گۈلشات مەنزەر ئۈستىدە ئولتۇرۇپ قورقۇپ تىترەپ خۇداغا مۇناجات قىپتۇ:

— ئىلاھا، شىرزاتنىڭ ۋۇجۇدىغا زەخمە يەتكۈزمىگىن! ...

شىرزاتنىڭ ئىككى پەھلىۋاننى پارىلاپ تاشلىغىنىنى كۆرۈپ، گۈلشاتنىڭ ئەندىشىلىرى قېچىپ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىپتۇ. شاتلىقتا شىرزاتنىڭ ئۈستىگە دۇر - جاۋاھىرلارنى چېچىپتۇ، تەھسىن - ئاپىرىن ئوقۇپتۇ.

شىرزات جەڭدىن پارىغ بولۇپ قەسرىگە چۈشۈپتۇ. يەنە گۈلشات بىلەن ئەيشى پاراغەت قىلىشقا باشلاپتۇ ...

## پەررۇخزادىنىڭ لەشكەر باشلاپ كەلگىنى

ئەلقىسسە، پەررۇخزادە: بارلىق لەشكەرلەر سەپەرگە ئاتلانسۇن! — دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ ۋە ئۆزىمۇ غەزەپ بىلەن يولغا راۋان بولۇپ دەبدەبە بىلەن باغ ئالدىغا كەپتۇ، لەشكەرلىرىگە باغ ئەتراپىنى قورشاشنى بۇيرۇپتۇ.

پادىشانىڭ قەھرى-غەزەپتە باغنى قورشاپ چۈشكىنىنى كۆرگەن ساراي خادىملىرى قورققىنىدىن يۈرەكلىرى دىرىلداپ ساراسىمگە چۈشۈپتۇ ۋە بۇ خەۋەرنى شىرزاتقا يەتكۈزۈپتۇ. ساراي خادىملىرىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىغان شىرزات كۈلۈپ قويۇپتۇ.

— مېنىڭ ئۇرۇش قوراللىرىمنى كەلتۈرۈپ بېرىڭلار! — دەپتۇ ئۇ ساراي خادىملىرىغا بۇيرۇپ، — مېنىڭ نىمە بولۇشىمدىن ئەنسىرەپ كەتمەڭلار، ئىنشائاللا بۇ لەشكەرلەر بېشىغا قانداق كۈلپەت سالغىنىمنى كۆرۈپ تاماشا قىلىڭلار.

ئۇرۇش قوراللىرىنى تاپشۇرۇپ ئالغان شىرزات، ئېتىغا مىنىپ پەررۇخزادىنىڭ لەشكەرلىرىگە رۇبىرو بولۇپتۇ. پەررۇخزادە يىگىتنىڭ قورقماستىن چىقىپ تاقابىل تۇرغانلىغىنى كۆرۈپ، پارسنى يېنىغا چاقىرتىپتۇ.

— ئەي پارس، — دەپتۇ ئۇ قورقۇنچىنى يوشۇرۇشقا تىرىشىپ، — بېرىپ بۇ يىگىتكە نەسىھەت قىلغىن. بىر ئامال بىلەن ئۇنى ئالداپ قولغا چۈشۈرۈشىمىز لازىم، بۇنىڭ ئەلپازىغا قارىغاندا، ئەل ئالدىدا بىزنى رەسۋا قىلغۇدەك ...

ۋەزىر پارس پادىشانىڭ سۆزى بىلەن شىرزاتنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. قارىسا يىگىتنىڭ بوي-تۇرقى، رەڭگى-روھى، كۆز-قاشلىرى بەئەينى شاھ كەركىنگە ئوخشىغۇدەك، ئايدىنمۇ گۈزەل ھۆسنىدىن شاھزادىنىڭ نىشانى زاھىر بولۇپ تۇرۇپتۇ. پارس شىرزاتقا سالام قىپتۇ.

— ئەي يىگىت! بىلگىن ۋە ئاگاھ بولغىنكى، — دەپتۇ ئۇ خىتاپ قىلىپ، — بۇ پادىشا پەررۇخزادەدۇر، ئۇ غەزەپ بىلەن بارلىق لەشكەرلىرىنى ئېلىپ سېنىڭ ئۈستۈڭگە كەلدى. سەن نادانلىق قىلىپ ياشلىغىڭغا ئىشەنمە. چىرايلىقچە مېنىڭ ئالدىمغا چۈش. مەن سېنىڭ گۇناھىڭنى پادىشادىن تىلەۋالاي. پادىشا ئالىلىرىنىڭ ئايىغىغا باش ئۇرغىن. شاھىمىزنىڭ كۆڭلى-كۆكسى كەڭ، ئەجەپ ئەمەسكى، گۇنالىرىڭنى كەچۈرسە ... بەلكى سېنى لەشكەر باشلىغى قىلىپ قويۇشىمۇ مۇمكىن. ئۇ چاغدا مەرتىۋەڭ ئۆسۈپ، كاتتا ئادەم بولىسەن ...

پارس يىگىتكە كۆپ نەسىھەتلەرنى قىپتۇ. لېكىن بۇ سۆزلەر شىرزاتنىڭ غەزىۋىنى كەلتۈرۈپتۇ.

— ئەي پارس! — دەپتۇ ئۇ قەھرى بىلەن ۋاقىراپ، قۇرۇق سۆزۈڭنى قوي. بىكار ئاۋارە بولما. مەن سېنىڭ ئالدام خالتاڭغا چۈشىدىغان ئادەم ئەمەسمەن. پەررۇخزادىدەك ۋاپاسىز قارانىيەت كىشىلەرگە ھەرگىزمۇ خىزمەت قىلمايمەن.

### نەزمە

مەن تىغ ئۇرىمەن، يە بېرىمەن باش،
مەندە بار ھەممىنى خۇدادىن دەپ قاراش.

شىرزاتتىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان پارس نائۈمىت بولۇپ، پەررۇخزادىنىڭ ئالدىغا

كېلىپ، شىرزاتنىڭ ئېيتقانلىرىنى بىر - بىرلەپ يەتكۈزۈپتۇ. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ پادىشانىڭ غەزىپى تېخىمۇ ئۆرلەپتۇ. داڭلىق بىر پەھلىۋانى بار ئىكەن. ئۇنى ئۆز ئالدىغا چاقىرىپ بۇيرۇپتۇ.

— ئەي پەھلىۋان، سەن بېرىپ ئۇ يەگىتنى تىرىكلا تۇتۇپ كەلگىن. مەن ئۇنىڭ بۇرنىدىن ئانىسىنىڭ سۈتىنى ئېقتاي، ساڭا ھېساپسىز ئىنئاملار بېرەي!

ئۇ پەھلىۋان قانچىلىغان لاپ سۆزلەرنى قىلىپ، شىرزات تەرەپكە راۋان بولۇپتۇ، كەلگىنچە شىرزاتقا غەزەپ بىلەن نەيزە ئۇرۇپتۇ. شىرزات چاققانلىق بىلەن قول ئۇزىتىپ، ئۇنىڭ نەيزىسىنى تارتىۋېلىپ سۇندۇرۇپ تاشلاپتۇ. ئاندىن كېيىن كەمىرىگە قول سېلىپ، «ئاللاھۇ ئەكبەر!» دەپ كۆتىرىپ، شۇنداق ئۇرۇپتىكى، ھېلىقى داڭلىق پەھلىۋان بۇردا - بۇردا بولۇپ كېتىپتۇ.

ئەلقىسسە، پەررۇخزادىنىڭ يەنە بىر مەشھۇر ئارزۇلۇق پەھلىۋانى بار ئىكەن. شاھ ئەمرى بىلەن ئۇمۇ شىرزاتقا يېقىنلاپ كېلىپ، قىلىچ ئۇرۇپتۇ. شىرزات بۇ پەھلىۋاننىڭمۇ تىغىنى قولىدىن تارتىۋېلىپ، بېشىغا شۇنداق ئۇرۇپتىكى، ئۇ باپ - باراۋەر ئىككى قىسمىغا ئايرىلىپ يەرگە چۈشۈپتۇ.

پەررۇخزادە يەنە بىر پەھلىۋاننى مەيدانغا كىرگۈزۈپتۇ. ئۇمۇ ئۆلۈمگە مەھكۇم بولۇپتۇ... شۇنداق قىلىپ بىر - بىرلەپ مەيدانغا كىرگەن ئەللىك نەپەر پەھلىۋان ھاياتلىقتىن ئايرىلىپ، قانغا مىلىنىپ يېتىپتۇ. كۈن كەچ بولۇپتۇ. پەررۇخزادە ئۇرۇشنى توختىتىش ناغرىسىنى چېلىشقا بۇيرۇق قىپتۇ...

ئەلقىسسە، پەررۇخزادە مەيداندىن قايتقاندىن كېيىن كېچىدە ۋەزىر دانالىرى بىلەن مەسلىھەت قىپتۇ. تاڭ يورىغاندىن كېيىن جەڭ سىگنالنى چېلىپ مەيدانغا كىرىپ كەپتۇ. ئەمما شىرزاتتىن قورقۇپ ھېچ كىشى ئالدىغا چىقالماپتۇ. شىرزات ئېتىنى ئوينىتىپ مەيدانغا كىرىپ نەرە تارتىپتۇ.

— ئەي پەررۇخزادە! — دەپتۇ ئۇ مەسخىرە قىلىپ، — سېنىڭ مۇنچىلىك توخۇ يۈرەك ئىكەنلىكىڭنى ئويلىمىغان ئىكەنمەن. قارانىيەت كىشىلەرنىڭ بارلىغى شۇنداق قورقۇنچاق بولسا كېرەك. ئەگەر لەشكەرلىرىڭ بىر-بىرلەپ مەيدانغا كىرىشتىن قورقسا ئونلاپ، بەلكى يۈزلەپ كىرسىمۇ مەيلى...

شىرزاتنىڭ سۆزى تۈگىمەستىن تۇرۇپ پەررۇخزادە يۈز نەپەر لەشكىرىنى مەيدانغا كىرىشكە بۇيرۇپتۇ. بۇ لەشكەرلەر مەيدانغا كىرىپ بولغىچە قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتكەن شىرزات شىرى غەررانىدەك ئۆزىنى ئېتىپ جەڭ قىپتۇ، ئۇچرىغانلارنىڭ بەزىسىنى قىلىچ بىلەن، بەزىسىنى نەيزە بىلەن ئۇرۇپ ھالاك قىپتۇ. قالغانلىرى بۆرى تەككەن قويدەك قېچىشقا باشلاپتۇ. بۇ ھالنى كۆرۈپ تۇرغان پەررۇخزادىنىڭ تاقىتى تاق بولۇپ، ئۇچيۈز كەمەندازغا بۇيرۇپتۇ.

قورشاپ ھەرياقتىن كەمەن تاشلاپ
بۇ ئاپەتنى قولغا چۈشۈرۈڭلار!

پادىشانىڭ ئەمرىنى ئاڭلىغان كەمەندازلار شىرزاتنى كەمەن تاشلاپ تۇتۇشقا تەرەددۇت قىپتۇ. شىرزات ئۇلارغا قاراپ ئات سالپتۇ. كەمەندازلار شىرزاتقا كەمەن تاشلاپتۇ. ئۇچيۈز كەمەن يىگىتنىڭ بويىنغا چۈشۈپتۇ. شىرزاتنىڭ ئاچچىغى كېلىپ، بىر زورقىسپلا بارلىق كەمەندازلارنى ئاتتىن يەرگە يۇملىتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئاتلىرىنىڭ تۇياقلىرى ئاستىدا ھالاك بولۇپتۇ، ئاندىن كېيىن شىرزات ئۆزىنى شاھ لەشكىرىگە

ئۇيغۇر كىتابلىرى بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇرۇپتۇ. گايى سولدىن كىرىپ ئوڭدىن، گايى ئوڭدىن كىرىپ سولدىن چىقىپتۇ. شۇ ئەسنادا سودىگەر خوجا ئەسەد يېتىپ كەپتۇ. ئۇنىڭ ئارقىسىدا يۈز غۇلام ۋە تۆۋپلىرى بارئىكەن، ئۇلار شىرزاتنىڭ مەس تۆگىدەك ئۆزىنى ئۇرۇپ ئۆرۈشۋاتقانلىغىنى كۆرۈپتۇ.

ئەلقىسسە، خوجا ئەسەد بۇ ھالنى كۆرۈپ بارلىق غۇلاملىرى بىلەن شىرزاتقا بولۇشۇپ، جەڭگە كىرىپتۇ. پەررۇخزادە ساراسىمىگە چۈشۈپ، شەھەرگە قېچىپ كىرىپ دەرۋازىنى مەھكەم تاقىۋاپتۇ. ئاندىن شەھەرنىڭ چوڭ-كىچىكلىرىنى ۋە قازى-قۇززاتلىرىنى يىغىپ مەسلىھەت قىپتۇ. كەلگەنلەر پادىشاغا ئىچ ئاغرىتىپتۇ. پادىشا ناھايىتى ئەنسىرەپ كۆڭلى پەرىشان بولۇپ، قانداق قىلىشنى بىلمەي قاپتۇ.

— ئەي پادىشايى ئالەم، — دەپتۇ ۋەزىر پارس ئورنىدىن تۇرۇپ، — بۇنچىلا پەرىشان بولمىسىلا، مەن بېرىپ شىرزاتقا نەسىھەت قىلاي. ئىنشائاللا سۆزۈمگە كىرگەي.

بۇ سۆز پەررۇخزادىگە خوش كەپتۇ. پارسقا رۇخسەت بېرىپتۇ.

بۇ تەرەپتە شىرزات سودىگەر خوجا ئەسەد بىلەن كۆرۈشۈپ ھال-ئەھۋال سورىشىپتۇ.

— مۇبارەك بولسۇن ئوغلۇم، — دەپتۇ سودىگەر بەھەد شاتلىنىپ، — ئىنشا ئاللا. دۆلەت ساڭا يار بولغاي، پادىشالىق ساڭا قارار تاپسا كېرەك.

شىرزات بىلەن خوجا ئەسەد مەسلىھەتلىشىپ قەلئەنىڭ ئەتراپىغا كېلىپ چېدىرلارنى تىكىپ ئولتۇرۇپتۇ. گۈلشات ئۇلارنىڭ قېشىغا سالام بېرىپ كىرىپ كەپتۇ. شىرزاتنىڭ قەھرىمانلىغىغا ئاپىرىن ئوقۇپتۇ. ئاندىن ئىككى ئاشىق-مەشۇق پىنھانغا كىرىپ سۆھبەت قۇرۇپتۇ. شۇ ئەسنادا پارس يېتىپ كەپتۇ. سالامدىن سوڭرە شىرزات ھەققىگە دۇئا قىپتۇ. خوجا ئەسەد پارس بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنى چېدىرىغا تەكلىپ قىپتۇ. ئۆزئارا ئامانئىسەنلىك سورىشىپتۇ.

— پەررۇخزادە كاتتا پادىشاھ، — دەپتۇ پارس خوجا ئەسەدكە نەسىھەت قىلىپ، — لەشكىرى ھىساپسىز، ئەگەر بۇيرۇق قىلسا يەتتە ئىقلىم ئۇنىڭ تەختى تەسىرىقىدە بولىدۇ. يەر يۈزىنى لەشكەرگە تولدۇرۇۋېتەلەيدۇ. سىزلەر شۇنداق كاتتا پادىشا غاقارشى تۇرۇپ ئۆزەڭلەرنى ھالاك قىلماڭلار. سىز سودىگەر كىشى ئىكەنسىز. ئۆز يولىڭىزدا بولغىنىڭىز ياخشىراق. شۇنداق كاتتا پادىشاغا تاقابىل تۇرۇش سىزنىڭ ھەددىڭىز ئەمەس.

— ئەي ۋەزىر، — دەپتۇ خوجا ئەسەد، پارسنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، — سىز راست ئېيتىسىز. دەرھەقىقەت بىز سودىگەر كىشىلەردۇرمىز. شاھقا تاقابىل تۇرۇشقا بىزنىڭ ھەددىمىز يوق، لېكىن شىرزات پادىشازادەدۇر، ئېنىقراق ئېيتسام، شاھ كەركىننىڭ ئوغلىدۇر. شەھەر پادىشالىغى تامامەن شىرزاتقا مەنسۇپ. مەن بۇ سىرنى ئاشۇ كەمگىچە ھېچكىمگە دىمىگەن ئىدىم. ئون سەككىز يىل ساقلىغان سىرنى ئەمدى سىزگە ئېيتتىم. قۇلاق سېلىپ ئاڭلاڭ، مەن بۇ قىسسەنى سىزگە بايان قىلاي: كۈنلەردىن بىركۈنى مەن بۇ دىيارغا سودا ئۈچۈن كەلگەن ئىدىم. بىر چاغدا كۆزۈم بىر يەرگە چۈشتى. قارىسام خوش ھاۋا جاي ئىكەن. مەن غۇلاملىرىمغا: «ئۇشبۇ زېمىندە ئازراق ئارام ئېلىپ ئۆتەيلى» دەپ بۇيرىدىم. غۇلاملىرىم چېدىرلىرىنى تىكىپ تۇرۇشاتتى، توقايلىقتىن بىر شىر غاقىراپ چىقتى. ئۇنىڭ ئۈستىدە ياپ-يالىڭاچ، چاچلىرى ئۆسكەن بىر ئوغۇل بالا ئولتۇراتتى.

www.uyghurkitap.com

بۇ ھالنى كۆرۈپ ئەجەپلەندىم. غۇلاملىرىمغا ئۇشبۇ شىرنى كەمەن تاشلاپ تىرىك قولغا چۈشۈرۈڭلار، بالىغا زىيان يەتمىسۇن، دىدىم. غۇلاملارھەر تەرەپتىن كەمەن تاشلاپ، شىرنى تۇتتۇشتى. ئوغۇلنى سالامەت قولغا چۈشۈردۇق. قارىسام، بالىنىڭ بىلىكىگە بىر نەرسە چىگىكلىك تۇرۇپتۇ. ئۇنى ئېچىپ كۆرسەم، ئون دانە گۆھەر بىلەن بىر پارچە خەت چىقتى. خەتكە: «بۇ ئوغۇل شاھ كەركىننىڭ پەرزەنتى» دەپ يېزىلغان ئىكەن. خەتنى دەرھال پىنھان قىلىپ، ئوغۇلغا شىرزات دەپ ئىسىم قويدۇم. قولۇمدىن كېلىشىچە تەربىيىلىدىم...

سودىگەر خوجا ئەسەد خەتنى ئېچىپ پارىسنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. ۋەزىر خەتنى مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈپتۇ. ئەسلەپ ئويلىنىپ قارىسا، مەزكۇر خەت دەل ئۆزى يازغان خەت ئىكەن. ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، سەجدىگە باش قويۇپ ئاللاتائالاغا شۈكرى قىپتۇ. ئۆتكەن ئېچىنىشلىق ۋاقىئە يادىغا چۈشۈپ، ئۆزىنى باسالماي يىغلىۋېتىپتۇ ۋە شاھ كەركىننىڭ ئادالەت سۈپىتىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. پەررۇخزادىنىڭ شۇملىقىنىمۇ ئىزھار قىپتۇ.

— ئەي خوجا ئەسەد، — دەپتۇ ئۇ، — ئۇشبۇ خەتنى مەن ئۆز قولۇم بىلەن يازغان ۋە ئون دانە گۆھەر بىلەن ئوغۇلنىڭ بىلىكىگە باغلىغان ئىدىم. مىنى ئەپۇ قىلىڭلار. مۇشۇنداق ئۇچرىشىپ قېلىشىمىزنى ئەسلا ئويلىمىغان ئىكەن-مەن، ئازراق سەۋرى قىلىڭلار، مەن بېرىپ، پەررۇخزادىگە نەسھەت قىلىپ باشلاپ كېلەي.

خوجا ئەسەد ئۆزى مىندىغان بىر ئاتنى پارىسقا تارتۇق قىلىپ ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

ئەلقىسسە، پارىس راۋان بولۇپ، پەر-رۇخزادىنىڭ قېشىغا بېرىپ بولغان ئەھۋالنى باشتىن - ئاياق بايان قىپتۇ. پەررۇخزادىنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ، قول - پۇتلىرى دىرىل-دەپ تىترەشكە باشلاپتۇ.

— ئەي پارىس، — دەپتۇ ئۇ ۋەزىرگە، — ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ مەسلىھەت كۆرسەتكىن.

— ئەي پەررۇخزادە، — دەپتۇ پارىس يول كۆرسىتىپ، — ئەمدى ياخشىسى پادىشالىق تەختىنى شىرزاتقا ئۆتكۈزۈپ بېرىڭ. شۇ چاغ-دىلا جېكۈ - جېدەل ئاياقلىشىدۇ.

— ئەي پارىس، — دەپتۇ پەررۇخزادە ئالدىراپ، — بىلگىن ۋە ئاگاھ بولغىنكى، شىرزاتقا ئاتىسىنىڭ تاجۇ - تەختىنى بەرسەم، ئۇ مەندىن ئاتىسىنىڭ قېنىنى تىلىسە قانداق قىلىمەن؟

— ئىنشائاللا، شاھزادە سىزگە زىيان-زەخمەت يەتكۈزمەس، خاتىرجەم بولۇڭ، — دەپتۇ پارىس تەسەللى بېرىپ.

— ئۇنداق بولمىسا مەن بىر ياققا بېشىمنى ئېلىپ كېتەي، — دەپتۇ پەررۇخزادە ئۈمىتسىز-لىنىپ.

— ئەي پەررۇخزادە، — دەپتۇ پارىس چۈشەندۈرۈپ، — مۇنداق خىياللارنى قىلىپ ئاۋارە بولماڭ. ئىشنىڭ ياخشىسى ئۆزىڭىز قەدەم رەنجى قىلىپ ئالدىغا چىقىپ شاھ-زادىگە ھۆزۈرخالىق قىلىڭ. ئۆز قولىڭىز بىلەن پادىشالىق تاجىنى بېشىغا كەيگۈزۈڭ، خەزىنىلەرنىڭ ئاچقۇچىنى تاپشۇرۇڭ. ئىن-شائاللا، سىزنى ئەپۇ قىلار، ئاندىن قىزىڭىز گۈلشات ئۇنىڭ مەھبۇبى ئىكەن، ئۇمۇ گۇناھىڭىزنى تىلىۋالار.

بۇ مەسلىھەت پەررۇخزادىگە خوش يې-قىپتۇ. دەرھال بىر نەچچە كىشىلەر بىلەن شىرزاتنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. شاھزادىدىن رۇخسەت سوراپ باققا كىرىپتۇ. يەر سۆيۈپ دۇئا قىلىپ، كەچۈرۈم سوراپتۇ ۋە ئېلىپ

بارغان سوغىلىرىنى يىگىتىنىڭ ئالدىغا قويۇپ-
تۇ. شىرزات غەزەپلىنىپ، ئۇنىڭغا قىلچە
ئىلتىپات كۆرسەتمەپتۇ. تامامى ئوردا كاتى-
پلىرى قول كۆتىرىپ دۇئا قىلىپ يامغۇردەك
ياش تۆكۈپ پەررۇخزادىنىڭ گۇناھىنى
تىلەپتۇ. ئۇلارنىڭ زارۇ-نالىسىنى كۆرگەن
شىرزات غەزىۋىدىن يېنىپ، ئۇلارغا ئىللىق
مۇئامىلە قىپتۇ ۋە پارىسقا شەھەردە كەڭچىلىك،
ئادالەتنى يولغا قويۇشنى بۇيرۇپتۇ.

ئەلقىسسە، شەھەر ئەھلى كەركىن شاھ
ئوغلىنىڭ پادىشالىق تەختىگە ئولتۇرغانلىغىنى
ئاڭلاپ، ناھايىتى خۇرسەن بولۇپتۇ. كوچىلار-
نى تازىلاپ سۇ چېچىپ ھېيت-بايرامدەك
يېڭى كىيىملىرىنى كىيىپ شاتلىنىپتۇ.

پارىس تەختىنى باشقىدىن ئالتۇن،
كۈمۈش بىساتلار بىلەن جابدۇپ تەييار-
لىتىپتۇ. شاھزادىنىڭ تەلۋى بىلەن ياخشى
ئاتلاردىن تۆت يۈزنى ئىگەر-يۈگەن بىلەن
ھازىرلاپتۇ.

— ئەي مەلىكە، — دەپ سوراپتۇ شاھ-
زادە گۈلشاتقا قاراپ، — مۇشۇ سائەت خەيىر-
لىكمۇ ياكى خەۋپلىكمۇ؟

شاھزادىنىڭ مۇنداق سورىشىدىكى
سەۋەپ، گۈلشات ئىلمى نوجۇمنى ئوبدان
بىلىدىكەن، مەلىكە دەرھال مۇلاھىزە قىلىپ،
ئىلمى نۇجۇم ئەمىلى بىلەن قۇرئە سېلىپ
كۆرۈپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

— ئەي شىرزات ئۇشبۇ ۋاقىت ناھايىتى
خەيىرلىك، بۇنداق ياخشى سائەتتە ئىش
باشلىغان كىشىنىڭ بەخت-ئىقبالى ياخشى
بولغاي.

شاھزادە مەلىكىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ،
تەختكە چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ. شەھەر خەلقى
شاھزادىنى مۇبارەكلەپ بېشىدىن ئالتۇن
جاۋاھىرلارنى چېچىپتۇ. بارلىق قازى-قۇززات،
ۋەزىر-ۋۇزىرالار شىرزاتنىڭ ئالدىغا كېلىپ
مەدھىيە سۆزلىرىنى ئېيتىپتۇ. شىرزات تەختە-
كە ئولتۇرۇپتۇ، سودىگەر خوجا ئەسەدنى
يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپتۇ. قىرىق كۈنگىچە شەھەر
خەلقىنى توي-تاماشا قىلىشقا بۇيرۇپتۇ.
شەھەر خەلقى قىرىق كۈنگىچە ئەيشى-ئىشرەت-
كە مەشغۇل بولۇپ، شاتلىق ناۋاسى كۆككە
يېتىپتۇ.

ئەلقىسسە، شىرزات بىلەن خوجا ئەسەد
ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ، ئادالەت ئەلەمىنى
مەھكەم قاداپ، زالىملار تۇخۇمىنى قۇرۇتۇش-
نىڭ ئامالىرىنى قىپتۇ، مەزلۇم-ئاجىزلارغا
شەپقەت قىپتۇ.

بىر كۈنى شىرزات بارلىق قازى-
قۇززات، ئەمەلدارلارنى بىر يەرگە يىغىپ
مەجلىس قۇرۇپتۇ.

— ئەي پەررۇخزادە، — دەپتۇ شىرزات، —
ئەسلى پادىشالىق تەختى مېنىڭ ئاتامغا
تەئەللۇق ئىدى، ئاتام ساڭا ئىشىنىپ ئۇنى
ئامانەت قويغان. سەن ئامانەتكە خىيانەت
قىلىپ، بىگۇنا ئاتامنى ئۆلتۈردۈڭ. ناھەق
قان تۆكۈشكىدىكى سەۋەپ نېمە؟

پەررۇخزادە ھېچنېمە دېيەلمەپتۇ. بې-
شىنى تۆۋەن سېلىپ سارغىيىپ يەرگە كىرىپ
كەتكۈدەك بولۇپ ئولتۇرۇپتۇ.

— ئەي پەتىۋا ئەھلى، — دەپتۇ شىرزات
ئۆلىمالارغا خىتاپ قىلىپ، — بۇ مەسىلىگە كىتاپ
ھۆكمى بويىچە نېمە دەيسىلەر؟

— شەرىئەت ھۆكمى بويىچە، پەر-
رۇخزادىگە جازا بېرىپ ناھەق تۆكۈلگەن
قانىنىڭ قىساسىنى ئېلىش لازىم، — دەپتۇ
پەتىۋاچى ئۆلىمالاردىن بىرسى، — مۇنداق
خىيانەت ئۈستىگە قوشۇلغان ۋەھشىيانە
جىنايەتكە ئىسلام شەرىئىتى ھەرگىزمۇ رەھىمى
قىلمايدۇ. چوقۇم شەرىئەت ھۆكمىنى ئىجرا

www.uyghurkitap.com

قىلىش لازىم.

ئۇلار پەررۇخزادىنىڭ پۇت-قوللىرىنى باغلاپتۇ. قىساس بۇيرۇغىنى كۈتۈپ، شىرزاتقا قاراپتۇ. شىرزات ئازراق تەخىر قىلىشىنى بۇيرۇپ، ئۆزى گۈلشات تۇرۇشلۇق باقتا يېتىپ كەپتۇ، مەلىكە كېنىزەكلىرى بىلەن يىگىتنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ. شاھزادىنى مەنزەر ئۆيىگە باشلاپ سۆھبەت قۇرۇپتۇ.

بېيىت

ماڭدى ئۇلار مەنزەر قەمەرگە،
ئوخشاپ گويا ئاي بىلەن كۈنگە.
لەئەلدەك مەيىنى قىلغاچقا نۇش،
شىرزات ئەسلىدى ئانىسىن مەسھۇش.

— ئەي ئاي يۈزلۈك مەلىكە،— دەپتۇ شىرزات مەلىكىگە قاراپ،— ئاتىڭىز مېنىڭ ئانامنى ناھەق ئۆلتۈردى. ئەمدى مەنمۇ قىساس ئۈچۈن ئۇنى ئۆلتۈرمەكچىمەن.

شاھزادە خىزمەتكارلارغا پەررۇخزادىنى مۇشۇ مەنزەرگە ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. غۇلاملار شاھنىڭ ئەمرىنى ئاڭلاپ، پەررۇخزادىنى كەلتۈرۈپتۇ. شىرزات بۇيرۇپتۇ:

— مۇشۇ مەنزەردىن تاشلاڭلار. باشقىلارغا ئىبرەت بولسۇن، ئىككىنچى بىركىشى ھەرگىزمۇ مۇنداق ناھەق خۇن تۆكمىسۇن!

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان گۈلشات دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، قوللۇق قىلىپ تىلەپتۇ:

— ئەي پادىشايى ئالەم، ئاتام زۇلۇم ئەيلەپ خاتا قىپتۇ، جاناپلىرى مەرھەمەت ئەيلەپ ئۆلۈم ئوتىدىن ئۆتسىلە. ئاتام ئالدىلىرىدا تۇرۇپتۇ، گۇنايىنى ئەپۇ ئەيلەپ كەرەم قىلسىلا. ئۈمىدىمنى يەردە قويمىغايلا. رۇبائىيەتچىلەر ئېيتىدۇركى: گۈلشات ناھايىتى دانا ئىكەن، ئۇ ھەرتەرەپتىن سۆزلەپ شىرزاتنى سەل توختىتىپتۇ.

— ئەي شىرزات،— دەپتۇ ئۇ پادىشانى سۆزىگە جەلپ قىلىپ،— سىلە ئاڭلىغانمۇ؟ رۇم شەھرىدە بىر پادىشا بار ئىكەن، ئىنتايىن شانۇ-شەۋكەتلىك ئىكەن. ئۇ پادىشانىڭ ئايدەك بىر قىزى بارئىكەن.

بېيىت

ئايمۇ ئۇنىڭ جامالىدىن رەشك قىلاتتى،
زۆھرە خىجىل كۆزلىرىدىن ياشلار ئاقاتتى.
گۈل بەرگلىرى ئوتتا يېنىپ ئۇسۇل ئوينايتتى،
ھايادىن تەر مەيگە ئوخشاش ئېقىپ تۇراتتى.
ئۈستىدە ئالتۇن لىباس شۇنچىلا كۆركەم،
ئىپاردىنمۇ خۇشبۇي ئىدى چاچلىرى ھەردەم.
ئاتاسى قويغان ئاڭا ماھى مەنزەر نام،
مۇشتىرى، زۆھرە ئىدى ئۇنىڭغا غۇلام.

بۇ قىزنىڭ كاتتا قەسرى بار ئىكەن. ئەشۇ قەسىردە كۆكگۈل ئېچىپ تاماشا قىلىدىكەن. زامان ھادىسىلىرىدىن خەۋەرسىز ئىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەلىكە قەسىرنىڭ تېمىغا چىقىپتۇ ...

بۇ شەھەردە ئەختەر ئىسىملىك بىر ئەييار بار ئىكەن، شەھەر خەلقى ئۇنىڭدىن بەك قورقىدىكەن، پادىشانىڭ قىزى قەسىر تېمىغا چىققان كۈنى ئەختەرمۇ بازار بېشىدىكى بىر تام ئۈستىگە چىقىپتۇ. ئۇ قەسىر تېمىدىكى مەلىكە نازىنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئاشىق بىقارار بولۇپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭدا بىرخىل كېسەل پەيدا بولۇپ نالە-زارە قىلىشقا باشلاپتۇ. ئەمما ھېچ پايدىسى بولماپتۇ. ئاخىر ئەييارلىغىنى ئىشقا سېپتۇ.

ئەتىسى كېچىسى بىنھايەت قاراڭغۇ

بولۇپتۇ. مەلىكىنىڭ قەسرىنىڭ تۆۋىگە كەپتۇ. قارىسا پاسبانلار سەگەك ئىكەن. تاكى سەھەر ۋاقتىغىچە ئايلىنىپ قەسىر ئەتراپىدا تۇرۇپتۇ. ھېچ بىر ئىمكانىيەت تاپالماپتۇ. شۇ تەقەززالىقتا قەسىر ئەتراپىنى ئايلىنىۋېرىپتۇ.

ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى باشقا ياقتىن ئاڭلايلى:

كەيقۇباد پادىشا نەسلىدىن مېھرى ئاسار دېگەن بىرشاھزادە بار ئىكەن. ئۇ تەبرىز پادىشاسىنىڭ ئوغلى ئىكەن. ئۇ يىگىت رۇم پادىشاسىنىڭ قىزىغا غايىبانە ئاشىق بولۇپتۇ.

نەزمە

يېقىملىق خۇپ سايرايدىغان بۇلبۇللار،
بۇ داستاننى ئېيتىش بىلەن بوستاندا.
خۇش ناۋا پەيزى بىلەن تەنتەنە —
قوزغىۋەتتى ھاياجاننى شۇ ئاندا.
تۇتى كەبى شىرىن سۆزلۈك كىشىلەر،
ئويغاتتىلەر تىنىچ ياتقان دىللارنى.
كۆرمىگەنتى بۇ ئالەمدە ھېچ كىشى،
شاھزادىدەك نادىر گۈزەل ئوغلاننى.

ئەلقىسسە، رۇم شەھرىگە «تەبرىز شاھىنىڭ ئوغلى ماھى مەنزەرنىڭ تەلىۋىدە كېلەرمىش» دېگەن خەۋەر تارقىلىپتۇ. بۇ خەۋەرنى مەلىكىنىڭ ئاتىسى قەسرى ئاڭلاپ، شاھزادە مېھرى ئاسارنىڭ ئالدىغا ئادەم ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار شاھزادە بىلەن ئۇچرىشىپ ئوبدان مۇھاپىزەت قىلىپ يولغا راۋان بولۇپتۇ. ئۇلار مېڭىپ بىر بۇلاق بېشىغا كەپتۇ، مېھرى ئاسارنى ئىززەت-ئىكرام بىلەن بۇلاق بويىغا چۈشۈرۈپتۇ. شاھزادە ئۇ بۇلاق بويىغا چېدىر بارگاھلىرىنى تىكىپ، شانۇ-شەۋكەت بىلەن يېتىپتۇ، بىر كېچە شۇ بۇلاق بويىدا قونۇپتۇ.

ئەتىسى پادىشانىڭ ۋەزىر-ئۆلىمالىرى شاھزادىنىڭ ئالدىغا چىقىپ، يىگىتنى شەھەرگە تەكلىپ قىپتۇ. شاھزادە شەھەرگە كىرىپتۇ. ئېلىپ كەلگەن سوغا-ھەدىيەلىرىنى پادىشاغا تەقدىم قىلىپ، ئۆز تىلىكىنى مەلۇم قىپتۇ. پادىشا قەسرى رۇم يىگىتنىڭ سوغىلىرىنى تاپشۇرۇپ ئاپتۇ ۋە مەلىكىنى شاھزادىغا بەرمەكچى بولۇپتۇ. مېھرى ئاسارغا شاھانە كىيىملەرنى كەيدۈرۈپتۇ.

ئەلقىسسە، ماھى مەنزەر مەلىكە شاھزادىنىڭ تەۋسىپىنى ئاڭلاپ قەسرىنىڭ بىر بۆلۈكىدىكى يوچۇقتىن مارىلاپ مېھرى ئاسارنى كۆرۈپتىكى، قەسرى رۇم ئۆز قولى بىلەن ئۇنىڭغا تون كەيدۈرۈۋاتقۇدەك. يىگىتنىڭ ھۆسنى-جامالى تولۇن ئايدەك شۇئىلە ئۇرۇپ تۇرغۇدەك.

بېيىت

بۇ يىگىتنىڭ دىردىدە ئايمۇ خىرە
پەرىمدۇ، ئىنسانمىدۇ دەپتۇ يەنە.
يىگىت ئىكەن ئىشىق دەردىگە مۇپتىلا،
كۆرگەچكە بىر قىزنى كى، كۈندۈر كۈيلە
ھەر ئىككىسى پەرىدەك گۈزەل ئىكەن،
ھۆسنى نۇرلۇق، سۆزلىرى ھەسەل ئىكەن.
بىر قاراپ بىر بىرىنى قىلغان ئەسىر،
قىلماپتۇ سىرلىرىنى ھېچبىر زاھىر.
كۆيىدىكەن ئىشىق ئوتىدا ھەرقاچانە
گاللىرىدىن ئۆتمەيدىكەن ئاش ۋە نان.

ئەلقىسسە، ماھى مەنزەر بىر قاراپلا مېھرى ئاسارغا ئاشىق بىقارار بولۇپتۇ. شاھزادىنىڭ كۆزى مەلىكىگە چۈشۈپتۇ. يىگىتنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئىشق ئوتى كۈچىيىپ ئۇلغىيىپتۇ، مەلىكىنىڭ ھىجرى پىراقىدا ئۆرتىنىپ بىقارار بولۇپتۇ. مىھرى ئاسار رۇم شاھى تەقدىم قىلغان كىيىملەرنى كىيىپ، پاتاققا يېنىپتۇ. ئەمما كۆڭلىنى ماھى مەنزەر ئىشقى ئىلىكىگە ئېلىۋاپتۇ، كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەپتۇ، بىئارام ۋە بىقارار بولۇپ ئازاپ ئوتىدا ئۆرتىنىپتۇ.

شاھزادە ئاخىر تاقەت قىلالماي خىزمەتچىلەرنى چاقىرىپ مەي كەلتۈرۈشكە بۇيرۇپتۇ. غۇلام-خىزمەتكارلار يىگىتنىڭ ئەمرىنى تۇتۇپ، لەئەلدەك سۈزۈك شاراپلارنى كۈن شىشىلەرگە تولدۇرۇپ شاھزادىنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈپتۇ. مىھرى ئاسار تۈن بويى مەي ئىچىپ ماھى مەنزەرنىڭ ئىشقىدا بىدار ئولتۇرۇپتۇ.

ئەلقىسسە، ماھى مەنزەر شۇ ھالدا ئازاپلىنىپتۇ.

— ئەي ھەمرالىرىم، — دەپتۇ ئۇ مەسلىھەت سوراپ، — شاھزادىنىڭ تۇرغان يېرىگە بارساق يىگىتنى مارىلاپ كۆرۈشنىڭ ئىمكانىيىتى بولارمۇ؟

— ئەي مەلىكەم، — دەپتۇ كېنىزە كىلەردىن بىرى، — مەن سىزنى ھېچكىمگە كۆرسەتمەي باشلاپ بارالايمەن.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ماھى مەنزەر خۇشال بولۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ، كېنىزەك بىلەن بىللە يولغا راۋان بولۇپتۇ. ئۇلار ئاستا-ئاستا مېڭىپ مىھرى ئاسار شاراپ ئىچىپ ئولتۇرغان جايغا يېقىنلاپ بېرىپتۇ. بىر يەردىن بىر تۆشۈكنى تېپىپ مارىلاپ كۆرۈپتىكى: يىگىتنىڭ كېلىشكەن گۈزەل ھۆسنى-جامالى ئون تۆت كۈنلۈك ئايدەك مەرىكىنى يورۇتۇپ تۇرغۇدەك، خىزمەتكارلىرى لەئەلدەك شاراپنى كۈمۈش پىيالىلارغا لىق تولدۇرۇپ قويۇپ ئارقىمۇ-ئارقا سۇنۇپ تۇرغۇدەك، شاھزادە شاراپنى ئىچىۋېرىپ چىرايى گۈلدەك رەڭلىنىپ، كۆزلىرى قىزىرىپ جادۇلىشىپ ئولتۇرغۇدەك، لېكىن كۆزىدىن توختىماي ئاققان ياشلىرى، ئوتقا تاشلانغان ئىلاندەك تولغىنىپ، يۈرەك-باغرىدىن ئاھ تارتىشى كىشىنىڭ رەھمىنى كەلتۈرگۈدەك.

ماھى مەنزەر يىگىتنى بۇ ھالدا كۆرۈپ چىداشقا تاقىتى قالماپتۇ. شاھزادە ئاخىر ھۇشسىزلىنىپ يېتىپ قاپتۇ. ماھى مەنزەر كېنىزىكى بىلەن ئاستا قايتىپ ئۆز قەسرىگە يېتىپ كەپتۇ. تاڭ ئاتقىچە نالە-زارە قىپتۇ. تاڭمۇ يورۇپتۇ.

ئەتىسى قەسرى رۇم خىزمەتكارلىرىغا شەھەرنى ئاراستە قىلىپ مەرىكىگە تەييارلاشقا بۇيرۇپتۇ. ئوردا خادىملىرى شاھنىڭ پەرمانىنى تەخىرسىز ئورۇنلاپتۇ. شەھەرنى شاھانە مەرىكىگە تەييارلاپتۇ. ئالتۇن تاختىلارنى كەلتۈرۈپ شاھزادىگە تەخت ياسىتىپتۇ.

نەزمە

ماھى مەنزەر پەرىلەردەك ياسىنىپ،
يورۇتۇپتۇ مەرىكىنى ئاجايىپ.
مەھبۇبىنى ئولتۇرغۇزۇپ تەختكە،
ۋىسال تېپىپ ئېرىشىپتۇ بەختكە.
يىگىت قىزغا، قىز-يىگىتكە بېقىپتۇ،
مۇھەببەتنىڭ دەرياسىدا ئېقىپتۇ.
شۇنچە زىبا كۆرۈنۈپتۇ ئۆزئارا،
ئۇلغىيىپتۇ ئىشق ئوتى بارا-بارا.
ھەرجەھەتتە كامال تاپقان يىگىتنى،
پادىشانىڭ بولغىسى كيۇغلىنى،
خالايىقلار كۆرۈپ خوشال بولۇپتۇ،
سالام بېرىپ دىللاردىن ھۆرمەتلەپتۇ.

ئەلقىسسە، «ماھى مەنزەر بىلەن مىھرى

ئاسارنىڭ تويى بولىدىكەن» دېگەن خەۋەر
هەممە يەرگە تارقىلىپتۇ. ئەختەرئە يىيارمۇ بۇ
خەۋەرنى ئاڭلاپتۇ. ياقىسىنى يىرتىپ، يۈزىنى
تۇپراققا سۈرتۈپ زار-زار يىغلاپتۇ. ھېچ
پايدىسى بولماپتۇ. «ئەمدى قانداق قىلىش
كېرەك؟ — دەپ ئويلاپتۇ ئۇ، خىيال سۈرۈپ،
باشقا ئامال يوق، پۈرسەتنى كەلتۈرۈپ،
ئەييارلىق بىلەن مەلىكىنى ئوغرىلاپ قېپ-
چىشىم لازىم. تەۋەككۇلنى خۇداغا قىلىپ،
بۇ يولدا يە مەھبۇبەمنى قولغا كەلتۈرەي،
يە شىرىن جانىنى بېرەي...»

ئەختەر كەچتە پادىشا قەسرىنىڭ تېگىگە
كەپتۇ. پاسىبانلارنىڭ ھەممىسى ئەيشى-ئىش-
رەتكە مەشغۇل ئىكەن. بىر ئاز پايلاپ تۇرۇپتۇ.
ھەممىسى مەس ۋە بىھۇش بولۇپ يېتىپ
قاپتۇ. يىرىم كېچىدە بىرمۇ ئادەم قالماي
ھەممەيلەن ئۇيقا دەرياسىغا غەرق بولۇپتۇ.

ئەختەر ئەييار قەسرىنىڭ تېگىگە كەپ-
تۇ. خەنجىرىنى قىنىدىن ئاستا سۇغۇرۇپ
ھەممە پاسىبا ِنلارنىڭ جېنىنى ئاپتۇ. ئاندىن
ئىچكىرلەپ ماھى مەنزەر تۇرۇشلۇق خانىغا كىر-
سە ھەممە كېنىزەكلەر مەلەخ بولۇپ ئۇخلاۋې-
تىپتۇ. ماھى مەنزەرمۇ خۇددى تولۇن ئايدەك
جامالىنى نامايان قىلىپ ئۇخلاۋاتقان ئىكەن.
ئەختەر ئەييار يانچۇغىدىن بىھۇش قىلىدىغان
دورىنى ئېلىپ مەلىكىنىڭ دىماغىغا تۇتۇپتۇ.
ماھى مەنزەر ئەمدى ھېچنەرسىنى سەزمىگىدەك
ھۇشىدىن كېتىپتۇ. ئەختەر ئەييار مەلىكىنى
چاققانلىق بىلەن ئەييارلىق گىلىمىگە ئوراپ-
تۇ، ئۇ يەردىكى ھەرخىل ئالتۇن-كۈمۈش،
جاۋاھىرات تېپىدىكى نەرسىلەرنى ئاپتۇ. ماھى
مەنزەرنى كۆتىرىپ بەدەر قېچىپتۇ.

ئەختەر ئەييارنىڭ يەرتېگىدىن كولاپ
ياسىۋالغان ئۆيى بار ئىكەن. مەلىكىنى
شۇ ئۆيگە ئېلىپ كىرىپتۇ. ماھى مەنزەر
يەنىلا بىھۇش ئىكەن. ئەييار چىراق يېقىپتۇ.
مەلىكىنىڭ ئىسىل كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋې-
لىپ كونا كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ قويۇپتۇ.
مەلىكىنى ئەييارلىق گىلىمىگە يەنە ئوراپ،
كۆتىرىپ يولغا راۋان بولۇپتۇ. ئۈچ كېچە-
كۈندۈز يول يۈرۈپتۇ. بىر غارغا كىرىپ توختاپتۇ.
مەلىكە ئۈچ كۈندىن كېيىن ھۇشىغا كەپتۇ.
كېچە-قاراڭغۇ ئىكەن. مەلىكە ئۆزىنى كې-
نىزەكلىرى ئىچىدە ھېس قىلىپ ھەمرالىرىنى
چاقىرىپتۇ. لېكىن ھېچكىم جاۋاپ بەرمەپتۇ.
«بۇ ھال چۈشۈممۇ-ئوڭۇممۇ؟» دەپ تۇر-
غانىنىڭ ئۈستىگە ئەختەر دەرھال چىراقىنى
ياندۇرۇپتۇ.

— ئەي مەلىكە دەۋران، — دەپتۇ ئۇ
مۇلايىم ئاۋازدا سۆزلەپ، — قورقماڭ، بۇ چۈ-
شىڭىز ئەمەس، مانا ئويغاق تۇرۇپسىز.

مەلىكە ئەختەرنى كۆرۈپ قاتتىق قورقۇپ
بارمىغىنى چىشلەپتۇ. بارلىق ئەزالىرىغا لەرزە
چۈشۈپ، تىلى لال بولۇپتۇ. بۇ ھالىنى
كۆرگەن ئەختەر مەلىكىگە تەسەللى بېرىپتۇ.

ئەختەر ئەييار:

«مەن ئېرۇرمەن نامى مەشھۇر ئەختەر ئەييار،
ئاشىق مەن ساڭا مەھبۇپ دائىم ئىنتىزار.
ئىشقىڭ ئوتى ۋۇجۇدىمنى ئۆرتىمەكتە يار،
ھەسرەتتە مەن ۋىسالىڭسىز بولدۇم مەن خار.
ياشلىرىم دەريا بولۇپ ئاقتى يولۇڭدا،
كېچە-كۈندۈز ئامال ئويلاپ كويۇڭدا.
ئاخىر ئىلاج-ئەييارلىقنى سالدىم ئىشقا،
يەتتى كۈچۈم بىلگىن جانان ئوغۇرلۇققا».

ماھى مەنزەر ساپتۇ نەزەر ئۆزىگە،
چاڭ توزاڭلار قونغان ئىكەن يۈزىگە.
مىڭسىنى ئاقىلانە ئىشقا ساپتۇ،

www.uyghurkitap.com

لەۋلىرىدە تەبەسسۇملار مىدىرلاپتۇ.
گەرچە ئەختەر ئەيىپارلىقنى سېلىپ ئىشقا،
ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ چەت-يىراققا.
مەلىكىمۇ ئەيىپارلىقنى قىلماق بوپتۇ،
سەزدۈرمەستىن باتىندا ئويلىۋاپتۇ.

ماھى مەنزەر:

بېشىڭ ئۈزرە دۈررە ئالتۇن چاچاي ئى يار،
يادىڭدا تۇت مەنىمۇ ساڭا ئاشىق بىقارار،
ئەشۇ تام ئۈستىدىن مەن تامانغا،
نەزەر تاشلاپ داخىل قىلدىڭ جامالىڭغا.
بىر كۆرۈپلا ئاشىق بولغان ئىدىم ساڭا،
ھېچ ئىلتىپات قىلمىغانتىڭ يارىم ماڭا.
يىراقىڭدا كۆزۈم خىرە بولغان ئىدى،
ئاھ يۈرىكىم زەرداپ بىلەن تولغان ئىدى.
مىرادىمغا يەتكۈزدىڭ سەن ئەمدى مېنى،
لېكىن بۇ جاي ناباپ مەھبۇپ بىلگىن بۇنى.
باشقا جايغا كېتەيلى قوپ، كۆڭلۈم تىنسۇن،
ئەيشى قىلىشقا بۇ يەردە قانداق بولسۇن؟
ئۆمۈر بويى قوش مېغىزدەك ئۆتەيلى بىز،
لەيلى-مەجنۇن كەبى كۆيۈپ يانايلى بىز.

ئەلقىسسە، ماھى مەنزەر: «ئىش قولدىن كېتىپتۇ. بالا دامىغا گىرىپتار بولۇپتىمەن» دەپ ئويلاپ، دەرھال مەككىر بىلەن سۆز باشلاپتۇ:

— ئەي ئەختەر، ئەشۇ كۈنى مېنىڭ نەزىرىم سىزگە چۈشكەن. سىزنىڭ نەزىرىڭىز ماڭا چۈشكەن، مەن بىچارە ئەشۇ كۈندىن بېرى ئىشقىڭىزدا كۆيۈپ كەلدىم. تاقەتسىم تاق، ئۆزۈم مۇشتاق بولغان ئىدىم. ئەمدى ئەلھەمدۇلىللا مىرادىمغا يەتتىم. سىزدەك نىگارىمنىڭ ۋەسلىگە يېتىشتىم. ئەمدى بۇ قورقۇنۇچلۇق جايدىن بىر ئامال قىلىپ ئاۋات جايغا يۆتكىلىنەيلى، بىر شەھەرگە بېرىپ كۆڭۈل ئازادىلىكى بىلەن ئويناپ كۈلەيلى. باقى ئۆمرىمىزنى بىر-بىرىمىزنى خوشال قىلىپ كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزەيلى.

— ئۇنداق بولسا، ھەلەپ شەھىرىگە بارايلى، — دەپتۇ ئەختەر خوشال بولۇپ، — قېنى ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ!

— مەن يەنە بىر مەسلىھەت كۆرسىتەي، — دەپتۇ مەلىكە، — مەن ئايالچە كىيىملەرنى سېلىۋېتىپ، ئەرچە كىيىم كىيىشىم لازىم. بولمىسا مېنى دۈشمەنلەر تونۇپ سىزدىن تارتىۋالسا ئەجەپ ئەمەس. ئۇچاغدا مەن سىزنىڭ ھىجرىڭىزدە ھالاك بولىمەن. تا رۇزى قىيامەتكىچە جۇدالىق دېغى مەندىن كەتمەيدۇ.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ئەختەر تېرىسىگە سىغماي قاپتۇ. مەلىكىنىڭ ئېتىقادىغا ئاپىرىن ئېيتىپ، دەپتۇ:

— ئەي مەلىكە سىز مەندىنمۇ ئەقىللىراق ئىكەنسىز. بۇ سۆزنى ياخشى ئېيتتىڭىز.

ئەختەر دەرھال مەلىكىگە ئەرچە كىيىم كەيدۈرۈپتۇ. مەلىكە چېچىنى ئوراپ تەلپەك ئىچىگە جايلاشتۇرۇپتۇ. ئۇلار چاقىقانلىق بىلەن تەييارلىنىپ، ھەلەپ شەھىرىگە راۋان بولۇپتۇ. مەلىكە بەزىدە ئۆزى يول يۈرۈپتۇ. بەزىدە ئۇنى ئەختەر ئەييار كۆتىرىپ مېڭىپتۇ. شۇ تەرىقىدە يول يۈرۈپ بىر مەزگىلدىن كېيىن بىر راباتقا يېتىپ كەپتۇ.

بۇ راباتتا بىر قېرى ئايال قارايدىكەن. ئەختەر بىلەن مەلىكە بىردەم ئارامىلىرىنى ئاپتۇ. ئاندىن كېيىن مەلىكە مومايغا قاراپ تازىم بىلەن دەپتۇ:

— ئەي ئانا، بىز ئۇزاق سەپەردىن كەلدۇق. ناھايىتى ئۇسساپ كەتتۇق. بىر ئۇماچ ئېتىشكە ئامال بولارمۇ؟

— ۋاي ئىست، — دەپتۇ موماي ھەسرەت چېكىپ، — ئۆيدە ئۇنۇم توگەپ قالغان ئىدى. بولمىسا ھازىرلا ئۇماچ پىشىرىپ بەرگەن بولاتتىم. ئازىراق تەخىر قىلىڭلار. ئوغلۇمنى ئۇنغا بۇيرۇغان ئىدىم. كېلىپ قالسا دىگىنىڭلارنى قىلىپ بېرەي.

— ئوغلىڭىز ئۇنىنى نەدىن ئېلىپ كېلىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئەختەر.

— شەھەردىن.

بۇ سۆزدىن ئەختەر شەھەرنىڭ ئانچە يىراق ئەمەسلىگىنى پەملەپتۇ ۋە: ماھى مەنزەر ئىسىل نازۇ-نىمەت بىلەن پەرۋىش تاپقان ئاررۇلۇق قىز ئىدى، مېنى دەپ ئۇماچقا مۇھتاج بولۇپتۇ، دەپ ئويلاپتۇ.

— ئەي مەلىكە، — دەپتۇ ئۇ بىر ئىش قىلىشقا تەييارلىنىپ، — سىز بۇ يەردە ئازغىنا توختاپ تۇرۇڭ. مەن ئۇچقاندەك شەھەرگە كىرىپ سىز ئۈچۈن يەيدىغان بىر نەرسە تېپىپ كېلەي.

— ھەممە ئىشنى ئۆزىڭىز بىلىسىز، — دەپتۇ مەلىكە، — شۇنداق قىلىشنى لازىم كۆرگەن بولسىڭىز، خۇدايىمغا ئامانەت، يول بولسۇن سىزگە…

## ماھى مەنزەرنىڭ پادىشا بولغىنىنىڭ بايانى

ئەلقىسسە، ئەختەر ئەييار مەلىكىنىڭ ئالدىدىن چىقىپ ھەلەپ شەھىرىگە راۋان بولۇپتۇ. شۇ كېچىسى ھەلەپ پادىشاسىنىڭ خەزىنىسىگە ئوغرى كىرىپ پادىشانى پىچاق سېلىپ زەخىملەندۈرگەن ئىكەن. سىپاھ ۋە ۋەزىرلەر يىغىلىپ پادىشانىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ، قارىسا پادىشا چالا ئۆلۈك بولۇپ يېتىپتۇ. ھەممەيلەن نالە قىلىپ يىغلاپتۇ. دەرھال تىۋىپ-دوختۇرلارنى چاقىرتىپتۇ. تىۋىپلار پادىشانىڭ جاراھىتىنى تېڭىپ ئىلاج قىلىپ كۆرۈپتۇ، داۋالاش ئۇنۇم بەرمەپتۇ. ئاندىن ئوغرىنى ئىزلەپ تۇتۇشقا ئادەم بۇيرۇپتۇ.

ئەلقىسسە، ھەرتەرەپنى ئاختۇرۇپتۇ. شۇ ئەسنادا ئەختەر دەرۋازىدىن كىرىپ كەپتۇ. ئۇنى يالغۇز كۆرۈپ تۇتىشىۋاپتۇ. باغلاپ ئوردىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. پادىشانىڭ ۋەزىرى ئەختەرنى كۆرۈپلا تونۇپتۇ.

— بۇ كونا ئەييار ئوغرى، — دەپتۇ ۋەزىر شىكايەت قىلىپ، — ئەلۋەتتە بۇنى زىندانغا تاشلاش كېرەك.

ئەختەرنى ۋەزىرنىڭ ئەمرىگە ئاساسەن زىندانغا تاشلاپتۇ. ئارىدىن يەتتە كۈن ئۆتۈپتۇ. پادىشانىڭ ھالى ئېغىرلىشىپ كېتىپتۇ. بارلىق ۋەزىر، قازى، سىپاھلارنى يىغىپ ۋەسىيەت قىپتۇ.

— ئەي ۋەزىرلىرىم ۋە ئەركان دۆلەتلىرىم، — دەپتۇ پادىشا سۆزلەپ، — مەندىن بىر پەرزەنت قالمىدى. ئەمدى مەن بەندىلىگىمنى بىجا كەلتۈرسەم، قىرىق كۈنگىچە مېنىڭ مەرىكەمنى ئۆتكۈزۈپ ئاش، سۇ بېرىپ خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن بارلىق كاتتا-كىچىكنى مەيدانغا يىغىپ مېنىڭ ئىشتىمىنىڭ بوينىدىكى ئالتۇن زەنجىرنى يېشىۋېتىڭلار، ئىشتىم بېرىپ كىمنىڭ پىشنى چىشلىسە شۇ ئادەمنى مېنىڭ ئورنۇمغا تەختكە ئولتۇرغۇزۇڭلار ۋە شۇ كىشىنىڭ پەرمانىدا بولۇڭلار!…

پادىشا ۋەسىيىتىنى دەپ بولۇپ، پانى دۇنيادىن باقى ئالەمگە سەپەر قىپتۇ. ۋەسىيىتىگە ئاساسەن قىرىق كۈنگىچە ماتەم

www.uyghurkitap.com

تۇتۇپ نەزىرى مەرىكىلىرىنى ئوبدان ئۆتكۈزۈپتۇ. ئاخىرى بارلىق كىشىلەرنى بىر مەيدانغا يىغىپتۇ.

ئەمدى ماھى مەنزەردىن سۆز ئاڭلىماق كېرەك:

ئەختەر ئەييار راباتتىن چىقىپ تائام ئېلىپ كەلمەكچى بولۇپ، ھەلەپ شەھرىگە راۋان بولۇپتۇ. ماھى مەنزەر ئەنسىرەپ قاپتۇ. «ئەمدى بىرئىش قىلىپ قاچاي، — دەپ ئويلاپتۇ مەلىكە، — بىر خالى يەرگە بېرىپ يوشۇرۇنۇۋالاي.» ئۇ شۇ نىيەتتە راباتتىكى مومايدىن سوراپتۇ:

— ئەي ئانا، بۇ ئەتراپتا ئادەملەر بارمۇ؟

— ئەي كۆز نۇرۇم بالام، — دەپتۇ موماي، — مۇشۇ يېقىندا ناھايىتى ئاۋات بىر قىشلاق بار، نىمە قىلماقچىتىڭىز؟

— ئۆزەم شۇنداق بىر سورىدىم، — دەپتۇ مەلىكە، — ئۇ يەرنىڭ ئارىلىغى قانچىلىك كېلىدۇ؟

— بىرنەچچە چاقىرىم كېلىدۇ، — دەپتۇ موماي ۋە قىشلاقنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ.

كەمپىردىن يول بەلگىلىرىنى سوراۋاتقان مەلىكە بارلىق ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى ئېلىپ قىشلاق تەرەپكە راۋان بولۇپتۇ. ماڭا - ماڭا ئاخىر قىشلاققا كىرىپ كەپتۇ. قارىسا ئاجايىپ قىشلاق، شۇنداق كۆركەم، ھاۋالىق ئىكەنكى، ماھى مەنزەر ئۇ يەردە قىرىق كۈن تۇرۇپ قاپتۇ. ئاندىن كېيىن شەھەر ھەلەپكە بارماقچى بولۇپتۇ.

ئەلقىسسە، مەلىكە ھەلەپ شەھرىگە كىرىپ قارىسا، شەھەر خەلقىنىڭ ھەممىسى بىر مەيدانغا يىغىلغانىمىش، ماھى مەنزەرمۇ بېرىپ بىر بۇلۇڭدا تۇرۇپ تاماشا كۆرۈپتۇ.

بىر چاغدا بىر ئىت قويۇپ **بېرىلىپتۇ**. ئۇ ئىت ھەممەيلەننى بىر - بىرلەپ پۇراپ، ماھى مەنزەرگە كەلگەندە، ئۇنىڭ پېشىنى مەھكەم چىشلەپتۇ. مەلىكە ھەرقانچە زورىقىپمۇ پېشىنى ئاجرىتالماپتۇ. بۇ ھالنى كۆرگەن ۋەزىر - ۋۇزىرالار مەلىكىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. قارىسا ئاجايىپ كېلىشكەن بىر يىگىت ئىكەن. يۈزىدىن شاھلىق نۇرى شۇئلا ئۇرۇپ تۇرغىدەك. ھەممىلىرى بىر - بىرلىرىگە قاراپ خوشال بولۇپ مەلىكىنى ئاتقا مىندۇرۇپ شەھەرگە ئېلىپ كىرىپتۇ. پادىشالىق تەختىگە ئولتۇرغۇزۇپتۇ. مەلىكىنىڭ بېشىدىن دۇرلار چېچىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ماھى مەنزەر پادىشالىق تەختىدە قارار تېپىپتۇ. ئادالەتنى جارى قىلىپ زالىملاردىن مەزلۇملارنىڭ ئۆچىنى ئېلىپ بېرىپتۇ، زىندانىدىكى بەندىلەرنى ئازات قىپتۇ.

ئەلقىسسە، ئەختەر ئەييارمۇ ئازات بولۇپتۇ. ئۇ زىنداندىن چىقىپ ئۇدۇل راباتقا بېرىپتۇ. ھېلىقى مومايدىن مەلىكىنى سوراپتۇ:

— مېنىڭ ھەمرايىم قېنى؟ قەيەرگە كەتتى؟

— مەن بىلمىدىم، — دەپتۇ موماي، — سەن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇمۇ چىقىپ كەتكەن.

بۇ جاۋاپنى ئاڭلاپ ئەختەرنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپلا قاپتۇ. زار - زار يىغلاپ ياقىسىنى چاك قىلىپ باياۋانغا چىقىپ مەلىكىنى ئاقتۇرۇپتۇ. شۇ ئەتراپتا ئۇ كەزمىگەن دەشتۇ - سەھرالار ۋە تاغلار قالماپتۇ.

ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى مېھرى ئاساردىن ئاڭلاڭ:

ئەلقىسسە، مېھرى ئاسار ماھى مەنزەر-
نىڭ يوقالغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، مىڭ
غۇلام بىلەن ئۇنى ئىزلەپ مېڭىپتۇ. دەشت،
باياۋانلارنى ئاختۇرۇپ كېتىۋېتىپ بىر ئاھۇنى
كۆرۈپتۇ.

— ھېچكىشى بۇ ئاھۇغا ئوق ئاتمىسۇن،—
دەپتۇ مېھرى ئاسار تەلىيىنى سىناپ كۆر-
مەكچى بولۇپ،— ئەگەر ئۇشبۇ ئاھۇنى قولغا
چۈشۈرسەم، ماھى مەنزەرنى تاپقىنىم شۇ؛
ئەگەر ئاھۇنى قولۇمغا چۈشۈرەلمىسەم، مەلىك-
دىن قۇرۇق قالغىنىم...

ئۇ ئاھۇغا قاراپ ئات قويۇپتۇ.
ئاھۇمۇ جېنىنىڭ بارىچە قېچىپتۇ. مېھرى
ئاسار دەرھال ئوق چىقىرىپ، ئاھۇنى يىقى-
تىپ كاللىسىنى كېسىپتۇ. ئۇ بىر بۇلاق بويىغا
يېتىپ كەپتۇ. قارىسا ئۇ يەردە ئۇستىگە جۇل-
جۇل كىيىم كەيگەن بىر دىۋانە ياتقۇدەك.
مېھرى ئاسار ئوت يېقىپ ئاھۇ گۆشىنى كاۋاپ
قىپتۇ. پىشقان كاۋاپنى ئىززەت-ئىكرام
بىلەن دىۋانىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ.

— ئەي ئاشىق،— دەپتۇ ئۇ دىۋانىغا
قاراپ،— مەن كۆپ چارچىدىم. ئىككىمىز
ئۇشبۇ كاۋاپنى يەيلى، ئاندىن ئىجازەت
بەرسىڭىز، بىرئاز ئارام ئالسام!

— تولىمۇ ياخشى بولىدۇ،— دەپتۇ
دەرۋىش خۇشال بولۇپ،— مەن سىزنى
ساقلاپ ئولتۇرىمەن. سىز يېتىپ خاتىرجەم
ئارام ئېلىڭ!

ئەلقىسسە، مېھرى ئاسار يېتىپ ئۇخ-
لاپتۇ. ھېلىقى دەرۋىش ئەختەر ئەييار
ئىكەن. ئۇ كاسىسىدىن بىھۇش قىلىدىغان دورىنى
چىقىرىپ مېھرى ئاسارنىڭ بۇرنىغا تۇتۇپتۇ.
مېھر ئاسار ھۇشسىزلىنىپتۇ. ئەختەر ئۇنىڭ
ئۇستىدىكى كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋېلىپ دەرەخ-
كە مەھكەم باغلاپ قويۇپ دەرھال
قېچىپتۇ.

ئەلقىسسە، ئەختەر ئەييار مېھرى ئاسار-
نىڭ كىيىملىرىنى ئۆزى كىيىپتۇ. شۇ ھالدا
كېتىۋاتسا، مېھرى ئاسارنىڭ لەشكەرلىرى
يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار قارىسا مېھرى ئاسارنىڭ
كىيىملىرىنى كىيىۋالغان بىر ئادەم كېلىۋاتقۇ-
دەك، ئۇلار بۇ كىشىنىڭ ئەختەر ئەييار
ئىكەنلىكىنى تونۇپ، دەرھال تۇتۇپ باغلى-
ۋاپتۇ ۋە كالتەك بىلەن ئۇرۇپ
سوراپتۇ:

— تېز ئېيت، بۇ كىيىمنىڭ ئىگىسىنى
نېمە قىلدىڭ؟ ئۆلتۈردۈڭمۇ، يە مېيىپ
قىلدىڭمۇ؟

تاياق تېگىۋەرگەندىن كېيىن ئاخىر
ئەختەر ئەييار ئىقرار قىلىشقا مەجبۇر
بولۇپتۇ.

— مېنى ئۇرماڭلار،— دەپتۇ ئۇ يالۇۋۇ-
رۇپ،— مەن ئۇنى سىلەرگە كۆرسىتىپ
قوياي.

لەشكەرلەر ئۇرۇشتىن توختاپتۇ. ئەختەر
ئەييار ئۇلارنى مېھرى ئاسار باغلاقلىق
يەرگە باشلاپ بېرىپتۇ. لەشكەرلەر مېھرى
ئاسارنى باغلاقتىن يېشىپ ھۇشىغا كەلتۈرۈپتۇ.
ھۇشىغا كەلگەن مېھرى ئاسار ئەھۋالنى
چۈشىنىپ، ئەختەرنى باغلىغانچە ھەلەپ
شەھەرگە قاراپ راۋان بولۇپتۇ.

ئەلقىسسە، شۇ كۈنى ماھى مەنزەر شى-
كارغا چىققان ئىكەن، ئەسكەرلىرى بىلەن
شىكار قىلىپ يۈرسە، يىراقتىن كېلىۋاتقان
ئادەملەر كۆرۈنۈپتۇ. ماھى مەنزەر بىر
خادىمغە: ئۇ كېلىۋاتقانلار كىم، بېرىپ خەۋەر
ئالغىن، دەپ بۇيرۇپتۇ. ئۇ خادىم تېزدىن
ئېتىغا مىنىپ كېلىۋاتقانلار ئالدىغا كېلىپ،
مېھرى ئاساردىن سوراپتۇ:

— سىلەركىم؟ قايان بارىسىلەر؟

مېھرى ئاسار جاۋاپ بېرىپتۇ:

— بىز يوقاتقان بىر دوستىمىزنى

www.uyghurkitap.com



ئىزلەپ ئۇزاق يەردىن كېلىۋاتىمىز.
خادىم ئارقىسىغا قايتىپ بېرىپ ئەھۋالـ
نى ماھى مەنزەرگە يەتكۈزۈپتۇ. ماھى مەنزەر
دەرھال بۇيرۇق قىپتۇ:

— بېرىپ ئۇلارنى تۇتۇپ تېزدىن
ئېلىپ كېلىڭلار!

شۇنداق دەپلا ئۆزى شەھەرگە قاراپ
راۋان بولۇپتۇ. شات-خۇراملىق بىلەن تەختـ
تە قارار تېپىپتۇ. ئەسكەرلىرى مېھرى ئاسارنى
ئېلىپ كەپتۇ. ماھى مەنزەر ئۇلاردىن
سوراپتۇ:

— سىلەر كىم، قەيەردىن كەلدىڭلار؟
قەيەرگە بارسىلەر؟

مېھرى ئاسار ھەممە ۋاقىئەنى بىر-
بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا ئەييارنى كەلتۈرۈڭلار، —
دەپتۇ مەلىكە. ئاندىن ئەييارنى كەلتۈرۈپـ
تۇ. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت مېھرى
ئاسار ئالدىدا ئۆزىنىڭ پاكلىقىنى ئىسپاتلاش
ئىكەن.

ئەختەر ئەييار ھازىر قىلىنىپتۇ. ماھى
مەنزەر ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ئەي ئەختەر ئەييار، خۇدا ھەققى
بولغان ۋاقىئەلەرنى راستى بىلەن ئالدىمدا
بايان قىلغىن. ئەگەر يالغاننى ئارىلاشتۇرماي
راس سۆزلىسەڭ، سېنى ئازات قىلىمەن.
ئەگەر بىر زەررە يالغاننى قوشساڭ كاللاڭنى
تېنىڭدىن جۇدا قىلىمەن.

— بولىدۇ، — دەپتۇ ئەختەر ئەييار، —
بېشىمدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتەمنى راستى
بىلەن تولۇق سۆزلەپ بېرىمەن.

ئەختەر ئەييار بارلىق ۋاقىئەنى ھەممە
خالايىق ئالدىدا تەپسىلى بايان قىپتۇ. ئانـ
دىن كېيىن ماھى مەنزەر خالايىققا قاراپ
دەپتۇ:

— ئەي خالايىق بىلىڭلار ۋە ئاگاھ
بولۇڭلاركى، ئەشۇ قەسرى رۇمنىڭ قىزى
ماھى مەنزەر — مەندۇرمەن، بۇ يىگىت تەبرىز
پادىشاسىنىڭ ئوغلىدۇر، مېنى ئاتام نىكالاپ
ئۇشبۇ يىگىتكە بەرگەن ئىدى، نىكا كېچىسى
بۇ ئەييار مېنى ئوغرىلاپ قاچقان. خۇداغا
شۈكرى، ئاللانىڭ مەرھەمىتى بىلەن سالامەت
تەخت ۋە دۆلەتكە ئىگە بولدۇم. بۇ ئەييار
يەنە رەسۋا بولدى.

مەلىكە جاللاتلارغا قاراپ بۇيرۇپتۇ:

— بۇ ئەييارنى ئېلىپ چىقىپ دارغا
ئېسىڭلار! خالايىققا ئىبرەت بولسۇن!

## ئىككىنچى كۈنى شىرزاتنىڭ ئەتارۇر دىگەن ئالى مەنزەرگە چىقىپ ئۆلتۈرغىنىنىڭ بايانى

ئەلقىسسە، ئۇلار پاراغەتتە بولۇپتۇ.
يەنە سۆز گۈلشاتنىڭ ئاتىسىدىن ئېچىلىپتۇ.

— ئەي مەلىكە، — دەپتۇ شىرزات
سۆز باشلاپ، — ئاتاڭنى ئۆلتۈرمەن، چۈنكى
ئۇ ئانامنى ناھەق ئۆلتۈردى.

— ئەي مېنىڭ سۆيۈملۈك مېھرىبان
پادىشاھىم، — دەپتۇ گۈلشات يىگىتنىڭ غەزە
ۋىگە تەسەللى بېرىپ، — قازاغا چارە يوق.
تەقدىرى ئەزەلدە شۇنداق پۈتۈلگەن ئىكەن.
ئىجازەت بەرسىڭىز مەن يەنە بىر ھېكايە
سۆزلەپ بەرسەم.

— قېنى ئەمىسە سۆزلەڭ، — دەپتۇ
يىگىت مەلىكىنىڭ گېپىگە قىزىقىپ، سۆزلە-
سىڭىز كېچە-كۈندۈز زېرىكمەي ئاڭلاشقا
تەييارمەن.

— رىۋايەتچىلەر شۇنداق ھېكايە قىلـ

لىشدۇ،— دەپ ھىكايىنى باشلاپتۇ مەلىكە يە-
گىتكە قاراپ، — بەلىخ شەھىرىدە ئەپزەل
دىگەن مەشھۇر بىر رەممال بار ئىكەن. ئۇ
رەممالىلقتا ئىنتايىن كامىل ئىكەن، ھەمىشە
بەلىخ پادىشاسىنىڭ ئالدىدا بولىدىكەن.

پادىشانىڭ بىر ساھىپجامال قىزى
بار ئىكەن. ئىتى مەلىكە مېھراندۇز ئىكەن.
كۆنلەرنىڭ بىرىدە مەلىكە مېھراندۇز ئەپزەل
رەممالنى ئۆيىگە چاقىرتىپتۇ. ئەپزەل رەممال
مەلىكىنىڭ ھەرىمىگە كەپتۇ. مەلىكىنىڭ قولىدا
ئالتۇندىن ياسالغان بىردانە ئالما بار ئىكەن.

— ئەي ئەپزەل رەممال، — دەپ
سوراپتۇ، — مېنىڭ قولۇمدىكى نىمە؟

بۇ سوئالنى مەلىكە جىلۋە بىلەن خۇش
تەبەسسۇم ئىلكىدە ئېيتقان ئىكەن، مەلىكە-
نىڭ كىرپىكلىرىدىن ئۇچقان ئىشق ئوتى
ئەپزەل رەممالنىڭ قەلب ساندۇغىدىن جاي
ئاپتۇ. ئۇ مەلىكىگە ئاشىق شەيدا بولۇپتۇ.

— ئەي مەلىكە بەرنا، — دەپتۇ ئەپزەل
رەممال خوشاللىقتىن تىترىگەن ھالدا، —
قولىڭىزدىكى ئالتۇن ئالما.

مەلىكە خوشال بولۇپ قولىدىكى ئالتۇن
ئالمىنى ئەپزەل رەممالغا تەقدىم قىپتۇ ۋە
دەپتۇ:

— ئەي ئەپزەل رەممال، ماڭا رەممال-
لىق ئىلمى ھەققىدە تەلىم بەرگىن!

— ئەي مەلىكە، — دەپتۇ ئەپزەل رەم-
مال قۇللۇق قىلىپ، — سىزگە رەممالىلق ئىل-
مىنى بىجانىدىل ئۆگىتىمەن. ئەمما سىز بۇ
ئىلمىنى ئۆگىنىشنى خالىمايسىز.

— خالايمەن، — دەپتۇ مەلىكە چۆشەن-
دۈرۈپ، — مەن راستىنلا رەممالىلق ئىلمىنى
ئۆگىنىشكە بەل باغلىدىم.

بۇ سۆز ئەپزەلنى ئىنتايىن خۇرسەن
قىپتۇ. ئۇ رەممالىلق ئىلمىگە ئائىت بارچە ھۆ-
نەرلەرنى ئۆگىتىپتۇ. ئالتە ئايدا مەلىكە
رەممالىلق ئىلمىگە ئادىل بولۇپتۇ. ئاندىن كېيىن
ئەپزەلگە قايتىشقا رۇخسەت بېرىپتۇ. ئەپزەل
رەممال ھىجران ئازاۋىدا ئۆرتىنىپ، قانچە
قايغۇرسىمۇ مەلىكىنىڭ ۋەسلىگە يېتىشەلمەپتۇ.
ئاخىرى تاقىتى-تاق بولۇپ يۈرەك سىرىنى
ئاشكارە قىلىپ، خۇددى ساراڭدەك كوچا،
بازارلاردا يۈرىدىغان بوپتۇ. پادىشا ئۇنى
تۇتتۇرۇپ ئەۋۋەل زىندانغا ساپتۇ.

ئەپزەل رەممالنىڭ بىر ئوغلى بار
ئىكەن، پادىشا كېيىن ئەپزەل رەممالنى شۇ
ئوغلىغا تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ ۋە ئۇنى ئەركىن
قويىۋەتمەسلىكنى تاپىلاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن
ئوغلى بىر قانچە مۇددەت ئاتىسىنى تەر-
بىيىلەپ پەرۋىش قىپتۇ.

— ئەي ئوغلۇم، — دەپتۇ ئاتا ئەسلىگە
كېلىپ، — پەرزەنتلىكنى ئادا قىلغايسەن.
مېنىڭ بېشىمغا ئىشق سەۋداسى چۈشكەن.
بىر ئىلاج قىلىپ مەشۇغۇمىنىڭ ۋەسلىگە
ئېرىشمىسەم پىراق ئوتىدا ھالاك بولغايمەن.
مەن سېھىر بىلەن ئۆزەمنى بىر تۇتى سۈرى-
تىگە ئۆزگەرتەي، سەن ئاتام ئۆلدى، —
دەپ ئېلان قىلغىن. تاۋۇتقا مېنى سېلىپ،
نامىزىمنى چۈشەرتىپ گۆرۈستانغا ئېلىپ
بېرىپ كۆمگەن بولغىن. سۆز-ھەركەتلىرىڭ
خالايىق ئىشەنگۈدەك بولسۇن. ئاندىن
كېيىن مېنى تۇتىلىق ھالىتىمدە پادىشاغا
ئېلىپ بېرىپ ھەدىيە قىلغىن ۋە «ئۇشبۇ
تۇتىغا رەمىتلىك ئاتام رەممالىلقنى ئۆگەتكەن،
شۇڭا بۇ تۇتى ناھايىتى دانادۇر» دىگىن،
پادىشا ساڭا كۆپ ئىنئاملار بېرىشى مۇمكىن.

ئەپزەل رەممال سۆزىنى تاماملاپ
تۇتىلىق ھالىتىگە ئۆزگىرىپتۇ. ئوغۇل ئاتىسى-
نىڭ ئېيتقانلىرىنى بىجا كەلتۈرۈپتۇ. تۇتىنى
پادىشانىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. تەرىپ-

تەۋسىنى قىلىپ ماختاپتۇ. رەم ئىلمىنى مۇكەممەل بىلىدىغانلىقىنى ئىزھار قىپتۇ. پادىشانىڭ قولىدا بىر گۆھەر بار ئىكەن، ئۇنى پىنھان تۇتۇپ تۇتىدىن سوراپتۇ:

— مېنىڭ قولۇمدا نىمە بار؟

تۇتى دەرھال جاۋاپ بېرىپ:

— قولىڭىزدا گۆھەر بار، — دەپتۇ.

بۇھالنى كۆرگەن پادىشا خوشال بولۇپ، رەممالنىڭ ئوغلىغا كۆپ ئىنئام بېرىپتۇ. شاتلىق سەۋەبىنى قىزىغىمۇ مەلۇم قىپتۇ. قىز كىرىپ تۇتىنى كۆرۈپ بىسيار خوشاللىنىپ ھاياجانغا چۆمۈپتۇ. ئۇ تۇتىدىن ھەر خىل سوئاللارنى سوراپتۇ. تۇتى جاۋاپ بېرىپتۇ. مەلىكە ئالتۇن قەپەز قىلدۇرۇپ تۇتىنى قەپەزگە سېلىپ ئېسىپ قويۇپتۇ. ھەر كۈنى مەلىكە ئۇنىڭدىن سوئال سوراپ، جاۋابىنى ئاڭلاپ دىلھوزۇرى قىلىدىكەن. خوشال بولۇپ، تۇتىغا تۈرلۈك - تۈرلۈك لەززەتلىك نازۇ - نېمەتلەرنى بېرىدىكەن.

ئەپزەل رەممال بولسا قەپەز ئىچىدە تۇتى ھالىتىدە تۇرۇپ مەشۇغىنىڭ ھۆسنى-جامالىغا قانماي قاراپ ھوزۇرلىنىدىكەن. كېچىلىرى مەلىكە شاراپ ئىچىپ مەس بولۇپ تۇتىنى گەپكە سېلىپ خۇرسەن بولىدىكەن، بىر كۈنى ئۇ شاراپنى كۆپ ئىچىپ بىھۇش بولۇپ يېتىپ قاپتۇ.بۇ ھالنى كۆرۈپ تۇرغان تۇتى قەپەزدىن چىقىپ بىر ئەپسۇن ئوقۇپ، ئەسلىگە كېلىپ مەلىكىنىڭ يوتقىنىغا كىرىپتۇ. كېيىن يەنە تۇتىغا ئۆزگىرىپ قەپەزگە كىرىپ تۇرۇپتۇ. بىر چاغدا مەلىكە ئويغىنىپ قارىسا، ئۆزى باشقا ھالەتتە تۇرغىدەك. مەلىكە نىمە بولغانلىقىنى بىلەلمەي ھەيران بولۇپتۇ. «بۇ يەرگە دىۋە پەرى كەلگەن ئوخشايدۇ» دەپ گۇمانلىنىپ قاتتىق ئەنسىرەپتۇ، ھىچ-نىمىگە ئەقلى يەتمەپتۇ. بۇ ئەھۋالنى ئىنىك ئانىسىغا ئىزھار قىپتۇ.

— ئەي مەلىكە، — دەپتۇ ئىنىك ئانا قات-تىق جىكىلەپ، — بۇ سىرنى ھىچكىشىگە بايان قىلمىغايسىز. باشقىلار ئاڭلىسا شەنىڭىزگە ياخشى بولماس.

— ئەي تۇتى، — دەپتۇ مەلىكە قەپەزگە قاراپ، — سەن رەم سالغىنا، ماڭا نىمە ھادىسە يۈزلەندى؟

— ئەي مەلىكە، — دەپتۇ تۇتى رەم كۆرۈپ، — سىزگە دىۋە زىيان سالپتۇ.

— نىمىشقا زىيان سالپتۇ؟

— ئۇ سىزگە ئاشىق ئىكەن.

— ئاشىق ئىكەن؟ — ھەيران بولۇپ سوراپتۇ مەلىكە.

— شۇنداق، — دەپتۇ تۇتى، — ئۇ سىز-گە چىن دىلىدىن ئاشىق ئىكەن. بۇ كېچە سىز مەس ھالەتتە ئۇخلاۋاتقاندا كېلىپ يوتقىنىڭىزغا كىرىپ خالىغىنىنى قىپتۇ.

تۇتى راس - يالغاننى ئارىلاشتۇرۇپ، قاملاشتۇرۇپ سۆزلەپتۇ. مەلىكىنىڭ كۆڭلىگە تەسەللىمۇ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپتۇ. بىر كېچىسى مەلىكە تېخى ئۇخلىمىغان ھالدا ياتسا قەپەزدىن بىر ياش يىگىت چىقىپ كەپتۇ. بۇ مەلىكىنىڭ قېشىغا كېلىپ يوتقانغا كىرمەكچى بولۇپتۇ. مەلىكە قورققىنىدىن ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ياقىسىدىن قاماپ مەھكەم تۇتۇپتۇ.

— ئەي يىگىت، — دەپ سوراپتۇ مەلى-كە تىترەپ تۇرۇپ، — يەككە - يىگانە خۇدا-نىڭ ھەققىدە ئېيتقىنكى سەن زادى. كىم-ەن؟ دىۋىمۇ يە پەرىمۇ؟

— ئەي مەلىكە، — دەپتۇ يىگىت جاۋاپ بېرىپ، — يامان يەردىن تۇتىڭىز. ئۇلۇق سۆزنى شەپى كەلتۈردىڭىز، ئەمدى راستىن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

باشقىغا ئامال يوق. ئەي نىگار، راستىنى
ئېيتسام مەن تۇتى ئەمەس، رەممالدۇرمەن.
سىزنىڭ ئىشقىڭىزدا ئۆزەمنى تۇتى قىلىپ
قەپەزگە كىرىپ ھۆسنى ـ جامالىڭىزدىن ھوزۇر
ئالدىم. ۋاقتنى كەلتۈرۈپ يىگىت سۈرىتىدە
بولۇپ ۋەسلىڭىزدىن بەھرى ئالدىم. كۆپ
ۋاقىتلاردىن بېرى ھىجرىڭىزدا كۆيۈپ بىقارار
ئىدىم، ئۇشبۇ تەدبىر بىلەن يول تاپتىم.

رەممال كۆپ سۆزلەپ مەلىكىنى ئۆزىگە
قىزىقتۇرۇپتۇ. بىر ئەپسۇن ئوقۇپ ئۆزىنى
گۈزەل يىگىت قىياپىتىگە كىرگۈزۈپتۇ. ئاز ـ
دىن مەلىكىنىڭ كۆزىگە ياخشى كۆرۈنۈپتۇ.
مەلىكە ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپتۇ. رەممال مە ـ
لىكىنىڭ چىن كۆڭلىدىن ئاشىق بولغىنىنى
سېزىپ، ئۇنى دەرھال قۇچاقلاپ باغرىغا چىڭ
بېسىپتۇ. ئۇلار ئاشىق ـ مەشۇقلاردەك بىر ـ
بىرىگە قانماي ئەيشى ـ ئىشرەت بىلەن كې ـ
چىنى ئۆتكۈزۈپتۇ. سۇبھى يورۇپ خوراز
چىللىغاندا يىگىت يەنە تۇتىغا ئۆزگىرىپ
قەپەزگە كىرىپتۇ. نەچچە كۈنلەر شۇ تەرىقىدە
ئەيشى ـ ئىشرەت بىلەن ئۆتتۈپتۇ.

ئەلقىسسە، مەرۋى شەھرىنىڭ پادىشاسى
مەلىكە مېھرى ئەندۇزنىڭ جامالىنىڭ تەرىپىنى
غايىبانە ئاڭلاپ ئىشقىۋاز بولۇپ بىر ۋە ـ
زىرنى پېشكەشلەر بىلەن ئەلچىلىككە ئەۋە ـ
تىپتۇ. ۋەزىر كېلىپ مەلىكىنىڭ ئاتىسىنىڭ
ئالدىغا كىرىپ مەرۋى شاھىنىڭ خېتى بىلەن
سوغا ـ ھەدىيەلىرىنى تاپشۇرۇپتۇ. پادىشا
خەتنى ئوقۇپ ماقۇللۇق بىلدۈرۈپتۇ ۋە بۇ
خەۋەرنى قىزى مېھرى ئەندۇزگە يەتكۈزۈپتۇ.
مەلىكە بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، يۈرىگى سىقىلىپ
تۇتىغا ئىزھار قىپتۇ.

— ئەي مەلىكە، — دەپتۇ تۇتى يول
كۆرسىتىپ، — غەم يىمەڭ. ھىچ گەپ يوق،
ئەگەردە ئاتىڭىز سىزنى مەرۋى شاھىغا بەر ـ
سە مېنى قولىڭىزدىن چىقارماڭ. بىللە ھەمرا
قىلىۋېلىڭ. مەن ئۇنىڭ ئەرلىگىنى تامام بەندە
قىلىمەن. يەنە ئىككىمىز ئىلگىرىكىدەك
ئەيشى ـ ئىشرەت قىلىمىز، ھىچ كىشى
سەزمەيدۇ.

مەلىكە تۇتىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ
شات ـ خورام بولۇپتۇ. كۆڭلى خاتىرجەمە ـ
لىنىپتۇ.

پادىشا توي جابدۇغىنى پۈتتۈرۈپ،
توي قىلىپ، مەلىكىنى مەرۋىگە سېلىپ يول ـ
غا سالماقچى بولۇپتۇ. مەلىكىمۇ ئىلاجىسىز
ماقۇل بولۇپتۇ. لېكىن تۇتىنى بىللە
ئېلىۋالدىغانلىغىنى ئېيتىپتۇ. قىزىنىڭ تە ـ
لىۋىگە پادىشامۇ قوشۇلۇپتۇ. مەرۋىنى ئاراس ـ
تە ئەيلەپ، قىرىق تۆگىگە مال يۈكلەپ
تۆت يۈز كېنىزەك ۋە ئىككى يۈز غۇلام ۋە ئىككى
يۈز ئاتنى جابدۇپ ياساپ بىر نەچچە سازەندە
خوتۇنلار بىلەن يولغا سېپتۇ. ئۇلار نەچ ـ
چە كۈنلەر يول يۈرۈپ مەرۋى شەھرىگە
يېقىنلاپ كەپتۇ.

مەرۋى شاھىمۇ كۆپ تەييارلىق
قىپتۇ. ۋەزىر ئاكابىرلار كەلگەنلەرنىڭ
ئالدىغا چىقىپتۇ. پاياندازلار سېلىنىپتۇ.
ئىززەت ـ ئىكراملار بىلەن مەلىكە مېھرى ئەن ـ
دۇزنى شەھەرگە ئېلىپ كىرىپتۇ. ئۇ كۈنى
توي ـ تاماشا قىلىپ نىكا قىپتۇ. بۇ مەرۋى
شاھىنىڭ ئېتى پەررۇخرۇز ئىكەن. پەررۇخرۇز
ئىنتايىن خوشال بولۇپ تەييارلانغان
ئۆيىگە كىرىپتۇ. تۇتى ئاللىقاچان
ئۇنىڭ ئەرلىگىنى بەنت قىلىپ بولغان
ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مەقسىدىنى ھاسىل
قىلالماي كۆپتىن ـ كۆپ مالال بولۇپتۇ.
كۆڭلى پەرىشان بولغان شاھ قانداق قىلىشى ـ
نى بىلمەي خىجىل بولۇپ ئىنىك ئانىسى ـ
نىڭ قېشىغا كىرىپتۇ ۋە ئەھۋالنى بايان قىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئەي ئوغلۇم، — دەپتۇ ئۇنىڭ
ئانا پادىشاغا تەسەللى بېرىپ، — بەزىدە
شۇنداق ئىشلار بولىدۇ، سەۋرى قىلىڭ.
ئاللا ئۆز كەرىمى بىلەن ئىستىلگەن يو-
لىنى ئېچىۋەتسە ئەجەپ ئەمەس، غەمەلەر-
دىن خالاس بولغايسىز.

پادىشا پەررۇخرۇز ئىنىڭ ئانىسىنىڭ
نەسىھەتىنى ئاڭلاپ كۆڭلى خاتىرجەم
بولۇپتۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئىنىڭ ئانىسى ئوغ-
لىنىڭ كېسىلىگە شىپا تېپىش ئۈچۈن
داۋا ئىلاجىنى ئىزلەشكە كىرىشىپتۇ. پىش-
قەدەملەردىن مەسلىھەت سوراپتۇ.

بىر كۈنى قېرى بىر مەزلۇم شۇنداق
دەپتۇ:

— پالان يەردە بىر جادىگەر خوتۇن
بار، ئۇ خوتۇن بۇ رەنجىنىڭ ئىلاجىنى
قىلالايدۇ، بۇ جەھەتتە ئۇنىڭ تەڭدىشى
يوق.

بۇ خەۋەرنى پادىشا ئاڭلاپ خۇرسەن
بولۇپ بىر غۇلامىنى ئەشۇ جادىگەرنى
ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. غۇلام دەرھال
بېرىپ جادىگەرنى ئېلىپ كەپتۇ. پەررۇخرۇز
ئۆز ئەھۋالىنى ئۇ ئايالغا باشتىن-ئاياق
ئىزهار قىپتۇ...

ئەي پادىشاھى ئالەم، — دەپتۇ جا-
دىگەر، — مېنى ئاشۇ ھەرىمىڭىزنىڭ ئالدىغا
ئېلىپ كىرىڭ، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ
ئەھۋالىنى بىلەي، ئاندىن كېيىن سىزگە
ئىلاج قىلىمەن.

پەررۇخروز ئۇ خوتۇننى مەلىكىنىڭ
قېشىغا ئېلىپ كىرىپتۇ. جادىگەر خوتۇن
مەلىكىنىڭ ئالدىغا كىرگەن زامان تۇتىغا
كۆزى چۈشۈپ، ئۇنىڭ جادىگەر ئىكەنلىكىنى
بىلىپتۇ.

— ئەي پادىشا، — دەپتۇ ئۇ پەررۇخ-
روزغا قاراپ، — مەلىكىگە ئېيتىڭ، تۇتىنى
ئالسۇن، رەم سالدۇرىمىز.

پادىشا مەلىكىگە دەپتۇ:

— ئەي مەلىكە تۇتىنى ماڭا ئېلىپ
بېرىڭ، مەن ئۇنىڭغا رەم سالدۇرىمەن.

مېھرى ئەندۇز تۇتىنى قەپەزدىن چىقى-
رىپتۇ، تۇتى پادىشانىڭ ئالدىغا كېلىپ
تۇرۇپتۇ. پەررۇخروز تۇتىدىن بىر نەچچە
سوئاللارنى سوراپتۇ. شۇ چاغدا ئۇ يەرگە بىر
مۈشۈك كىرىپ كەپتۇ. تۇتى دەرھال ساراس-
مىگە چۈشۈپ ئۇنى تونۇپتۇ. ئەسلىدە ئۇ مۈشۈك
ئەمەس، ھېلقى جادىگەر ئايال ئىكەن. تۇتى
دەرھال بىر ئەپسۇن ئوقۇپ ئىتقا ئايلىنىپتۇ.
بۇ ھالنى كۆرگەن مۈشۈك يولۋاس بولۇپتۇ.
ئىتمۇ ئۆزىنى يولۋاس قىپتۇ. جادىگەر خوتۇن
دەرھال كاتتا ئەجدىھار بولۇپتۇ. يولۋاسنى
دەم تارتىپتۇ. قاتتىق دەم تارتىپ يولۋاسنىڭ
ئۇستىخانلىرىنى كۇكۇم-تالقان قىلىۋېتىپتۇ.
يولۋاس ئۆلۈپتۇ. جادىگەر خوتۇن يەنە مۈ-
شۈك سۈرىتىگە كىرىپ بۇيرۇپتۇ:

— بۇ بەدبەختنىڭ جەسىدىنى ئوتتا
كۆيدۈرۈڭلار!

ئوت يېقىلىپ، يولۋاسنىڭ جەسىدى
كۆيدۈرۈلۈپتۇ. ئاندىن پەررۇخروزنىڭ نەپسى
تەقەززا بولۇپ مەلىكىگە دەپتۇ:

— ئەمدى بۇ كېچە سېنى رازى قىل-
مەن، تەييارلانغىن!

مېھرى ئەندۇز پادىشادىن بۇ سۆزنى
ئاڭلاپ ئويلاپ قاپتۇ. مەلىكىنىڭ بىر قىز كې-
نىزىكى بار ئىكەن. ئۇنى چاقىرتىپ
كىرىپتۇ.

— ئەي كېنىزىگىم، — دەپتۇ ئۇ نىيىتىنى
ئاشكارىلاپ، — ساڭا بىر سىرىم بار ئىدى
ئېيتىمەن. ئەگەر دېگىنىمنى بىجا كەلتۈرسەڭ

سىنى ئازات قىلىمەن.

— ئەي مەلىكە دەۋران، — دەپتۇ كېنىزەك، — ھەر قانداق ئەمىرلىرى بولسا ئىجرا قىلىشقا تەييارمەن. قېنى بۇيرۇسۇنلەر!

— ئەي كېنىزىگىم، — دەپتۇ مەلىكە تازىم قىلىپ تۇرغان قىزغا قاراپ، — مەن بۇ كېچە پادىشا بىلەن ئەيشى - ئىشرەت قىلىپ، ئۇنىڭغا شاراپنى كۆپ ئىچۈرۈپ مەس - بىھۇش قىلىمەن. ياتىدىغان ۋاقتىدا چىراقنى ئۆچۈرۈپ سېنى ئۆز ئورنۇمدا پەررۇخرۇزنىڭ قوينىغا كىرگۈزىمەن. سەندىن ئۇ مەقسىدىنى ھاسىل قىلغاندىن كېيىن مەن سېنىڭ ئورنىڭغا كىرىمەن، سەن ئاستا يېنىپ چىقىسەن. قانداق بولامدۇ؟

— خوپ، — دەپتۇ كېنىزەك تازىم بىلەن، — خاتىرجەم بولسىلا، ھەرگىزمۇ چاندۇرمايمەن.

مەلىكە كېنىزىگىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ شات - خورام بولۇپتۇ. كۆڭلى خاتىرجەم بولۇپتۇ. كۈن پېتىپ كەچ بولۇپتۇ. پەررۇخرۇز مەلىكىنىڭ خانىسىغا كىرىپتۇ. بىر نەچچە سازەندە كېنىزەكلەرنى چاقىرىپ بەزمە قىلىپتۇ. مېھرى ئەندۇز پادىشاغا خۇش تەبەسسۇم ئىلكىدە ناز كىرەشمە بىلەن ئارقىمۇ - ئارقا شاراپ تۇتۇۋېرىپتۇ. پادىشا بىھۇش بولۇپ يىقىلىپتۇ.

مەلىكە باشقىلارنى دەرھال تاشقىرىغا چىقىرىۋېتىپتۇ. پەقەت ھېلىقى قىز كېنىزىگىنى ئېلىپ قاپتۇ. چىراقنى ئۆچۈرۈپ پادىشانىڭ قويىنىغا ئۇنى كىرگۈزۈپتۇ. پەررۇخروز مەستلىكتە كېنىزەكنى مەلىكە ھېس قىلىپ مەقسىدىنى ھاسىل قىپتۇ. پادىشا ئۇخلاپ قالغان پۇرسەتتە مەلىكە كېنىزەكنى چىقىرىۋېتىپ ئۇنىڭ ئورنىغا كىرىپ پادىشانىڭ يېنىدا يېتىپتۇ. پادىشا بۇ ئىشنى قىلچىلىكمۇ سەزمەپتۇ.

ئەتىسى مەلىكە ھېلىقى كېنىزەكنى ئازات قىپتۇ. ئۇنىڭغا كۆپ مال ئىنئام قىپتۇ.

بېيىت:

ئۆمۈرلەر ئۆتۈپتۇ شۇنداق،
بۇنىڭغا ئامال بار قانداق.
ھەر ئىككىسى ئۆز ۋەسلىدىن،
يەپتۇ مېۋە ئەسلىدىن.
بالىلاركى ئى غاپىللار،
مىكىرلىكتۇر كۆپ ئاياللار.
ئاگاھ بولغىن ھەر بىر ئىشتا،
مەيلى يازدا، مەيلى قىشتا.

## شىرزاتنىڭ مەنزەر ئاتۇرۇتقا چىقىپ ئولتۇرغىنىنىڭ بايانى

ئەلقىسسە، ئۈچىنچى كۈنى شىرزات بىلەن گۈلشات مەنزەر ئاتۇرۇتقا چىقىپ ئەيشۇ نىشاتقا مەشغۇل بولۇپتۇ. چاك ۋە راۋابنى ناۋازىشقا كىرگۈزۈپتۇ. لەئەلدەك شاراپلارنى زۇمرەت شىشىلەرگە، ئالتۇن پىيالىلارغا قۇيۇپ ئايلاندۇرۇپتۇ. شىرزات شاراپ كەيپىدىن مەسخۇش بولۇپتۇ. پەررۇخزادىنىڭ قىلغانلىرى يادىغا چۈشۈپتۇ، غەزىۋى قايناپ جاللاتلارغا بۇيرۇپتۇ:

—پەررۇخزادىنى ئېلىپ كېلىپ مەنزەردىن تاشلاپ پاچاقلاڭلار!

— ئەي شىرزات،— دەپتۇ گۈلشات تەسەللى بېرىپ،— مېنىڭ يۈزۈمنى قىلغايسەن. ئاچچىق كەلسە ئەقىل قاچىدىغانلىقىنى بىلسەن. ھەر قاچان سەۋرى كىشىنى كېيىنكى پۇشايماندىن ساقلايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

—ئەي مەلىكە،— دەپتۇ شىرزات گۇلشاتقا قاراپ،— سېنىڭ يۈز خاتىرەڭنى قىلىپ قاچانغىچە ئاتاڭدىن ئىنتىقام ئالمايمەن؟ ئەمدى تاقىتىم قالمىدى، ئۇنى ئەلۋەتتە ئۆلتۈرىمەن.

—ئەي پادىشاھىم،— دەپتۇ گۇلشات تەمكىنلىك بىلەن سۆزلەپ،— بۇ مەنزىر ئاتارۇت ئەيشىنىڭ جايىدۇر، خۇنرىزلىقنىڭ جايى ئەمەس. ماڭا رۇخسەت قىلساڭ شۇ توغرىلىق بىر ھېكايە يادىمغا چۈشتى، سۆزلەپ بەرسەم!

—ئەي مەلىكە،— دەپتۇ شىرزات دەرھال جاۋاپ بېرىپ،— ھېكايەڭ بولسا ئېيت، ئاڭلاشقا تەييارمەن!

شىرزاتنىڭ ئىجازىتىنى ئالغان گۇلشات ھېكايىسىنى باشلاپتۇ:

رىۋايەتچىلەر ھېكايە قىلىشىپ شۇنداق دەيدۇ: كەرمان شەھرىدە بىر قىز بار ئىكەن، ئېتى ناھىد جەنگى ئىكەن. چاڭ، راۋاپ ۋە تەمبۇرنى ناھايىتى ياخشى چالدىكەن، ساز ئىلمىنىڭ بابىدا تەڭدىشى يوق ئىكەن، خۇش ئاۋاز، خۇش ناۋا ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنتايىن ساھىپجامال ئىكەن. بۇ قىزنىڭ ئىككى نەپەر كېنىزىكى بار ئىكەن. بىرىنىڭ ئېتى زۆھرە يەنە بىرىنىڭ ئېتى مۇشتىرى ئىكەن. زۆھرە، تەمبۇر، مۇشتىرى چاڭ چالىدىكەن. ئىككىسىنىڭ بۇ باپتا تېڭى يوق ئىكەن. ناھىدنىڭ كىيىملىرى نەپىس ئىكەن. دائىم چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىپ ئۆزىنى ياساپ يۈرۈدىكەن، ناھىدنىڭ بىر خانىسى بولۇپ، ئۇ يەرنىڭمۇ ئالەمدە تەڭدىشى يوق ئىكەن.

ھەرقايسى شەھەرلەردىن ناھىدنىڭ شۆھرىتىنى ئاڭلاپ تاماشاغا يىگىتلەر كېلىدىكەن، لېكىن ھېچكىمگە ئۇنىڭ ۋەسلىدىن پايدا يوق ئىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ كېنىزەكلىرى بىلەن باغدا ساز چېلىپ ناخشا ئوقۇپ بەزمە قىلىپ ئولتۇرغاندا، بىر بۇلبۇل كېلىپ دەرەخ شاخىغا قونۇپتۇ. ناھىد قايسى ئاھاڭغا چالسا، بۇلبۇلمۇ شۇ ئاھاڭدا سايراپتۇ. شۇ چاغدا ھاۋادىن چوڭ بىر قۇش كېلىپ ناھىدنىڭ چېچىدىن كۆتىرىپ ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ. مەلىكىنىڭ ھەمرالىرى ياقىلىرىنى يىرتىپ ھەيران بولۇپ قاپتۇ. ھېلىقى بۇلبۇل بىلەن چوڭ قۇش پەرىلەردىن ئىكەن.

ناھىدنى پەرىلەر ئۆز مەقامىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. شۇ كۈنى پەرىلەر پادىشاسىنىڭ تويى بولغان ئىكەن. ناھىدنىڭ سازەندە ناخشىچىلىقىنىڭ خەۋىرى پەرىلەرگىمۇ مەلۇم ئىكەن، ئۇنى شۇ تويغا ئېلىپ كەلگەن ئىكەن.

پەرىلەر مىشك ۋە گۇلاپنى ناھىدنىڭ بۇرنىغا تۇتۇپ ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ. ناھىد كۆزىنى ئېچىپ قارىسا ئاجايىپ گۈزەل بىر يەردە تۇرغىدەك. ئۇ ھاياتىدا مۇنداق مەنزىلنى كۆرمىگەن ئىكەن. شۇڭا بەكمۇ ھەيران بولۇپتۇ. پەرىلەر ناھىدنى بۇ ھالدا كۆرۈپ، ئۆزىنى زاھىر قىپتۇ.

—ئەي ناھىد،— دەپتۇ ئۇلار چۈشەندۈرۈپ،— قورقما، بىز پەرىلەردۇرمىز. پادىشاھىمىزنىڭ تويى بار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن سېنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدۇق. توي تۈگىگىچە شۇ يەردە تۇرىسەن، بىزنىڭ بەزمىمىزدە بىللە بولىسەن. توي ئاياقلاشقاندىن كېيىن سېنى يەنە ئۆز ماكانىڭغا سالامەت ئاپىرىپ قويىمىز.

ئەلقىسسە، ناھىد پەرىلەرنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بىرئاز خاتىرجەم بولۇپتۇ. ئاندىن توي بەزمىسى باشلىنىپتۇ.

ناھىد چاقنى ناۋازىشقا كەلتۈرۈپتۇ. ئۇ شۇنداق نەۋا قىپتىكى پەرىلەر ھاياجانلىنىپ قى - چۇ كۆتىرىپ ئەتراپنى لەرزىگە ساپتۇ. ئۇلار خوشال بولۇپ ناھىدكە كۆپ ئالتۇن ھەدىيە قىپتۇ. شۇ ھالەتتە قىرىق كۈن تاماشا قىپتۇ. پەرىلەرنىڭ تويى مەرىكىسى ئاياقلىشىپتۇ.

— ئەي پەرىلەر، — دەپتۇ ناھىد، — ئەمدى تويىمۇ تامام بولدى. مېنىڭ خانە زارلىرىم ۋە ئۇرۇق- تۇققانلىرىم مەندىن بىخەۋەر. ئۇلار- نىڭ ھالىنىڭ قانداق بولغانلىقى ماڭا نامەلۇم. شۇڭا ئېيتقان سۆزۈڭلارغا ئەمەل قىلىپ مېنى ئۆز ماكانىمغا يەتكۈزۈپ قويۇڭلار!

پەرىلەر شاھى ناھىدنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ئىكەن. شۇڭا ناھىدنى ئۆز ھەرەم خانىسىگە ئېلىپ كىرىپتۇ. ئۇ يەردە تۆرت دانە ئالتۇن ھۆققەدىن ياسالغان، دۇر ۋە ياقۇت بىلەن بېزەلگەن بىر ئەسۋاپ بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئىچىدە كەم تېپىلىدىغان قىممەت باھالىق بىر دورا بار ئىكەن. ئۇنى ئەركىشى يېسە ئايال، ئايال كىشى يېسە ئەر بولۇپ قالىدىكەن. يەنە ھەرقاچان ئۆز سۈرىتىدە بولۇشنى خالىسا ئۆز سۈرىتىگە كەلتۈرىدىغان خاسىيىتى بار ئىكەن.

ئەلقىسسە، پەرىلەر شاھى ئەشۇ ھۆققە بىلەن دورىنى ناھىدقا ئىنئام قىپتۇ. ئۇنىڭغا يەنە شاھانە كىيىملەرنى كەيدۈرۈپتۇ. ئاندىن كېيىن ناھىدنى ئېلىپ كەلگەن پەرىگە تاپشۇرۇپتۇ. ئۇلار ناھىدنى ئۆز ماكانىغا ساق - سالامەت ئەپكىلىپ قويۇپتۇ.

ناھىدنىڭ ئۇرۇق - تۇققان، ھەمراھلىرى ئۇنى دەپ ئۆلدى گۇمان قىلىپ ئۈمىتنى ئۈزۈپ ئاللىقاچان ھازا تۇتۇشقان ئىكەن. ئۇلار ناھىدنى كۆرگەندىن كېيىن ھازا تويىغا ئايلىنىپتۇ. ئۇلار ناھىددىن سەرگۈزەشتىنى سوراپتۇ. ناھىد كۆرگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. ھەممەيلەن شات، خورام بولۇپتۇ. يەنە ئەسلى ئادەتلىرى بويىچە ئەيشى - ئىشرەتكە مەشغۇل بولۇپتۇ. ئۇلارنىڭ شۆھرىتى ئالەم خەلقىگە ئاڭلىنىپتۇ.

ئەلقىسسە، ناھىدنىڭ شۆھرىتى ئىسپىھان شەھرىگىمۇ يېتىپ بېرىپتۇ. ئىسپىھان پادىشا- سىنىڭ ئوغلى جەمشىد بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش ۋە باشقا ماللار بىلەن سەپەرگە چىقىپ كەرمان شەھرىگە كېلىپ چۈشۈپتۇ ۋە بىر جاي ئېلىپ شۇ يەردە قارار تېپىپتۇ.

بىر كۈنى شاھزادە جەمشىد بىر نەۋكىرى بىلەن ناھىدنىڭ مەنزىلىگە كەپتۇ. ئىشىكتىن ناھىدنىڭ بىر ھەرىمىگە: بىزنىڭ كەلگەنلىك خەۋىرىمىزنى مەلىكىگە يەتكۈزۈپ قويغىن. ئىجازەت بولسا كىرەي، — دەپتۇ.

ناھىدنىڭ خىزمەتچىسى كىرىپ دەپتۇ:

— ئەي مەلىكە جاھان، ئىشىكتە بىر ساھىبجامال يىگىت تۇرىدۇ. قاشلىرىغا كىرىشكە رۇخسەت سورايدۇ.

— چىقىپ ئېيتقىن كىرسۇن، — دەپتۇ مەلىكە.

— ئىجازەت بولدى مەرھەمەت قىلىڭ، — دەپتۇ خىزمەتچى تاشقىرى چىقىپ جەمشىدكە.

جەمشىد خوشال بولۇپ، ئىچكىرى كىرىپتۇ. ناھىد ئورنىدىن تۇرۇپ يۇقۇرىدىن ئورۇن كۆرسىتىپتۇ. ئاندىن كېيىن مەلىكە جەمشىد ئۈچۈن مەجلىس قۇرۇپتۇ. كېنىزەكلەر ھەر ياقتىن بېيىت، ناخشا بىلەن شاراپ تۇتۇپتۇ. شاھزادە جەمشىد خوش تەبەسسۇم بىلەن مەينى ئىچىۋېرىپتۇ. ئاخىر ئۇ بىھوش بولۇپتۇ. ناھىد چاقنى ناۋازىشقا

كەلتۈرۈپتۇ. شاھزادە جەمشىد ھەيران بولۇپتۇ. چۈنكى ئۇ ئۆز ھاياتىدا مۇنداق نەغمە ـ ناۋانى ئاڭلىمىغان ئىكەن. شۇڭا جان-دىلى بىلەن مەلىكىگە ئاشىق ـ بىقارار بولۇپتۇ. ناھىددىن كۆزىنى ئالماي قاراپتۇ. مەلىكە يېقىملىق ھەركىتى ۋە ناز كىرەشمە بىلەن جەمشىدنى تامامەن ئۆزىگە بەنت قىلىۋاپتۇ. شۇ تەرىقىدە بەزمە قىلىپ ئارىدىن ئۈن كۈن ئۆتۈپتۇ. شاھزادە جەمشىد ھەرقانچە پايلاپمۇ ناھىدنىڭ مەس بولغىنىنى كۆرمەپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە مەلىكە شاراپ كەيپىدىن مەس بولۇپ يىقىلسا، قىزلىقىنى ئېلىپ مۇرادىغا يېتىشنى ئويلىغان ئىكەن.

—ئەي شاھزادە،— دەپتۇ مەلىكە،— سىز بىھۇدە خىياللارغا بېرىلمەڭ، تاكى مېنى نىكالاپ ئەمرىڭىزگە ئالمىسىڭىز مۇرادىڭىزنى ھاسىل قىلالمايسىز. مەن ھەرگىزمۇ ھارامغا يول قويمىغايمەن.

پادىشازادە جەمشىد ھەقىقى ئاشىقى ـ شەيدا بولغان ئىكەن، ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرى پۈتۈشكەندىن كېيىن شەھەرنىڭ كاتتىلىرىنى يىغىپتۇ. توي ـ تاماشا قىلىپ ناھىدنى جەمشىدكە نىكالاپ بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن شاھزادە جەمشىد مەلىكىنىڭ سارىيىغا كىرىپتۇ. ئەمما ناھىد ھىلقى پەرىلەر شاھى بەرگەن ئالتۇن ھۆقـ قەنى ئېچىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى خاسىيەتلىك دورىدىن يەپتۇ. يەنە بۇ دورىدىن جەمشىدكىمۇ ئازراق بېرىپتۇ.

—ئەي شاھزادە جەمشىد،— دەپتۇ مەلىكە،— بۇ دورىنىڭ خاسىيىتى كۆپ، كىشىنىڭ ھۆسنى جامالىنى تېخىمۇ گۈزەل ـ لەشتۈرىدۇ.

ئۇلار دورىنى يەپ، ئۇزاق ئۆتمەي مەلىكە چىرايلىق بىر يىگىتكە ئايلىنىپتۇ. بىچارە شاھ جەمشىد بولسا نازىنىن خوش سۈرەت ۋە ساھىپجامال قىز بولۇپتۇ. ناھىد جەمشىدنىڭ كىيىملىرىنى كىيىپتۇ. ئۆزىنىڭ كىيىملىرىنى جەمشىدكە كىيدۈرۈپتۇ. بۇ كېچە ئۇلار ئەيشى ـ ئىشرەت قىلىپ بىر-بىرىدىن مۇرادىنى ھاسىل قىلىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ناھىد كۈندۈزى شاھزادە جەمشىد ئورنىدا ئۇنىڭ خىزمەتـ چىلىرىنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ. كەچتە ئەيشى ـ ئىشرەت قىپتۇ. بۇ ئىشلاردىن شاھزادە جەمشىدنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ كۆپ قايغۇـ رۇپتۇ. شۇ تەرىقىدە بىر ئاي ئۆتۈپتۇ. شاھزادە جەمشىدكە ئىسپىھاندىن: «ئاتىڭىز دۇنيادىن ئۆتتى» دېگەن خەۋەر كەپتۇ. خەۋەر ئېلىپ كەلگۈچى بۇ سۆزنى يالغان جەمشىد بولىۋالغان ناھىدقا دەپتۇ. مەلىكە سەزدۈرمەي «ۋاي ئاتام» دەپ يىغلىغان كىشى بولۇپتۇ. راست جەمشىدمۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئاياللاردەك ئۈن چىقىرىپ ھەسـ رەتتە ياش تۆكۈپ يىغلاپتۇ. نەزىر قىلىپ دۇئا تەكبىر ئۆتكۈزۈپ ئاتىسىنىڭ روھىغا ئاتاپتۇ.

بىر كۈنى شاھزادە جەمشىد يىغلاپ مەلىكىگە دەپتۇ:

—خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن سىز ئەرگە، پېقىر ئايالغا ئايلىنىپ قالدۇق. ئەمدى ئاتام ئۆلۈپتۇ. مەسلىھەتىم شۇكى، بىزنىڭ شەھەرگە بىللە بارايلى، سىز مېنىڭ ئورنۇمدا تەختتە ئولتۇرۇڭ.

—بولىدۇ دەپتۇ مەلىكە جەمشىدنىڭ مەسلىھەتىنى قوبۇل قىلىپ. ئۇلار تەييارلىق قىلىپ يولغا چىقىپتۇ. ئىسپىھان شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ. شەھەر خەلقى ئۇلارنى كۆرۈپ شات ـ خورام بولۇپتۇ. ناھىدنى جەمشىد دەپ ئويلاپ، پادىشالىق تەختىدە ئولتۇرغۇزۇپتۇ. مەلىكە پادىشالىق تەختىدە ئولتۇرۇپ، ئادالەت نۇرىنى چېچىپـ

تىپ. زالىملاردىن مەزلۇم ـ ئاجىزلارنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىپ پېقىر ـ مىسكىنلەرگە مەرھەمەت قىپتۇ. شۇ تەرىقىدە بىرنەچچە ۋاقىت ئۆتۈپتۇ.

جەمشىد ھامىلدار بولۇپ، ئاي، كۈنلىرى تولۇپ بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. توي-تاماشالار قىپتۇ. شۇ ھالەتتە بىر قانچە مەزگىل ئۆتۈپتۇ. جەمشىد دائىما غەمكىن ئىكەن. «ۋاي ئىسىت، — دەپ ئويلايدىكەن ئۇ ئازاپلىنىپ يىغلاپ، — مەن قانداق بالاغا گىرىپتار بولغاندىمەن. بۇ نىمە سىردۇر؟» ئۇ سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ، غۇسلى قىلىپ، خۇدايىتائالانىڭ دەرگاھىغا مۇناجات قىپتۇ:

— ياقازىيەل ھاجات، مەن بىچارە مۇشكۇل ئىشقا گىرىپتار بولدۇم. مۇشكۇللەرنى ئاچقۇچى ئۆزۈڭدۇرسەن. دۇئايىمنى ئىجابەت قىلغىن!

ئۇ باھار يامغۇرىدەك ياش تۆكۈپ يىغلاپ ئۇخلاپ قاپتۇ. ئۇخلاپ چۈش كۆرۈپتۇ: چۈشىدە بىر قەدىرلىك كىشى كېلىپ دەپتۇ: — ئەي شاھ جەمشىد غەم ـ قايغۇ يېمە. ئەشۇ كۈنى مەلىكە بىر ھۆققىنى ئېچىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر دورا ئېلىپ ساڭا يىگۈزدى. ئۇ دورىنىڭ خۇسۇسىيىتى ئەرنى ئايال، ئايالنى ئەر قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن سەن ئايال، ناھىد ئەر بولۇپ قالدى. ئەشۇ دورا پالان تاكچىدا تۇرۇپتۇ. سەنمۇ شۇ دورىنى قولۇڭغا ئېلىپ ئېزىپ ئىچكىن. بىر ئامال بىلەن ناھىدقا ھەم ئىچۈرگىن. ئۇ ئادەم شۇنداق دەپ كۆزدىن غايىپ بولۇپتۇ.

جەمشىد ئويغىنىپ خۇشال بوپتۇ. ئاستا بېرىپ كۆرسەتىلگەن تاكچىدىن دورىنى تېپىپ شەربەتكە قوشۇپ تەييارلاپ قويۇپتۇ. بىر ۋاقىتتا ناھىد ئىشىكتىن كىرىپ كەپتۇ. جەمشىد دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ناھىدقا خىزمەت قىلىشقا باشلاپتۇ. شاراپنى ئالتۇن پىيالىغا قۇيۇپ ئۇنىڭغا سۇنۇپتۇ. ناھىد شاراپنى ئېلىپ دەرھال ئىچىپتو. شاھ جەمشىدمۇ ئىچىپتو. كۆپ ئۆتمەي ئۇلار ئەسلىگە كېلىپ قاپتۇ. يەنى جەمشىد ئەرگە، ناھىد ئايالغا ئايلىنىپ قاپتۇ. جەمشىد شاھ خۇشال ـ خۇرام بولۇپ شاھلىق تەختىگە چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ.

كەچ بولۇپتۇ.

— ئەي ناھىد، — دەپتۇ شاھ جەمشىد مەلىكىگە قاراپ خىتاپ قىلىپ، — ئېيتقىنا، سەن ماڭا قانداق شۇملۇقلارنى قىلدىڭ!؟ ئەمدى سەندىن ئىككى يىللىق ئۆچۈمنى ئالىمەن.

— كۆڭلىڭىز يول قويسا، خالىغىنىڭىزنى قىلىڭ، — دەپتۇ مەلىكە مۇلايىملىق بىلەن.

جەمشىد مەلىكىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرگىنىدىن تاڭ ئاتقىچە ئۇخلىماي ئەيشى-ئىشرەت قىلىپتۇ. ھەق ئۆز جايىغا قارار تېپىپتۇ. شاھ جەمشىد پادىشالىق تەختىدە ئولتۇرۇپتۇ. ناھىد ھەرەمگە كىرىپ يۈزىنى ئەرلەردىن يېشۇرۇپ ئولتۇرۇپتۇ، يەنە كەچ بولۇپتۇ. ئۇلار يەنە ئەيشى ـ ئىشرەتكە مەشغۇل بولۇپتۇ.

گۈلشات ھېكايىنى شۇ يەردە تۈگىتىپتۇ. بۇ ھېكايە شىرزاتقا ناھايىتى يېقىپ كېتىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

## مەنزەر خۇرشىتنىڭكى ھىكايە

ئەلقىسسە، شىرزات بىلەن گۈلشات مەنزەر خۇرشىتقا چىقىپ ئەيشى-ئىشرەتكە ئولتۇرۇپتۇ. ئاق بەدەنلەر جامى كەلكۈنلەرنى گەردەشكە كەلتۈرۈپتۇ.

شىرزات بىرنەچچە جامنى نۇش قىلىپ مەس-بىھۇش بولۇپتۇ. ئاندىن كېيىن پەررۇخزادىنىڭ ئىشى يادىغا كېلىپ جالالاتلارغا بۇيرۇپتۇ.

— پەررۇخزادىنى ئېلىپ كېلىپ مەنزەردىن تاشلاپ ھالاك قىلىڭلار!

مەلىكە گۈلشات بۇ سۆزنى ئاڭلاپ شىرزاتنى توسۇپتۇ.

— ئەي شاھى ئالەم، — دەپتۇ مەلىكە ئەدەپ بىلەن تازىم قىلىپ، — بۇ يەر مەنزەر خۇرشىتتۇر. بۇ ئەيشى-ئىشرەت جايىدۇر. قانخورلۇق جايى ئەمەس. پادىشا بولدىلا، يەتتە ئىقلىم ئاللىرىنىڭ باشقۇرۇشلىرىدا، قانخورلۇق سىلىگە مۇناسىپ ئەمەس. مېنىڭ بىر ھىكايىتىم بار. ئەگەر ئىجازەت بەرسىلە سۆزلەپ بەرسەم.

— بولىدۇ، قېنى سۆزلە، — دەپتۇ شىرزات قىزىقىپ، — كېچە-كۈندۈز ئاڭلاشقا تەييارمەن.

— نىشاپۇر شەھرىدە، — دەپ ھىكايىسىنى باشلاپتۇ گۈلشات، - بىر پادىشا بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئىسمىنى خۇرشىد شاھ دەيدىكەن. ئۇ ناھايىتى ئادىل، شانۇ-شەۋكەتلىك ئاقىل، دانا كىشى ئىكەن. ئالەمدە ئۇنىڭ تەڭدىشى يوق ئىكەن.

پادىشا بىر كۈنى شىكارغا چىققان ئىكەن. ئالدىدىن بىر توپ كېيىكلەر ئۆتۈپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرسى بەكمۇ چىرايلىق ئىكەن، پادىشا ئۇنىڭ كەينىدىن ئات قويۇپتۇ. كېيىك پادىشا ئالدىدا ئۇچقاندەك قېچىپتۇ. تاغدىن-تاققا ۋە قىردىن-قىرغا چىقىپ يەتكۈزمەپتۇ. شاھ قوغلاشتىن توختاپ قالماپتۇ. قوغلا-قوغلا لەشكەرلىرىدىن يىراقلىشىپ ھېرىپ-چارچاپ ئاخىرى توختاپتۇ. ئاتتىن چۈشۈپ پىيادە بولۇپ كېيىكنى قوغلاپتۇ. شۇ تەرىقىدە كەچكىچە كېيىك ئارقىسىدىن قوغلاپتۇ. ئاخىر ئۆزىمۇ ھېرىپ-چارچاپ، ئاچلىق-ئۇسسۇزلۇق ھەددىدىن ئېشىپ ئۇيقۇسى كېلىپ قورقۇنچلۇق باياۋاندا ئۇخلاپ قاپتۇ.

بىر چاغدا ئويغىنىپ كۆزىنى ئاچسا، تاڭ يورۇپتۇ. ئىلاجسىز تەسلىكتە ئورنىدىن تۇرۇپ يولغا راۋان بولۇپتۇ. ماڭا-ماڭا بىر يەرگە كەپتۇ. يىراقتىن بىر ئېگىز تۆپىلىك كۆرۈنۈپتۇ. بېرىپ ئۇ تۆپىلىكنىڭ ئۈستىگە چىقىپتۇ، ئۇ تۆپىلىكنىڭ تۆپىسىدە كاتتا بىر ئەزىم تاش، تاشنىڭ تېگىدە چوڭقۇر بىر ئازگال بار ئىكەن. قارىسا چاھ ئازگالنىڭ تېگى يوقتەك كۆرۈنۈپتۇ. پادىشا چاھنىڭ لېۋىگە كەپتۇ. بۇ چاھ ناھايىتى قاراڭغۇ ئىكەن. پادىشا ئۇنىڭغا بىر تاش تاشلاپتۇ. چاھتىن دەرھال تۈتۈن چىقىپ شاھنى قورشىۋېلىپ چاھقا ئېلىپ كىرىپ كېتىپتۇ. بۇ تۈتۈن ئاق دىۋىنىڭ ئۆزى ئىكەن. ئۇ ناھايىتى زور كاتتا دىۋە بولۇپ، مۇشۇ چاھنى ماكان تۇتقان ئىكەن.

شۇنداق قىلىپ ئاق دىۋە تۈتۈن سۈرىتىدە چىقىپ شاھنى قورشىۋېلىپ چاھنىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىرىپتۇ. چاھنىڭ تېگىدە ئاق دىۋىنىڭ تەختى بار ئىكەن. شاھ كۆزىنى ئېچىپ ئۆزىنى چاھنىڭ تېگىدە تەخت ئالدىدا كۆرۈپتۇ. تەخت ئۈستىدە ئاق دىۋە ئولتۇرۇپتۇ. پادىشا ئۇنى كۆرۈپ قورقۇنچىدا لاغ-لاغ تىترەپتۇ.

— ئەي شاھ، دەپتۇ ئاق دىۋە مۇلايىم-

لىق بىلەن سۆزلەپ، مەندىن قورقمىغىن. لېكىن راست ئېيتقىن. ئۆزەڭ كىمسەن؟ قەيەردىن كەلدىڭ، نەگە بارماقچىسەن؟

پادىشا بولغان ۋاقىئەنى باشتىن ئاياق بىر-بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. دىۋە يەنە مۇلايىملىق بىلەن سۆزلەپتۇ.

— ئەي پادىشا ئادەم، مەندىن ھەرگىز قورقما، گەرچە مەن دىۋە بولسامۇ مۇسۇلماندۇرمەن. ساڭا زىيان يەتكۈزمەيمەن. شەرت شۇكى، كىيىملىرىڭنى بەرگىن. مەن ئۇنى كىيىپ سېنىڭ شەھىرىڭگە بېرىپ شاھلىق تەختىدە ئولتۇراي، سېنىڭ ئورنىڭغا پادىشا بولاي. سەن بۇ يەردە مېنىڭ ماكانىمدا قالغىن، خەزىنە-دەفىنىلىرىمنى ساقلىغىن.

پادىشا بىچارە نائىلاج كىيىملىرىنى سېلىپ، دىۋىگە بېرىپتۇ. ئاق دىۋە خوشال بولۇپ، پادىشانىڭ كىيىملىرىنى ئېلىپ كىيىپ، ئۆزىگە زىبۇ-زىننەت بېرىپ چاھىتىن ئىس بولۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. پادىشا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ مەيۈسلۈك بىلەن كۆزلىرىدىن تارام-تارام ياشلىرىنى ئاققۇزۇپ يىغلاپتۇ.

ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى شاھنىڭ لەشكىرىدىن ئاڭلىماق كېرەك:

ئەلقىسسە، خۇرشىد شاھ كىيىكنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ غايىپ بولغاندىن كېيىن لەشكەرلىرى ھەر تەرەپكە ئات قويۇپ ئىزلەپتۇ، ھېچبىر يەردىن ئەسىرىنى ئالالماپتۇ. ھەممىلىرى ئەپسۇس ۋە نادامەتلەر قىلىپ يۈرۈپتۇ. بىر چاغدا يىراقتىن دىۋىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ شاھنىڭ سىرتىدە بولۇپ، ئاتقا مىنىپ كەلمەكتە ئىكەن. لەشكەرلەر ئۇنىڭ دىۋە ئىكەنلىكىنى بىلمەي ئاتلىرىدىن چۈشۈپ ئۇنىڭ ئايىغىغا باش قويۇپتۇ. ھوزۇرخالىق قىلىشىپتۇ.

— بىز جاناپلىرىنىڭ قايان كەتكەنلىرىنى بىلەلمىدۇق. دەشت-باياۋاننى كۆپ ئاختۇردۇق. ئۆزلىرىنى تاپالماي كۆپ مالال بولۇپ، داغۇ-ھەسرەتتە ئىدۇق. ئەلھەمدۇلىللا سالامەت دىدار كۆرۈشتۇق. ئۆزلىرى نەلەرگە بېرىپ كەلدىلە؟ قانداق ھادىسىلەر يۈز بەردى؟

دىۋە جاۋاپ بەرمەپتۇ. لەشكەرلەر ھەيران بولۇپتۇ. «بۇ قانداق گەپ؟ دەپ ئويلاپتۇ ئۇلار، شاھنىڭ خۇلقى-مىجەزى مۇنداق ئەمەستى. ياكى بىزدىن خاپا بولۇپ قالغاندىمۇ؟...» ئۇلار يەنە گەپ سورىسا ئەدەپسىزلىك بولۇشىدىن قورقۇپ ئۇن چىقىرالماپتۇ. پادىشا سۆز قىلماستىنلا شەھەر تەرەپكە قاراپ يولغا راۋان بولۇپتۇ. لەشكەرلەرمۇ ئارقىسىدىن مېڭىپتۇ. ئۇلار مېڭىپ شەھەرگە يېقىنلاپ كەپتۇ.

شەھەردىكى چوڭ-كىچىك ھەممەيلەن شاھنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ. شاھ ھەققىدە دۇئا قىلىپ، خۇدادىن كۆپ ياخشىلىقلار تىلەپتۇ. ئۇلار شاھنى ئوردىغا باشلاپ كىرىپ، خۇرشىد شاھنىڭ قەسرىگە چۈشۈرۈپتۇ. ۋەزىر-ئەمىرلارنىڭ ھەممىسى ئالدىراپ خىزمەت قىلىپ شاھتىن ھال-ئەھۋال سوراپتۇ. شاھ ھېچ جاۋاپ بەرمەپتۇ.

پادىشا خۇرشىدنىڭ قارام بىر ۋەزىرى بار ئىكەن. ئۇ يېقىن كېلىپ ئۇياق-بۇياقتىن ھەر قانچە سۆز قىلسىمۇ شاھ جاۋاپ بەرمەپتۇ.

— ئەي پادىشا، ئېيتىڭا، سىزگە نىمە بولدى؟ نىمىشقا سۆز قىلمايسىز؟ — دەپتۇ ۋەزىر ئاخىرى تاقەت قىلالماي.

پادىشا يەنە جاۋاپ بەرمەپتۇ.

— سىز نىمىشقا ئاۋالقى ھالىڭىزدىن ئۆزگىرىپ قالدىڭىز؟ — دەپتۇ ۋەزىر يەنە، — ئۇ سۆزۈمگە جاۋاپ بېرىڭ!

— مەندىن كۆپ سۆز سورىماڭلار، — دەپتۇ دىۋە تىترەك ئاۋازدا، — مەن سەھرالاردا تاماقسىز قېلىپ، گىيالارنىڭ يىلتىزلىرىنى يىگەن ئىدىم. بىر خىل گىيا بار ئىكەن، ئۇنىڭ يىلتىزىنى كولاپ يىسەم مۇشۇنداق

هالەتكە چۈشۈپ قالدىم.

ۋەزىر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇپتۇ. ئىلاجىسىز دېۋىنى شاھنىڭ ھەرىمىگە كىرىشكە رۇخسەت قىپتۇ. شاھنىڭ خوتۇنى خىزمەت قىلىپ ئالدىغا چىقىپتۇ. قارىسا شاھنىڭ ئەھۋالى باشقىچە تۇرغىدەك. ھەركەت-قىلىقلىرى شاھ خۇرشىدقا ئوخشىمايمىش. بۇ خوتۇن زېرەك ئىكەن. بىر ئىشنى سەزگەندەك يېنىغا يېقىن بارماپتۇ، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى پادىشانى ساراڭ بولۇپ قاپتۇ دەپ گۇمانلىنىپتۇ.

ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى خۇرشىد شاھتىن ئاڭلىماق كېرەك:

شاھ خۇرشىد چاھنىڭ ئىچىدە يالغۇز قاپتۇ. دېۋە چاھتىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. چاھنىڭ ئىچىدە ئۆيلەر بار ئىكەن. پادىشا ئۇ يەرلەرنى تاماشا قىلىپ يۈرۈپتۇ. بىر چاغدا بىر ئۆيگە كىرىپتۇ. ئۇ ئۆينىڭ ئىچى ناھايىتى كەڭ، خۇش ھاۋالىق بولۇپ، ھەر خىل مېۋىلەر پىشىپ تۇرغان ئىكەن. پادىشا ئۇ مېۋىلەردىن يەپ قورسىقىنى تويغۇزۇپتۇ. ئۇ يەردىن چىقىپ يەنە بىر ئۆيگە كىرىپتۇ. قارىسا پەلەمپەي ئارقىلىق چۈشىدىغان يەر ئاستىدا يەنە بىر ئۆي بار ئىكەن. پادىشا ئۇ ئۆيگە چۈشۈپتۇ. قارىسا ئۇ يەردە ئالتۇندىن ياسالغان زىننەتلىك بىر ئىشىك كۆرۈنۈپتۇ. شاھ ئۇ ئىشىكنىمۇ ئېچىپ، ئىچكىرى كىرىپتۇ. ئۇ يەردە تىللادىن قىلىنغان ساندۇقلار بولۇپ، ھەرقايسى ساندۇقنىڭ ئىچىدە ھېسابسىز جاۋاھىرات، ئالتۇن-كۈمۈشلەر بار ئىكەن. پادىشا شۇ تەرىقىدە زىيارەت قىپتۇ. ئۇ، بىر تەرەپكە قارىسا يەنە بىر ئىشىك كۆرۈنۈپتۇ. ئۇنىڭغا ئالتۇن قۇلۇپ سېلىقلىق تۇرغىدەك. بىر ئىلاج قىلىپ قۇلۇپنى ئېچىپتۇ، ئىچكىرىگە كىرىپتۇ. قارىسا بىر لەخمە تۇرغىدەك. شاھ لەخمىنىڭ ئاغزىدىن ئىچكىرلەپ مېڭىپتۇ. لەخمە ئىچى ناھايىتى قاراڭغۇ ئىكەن. بىرنەچچە چاقىرىم يول يۈرۈپتۇ، ئالدىغا بىر تاشتىن ياسالغان ئىشىك ئۇچراپتۇ. شاھ بۇ ئىشىكنىمۇ كۈچىنىپ ئېچىپتۇ. ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ قارىسا، خۇش ھاۋالىق بوستان تۇرغىدەك. باغ-يېشىل دەرەخلەر، تۈرلۈك-تۈرلۈك مېۋىلەر، رەڭمۇ-رەڭ گۈللەر ئۇيەرنى ئالاھىدە گۈزەللەشتۈرگەن ئىكەن. ئېرىقلاردا سۈپ-سۈزۈك سۇلار مەۋج ئۇرۇپ ئېقىپ تۇرغانمىش. ھەر خىل قۇشلار چاڭ كەلتۈرۈپ بەسلەشكەندەك سايراۋاتقۇدەك. پادىشا بۇ يەرگە كىرىپ ناھايىتى شاتلىنىپ يەڭگىللەپ قاپتۇ.

بېيت

سۇ ئۈيقىدا، ئويغاق يېشىللىق،
تۈرلۈك گۈللەر تۇرغان ئېچىلىپ.
رەڭمۇ-رەڭ گۈل شۇنچە گۈزەل،
ئېپار-زەپەر تۇرغان چېچىلىپ.

ئەلقىسسە، بۇ يەر شۇنداق گۈزەللىكەنكى، ئۇنىڭدەك يەنە بىر يەرنى ھېچ كىشى كۆرمىگەن بولسا كېرەك. مېۋىلىرىمۇ شۇنداق تاتلىق-شېرىنكى، مۇنداق مېۋىلەرنىمۇ ھېچكىم يەپ كۆرمىگەن بولسا كېرەك. پادىشا بوستاننى سەيلە قىلىپ مېۋىلەردىن خالىغىنىچە يەپتۇ. ئاندىن كېيىن مېڭىپ يەنە بىر يەرگە بېرىپتۇ. بىر ئالىي ئۆي كۆزىگە كۆرۈنۈپتۇ. ئىلگىرلەپ قەدەم ئاپتۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە بىر ئايىغا ئوخشايدىغان ساھىپجامال قىز ئولتۇرغان ئىكەن. ئۇنىڭ ھۆسنى-جامالىدىن ئۆينىڭ ئىچى يورۇپ تۇرغىدەك. پادىشا بۇ نازىنىننى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ. قىزمۇ شاھنى كۆرۈپ ھەيرانلىق ئىچىدە ئەجەبلىنىپتۇ. «بۇ قورقۇنچلۇق جايغا قەدەم قويغان

كىم بولۇشى مۇمكىن؟ ــ دەپ ئويلاپتۇ قىز كۆڭلىدە. ــ دىۋە ياكى پەرى جامائىسىدىنمىكىن يە؟...»

ــ ئەي ئىنسان، دەپتۇ قىز شاھقا قاراپ، ــ سىز قايسى جامائەدىن، قەيەردىن كەلدىڭىز؟ نەگە بارماقچىسىز؟ نىمە سەۋەپتىن بۇ قورقۇنچلۇق يەرگە چۈشتىڭىز؟ بىلەمسىز بۇ يەر ئاق دىۋىنىڭ تۇرىدىغان ماكانى! قانداق ئېھتىياج بىلەن قورقماي بۇ يەرگە كىرىپ قالدىڭىز؟ ئەھۋالنى بايان قىلىڭ؟

پادىشا بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى بىرمۇبىرلەپ بايان قىپتۇ.

ــ ئەي پادىشا، ــ دەپتۇ قىز مەدەت بېرىپ سۆزلەپ، ــ زىنھار قورقماڭ، مەردانە بولۇڭ. مېنىڭ سۆزۈمنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلاڭ!

ــ سىزگە رەخمەت، ــ دەپتۇ شاھ خۇرسەن بولۇپ، سۆزلىرىڭىزنى ئەلۋەتتە قۇلاق سېلىپ ئاڭلارمەن.

قىز يۈز خىل ناز-كىرەشمىلەر بىلەن سۆزلەپتۇ، شاھنىڭ يۈرىگىدىن ئىشىق ئوتى يالقۇنلىنىپ، ئاشىقى شەيدا بولۇپتۇ. قىز شاھنىڭ ئۇ ھالىنى كۆرۈپ دەپتۇ:

ــ ئەي شاھ، يېقىن كېلىڭ، ۋاقىت غەنىمەت. ئەيشى-ئىشرەتكە مەشغۇل بولماق كېرەك.

ــ سىزگە جېنىم پىدا بولسۇن، ــ دەپتۇ پادىشا سۆيۈنۈپ، سۆزىڭىزنى بىجانىدىل قوبۇل قىلىمەن.

ئۇلار ئەيشى-ئىشرەتكە مەشغۇل بولۇپتۇ. شۇ ھالەتتە بىرقانچە كۈنلەر ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى پادىشانىڭ كۆڭلىگە ئۆز تەختى-بەختى، بالا-چاقىلىرى، ۋەزىر-سىپاھلىرى كەپتۇ. يۈرىگىدىن ئاھ تارتىپتۇ.

ــ ئەي پادىشا، سىزگە نىمە بولدى؟ ــ دەپ سوراپتۇ قىز ئەجەپلىنىپ، ــ يە مېنىڭ جامالىمغا تويۇپ، مەندىن بىزار بولدىڭىزمۇ ياكى باشقا بىر دەرتكە گىرىپتار بولدىڭىزمۇ؟ زادى نىمە ئۈچۈن ئاھ تارتىسىز؟ ھەرقانداق مەقسىدىڭىز بولسا ئېيتىڭ، مەن ياردەم قىلىمەن.

ــ ئەي جېنىمنىڭ جانانى، ــ دەپتۇ پادىشا، ــ سىزمۇ راس ئېيتىڭكى، سىز كىمسىز؟ قايسى چىمەننىڭ گۈلىسىز! قايسى بوستاننىڭ بۇلبۇلى سىز؟ ئۆز ھالىڭىزنى ماڭا يوشۇرماستىن ئىزھار قىلىڭ، سىزنى تولۇق چۈشىنىپ كۆڭلۈم خاتىرجەم بولسۇن.

ــ ئەي پادىشا، ــ دەپتۇ قىز، ــ مېنى يامان يەردىن تۇتتىڭىز. ئەمدى مەن راستىنى ئېيتاي، مېنى سورىسىڭىز، مەن پەرىلەر پادىشاسىنىڭ قىزىدۇرمەن. بىر ۋاقىتتىكى مەن ئۆز مەنزىلىمدە قىزلار بىلەن ئويناپ سەيلە قىلىپ يۈرەتتىم. بىر چاغدا ئاق دىۋە مېنى كۆتىرىپ ئاسمانغا ئېلىپ چىقتى. شۇنداق ئېگىز چىقتىكى زىمىن كۆزۈمگە بىر قاچىدىكى سۇدەك كۆرۈندى. شۇ ھالەتتە ئېلىپ كېلىپ مېنى ئۇشبۇ باققا قويدى...

قىز بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى تەپسىلى سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇ قىسسە پادىشاغا تەسەللى بولۇپ ئۇلار بىر مەزگىل يەنە ئەيشى-ئىشرەت قىلىپ باغدا يۈرۈپتۇ.

يەنە بىر كۈنى پادىشا قىزغا يېلىنىپ ئىلتىجا قىپتىكى:

ــ ئەي نىگارىم، ئىككىمىز ئوخشاشلا بۇ يەردە بەنت بولۇپ يېتىپتۇق، بۇ يەردىن قۇتۇلۇشىمىز ئۈچۈن بىر ئامال قىلىسىڭىز قانداق؟

ــ ئەي شاھ، ــ دەپتۇ قىز پادىشاغا رەھمى كېلىپ، ــ سىز كۆپ ئىشلارنى كۆرۈپسىز. سىزگە بىر سۆز ئېيتايكى، بۇ يەردە ــ نازۇ-نىمەت كۆپ. ئەمما مۇشەققەتىمۇ جىق. ئەمدى مەن سىزگە بىر يول كۆرسىتەي. بۇ قىيىن ئىش، كۈشادلىققا ئېرىشىسىڭىز ئەجەپ ئەمەس، سۆزۈم شۇكى، ئۇشبۇ لەخمىنىڭ ئىچىدە بىر ئۆي بار.

www.uyghurkitap.com

ئۇ ئۆينىڭ ئىچىدە بىر تاختا بار، ئۇ ئەينەككە ئوخشايدىغان بىر خىل تىلسىمدۇر. ئۇنىڭغا ئالتۇندىن خەت يېزىلغان. ئەگەردە سىز ئۇنى قولغا كەلتۈرسىڭىز ھەممە بەنتلەرنى ئاچالايسىز. ئەشۇ ئەينەكنى قولغا چۈشۈرۈپ دېڭىزگە قاراتسىڭىز، دېڭىزنىڭ ئىچىگە ئوت تۇتۇشۇپ ھالاك بولغىسىدۇر.

پادىشا قىزدىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ شاد - خۇرام بولۇپتۇ.

— ئەي كۆزۈمنىڭ نۇرى، يۈرىگىمنىڭ مادارى، — دەپتۇ شاھ شاتلىنىپ، — تېزرەك ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ. ماڭا ئۇ يەرنى كۆرسىتىڭ!

قىز ئورنىدىن تۇرۇپ، شاھنى باشلاپ يەنە بىر لەخمىنىڭ لېۋىگە باشلاپ بېرىپتۇ ۋە يولنى چۈشەندۈرۈپ كۆرسىتىپتۇ. شاھ خۇداغا تەۋەككۇل قىلىپ لەخمىگە قەدەم قويۇپتۇ. قىز لەخمىنىڭ بويىدا ئولتۇرۇپ قاپتۇ. شاھ كىرىپ قىز كۆرسەتكەن ئەينەكتەك تاختىنى ئېلىپ چىقىپتۇ. ئىككىسى خوشاللىنىپتۇ. ئاندىن كېيىن خەزىنىگە كىرىشىپتۇ. كۆڭۈللىرىگە ياققان ماتا - رەخلەردىن، دۇر - جاۋاھىراتلاردىن، گۆھەر چىراقلاردىن ئېلىشىپتۇ.

— ئەي شاھى ئالەم، — دەپتۇ قىز خەزىنىدىن چىققاندىن كېيىن، — مېنىڭ ئارقامغا سىز ئېسىلىڭ، ئەمدى مەن سىزنى كۆتىرىپ ئۆز شەھرىڭىزگە باراي. ئىككىمىز بىللە شەھرىڭىزگە بارايلى.

شاھ قىزنىڭ دېمىسىگە ماپاش بولۇپتۇ. قىز ئاللاھۇئەكبەر دەپ ئۇچۇپتۇ. ئۇچا - ئۇچا شەھەرگە يېقىن بىر يەرگە كېلىپ چۈشۈپتۇ.

— ئەي نازىنىن بەرنا، — دەپتۇ پادىشا قىزغا قاراپ، — سىز شۇ يەردە بىردەم سەۋرى قىلىپ تۇرۇڭ. مەن شەھەردىن بىر خەۋەر ئالاي. ئۇيەردە قانداق گەپ - سۆزلەر بارلىقىنى ئۇقاي.

پادىشا كىيىملىرىنى ئاق دېڭە ئېلىۋالغىنى ئۇچۇن يالىڭاچ ئىكەن. شۇ ھالەتتە قىزنى قويۇپ ئۆزى ۋەزىرىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ، دەرۋازىنى قېقىپتۇ. بىر مۇھەررەم يۈگرەپ چىقىپتۇ.

— كىمسەن، نىمە ئىشىڭ بار؟ نىمىگە كەلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ مۇھەررەم.

— سۆزۈمنى ۋەزىرگە ئېيتىمەن، — دەپتۇ شاھ، — كىرىپ خەۋەر قىلغىن. ۋەزىر مېنىڭ ئالدىمغا چىقسۇن. سۆزۈمنى ئۇنىڭغا ئېيتاي.

مەھرەم ھەيران بولۇپ ۋەزىرنىڭ قېشىغا كىرىپتۇ.

— دەرۋازىنى قاققان كىم ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ ۋەزىر.

— بىر يالىڭاچ ئادەم، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ مەھرەم ۋەزىرگە، — ئۇ كىشى ئۆزلىرىنى چىقسۇن، گېپىم بار، — دەيدۇ.

— ھەركىم بولسا بۇ يەرگە باشلاپ كىرگىن، — دەپتۇ ۋەزىر.

مۇلازىم چىقىپ پادىشاغا: ۋەزىر سىزنى چاقىرىدۇ، دەپتۇ. شاھ ۋەزىرنىڭ ئالدىغا كىرىپ سالام قىپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئاچچىغى كېلىپ جاۋاپ سالامىمۇ بەرمەپتۇ. شاھ ئىكەنلىگىنى ھەرگىزمۇ بىلمەپتۇ. شاھ قولنى قوشتۇرۇپ تۇرۇپتۇ. بىرئازدىن كېيىن ۋەزىر شاھتىن سوئال سوراپتۇ.

— نىمە ھاجىتىڭ بار؟ قانداق ئادەمسەن؟ قەيەردىن كەلدىڭ؟ مەقسىدىڭ نىمە؟

— ئەي ۋەزىر، — دەپتۇ شاھ ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ، — مېنى تونىمايۋاتامسەن؟

— ئەسلا تونۇمىدىم، — دەپتۇ ۋەزىر ھەيران بولۇپ، — ئېيتقىنا زادى سەن كىم بولىسەن؟

— مەن خۇرشىد شاھتۇرمەن، — دەپتۇ شاھ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ، — ئالتە ئاي بولماي مېنى ئۇنۇتتىڭمۇ؟

— ئەي يالغانچى ئادەم، — دەپتۇ ۋەزىر ئۆزىنى تۈزەپ، — سەن زادى كىم؟ ئاجايىپ گەپلەرنى قىلىسەنغۇ؟ خۇرشىد شاھ تەختىدە ئولتۇرىدۇ. سەن بولساڭ مەن خۇرشىد شاھ دەيسەن! سەن بىر نىشانە ئېيتقىن، مەن ئاندىن سېنىڭ كىم ئىكەنلىكىڭنى بىلەي.

— خوپ، — دەپتۇ شاھ، — مەن ساڭا نىشانلەر ئېيتاي.

پادىشا سۆزىنى باشتىن باشلاپتۇ. بولغان ۋاقىئەلەرنى بىر-بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇ كەچۈرمىشلەرنى ئاڭلىغان ۋەزىر كۆزىدىن ئىختىيارسىز ياش تۆكۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ شاھقا گىرە ساپتۇ. زار-زار يىغلاپ باھار يامغۇرىدەك ياشلىرىنى راۋان قىپتۇ. پادىشادىن ئەپۇ سوراپتۇ. شاھانە كىيىملەرنى ئېلىپ چىقىپ، شاھنى ھاممامدا يۇيۇندۇرۇپ كىيدۇرۇپتۇ. ئاندىن كېيىن ۋەزىر بارلىق ئاكابىر-كاتتىلارنى يىغىپتۇ، ئۇلارغا بۇ مەخپى ئەسرارنى بىلدۈرۈپتۇ. ھەممەيلەن ھەيران قاپتۇ.

— ئەي كاتتىلار، — دەپتۇ شاھ سۆزلەپ، — ھەيران بولماڭلار. بۇ سىرنى ھازىر سىلەرگە تېخىمۇ روشەن كۆرسىتىمەن. سىلەر پۇختا قوراللىنىپ مېنىڭ ئارقامدىن مېڭىڭلار!

ھەممەيلەن تەييارلىنىپ خۇرشىد شاھقا ئەگىشىپ ئوردىغا قاراپ راۋان بولۇپتۇ. ئۇلار تۇساقلاردىن ئۆتۈپ پادىشالىق تەختى توختىتىلغان ئۆيگە باستۇرۇپ كىرىپتۇ. پادىشا خۇرشىد ھەممىدىن ئىلگىرى قەدەم قويۇپتۇ. تەخت ئۈستىدە ئاق دىۋە كېرىلىپ ئولتۇرغان ئىكەن. ئۇ باستۇرۇپ كىرگەنلەرنى نەزىرىگە ئىلماي قەھرى بىلەن تىكىلىپتۇ. پادىشا خۇرشىد قويىنىدىن خاسىيەتلىك ئەينەكنى ئېلىپ ئاق دىۋىگە تۇتۇپتۇ. دىۋە دەرھال ئۆلۈپتۇ. ئۇنىڭ دىۋە ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم بولۇپتۇ.

— ئەي سىپاھ، لەشكەرلەر، — دەپتۇ پادىشا خىتاپ بىلەن بۇيرۇق قىلىپ، — بۇ مەلئۇننى ئۇرۇڭلار!

چوڭ-كىچىك ھەممەيلەن دىۋىنى ئۇرۇشقا باشلاپتۇ. دىۋە مەلئۇننى كۆكۈم-تالقان قىلىۋېتىپتۇ. ئاندىن كېيىن ئوت يېقىپ كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ. كۈلىنى ئاسمانغا سورۇپتۇ. بارلىق چوڭ-كىچىكلەر پادىشانىڭ ئايىغىغا باش قويۇپ زار-زار يىغلاپ ھۇزۇر، خالىق ئېيتىپتۇ. خۇرشىد شاھ ئۇلارغا دىلناۋازلىق قىپتۇ. شەھەر خەلقى يېڭىدىن توي-تاماشالار قىلىپ، پەرىزاتنى باشتىن نىكالاپ خۇرشىد شاھقا بېرىپتۇ. قىرىق كۈن توي-تاماشالار قىلىپ، شاد-خۇراملىق بىلەن مۇرات-مەقسەتلىرىگە يېتىپتۇ...

گۈلشات ھېكايىسىنى شۇ يەردە تاماملاپتۇ. شىرزات گۈلشاتخانغا كۆپ تەھسىن ئاپىرىن قىپتۇ.

بېيىت

گۈلشات ھېكايىسىن ئاڭلاپ شىرزات،
ھاياجان ئىلكىدە بوپتۇ شات-خۇرام.
غەزەپ ئوتلىرى پەسلەپ بىردىن،
گۈلشاتخانغا دەپتۇ ئاپىرىن.

## شىرزات بىلەن گۆلشات مەنزەر زۇھىلدا قىلىشقان ھىكايىنىڭ بايانى

ئەلقىسسە، مەلىكە گۆلشات بارلىق قىزلارنى يىغىپ مەجلىس قۇرۇپتۇ. شىرزات تەختتە ئولتۇرۇپتۇ. ساقىلار يۈز خىل نازكەرەشمىلەر بىلەن ئالتۇن رەڭلىك شاراپلارنى گەردەشكە كىرگۈزۈپتۇ. شىرزاتقا ئارقمۇ-ئارقا شاراپ تۇتۇلۇپتۇ. شىرزات مەس بولۇپتۇ. مەسلىكتە پەررۇخزادىنىڭ قىلغان ئىشى يادىغا كېلىپ غۇلاملىرىغا بۇيرۇپتۇ:

— دەرھال چىقىپ پەررۇخزادە دىگەن نابكارنى تۇتۇپ كېلىپ مەنزەردىن تاشلاپ ھالاك قىلىڭلار!

مەلىكە گۆلشات بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ سۆز باشلاپتۇ:

— يا، پادىشاھى ئالەم، بۇ مەجلىس خوشاللىق مەجلىسىدۇر، قان تۆكۈش مەجلىسى ئەمەس. مېنىڭ يۈزۈمنى قىلسىلا، ئاتامنىڭ قېنىنى تۆكمىسىلە، مەن بىر ھىكايە سۆزلەپ بېرەي.

— ئانداق بولسا ھىكايەڭنى باشلىغىن، — دەپتۇ شىرزات مەلىكىنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلىپ، — سېنىڭ سۆزۈڭنى ئاڭلاشقا جېنىم پىدا!

— ئەنجان شەھىرىدە بىر قاساپ بار ئىكەن، — دەپ ھىكايىسىنى باشلاپتۇ گۆلشات، — ئۇنىڭ ئېتى ناسىر ئىكەن. كىشىلەر ئۇنى ناسىر قاساپ دەيدىكەن. ناسىر قاساپ خۇشچىراي، ئەقىللىق كىشى ئىكەن. بىر كۈنى بىر قانچە ياشلار بىلەن قوي سېتىۋېلىش ئۈچۈن شەھەردىن سەھراغا چىقىپتۇ. كۆپ قويلارنى ئاپتۇ. قويلارنى ھەيدەپ كېلىپ شەھەر سىرتىدا قويۇپ ئۆزى شەھەرگە كىرىپتۇ.

تۈن قاراڭغۇ ئىكەن. قويلارغا بۆرە تېگىپتۇ، ھەممىسنى پارە-پارە قىلىۋېتىپتۇ.

ناسىر قاساپ ھەمراھلىرى بىلەن قوينى ئىزلەپتۇ. ھەر قايسىسى ھەرياققا قويلارنى ئاختۇرۇپ مېڭىپتۇ. ناسىر قاساپمۇ بىر تەرەپكە مېڭىپتۇ. يولنى بىلمەي مېڭىۋېرىپ ھېرىپتۇ. قاتتىق ئۇيقۇسى كەپتۇ. ئاتتىن چۈشۈپ، بىر تاشقا بېشىنى قويۇپ ئۇخلاپتۇ. بىر چاغدا كۆزىنى ئېچىپ قارىسا تاڭ يورۇپتۇ. قاراپ ئۆزىنىڭ تاغنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى بىلىپتۇ. ئۇيان-بۇيانغا قارىسا ھېچكىم كۆرۈنمەپتۇ. قاياققا مېڭىشنى بىلمەپتۇ. قورسىقى ئېچىپ ئىنتايىن ئۇسساپتۇ. يېنىدا ئوقياسى يوق ئىكەن. ئاخىر بىر تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ، بۇ قەشقەر يولى ئىكەن.

ناسىر قاساپ قەشقەر يولىغا قاراپ راۋان بولۇپتۇ. ئاچلىقتىن گىيالار يىلتىزىنى كولاپ يەپتۇ. ئالتە كۈن يول يۈرۈپتۇ. ئاخىر قەشقەرگە كىرىپ كەپتۇ. بۇ شەھەردە ناسىر قاساپنىڭ تونۇشى يوق ئىكەن. شۇڭا قەيەرگە چۈشۈشنى بىلمەي تۇرۇپ قاپتۇ.

قەشقەردە بىر ياخشى، ساخاۋەتلىك مېھماندوست ئادەم بار ئىكەن. ناسىر قاساپ ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ ئالدىغا بېرىپ سالام قىپتۇ. بۇ سېخىنىڭ ئېتى مەنسۇر ئىكەن. مەنسۇرنىڭ كۆزى ناسىرغا چۈشۈپتۇ. قارىسا بىر ياش يىگىت، مۇساپىردەك تۇرۇپتۇ. مەنسۇر ئورنىدىن تۇرۇپ ناسىر قاساپ بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ، ھال-ئەھۋال سوراپتۇ. ناسىر قاساپ سەرگۈزەشتىلىرىنى بىر-بىرلەپ بايان قىپتۇ. مەنسۇرنىڭ ناسىر قاساپقا رەھمى كېلىپ دىلدارلىق قىلىپ كۆپ ئىلتىپاتلار قىپتۇ.

— ئەي يىگىت، — دەپتۇ مەنسۇر ناسىر

قاسساپقا، — بۇ شەھەرنى ئۆز شەھرىم دەپ بىلىڭ، بۇ يەرگە كېلىپ ئوبدان قىپسىز، ئەمدى بىر نەچچە كۈن بىللە مۇڭدىشىپ يۈرەيلى.

مەنسۇر مېھماننى ھۆيلىسىغا باشلاپ بېرىپتۇ. دەستۇرخان ئېلىپ چىقىپ زىياپەت بېرىپتۇ. ئاندىن كېيىن ئۇ ئاكا ـ ئۇكا ئاغىنىلىرىنى چاقىرتىپ كېلىپ ئۇلار بىلەن ناسىرنى تونۇشتۇرۇپتۇ. ئاخىر ھەممىلىرى ناسىرنى ئۆيلىرىگە چاقىرىپ مېھمان قىپتۇ.

بىر كۈنى مەنسۇر ناسىرنى باشلاپ ئۆز دۇكىنىغا كەپتۇ. سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ ناسىر قاسساپ بۇ دۇكانغا كېلىپ ئولتۇرۇپ كېتىدىغان بولۇپتۇ.

ناسىر قاسساپنى ھەر كىم كۆرسە ئۇنىڭ ھۆسنىنى تاماشا قىلىپ قانمايدىكەن. ناسىر قاسساپنىڭ گۈزەل ھۆسنىنىڭ شۆھرىتى پۈتۈن شەھەر خەلقىگە مەلۇم بولۇپتۇ.

بىر كۈنى مەنسۇر دۇكاندا گۆش سېتىۋاتقان، ناسىر ياندا ئولتۇرغان ئىكەن. بىر چاغدا ۋەزىرنىڭ كىشىلىرىدىن بىر ئادەم كىرىپ كەپتۇ.

— ئەي مەنسۇر، — دەپتۇ قاسساپقا، — تېز بول، ماڭا بىر شاگىرتىڭنى قوشقىن. ۋەزىرنىڭ بىر قويى بار ئىدى. بېرىپ ئۇنى سويۇپ بەرسۇن.

مەنسۇر قاسساپ دەرھال ناسىرنى بۇيرۇپتۇ.

— سىز بېرىپ ۋەزىر جاناپلىرىنىڭ قويىنى سويۇپ بېرىپ كېلىڭ!

ناسىر ماقۇل بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ ھېلىقى ئادەمگە ئەگىشىپ مېڭىپتۇ. ۋەزىرنىڭ ھويلىسىغا، ئاندىن ئاشخانىسىغا كىرىپتۇ. ۋەزىرنىڭ خىزمەتچىلىرى ناسىر قاسساپنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپتۇ. شۇنچە گۈزەل، كېلىشكەن كىشى تۇرۇپ قاسساپچىلىق قىلغىنىغا ھەيران بولۇپتۇ. ھەممىلىرى ياخشى خىزمەت قىلىپ زىياپەت بېرىپتۇ. تاماقتىن كېيىن ناسىر ئورنىدىن تۇرۇپتۇ.

خىزمەتكارلار قويىنى ئېلىپ كىرىپتۇ. ناسىر قاسساپ تېزلىك بىلەن قويىنى سويۇپ پاكىزە تازىلاپ ياغ ـ گۆشلىرىنى ئايرىپ بېرىپتۇ.

ۋەزىرنىڭ ناھايىتى قاملاشقان ساھىپجامال بىر قىزى بار ئىكەن. ئالى كۆشكىدە ئولتۇرغان ئىكەن. كۆشكىنىڭ دەرىزىسى ئاشخانىغا قارايدىكەن. قىز ئوچۇق دەرىزىدىن ناسىر قاسساپنى كۆرۈپ قاپتۇ. قايتا ـ قايتا قاراپتۇ. ناسىر قاسساپمۇ قىزنىڭ ئايدەك جامالىنى كۆرۈپتۇ. ئۇلار بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ.

ناسىر قاسساپ ئون قويىنى بوغۇزلاپ سويۇپ گۆش ـ يېغىنى تازىلاپ بولۇپتۇ. كېتىدىغان ۋاقىت بولغاندا كەتكىسى كەلمەي ئىلاجىسىز ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا قىز ئاشپەزنى چاقىرىپتۇ:

ئەي ئاشپەز، — دەپتۇ ئۇ بوش ئاۋازدا تاپىلاپ، — قوي سويغان قاسساپ يىگىتكە بېرىپ ئېيتقىن. ماڭا ئازراق قىيمىغا باپ گۆشتىن ئېلىپ چىقسۇن!

ئاشپەز ناسىر قاسساپقا ئۇ قىزنىڭ سۆزىنى يەتكۈزۈپتۇ. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ناسىر ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ، دەرھال بىر نەچچە جىڭ پەش گۆش تەييارلاپ قىزنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. قىز يۈز ناز كەرەشمە بىلەن گۆشنى قولىدىن ئاپتۇ.

— ئەي يىگىت، — دەپتۇ قىز، تەبەسسۇم بىلەن يېقىملىق ئاۋازدا، — ئاش پىشقىچە بىردەم ئولتۇرغىن، ئاش يەپ كەتكىن!

ناسىر بۇ مەرھەمەتنى قىزدىن ئاڭلاپ دىلىدا خۇدايىتائاللا دەرگاھىغا يالۋۇرۇپتۇ:

— خۇدايا خۇداۋەندە قەشقەر شەھ-

www.uyghurkitap.com



رىگە مۇساپىر بولۇپ كېلىپ قالدىم. ئۇشبۇ ئىشقى سەۋدانىڭ جاپاسى بېشىمدا بار ئوخشايدۇ. ھەممە مۇشكۈلنى ئۆزەڭ ئاسان قىلغايسەن!

ئەلقىسسە، تاماق تەييار بولۇپتۇ، قىزنىڭ بىر قېرى ئىنىك ئانىسى بار ئىكەن. غىزادىن قاساپ يىگىتكە بېرىشنى بۇيرۇپتۇ.

قىزنىڭ بۇ ئىلتىپاتىنى ناسىر قاساپ ئاڭلاپ، كۆپ خۇرسەن بولۇپ، ھەقتائالاغا ھەمدۇ - سانا ئېيتىپتۇ. قىزنىڭ سۆزىگە ئاساسەن ئىنىك ئانا ناسىر قاساپقا ئاش، گۆش قاتارلىق نەرسىلەرنى بېرىپتۇ. ناسىر قاساپ گۆشنى بىلىگە تۇگۈپ، غىزانى كىچىك دەستۇرخانغا يۆگەپ، قىزغا تازىم قىلىپ خوشلىشىپ يولغا راۋان بولۇپتۇ.

ئەلقىسسە، ناسىر قاساپ ئەنسىز قىياپەتتە مەنسۇرنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. غىزانى ئېچىپ ئالدىدا قويۇپتۇ. باشقا ھەمراھلىرى بىلەن ئاشنى يەپتۇ، ناسىرنىڭ يۈرىكى ئىشقى ئوتىدا كۆيۈپ يانىماقتا ئىكەن؛ ئەمما يۈرەك سىرىنى مەنسۇرغا ئىزھار قىلماپتۇ.

ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى قىزدىن ئاڭلىماق كېرەك:

ناسىر قاساپ يانغاندىن كېيىن قىز ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيگە كىرىپتۇ. ئۆزىنى كېسەل قىلىپ ياستۇقنى بېشىغا قويۇپ يىغلاپ يېتىپتۇ. قىزنىڭ ئانىسى ئاڭلاپ، ئەنسىرەپ چېپىپ كىرىپتۇ.

—ئەي كۆز نۇرۇم — دەپتۇ ئانا قورقۇپ ئەنسىرەپ، ساڭا نىمە بولدى؟ قەيىرىڭ ئاغرىيدۇ؟

— ئەي مېھرىبانىم ئانا، — دەپتۇ قىز كۆزىنى ئېچىپ يىغىدىن توختاپ، — بېشىم قاتتىق ئاغرىۋاتىدۇ، كىشىلەرنىڭ گېپى قۇلىقىمغا كىرمەيدۇ. مېنى بىردەم ئارام ئالغىلى قويغىن.

قىز شۇنداق دەپلا ئورنىدىن تۇرۇپ ئانىسىدىن قېچىپ ئىچكىرىدىكى ئۆيگە كىرىۋاپتۇ. ئاندىن كېيىن ئىنىك ئانىسىنى چاقىرىپ سىرىنى ئىزھار قىلماقچى بولۇپتۇ.

— ئەي ئانا — دەپتۇ ئۇ ئىنىك ئانىسىغا قاراپ — مېنىڭ سىزگە مەخپى سۆزۈم بار، ئاڭلىغايسىز. مېنىڭ ئەھۋالىمغا قاراڭ. مەن كۆپ پەرىشانمەن. ئاشۇ كۈنكى قاساپ يىگىتنىڭ مۇھەببەت ئوتى مېنى خاراپ قىلاي دىدى...

قىز كۆپ يىغلاپ، ياش تۆكۈپ بىئارام بولۇپتۇ.

— سەۋرى قىلىڭ خېنىم — دەپتۇ ئىنىك ئانا تەسەللى بېرىپ — مەن گالىۋاڭ خوتۇن دەردىڭىزنى چۈشەنمەپتىمەن. ئەمدى بىلدىم، بىر ئىلاجىنى قىلاي.

قىز ئىنىك ئانىسىغا كۆپ ماللارنى ئىنئام قىپتۇ ۋە مەقسىدىگە يېتىش ئۈچۈن يېقىندىن ياردەم قىلسا يەنە كۆپ پۇل - مال بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

— ئەي كۆزۈمنىڭ نۇرى، — دەپتۇ موماي ئەھدىسىنى ئىزھار قىلىپ، — ھەرنە خالىسىڭىز شۇنىڭغا مۇۋاپىق ئىش قىلغايمەن، سىز خاتىرجەم بولۇڭ!

قىز مومايدىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ كۆڭلى سەل تەسكىن بولۇپ ئارام ئاپتۇ.

ئەلقىسسە، موماي قىز ئالدىدىن چىقىپ، قاساپ يىگىتنى قانداق ئىلىپ كېلىش مەسىلىسى ئۈستىدە باش قاتۇرۇپتۇ.

ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى قاساپ يىگىت ناسىردىن ئاڭلاش كېرەك:

شۇ كۈنى قىز بىلەن ئۇچرىشىپ قايتقاندىن كېيىن يىگىت ھوشىنى يوقىتىپتۇ. قىزنىڭ ئىشقىدا يۈرىكى كۆيۈپ، ئازاۋى كۈنسېرى ئۇلغىيىشقا باشلاپتۇ.

بىر كۈنى ناسىر مەنسۇرنىڭ دۇكىنىدا ئولتۇرسا ۋەزىرنىڭ بىر خىزمەتچىسى كىرىپ كەپتۇ. مەنسۇر گۆش پارچىلاۋاتقان ئىكەن. يەنە ۋەزىرنىڭ قويلىرىنى سويۇپ بەرگىلى بىرەر شاگىرتنى بېرىشنى ئېيتىپتۇ. مەنسۇر ئىشتىن توختاپ ناسىرغا دەپتۇ.

— سىز يەنە بېرىپ، ۋەزىرنىڭ قويلىرىنى سويۇپ بېرىپ كېلىڭ!

بۇ سۆز ناسىرغا ناھايىتى خوش كەپتۇ. ئۇ خىزمەتچىگە ئەگىشىپ ۋەزىرنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ.

موماي قاساپ يىگىتنى قانداق قىلىپ قولغا كەلتۈرۈش ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ يۈرگەن كۈنلەر بولغاچقا، ناسىرنىڭ ھويلىغا كىرىپ كەلگەنلىكى ئىنىك ئانىنى بەسىيار خوشال قىپتۇ. ئاندىن قاساپ يىگىتنى بىر خىلۋەتكە باشلاپ كىرىپتۇ. ھېچكىشى كۆرمەپتۇ. قىزنىمۇ چاقىرىپتۇ. ئەسلىدە بۇ ئۆينى مۇشۇ غەرەزدە تەييارلىغان ئىكەن. قىز خۇرسەن بولۇپ بەزمە سايمانلىرىنى ھازىرلاپ ناسىرنىڭ ئالدىغا ھازىر بولۇپتۇ. ئۇلار قەن بىلەن ھەسەلدەك كىرىشىپ كېتىپتۇ. بىر-بىرلىرىدىن ھال سوراپتۇ. ناسىر بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

ئۇلار ھەر تەرەپتىن سۆزلىشىپ، ئەيشى-ئىشرەت قىلىپ ھوزۇرلىنىپتۇ.

— ئەي يىگىت، — دەپتۇ قىز تەلەپ قىلىپ، — مېنى ئۆز يۇرتىڭغا ئېلىپ قاچقىن. بۇ يەردە مۇرادىمىزغا يەتكىلى بولمايدۇ.

— خوپ، — دەپتۇ ناسىر، قىزنىڭ مەسلىھىتىنى قوبۇل قىلىپ، سىزنىڭ سۆزىڭىزنى جېنىم بىلەن قوبۇل قىلىمەن!

ناسىر ئورنىدىن تۇرۇپ، سەپەر ھازىرلىقىنى قىلىش ئۈچۈن چىقىپ كېتىپتۇ. قىزمۇ ئاتىسىنىڭ خەزىنىسىگە كىرىپ ھەرخىل جاۋاھىراتلاردىن يەتكىچە ئاپتۇ، ناسىرغا ئىككى ھەميان ئالتۇن بېرىپتۇ.

— ئەي يىگىت، — دەپتۇ قىز ئاگاھلاندۇرۇپ، — ھوشيار بولغىنكى، گالۋاڭلىق-بىخۇتلۇق ئۆزىگە زىيان كەلتۈرىدۇ. دۈشەنبە ئاخشام كېچە ھەممە تەييارلىقنى تولۇق پۈتتۈرۈپ بولۇشىمىز لازىم. شۇ كۈنى كېچىسى چوقۇم قەسرىمىزنىڭ تېگىدە مېنى كۈتۈشىڭىز زۆرۈر. مەن ئاتامنىڭ تۇلپارلىرىدىن ئىككىنى تاللاپ ئېلىپ چىقىمەن. ئىككىمىز ئاتلارغا مىنىپ يولغا راۋان بولغايمىز.

ئۇلار مەسلىھەتلىرىنى بىر يەرگە توختىتىپ ۋەدىلىشىپتۇ. ناسىر قاساپ ئىككى ھەميان تىللانى بېلىگە مەھكەم تۈگۈپتۇ. قىز بىلەن خوشلىشىپ مەنسۇرنىڭ ھويلىسىغا قايتىپ كەپتۇ. دۈشەنبە ئاخشامىمۇ كەپتۇ. ناسىر قاساپ قىز كۆرسەتكەن مەنزىل-قەسرنىڭ تۈۋىگە كېلىپ ساقلاپ ئولتۇرۇپتۇ. ناسىر ساقلا-ساقلا كۆزىگە تاتلىق ئۇيقا كەپتۇ. قانچە قىلىپمۇ ئۇيقىدىن قۇتۇلالماي، ئاخىر ئۇخلاپ قاپتۇ.

بۇ شەھەردە مەككار، كاززاپ بىر ئوغرى بار ئىكەن، شۇ كېچىسى بۇ ئوغرى ۋەزىرنىڭ خەزىنىسىگە تېگىش مەقسىتىدە كەپتۇ. ئۇ قەسىر ئەتراپىنى ئايلىنىپ، چۈشىدىغان يەرنى ئىزلەپتۇ. قىز بولسا ئۆز سۆزىگە ئەمەل قىلىپ قەسرنىڭ تېمىغا كېلىپ ئوغرىنى كۆرۈپتۇ. لېكىن ئۇنى ناسىر قاساپ دەپ بىلىپ، كەمەنىڭ بىر ئۇچىنى قەسر كۇنگۈرىسىگە مەھكەم باغلاپ يەنە بىر ئۇچىغا ئۆزى ئېسىلىپ، ئوغرىنىڭ ئالدىغا چۈشۈپتۇ. ئوغرى قارىسا قەسرنىڭ تېمىدىن بىر ئادەم چۈشۈۋاتقىدەك، ئۇ پەسكە چۈشكەندىن كېيىن بېرىپ قارىسا، بىر نازىنىن قىز ئىكەن. ئوغرى قىنىغا سىغماي قاپتۇ. قىزنىڭ قولىدىن مەھكەم تۇتۇپتۇ. قىز سەل-

www.uyghurkitap.com

دىن كېيىن قولىنى تۇتقان باشقا بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىپ، قورقىنىدىن ھۇشىدىن كېتىپتۇ. ئوغرى دەرھال يانچۇغىدىن بىھۇش قىلىدىغان دورىنى ئېلىپ قىزنىڭ بۇرنىغا تۇتۇپتۇ. قىز بىچارە ئەمدى تولۇق بىھۇش بولۇپتۇ.

ئوغرى ئەتراپقا قاراپتۇ، نېرىراقتا ئۇخلاۋاتقان ناسىرنى كۆرۈپتۇ. پۇتىنىڭ ئۇچىدا ئاستا مېڭىپ بارسا، بىر ئادەم خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتقىدەك، ئۇياق ـ بۇ يېقىنى سىپاپ ئۇنىڭ بېلىدىكى ئىككى ھەميان ئالتۇننى سەزدۈرمەي ئاپتۇ. ئاندىن يۈدۈپ يولغا راۋان بولۇپتۇ.

ئەلقىسسە، ئوغرى قىزنى كۆتەرگىنىچە ئۆز ماكانىغا — شېرىكلىرىنىڭ قېشىغا يېتىپ بېرىپتۇ. ئوغرىلارنىڭ ماكانى بىر غارنىڭ ئىچىدە ئىكەن. بۇ ئوغرى قىز بىلەن ئىككى ھەميان ئالتۇننى شېرىكلىرى ئالدىغا قويۇپتۇ. ئوغرىلار بۇ ھالنى كۆرۈپ شاد خورام بولۇپ، مەزكۇر ئوغرىغا ئاپىرىنلار ئېيتىپتۇ. قىزنى ھۇشىغا كەلتۈرۈپتۇ. قىز كۆزنى ئېچىپ ئۆزىنى غار ئىچىدە ئوغرىلار ئالدىدا كۆرۈپ، قورققىنىدىن ھۇشىدىن كېتىپتۇ. قىزنى ئېلىپ كەلگەن ئوغرى ئۇنى يۆلەپتۇ.

— ئەي مەلىكە قورقماڭ، — دەپتۇ ئۇ ئوغرى، — بۇ يەرگە سىزنى مەن ئېلىپ كەلدىم. مەن بۇ تۇرغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ سەردارى بولىمەن. سىزگە يامان كۆز بىلەن قاراش بۇلارنىڭ ھەددى ئەمەس. خاتىرىڭىزنى جەم قىلىڭ، سىزنى قەغەزدىكى قەندەك ساقلايمەن.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ مەلىكە ئۆزىنى تۇتۇۋاپتۇ. «ئەمدى قانداق قىلىشىم كېرەك؟— دەپ ئويلاپتۇ ئۇ ئىچىدە، — قوش قىلتاقتا ئىلىنغاندىن كېيىن سەۋرى قىلىشى لازىم. مەن بۇلار بىلەن مۇرەسسە قىلىپ، پەم ئىشلىتىپ ساق-سالامەت قۇتۇلۇشنىڭ ئىلاجىنى تاپاي!»

ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى ناسىر قاسساپتىن ئاڭلاڭ:

ناسىر بىچارە، ئويغىنىپ قارىسا، بېلىدىكى ھەميان يوقمىش. ئۇ بىرەر يولۇچى ئېلىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ، تاڭ ئاتقىچە قىزنى ساقلاپتۇ. لېكىن قىزدىن ھېچنەرسە زاھىر بولماپتۇ. مۇنداق بولۇشىدا بىرەر سەۋەپ بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپتۇ ئۇ، — بىر بۇلۇڭغا بېرىپ ئەھۋالنى كۈزىتىپ باقاي.

ئۇ بىر خىلۋەتكە بېرىپ ئولتۇرۇپتۇ. شەرق سۈزۈلۈپ، كۈن پارلاپتۇ. شەھەرگە: «ۋەزىرنىڭ قىزىنى ئوغرى ئېلىپ قېچىپتۇ» دىگەن پاراڭ تارقىلىپتۇ. ناسىر قاساپ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ يۈرىكى ئازاپلىنىپتۇ. زار - زار يىغلاپ خىلۋەتتىن چىقماي يېتىپتۇ.

ئەلقىسسە، ۋەزىر ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن بارلىق كېنىزەك، ساراي خوجىلىرى ۋە ئىنىك ئانىلارنى ئىسكەنجىگە ئاپتۇ. قاتتىق سوراق قىپتۇ.

— قىزىمنىڭ قايان بارغىنىنى ئەلۋەتتە ھەر قايسىڭ بىلىسەن! — دەپتۇ ۋەزىر سوراق قىلىپ،— قىزىم قېنى؟ راستىنى ئېيتىش. بولمىسا جېنىڭدىن ياخشىلىق كۈتۈشمە!...

ئاخىر بىر كېنىزەك سۆزگە ئېغىز ئېچىپتۇ:

— ھۆرمەتلىك ۋەزىر جاناپلىرى،— دەپتۇ ئۇ قورقۇپ تىترەپ، — مەن كۆرگەن - بىلگىنىمنى سۆزلەپ باقاي!

— ھە، قېنى سۆزلە! — دەپتۇ ۋەزىر كۆزلىرىنى ۋەھىملىك پاقىرىتىپ، — باشقىلارمۇ ئويلاپ قويۇش!

— مەن شۇنى بىلىمەنكى، — دەپتۇ ھىلىقى كېنىزەك داۋام قىلىپ، — ناسىر قاسساپ دىگەن بىر ئادەم ئاشخانىغا كېلىپ قوي سويۇپ يۈرەتتى. مەلىكىنىڭ ئۇ يىگىتكە

مەيلى باردەك ھېس قىلغان ئىدىم. مەلىكىنى ئاشۇ يىگىت ئېلىپ قاچقان بولسا ئېھتىمال.

ۋەزىر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ دەرغەزەپ بولۇپ:

— دەرھال مەنسۇر قاساپنى تېپىپ كېلىڭلار! — دەپ بۇيرۇپتۇ.

ساقچىلار ئۇزاق ئۆتمەي مەنسۇر قاساپنى تۇتۇپ كەپتۇ.

— ئەي مەنسۇر! — دەپتۇ ۋەزىر ۋاقىراپ، — ناسىر دېگەن ھارامزادە ئەييار ھەمراھىڭ بار ئىكەن. ئۇنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟!

— مەن ئۇنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن، — دەپتۇ مەنسۇر نېمە ئەھۋال بولغانلىقىنى چۈشەنمەي ھەيران بولۇپ، — ئۇ بىر مۇساپىر كىشى ئىكەن، مېنىڭ ھويلامغا بىر ئىككى كۈن كېلىپ قونۇپ كەتتى. مېنىڭ ئادىتىم ھەر قانداق ئادەم ئۆيۈمگە كەلسە، تاپقىنىمنى ئايىمايمەن. ئۇ بىر غېرىپ مۇساپىر ئىكەن. ھازىر ئۇنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلمەيمەن. شۇنداقتىمۇ بىر ئىزلەپ باقاي.

— ئەي مىرشەپلەر، — دەپتۇ ۋەزىرنىڭ غەزىۋى تېخىمۇ ئۆرلەپ، — بۇ مېنى ئالدىماقچى ئوخشايدۇ، ئېلىپ بېرىپ دارغا ئېسىڭلار، ھەمرايى تېپىلغىچە دارغا ئېسىقلىق تۇرسۇن!

ۋەزىر يەنە قۇر بېشىغا: كېچىسى سەگەك يېتىپ پايلاڭلار! ناسىر ھارامزادە بۇ دوستىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن دارنىڭ ئاستىغا كېلىشى ئېھتىمال، كەلگەن ھامان ئۇنى تۇتۇڭلار! — دەپ تاپىلاپتۇ.

— خوپ، — دەپتۇ قۇر بېشى، — بۇيرۇقلىرىنى بىجىرىشكە ھەرقاچان تەييارمىز!

جاللاتلار ۋەزىرنىڭ بۇيرۇغى بىلەن مەنسۇرنى دارغا ئېسىپتۇ. ناسىر بۇ پاجىئەلىك خەۋەرنى ئاڭلاپتۇ. «ئەي ناسىر — دەپتۇ ئۇ ئۆزىگە، — سېنىڭ قىلغىنىڭ مەنسۇرگە زىيان بولدى. ئەمدى مەرتلىك شۇكى، ئەييارلىق ھۈنىرىنى ئىشلىتىپ، دوستۇڭنى داردىن قۇتقازمىغىڭ لازىم».

كەچ بولۇپ ئالەم قاراڭغۇلۇققا چۆكۈپتۇ. ناسىر خىلۋەتتىن چىقىپ، ئەييارلىق ئەسۋابىنى تۇتۇپ دارنىڭ ئاستىغا يېتىپ كەپتۇ. ساقچىلارنىڭ ئۇخلىشىنى كۈتۈپتۇ. لېكىن ئۇلار ئۇزاققىچە ئۇخلىماپتۇ.

«ئەمدى باشقىچە تەدبىر ئويلىمىسام بولمىدى» دەپتۇ ئۇ پىكىر يۈرگۈزۈپ.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ بىر ھالۋىچىنىڭ دۇكىنىنىڭ تېمىنى تېشىپ كىرىپ، بىر قانچە ھالۋىنى ئېلىپ، ئۇنى كېسىپ پارچىلاپ ئازراق بىھوش قىلىدىغان دورا قوشۇپ تەۋەككە سېلىپ ھالۋىچى قىياپىتىدە ساقچىلار ئالدىدىن ئۆتۈپتۇ. ساقچىلار ھالۋىچىنى بوزەك قىلىپ بەس-بەستە ھالۋىنى بۇلاپ قېچىشىپتۇ.

— ئەي بۇرادەرلەر، — دەپتۇ ناسىر بىچارىلارچە يالۋۇرۇپ، — مەن كەمبەغەلنىڭ بار-يوق دەسمايىم شۇ ئىدى. ماڭا ئىچىڭلار ئاغرىسۇن.

ساقچىلار ھالۋىچىنىڭ نالىسىغا قۇلاق سالماي ئېلىۋالغان ھالۋىنى ئالدىراپ يېيىشىپتۇ. ناسىر ئارقىسىغا قايتىپ، بىر خىلۋەتتە ساقچىلارنىڭ بىخۇت بولۇپ يىقىلىشىنى كۈتۈپتۇ. بىرئازدىن كېيىن ساقچىلار ئارقىمۇ-ئارقا ھوشسىزلىنىپ يىقىلىپتۇ.

بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن ناسىر دەرھال خىلۋەتتىن چىقىپ دار ئاستىغا كەپتۇ. مەنسۇرنى بوشىتىپ ئۇنىڭ ئورنىغا ئىككى ساقچىنى ئېسىپ قويۇپتۇ. باشقا ساقچىلارنىڭ يۈزلىرىگە ئەڭلىك، قېشىغا قېنىق ئوسما قويۇپ خوتۇن-قىزلاردەك پەدازلاپ قويۇپتۇ....

ئەتىسى، ناسىر ساقچىلارنىڭ ھەر

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

قايىسىنى ھەرخىل تەرتىپتە مەسخىرە قىلىپ
مەنسۇرنى ئېلىپ يولغا راۋان بولۇپتۇ.
— ئەي ئاغىنە، — دەپتۇ مەنسۇر ئازراق
يول يۈرگەندىن كېيىن، — سىز مېنى قويۇپ
بېرىڭ، مەن ئەمدى ئۆيۈمگە باراي. تۇققان-
لىرىم مېنى بىر يەرگە يوشۇرۇپتۇ. سىز مەس-
خىرىمىزنى تېپىڭ. سەھرالارنى، تاغۇ-دەش-
لەرنى ئاختۇرۇڭ. بىرەر نىشانىسىنى تاپسىڭىز
ئەجەپ ئەمەس.

ئۇلار ئۇزۇنداق دېيىشىپ، خوشلىشىپ-
تۇ. مەنسۇر ئۆز تۇققانلىرىنىڭ ئالدىغا
كەپتۇ. تۇققان قېرىنداشلىرى مەنسۇر قاسىپ-
نى سالامەت كۆرۈپ ئىنتايىن خوشال بولۇپ-
تۇ ۋە دەرھال ئۇنى بىر پىنھانغا يوشۇرۇپتۇ.

ئەلقىسسە، ناسىر قاسىپ دوستى
بىلەن خوشلىشىپ بىر سەھراغا چىقىپتۇ.
مەلىكىنىڭ دەردىدە زار-زار يىغلاپ خۇدا-
دىن مەدەت تىلەپ مېڭىپتۇ. بىر چاغدا
بىر بۇلاقلىققا يېتىپ كەپتۇ. قارىسا ناھايىتى
گۈزەل، ساپ ھاۋالىق جاي ئىكەن. ھەر
خىل مېۋىلەر پىشىپ، بۇلاقتىن چىققان سۈ-
زۈك سۇلار شىلدىلداپ ئېقىپ تۇرغىدەك.
بۇ يەر ناسىرنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە تارتىپتۇ.
بۇلاق لېۋىدە بىر ھازا ئارام ئېلىپ ئولتۇ-
رۇپتۇ.

كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي ئۇ يەردە ئۇس-
تىگە كونا كىيىم كەيگەن بىر دەرۋىش پەي-
دا بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ئادەم ناسىرغا سالام
قىپتۇ.

— ئەي خوجام، — دەپتۇ ئۇ دەرۋىش
ئىلتىجا قىلىپ — بىر نەچچە دىۋانە دەرۋىشدۇر-
مىز. دەرۋىشلىككە قانائەت قىلىپ ئۇشبۇ
غارنى ماكان تۇتتۇق. بىزگە بىر ئىلتىپاتى-
ڭىز بولسا مەرھەمەت قىلسىڭىز ئىكەن.

ناسىرنىڭ ئۇ دەرۋىشكە رەھمى كې-
لىپ بىر-ئىككى تەڭگە بېرىپتۇ. دەرۋىش نا-
سىرغا دۇئا قىپتۇ.

ئۇ دەرۋىش غارغا كىرىپ بىھوش
قىلىدىغان دورا سېلىنغان بىر جام شارابنى
ئېلىپ چىقىپ ناسىرغا سۇنۇپتۇ.

ئۇزاق يول يۈرۈپ چارچاپ ئۇسسى-
غانسىز — دەپتۇ ئۇ يالغاندىن كۈلۈپ — قېنى
بۇ شارابنى ئىچىپ ھوزۇرلىنىۋېلىڭ.

ناسىر شارابنى ئىچىپ، بىھوش بولۇپ
يىقىلىپتۇ. بۇ دەرۋىش ئەسلى قىزنى ئېلىپ
قاچقان زەبەردەست ئوغرى ئىكەن. ئۇ بى-
ھوش ياتقان ناسىرنىڭ مەيدىسىگە دەسسەپ
تۇرۇپ، خەنجىرىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ بې-
شىنى تېنىدىن جۇدا قىلماقچى بولۇپتۇ. لې-
كىن ناسىرنىڭ يۈزىگە قاراپ كۆڭلى چىمدى-
ماپتۇ. چۈنكى ناسىر تولىمۇ گۈزەل ساھىب-
جامال يىگىت ئىكەن. ئوغرى زەڭ قويۇپ
بۇ مۇساپىر يىگىتنىڭ ھالىتى قىسىر تېگىدە
ئۇخلاپ ياتقان ئادەم ئىكەنلىگىنى پەملەپتۇ.

ئەلقىسسە، ئوغرى ناسىرنى ئۆلتۈر-
مەپتۇ. پەقەت كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋېلىپ
پۇت-قوللىرىنى مەھكەم باغلاپ قويۇپ غارغا
كىرىپ قىزغا خەۋەر قىپتۇ.

— ئەي بەرنا، — دەپتۇ ئۇ مەغرۇرلى-
نىپ، — مەن بىر يىگىتنى باغلاپ، بۇلاق بويىدا
تاشلاپ قويدۇم. ئۆتكەندە سىنىڭ قەسىرىڭ-
نىڭ تېگىدە ئۇنىڭ بىلەندىكى ئىككى ھەميان-
نى تىللاسى بىلەن سەزدۇرمەي ئېلىۋالغان
ئىدىم. مانا بۇ تىللا شۇدۇر.

ئوغرى ھەميانىنى تىللا بىلەن قىز-
نىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ، قىز دەرھال ھەميانىنى
تونۇپتۇ.

— ئۇ يىگىت ھازىر قەيەردە قالدى؟ —
دەپ سوراپتۇ قىز.

بۇلاقنىڭ بويىدا، — دەپ جاۋاپ
بېرىپتۇ ئوغرى مەغرۇرلىنىپ، چەمبەرچەس

باغلاپ قويدۇم.

مەلىكە بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئالللاتائالاغا شۈكرى قىپتۇ.

— ئەي پالانى، — دەپتۇ قىز ئوغرىغا ئىلتىماس قىلىپ، — بۇلاقتىن ماڭا سۇ ئەپكىلىپ بەرگىن. كۆڭلۈم بۇلاق سۈيىنى خالاۋاتىدۇ.

— باش ئۈستىگە، — دەپتۇ ئوغرى خوشال بولۇپ.

باشقا ئوغرىلار ئوغرىلىققا كەتكەن ئىكەن، غاردا مەلىكە يالغۇز قالغاچ، پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، بىر قاچا شەربەتكە بىھوش قىلىدىغان دورا سېلىپ تەييار قىلىپ قويۇپتۇ. ئوغرى سۇنى ئېلىپ كەپتۇ. مەلىكە يۈز خىل ناز كېرەشمە بىلەن جامنى قولىغا ئېلىپ ئوغرىغا سۇنۇپتۇ. ئوغرى خوشال بولۇپ، مەلىكىنىڭ قولىدىن شەربەتنى ئېلىپ ھوزۇرلىنىپ ئىچىپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ھۇشىدىن كېتىپ يىقىلىپتۇ. مەلىكە دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ۋە ئوغرىنىڭ غىلاپىدىن خەنجىرىنى سۇغۇرۇۋېلىپ ئۇنىڭ كاللىسىنى كېسىپتۇ.

قارنىنى يېرىپ بېشىنى قارنىغا تىقىپ قويۇپتۇ. ئاندىن كېيىن ھەميانىدىكى ئالتۇننى، قىممەت باھالىق ماتالارنى ئېلىپ بۇلاقنىڭ بويىغا بېرىپتۇ. پۈتۈن ئەزالىرىنى پاكىزە يۇيۇپ ئىككى رەكەت شۈكرانە ناماز ئوقۇپتۇ. ئاندىن كېيىن ناسىرنى باغلاپ قويغان يەرگە كەپتۇ. قارىسا، بىچارە ناسىر قول-پۇتلىرى باغلاقلىق ياتقۇدەك. مەلىكە ئۇنىڭ قول-پۇتلىرىنى يېشىپ بوشىتىپ، ھۇشىغا كەلتۈرىدىغان دورىلارنى بۇرنىغا تۇتۇپتۇ. ناسىر يەنىلا ھۇشىغا كەلمەپتۇ.

مەلىكە روھسىزلىنىپ غارغا بېرىپتۇ ۋە كونا سىركە بىلەن بادام يېغىنى ئېلىپ كەپتۇ. ئۇنى ناسىرنىڭ بۇرنىغا تېمىتىپتۇ. ناسىر دەرھال چۈشكۈرۈپ، ھۇشىغا كېلىپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. مەلىكىنى كۆرۈپ قىزنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپتۇ.

— ئادەم دېگەن شۇنداقمۇ بىپەرۋالىق قىلامدۇ؟ — دەپتۇ مەلىكە نەسىھەت قىلىپ، — تونۇمىغان كىشىنىڭ قولىدىن شەربەت ئىچىش بەزىدە كىشىنى ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدۇ. كۆپ ئاخماقلىق قىپسىز. ئەييار ئوغرىنىڭ مىكرىگە ئۇچراپسىز!

ئۇلار خۇداغا مىڭبىر شۈكرىلەر ئېيتىپ، ئالتۇن-كۈمۈش قاتارلىق دۇنيانى ئېلىپ يولغا راۋان بولۇپتۇ.

ئۇلار بىر ئاز يول يۈرۈپ بىر قىشلاققا كەپتۇ. ناسىر قاسساپ قىشلاقتىن تاللاپ ئىككى ئات سېتىۋاپتۇ. مەلىكىگە ئەرەنچە كىيىملەرنى كىيدۈرۈپتۇ. ئاندىن ئەنجان شەھرىگە قاراپ يولغا راۋان بولۇپتۇ. بىر نەچچە مەزگىل يول يۈرۈپ ئەنجان شەھرىگە يېتىپ كەپتۇ. ناسىر قاسساپ مەلىكىنى بىر پىنھان يەردە قويۇپ ئۆزى شەھەرگە كىرىپتۇ. ئۇرۇق-تۇققانلىرىنى يىغىپ بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىپتۇ، ۋە ئۇلارنى مەلىكىنىڭ ئالدىغا باشلاپ چىقىپتۇ. ھەممەيلەن شات-خورام بولۇپ ئويۇن-كۈلكىلەر بىلەن مەلىكىنى شەھەرگە ئېلىپ كىرىپتۇ. يەتتە كۈنگىچە توي-تاماشالار قىلىپ، مەلىكىنى ناسىرغا نىكالاپ بېرىپتۇ.

ناسىرنىڭ قېرىنداشلىرى ئىككىسىنىڭ بېشىغا دۇررى جاۋاھىرلار چېچىپتۇ. بۇ خوشاللىق تەنتەنىسىدىن دوستلار شات، دۈشمەنلەر غەمكىن بولۇپتۇ. ئىككى ئاشىق-مەشۇق مۇراتلىرىغا يېتىپتۇ.

گۈلشات ھېكايىسىنى تاماملاپتۇ. بۇ ھېكايە شىرزاتقا خوش كەلگەچكە، گۈلشاتقا ئاپىرىن ئوقۇپ، بېشىدىن دۇررىلەر چېچىپتۇ.

www.uyghurkitap.com

## شىرزات بىلەن گۈلشاتنىڭ مەنزەر مۇشتىرىغا چىقىپ ئولتۇرغىنىنىڭ بايانى

ئەلقىسسە، گۈلشات ئالتىنچى مەنزەرنىمۇ ياساتقان ئىكەن. ئۇنىڭ ئېتى مۇشتىرى ئىكەن. شىرزات ئالتىنچى كۈنى مۇشتىرى مەنزەرگە چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ. كېنىزەك قىزلارنى ياساپ بەزمىگە تەييارلىق قىپتۇ. سازەندىلەر چاڭ، راۋاپلارنى ناۋازىشقا كىرگۈزۈپتۇ. ساقىلار ئالتۇن پىيالىلارنى لەئەلدەك شاراپ بىلەن لىپمۇ-لىپ تولدۇرۇپ ئايلاندۇرۇپتۇ.

شىرزات كۆپرەك ئىچىۋالغىنى ئۈچۈن ئاسانلا بىھۇش بولۇپ، مەسلىك هالدا سۆزلەشكە باشلاپتۇ. مەرھۇم ئانىسى يادىغا كېلىپ، پەررۇخزادىنى مەنزەردىن تاشلاپ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق قىپتۇ.

— ئەي پادىشاھى ئالەم، — دەپتۇ گۈلشات ناز-كەرەشمە قىلىپ، — ئازغىنا سەۋرى قىلغايلا. چۈنكى، بۇ مەنزەر خۇشاللىقنىڭ جايىدۇر. خۇنرىزلىقنىڭ ماكانى ئەمەسدۇر. بۇ توغرىدا بىر ھىكايە بار. ئەگەر جاناپلىرى ئىجازەت بەرسىلە سۆزلەپ بەرسەم!

— ھىكايەڭنى ئېيتقىن، — دەپتۇ شىرزات رۇخسەت بېرىپ، — مەن ئاڭلاشقا تەييار.

رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىشىدۇ، — دەپ ھىكايىسىنى باشلاپتۇ گۈلشات، — شام ۋىلايىتىدە بىر قازى بار ئىكەن. ئۇ قازى ناھايىتى كېلىشكەن، خۇشخۇي، شىرىن سۆزلۈك، ئاق كۆڭۈل، رەھىمدىل ئىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە قازى ئېتىغا مىنىپ بىر يەرگە كېتىپ بارغاندا، پادىشانىڭ قەسرىگە كۆزى چۈشۈپتۇ. ئۇ قەسىردە بىر ئالىي مەنزەر بار ئىكەن. ئۇ مەنزەرنىڭ بىر تەرىپى كاتتا يولغا قارايدىكەن. ئۇ مەنزەرنىڭ ئىچىدە پادىشانىڭ قىزى بار ئىكەن. ئۇ مەلىكە ئىنتايىن ساھىپجامال گۈزەل نازىنىن ئىكەن، مەستۇرە ئىسىملىك بۇ قىز راۋاقتىن كوچىغا قاراپ تاماشا قىلىپ ئولتۇرغاندا قازى يولدىن ئۆتۈپتۇ. مەستۇرەنىڭ نەزىرى قازىغا چۈشۈپتۇ. قازىمۇ مەستۇرەنى كۆرۈپتۇ. ھۆسنىنى پەرىزاتلار كۆرسىمۇ رەشك قىلغىدەك گۈزەل مەستۇرە قازى بىچارىنى بىر قاراشتىلا ئۆزىگە مۇپتىلا قىپتۇ. قىزمۇ قازىغا جان دىلى بىلەن ئاشىق بولۇپتۇ.

مەستۇرەنىڭ قولىدا ئالتۇن ئالمىسى بار ئىكەن. ئۇ ئالمىنى قازىغا قارىتىپ ئېتىپتۇ. قازى چاققانلىق بىلەن ئالتۇن ئالمىنى تۇتۇۋاپتۇ. لېكىن ھۇشىنى يوقىتىپ، يەنە تۇرۇۋېرىشكە پېتىنالماي، ئىلاجىسىز يولىنى داۋام قىپتۇ. ھويلىسىغا بېرىپ ئەقلىدىن ئايرىلغان مەجنۇن ئادەمدەك بولۇپتۇ.

راۋاق ئۈستىدە ئولتۇرغان مەستۇرەمۇ قازىنىڭ ئىشقىدا كۆيۈپتۇ.

بېيىت

مۇھەررەم بولسىكەن ئىشقا كېبىل،<br>
ئىزدىسە مەن ئۈچۈن ياردىن ۋەسل.

ئەلقىسسە، مەستۇرە سەۋرى قىپتۇ. بۇ مۈشكۈلنىڭ ھەقتەئالا رەھمىتى بىلەن ھەل بولۇشىغا ئۈمىت باغلاپتۇ. قازىنىڭ يەنە بىر قېتىم مۇشۇ يولدىن ئۆتۈپ قېلىشىنى مۇشتاق بولۇپ كۈتۈپتۇ.

شۇ كېچىسى تاڭ ئاتقىچە قازىنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەپتۇ. سۈبھى سۈزۈلۈپ كۈن چىقىپتۇ. ئاندىن كېيىن ئىككى نەپەر خىزمەتچىسىنى ھەمرا قىلىپ پادىشانىڭ قەسرى تەرەپكە راۋان بوپتۇ. يىراقتىن كېلىۋېتىپ، قازىنىڭ نەزىرى مەنزەرىگە چۈشۈپ مەستۇرەنىڭ راۋاقتا چىقىپ ئولتۇرغانلىغىنى كۆرۈپتۇ. قازى مەستۇرەنى كۆرۈش بىلەن تەڭلا بەدىنىدە تىترەك پەيدا بولۇپتۇ.

مەستۇرە يۈز خىل ناز كىرەشمە بىلەن قازىغا جىلۋىلىنىپ مۇشتاقانە تەلمۈرۈپ قاراپتۇ. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ قېرى ئىنىك ئانىسى چىقىپ قېلىپ، بۇ ھالنى كۆرۈپتۇ.

— ئەي مەستۇرە، — [illegible] موماي قىزغا نەسىھەت قىلىپ، ساڭا بۇ ئىش لايىق ئەمەس. نامەردگە ئىنتىلىپ يۈزمۇ-يۈز قاراپ جىلۋە قىلىشىڭ تولىمۇ چوڭ گۇناھ.

قازى دەرھال ئارقىسىغا قايتىپتۇ. موماي مەستۇرەنى كۆپ سىقىپ سوراقلاپتۇ.

— بۇ ئىشلارنى ئۇنىچىلا سۈرۈشتۈرمە ئانا، — دەپتۇ مەستۇرە ۋە ئۇ قولىدىكى ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈكىنى مومايىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ، — مېنىڭ ئەيىۋىمنى ئاشكارا قىلمىغايسەن!

موماي قىزىنىڭ ئىلتىپاتىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇرسەن بولۇپتۇ.

— ئەي مەستۇرە، غەم يېمىگىل، — دەپتۇ ئۇ تەسەللى بېرىپ، — كۆڭلۈڭنى ئۇچۇق تۇتقىن. جېنىم تېنىمدە بولسىلا پەقىر ئانىڭ ساڭا يېقىندىن خىزمەت قىلىدۇ. مەقسىدىڭ نېمە بولسا، ئارزۇيۇڭغا يېتىشىڭ ئۈچۈن قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىمەن. مېنىڭ مەسلىھەتىم شۇكى، سەن دەرھال كېسەل بولىۋالغىن. بېشىم ئاغرىپ قالدى دەپ توختىماي ۋاي-ۋايلاپ يىغلاپ زارلانغىن. پادىشا ئاڭلاپ سېنى يوقلاپ كىرىدۇ. سەن پادىشادىن بىرقان ئالدىغان خوتۇن كەلتۈرۈپ بېرىشنى ئېيتقىن. ئەلۋەتتە پادىشا بۇ ئىشقا مېنى بۇيرىسا كېرەك. قالغان ئىشنى ئۆزەم جايلايمەن.

بۇ مەسلىھەت مەلىكىگە خوش كەپتۇ.

— رەھمەت سىزگە ئانا، — دەپتۇ ئۇ خوشال بولۇپ. — بۇ ئىشلار مېنىڭ كۆڭلۈمگە كەلگەن، كىمگە دېيىشنى بىلمىگەن، ئەمدى ماقۇل مەسلىھەتىمىز شۇنداق بولسۇن.

موماي كۆزدىن غايىپ بولۇپتۇ. مەلىكە يىغلاپ نالە-زارە قىلىشقا باشلاپتۇ. بۇ خەۋەر پادىشاغا مەلۇم بولۇپتۇ. پادىشا مەستۇرەنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىكەن، مەستۇرەنىڭ يىغىسىنى ئاڭلاپ ئورنىدىن چۆچۈپ تۇرۇپتۇ. دەرھال راۋاقتا قەدەم تەشرىپ قىپتۇ.

— ئەي مەلىكە ساڭا نېمە بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشا ئىچىنى ئاغرىتىپ، — كۆڭلۈڭ نېمە تارتىدۇ؟

— بۇرنىگىم كۆيىدۇ، — دەپتۇ مەلىكە ئاستا يىغلاپ، — ئۇستىخانلىرىم قىزىيدۇ، بېشىم قاتتىق ئاغرىيدۇ، ئەھۋالىم ناھايىتى پەرىشان. پادىشا بۇ سۆزنى ئاڭلاپ رەھمى كېلىپ، تەسەللى بېرىپ، دىلدارلىق قىپتۇ.

— تېۋىپ خوتۇن تېپىپ كورسەتەمەكمىكىن دەپتۇ پادىشا. مەلىكە خۇرسەنچىلىكنى بىلدۈرۈپ:

— ئىنىك ئانىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا قان ئالدىدىغان بىر تېۋىپ خوتۇن بارمىش، شۇنى كەلتۈرسىڭىز، — دەپتۇ.

پادىشا ئىنىك ئانىغا:

— مەلىكە قايسى تېۋىپ خوتۇننى خالىسا شۇنى دەرھال تېپىپ كەلگىن! — دەپتۇ. تاڭ ئېتىشى بىلەن ئۆزى شىكارغا چىقىپ كېتىپتۇ.

— ئەي ئانا، — دەپتۇ مەلىكە ئىنىك ئانىغا، — ئەمدى ئىش ئوڭدىن كېلىدىغان

بولدى. ئىنشائاللا، سىنىڭ قىلغىنىڭنى ئۇنتۇپ قالمايمەن.

ئىنىك ئانا دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ يولغا راۋان بولۇپتۇ. قازىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭدىن سۆيۈنچە ئاپتۇ.

— ئەي قازى، — دەپتۇ مىرماي خۇشخەۋەرنى ئىزھار قىلىپ، — بۈگۈن سىزگە سائادەت يۈزلەندى. مەھبۇبىڭىز سىزنى چىللاۋاتىدۇ. تېز بولۇڭ، سىزنى باشلاپ بارىمەن!

— ئەي ئانا، — دەپتۇ قازى خۇشاللىقتىن ھودۇقۇپ، — قانداق بارىمەن؟

— غەم يىمە، — دەپتۇ مىرماي يۈرەكلىك سۆزلەپ، — سىنى ئايالچە كىيىندۈرۈپ، يۈزۈڭگە پەرەنجە يېپىپ تەتۈرسى ئايال سۈرىتىدە ئېلىپ بارىمەن. ھېچكىم بىلمەيدۇ، مەھبۇبىڭ بىلەن قانغىچە ئۇچرىشىۋالىسەن.

— رەھمەت سىزگە ئانا، — دەپتۇ قازى، — مەنمۇ سىزنىڭ ئەجرىڭىزنى يەردە قويمايمەن.

مىرماي قازىنى ياساپ - جابدۇپ بولغاندىن كېيىن ئوردىغا — شاھنىڭ قەسرىگە باشلاپ كېلىپتۇ. مەستۇرە تازىم بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، قازىنى ئىچكىرىگە باشلاپتۇ. بىر-بىرلىرى بىلەن قۇچاغلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. مۇراتلىرىنى ھاسىل قىلىپ يۈرەكلىرى شاتلىققا تولۇپتۇ.

شۇ ئەسنادا پادىشا شىكاردىن قايتىپ كەپتۇ - دە، ئۇدۇل مەنزىرگە قاراپ مېڭىپتۇ. مەلىكە قازىنى ساندۇققا سولاپ قۇلۇپ سېلىۋېتىپتۇ.

— ئەي مەستۇرە، بۈگۈن ئەھۋالىڭ قانداق؟ — دەپتۇ پادىشا ھال سوراپ، — خېلى ياخشىلىنىپ قالدىڭمۇ؟

مەستۇرە دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، پادىشاغا تازىم قىلىپ جاۋاپ بېرىپتۇ:

— خۇداغا شۈكرى شاھ ئاتا، بۈگۈن خېلىلا ئۆزگىنىپ قالغاندەك تۇرىمەن.

پادىشا خۇرسەن بولۇپ ئارقىسىغا قايتىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

كۈن پېتىپ كەچ بولۇپتۇ. شۇ ئاخشىمى پادىشانىڭ خەزىنىسىنى كۆزلەپ ئوغرى كەلگەن ئىكەن. ئوغرىلار ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىن تېشىپ كىرىپتۇ. قارىسا بىر كاتتا ساندۇق تۇرۇپتۇ. ئوغرىلار ساندۇقنى كۆتىرىپ يولغا چۈشۈپتۇ ۋە ئۇزۇن بىر مەيدانغا ئېلىپ بېرىپ ئاچماقچى بولۇپ تۇرغاندا ساقچىلار قوغلاپ كېلىپ قاپتۇ. ئۇ مەيدان بىر باشلىققا قاراشلىق ئىكەن. ئوغرىلار ساندۇقنى شۇ يەرگە تاشلاپ ئۆزلىرى بەدەر قېچىپتۇ. ساقچىلار ساندۇقتا تارىماي ئوغرىلارنى قوغلىغانلىرىچە ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

باشلىقنىڭ خوتۇنى كېچىدىكى گۈلدۈر-گۇلۇپ ئاۋازدىن ئويغىنىپ كەتكەن ئىكەن. ئۇ قورقۇپ كېنىزىگىنى نۇرقۇپ ئويغىتىپتۇ.

— ئەي كېنىزەك، كۆزۈڭنى ئاچ! — دەپتۇ ئۇ بوش ئاۋازدا، — ئۆيىنىڭ ئارقىسىدا بىرنىمە گۈلدۈر-گۈلۈپ قىلىۋاتىدۇ. يۈرگىن، ئىككىمىز چىقىپ باقايلى!

كېنىزەك كۆزىنى ئېچىپ، ئالاجىسىز ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. ئۇلار بىللە ئاستا ھويلىسىغا چىقىپ يوچۇقتىن مەيدانغا قارىسا، ئۇ يەردە چوڭ بىر ساندۇق تۇرغىدەك. ئۇلار تاشقىرىغا چىقىپ ساندۇقنى تەسلىكتە كۆتىرىپ ھويلىغا ئېلىپ كىرىپتۇ. بىر ئاماللارنى قىلىپ ساندۇق ئاغزىنى ئېچىپ ئىچىگە قارىسا، قازى يالىڭاچ ياتقىدەك. باشلىقنىڭ خوتۇنى ئۇنى كۆرۈپلا تونۇپتۇ. قازىدىن ئەھۋال سوراپتۇ.

— مەن ئۆيۈمدە يالغۇز ياتسام، — دەپتۇ قازى ئەھۋالنى تونۇشتۇرۇپ، — ئوغرى

كىرىپ ھەممە ماللىرىمنى ئالدى. مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى. قورقۇپ ھوشۇمدىن كېتىپتىمەن. ئاندىن نىمە بولغانلىغىنى بىلمىدىم، كۆزۈمنى ئېچىپ سىلەرنى كۆردۈم.

— ئەي قازى، — دەپتۇ باشلىقنىڭ خوتۇنى، — ئۆزۈندىن بىرى مەن سىزنىڭ ئىشقىڭىزدا كۆيگەن ئىدىم. كېچە-كۈندۈز پىراقىڭىزدا ئۆرتىنىپ ۋىسالىڭىزغا مۇيەسسەر بولۇشنى خۇدادىن تىلەيتتىم. ئەلھەمدۇلىللا، ئوغرىلارنى خۇدايىم سەۋەپ قىلدى. ۋەسلىڭىزگە ۋاسىل بولدۇم. ئەمدى ۋاقت غەنىمەت. بىر-بىرىمىز بىلەن ئەيشى ئىشرەت قىلىپ مۇراتقا يېتەيلى.

ئۇ ئايال قازىنى خىلۋەت ئۆيگە ئېلىپ كىرىپتۇ، تاڭ ئاتقىچە ئۇلار ئىشرەت قىلىشىپتۇ.

سۇبھىگە يېقىنلىغاندا باشلىق مەس ھالدا يېتىپ كەپتۇ. ئۇ ئەسلى قىمارۋاز، ھاراقخورلارنى تەكشۇرۇشكە كەتكەن ئىكەن. بۇ ھالدىن خەۋەر تاپقان خوتۇن دەرھال قازىنى بىر كۆپىكە سېلىپ ئاغزىنى ئېتىپ قويۇپتۇ. شۇ ئەسنادا باشلىق كىرىپ كېلىپ خوتۇنىغا قاتتىق سۆزلەپتۇ. خوتۇنمۇ بوش كەلمەي قوپاللىق بىلەن قاتتىق سۆزلەپتۇ.

— ئەي بەدبەخ، — دەپتۇ باشلىق قەھرى ئۆرلەپ، — سەن ماڭا نىمانچىلا قاتتىق سۆزلەيسەن!؟ بۇنداق قىلىشىڭدا بىر سەۋەپ بولسا كېرەك. كۆڭلۈڭ بۇزۇلغان ئوخشايدۇ. سېنىڭ مۇلايىملىق بىلەن قىزغىن سۆزلىشىدىغان باشقا بىر ئادىمىڭ بار ئوخشىمامدۇ؟

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ئايالنىڭ غەزىۋى قايناپتۇ.

— ئەي پاسىق، — دەپتۇ ئۇ ئۆزىنى باسالماي، — سەن كىشىلەرنى توغرا يولغا سېلىش ئۈچۈن چىقىپ ئۆزەڭ يولدىن چىقىپسەن. شاراپ ئىچىپ مەس بولۇپ رەسۋايى ئالەم بولۇپسەن.

باشلىقنىڭ ئاچچىغى كېلىپ بىر تاشنى ئېلىپ خوتۇنىغا قارىتىپ ئېتىپتۇ. تاش بېرىپ كۆپكە تېگىپ ئۇنى سۇندۇرۇۋېتىپتۇ. خوتۇن چاققانلىق بىلەن كۆپنىڭ ئالدىنى توسۇپتۇ. ئاندىن كېيىن يۈگرۈپ كېلىپ باشلىقنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ بىشەملىك قىلىپ سۆرەپتۇ. كېنىزەككە قازىنى باشقا ئۆيگە ئېلىپ كىرىشنى ئىشرەت قىپتۇ. كېنىزەك قازىنى باشقا ئۆيگە ئەپكىرىشنى ئىشارەت قىپتۇ. كېنىزەك قازىنى باشقا ئۆيگە ئېلىپ كىرىپتۇ. ئاندىن كېيىن ئۇ چىقىپ ئەر-خوتۇننى ئەپلەشتۈرۈش ئامالىنى قىپتۇ. شۇ ئەسنادا ۋاقت ناماز بامدات بولۇپتۇ. باشلىق نامازغا چىقىپ كېتىپتۇ. باشلىقنىڭ خوتۇنى دەرھال بىر كونا پەرەنجە تېپىپ قازىغا يېپىندۇرۇپتۇ. كېنىزىكىنى قوشۇپ قازىنى ئۆز ئۆيىگە يولغا ساپتۇ. كېنىزەك ئالدىن يۈرۈپ قازىنى باشلاپ كېتىۋاتقاندا باشلىق نامازدىن چىقىپ قاپتۇ. كېنىزەكنى كۆرۈپ تونۇپتۇ.

— نەگە ماڭدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇ، — بۇ كەينىڭدىكى كىم؟

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان قازى قورققىنىدىن سىيىپ ساپتۇ.

— بۇ ئايال خوشنىمىزنىڭ خوتۇنى، — دەپتۇ كېنىزەك مەككارلىق بىلەن راۋان سۆزلەپ، — بۇ كېچە ئېرى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغان ئىكەن. قازىنىڭ ئالدىغا بارماقچى، لېكىن قازىخانىنى بىلمەيدىكەن. ماڭا كۆپ يالۋۇرغىنى ئۈچۈن باشلاپ كېتىۋاتىمەن.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ باشلىق مېڭىشقا ئالدىرىغان كېنىزەكنى توختىتىپ، — بۇ ئۆز خوشنىمىز ئىكەن. بۇنىڭ ئېرىگە نەسىھەت قىلىپ ئۆزەم ياراشتۇرۇپ قويىمەن. قازى بىچارە بۇ سۆزنى ئاڭلاپ قورقۇپ تىترەپ كېتىپتۇ.

www.uyghurkitap.com



— بۇ خوتۇن مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلىماي مېنى ئۇسال قىلمىسۇن، — دەپتۇ باشلىق قازىنىڭ تېپىرلاپ قازىخانىغا مېڭىشقا ئالدىراپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، — بوپتۇ، قازىخانىغا باشلاپ بار!

شۇنداق دەپ باشلىق ئۆيىگە مېڭىپتۇ. كېنىزەك ھىلىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىدىن خۇرسەن بولۇپ، قازىنى ئامان-ئېسەن ئۆز ماكانىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. ئۆزى قايتىپ باشلىقنىڭ ئالدىغا كەپتۇ.

— قازى بىچارە شۇنچە مۇشەققەتلەرنى چېكىپ ئاخىر يەنە يېرۇقلۇققا چىقىپتۇ، — دەپ ھىكايىسىنى تاماملاپتۇ مەلىكە گۈلشات، بۇ ھىكايىمۇ شىرزاتقا يېقىپتۇ. مەلىكىگە كۆپ تەھسىن-ئاپىرىنلار ئېيتىپتۇ. قولىدىكى بىر جام شارابنى مەلىكىگە سۇنۇپتۇ.

## شىرزات بىلەن گۈلشاتنىڭ مەنزەر مىررىخقا چىقىپ ئولتۇرغىنى

ئەلقىسسە، گۈلشات مەنزەر مىررىخنى ياساپتۇ. يەتتىنچى كۈنى شىرزات تەختىگە چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ. ساقىلار ئالتۇن پىيالىلارنى تولدۇرۇپ ئايلاندۇرۇپتۇ. چوڭ بەزمە قۇرۇپ، چاڭ، راۋاپلارنى ناۋازىشتا كەلتۈرۈپتۇ. شىرزات شارابنى ئىچىۋېرىپ مەس بولۇپتۇ. ئانىسى يادىغا كېلىپ دەرھال قەھرى قوزغىلىپتۇ.

— ئەي جاللاتلار! — دەپتۇ ئۇ بۇيرۇق قىلىپ — ئانامنىڭ قاتىلى پەررۇخزادە دىگەن خۇنخورنى تۇتۇپ كېلىپ مەنزەردىن تاشلاپ، كىشىلەرگە ئىبرەت قىلىڭلار! مۇندىن كېيىن ھېچكىم كىشىنىڭ قېنىنى ناھەق تۆكمەيدىغان بولسۇن!

— ئەي جاللاتلار، توختاڭلار، مېنىڭ پادىشاغا سۆزۈم بار، — دەپتۇ گۈلشات، ئاندىن شىرزاتقا قاراپ ئېگىلىپ تازىم قىلىپ، ناز-كەرەشمە بىلەن سۆزلەپتۇ، — ئەي پادىشاھى ئالەم، سىزدىن بۇ كېچە ھەم ئاتامنىڭ قېنىنى تىلەيمەن، چۈنكى بۇ مەنزەرمۇ خۇشاللىق ئەيشى-ئىشرەتنىڭ جايى، قان تۆكىدىغان يەر ئەمەس. ئەگەر ئىجازەت بولسا بىر شېرىن ھىكايەم بار، سۆزلەپ بەرسەم!

— قېنى مەرھەمەت، — دەپتۇ شىرزات ھىكايەسۆز سۆزلەشكە رۇخسەت قىلىپ، — ھىكايەڭنى سۆزلىگىن.

رىۋايەتچىلەر ئانداق ھىكايە قىلىشىدۇ، — دەپ ھىكايە باشلاپتۇ گۈلشات، — سەمەرقەند شەھرىدە بىر پادىشا بار ئىكەن. ئۇ پادىشانىڭ بىر قىزى بار ئىكەن. ئۇ قىز ناھايىتى ساھىبجامال، خۇشچىراي ئىكەن، بىر كۈنى قىز بىئىختىيار ئاھ تارتىپتۇ. قىزنىڭ بىر ئىنىك ئانىسى بار ئىكەن.

— ئەي بالام، — دەپ سوراپتۇ ئىنىك ئانا، — ئۇلۇق-كىچىك تىنىشىڭىزدىكى سەۋەپ نىمە؟

بېيىت:

ھەر كىشىنىڭ ئاھ ئۇرۇشى ئەيىپ ئەمەس،
دەردى يوق بولسا كىشى ئاھ دىمەس.

— سىزدەك مەستۇرنىڭ ئاھ تارتىشى ياخشى ئەمەس، — دەپتۇ موماي.

قىز دەپتۇ:

بېيىت:

دەرتكە تولغان بۇ دىلىمدا ئەيتاي دىسەم

سۆزلۈم كۆپ،
ئى خۇدايىم، مۈشكۈلۈمنى تۇرسەن ئۆزۈڭ كۆرۈپ.

— ئەي بالام، — دەپتۇ مەرماي، — سېنىڭ ئاھ چېكىشىڭدىكى سەۋەپ نېمە؟

— مېنىڭ ئاھ تارتىشىم، — دەپتۇ قىز جاۋاب بېرىپ، — مەن گەرچە پادىشانىڭ قىزى بولسامۇ يەنە بىچارە قىزلاردىنمۇ ھالىم بەتتەرراقدۇر.

— ھەي-ھەي!... ئەي بالام، — دەپتۇ مەرماي، — ئۇنداق سۆزلەرنى قىلمىغىن. ئۇ ساڭا لايىق ئەمەس.

— نېمىشقا لايىق ئەمەس؟

— چۈنكى سەن پادىشانىڭ ئارزۇلۇق قىزىدۇرسەن!

— بۇ شەھەردە ئىككى ئاجايىپ ئىش بار، — دەپتۇ مەلىكە كۆڭلىدىكى سۆزىنى ئېيتىپ، — بىرى، مىرغۇل سەرراپنىڭ ئوغلى. كۈن چىقىشتىن — كۈن پېتىشقىچە ئۇنىڭدەك گۈزەل يىگىت يوق. ئىككىنچىسى شۇكى، شاھرۇخ پادىشانىڭ ھاممامىدۇر. ئۇنىڭ ئىچىدە ئاجايىپ-غارايىپ نەرسىلەر بار ئىمىش. ئۇنى ھەر تەرەپتىن كىشىلەر كۆرۈپ، تاماشا قىلغىلى كېلەرمىش، مەن سىز ئېيتقاندەك پادىشانىڭ قىزى بولسامۇ ئۆز شەھىرىمدىكى تاماشانى كۆرمەيمەن. ئېيتىڭا، مەندىنمۇ بىچارە ئادەم بارمۇ؟

مەلىكە يەنە ئۇلۇق-كىچىك تىنىپتۇ. ئىنىك ئانا قىزغا نەسىھەتلەر قىپتۇ.

— ئەي بالام، — دەپتۇ مەرماي مۇلايىملىق بىلەن سۆزلەپ، — سىز پەردە ئىچىدە ئولتۇرغان ئاي پارچىسى، مەستۇرە قىزدۇرسىز. مۇنداق بولمىغۇر خىياللارنى كاللىڭىزدىن چىقىرىۋېتىشىڭىز لازىم.

مەلىكە بويىندىكى ئالتۇن بۇيۇمنى ئېلىپ مەرماينىڭ ئالدىدا قويۇپتۇ. ئىنىك ئانا خۇرسەن بولۇپتۇ.

— ئەي بالام، — دەپتۇ مەرماي مەسلىھەت بېرىپ يول كۆرسىتىپ، — ھەرقانداق مەقسەدىڭ بولسا، ئىشىڭنى پۈتتۈرگۈچىمەن. مەسلىھەتىم شۇكى، ئەتە ئەتىگەندە سەن ئاتاڭنىڭ ئالدىغا بارغىن. ئاتاڭ سېنى ياخشى كۆرىدۇ. ھەرنېمە دېسەڭ ماقۇل بولىدۇ. ئاتاڭغا «سېنىڭ پادىشالىقىڭغا مەن قايىل ئەمەس» دېگىن. ئاتاڭ: «نېمە ئۈچۈن؟» دېسە «سەن پادىشا تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن شىكار قىلمايسەن» دە، «بۇنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟» دەپ سورىسا، پادىشا دېگەن شىكار قىلىدۇ، ئادالەت قىلىدۇ، سىز بۇ ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسىنى قىلمايسىز» دېگىن.

ئەتىسى ئەتىگەن مەلىكە ئاتىسىنىڭ قېشىغا كىرىپ مەرماي ئۆگەتكەن سۆزلەرنى دەپتۇ.

— بۇ ئېيتقىنىڭ توغرا قىزىم، — دەپتۇ پادىشا، — ئۇشبۇ كۈنلەردە مەندىمۇ شىكار ھەۋىسى قوزغالغان، ئۇنى سېنىڭ سۆزۈڭ تېخىمۇ كۈچەيتتى. ماقۇل شۇنداق قىلاي.

پادىشا قىزىنىڭ سۆزىدىن خۇشال بولۇپ، خىزمەتكارلارغا شىكار تەييارلىقىنى قىلىشقا بۇيرۇپتۇ. شىكار تەييارلىقى پۈتكەندىن كېيىن پادىشاغا خەۋەر قىپتۇ.

پادىشانىڭ بىر ئەييارى بار ئىكەن. ھەر قاچان بىر يەرگە بارماقچى بولسا، ئۇنى شەھەرنى ساقلاشقا قالدۇرۇپ كېتەر ئىكەن. ئۇ ئەييارنىڭ ئېتى قىزىل ئەييار ئىكەن. پادىشا ئاشۇ قىزىل ئەييارغا شەھەرنى تاپشۇرۇپ لەشكەرلىرى بىلەن شىكارغا راۋان بولۇپتۇ.

www.uyghurkitap.com

بۇ سەپەردىن مەلىكە خوشال بولۇپ ئۆزىنىڭ ئانىسىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ.

— ئەي ئانىجان، — دەپتۇ ئۇ ھاياجانلىنىپ، — دادامنى بارلىق لەشكەرلىرى بىلەن شىكارغا راۋان قىلدىم.

مەلىكە خوشاللىقىنىڭ زىيادىلىقىدىن مومايغا يەنە بىر تەڭگە بېرىپتۇ. ئىنىڭ ئانىسىنىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ، يۈرىكى يېرىلغۇدەك خوشال بولۇپ دەرھال بېشىغا پەرەنجىسىنى يېپىپتۇ. مەلىكىنى ئەگەشتۈرۈپ يولغا راۋان بوپتۇ. مەلىكىنى كوچىمۇ-كوچا تاماشا قىلدۇرۇپتۇ. ئاخىر مەشغۇل سەرراپنىڭ ئۇغلىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. قارىسا، خۇددى كۈندەك نۇرلۇق ساھىبجامال بىر يىگىت دۇكاندا ئولتۇرغىدەك.

مەلىكە يىگىتنى كۆرۈشى بىلەنلا، ئىشىق ئوتى ھايال قىلماي، كېلىپ تېگىپتۇ. يۈزى زەپىرەندەك سارغىيىپ، كۆزىدىن ياشلىرى قۇيۇلۇپتۇ. ئىنىڭ ئانا مەلىكىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ شاھرۇخىنىڭ ھاممامىغا باشلاپ بېرىپتۇ.

ھاممامنىڭ ئىشىكىگە يېقىن بارغاندا موماي قىزنىڭ چىرايىغا قاراپتۇ. مەلىكىنىڭ رەڭگى ئۆزگىرىپ ھەدەپ ئۆلۈق-كىچىك تىنارمىش.

بېيىت

مەن ئۆزەمدە كۆرمىگەن سەۋدانى كۆردۈم،
كۆرۈپ سېنى، ئارقىدىن ھەيرانە بولدۇم.

— ئەي پەرزەنت، — دەپتۇ ئىنىڭ ئانا، — نىمە بولىۋاتىسەن؟ باشقىچە ئۆزگىرىپ كېتىۋاتىسەنغۇ؟

— ئەي ئانا، — دەپتۇ قىز، — ھالىم خاراپ بولدى.

— ئەي بالام، مۇنداق ھالەت ساڭا مۇناسىپ ئەمەس، ئۆزەڭنى چىڭ تۇت!

قىز بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، قولىغىدىكى ھالقىسىنى ئېلىپ مومايغا بېرىپتۇ.

— ئەي بالام، — دەپتۇ موماي تەسەللى بېرىپ، — سەۋرى قىلغىن، سېنىڭ ھالىڭنى سەرراپ يىگىتكە مەلۇم قىلاي.

شۇنداق دەپ قىزنى ھاممامغا ئېلىپ كىرىپتۇ. ئۇنى يۇيۇپ-تاراپ يېڭى كىيىملەرنى كەيگۈزۈپ، ئالتۇن، جاۋاھىراتتىن ئىشلەنگەن زىننەت سايمانلىرى بىلەن بېزەپ قولىدىن تۇتۇپ تاشقىرىغا ئېلىپ چىقىپتۇ.

ئۇدۇل سەرراپ يىگىتنىڭ دۇكىنىغا ئېلىپ كەپتۇ. دۇكاننىڭ سۇپىسى بار ئىكەن. قىزنى سۇپىغا ئولتۇرغۇزۇپتۇ. ئۆزى يىگىتنىڭ قېشىغا يېقىنلاپ كىرىپتۇ. سەرراپ يىگىت سۇپىدا ئولتۇرغان ئالتۇن، جاۋاھىراتلارغا كۆمۈلگەن قىزنى كۆرۈپتۇ. دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ سالام قىپتۇ.

ئەي ئانا، — دەپتۇ يىگىت مومايغا قاراپ، — نىمە بۇيرۇيسەن؟

— ماڭا بىر ياخشى لەئىل كېرەك، — دەپتۇ ئىنىڭ ئانا.

سەرراپ يىگىت بىر لەئلنى ئېلىپ مومايىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. ئىنىڭ ئانا ئۇ لەئلنى كۆرۈپ ياراتماپتۇ.

— ئەي يىگىت، — ماڭا بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراقى لازىم.

سەرراپ يىگىت باشقا بىر لەئلنى ئېلىپ مومايىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. ئىنىڭ ئانا ئۇنىمۇ ياراتماپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ سەررا يىگىت، كۆڭلىڭىزدىكىدەك لەئلنىڭ نۇسخىسىنى كۆرسىتىڭ!

ئىنىڭ ئانا دەرھال قىزنى ئىشارەت قىلىپ ئىمىلەپتۇ. قىز مومايىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ.

— ئەي بالام، — دەپتۇ موماي قىزغا، — نۇسخە ئۈچۈن بىر لەئىل كۆرسىتىڭ!

— خوپ بولۇر، — دەپتۇ قىز، ئاندىن يۈزىدىن پەردىنى ئېچىپ لەئىلىنى كۆرسەتمەكچى بولۇۋاتقاندا، سەرراپ يىگىتنىڭ كۆزى قىزنىڭ ھۆسنى-جامالىغا چۈشۈپتۇ. قىزنىڭ ھۆسنى كۈندەك نۇرانە كۆرۈنۈپ، يىگىتنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئاپتۇ. بۇ ھالنى كۆرگەن موماي يېنىدىن بىر تاغاق، بىر سۈزگۈچ، بىر تاش چىقىرىپ قويۇپ، قىزنى ئېلىپ يولغا راۋان بولۇپتۇ. ئۇنى ئۆز قەسرىگە ئېلىپ كەپتۇ.

سەرراپ يىگىت ھۇشىغا كېلىپ سەراسىمگە چۈشۈپتۇ.

— ۋاي ئىسىت، — دەپتۇ ئۇ ھەيران بولۇپ، مەجنۇن كىشىلەردەك ئۆز-ئۆزىگە سۆزلەپ، — بۇ كەلگەنلەر كىملەردۇ؟ ئىنسانمۇ يە پەرىمىدۇ؟ بىر ئامال قىلىپ كىم ئىكەنلىگىنى بىلسەم ئىدى، ئۇلارنىڭ كەينىدىن بارغان بولاتتىم.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ساراڭدەك ئۆز ئۆيىگە بېرىپتۇ. ئۆيىگە رەڭگى روھى ئۆچكەن پەرىشان ھالدا كۆزلىرىدە ياش يۇقى كىرىپ كەپتۇ. خوتۇنى ئېرىنى بۇ ھالدا كۆرۈپ، ھەيران بولۇپتۇ.

سىزگە نىمە بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ ئايال ئېرىدىن، — چىرايىڭىز نىمانچە سارغىيىپ كەتتى؟

— ئەي ھەدىدەمىم، — دەپتۇ سەرراپ يىگىت، — ۋە ئەي جېنىمنىڭ جانانى، مەن دۇكاندا ئولتۇراتتىم، ئۇ يەرگە بىر قېرى خوتۇن پەيدا بولدى. يېنىدا ئايدەك زىبا، جاۋاھىرغا غەرق بولغان بىر قىز بىللە ئىدى. ئۇلار مەندىن لەئىل سورىدى. ئۇلارغا لەئىللەرنى كۆرسەتسەم ھېچبىرى يارىمىدى، مەن: ئۇنداق بولسا بىر نۇسخە كۆرسىتىڭلار، دىدىم. قىز نۇسخە كۆرسىتىش ئۈچۈن يۈزىدىن پەردىنى شۇنداق كۆتىرىۋىدى كۆزۈم ئۇنىڭ ھۆسنىگە چۈشتى، كۆزۈم ئېچىلىپ تا ھازىرغا قەدەر ئۇنداق گۈل يۈزلۈك رەنانى كۆرمىگەن ئىدىم. ئۇنى كۆرۈپ ئىختىيارىم قولۇمدىن، ئەس-ھۇشۇم كاللامدىن كېتىپتۇ. بىر مۇددەتتىن كېيىن ھۇشۇمغا كېلىپ قارىسام، ئۇلارنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ساراڭدەك قېشىڭغا كەلدىم.

— دۇكاندا بىرەر بەلگە — نىشان قالدۇرماپتىمۇ؟ — سوراپتۇ ئايال.

— قالدۇرۇپتۇ، — دەپتۇ يىگىت خوتۇنىغا، — بىر تاغاق، بىر سۈزگۈچ، بىر تاش.

— سەن بۇ نەرسىلەرنىڭ نىمىگە ئىشارەت ئىكەنلىگىنى بىلدىڭمۇ؟

— بىلمىدىم.

— ئۇ قىز پادىشانىڭ قىزى ئىكەن، — دەپتۇ ئايال ئېرىگە بەلگىلەرنى چۈشەندۈرۈپ، — ساڭا بۇ نەرسىلەر ئارقىلىق ئۆيىنىڭ خەۋىرىنى بېرىپتۇ.

— نىمىگە ئاساسەن شۇنداق دەيسەن!، — دەپتۇ يىگىت خوتۇنىنىڭ ئېنىغراق ئىزاھلىشىنى ئۈمىت قىلىپ.

— بۇ نەرسىلەر، — دەپ چۈشەندۈرۈشكە باشلاپتۇ ئايال، — سەن قىزنىڭ ئۆيىگە بېرىشتا تاغاق بازىدىن ئۆتىسەن. سۈزگۈچچىلەرنىڭ دەرۋازىسىغا بېرىپ، ئايلىنىپ ئۆتۈپ، كۆك تاش مەۋزىگە بارىسەن، ئۇ يەردە مېنىڭ ئۆيۈم بار، دىگەننى بىلدۈرىدۇ.

ئەلقىسسە، سەرراپ يىگىت خوتۇنىدىن ئۇشبۇ سۆزنى ئاڭلاپ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، شاھنىڭ قەسرىگە قاراپ راۋان بولۇپتۇ ۋە بۇ بېيىتنى ئوقۇپتۇ:

نىمە بولسا مەيلى مەن بارىمەن جانان تەرەپكە،
تاقىتىم پۈتتى دىنىڭ. مەن بارىمەن جانان تەرەپكە.

ئۇدۇل بېرىپ، قەسرىنىڭ يېنىدىكى

www.uyghurkitap.com

كۆك تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىپتۇ. شۇ ئەسنادا بىر دەرىزىنىڭ ئېچىلغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. قارىسا، بىر نازىنىن قىز كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ قىزنىڭ قولىدا بىر ئەينەك بار ئىكەن. قىز ئاۋال ئەينەكنىڭ يۈزىنى، ئاندىن كېيىن كەينىنى كۆرسىتىپتۇ. بىردىنلا غايىپ بولۇپ، ئۇزاق ئۆتمەي دەرىزە ئالدىدا يەنە پەيدا بولۇپتۇ، يىگىت قارىسا، ئۇ قىزنىڭ بىر قولىدا ئاپتۇۋا، ئىككىنچى قولىدا بىر دەستە گۈل تۇرغىدەك. ئاپتۇۋىدىكى سۇنى گۈلنىڭ ئۈستىگە قۇيۇپ دەرىزىنى تاقاپ كىرىپ كېتىپتۇ، ئىككىنچى چىقماپتۇ. سەرراپ يىگىت تۇرۇپ-تۇرۇپ، ئاخىر ئىلاجسىز ئۆيىگە قايتىپتۇ.

— كەلسىلە، — دەپتۇ ئايال يىگىتنى قارشى ئېلىپ، نىمە ۋەقەلەر سادىر بولدى؟

— ھېچ ئىش بولمىدى، — دەپتۇ يىگىت ئۈمىتسىزلىنىپ، — تاش ئۈستىدە تۇرۇپ-تۇرۇپ قايتىپ كەلدىم.

— بىرەر ئالامەتمۇ كۆرمىدىلىمۇ؟

— كۆردۈم.

— قانداق ئالامەت كۆردىلە؟

— ئۇ ئالامەتلەرنىڭ ھېچبىر ئەھمىيىتى يوق.

— ئۇنداق دىمەي، شۇ كۆرگەنلىرىنى بىرمۇ-بىر سۆزلەپ بەرسىلە!

سەرراپ يىگىت دەرىزە ئېچىلىپ كۆرۈنگەن ھاللارنىڭ ھەممىسىنى قويماي سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— سىلى نادانلىق قىپلا، — دەپتۇ ئايال ئېرىنى ئەيىپلەپ، — ئۇ دانا قىز ئىكەن. كۆرسىتىلگەن ئالامەتلەرگە سىلىنىڭ ئەقلىرى يەتمەپتۇ.

— قانداق دەيسەن؟ — دەپتۇ سەرراپ يىگىت ھەيران بولۇپ، — قېنى، سەن چۈشەندۈرگىنە!

— ئەينەكنىڭ يۈزىنى كۆرسىتىپ، كېيىن كەينىنى كۆرسەتكىنى كۈندۈزى كەلمەي كېچىسى كەلگىن دىگىنى، گۈل ئۈستىگە سۇ قۇيغىنى، گۈللەرگە سۇ كىرىدىغان سۈڭگۈچتىن كىرگىن. گۈل ئارىسىدا مېنى ساقلىغىن. مەن سېنى تېپىۋالىمەن دىگىنى.

سەرراپ يىگىت خوتۇنىدىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ كۆڭلى خوش بولۇپ، دەرھال شۇ ئاخشىمى گۈلگە سۇ كىرىدىغان سۈڭگۈچتىن كىرىپ گۈللۈكتە مۆكۈپ، مەلىكىنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ.

بىر ئازدىن كېيىن يىگىتنىڭ كۆزىگە ئۇيقا كېلىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. قىز قەسىردىن ئىنىك ئانا بىلەن چىقىپ كەپتۇ. كېلىپ قارىسا يىگىت ئۇخلاۋاتقۇدەك. قىز ئويغاتماقچى بولۇپتۇ، لېكىن ئىنىك ئانا يول قويماپتۇ.

— بېرىپ بەش-ئون ياڭاق تېپىپ كېلىپ، — دەپتۇ ئىنىك ئانا قىزغا مەسلىھەت بېرىپ، — قالغان ئىشنى ئۆزەمگە تويۇك!

قىز دەرھال بېرىپ ياڭاق تېپىپ كەپتۇ. ئىنىك ئانا ياڭاقلارنى يىگىتنىڭ قوينىغا سېلىپ قويۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار قايتىپ قەسىرگە كىرىپ كېتىشىپتۇ.

بىر چاغدا سەرراپ يىگىت ئويغانسا، سۈبھى كۆتىرىلىپ قالغان ئىكەن. سەرراپ يىگىت ئۇخلاپ قالغىنىغا پۇشايمان قىلىپ ئۆزىگە كايىپتۇ: «ئەگەر مېنىڭ بۇ ھالىمنى قىزىل ئەييار كۆرسە، تېرەمنى تەتۈر سويغان بولاتتى» دەپ ئويلاپتۇ ۋە ئۇچقاندەك قېچىپ ئۆيىگە كەپتۇ.

ئۆيىگە كىرىپ، خوتۇنىغا ھەسرەت-نادامەتتە پۇشايمانلىرىنى بىلدۈرۈپ:

— ئەي خوتۇن ھېچ گەپ قىلالماي قۇرۇق قايتىپ كەلدىم، — دەپتۇ.

سەرراپ يىگىت سۆزلەۋېتىپ بېلىنى

يەشكەن ئىكەن، يەرگە ياڭاقلار تۆكۈلۈپ چۈشۈپتۇ.

— بۇ قانداق گەپ بولدى؟ — دەپتۇ يىگىت ھەيران بولۇپ.

— ۋاي نادان، ۋاي نادان، — دەپتۇ ئايال ئېرىنى ئەيىپلەپ، — ئۇ قىز كېچىدە يېنىڭغا كەپتۇ. سېنىڭ غاپىللىقتا ئۇخلاۋاتقىنىڭنى كۆرۈپ قوينىڭغا ياڭاق سېلىپ قويۇپتۇ. بۇ «سەن تېخى ياش بالا ئىكەنسەن، ئىشىق داۋاسىنى قىلماي ياڭاق ئوينىغىن» دېگىنى بولىدۇ.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان سەرراپ يىگىت قاتتىق خىجالەت بولۇپتۇ. ئەتىسى ئاخشامدا يەنە بېرىپتۇ. گۈللەر ئارىسىدا پايلاپ، ئىنتىزارلىقتا ئولتۇرۇپتۇ. بىر ۋاقىتتا قىز خۇشال-خۇرام كۈلۈمسىرەپ ناز-كەرەشمىلەر بىلەن چىقىپ كەپتۇ، سەرراپ يىگىتنىڭ قولىدىن مەھكەم تۇتۇۋاپتۇ، يىگىتمۇ مەلىكىنى قۇچاقلاپ باغرىغا چىڭ بېسىپتۇ. ئۇلار ئۇزاق سۆزلىشىپتۇ.

— ئەي يىگىت، — دەپتۇ قىز سەرراپ يىگىتكە رەھمى كېلىپ، — تۇرۇڭ ئۆيگە كىرەيلى.

ئاندىن يىگىتكە قاراپ بۇ بېيىتنى ئوقۇپتۇ:

بۇ مېنىڭ ۋەيران ئۆيۈمگە قەدەم قويغايلا،
ئىلتىپاتۇ مەرھەمىتىنى ئايىمىغايلا.

ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئۆيگە كىرىپتۇ. قىز يىگىتنى مۇناسىپ ئورۇنغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆزى شاراپ كەلتۈرۈپ ئالتۇن پىيالىغە قۇيۇپ يىگىتكە تۇتۇپتۇ. يىگىت پىيالىنى ئېلىپ شاراپنى ئىچىپ قىزغا قاراپ مۇنۇ بېيىتنى ئوقۇپتۇ:

بېيىت:

ئى ساقى گۈلرەڭ مەيدىن تۇتقىن ماڭا،
لىپمۇ-لىپ مەي تارتقاي مېنى ئاندىن ساڭا.

قىز دەرھال جاۋاپ بېرىپ مۇنۇ بېيىتنى ئوقۇپتۇ:

مەنىڭ دىلى ئۈزۈك خالايمەن مۇھەببىتىڭنى،
خالايمەن چىن دىلدىن خانەمنى يورۇتۇشىڭنى.

ئۇلار ھەر قېتىم بىر-بىرلىرىگە شاراپ تۇتۇپ بېيىت ئوقۇشۇپتۇ. شۇ ھالەتتە ئۈچ كېچە-كۈندۈز ئەيشى-ئىشرەت قىپتۇ.

ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى قىزدىل ئەيياردىن ئاڭلاش كېرەك:

بىر كۈنى قىزدىل ئەييار ئۆز ئىچىدە ئويلاپ ئۆزىگە دەپتىكى: «پادىشا مېنى دىيارىغا پاسىبان قىلىپ كەتكەن ئىدى. نىمە ئۈچۈن شاھنىڭ ئوردىسىدىن ھازىرغىچە خەۋەر ئالمايمەن؟ بۈگۈن كېچە بېرىپ شاھنىڭ ھەرەمخانىسىدىن خەۋەر ئالاي، قايسى ھالدا ئىكەنلىكىنى بىلەي...» ئۇ، شۇ پىكىردە ئورنىدىن تۇرۇپ ھەرەمخانىغا كەپتۇ. قەسىر ئەتراپىنى ئايلىنىپ دىققەت بىلەن قۇلاق سېپتۇ. ھېچقانداق شەپە ئاڭلىيالماپتۇ. ئاخىر قەسىرنىڭ بىر بۇرجىكىدىن كەمەن تاشلاپ چىقىپ، شاھنىڭ ھەرىمىگە چۈشۈپتۇ. قارىسا، قەسىرنىڭ بىر تەرىپىدىكى بىر ئۆي يورۇق تۇرغىدەك. يېقىن بېرىپ قۇلاق سالسا نەغمە-ناۋا، شاراپ ئىچىشىۋاتقان ئاۋازلار ئاڭلىنىپتۇ. بۇ ھالدىن قىزدىل ئەييار ھەيران بولۇپتۇ. «بۇ ئىشتا نىمە سىر باردۇ؟» دەپ ئويلاپ ئاستا بېرىپ مارىلاپ كۆپ تاماشانى كۆرۈپتۇ. ھەممە ۋاقىئەلەرنى ئوچۇق كۆرۈپ، تولۇق تاماشا قىپتۇ.

بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۇلار شاراپ

www.uyghurkitap.com

كەيپىدىن مەس بولۇپ ئۇيـقۇغا ئەسىر بولۇپتۇ. قىزدىل ئەييار پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي دەرھال ئۆيگە كىرىپ تەختكە تارتىلغان پەردىنى ئېچىپ قارىسا، مەلىكە سەرراپ يىگىت بىلەن گىرەلىشىپ ياتـتۇدەك. قىزدىل ئەييار بۇ ھالنى كۆرۈپ شۇنداق دەپتۇ:

بېيىت:

يار ئۆيدەدۇر، بىر كېزىمىز ئالەمنى،
سۇ بويىدا ئۇسسۇزلۇق ئالدى ئادەمنى.

قىزدىل ئەييار يېنىدىن بېھۇش قىلىدىغان دورىنى ئېلىپ ئۇلارنىڭ بۇرنىغا تۇتۇپتۇ. ئۇلار بىھۇش بولۇپتۇ قىزدىل ئەييار ئۇلارنى ئەييارلىق گىلىمىگە ئوراپ، دۈمبىسىگە يۈدۈپ زىندانغا ئاپىرىپ بېرىپتۇ. ئۆزى خاتىرجەم بولۇپ، ئۆيىگە قايتىپتۇ.

مەلىكە بىلەن سەرراپ يىگىت ھوشلىرىغا كەپتۇ. ئۆزلىرىنى زىندان ئىچىدە كۆرۈپ، قولىغا چۈشكەنلىكلىرىنى بىلىپتۇ.

— ئەي يىگىت، — دەپ سوراپتۇ مەلىكە سەرراپ يىگىتتىن، — تۈنۈگۈنكى بەلگىلەرنى كۆرسەتكىنىڭنى بىرسىگە دىگەنمىدىڭ؟

— قايسى بەلگىلەرنى دەيسىز؟

— ئاۋال ئەينەكنى، ئاندىن ئاپتۇۋا ۋە گۈلنى كۆرسەتتىم، شۇ ئىشلارنى دېمەكچىمەن.

— مېنىڭ بىر ئەقىللىق، دانا خوتۇنۇم بار ئىدى، — دەپتۇ يىگىت قىزنىڭ سوئالىغا جاۋاپ بېرىپ، — بۇ ئىشلاردىن شۇنىڭ خەۋىرى بار ئىدى.

— ئۇنداق بولسا دەرھال زىندانچىنى چاقىرغىن، — دەپتۇ مەلىكە ئالدىراپ، — مەن بىر ئىش قىلاي.

سەرراپ يىگىت زىندانچىنى چاقىرىپتۇ.

— ئەي زىندانچى، — دەپتۇ قىز ئۇنىڭغا، — مېنىڭ مۇشۇ قولغىنىدىكى ھالقام جاھاننىڭ خىراجىتىگە يېتىدۇ. شۇنداق ئىسىل، قىممەت باھالىق، ئۇنى ساڭا ئۆز رازىلىقىم بىلەن بەردىم، لېكىن ئۇنىڭ بەدىلىگە ساڭا بىر سۆزۈم بار. شۇنى قوبۇل قىلغىن.

— نىمە سۆزىڭىز بولسا ئېيتىڭ، — دەپتۇ زىندانچى خوش بولۇپ.

— سەن ئۈچ دانە تاش ئېلىۋالغىن، — دەپتۇ قىز زىندانچىغا، — ئاندىن كېيىن مىغول سەرراپلارنىڭ ھويلىسىغا بارغىن، تاشلارنىڭ بىرىنى سەرراپ يىگىتنىڭ دەرىزىسىگە قاتتىق ئۇرغىن. ئىككىنچى تاشنى سەرراپ يىگىتنىڭ ھويلىسىنىڭ ئوتتۇرىسىنى مۆلچەرلەپ ئاستا ئاتقىن. ئاخىرقى تاشنى ئۇنىڭدىنمۇ ئاستىراق ئاتقىنكى، تامغا چۈشسۇن. ئاندىن كېيىن قايتىپ كېلىۋەر.

زىندانچى شۇنداق قىپتۇ. بۇ ھالنى كۆرگەن سەرراپ يىگىتنىڭ خوتۇنى: «ئېرىم قولغا چۈشۈپتۇ...» دەپ ئويلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ ھالۋا پىشۇرۇپتۇ. ئۇنى بىر لىگەنگە سېلىپ زىندانغا قاراپ راۋان بولۇپتۇ.

— ئەي زىندانچى، — دەپتۇ ئايال تازىم قىلىپ، — مەن بۈگۈن كېچە بىر چۈش كۆردۈم. ئويغىنىپ زىنداندىكىلەرگە بىر ھالۋا قىلىپ ئۆز قولۇم بىلەن يىگۈزۈشنى، ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئېلىشنى ئويلىدىم ۋە ھالۋىنى پىشۇرۇپ ئېلىپ كەلدىم. ئۆز قولۇم بىلەن بەندىلەرگە يىگۈزەي، رۇخسەت قىلغىن!

زىندانچى رۇخسەت قىپتۇ. خوتۇن ھالۋىنى زىنداندىكى بەندىلەرگە ئۆز قولى بىلەن يىگۈزۈپتۇ. ئاندىن كېيىن زىندانچىدىن سوراپتۇ!

— يەنە بەندىلەردىن بارمۇ؟

— بار، — دەپتۇ زىندانچى، — چاھنىڭ ئىچىدە ئىككى نەپەر ئادەم بار.

— ئۇنداق بولسا خۇدا ھەققى رۇخسەت قىلغىنكى، — دەپ ئىلتىجا قىپتۇ ئايال، —

چاھنڭ ئچدكلەرگمۇ ئۆز قولۇم بلەن ھالۋنى يەدۇرۇپ چقاي.

— چاھنڭ ئچى قاراڭغۇ، — دەپتۇ زندانچى.

— قاراڭغۇ بولسمۇ مەيلى، — دەپتۇ ئايال يالۋۇرۇپ، — خۇدا ھەققى نمە بولدۇ. رۇخسەت بەرگن!

زندانچىنڭ ئايالغا رەھمى كەپتۇ. خوتۇننى كەمەن بلەن چاھقا چۈشۈرۈپتۇ. ئايال چاھ ئچگە چۈشۈپ ئېرى بلەن مەلكنڭ ھالغا ئېچنپ يغلاپتۇ.

— ئەي مەلكە، — دەپتۇ ئۇ قزغا قاراپ، — سز مېنڭ پەرزەنتمنى يېپنپ، مېنڭ ئورنۇمدا چاھتن چقڭ. ئالى قەسرڭزگە بېرڭ. مەن بۇ يەردە ئېرم بلەن ياتاي، بېشمغا پەلەكتن نمە كەلسە كۆرەرمەن.

قز شۇنداق قلپ، چاھتن قۇتۇلۇپ چقپ، ئۆز قەسرگە سالامەت يېتپ كەپتۇ. خوتۇن بولسا ئۆز ئېرى بلەن چاھتا يېتپ قاپتۇ. ئاندن سۇبھى يورۇپ تاڭ ئېتپتۇ. پادشانڭ شكاردن قايتش خەۋەرى تارقلپتۇ. بارلق شەھەر خەلقى پادشانڭ ئالدغا چقپتۇ. پادشا خەلقنڭ ھال ئەھۋالنى سوراپتۇ.

— ئەي پەھلۋان ئەيىار، — دەپتۇ پادشا، — ئەيىارلق ئشلتپ برەر ئش قلمدڭمۇ؟

— ئەي پادشاھى ئالەم، — ئۆمۈرلرى ئۇزۇن، دۆلەتلرى زىيادە بولسۇن، — دەپتۇ قزل ئەيىار، — ئەيىارلق بلەن بر ئش قلدم. ھېچ كشى مۇنداق ئشنى قلغان ھەم كۆرگەن بولمسا كېرەك.

— مۇنچە لاپ ئۇرغدەك قانداق ئش قلدڭ؟ — دەپ سوراپتۇ پادشا.

— شۇنداق بر ئش قلدمكى، — دەپتۇ ئەيىار ماختنپ تېخمۇ لاپ بلەن سۆزلەپ قانچە لاپ ئۇرسامۇ يارشدۇ.

— قېنى ئېيتقن!

— دېمەسلككە ئامال بولمدى، — دەپ سەل تۇرۇۋېلپ سۆزلەپتۇ قزل ئەيىار، — بر كۈنسى قزلرى سەرراپ يگت بلەن بر ئورۇندا مەس يېتشقان ئكەن، ئككسنى تۇتۇپ زندانغا ئېلپ بېرپ سولاپ قويدۇم.

پادشا بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، تامدەك تاترپ، ئۆزنڭ نەدلگنى بلمەي قاپتۇ. يورۇق ئالەم كۆزگە قاراڭغۇ كۆرۈنۈپتۇ.

— ئاھ بۇ قانداق بالايى ئاپەت!... — دەپتۇ پادشا كۆزلردن ئازاپ ياشلرنى راۋان قلپ، — ئەي جاللاتلار، زندانغا بېرپ كۆرۈڭلار. مۇشۇ ئەيىارنڭ ئېيتقانلرى راس بولسا، ھەر ئككسنڭ كاللسنى ئېلڭلاركى، دۇنيا خەلقغە ئبرەت بولسۇن!

جاللاتلار بېرپ ئۇلارنى زنداندن چقرپ پادشانڭ ئالدغا ئېلپ كەپتۇ. پادشا قارسا، ئش باشقچە، يەنى سەرراپ يگت بلەن باشقا بر خوتۇن تۇرۇپتۇ.

— سلەر كم؟ — سوراپتۇ پادشا ئۇلاردن.

— دات پادشاھى ئالەم! — دەپتۇ سەرراپ يگت يغلاپ ھال ئېيتپ، — بۇ قانداق زۇلۇم؟ قزل ئەيىارنڭ دەردىدن دات! مەن بچارنى شەھەر خەلقنڭ چوڭ كچك ھەممسى بلدۇ. مەن ئەسلى خوجازادەدۇرمەن. يەتتە پۇشتۇم ۋە ئەجداتلرم خوجازادەدۇر. بۇ ماڭا قلنغان نمە دېگەن ئېغر ھاقارەت، بۇ نومۇسنى مەن قانداق كۆترەلەيمەن؟!

— سلەرگە قزل ئەيىار قانداق زۇلۇم قلدى؟ — دەپ سوراپتۇ پادشا.

— جاناپلرى شكارغا چقپ كەتكەندە ئاردن ئون كۈن ئۆتكەن ئدى، قزل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەيىيار مېنىڭ دۈكىنىمگە كەلدى. ئۇ ماڭا «ئون تەڭگە بەر» دېدى. مەن ئون تەڭگە بەردىم. يەنە بىر كۈنى كەلدى. بەش تەڭگە بەردىم. يەنە بىر كۈنى كېلىۋىدى. «بۇ شەھەردە مېنىڭدىن باشقا ھۈنەرۋەن پۇلدار ئادەملەرمۇ بار. قاچانغىچە مەنلا بېرىۋېرىمەن؟» دېدىم. قىزىل ئەيىيارنىڭ ناھايىتى غەزىۋى كەلدى. ماڭا سىياسەت قىلىشقا باشلىدى. خەپلەپ ساقلىنى سىلاپ كەتتى.

بىر كۈنى ئۆز ئۆيۈمدە، ئۆز ھالال جۈپتۈم بىلەن مۇسەللەس ئىچىشىپ ئەيشى-ئىشرەت قىلىپ ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قاپتۇق. بىر چاغدا ئىككىمىز ئۆيقىدىن ئويغىنىپ كۆزىمىزنى ئېچىپ ئۆزىمىزنى زىنداندا كۆردۇق.

— ئەي بەدبەخت يالغانچى، — دەپتۇ پادىشا قىزىل ئەيىيارغا ۋاقىراپ، — بۇ قانداق گەپ؟!

— تەقسىر، جېنىدىن قورقۇپ، نىمە دېسە دەيدۇ، — دەپتۇ قىزىل ئەيىيار پېتىدىن چۈشمەي، — ئۆزلىرى قىزلىرىنى تونۇيدىغاندۇ؟

قىزىنى ئوبدان تونۇيمەن؟ — دەپتۇ پادىشا، ئاندىن جاللاتلارغا قاراپ بۇيرۇپتۇ، — قېنى ئايالنى ئېلىپ كىرىڭلار!

جاللاتلار خوتۇننى ئېلىپ كىرىپتۇ. راستىنلا بۇ ئايال پادىشانىڭ قىزى ئەمەس ئىكەن. پادىشا ئوردا ئەمەلدارلىرىغا بۇيرۇپتۇ:

— سىلەر قەسىرگە كىرىپ، قىزىم بارمۇ-يوقمۇ تەكشۈرۈپ كېلىڭلار!

ئۇلار قەسىرگە بېرىپ قىزنى كۆرۈپتۇ. قىز ئۆز قەسىرىدە خاتىرجەم كۈلۈپ ئولتۇرغانمىش. ئۇلار پادىشا ئالدىغا كېلىپ ئەھۋالنى خەۋەر قىپتۇ. پادىشانىڭ ھەرتال تۈكى نەشتەردەك بولۇپ قىزىل ئەيىيارغا غەزەپلىك تىكىلىپتۇ.

— ئەي قارا نىيەت تۆھمەتچى، — دەپتۇ پادىشا قەھرى بىلەن سۆزلەپ، — ھەممىنى قويۇپ، ئەمدى مېنىڭ خاندانىمغا كۆز ئالايتتىڭمۇ؟! — ئاندىن جاللاتلارغا قاراپ بۇيرۇپتۇ، — ئەي جاللاتلار، بۇ ھارامزادە تۈزكورنى چاھارسۇغا ئېلىپ بېرىپ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىڭلار! ھەممە كىشىلەرگە قاتتىق ئىبرەت بولسۇنكى، مۇندىن كېيىن ھېچ كىشى مۇنداق تۈزكورلۇق قىلىپ، ئىككىنچى بىرسىگە بوھتان قىلمىسۇن!

جاللاتلار ھەيۋەت بىلەن ھەركەت قىلىپ، قىزىل ئەيىيارنى دات پەريادىغا قارىماي سازايى قىلىپ بازار ئايلاندۇرۇپ، چاھارسۇغا ئېلىپ بېرىپ، بېشىنى كېسىپ، ئەزالىرىنى بەندۇ-بەندىدىن جۇدا قىپتۇ.

ئەمما پادىشا بۇ ئورۇنسىز شۆھرەتتىن قاتتىق خەمكىن بولۇپتۇ. نىمە قىلىشنى بىلمەپتۇ. ئاخىر بىر ۋەزىرى بار ئىكەن. ئۇ ناھايىتى دانا، زېرەك ئادەم ئىكەن. پادىشا كۆپ ئىشلاردا ئۇنىڭ مەسلىھىتىنى ئالىدىكەن. بۇ قېتىم شۇ ۋەزىرىنى پىنھانغا چاقىرىپ ئەھۋالنى ئىزھار قىپتۇ.

— ئەي شاھى ئالەم، — دەپتۇ ۋەزىر ئورنىدىن تۇرۇپ پادىشاغا تازىم قىلىپ، — ئىجازەت بولسا، بىر ئەرزىم بار ئىدى، بايان قىلسام!

— نىمە ئەرزىڭ بار، قېنى ئېيت، — دەپتۇ پادىشا.

— ئەرزىم شۇكى، — دەپتۇ ۋەزىر پادىشاغا قاراپ، — سىزنىڭ قىزىڭىزغا مۇغۇل سەرراپىنىڭ ئوغلى سەۋەبىدىن گەپ تەگدى. ئەمدى ياخشىسى شۇكى، قىزىڭىزنى سەرراپ ئوغلىغا بېرىڭ! مۇغۇل سەرراپىنىڭ ئەسلى نەسەبى خوجىلاردىن، ئوغلىمۇ خۇشچىراي، ساھىپجامال، زېرەك، ئەقىللىق يىگىت.

ۋەزىرنىڭ ماختىشى پادىشاغا تەسىر

قىپتۇ. ئاخىر سۆزگە ئۇنىمىز ئىچىپ، قىرىق كۈن تويى تاماشا قىلىپ مەلىكىنى سەرراپ يىگىتكە بېرىشنى ئۇقتۇرۇپتۇ. ۋەزىر باش بولۇپ توي تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈپ، قىرىق كۈن توي-تاماشا قىلىپ مەلىكىنى سەرراپ يىگىتكە نىكا قىپتۇ. ئىككى ئاشىق مۇراتلىرىغا يېتىپتۇ.

گۈلشات ھېكايىسىنى شۇ يەردە تاماملاپتۇ. بۇ ھېكايە شىرزاتقا ناھايىتى يېقىپتۇ. مەلىكىگە ھېساپسىز زەررىن لىباس دۇرر جاۋاھىرلارنى ئىنئام قىپتۇ.

## شىرزات بىلەن گۈلشاتنىڭ پەلەك مەنزەرگە چىقىپ سۆھبەت قىلغىنى

ئەلقىسە، سەككىزىنچى كۈنى، گۈلشات پەلەك مەنزەردە مەجلىس ئاراستە قىلىپ، شىرزاتنى تەختكە ئولتۇرغۇزۇپتۇ. ساقىلار ئالتۇن پىيالىلەرنى لەئەلدەك شاراپ بىلەن لىقمۇ-لىق تولدۇرۇپ سۇنۇپ تۇرۇپتۇ. شىرزات ئارقىمۇ-ئارقا بىرقانچە پىيالىنى بىكارلاپ مەشھۇش بولۇپتۇ. يادىغا ئانىسى ۋە ناھەق قان تۆككەن پەررۇخزادە كېپتۇدە، قەھرى قايناپ جاللاتلارغا بۇيرۇق قىپتۇ:

— دەرھال قاتىل پەررۇخزادە تۇتۇپ كېلىنىپ، مەنزەردىن تاشلاپ ھالاك قىلىنسۇن!... بۇ ئارقىلىق خالايىققا ئىبرەت قىلىنغاي.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان گۈلشات دەرھال كېلىپ شىرزاتقا تازىم قىلىپ سۆزلەپتۇ:

— ئەي پادىشاھى ئالەم...

شىرزات شاراپ تولدۇرۇلغان پىيالىنى مەلىكىگە تۇتۇپتۇ. گۈلشات لەئەلدەك سۈزۈك شاراپنى ئىچىپ داۋام قىپتۇ:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، سىز يەتتە ئىقلىمغا پادىشا بولدىڭىز. مېنىڭ سۆزۈم ئادا بولغىچە جاللاتنى توختىتىڭ!

— شىرزات قاراپ تۇرغان جاللاتقا بۇيرۇپ، تەخىر قىلىپ ساقلاشنى ئېيتىپتۇ ۋە گۈلشاتقا قاراپ، قېنى سۆزىڭىزنى داۋام قىلىڭ! — دەپ بۇيرۇپتۇ.

سىزگە مەن قان تۆكۈشنى مۇناسىپ كۆرمەيمەن، — دەپ سۆزىنى داۋام قىپتۇ مەلىكە، — ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مەنزەر پەلەك ساۋاپ-ياخشىلىق قىلىدىغان جاي. ئەگەر رۇخسەت قىلسىڭىز بىر قىزىق ھېكايەم بار، سۆزلەپ بەرسەم.

شىرزات مەلىكىگە ھېكايە ئېيتىشقا ئىجازەت بېرىپتۇ.

شىرىن سۆخەن رىۋايەتچىلەر مۇنداق دەيدۇ، — دەپ ھېكايىنى باشلاپتۇ گۈلشات، — يۇنان شەھىرىدە بىر پادىشا بار ئىكەن. ئۇ پادىشانىڭ بىر بەرنا ئوغلى بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئېتى سەييارە ئىكەن. ئۇنىڭ ئالەمدە تەڭدىشى يوق ئىكەن، لېكىن ئۇ مەجنۇن ئىللىتىگە مۇپتىلا بولغاچقا، ئاتا-ئانىسى ناھايىتى قايغۇرۇدىكەن. ئىككى خىزمەتچى ھەر دائىم ئۇنىڭدىن خەۋەر ئالىدىكەن. ئۇلار بىردەممۇ سەييارىدىن يىراق بولمايدىكەن.

بىر كېچىسى سۈتتەك ئايدىڭ بولۇپتۇ. سەييارە ۋە ئىككى خىزمەتچى مەنزەر ئۈستىدە ئىكەن. خىزمەتچىلەر ئۇخلاپ قاپتۇ. سەييارىنىڭ كۆزىگە ھەر خىل تائاملار كۆرۈنۈپتۇ. ئاندىن مەشرىق تەرەپتىن لەشكەرلەر پەيدا بولۇپتۇ. ئۇلار ناھايىتى گۈزەل ئىكەن. ھەر قايسىلىرىنىڭ قوللىرىدا يېنىقلىق چىراق بار ئىكەن. ئەمما ھېچبىرسى گەپ قىلمايدىكەن. ھەممىسى ئۇسۇل ئويناپ شوخلۇق قىلىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر مەپە بولۇپ، ئۇنىڭدىن بىر ئاي يۈزلۈك نازى-

www.uyghurkitap.com

نىن چۈشۈپتۇ. سەييارە ئۇ نازىنىننى كۆرۈپ كۆزىگە ئۇيقا كەلمەپتۇ. ئۇلار سەھەرگىچە ئويۇن ـ كۈلكە بىلەن تاماشا قىلىپ، سۈبھى يورۇغاندىن كېيىن غايىپ بولۇپتۇ. سەييارە بىھۇش بولۇپ يىقىلىپتۇ.

غۇلاملار ئۇيقىدىن ئويغىنىپ، كۆزلىرىنى ئېچىپ، سەييارىنىڭ ھۇشسىز ياتقانلىغىنى كۆرۈپتۇ. شاھزادىنى دەرھال مەنزەردىن ئۆيىگە ئېلىپ چۈشۈپتۇ. ئاتىسىغا خەۋەر قىپتۇ. ئاتىسى كېلىپ كۆرۈپتۇ: سەييارە بىھوش، زەپىرەگدەك سارغىيىپ ياتقانمىش. ئاتىسى ئېغىز ئېچىپ، سوئال سوراپ بېقىپتۇ. سەييارە جاۋاپ بەرمەپتۇ. پەقەت گاھ ئۆزىنى ئۇرۇپ يىغلىسا، گاھ قاقاھلاپ كۈلىدىكەن. مەجنۇنلاردەك تاقەتسىزلىك قىلىدىكەن. ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەيدىكەن. ئاتا ـ ئانىسى بۇ ھالنى كۆرۈپ يۈرەك ـ باغرى ئېزىلىپ يىغلىشىپتۇ. شۇ تەرىقىدە شام ۋاقتى بولۇپتۇ.

يەنە سەييارە مەنزەرگە چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ. بىرئازدىن كېيىن غۇلاملارنىڭ كۆزى ئۇيقىغا كېتىپتۇ. سەييارىنىڭ كۆز ئالدىدا بىر يول پەيدا بولۇپتۇ. سەييارە شۇ يولغا تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپتۇ. يەنە ھېلىقى جامائەت يولدا پەيدا بولۇپ ئۇسۇل ئويناپ قىزىق تاماشا قىلىشىپتۇ. يەنە سۈبھى سۈزۈلۈشى ھامان كۆزىدىن غايىپ بولۇپتۇ. سەييارىنىڭ جۇنۇنى زىيادىلىشىپتۇ. ئارقىمۇ ـ ئارقا ھۇشىدىن كېتىپ، يەنە ھۇشىغا كەپتۇ، تاقەتسىزلىنىپ بىردە يىغلىسا، يەنە بىردە قاقاھلاپ كۈلىدىكەن. ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەيدىكەن، كىملەر بىلەندۇر سۆھبەتلىشىدىكەن.

شۇ تەرىقىدە يەنە كەچ بولۇپتۇ. سەييارە مەنزەرگە چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ. غۇلاملىرى ئۇخلاپ قاپتۇ. سەييارە ئالدىدا كەڭ يول چىراي ئېچىپ، يەنە ھېلىقى جامائەت پەيدا بولۇپ، ئۇسۇل ئويناپ، تاماشا قىلىشىپتۇ. مەيدىن ئايدىن گۈزەل، كۈندىنمۇ نۇرلۇق زىبا نازىنىن چىقىپ ئاجايىپ ساز چېلىپ نەۋا قىپتۇ. تاشلار ئېرىپ سۇ بولغىدەك نەزمە پەيزى پەيدا بولۇپتۇ.

بۇ نازىنىننى كۆرگەن سەييارە، ئۇنىڭ زىبا جامالىغا ئاشىق بولۇپ، يۈرىگىدە ئىشق ئوتى يېنىپتۇ. بۇلار يەنە سۈبھى يورۇشى بىلەن نەگىدۇر غايىپ بولۇپتۇ. سەييارە بىچارە ھىجران ئوتىدا ئازاپلىنىپ يالغۇز قاپتۇ. جىددىلىشىپ، بىقارار بولۇپ، تاقەتسىزلىنىپ كۆزىگە ھىچنىمە كۆرۈنمەپتۇ. تامدىن چۈشۈپ ياقىسىنى يىرتىپ، كىيىملىرىنى پارە ـ پارە قىپتۇ. قىپ ـ يالىڭاچلىنىپ ھەر تەرەپكە ئۇچقاندەك يۈگرەپتۇ. ئانىسى بىچارە ئۇنى پەسكارىغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن قانچە ئۇرۇنۇشىمۇ نەتىجە چىقماپتۇ. ئاخىرى شاھزادىنىڭ پۇتىغا گوندا سېلىنىپتۇ.

پادىشا ئوغلىنى بۇ ھالدا كۆرۈپ، چىدىيالماي يىغلىۋېتىپتۇ.

— ئەمدى مەن بۇ پەرزەنتىمنىڭ كېسىلىگە شىپا تېپىشتا ئاجىز كەلدىم، — دەپتۇ پادىشا تەقدىرگە تەن بېرىپ ۋەزىرگە قاراپ، — سەن بىر ئامال قىلىپ باقسىن. ئىنشائاللا، شىپالىق سىنىڭ ئەجرىڭ ئارقىلىق نىسىپ بولۇپ قالسا ئەجەپ ئەمەس.

— ئەي پادىشا، — دەپتۇ ۋەزىر مەسلىھەت كۆرسىتىپ، — مۇشۇ ۋىلايەتتە بىر دانا ھەكىم بار. ئۇنىڭ تەڭدىشى يوق. ئۇنى چاقىرتىپ كەلسەك ئىنشائاللا، شۇ ھەكىم بۇ مۈشكۈللۈكنى ئاسان قىلسا ئەجەپ ئەمەس.

— ئۇ ھەكىمگە باشقا بىر ئادەم ئەۋەتكەندىن ئۆزەڭنىڭ بارغىنى ياخشى، — دەپتۇ پادىشا.

— باش ئۈستىگە؟ — دەپتۇ ۋەزىر تازىم بىجا كەلتۈرۈپ.

كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي ۋەزىر ھەكىمنى ئېلىپ كەپتۇ. پادىشا ئۇ ھەكىمگە بىسيار ئىززەت-ئىكراملار قىلىپ، يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ، سەرۇپايىلار بېرىپ، ئوغلىنىڭ ھېكايىسىنى بىر-بىرلەپ سۆزلەپتۇ.

— شاھزادىنى مۇشۇ يەرگە ئېلىپ كېلىڭلار، — دەپتۇ ھەكىم، پادىشانىڭ سۆزلىرىنى تەپسىلى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، مەن ئۆزەم كۆرۈپ، ئەھۋاللىشىپ باقاي.

خىزمەتچىلەر سەييارىنى پۇتىغا زەنجىر ئورالغان ھالدا ھەكىمنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرىپتۇ. ھەكىم شاھزادىدىن سوئال سوراپتۇ. سوئال بۇ ياقتا قېلىپ، شاھزادە باشقا نەرسىنى سۆزلەپتۇ. ئەمما شۇ ئېيتقانلىرىدا كېچىسى كۆرگەنلىرىنى ئىزھار قىپتۇ.

— ئەي شاھى ئالەم، — دەپتۇ ھەكىم پادىشانى خاتىرجەم بولۇشقا ئۈندەپ، — سەييارە ساراڭ بولغان ئەمەس، بەلكى بىر خىل سەۋداغا مۇپتىلا بولۇپتۇ، بۇنىڭ ئىلاجىنى قىلىپ كۆرەي، سىزگە مەلۇمكى، سىزنىڭ تەۋەيىڭىزدە جەزىرئى ساپا دىگەن بىر جەزىرە بار، ئۇ ناھايىتى خاسىيەتلىك ۋە خۇش ھاۋالىق گۈزەل جايدۇر. بولۇپمۇ مەجنۇنلۇق كېسەللى يېپىشقان كىشىلەرگە ئۇ جەزىرىنىڭ سۈيىدىن ئىچۈرسە، ئىنشائاللا، شىپا تاپىدۇ، ئوغلىڭىزنى ماڭا قوشۇپ بەرسىڭىز، يۇمشاق غىزالار بېرىپ ئەشۇ جەزىرىدە تەربىيىلەسەم، ئىنشائاللا سەھەت تاپقاي.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان پادىشا خوشال بولۇپتۇ.

— ئەي دانا ھەكىم، — دەپتۇ شاھ ھاياجانلىنىپ، — بۇ ئوغۇل مېنىڭ ئەمەس، سىزنىڭ ئوغلىڭىز. ئۇنداق بولسا دىگىنىڭىزدەك قىلىڭ!

پادىشا لازىملىق نەرسىلەرنى تەييارلىتىپ بېرىپتۇ. ھەكىم سەييارىنى قولىدىن تۇتۇپ، جەزىرە ساپا تەرەپكە راۋان بولۇپتۇ. سەييارىگە ئىككى نەپەر ئەقىللىق ھەم زېرەك خىزمەتچىنى قوشۇپ كېمىگە چۈشۈپتۇ. ھەكىم سەييارە ئۈچۈن ھەر خىل شەرۋەتلەرنى تەييارلىغان ئىكەن. ھەر دائىم ئۇلارنى سەييارىغا بېرىپ تۇرۇپتۇ. ئون بىر كۈن سەپەر يۈرلىنى بېسىپ جەزىرىنىڭ بىر تەرىپىدىن چىقىپتۇ. سەيلە-تاماشالار قىلىپ بىر بۇلاقنىڭ بويىغا كەپتۇ. ئۇ يەرگە چېدىرلىرىنى تىكىپ بەزمە قۇرۇپ ئولتۇرۇشۇپتۇ.

— ئەي غۇلاملار، — دەپتۇ ھەكىم قاتتىق تاپىلاپ، — شاھزادىنى شۇ يەردە قىرىق كۈن تەربىيىلەپ ئاندىن ئۇشبۇ بۇلاقنىڭ سۈيىدىن بېرىمىز. شۇنىڭ بىلەن ئىنشائاللا، شاھزادە سەللىمازا ساقىيىپ كەتكەي.

ئەلقىسسە، بىر كۈنى سەييارىنىڭ كۆزى ئۇيقۇغا بېرىپ ناز ئۇيقۇدا يېتىپ چۈش كۆرۈپتۇ. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تەختتە ئولتۇرغان بىر ئاي يۈزلۈك مەلىكە ۋە دەلىكىنىڭ ئەتراپىدا خىزمەت قىلىۋاتقان ئون نەپەر پەرى نامايەن بوپتۇ. سەييارە ئۇلارنى كۆرۈپ، ئاھ ئۇرۇپ بىھوش بولۇپ يىقىلىپتۇ. ھەكىم بۇ ھالنى كۆرۈپ ئاسمانغا قاراپتۇ. راست دىگەندەك ئاسماندىن ئون نەپەر پەرى يەرگە چۈشۈپتۇ. ھەكىم ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. قارىسا ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا، تەخت ئۈستىدە بىر زىبا نازىنىن كۈندەك پارلاپ ئولتۇرغانمىش، لېكىن پۇتىغا ئىشكەل سېلىغلىق تۇرغىدەك. ئۇلار ھەكىمنى كۆرۈپ، چېدىرلىرىغا تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كىرىپتۇ. ھەكىم ئۇلاردىن سوراپتۇ:

— سىلەر كىم؟ بۇ گۈزەل مەلىكە كىمنىڭ قىزى؟ ئىككى پۇتىغا ئىشكەل سېلىنىشىنىڭ سەۋەبى نىمە؟

ئۇلارنىڭ ئىچىدە دانىشمەنرەك

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بىرسى بار ئىكەن. ئۇ ھەكىمنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— بۇ گۈزەل مەلىكە پەرىلەر شاھىنىڭ قىزى. پادىشاھىمىزنىڭ مۇشۇ بىر قىزىدىن بۆلەك پەرزەنتى يوق. بۇ قىزنىڭ ئىسمى مېھرى ناز. بىرنەچچە كۈندىن بېرى بۇ قىزغا سەۋدا غەلىبە قىلىپ، جۇنۇنلۇق كېسىلىگە مۇپتىلا بولدى. پەرىلەر پادىشاسىنىڭ بىر ۋەزىرى بار، ئۇ ناھايىتى دانىشمەن، ئەقىللىق ئادەم، ئۇ ۋەزىر پادىشاغا مەسلىھەت بېرىپ، يۇنان شەھىرىدە بىر ھەكىم بارلىغىنى، شۇ ھەكىمنىڭ مەلىكىنىڭ كېسەلىگە ئىلاج قىلالايدىغانلىغىنى ئېيتتى. شۇ مەسلىھەت بىلەن پادىشا بىزلەرنى بۇ يەرگە ئەۋەتتى. يۇنان شەھىرىگە قاراپ كېتىۋاتىمىز. ھىلىقى ھەكىمنى تېپىپ، مەلىكىنى كۆرسىتىپ داۋالىتىپ قايتماقچىمىز. بۇ يەر ھاۋالىق بولغاچقا بىردەم ئارام ئالغىلى چۈشكەن ئىدۇق.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ ھەكىم ئۇلارغا، — ئەمدى سىلەر باشقا جايغا بارماڭلار! سىلەر ئىزلەپ كەلگەن ھەكىم مەن بولۇرمەن.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ پەرىلەر خوشال بولۇپتۇ.

— يەنە بىر سۆز، — دەپتۇ ھەكىم داۋام قىلىپ، — يۇنان پادىشاسىنىڭ بىر ئوغلى بار ئىدى. بۇ پادىشانىڭمۇ مۇشۇ ئوغلىدىن باشقا پەرزەنتى يوق ئىدى. بۇ شاھزادىنىڭمۇ جۇنۇنلۇق كېسىلى يېپىشقان ئىكەن. مېنى چاقىرىپ شاھزادىنى ماڭا تاپشۇردى. مەزكۇر جەزىرىگە شۇ سەۋەپ بىلەن كەلدۇق. شاھزادىنى ئۇشبۇ بۇلاق بويىدا قىرىق كۈن تەربىيەلەپ ئىلاجىنى قىلماقچىمەن. ئۈمىتۋارمەنكى، ئىنشائاللا، سەھەتلىك نەسىپ بولسا ئەجەپ ئەمەس.

پەرىلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ھەكىمگە تازىم قىپتۇ. ئۇلار كۆپ سوغاتلارنى ئېلىپ كەلگەن ئىكەن. ھەكىمنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. ھەكىم قوبۇل قىلغىلى ئۇنىماپتۇ.

— تاچانكى مېھنەت تەرىم سىڭمىسە، مەلىكە ساقايسا ئاندىن بۇ نەرسىلەرنى ئالىمەن. ھازىر ھېچنەرسە ئالمايمەن. سىلەر ساز چېلىپ، نەۋا قىلىپ تۇرۇڭلار. مەن بېرىپ شاھزادىنى باشلاپ كېلەي، ئىككى پادىشانىڭ پەرزەنتىنى بىر ئورۇندا تەربىيەلەپ ئىلاجىنى قىلىپ، ئاللاتائالادىن شىپالىق تىلەيمەن.

ھەكىم سەييارىنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ.

— ئەي سەييارە، — دەپتۇ ئۇ، — پەرىلەر پادىشاسىنىڭ قىزى كەلدى.

ھەكىم ھەممە ۋاقىئەنى ئاڭلىغىنى بويىچە سۆزلەپتۇ. سەييارە ھەكىمنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ناھايىتى خوشال بولۇپتۇ. ھەكىم بىلەن بىللە مېھرى نازنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. چېدىرغا كىرىپتۇ. سەييارە مەلىكىگە قاراپ سالام قىپتۇ. مېھرى ناز ئورنىدىن تۇرۇپ تازىم قىلىپ ئېھتىرام بىلدۈرۈپتۇ. ھەكىم بىلەن سەييارە يۇقۇرىغا چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ. مېھرى ناز بىلەن سەييارە پات-پات بىر-بىرىگە ئاشىقانە تەبەسسۇم بىلەن قارىشىپتۇ. ئەمما ھەكىم بۇ ھەركەتلەردىن خەۋەرسىز ئىكەن.

ھەكىم ئۇلارنى داۋالاپ تەربىيەلەش مەقسىدىدە بىر ئورۇنغا كەلتۈرۈپ پەرىلەرنى ساز-ناخشىلار بىلەن نەۋا قىلىشقا بۇيرۇپتۇ. شۇ تەرىقىدە ئارىدىن قىرىق كۈن ئۆتۈپتۇ. شاھزادە بىلەن مەلىكە سەللىمازا ساقىيىپتۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئىشقى ئوتى تېخىمۇ ئۇلغىيىپ كېتىپتۇ.

بېيىت

ھەر ئىككىسى بىر-بىرىگە ھەسەلكەن، قەنكەن
ئىشق ئوتىدا ئوخشاش يانغان بىر جۈپ تەنكەن.

ۋىسال تېپىپ قانماپتۇ، مەردانە بوپتۇ،
چىن مۇھەببەت شارابىدىن كۆپ لەززەت
ئاپتۇ.
جاھان ھەكىمى ئۇلارنى باشلاپ مېڭىپ،
بىر بۇلاق بېشىغا كەپتۇ تېز ئېلىپ.
بۇلاق سۈيىدىن ئۇلار ئىچىپ ئوچۇملاپ،
بىر بىرىنى سۆيۈپتۇ ئىللىق قۇچاقلاپ.
ئۇيقۇ كېلىپ كۆزلىرىگە ئاپتۇ ئارام،
يۈرەكلىرى ئۆز ئارا دەپتۇ سالام.
ئويغىنىپ ئۇلار تېپىپتۇ شىپا كېسەلدىن،
بەدەنلىرى قۇۋۋەت تاپقاچ شەربەت ھەسەلدىن.
يېڭى ئىسىل كىيىملەرنى كىيدۈرۈپتۇ،
ھەر ئىككىسىنى ھەكىم بىردەك كۈلدۈرۈپتۇ.
ئۇلار بېشىدىن جۇنۇنلۇق بوپتۇ غايىپ،
ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى بولۇپتۇ ساھىپ.
بارغانسېرى ئەقىللىرى بوپتۇ روشەن،
چىرايلىرى شۇنچە ئوچۇق خۇددى گۈلشەن.
ئۇلار يەنە باشلاپتۇ زور ئولتۇرۇشنى،
ۋىسال بىلەن تاشلاپتۇ كۆپ قايغۇرۇشنى.
شۇنداقتىمۇ بىر - بىرىگە قانمايدىكەن،
سۆزلىرىنى يەردە ھەرگىز قويمايدىكەن.

ئەلقىسسە، بىر كۈنى ھەكىم شاھزادىغا قاراپ دەپتۇ:

— ئەي شاھزادە، خۇداغا شۈكرىكى، مېھنىتىم زايا كەتمىدى، ئىنشائاللا، ساقايدىڭىز. ئەمدى ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ. ئاتائانىڭىزنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارغايمەن.

شاھزادە بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئۇلۇق-كىچىك تىنىپ دەپتۇ:

— ئەي ھەكىم، مەن ئەمدى ئەسلىمگە كەلدىم. پادىشالىقنى بۇ سەنەمنىڭ غۇلاملىغىغا ئالماشتۇردۇم. سىز بېرىپ، مېنىڭ ئەھۋالىمنى ئاتام بىلەن ئانامغا ئېيتىڭ!

ھەكىم نىمە دېيىشنى بىلمەي، جەزىرىدىن قايتىپ كېلىپ، بارلىق ئەھۋالنى پادىشاغا خەۋەر قىپتۇ.

ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى مېھرى نازدىن ئاڭلاش لازىم. مېھرى نازنىڭ ئىنىك ئانىسى بىللە ئىكەن. ئۇ مەلىكىنىڭ سەھەت تاپقىنىنى كۆرۈپ كۆپ خۇرسەن بولۇپتۇ.

— ئەي مېھرى ناز، — دەپتۇ ئۇ مەلىكىگە، — ئىنشائاللا، ئەسلى ھالىڭىزغا كەلدىڭىز. خۇدايىتائاللا دەرگاھىغا مىڭ شۈكرى. ئەمدى تۇرۇڭ، ئاتىڭىز قېشىغا ئېلىپ باراي. سىزنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرى خاتىرجەم بولسۇن.

ئەي ئانا، — دەپتۇ مېھرى ناز كۈلۈپ، — مېنىڭ ھالىم نىمە ئۈچۈن ئەسلىگە كەلدى؟ شۇنى بىلىڭكى، سەييارنىڭ ئىشقى ۋىسالى ماڭا شىپا بولدى. ئەقلىمدىن ئايرىلىپ مەجنۇن بولغان ئىدىم. سەييارنى كۆرگەندىن كېيىن ئۆزەمگە كەلدىم. ئەمدى ئۇنىڭدىن قانداق ئايرىلالايمەن؟ ئەي جېنىم ئانا، ماڭا رەھمەت قىلىپ، مېنىڭ ھالىمنى ئاتام بىلەن ئانامغا مەلۇم قىلىڭ. سەييارىدىن ئايرىلسام، مېنىڭ ھالىم جەزمەن خاراپ بولىدۇ. ماڭا خۇشخەۋەر كەلتۈرۈڭ، مەن سىزگە ھېساپسىز ئىنئام بېرىمەن.

ئىنىك ئانا مېھرى نازنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ھەيران بولۇپتۇ. بۇنىڭغا باشقا ئامال يوقلىغىنى بىلىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئىككى پەرى ھەمراھلىغىدا يولغا راۋان بولۇپتۇ. خۇددى تۇتۇندەك بولۇپ كۆزدىن غايىپ بولۇپتۇ.

ئىنىك ئانا پەرىلەر شاھىغا مەلىكىنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق يەتكۈزۈپتۇ. ئۇ يەردە مەلىكىنىڭ ئانىسىمۇ بار ئىكەن.

— ئەي پادىشا، — دەپتۇ خانىش، — ئەمدى ئۆزىڭىز بېرىپ خەۋەر ئېلىڭ. زادى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

قىزىمىزنىڭ ھالى قانداق؟ ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆرۈپ كېلىڭ!

بۇ مەسلىھەت پادىشاھىمۇ ماقۇل كەپتۇ، يۈز مەھرەم بىلەن بىللە پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇپ يولغا راۋان بولۇپتۇ.

ئەمدى ھەكىمدىن سۆز ئاڭلىماق كېرەك:

ھەكىممۇ يۇنان پادىشاسىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. شاھزادىنىڭ كېسىلىنىڭ بىر تەرەپ بولغانلىقىنى، پەرىزاتقا ئاشىق ئىكەنلىكىنى بىر- بىرلەپ بايان قىپتۇ. پادىشا بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئوغلىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش ئۈچۈن يولغا راۋان بولۇپتۇ. ئىككى يۈز ئەسكەر بىلەن پادىشانى ھەكىم باشلاپ مېڭىپتۇ.

ئۇلار بېرىپ كېمىگە چۈشۈپتۇ. ھەكىم ھېكمەت بىلەن يۇلتۇزغا قاراپ كېمىنى ھەيدەپتۇ. ئاز ۋاقىت ئىچىدە ئۇلار جەزىرىنىڭ بىر تەرىپىدىن چىقىپتۇ. سەييارە خۇشال بولۇپ ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قىزغىن قارشى ئاپتۇ. پادىشا ئوغلىنى كۆرۈپ يىغلاپ كۆرۈشۈپ، ئۇنى باغرىغا بېسىپتۇ.

پادىشا چېدىر- بارگاھلىرىنى تىكتۇرۇپ شانۇ- شەۋكەت بىلەن جەزىرىدە قونۇپتۇ.

ئۇ تەرەپتىن پەرىلەرنىڭ شاھىمۇ يېتىپ كەپتۇ. قىزنى باغرىغا بېسىپ ناۋازىشلار قىپتۇ. مەلىكە خىجىل بولغىنىدىن يەرگە قاراپ تۇرۇپتۇ.

— ئەي پادىشا، — دەپتۇ ھەكىم، يۇنان شاھىغا، — پەرىلەر شاھىمۇ كەپتۇ، سىز بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈڭ!

— ئاۋال سىز بېرىپ كۆرۈشۈڭ! — دەپتۇ شاھ، — ئاندىن مەن بېرىپ كۆرۈشەي.

پادىشانىڭ مەسلىھىتى بىلەن ئاۋال ھەكىم پەرىلەر پادىشاسى بىلەن كۆرۈشكىلى بېرىپتۇ. قارسا مېھرى ناز ئاتىسىنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپتۇ. ھەكىم تازىم قىلىپ پەرىلەر شاھىنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ. پەرىلەر شاھىمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىززەت- ئىكرام بىلەن ھۆرمەت بىلدۈرۈپتۇ. ئولتۇرغۇزۇپ كۆپ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپتۇ. ئاندىن كېيىن خىزمەتكارلىرىغا بۇيرۇپ ھەكىمگە بىسيار سوغاتلار ئىنئام قىپتۇ. لېكىن ھەكىم قوبۇل قىلغىلى ئۇنىماپتۇ ۋە دەپتۇ:

— ئەي پادىشا، ئەگەر سىزدىن ئىجازەت بولسا، مېنىڭ بىر ئەرزىم بار.

— قېنى ئەرزىڭىزنى ئېيتىڭ، — دەپتۇ پەرىلەر شاھى.

— ئۇشبۇ جەزىرىگە يۇنان پادىشاسى كېلىپ چۈشتى. ئەگەر مەرھەمەت قىلسىڭىز، ئۇنىڭ چېدىرىغا بارسىلا، پادىشانىڭ بېشى ئاسمانغا يەتكەندەك بولغاي.

پەرىلەر شاھى بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىپتۇ.

ئانداق بولسا سىز مېنى باشلاپ بېرىڭ، — دەپتۇ ئۇ ھەكىمگە. شۇنداق قىلىپ ئۇلار يۇنان پادىشاسىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. يۇنان شاھى خەۋەر تېپىپ پەرىلەر شاھىنىڭ ئالدىغا چىقىپ قىزغىن، خۇشال كۆرۈشۈپتۇ. بىللە چېدىر ئىچىگە كىرىپتۇ، ئۆزئارا سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ.

يۇنان پادىشاسى شاراپ ئەپكەلدۈرۈپ پەرىلەر شاھىغا پىيالە سۇنۇپتۇ. پەرىلەر شاھى بىر نەچچە پىيالە ئىچىپ مەسخۇش بولۇپتۇ. ئاندىن كېيىن يۇنان شاھى قىممەت باھالىق ئېسىل نەرسىلەردىن كەلتۈرۈپ پەرىلەر شاھىنىڭ ئالدىدا قويۇپتۇ، ئۇنىڭغا نەپىس كىيىملەرنى كىيدۈرۈپتۇ. ئاندىن كېيىن ھەكىم سۆزگە ئېغىز ئېچىپتۇ:

— يۇنان پادىشاسىنىڭ كۆڭلىدە مەقسەت بار، ئەگەر جانابلىرىدىن ئىجازەت بولسا مەن بايان قىلسام!

— سۆزلەڭ، — دەپتۇ پەرىلەر شاھى.

يۇنان شاھىنىڭ مەقسەتلىرى شۇكى، — دەپتۇ ھەكىم چۈشەندۈرۈپ، — ئوغلى سەييارىنى ئوغۇللۇقتا قوبۇل قىلىشلىرىنى تىلەيدۇ.

پەرىلەر شاھى بۇ تىلەكنى قوبۇل قىپتۇ.

— ئانداق بولسا، — دەپتۇ ئۇ نىكا خۇتبىسىنى سىز ئوقۇڭ.

ھەكىم خۇتبىسى ئوقۇپ نىكا قىپتۇ، جەزىرىدە قىرىق كۈنگىچە توي - تاماشا قىپتۇ. ئاندىن كېيىن پەرىلەر شاھى ئىنسانلار بىلەن خۇشلىشىپ ئۆز مەنزىلىگە قاراپ راۋان بولۇپتۇ. يۇنان پادىشاسى شاھزادە بىلەن كېلىنى مېھرى نازنى ئېلىپ ئۆز شەھرىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. يۇنانغا يېتىپ كېلىپ يەنە توي قىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئىسرادە مۇرات - مەقسەتلىرىگە يېتىپتۇ.

گۈلشات ھېكايىسىنى تاماملاپتۇ. ھېكايە ھوزۇرىدىن شاتلانغان شىرزات مەلىكىگە تاۋاق - تاۋاقتا ئالتۇن، جاۋاھىراتلارنى كەلتۈرۈپ ھەدىيە قىپتۇ.

## شىرزات بىلەن گۈلشاتنىڭ مەنزەر بەھرامغا چىقىپ ئولتۇرغىنىنىڭ بايانى

ئەلقىسسە، شىرزات توققۇزىنچى كۈنى بەھرام مەنزەرىگە چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ، ساقىلار شاراپ قۇيۇلغان قاچىلارنى ئايلاندۇرۇپتۇ. شىرزات بىرقانچە تاچىنى ئارقىمۇ - ئارقا ئىچىۋېتىپ مەستخۇش بولۇپتۇ. يەنە مەرھۇم ئانىسى يادىغا چۈشۈپ، غەزىپى قايناپ غۇلاملىرىغا بۇيرۇپتۇ:

— پەررۇخزادىنى مەنزەرگە ئېلىپ چىقىپ، بېشىنى تېۋەن، پۇتىنى يۇقۇرى قىلىپ پەسكە تاشلاڭلار!

مەلىكە گۈلشات بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، شىرزاتنىڭ ئالدىغا كېلىپ، تازىم قىلىپ تۇرۇپتۇ:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، — دەپتۇ ئۇ، — بۇ ئەيشى - ئىشرەتنىڭ جايى، خۇن تۆكىدىغان جاي ئەمەس. ئەگەر ئىجازەت بەرسىڭىز يادىمغا كەلگەن بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بەرسەم.

— قېنى سۆزلەڭ! — دەپتۇ شىرزات خوشال بولۇپ.

رىۋايەتچىلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، — دەپ ھېكايىنى باشلاپتۇ گۈلشات، — كەشمىر ۋىلايىتىدە بىر شەيخ بار ئىكەن. ئۇ ناھايىتى كامىل دانىشمەن كىشى ئىكەن. بارلىق ئىلىمنى ياد ئالغان ئىكەن. شۇنىڭدەك ئۇ ناھايىتى چىرايلىق ئىكەن. ئۇ، دائىم بىر بۇلۇڭدا ئىبادەت قىلىدىكەن.

بېيىت:

سەيلە قىلىپ پەلەكلەرنى ئايلىنىپتۇ،
ئەسرارى ھەق تېخىمۇ ئايان بولۇپتۇ.
كىشىگە ئالامەتلەر ئايان قىلىپتۇ،
خالايىقتىن كۆپ ھالدا پىنھان بولۇپتۇ.
كېچە - كۈندۈز رىزاسىنى ئىزلەپ يارنىڭ،
دىدارىغا مەھبۇبىنىڭ مۇشتاق تۇرۇپتۇ.

ئەلقىسسە، **بىر** كۈنى كەشمىر پادىشاسى شىكار قىلىش ئۈچۈن يولغا راۋان بولۇپتۇ. پادىشانىڭ بىر ئوغلى بار ئىكەن، ئۇمۇ بىللە چىقىپتۇ.

شاھزادە تۆت نەپەر خىزمەتچىسى بىلەن ئات ئوينىتىپ پادىشادىن ئايرىلىپ بىر جايغا بېرىپتۇ. ئۇنىڭ كۆزىگە بىر ئا-

ھۇ كۆرۈنۈپتۇ. شاھزادە ئاھۇنى قوغلاپ ئات ساپتۇ. قوغلا ـ قوغلا بىر تاغنىڭ كانارىغا بېرىپتۇ. قارىسا ھەيۋەتلىك بىر ئەجدىھار ئاغزىدىن ئوت چېچىپ چىقىپ كېلىۋاتقۇدەك.

شاھزادە قورقۇپ، دەرھال ئارقىسىغا يېنىپ قېچىپتۇ. تۆت خىزمەتچى ئەجدىھارنىڭ ئاغزىدىن چىققان ئوتتا كۆيۈپ كېتىپتۇ.

ئەجدىھار قېچىپ كېتىۋاتقان شاھزادىنىمۇ دەم تارتماقچى بولۇپتۇ. شۇ ئەسنادا تاغ ئارىسىدىن بىر سادا چىقىپتۇ. بۇ سادانى ئاڭلاپ ئەجدىھار تۇرغان جايىدا تاش بولۇپ قاپتۇ. شاھزادە ئەجدىھارنىڭ دەردىدىن قۇتۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ نەپسىنىڭ تەسىرىدىن بىھوش بولۇپ يىقىلىپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ تاغنى ئەجدىھار تاغ دەيدىكەن.

ئەلقىسسە، غايىپتىن بىر قول پەيدا بولۇپ، شاھزادىنى كۆتىرىپ بىر غارنىڭ ئىچىگە ئېلىپ بېرىپتۇ. شەيخنىڭ نەزىرى بىلەن ئۇ دەرھال ھۇشىغا كەپتۇ. كۆزلىرىنى ئېچىپ، شەيخنى كۆرۈپ، ئۆزىنى ئۇنىڭ ئايىغىغا تاشلاپتۇ. شەيخ شاھزادىنى تۇرغۇزۇپ، پېشانىسىغا سۆيۈپتۇ.

— ئەي ئوغۇل، — دەپتۇ شەيخ، — غەمكىن بولمىغىن. ئەجدىھار تاشقا ئايلاندى. كىشىلەر ئۇنىڭ زىيان ۋە قورقۇنچىدىن قۇتۇلدى. سەن ئەمدى شاھزادىلىگىڭنى تاشلاپ، زىيارەت چېكىپ، بىر مەزگىل ئىبادەت قىل، ئىنشائاللا، ئىككى دۇنيا سائادىتىنى قولغا كەلتۈرگىن. مۇشۇ غارنىڭ ئاغزىدا بىر پاكىزە بۇلاق بار. شۇ يەرگە چىقىپ بۇلاق سۈيىدە غۇسلى قىلغىن. ئاندىن كېيىن زىيارەت چەككىنىڭ، ئۇنىڭ بىلەن ۋۇجۇدۇڭ تازىلانغاي. شۇ چاغدا ھەقىقى پادىشا بۇلىسەن.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ شاھزادىنىڭ شەۋق-زوۋقى كېلىپ ئىبادەت ھەۋىسى قوزغىلىپتۇ. شەيخنىڭ ئېيتقىنى بويىچە چەشمىگە بېرىپ پاكىزە يۇيۇنۇپتۇ. ئاندىن كېيىن غارنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ماكان تۇتۇپتۇ. خۇدانى رازى قىلىپ، دىدارىنى كۆرۈش ئارزۇسىدا ئىبادەت قىلىشقا باشلاپتۇ.

ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى كەشمىر شاھىدىن ئاڭلاش كېرەك:

پادىشاغا شاھزادىنى ھەمرالىرى بىلەن قوشۇپ ئەجدىھار دەم تارتىپ كېتىپتۇ، دېگەن خەۋەر ئاڭلىنىپتۇ. پادىشا بىچارە بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئوغا ئىچىۋالغاندەك بولۇپ، بېشىدىكى شاھلىق تاجىنى ئېلىپ يەرگە ئۇرۇپتۇ. ياقىسىنى يىرتىپ زار-زار يىغلاپ باھار يامغۇردەك ياش تۆكۈپتۇ. ۋەزىر ۋە نەۋكەرلەرگىچە شاھزادىنىڭ ھازىسىنى تۇتۇپ قارا كىيىم كىيىپتۇ. ئۇلار — قىرىق كۈنگىچە نالە-زارە قىپتۇ.

ئەلقىسسە، شاھزادە بولسا غارنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئولتۇرۇپ ئىبادەت قىلىپ، قەلبىنى تازىلاپتۇ. ئاندىن كېيىن شەيخ بىر ئاق لاچىن سۈرىتىدە، شاھزادە بولسا، بىر كەپتەر سۈرىتىدە بولۇپتۇ. ئۇلار بىللە ئۇچۇپ توققۇز پەلەكنى سەيلە قىپتۇ. شۇ ھالەتتە دەسلەپتە بىر بوستانغا يېتىپتۇ. ئۇ يەر پەرىشتىلەرنىڭ جايى ئىكەن. ناھايىتى گۈزەل ھاۋالىق باغۇ-بوستان ئىكەن. ئۇ يەردىن پەرۋاز قىلىپ ئۆتۈپتۇ. بىر گۈلشەنگە يېتىپتۇ. ئۇ يەر روھانىلارنىڭ ماكانى ئىكەن. شاھزادە بۇ ئالى جايىنى كۆرۈپ، زوقلىنىپ ھاياجان-

لىنىپتۇ. ئاندىن كېيىن يەنە بىر يەرگە يېتىپتۇ. ئۇ يەرنى گۈلشەنى روھ دەيدىكەن. ئۇ يەردىن ئۆتۈپ يەنە بىر يەرگە كەپتۇ. ئۇ يەرنى مۇقامى قۇددۇس دەيدىكەن. شاھزادىنىڭ قەلبىدە مۇقامى قۇددۇستا كۆپ دىل ھوزۇرى بولۇپتۇ. ئۇ يەردىن پەرۋاز قىلىپ ئالەمى باقىغا بېرىپتۇ. ئۇ يەرنى سەيلى قىپتۇ. كۆپ زەۋق-شەۋق ھاسىل قىلىپ ئۆز ماكانلىرىغا كەپتۇ.

ئەلقىسسە، شاھزادە شۇ تەرىقىدە يەتتە يىل ئاشۇ شەيخنىڭ ئالدىدا بولۇپتۇ. شەيخنىڭ سەپەر ۋاقتى يېقىنلاپ قاپتۇ. شەيخ بۇلاق بويىغا بېرىپ بارلىق ئەزا-بەدەنلىرىنى تولۇق يۇيۇپتۇ. ئاندىن كېيىن ئۆزىگە گۆر كولاپتۇ، گۆرنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئىمان بىلەن كۆز يۇمۇپتۇ. گۆرنىڭ ئاغزى ئۆزلىگىدىن كۆمۈلۈپ ئېتىلىپ قاپتۇ.

شاھزادە ئۇستازىنىڭ پىراقىدا كۆزىدىن ماتەم ياشلىرىنى راۋان قىپتۇ. ئۇ يەنە غارغا كىرىپ ئىبادەتكە مەشغۇل بولۇپتۇ.

ئەلقىسسە، شەيخنىڭ ۋاپات خەۋىرى كەشمىر پادىشاسىنىڭ قۇلىغىغا يېتىپتۇ. پادىشا ئاتقا مىنىپ شەيخنى زىيارەت قىلىش نىيىتىدە كېلىۋېتىپ كۆزى ئەجدىھارغا چۈشۈپتۇ. پادىشا ناھايىتى قورقۇپتۇ. ئادەم ئەۋەتىپ تەكشۈرتۈپ قارىسا ئەجدىھار تاشقا ئايلىنىپ قالغان ئىكەن. پادىشا خاتىرجەم بولۇپ ئۇ يەردىن ئۆتۈپ غارنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئېتىدىن يەرگە چۈشۈپتۇ، ئاندىن كېيىن غارنىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ.

پادىشا غارغا كىرىپ قارىسا، بىر گۈزەل يىگىت ئىبادەت قىلىپ ئولتۇرغىدەك. پادىشامۇ بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپتۇ. يىگىت نامازنى تۈگىتىپ، دۇئا قىلىپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. پادىشا ئورنىدىن تۇرۇپ، يېقىن بېرىپ، تازىم قىلىپ سالام بېرىپتۇ.

— ئەي ئۇلۇق ئاتا، — دەپتۇ شاھزادە پادىشانى تونۇپ، — نېمە سەۋەپتىن ماڭا مېھرىبانلىق قىلمايسىز. مېنى تونىيالمىدىڭىزمۇ؟ مەن سىزنىڭ ئوغلىڭىز بولىمەن.

پادىشا ئوغلىنى تونۇپ، بىئىختىيار ئورنىدىن تۇرۇپ شاھزادىنىڭ بوينىدىن قۇچاغلاپ يىغلاپتۇ.

— ئەي يۈرەك پارە، كۆز نۇرۇم، — دەپ يىغلاپتۇ، شاھ ھاياجاندىن ئۆزىنى باسالماي، — قانداق بولۇپ بۇ يەرلەرگە كېلىپ قالدىڭ؟

شاھزادە بېشىدىن ئۆتكەن ۋاقەلەرنى بىر-بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. پادىشا زار-زار يىغلاپ تارام-تارام ياش تۆكۈپتۇ. ئاندىن كېيىن ئۇ شەيخنىڭ روھى پاكلىرىغا ئاش قىلىپ، خەتمە قۇرئان ئوقۇتۇپ ساۋابىنى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا ۋە شەيخنىڭ ئەرۋاھىغا بېغىشلاپتۇ. ئاندىن كېيىن شاھزادىنىڭ بوينىدىن قۇچاغلاپ سۆيۈپتۇ ۋە ئوغلىنى ئۆزى بىلەن بىللە شەھەرگە ئېلىپ كەپتۇ. شەھەرگە يېقىنلاپ بارغاندا، شەھەر خەلقى ئۇلارنى كۆرۈپ، شاھزادىنى مۇبارەكلەپتۇ. ھەممەيلەن شاھزادىنىڭ ئايىغىغا باش قويۇپ يىگىتنىڭ بېشىدىن دۇررە-جاۋاھىراتلارنى چېچىپتۇ. شۇنداق ئالى ئىززەت، ئىكرام بىلەن شەھەرگە ئېلىپ كىرىپتۇ.

— ئەي ئوغلۇم، — دەپتۇ پادىشا، — ئەمدى مېنىڭ تاجۇ-تەختىمدە سەن ئولتۇرغىن. مەن ساڭا دۇئا قىلىپ بىر بۇلۇڭدا ياتاي!

شاھزادە بۇ سۆزگە قوشۇلماپتۇ.

بېيىت:

ئېيتىڭكى بۇ تاجۇ تەختىنى نىمە قىلىمەن؟
شانۇ ـ شۆھرەت بۇ ئىززەتنى نىمە قىلىمەن؟
ئەلادۇر يار رىزاسى، دىدارى،
دىدار ئۈچۈن بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرىمەن.

شاھزادە يەنە غارغا بېرىپ تائەت ـ ئىبادەتكە مەشغۇل بولۇپتۇ.

گۆلشات ھىكايىسىنى شۇ يەردە تامام قىپتۇ، ئاندىن كېيىن ئاتىسى پەررۇخزادىنى ئېلىپ كېلىپ شىرزاتنىڭ ئالدىدا يىقتىپتۇ. پەررۇخزادە كۆپ يىغلاپ شىرزاتتىن گۇنايىنى تىلەپتۇ. شۇ چاغدا شىرزات گۇلشاتقا قاراپتۇ. مەلىكە بولسا شەلپەردەك قىزىرىپ كېتىپتۇ.

— ئەي شىرزات، — دەپتۇ گۆلشات، — مەندەك بىر ئاجىزەنىڭ ھەققىدە ئاتامنىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كەچكىن!

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ شىرزاتنىڭ مەلىكىگە رەھمى كەپتۇ.

— ئەي مەلىكە، — دەپتۇ شاھزادە، — سېنىڭ خوشاللىغىڭ ئۈچۈن ئاتاڭنىڭ قېنىدىن ئۆتتۈم.

پەررۇخزادە بېشىنى ئىگىز كۆتىرىپ شىرزاتقا سەھەت ـ سالامەتلىك تىلەپ دۇئا قىپتۇ. كېيىنرەك شىرزات پەررۇخزادىنى ۋەزىر قىپتۇ. ۋەزىر پارىسقا ھىساپسىز ماللارنى ئىنئام قىلىپ، سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرغۇزۇپتۇ، ھەممىسى مۇرات ـ مەقسەتلىرىگە يېتىپتۇ.






ئەلىشىر ناۋايى

(بېشى ئۇمۇمى 15 - ساندا)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: **قۇربان بارات**

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:

داستانىنىڭ بۇ نەشرگە ئابدۇمەنناف قارى ناملىق خەتتات تەرىپىدىن كۆچۈرۈلۈپ ھىجرى 1323 - يىلى (مىلادى 1893 - يىلى) تاشكەنتتە چاپى قىلىنغان نۇسخا ئاساس قىلىندى.

**ھېكمەت ئىسكەندەرنىڭ ئەرەستۇدىن ساۋالى ئۇل بابداكىم ئادالەت نەتىجەسى نە نەۋئ ئىشلار بولا ئالغايكىم ئۇل نەتىجە ئۈممەتلەرگە كىشى ئۇل يولغە قەدەم سالغاي ۋە ئەرەستۇغە جاھانگۇشالىق يولى ئاچىلماق ۋە ئەدلغە ئۇل جاھان سائادەتى ھەم تاپىلماق**

**(ئىسكەندەرنىڭ ئەرەستۇدىن، ئادالەتنىڭ نەتىجىسى قايسى خىل ئىشلار بولىدۇ، ئۇ نەتىجىنى ئۈممەت قىلىغان كىشى ئۇنىڭ يولىغا قانداق قەدەم قويسا بولىدۇ، دەپ سورىغانلىقى؛ ئەرەستۇغا جاھانغا ئىگىدارچىلىق قىلىش يولىنىڭ ئايان بولۇپ، ئادالەتنىڭ جاھاندا سائادەت تاپقانلىقى)**

يانا شاھ ئەرەستۇغە قىلدى خىتاب:
«كى ئى دانىش ئايىنو ھىكمەتمەئاب!
شاھىكىم ئەرۇر ئەدلىنىڭ جازىمى،
نى ئىشلار ئىكىن ئەدلىنىڭ لازىمى؟»
دىدى: «شاھكى ئەدل ئۇلسا ئايىن ئاڭا،
مۇسەخخەردۇرۇر دۇنيايۇ دىن ئاڭا.
بۇ ئالەمدە بولماغلىق ئافاقگىر،
يانا ئالەم ئەھلىدە جەننەت سەرىر.
بۇ ئالەم ئالۇرنى بۇرۇن شەرھ ئېتەي،
يانا ئۆزگە ئالەمنە داغى يېتەي.

www.uyghurkitap.com



شاھىكىم ئاڭا ئەدل بۇنياد ئولۇر،
نەتىجە بۇكىم مۈلكى ئاباد ئولۇر.
چۇ مۈلك ئۆلدى ئابادۇ خەلقى غەنى،
يەقىندۇركى، مەئمۇر ئولۇر مەخزەنى.
چۇ مەخزەننى بۇ نەۋئ مەئمۇر ئېتەر،
سىپاھغە بىشەك مەۋاجىب يېتەر.
سىپاھى قاچان شاھغە تالىب كىلۇر،
ئەدۇسىغە شەك يوقكى غالىب كىلۇر.
قاچان بىر ئەدۇسىنى پەست ئەيلەدى،
ئەنىڭ مۈلكىنى زىرىدەست ئەيلەدى.
ئىككى مۈلكى ئەفزۇن قىلۇر قۇۋۋەتىن،
يانا خەسمىنىڭ سىندۇرۇر شەۋكەتىن.
بۇ تەرتىب ئىلە چۇنكى تەرھىن سالۇر،
ئەجەب يوق ئەگەر دەھر مۈلكىن ئالۇر.
يانا ئۆلكى چۇن ئەدلى زاھىر دۇرۇر،
بارى قەۋم ئىلە خەيلى شاكىر دۇرۇر.
سىپاھىيسى گەر تىغ ئۇرار بىئەدەد،
رەئىيەت دۇئا بىرلە ئەيلەر مەدەد.
قاچان قىلدى مىلك خەسمى كىنخاھ ئوقى،
يەرىم كىچە قىلغانچە بىر ئاھ ئوقى.
يانا ئۆلكى چۇن ئەدل بولمىش فەنى،

ئەدۇ خەيلى داغى تىلەرلەر ئەنى.
رەئايەسى تۈنلەر ئىلىك ئاچىبان،
سىپاھىيسى بارىب ئاڭا قاچىبان.
بىراۋ تاپسە بىر ئىشغە مۇنچە سەبەب،
جاھانگىر بولماغلىغى نى ئەجەب؟
بۇ بىر مۇددىئا چۇنكى تاپتى ۋۇقۇئ،
يانا بىرگە ئەدى قىلايىن شۇرۇئ.
بىراۋ تەگرىگە ئىلتىجا كەلتۇرۇب،
چۇ ئەدل ئەمرى قىلمىش بەجا كەلتۇرۇب.
ئالىب مۈلكىدىن رەنجۇ فەرسۇدەلىغ،
خەلايىققە تېگۈرگەي ئاسۇدەلىغ.
تەئەممۇل قىلىب ئەدلۇ ئىھسانىغە،
دۇئا قىلسا ئافاق ئېلى جانىغە.
نەتىجە مۇڭا غەيرى غۇفران ئىمەس،
جەزايى ئەمەل بولماي ئىمكان ئىمەس.
بۇ ئالەم داغى بولدى ئۆل ھەم ئاڭا،
ئىكى كەۋن مۈلكى مۇسەللەم ئاڭا.
چۇ خەتم ئەتتى دانايى بىسياردان،
جەۋابىنى تاپتى شاھى كاردان.
ھەكىم ئەيتۇردىن چۇ كەسب ئەتتى نەفەئ،
بارى شۇبھەسى كۆڭلىدىن بولدى رەفئ.

ئىسكەندەر ئىشلارىنى تەفسىلىنى ئىجمال بىلە دىيىمەك ۋە ئۆل ئىجمالنىڭ مەجمۇلاتىن تەفسىل قىلماق ۋە دارانىڭ رەسۋاى ئۆڭا ئالتۇن باجىنى تىلەب كىلىب فۇلاددەك ئىتىك جاۋابلار تاپىب بارماق ۋە ئۆل سىنان لەمئەسىنى بەرقى ئۆنىڭ خىرمان جىرىغە ئوت سالىماق ۋە كۆنجۇد بىلە گۈي ۋە چەۋگان يۇبارماقى ۋە ئىسكەندەر ئۆل چەۋگان بىلە گۈينى ئۇرۇب كۆنجۇدنى قۇشلارغا تىرگۈرماقى

(ئىسكەندەرنىڭ قىلغان ئىشلارىنىڭ تەپسىلاتىنى قىسقارتىپ بايان قىلماق ۋە ئۇ قىسقارتىلمىنىڭ جەمئىسىنى تەپسىلات قىلماق: دارانىڭ ئەلچىسىنىڭ ئۇنىڭدىن ئالتۇن بېجى تەلەپ قىلىپ كېلىپ، پولاتتەك ئىتتىك جاۋاپلار ئېلىپ كەتكەنلىگى: ئىسكەندەرنىڭ نەيزىسىدىن يالتىرىغان چاقماقنىڭ دارانىڭ خامىنىغا ئوت بولۇپ چۈشكەنلىگى، ئۇنىڭ ئىسكەندەرگە كۈنجۈت بىلەن تاياق ۋە توپ ئەۋەتكەنلىگى؛ ئىسكەندەرنىڭ ئۇ تاياق بىلەن توپنى ئۇرۇپ، كۈنجۈتنى قۇشلارغا چېچىپ بەرگەنلىگى)

بۇ يەڭلىغ دىدى موبەدى نوكتە سەنج،
كى تەئرىخ ئىلمىغە كۆپ چەكتى رىنج.
كى چۇن قىلدى ئۆل شاھى نەۋخاستە،
ئادالەت بىلە مۈلكىن ئاراستە.

ھەكىم ئويلەكىم كىرگۈزۈپ ئەردى يول،
ئادالەت خەۋاسىن بىلىپ ئەردى ئۇل.
كى ئالەم ئالۇرغە بولۇر مۇنتەھى،
بۇ سۆز فىكرىدە خاتىرى ئاگەھى.
تەئەممۇل قىلۇر ئەردى ھەددىن فۇزۇن،
چىكەر ئەردى ئەندىشە تارىن ئۇزۇن.
چۇ ئەدلۇ شۇجائەت ئاڭا يار ئىدى،
يانا راي ئىلە ھىكمەتى بار ئىدى.
قۇياشدەك سىپەھر ئۆزرە تارتىب ئەلەم،
يۇرۇب ئالدى ئالەم يۈزىن يەكقەلەم.
ئۇل ئىشلەركى ئۇل قىلدى ئافاق ئارا،
كىشى قىلمادى بۇ كوھەن تاق ئارا.
بۇ ئەئجۇبەلەركىم ئاڭا بەردى دەست،
جاھاندارلەر قەدرى تاپتى شىكەست.
نىكىم قىلدى ئۇل دىسە ئېيتاي كىشى،
تۈگەنمەس ئوقۇب قەرنلەر ئول ئىشى.
بارى قىلغانىن دىمەك ئاسان ئىمەس،
دىگەنگە تۈگەتمەكلىك ئىمكان ئىمەس.
مۇناسىب بۇ كەلدىكى ھەرھال ئىلە،
دىسەم ئەۋۋەل ئەھۋالىن ئىجمال ئىلە.
كى كامىم راۋا ئەيلەمىش بولغايمەن،
ھەدىسىن ئادا ئەيلەمىش بولغايمەن.
يانا قىسسەسىغە تەئەققۇل قىلىب،
تەۋارىخغە كۆپ تەئەممۇل قىلىب.
ئۇمۇرىدە ئولچە غەرايىب دۇرۇر،
كى ئول ئىشتا كۆپرەك ئاجايىب دۇرۇر.
جۇدا ئەيلەبان كىزب ئالايىشىن،
ئاڭا ئەيلەسەم نەزم ئارايىشىن.
ھەماناكى ئۇل شاھى دەۋلەتپاناھ،
بۇرۇن رۇم تەختىغە كىم بولدى شاھ.
مۇخالىفقە قەسدى ھەلاك ئەيلەدى،
كى ئەئدادىن ئول يەرنى پاك ئەيلەدى.
چىرىك چەكتى ئەندىن سۇڭ ئىستەب كۇشاد،
جاھان ئىچرە ئەيلەرگە فەتھى بىلاد.
بۇرۇن تارتىبان رەزم ئۈچۈن تىغى كىن،
يۇرۇب ئەيلەدى ئەزمى مەغرىب زەمىن.

قىلىب زەنگبار ئەھلىغە چىرەلىك،
يۈدى تىغى سۇيىدىن ئول تىرەلىك.
يانا بولدى دارا بىلە ھەمنەبەرد،
كى بەدخاھدىن كۆككە تېگۈردى گەرد.
يانا مۇلك ئاچماقتە قىلماي دەرەڭ،
يۇرۇب فەتھ قىلدى بىلادى فەرەڭ.
چۇ بولدى مۇتىئ ئاندا بولغان ئۇلۇس،
قىرىم بىرلە فەتھ ئەيلەدى ئەندەلۇس.
يەنى، مىسىر فەتھىغە قىلدى سىتىز،
سىپەھر ئۇنى مىسىر ئۆزرە ئەتتى ئەزىز.
كۆرۈب تەبئى ئول مەرزىن ئاشنا،
قىلىب ئۇندا ئىسكەندەرىيە بىنا.
چۇ زەردۇشت دەفئىغە قىلدى غۇلۇ،
ئۇلار ئوتىغە تىغ ئىلە ئۇردى سۇۋ.
ئىراقى ئەجەم سارى قىلغاچ خىرام،
ناۋا تاپتى ئاھەڭدىن ئول مەقام.
ئىراقى ئەرەبنە چۇ سوردى سەمەند،
قۇدۇمىدىن ئولدى ئۇل ئەل بەھرەمەند.
يانا ئەيلەدى ئەزمى شامۇ ھەلەب،
نەسب ئولدى ئۇل يەرگە كامۇ تەرەب.
يەمەن سارى چىقتى نىچۈككىم سۇھەيل،
ئەقىق ئولغالى تاشلەرى قىلدى مەيل.
يەر ئۆپمەككە چۈن مەككە ئەزمى قىلىب،
قەبۇلى ئۈچۈن ئۇل ئەشك ئاچىلىب.
قىلىب ئەزم ئەندىن سەۋاھىل سەرى،
قويۇب يۈز ئاجايىب مەراھىل سەرى.
يانا ئەيلەبان فارس فەتھىغە ئەزم،
مۇيەسسەر بولۇب ئەيلەمەي كىينۇ رەزم.
ئاچىلغاچ بۇلار شاھى فەرخۇندە فال،
سائادەت بىلە قىلدى ئەزمى شىمال.
چۇ مۇلك ئالغەلى دەئبۇ خورەزم ئىتىب،
تەۋەججۇھ بىلە فەتھى خارەزم ئىتىب.
چىكىب رەئيەتى مېھرى ئىشراقنى،
يارۇق ئەيلەبان دەشتى قىپچاقنى.
چۇ بۇ ناھىيەتدىن ئىنانتاب ئولۇب،
ئىنانگىرى ساقسىنۇ سەقلاب ئولۇب.

چۇ ئازىم بولۇپ جانىبى ئاسۇ رۇس،
بولۇپ يۈزلەرى ۋەھمىدىن سەندەرۇس.
تۇشۇپ چەركەسۇ گورجە سارى يولى،
بولۇپ بارچە گۇرجىيۇ چەركەس قۇلى.
شىمال ئەھلىن ئىھسانغە غەرق ئەيلەبان،
تەۋەججۇھ قىلىب ئەزمى شەرق ئەيلەبان.
چۇ مەنزىل قىلىب مۇلكى فەرخارنى،
كېسىب ئۇل گۇلىستاندا ھەر خارنى.
چۇ مەئبەر بولۇپ ماۋەرەننەھر ئاڭا،
ياسالىب سەمەرقەندەك شەھر ئاڭا.
چىڭگىل بىرلە ياغمادىن ئەيلەب ئۇبۇر،
نىچۇككىم، چەمەندىن سەباۋۇ دەبۇر.
يۈرۈب چىنخە بولغاندا مەسنەدنىشىن،
كەمەر باغلاب ئالىندا خاقانى چىن.
يانا ھىند سارى قىلىب تۇركتاز،
بولۇب كېد قۇللۇق بىلە چارەساز.
بۇزۇب ھىندۇ چىن ئىچرە بۇتخانەلەر،
ياساب تائەت ئەھلىغە كاشانەلەر.
چۇ رەفئ ئەيلەبان كۇفر يەڭلىغ ئۇيۇب،
بېرىب رەھنەۋەردىغە ئەزمى جەنۇب.
ئۆتۇب سىند ئىلە كېچۇ مۇكران سارى،
ھەم ئاندىن قىلىب ئەزم كىرمان سارى.
خۇراسان ھاۋاسىدا تاپقاچ ھايات،
ياساب ئۇندا شەھرى نىچۇككىم ھىرات.
سىپاھان سارى دەشت قىلغاندا تەي،
بىنا ئەيلەبان شەھرى ئانداقكى رەي.
چۇ فەتھ ئولدى ئاللەمدەغى مەرزۇ بوم،
كۆڭۈل جەمئ ئىتىب ئەيلەدى ئەزمى رۇم.
نىچە ۋەقت ئولۇب ئەيش ئىلە جامگىر،
كۆڭۈل تاپمادى ئۇندا ئارامگىر.
يانا قەتلە ئاللەمدە سەير ئەيلەدى،
مەمالىكدە بۇنيادى خەير ئەيلەدى.
غەرىب ئىشلارىدىنكى يوق ئاڭا ھەد،
بىرى ئەردى يەئجۇج ئالىغە سەد.
مەساھەت قىلىب بارچە ئافاقنى،
نى ئافاقكىم چەرخى نوھ تاقنى.

چۇ قىلدى مەساھەت مەسالىك ئارا،
ياغاچ ئەنتى تەئيىن مەمالىك ئارا.
تەنابىكى مەسساھ قىلدى قۇلاچ،
قىلىب ئون ئىككى مىلڭ قەرى بىر ياغاچ،
ئۇنىڭ سەئيدىن تاپتى بارى سەبىل،
نىشانى قاپان بىر ياغاچ ئولسا مىل.
مەنازىلدا تەرھى رەبات ئەيلەدى،
كى ئاندىن مۇسافىر نىشات ئەيلەدى.
چۇ مەئمۇرەنى تۇزدى قىلماي دەرەڭ،
تېڭىز مەيلى قىلدى نىچۇككىم نەھەڭ.
سۇ ئۆزرە سۈرۈپ بىنىھايەت كېمە،
سالىپ ئۇندا بارى كېرەكلىك نىمە.
نېچە يىل سۇۋ ئۆزرە خىرام ئەيلەدى،
جەزايىردە ئاھى مەقام ئەيلەدى.
ھەق ئىھساندىن بەھرى زاخىر ئارا،
بىلادىكىم ئەردى جەزايىر ئارا.
بارىن فەتھ قىلدى سۇۋ ئۆزرە يۈرۈب،
بىرىن چۈن ئالىپ، ئىلگەرىرەك سۈرۈب.
چۇ يەر قالمادى ئالماغان سۇژدە ھەم،
بۇ ئىشلار بىلە بولماي ئاسۇدە ھەم.
سۇ مەۋجى كەبى ئىزتىراب ئەيلەدى،
مۇھىت ئورتاسىغە شىتاب ئەيلەدى.
چۇ بولدى يېرى نوقتەگاھى مۇھىت،
قۇيى سۇۋۇ ئۈستۈن سىپەھرى بەسىت.
قىلىب سۇۋ تۈبىن كۆرمەك ئەندىشەئى،
ھەمۇل ھىكمەت ئەھلى ياساپ شىشەئى.
كىرىب شىشەغە رەنجۇ تەشۋىر ئىلە،
ئۇنىڭ ئاغزىنى بىركىتىب قىير ئىلە.
تەنابىكى بولغاي نىچە مىلڭ قەرى،
ئىشلگەن كىلۇر چاغدا دەريا سەرى.
بىر ئۇچىن قىلىب شىشە دەۋرىنە رۇست،
يانا بىر ئۇچىن تۇتتۇرۇب ئەلگە چۇست.
بۇ يەڭلىغ قىلىب چۆكتى دەريا قويى،
ئۇنى قەئرىغە چەكتى دەريا سۇيى.
غەرايىبكى دەريادا بولغاي نىھان،
ئۇڭا زاھىر ئولدى جاھان دەر جاھان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇلاردىن رەۋا ئەيلەبان كامنى،
كىمە ئىچرە قويدى يانا گامنى.
ۋە لېكىن بۇ سۆزدە ئېرۇر ئىختىلاف،
يېرىدە دىمەكتىن ئەمەسمەن مەئاف.
يانا ئەزم قىلدى قۇرۇغلۇققا بات،
چىقىب ئەيلەدى ئەزمى ئابىھايات.
قارانغۇدا ئەيلەب يارۇغلۇق تەلەب،
ئۇنى تاپمايىن قايتتى خۇشك لەب.
قۇرۇغلۇق ئارا خىزىر ئولۇب رەھبەرى،
تېڭىز ئىچرە ئىلياس ئىدى ياۋەرى.
بۇ ئىشلار قىلىبكىم كىشى قىلمايىن،
كىشىدىن بۇ نەۋئ ئىشلار ئەيتىلمايىن.
ۋەلايەت قىلىب تەڭرىدىن مۇلتەمەس،
نۇبۇۋۋەتقە داغى تاپىب دەسترەس.
بولۇب ئانچە دەۋلەت مۇيەسسەر ئاڭا،
يانا ئانچە كىشۋەر مۇسەخخەر ئاڭا.
كى سەبتىغە يۇنسا كىشى خامەئى،
كېرەكتۇر رەقەم تاپسا «شاھنامە»ئى.
ۋە لېكىن بۇ دەفتەردە گۇنجەيىشى،
ئەمەس سىققۇدەك بارچە ئارايىشى.
زەرۇرەتدىن ئەلقىسسە ھەرھال ئىلە،
ئۇنىڭ قىسسەسىن سۇردۇم ئىجمال ئىلە.
ئادا بولدى ھەر بەيت ئارا دەفتەرى،
ھەر ئوي ئىچرە قىلدىم نىھان كىشۋەرى.
تامامى بۇ ئەردىكى قىلدىم ئادا،
ۋەلى ئەمدى تەۋفىق بەرسە خۇدا.
سۇنۇب پەنجە كۇللىي ئىشى سارى قول،
قىلاي نەزمكىم ئەسل بولغاي ھەمۇل.
ئۇلاردىن بىرى ئەردى دارا ئىشى،
كىم ئۇل نەۋئ ئىش ياد بەرمەس كىشى.
بۇ نەۋئ ئەردى ئۇلكىم مەلىك فەيلەقۇس،
كى رۇم ئەھلى ئەردى ئاڭا خاكبوس.
جاھان خۇسرەۋ ئۇل چاغدا دارا ئىدى،
ئاڭا شاھلىغ ئاشكارا ئىدى.
كەيانىيلار ئورنىدا ئافافگىر،
كېلىب پۇشت - بەر پۇشتى ساھىب سەرىر.

ئۇمۇرىدا ئايىنى لۇھراسبىي،
سىپاھىدا قانۇنى گۇشتاسبىي.
بولۇب كۆپ كەيانىي ئىش ئىھداس ئاڭا،
تېگىب بەھمەنىي مۇلك مىراس ئاڭا.
جاھانبانلىغ ئەيرىدە خۇسرەۋ نەجاد،
ئۇڭاچەكى كەيخۇسرەۋۇ كەيقۇباد.
جاھان مۇلكىدە مۇستەقىل پادىشاھ،
ئۇڭا تاپشۇرۇب شاھلەر تاجۇ كۇلاھ.
مەمالىكدە ھەر ساھىبى تەختۇ تاج،
ئۇڭا يەتكۇزۇب پېشكەش يا خىراج.
بىرى فەيلەقۇس ئەردى ئۇل خەيل ئارا،
خىراجىنى بەرگۇچى بىماجارا.
خىراج ئۇل نىمەكىم مۇقەررەر ئىمىش،
ھەماناكى مىلك بەيزەئى زەر ئىمىش.
چۇ ئۇل قىلدى دەيرى فانادىن خىرام،
سكەندەر ئۇڭا بولدى قايىم مەقام.
بار ئەردى چۇ مۇلك ئولدى تەئيىن ئۇڭا،
بۇ يەڭلىغكى شەرھ ئەتتىم ئايىن ئۇڭا.
ھەم ئەۋۋەلغى يىل تارتىبان تىغى كىن،
قىلىب زەڭ شاھى بىلە بىغى كىن.
تاپىب تىغىنىڭ بەرقى چۇن ئىشتىئال،
كۇيۇب زەڭى ئاندىن نىچۇككىم زۇگال.
تۆكۇب ئەردى قان ئانچە ئۇل خەيلدىن،
كى زەڭ ئەھلى رۇخسارى ئۇل سەيلدىن.
قارا داغلاردەك بولۇب ئاشكار،
بولۇب يەر يۇزى ئۇيلەكىم لالەزار.
ئىكى، ئۈچ يىل ئىچرە نىچە بويلە رەزم،
قىلىب ئەردى ئۇل شاھى فەرخۇندە ئەزم.
كى بارىدا ئەئداسى مەنكۇب ئىدى،
كىرىب ئىلگىگە ئۇلچە مەتلۇب ئىدى.
بۇ فۇرسەتدە فەتھ ئەيلەگەن مەرزۇ بۇم،
بولۇب ئىككى - ئۈچ ئانچە كىم مۇلكى رۇم.
قىلىب خەيلىن ئەئداغە ئانداق دەلېر،
كى بولغاي قۇلان قەسدىدە نەررە شېر.
شۇكۇھى ئاشىب بەھرى زەخخاردىن،
لىۋاسى ئۆتۇب چەرخى دەۋۋاردىن.

www.uyghurkitap.com

قىلىب تىغى بەرقى جاھانسۇزلۇق،
يۈزى مەشئەلى ئالەمەفرۇزلۇق.
خەيالى ئارا ئۇرمايىن تابۇ پىچ،
جاھانگىرلىك فىكرىدىن ئۆزگە ھىچ.
نى ئافاقنى ئۆزىگە كەڭ كۆرۈپ،
نى ئافاقنىڭ شاھلەرىن تەڭ كۆرۈپ.
ئاتاسى ۋافاتىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپ،
ئىشى لېك ئون ئانچە رىفئەت تۇتۇپ.
بۇ ئۈچ يىل ئارا كۆڭلىگە يەتمەيىن،
خەيالىغە بەلكىم خۇتۇر ئەتمەيىن،
كى داراغە بولغاي ئىشى ئىھتىياج،
ئاڭا خۇد نى يەتكەيكى بەرگەي خىراج.
بىراۋكىم ئەزەلدىندۇرۇر رىفئەتى،
ئۆزىدەك رەفىئ ئوق ئەرۇر ھىممەتى.
بۇ كىم بولغۇسى خەسم دارا ئاڭا،
كىبرەك زاھىر ئەتمەك مادارا ئاڭا.
ۋەيا مۈلكۈ جاھىغە قىلماق نەزەر،
ئۇنىڭ كۆڭلىگە مۇتلەق ئەتمەي گۇزەر.
قاچان قىلسالار كىن ئىكى نەررە شىر،
ياقىنكىم، بولۇر نەۋجۇۋانراق دەلىر.
قاچان كىن چاغى بولغاي ئەندىشەسى،
كى كۆپرەكدۇرۇر خەسمنىڭ پىشەسى.
ئىكى ئەجدەھا بولسەلەر كىنەسەنج،
تەفاۋۇت نە، كۆپرەك ئەسا يەردە گەنج.
تېگمىزدا بالىغ بولسا ھەددىن ئۇلۇغ،
نەھەڭ ئولماس ئاسىبىدىن قايغۇلۇغ.
سكەندەرگە كىم ياۋەر ئەفلاك ئىدى،
بىسات ئىچرە ھەر كۈن تەرەفناك ئىدى.
كى دارا قاشىدىن يېتىشتى رەسۇل،
ئۇنىڭ ئاستانىغە قىلدى نۇزۇل.
پەرەستەندەلەردىن چۇ بار ئىستەدى،
ئۇنى ئالىغە شەھرىيار ئىستەدى.
قەدەم ئۇرغاچ ئوق كۆردى چۇن شاھنى،
سۈپۈردى يۈزى بىرلە دەرگاھنى.
پەرەستەندەلىق رەسمى چۇن ساز ئىتىب،
سۆزىگە دۇئانى سەراغاز ئىتىب.

دۇئايىكى، بولغاي سازاۋەر ئاڭا،
جۇلۇس ئەمرى ئەيلەب جاھاندار ئاڭا.
چۇ ئولتۇردى قاسىد تىكىب يەرگە كۆز،
نى يەرا ئاڭا سۈرمەيىن دەرگە سۆز.
سكەندەر شۇكۇھى قىلىب لال ئۇنى،
قايۇ لالكىم دەگۈ بىھال ئۇنى.
قىلىب شاھ ئاندىن بۇ مەئنىنى فەھم،
كى فەررۇ شۇكۇھى ئاڭا سالدى ۋەھم.
سۆز ئەيتىب ئۇنىڭ سارى سالماي كۆزىن،
ئۇڭا تېگۈركىم، تاپتى قاسىد ئۆزىن.
كۆڭۈل باسقانىن چۇنكى فەھم ئەتتى شاھ،
سەۋال ئەتتى شاھانە ئەيلەب نىگاھ.
كى: «دارا شاھى كامران خۇشمۇدۇر؟
ئۇڭا مۈلك ئايىنى دىلكەشمۇدۇر؟»
قوپۇب يەر ئۆپۈب بەردى قاسىد جەۋاب،
يانا كامكارانە قىلدى خىتاب.
كى: «بۇ نەۋئ كەلىمەكتە كامىڭنى ئەت،
نىكىم دېدى دارا پەيامىڭنى ئەت!
يانا يەر ئۆپۈب قاسىدى رەھخىرام،
دېدى: «كى شەھەنشاھى ئالى مەقام!
چۇ سوردۇڭ سۆزۈمنى ئەرۇر ناگۇزىر،
كى بولغايمەن ئالىڭدە فەرمانپەزىر.
ھامانا بۇرۇنراق مەلىك فەيلەقۇس،
كى رۇم ئاندىن ئولمىش ئىدى نەۋ ئەرۇس.
قىلىب ئەردى مىلك بەيزە ھەر يىل قوبۇل،
زەرى مەغرىبىدىن تاپارغە ۋۇسۇل.
بولۇپ ئەرمىش ئۈچ يىلكى ئۇل كامياب،
بولۇبتۇر بىھىشت ئىچرە ئارامياب.
بۇ ئۈچ يىلغى تەقسىم تاپقان خىراج،
كى ئاندىن ئىدى دوستلۇقىغا رىۋاج.
مەگەر شاھ دىۋانىغە كەتمەمىش،
يېتەر مەخزەن ئىچرە مەگەر يەتمەمىش.
مېنىڭ كەلگەنىمدىن بۇ ئەردى مۇراد،
كى گەر لۇتفى ئىتىب شاھى ئالى نەجاد،
ئۇنى بەرسە، ئەيلەب ھىساب ئەلتەيىن،
يوق ئەرسە نە ئەيتۇر، جەۋاب ئەلتەيىن».

سكەندەرغە كەلدى بۇ سۆز بەس قاتىغ،
غەزەب زەھرىدىن كامى بولدى ئاچىغ.
يۈزى رەڭى كۆرگۈزدى ئۇتدىن نىشان،
بولۇرغە جاھان ئىچرە ئاتەش فىشان.
يانا لەھزەئى باشىن ئەيلەب قۇيى،
ھەمۈل ئوت ئۆزە ئۇردى ھىكمەت سۇيى.
كى ئىراتى ھىلىمۇ كامالى خىرەد،
غەزەب خەيلى ئەندىشەسىن قىلدى رەد.
كۆتەردى باشىن سۆزگە ئاغزىن ئاچىب،
جەۋابىغە ئۈنىڭ جەۋاھىر ساچىب.
دىدى: «ئەيت داراغە مەندىن سالام،
سالام ئەيتقاچ بويلە يەتكۈر پەيام.
كى شاھلىقكى، يوقتۇر باقاسى ئۇنىڭ،
ئەمەس جۇز فانا ئىنتىھاسى ئۇنىڭ.
بۈگۈن تاڭلەلىغ ئۈچۈن كۆرمە رەنج،
كى قويغايسەن ئەلبەتتە گەنج ئۆزرە گەنج.
خەزايىنكى يىغدىڭ ئەدەددىن فۇزۇن،
ساڭا رەنج تىگۈردى ھەددىن فۇزۇن.
بۇكىم يىغدىڭ ئەۋۋەل تاپ ئەندىن ئەسىغ،
قاچان تاپساڭ ئەندىن ئەسىغ، ئۆزگە يىغ.
ئىشىكىم زەرەر نەفئىدىن بولسا كۆب،
ئەمەس قىلماغى ئەقل ئالىندە خوب.
ساڭا نەفئ يوق، بىزگە ئەندىن ئەلەم،
ئۆزۈڭگە يېتۈرمە ئەلەم، بىزگە ھەم.
تىلەب بەيزە كۆپ بولما مېھنەتتە توش،
ھاۋا تۇتتى ئۇل بەيزە بەرگۈچى قۇش.
ئەگەر تەبئىڭ ئولدى نەسىھەتپەزىر،
ئەمەس بىزگە ھەم دوستلۇقدىن گۈزىر.
ۋە گەر پەند كۆڭلۈڭگە يوق سۇدمەند،
سۆزۈڭ بىزگە داغى ئەمەس دىلپەسەند.
باشىڭدىن بۇ بىھۇدە سەۋداغى قوي،
خەيالىڭدىن ئۇشبۇ تەمەننانى قوي.
ئاڭاكىم ئەرۇر نۇكتەدانۇ زەرىن،
ئۇلۇغ ئىش دۇرۇر تانىماغلىغ ھەرىن.
ساڭا ناتاۋانلار بىلە توشتى ئىش،
مېنىڭدەك كىشى بىرلە ئىش توشمەمىش.

گۆرۈھىكى ھەر يىل ئالۇرسەن خىراج،
ساتىبەن ئۇلارغە بىرەر ئەسكى تاج.
خىراج ئالماق ئاندىن ئەمەس دىلپەزىر،
كى ھەم تاجبەخش ئولسا، ھەم تەختگىر.
نەھەڭگەكى بەھر ئىچرە بىباك ئەرۇر،
گەر ئۆل سوۋدا يۈزمىك دۇرى پاك ئەرۇر.
نى نەۋئ ئولغاي ئاندىن خىراج ئىستەمەك،
سوۋدا دۇررى كۆپ بولسا باج ئىستەمەك.
بۇ يەڭلىغ تەماننانى قىلغان بەسى،
ئۆزىن سوۋدا قىلدى بەلىغ تۆئمەسى.
خىرەدمەندلىغ كەلدى خۇرسەندلىق،
قۇلايسىز تەمەئ ناخىرەدمەندلىق.
چېكىب بىجىھەت بويلە خارىج نەۋا،
ئارامىزدا كۆرمە خۇسۇمەت راۋا!
گۇمان ئەتمەكىم مالۇ جاھىڭ سېنىڭ،
ئىش ئولغاندا بولغاي پاناھىڭ سېنىڭ.
دىمە يەر كۆتەرمەس ئەدەدسىز چېرىك،
ساڭا تىغىم ئالىندا تۇتقاي ئىلىك.
ساڭا كۆپ ماڭا ئازراق ئەرسە سىپاھ،
ئەرۇر بەرگۈچى ئازۇ كۆپگە ئىلاھ.
كېرەك دەستگىر ئولسا دەۋلەت ئىشى،
يوق ئەرسە نىتەر كۆپ چېرىكنى كىشى؟»
تۈگەتگۈنچە سۆزىن شاھى نۇكتەگو،
مەھابەت ئەشتگۈچىنى قىلدى سۇۋ.
قوپۇب قاسىدى ناتاۋان تۇتتى يول،
ۋەلى نى تىرىك، نى ئۆلۈك ئەردى ئۇل.
سالىب تىزرەك ھەر نەفەس گامنى،
چۇ داراغە يەتكۈردى پەيغامنى.
جەۋابىنى دارا ئەشتكەچ تامام،
تەغەييۇر تاپىب بويلە سۈردى كالام.
كى «ھەر كىمگە بۇ نەۋئ ئەفسانەدۇر،
تەسەۋۋۇر قىلۇرمەنكى دىۋانەدۇر.
ۋەيا مەست ئەركىنكى، بۇ سۆزنى،
دىگەن چاغدا بىلمەيدۇرۇر ئۆزنى؟
ۋە ياخۇد ئەرۇر تىفلى بى ئەقلۇ راي،
كى ئەرمەس سۆزىدە خىرەد رەھنەماي».

www.uyghurkitap.com

چۇ بۇ نۇكتەلەردىن سەۋال ئەيلەدى،
راۋان مۇستەمىئ شەرھى هال ئەيلەدى.
كى: «نې تەلبە فەھم ئەتتىم ئۇنى، نې مەست،
خۇد ئەرمەس يانا تىفلى غەفلەتپەرەست.
ئەرۇر ھەم خىرەد يارۇ ھەم ھۇشمەند،
ھەدىسى رەفىئۇ جەنابى بەلەند.
بولۇب ئىلمۇ ھىكمەتقە ھەمدەست ھەم،
دىلاۋەر سىفەتدۇر، زەبەردەست ھەم.
نې ھاجەت سىفاتىن بايان ئەيلەمەك،
بولۇر سۆزلەرىدىن ئايان ئەيلەمەك.
شۇ كۈنى بىلە فەررىدىن ھىچ ئەھەد،
تاپا ئالماي ئالىدا سۆز دەرگە ھەد.
نېچەكىم نەزەر ئەيلەسەم ھەر سەرى،
ئۇنىڭ پىكرى ئەرمەس دۇرۇر سەرسەرى».
بۇ سۆز قىلدى دارانى ئۇل نەۋئ تۇند،
كى بولدى ئەجەل تىغى ئالىندا كۇند.
غەزەب ئوتىنى ئەيلەدى شۇئلە خىز،
كى تۈشتى فەلەك جەۋفىدە رۇستەخىز.
ئۇل ئوت قوزغالان سالدى دەۋران ئارا،
نې دەۋران ئارا، چەرخى گەردان ئارا.
بۇيۇردىكى قاسىدنى بەند ئەتتىلەر،
سىياھ چال سارى ئالىب كەتتىلەر.
دېدى: «گۆدەگى بەندەزادەم مېنىڭ،
جانىبەتكەشى خانەۋادەم مېنىڭ.
ھەم ئاباسى بۇ خانەدان بەندەسى،
ھەم ئەجدادى ئەجدادىم ئەفگەندەسى.
نەزەر ئەيلەسەم ئەقل مېزانىغە،
كىم ئولغايكى، كىرگەي كىشى سانىغە.
كى ئۇنىڭ سۆزىن سۆز ھىسابى تۇتۇب،
ۋەيا مەن دىگەن سۆز جەۋابى تۇتۇب،
تۈزۈب شەرھ ئەيلەردە دىباچەئى،
ياساب بەھر ئالىندە دەرياچەئى.
نې مەندىن تەۋەھھۇم، نې ئەلدىن ئۇيات،
بۇ غايەتقە شەرھ ئەتكەي ئەندىن سىفات.
ئۇنىڭ دەفئى ئەسبابىن ئەڭ تۈزەي،
ئۇڭا ئۇل كىم ئەركانلىگىن كۆرگۈزەي.
بىرەي گوشمالىكى ھەر بەدسگال،
تۈزەلگەي چۇ ياد ئەتگەي ئۇل گوشمال».
زەبان ئاۋەرى ئەۋۋەل ئىستەتتى چۇست،
دېمەكتە دەلىرۇ ئاداسى دۇرۇست.
ئۇڭا سۆزلەر ئەيتىب ئىتىك داسدەك،
ئىتىك داسدەك يىرقكى ئالماسدەك.
يانا بەردى چەۋگانۇ گوي ئۇڭا،
قىلىب مۇندا ھەم گوفتۇگۇي ئۇڭا.
يانا بىر ئىدىش كونجۇدى بېھساب،
بىرىب، ئۇندا ھەم قىلدى سۆزلەر خىتاب.
ئۇزاتىب ئۇنى، تىكتى يولىغە كۆز،
كى تا، نې كېتۈرگەي جەۋابىغە سۆز.
چۇ ئۇل يەتتى قەتئى مۇسافەت قىلىب،
قىزىل تىلنى باشىغا ئافەت قىلىب.
سكەندەرگە ئەرز ئەتتى ئەھلى ۋۇسۇل،
كى، «دارا قاشىدىن كېلىبدۇر رەسۇل».
دېدى شاھكى قاسىدنى كەلتۈردىلەر،
قارا يەرنى گەردۇنغە يەتكۈردىلەر.
سكەندەرغە چۈن تۈشتى قاسىد كۆزى،
ئۇنۇت بولدى ئاغزىدا ئەيتۇر سۆزى.
شۇ كۈھى ئۇنىڭ جىسمىدىن ئالدى تاب،
ۋىقارى سالىب كۆڭلىگە ئىزتىراب.
يەر ئوپتىيۇ ئەرزى دۇئا ئەيلەدى،
رىسالەت تەرىقىن ئادا ئەيلەدى.
دېدى شاھكى: «ئەرز ئەت سۆزىڭ بارىنى،
بايان قىل، خەيالىڭ نەمۇدارىنى!»
دېدى ھامىلى راز ئەيلەب سۇجۇد،
كى: «جانىڭغا ھەقدىن تۈمەن مىڭ دۇرۇد.
يوق ئالىڭدە سۆز دەرگە يارا ماڭا،
ۋەلې دەي دىگەن سۆزنى دارا ماڭا.
نې سۆزكىم دېمىش ئۇل دىسەڭ ئەرز ئىتەي،
دىسەڭ يوق قەياندىنكى كەلدىم، كېتەي».
سكەندەر زەمىرىغە سالدى بىلىك،
كى: «باردۇر كېتۈرگەن كەلامى ئىرىك».
دېدىكىم: «پەيام ئەتتى دارايى دەھر،
ئادالەت بىلە كىشۋەرارايى دەھر.

كى رەسمى قەدىمىكى، دەرلەر خىراج،
كى يوق بىزگە ئالماقتە خۇد ئېھتىياج.
ۋەلې شاھلەركىم ئەرۇر بەندەمىز،
نې ھۆكمىكى قىلساق سەرەفگەندەمىز.
مۇنى بەرمەك ئىزھارى تائەتدۇرۇر،
بىزىڭ ھۆكمۇمىزگە ئىتائەتدۇرۇر.
ئاتاڭغە زامانىكىم ئەردى ھايات،
بۇ خىزمەت ئارا زاھىر ئەتتى سەبات.
چۇ سەن تاپتىڭ ئۇنىڭ مەقامىغە يىل،
كېرەك قىلساڭ ئەردى نىكىم قىلدى ئۇل.
ئىتائەت تەرىقىن شىئار ئەتمەدىڭ،
نىكىم قىلدى ئۇل ئىختىيار ئەتمەدىڭ.
ئىكى - ئۈچ يىل ئۆتتىيۇ ئۇل يەتمەدى،
كىشى ھەم ئۇنى باز جۇست ئەتمەدى.
چۇ ئىش ھەددىن ئۆتتى يۇبۇردۇك كىشى،
كى بولغاي خىراج ئالماق ئۇنىڭ ئىشى.
دىمىشسەن نېچە سۆزكى ھەددىڭ ئەمەس،
كىشى بىلسە ھەددىن، سۆز ئەنداق دېمەس.
ۋەلې نېۋۇچۇنكىم كىچىكدۇر ياشىڭ،
توقۇنماي دۇرۇر تاشقا ھەرگىز باشىڭ.
كى ئەيدۇك: جۇنۇنۇڭغە ئاغاز ئىمىش،
جاھالەت ساڭا كۆپۈ ئەقل ئاز ئىمىش.
ئىشىڭگە يوق ئىسلاھ تەدبىردىن،
چۇ گۇدەكسەن، ئۆتتۇك بۇ تەقسىردىن.
كېرەك ئەمدى خىزمەتتى ناكام ئىتىب،
نې ۋەجھىكى قالمىش سەرەنجام ئىتىب،
ئالىب قىلمايىن ۋەھم ئەزم ئەتكەيسەن،
رەفىئ ئاستان ئۆپگەلى يەتكەيسەن.
يۈزۈڭدىن داغى رەفىئ بولغاي ھىجاب،
ئىنايەت داغى كۆرگەيسەن بېھساب.
ئەگەر ۋەھمدىن ئىزتىراب ئەيلەسەڭ،
دىگەن ئەمردىن ئىجتىناب ئەيلەسەڭ.
ۋە يا بولسا تۇغيانۇ جەھلۇ غۇرۇر،
كى سۆز رەددى زاتىڭغە كەلسە زەرۇر،
كى بىلەسلىگىڭ ئىبتىداسىدۇر ئۇل،
كىچىك ياشلىغىڭ ئىقتىزاسىدۇر ئۇل.

يۇبۇردۇم قاشىڭغە مۇناسىب نىمە،
بويۇن تولغاما، نامۇناسىب دېمە!
كېتۈردى بۇ سۆزنى دىبان نوكتەگوي،
ئارا يەرگە بىر سەۋلەجان بىرلە گوي.
كى گۇدەكلىگىڭ چۇنكى غالىبدۇرۇر،
ساڭا گويۇ چەۋگان مۇناسىبدۇرۇر.
بۇدۇركىم كۆرۈنگەي ساڭا كۆزگە ئىش،
ۋە لېكىن ئەرۇر مۇلك ئىشى ئۆزگە ئىش.
ۋە گەر رەفىئ قىلماي كۆڭۈلدىن خىلاف،
ئايان قىلماساڭ ئەجزىڭگە ئىئتىراف.
نىدائ ئولغان ئولسا مۇئەككەد ساڭا،
كى خۇد يوق ئۇل ئەندىشەغە ھەد ساڭا.
قويۇب جەھل، ئۆز جانىڭغا رەھىم قىل،
سىپاھىم ھىسابىن بۇ كۇنجۇدچە بىل.
دېبان، قوپتى مەجلىسدىن ئەيلەب شىتاب.
ئۇلۇغ زەرف ئارا كۇنجۇدى بېھىساب.
كېتۈردىيۇ ئاغزىدىن ئاچتى تۈگۈن،
بىسات ئىچرە ئۇل زەرقىن ئەتتى نىگۈن.
دېدى: شاھدىن ھەركىم ئەتمەس ھەراس،
سىپاھىن بۇ كۇنجۇددىن ئەتسۇن قىياس.
تۈگەتكەچ سۆزىن نۆكتەگوي دەلېر،
جەۋاب ئىستەيۇ كۆز تىكىب باقتى يېر.
چۇ قاسىد بۇ يەڭلىغ تەكەللۇم قىلىب،
سكەندەر نىھانى تەبەسسۇم قىلىب.
تۈگەتتى چۇ خارىج تەمەننى بىلە،
سكەندەر سۆز ئاچتى تەئەننى بىلە.
كى: دارايى دەۋران شاھى پاكزاد،
كى بەرمىش تەرلقى فەساھەتقە داد.
ئۇنى سۆز چۇ ئىختىيار ئەيلەمىش،
ئەجەب نوكتەلەر ئاشكار ئەيلەمىش.
بۇ كىم شاھلارنى دېمىش بەندەسى،
سەرەفرازلەرنى سەرەفگەندەسى.
گوروھىكى ئۆز لۈتفى بىرلە ئىلاھ،
ئۇلارنى قىلىبدۇر ئۇلۇس ئۆزرە شاھ.
كىشى ئۆزىگە بەندە قىلماق خىتاب،
هاماناكى ئەرمەس تەرىقى سەۋاب.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۇلار قۇللۇغى ھەققە ئايىن ئېرۇر،
ئەگەر تەڭرى بەندەم دېسە چىن ئېرۇر.

بۇ سۆز كىم دېدى شاھى دەريا ئاتا،
شەك ئەرمەسكى باردۇر سەراسەر خەتا.

ئېرۇر شىرك چۇن تەڭرىنىڭ شىركەتى،
كىرەر كۇفر يولىغە بۇ فىكرەتى.

يانا ئۇلكى دەبدۇر مېنى تىغلۇ مەست،
داغى تەلبەلىك قەيدىغە پايبەست.

بۇ ئۇچ ئىشگە بولغاي بىراۋ مۇتتەھەم،
كى چەككەي سۆزى كۇفر سارى ئەلەم.

يوق ئەرسە ئىكى شاھى ھەشمەتىەتائ ،
ئايان ئەتسەلەر مۇلك ئۆززە نىزائ.

بىرى بولسا فەرزەن ئۇلۇغ بىر كىچىك،
بۇ سۆز دېمەس ئۇلسا ئۇلۇغدا بىلىك.

قوتاننىڭ ئۇلۇغ قۇش ئارا سانى بار،
ۋەلې سۇغۇر ئالىندا نې جانى بار؟

يانا بۇكى، شاھ ئەيلەب ئېھسان ماڭا،
يۇبۇرمىشدۇرۇر گويۇ چەۋگان ماڭا.

ئەرور مۇندا بىر رەمزى پۇشدە ھەرف،
تەفەئئۇل ئارا بىنىھايەت شىگەرف.

كى يەر ھەيئەتىن ئەيلەبان جۇستۇجوي،
مۇدەۋۋەر تاپىبدۇرلەر ئەنداقكى گوي.

چۇ شاھ ئۇنى تۇتتى مۇسەللەم ماڭا،
ھەماناكى ھەق بەردى ئالەم ماڭا.

بۇ كىم ئىلگىمە سالدى چەۋگاننى،
مۇسەللەم ماڭا تۇتتى مەيداننى.

ھامانا چىقىب مۇلك مەيداندىن،
مېنى بەھرەۋەر قىلدى چەۋگاندىن.

كى تا مەن بۇ مەيداندا گوي ئۇرغايمەن،
سەمەندىم قىلىب گەرم پوي ئۇرغايمەن.

ماڭا مۇجدەلەر يەتتى ئاندىن بەسې،
كى مەمنۇنمەن ئۇل كامراندىن بەسې.

بۇ كۇنجۇدكى ھەم كەلدى ئۇندىن بۇيان،
ئۇنىڭ داغى رەمزىنى ئەيلەي بايان:

چۇ قىلمىش سىپاھىغە تەشبىھ ئۇنى،
ئەرۇر نۇكتەئى ئۇيلە تەنبىھ ئۇنى.

مېنىڭ خەيلىمغە كەلدى قۇشلۇق سەزا،
كىم ئۇل قۇشقە كۇنجۇددىن ئۇلغاي غىزا.

بۇيۇردىكى سۇردىلەر ئانچە تاۋۇق،
كى كۇنجۇد ھىسابىغە بولغاي ياۋۇق.

ئۇلار كەلتۇرۇپ دانە تەرمەككە زور،
كى بىر دانە ھەم قالماي ئەلتۇرگە مور.

بۇ دىققەتلەر ئەيلەب سۇخەنۋارنى لال،
قايۇ لالكىم ئۇلتۇرۇب ئىنفىئال.

بۇيۇردى راۋان شاھى ھىكمەتقىياس،
كى، بول ئەمدى دارا سارى رەھشۇناس.

ئەشتگەن جەۋابىڭنى يەتكۇر ئۇڭا،
نې سۆزلەركى سۇردۇڭ ماڭا، سۇر ئۇڭا!

يانىب قاسىد ئۇل سۆز خەراشى بىلە،
ئاياغى كېلىب، باردى باشى بىلە.

چۇ داراغە بىلگەنلەرىن قىلدى فاش،
ئاداۋەت ئوتى كۆككە تېگۇردى باش.

قالىب فىتنە خەيلىغە ئەھلى زامان،
ئەدەم كويىگە قاچتى ئەمنۇ ئامان.

ئاياقچى، كېتۇر مەيكى تارتاي دەلىر،
چۇ سەرخۇش بولاي، گۆكرەي ئانداقكى شىر.

كىرەي خەسم ئارا ئۇيلەكىم شىرى مەست،
بارىغە بېرەي بىر دەم ئىچرە شىكەست،

مۇغەننىي، چالىب گەرم ھەنگامە تۇز،
سۇرۇدۇڭدا ئاھەڭى شاھنامە تۇز.

چۇ ئاھەڭى كىن ئەتتىلەر ئىككى شاھ،
دەلىر ئولسۇن ئۇل نەغمە بىرلە سىپاھ.

ناۋايى، جاھان ئىچرە ئاشۇب ئەرۇر،
فىتەن سەرسەرى ئەمنىيەتروب ئەرۇر.

بۇ ئاشۇبدىن گەر تىلەرسەن ئامان،
ئامان تاپما مەي شۇغلىدىن بىر زامان،

زامان ئەھلىغە بولسا مىلك ئىبتىلا،
ئەمەس مۇبتالا بادە ئىچگەن تولا.

## مۇخالەفەت مەزەممەتىدەكىم ساير ئىل مۇخالەفەتى مۇجىبى خانىمان خارابلىغىدۇر ۋە سىلاتىنغە ۋاقىئە بولسە جاھان خارابلىغى

(ئىختىلاپىنىڭ يامانلىغى توغرىسىدا؛ كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ بولسا ئائىلىلەر خاراپ بولىدۇ، پادىشالار ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ بولسا جاھان خاراپ بولىدۇ)

جاھان ئەھلىدە يوق ۋافا ئى رەفىق،
ئەرۇر رىفىق ئۇلاردىن جۇدا ئى رەفىق!
ئاداۋەت بىلە كىندۇر ئايىنلەرى،
تۆگەنمەس ئاداۋەت بىلە كىنلەرى.
جاھان ئىچرە مەۋجۇد ئەرۇر نىچە خەيل،
كى بارىغەدۇر كىنە قىلماقتا مەيل.
كىشى بولماغاي قىلساڭ ئەندىشەئى،
كى تاپىلماغاي ئۇڭا ھەمپىشەئى.
قاچانكىم ئايان بولدى ھەمكارلىق،
نې ئىمكان كىشى بولماي ئازارلىق.
بىلۈر كىمكى بىر پىشە بولغاي فەنى،
كى ئەلبەتتە ھەمپىشەدۇر دۈشمەنى.
بىر ئىشتا ماھارەت چۇ زاھىر بولۇر،
يانا كىمسە ھەم ئۇندا ماھىر بولۇر.
چۇ ھەر ساربىدىن بولدى دەئۋىيۇلاف،
ئارا يەردە سالۇر تەئەسسۇب خىلاب.
بولۇب كىن ئىكاۋنىڭ تۈنىيۇ كۈنى،
تىلەر بولماغاي بۇ ئۇنى، ئول مۇنى.
نېدىنكىم بىرى بولسا تۇفراقتا تەڭ،
بۇ فەندە قالۇر يەر يانا بىرگە كەڭ.
كىم ئولسا بىراۋ بىرلە ھەمفەنلىغى،
جىھەت بۇ دۇرۇر بولسا دۈشمەنلىغى.
بۇ يالغۇز ئەمەس ئەھلى سەنئەت ئارا،
كى كۆپرەكدۇرۇر ئەھلى دەۋلەت ئارا.
شاھىكىم ئۇڭا بولسا يۈزمىڭ كىشى،
بۇدۇر بارچە بىر چەرگەلىكنىڭ ئىشى:
ئۇلاركىم نەيابەتقە مەنسۇبدۇر،
تەقەررۇبلەرى شاھغە مەتلۇبدۇر.
ئۇلاركىم ئەرۇرلەر ئەمارەتمەئاب،
قىلۇرلەر نەيابەت ئۈچۈن ئىزتىراب.
ئۇلاركىم تۈمەن بولدى ئايىنلارى،
ئەمارەت ئۈچۈندۇر بارى كىنلارى.
ئۇلاركىم قوشۇن بەگلىگىن قىلدى فەن.
خەرابى بۇكىم باشلاغايلار تۈمەن.
ئەرۇر چۈن تافاۋۇت بىلە ئول ئاساس،
ئەسافىلغە تەگرۇ بىھازەلقىياس.
قايۇ چۇرگە كىم ئۇندا بىر خەيل ئەرۇر،
بارىغە يانا چەرگەگە مەيل ئەرۇر.
قىلۇر ھەر بىرى سەئيي يەتمەك بۇرۇن،
ھەمۇل مەقسەدى ئىچرە تاپماق ئورۇن.
تەئەسسۇب چۇ سالدى ئارادا سۇدائ،
يانا ئورتاغا تۈشتى كىنۇ نىزائ.
نىچە شەھلەرغە ياقىنراق كىشى،
ئاداۋەت كىلىب كۆپرەك ئۇنىڭ ئىشى.
ئەسافىلغە ھەر نېچەكىم جەخل ئەرۇر،
ۋە لېكىن خۇسۇمەتلەرى سەھل ئەرۇر.
زىيانىن نېچەكىم يامان فەرز قىل،
بىر ئۆزىگە، يا ئون ئۆزىدەككە بىل.
بۇلاردىن ئەۋاست ئەرادۇر ئەشەد،
كى نوقسانلارى فاش ئولۇر بىئەدەد.
تاپار كۆپ كىشى ئول ئاداۋەتدە بىيىم،
بۇزۇلۇر بەسې خانەدانى قەدىم.
بۇرۇنغى ئەرىق ئەتسە تاشماقتا مەيل،
ئىكىنچى ئەرۇر پايە بارانغا سەيل.
ۋە لېكىن ئالىيغە تۈشسە ھىساب،
كى بولغاي سەلاتىنى گەردۇن جەناب.
بۇ گويا جاھان ئىچرە توفان ئەرۇر.
كى ئاندىن جاھان ئەھلى ۋەيران ئەرۇر.
نې توفان، بەلا بەھرى چايقالغانى،

www.uyghurkitap.com

جاھان ئەھلى سۇۋ ئاستىغە قالغانى.
ئەگەر دەشتۇ تاغ ئۆزرەدۇر ھەر فەرىق،
قىلىچ بەھدى سۇيىگە بولماق غەرىق.
جاھان مۇلكىدىن ئەمن بولماق يىراق،
ئامانلىق، ھەمۇل مۇلك ئېلىدىن قىراق.
بەلا سېلىنىڭ بولماغى مەۋجزەن،
چومۇرماق ئۇلۇسنى بۇ مەۋجى فىتەن.
نې توفان، بى دادۇ سېلابى غەم،
ئەرۇر ئانچەكىم دەھر ئىلىگە ئەلەم.
ئاداۋەتىغە باغلاب كەمەر ئىككى شاھ،
جاھان ئەھلىنى ئەيلەب ئىككى سىپاھ،
بارى تارتىبان قەتل ئۈچۈن تىغى تېز،
قىلىب تىغ تېز ئۆلتۈرۈرگە ستېز.
ئاتا بىر تەرەف گەر ئەرۇر فىلمەسەل،
يانا جانىب ئولسا ئوغۇلغا مەھەل.
ئىكىسىگە كىن ئوتى سالغاي غەزەب،
ئۇل ئوت قان ئىچەرگە قىلىپ تەشنالەب.
ئاتا جان بېرىب، ئوغلىن ئۆلتۈرگەلى،
ئوغۇل ھەم ئاتا تىغى كىن سۈرگەلى.
قەرىنداش تاپسا قەرىنداشىنى،
دەمادەم تىلەب كەسگەلى باشىنى.
تۈشۈب ئاشنالەرغە بىگانەلىق،
كېتىب ھەمنىشىنلەرغە ھەمخانەلىق.
بۇ نەۋئ ئولسا مۇنداق ئىكى زات ئارا،
نې بولغاي گۇمان قىل ئىكى يات ئارا؟

ئۈنىڭدەك ئېسىب توندبادى نەبەرد،
كى ئاشۇبدىن تىگۈرۈپ كۆككە گەرد.
تۇتۇب فىتنە گەردى خەلايىق كۆزىن،
كىم ئۇل گەرد ئارا خەلق تاپماي ئۆزىن.
سالىب ئەلگە مۇنداق نەبەردى بەلا،
گەھى قەتلۇ تاراجۇ گاھى جەلا.
ئەگەر بۇ ئىكى شاھغە بولماي مەساف،
ۋە لېكىن بولۇب بويلە دايىم خىلاف.
ئۇلۇسغە دىگەن يەڭلىغ ئەھۋال ئولۇب،
خەلايىق ھەۋادىسقا پامال ئولۇب.
ۋەگەر رەھم قىلماي ئۇلۇس جانىغا،
ئەزىمەت قىلىب رەزم مەيدانىغا،
بىرىسىن زەفەر ئەيلەبان چىرەدەست،
يانا بىر سارى زاھىر ئولسا شىكەست.
ياقىن بىلكى ئۇل كۈندۈر ئافەت كۈنى،
نې ئافەت كۈنىكىم، قىيامەت كۈنى.
خۇشا، ئىككى ئازادەئى نامۇراد،
كى بىر - بىرگە زاھىر قىلىب ئىتتىھاد.
نى ئۇل ئەيلەسە بۇ مادارا قىلىب،
ئۇڭا ھەم بۇ رىفق ئاشكارا قىلىب.
ئۇنىڭ كامى بۇ بىرگە مەقسۇد ئولۇب،
مۇنۇڭ رەددى بۇ بىرگە مەردۇد ئولۇب.
رەفىق ئىككى دەرۋىش بې ئىشتىباھ،
ئەرۇر ياخشىراقكىم ئەدۇۋ ئىككى شاھ.

ئىكى جاھاندار مۇخافەلەتىدىن جاھان ئەھلى خىرمانىغە بەلا بەرقى يەتكەنىدە
ئىكى يار مۇۋافىقىدىن ئۇل ئوتقە رەھمەت يامغۇرى ياغىپ پەسەيتكانى

(ئىككى پادىشانىڭ ئىختىلاپىدىن جاھان خەلقىنىڭ خامىنىغا بالا چاقمىغى چۈشكەنىدە،
ئىككى ئىتتىپاقچىدىن ياخشىلىق يامغۇرى يېغىپ، ئۇ ئوتنى پەسەيتكىنى)

ئەشىتتىمكى، چىنگىزۇ خارەزمشاھ،
ئاداۋەتقە چۇن بولدىلەر كىنەخاھ.
بۇزۇلدى جاھان ئۆلچە مەقدۇر ئەرۇر،
نېتەي شەرمىن ئەيتىب چۇ مەشھۇر ئەرۇر.

ھاماناكى چىنگىز تاپىبدۇر زەفەر،
ئۇنىڭ مۇلكىنى قىلدى زېرۇ زەبەر.
نې كىشۋەر ئارا كىم مەقام ئەيلەدى،
چېكىب تىغى كىن قەتلى ئام ئەيلەدى.

تۆشۆب مەۋجغە بەھرى جەببارلىق،
ئايان ئەيلەبان مەۋجى قەھھارلىق.
ئاتا ئوغلىغا يىغلابان: ھاي - ھاي،
قىزىغا ئەنا تارتىبان: ۋاي - ۋاي.
ھايات ئۆيىگە مەرگ سالىب خەلەل،
ئامان رەھنەسىن مەھكەم ئەيلەب ئەجەل.
مەگەر شام مۈلكىدە ئەردى بۇ ھال،
كى ئىككى رەفىقى مەۋەددەت خىسال.
قازادىن بىراۋ دەستگىرى بولۇب،
بىراۋ يوقكى، كافىر ئەسىرى بولۇب.
كۆزىدىن ئاقار قانلارىدىن ئىكوۋ،
يۈدىلەر ئىلىك جانلارىدىن ئىكوۋ.
تىلەب ھەر بىرى ئەيلەمەك ئىبتىدا،
كى جانىن يانا بىرگە قىلغاي فىدا.
بۇ ھالەتدە قاتىل چىكىب تىغى قەتل،
بىرىسگە قىلدى ئايان تىغى قەتل.
يانا بىر باشىن ئاچىب، ئەتمەي ھەراس.
ئايان ئەيلەدى يالبارىب ئىلتىماس.
كى: ئەۋۋەل مىنىڭ باشىمە تىغ سۇر،
چۇ مەن ئۆلدۇم، ئۇل دەم ئۇنىڭ بوينىن ئۇر!
مۇڭا چۇنكى مەيل ئەتتى ئۆلتۇرگەلى،
باشىغا جافا تىغى تېگۈرگەلى.
ئاچىب باشىن ئۇل بىر ھەم ئەيلەب ھەۋەس،
نىكىم ئەردى ئەۋەلغىغە مۇلتەمەس.
بۇلار ھەر بىر، ئۇل بىر ئۇچۇن قايغۇدا،
بۇ ھالەتدە چىنگىز ئىمىش ئۇيقۇدا.
تۆشگە كىرەر بۇ ئىكى يار ئىشى،
مۇنى كۆرگەچ ئەيتۇر ئۇڭا بىر كىشى.
كى: كەچگىل خەلايىققە ئازاردىن،
ۋافا ئۆرگەن ئۇشبۇ ئىكى ياردىن.
ساڭا كىنەۋەر بولسا خارەزمشاھ،
ئۇل ئىشتىن جاھان ئەھلغە نى گۇناھ؟
ئىكى شاھ كىنى جاھاننى بۇزۇب،
ئىكى زار مۇنداق ۋافا كۆرگۈزۈب.
چۇ ئويغاندى ئۇيقۇسىدىن قەھرەمان،
ئۆلۈمدىن خەلايىققە بەردى ئامان.
ئىكى يارۇ قاتىلدا ئۇل ماجارا،
كى ئام ئولدى بەخشىش سۆزى خەلق ئارا.
قىلىب ئەردى كافىرغا داغى ئەسەر،
يېتىشتى قۇلاغىغا چۇن بۇ خەبەر.
قىلىب رەفئ كۆڭلىدىن ئازارنى،
يېشىب قىلدى ئازاد ئىكى يارنى.
ئىكى شاھ چۇن بولدىلەر كىنەخاھ،
جاھان ئەھلى بولدى سەراسەر تەباھ.
ۋەلى ئىكى دەرۋىشنىڭ ھىممەتى،
مۇۋافىقلىغى يۇمنۇ خاسىيەتى.
كى قىلدىلەر ئىيسار جانى ھەزىن،
كۆتەردى جاھان ئەھلدىن تىغى كىن.
كىشى ئەيلەسە رىفق فەننىن ھەۋەس،
ئاڭا تا ئەبەد ئۇشبۇ تەمسىل بەس.

ھىكمەت ئىسكەندەرنىڭ ئەرستۇدىن ساۋالى ئۇل بابداكىم مۇخالەفەتكە بارچە مىللەد ئەمەنەۋئىدۇرۇر ۋە نىزائىگە بارچە مەھەلدە نامەسمۇئ ئانداق ماددە تاپىلغايمۇكىم ئاندا دىلپەزىر بولغاي ۋە قىلماغى ناگۇزىر ئەرستۇ ئۇل تەبىرەلىكدە يارۇغلۇق كۆرگۈزمەك ۋە ئۇل مۇخالەفەت ئاھەڭىن راست تۈزمەك

(ئىسكەندەرنىڭ ئەرستۇدىن، بارلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا دۈشمەنلىكلىرىنى تېپلاندۇرىدىغان ۋە نىزاھلارنى ھەممە ۋاقىت يوق قىلىدىغان، ھازىرغىچە تېخى كىشى ئاڭلىمىغان، ھەممەيلەن قوبۇل كۆرىدىغان ۋە قوبۇل كۆرۈلىشى مۇقەررەر بولغان بىرەر خىل ماددا تېپىلامدۇ؟ دەپ سورىغانلىغى؛ ئەرستۇنىڭ ئۇنىڭ كۆڭۈل قاراڭغۇلۇغىنى يورۇتقانلىغى؛ ئىسكەندەرنىڭ دۈشمەنلىشىش يولىغا قەدەم قويغانلىغى)

www.uyghurkitap.com

يانا سوردى ساھى فەرىدۇن ھەمشەم،
كى: ھەي ھىكمەت ئەھلىغە رايىڭ ھەكەم!
ئىككى كىمسەگە ۋاقىئ ئولماق نىزائ،
بىر ئىشتا ئەرۇر مۇجىبى ئىمتىنائ.
نىزائىكى، ھەركىمگە مەسمۇئ دۇر،
خىرەد بۇيرۇغى بىرلە مەمنۇئ دۇر.
تاپىلغايمۇ ئۇل نەۋئ بىر جاددەئى،
ھەمۇل جاددە ئىچرە بىر ماددەئى.
كى بولغاي نىزائ ئۇندا خاتىر پىسەند،
كى گەر بولماسا بولغاي ئۇندىن گەزەند؟
دىدى ھىكمەت ئايىنى دانەندە ھەرف،
كى: قىلدىڭ ساۋالى بەغايەت شىگەرف.
نىزائىكى قىلدى خىرەد ئۇنى رەد،
قەبۇل ئەتتى ھەم بەئزى ئىشدا خىرەد.
بىراۋدا بىر ئىشق بولسا دىلپەزىر،
كى فائىلغادۇر قىلماغى ناگۇزىر.
ۋەلى ئەلگە ئۇندىن زەرەردۇر بەسى،
ئۇنىڭ زىمنىدا شۇرۇشەردۇر بەسى.
يولدىن ئازغان يۈزمىڭ غافىل مەردان بولۇر.

تاشدىن قاتىغ تاشنى سورغان بىخەبەرلەر،
ئۇقبى ئىشىن ئارقە تاشلاپ دۇنيا ئىزلەر،
ئايەت، ھەدىس بايان قىلسام قاتىغ سۆزلەر،
زاھىر ئادەم باتىنلارنى شەيتان بولۇر.

زىكرىن ئەيغىل قانلار ئاقسۇن كۆزلەرىڭدىن،
ھىكمەت ئەيغىل دۈرلەر تامسۇن سۆزلەرىڭدىن،
گۈللەر ئۈنسۇن ھەربىر باسقان ئىزلارىڭدىن،
گۈلگە باقساڭ گۈل ئاچىلىپ بوستان بولۇر.

سەھەرلەردە ئەرتە تۇرۇپ قانلار يۇتغىل،
پىرى مۇغان ئىتەكىنى مەھكەم تۇتغىل،
ھەققە ئاشىق بولغان بولساڭ جاندىن ئۆتكىل،
جاندىن كەچكەن چىن ئاشىقلار ئەريان بولۇر.

بۇ دۇنيادە فېقىرلىقنى ئادەت قىلغان،
خارلىغ تارتىپ مۇشەققەتنى راھەت بىلگەن،
قۇل خۇجەئەھمەد ياخشىلارغا خىزمەت قىلغان،
قىيامەت كۈن ئانداغ كىشى سۇلتان بولۇر.

× ×

ئون سەككىز مىڭ ئالەمدە ھەيران بولغان ئاشىقلار،
تاپماي مەئشۇق سۇراغىن سەرسان بولغان ئاشىقلار.
ھەردەم باشى ئۆرگۈلۈپ، كۆزى ھەققە تەلمۈرۈپ،
ھۇ ـ ھۇ دىيۇ چۆرگۈلۈپ گىريان بولغان ئاشىقلار.
كۆيۈپ يانىپ كۈل بولغان، ئىشقىدە بۇلبۇل بولغان،
كىمنى كۆرسە قۇل بولغان، مەردان بولغان ئاشىقلار.
يول ئۈستىدە خاك بولغان، سىنەلەرى چاك بولغان،
زىكر ئەيتىپ پاك بولغان، نالان بولغان ئاشىقلار.
ھىممەت قۇرىن باغلاغان، يۈرەك باغرىن داغلاغان،
فەرياد ئۇرۇپ يىغلاغان، گىريان بولغان ئاشىقلار.
گاھى يۈزى سارغارىپ، گاھى يولىدە غېرىپ،
تەسبىھلارى يا ھەبىب، جەۋلان بولغان ئاشىقلار.

www.uyghurkitap.com



ئەھمەد سەن ھەم ئاشىق بول، سىدقىڭ بىرلە سادىق بول،
دەرگاھىغە لايىق بول، جانان بولغان ئاشىقلار.

× ×

تۆبە قىلىپ ھەققە يانغان ئاشىقلارغە،
بېھىشت ئىچرە تۆرت ئارىقدە شەربەتى بار.
تۆبە قىلماي ھەققە يانماغان غافىللارغە،
تار لەھەددە قاتىغ ئازاپ ھەسرەتى بار.

ئۇچماغ مۇلكىن ئۇققان قۇللار تۆبە قىلسۇن،
تۆبە قىلىپ ھەزرەتىغە ياۋۇق بولسۇن،
ھۆر قەسۇر، غۇلمان ۋالدان خادەم بولسۇن،
ئالۋان - ئالۋان كىيەر تەشرىف خىلئەتى بار.

تۆبە قىلغان ئاشىقلارغە غەفۇر ئېرۇر،
تۈنى - كۈنى تۇرسا قايىم كۆڭلى يارۇر،
قاچان ئۆلۈپ گۆرگە كىرسە گۆرى كېڭرۇر،
ئۇغان ئەزىم رەھىم رەھمان رەھمەتى بار.

تەۋبەسىزلار بۇ دۇنيادىن كەچمەس بولۇر،
ئۆلۈپ بارسا گۆر ئازابىن كۆرمەس بىلۇر،
قىيامەت كۈن تاڭ ئىرسات ئاتماس بىلۇر،
ھەيھات - ھەيھات نەۋھە فەرياد كۈنلەرى بار.

ناماز، رەۋزە، تەۋبە ئۇزرە بارغانلارغە،
ھەق يولىغە كىرىپ قەدەم قويغانلارغە،
ئۇشبۇ تەۋبە بىرلە ئاندە بارغانلارغە،
يارلىقامىش قۇللار بىرلەن سۆھبەتى بار.

ناماز بىرلە رەۋزەلارى ئۆتىن ئالار،
ئالەم خەلقى سۆيۈنۈپ ئانى ھەقدىن تىلەر،
قىيامەت كۈن كۆرۈپ ئانى ئۇلار تىلەر،
نە قۇل ئەرمىش، بۇ سائادەت نۇسرەتى بار.

ئۇل ئارىقلار كىمگە تۇرۇر بىلىڭىل ئانى،
تەۋبە قىلغان ئاشىقلارغە ئىچۈرۈر ئانى،
تەۋبەسىزلار ئۇل ئارىقدىن ئىچمەس سۇنى،
ئاڭا ئىچۈرۈر زەھەر زوقۇم شەربەتى بار.

قىيامەتنى بىر كۈنى ئەللىك مىڭ يىلچە بولۇر،
بۇ دۇنيانى سانىچە بىل نەچچە يىل بولۇر،
قىيامەت كۈن يەتمىش يىل ئوتدە قالۇر،
تەۋبە قىلغان قۇللار كۆيمەس مۇھلەتى بار.

ھەركىم ھەقنى قۇلى بولسە ھەققە يانسۇن،
ھەققە يانماس ئۆزىن دېگەن نارى بارسۇن،
قۇل خۇجە ئەھمەد نىچۈك مۇندەئورۇن تاپسۇن،
كېچە - كۈندۈز قورقە تۇرۇر ھەيبەتى بار.

× ×

مۇھەببەتنى شارابىدىن ئىچۈرمىسە،
جانۇ دىلىم ھەسرەت بىلەن كېتەر دوستلار،
ئاللا يادىن ۋەرد ئەيلەمەي ئۆلۈپ كەتسەم،
ئىسىز ئۆمرۈم ئارمان بىرلە ئۆتەر دوستلار.

ئاللا دېگەن چىن ئاشىقلار بۇراق مىندى،
مەئشۇقىدىن مېھنەت يەتسە بويۇن سۇندى،
تەرىقەتنى بازارىندە جەۋلان قىلدى،
ھەقىقەتنى دەرياسىدىن ئۆتەر دوستلار.

ھەقىقەتنى دەرياسىدىن ئالغان كىشى،
ئۆزى مۇڭلۇغ، كۆڭلى سۇنۇق، كۆزدە ياشى،
خارلىق، زارلىق، مۇشەققەتدۇر دايىم ئىشى،
دىدارىنى تەلەپ قىلىپ تاپار دوستلار.

ھەقىقەتنى ئاشىقلارنى نەفسى ئۆلۈك،
ئۈچ يۈز ئالتمش، تۆرت يۈز قىرىق تۆرت
ھەممە سۆلۈك،
سۆزى شىرىن، خەلق خۇشى يۈزمىڭ تۈرلۈك،
بۇ دۇنيانى پۇچەك پۇلغە ساتار دوستلار.

ئارف ئاشق بولاي دىسەڭ ئەلەم تارتقىل،
ھەق ۋەسلغە يېتەي دىسەڭ تۈنلەر قاتقىل،
بۇ دۇنيانى ئىشىرەتنى تاشلاپ ئەتكىل،
تاشلاپ ئاتساڭ مەنمەنلىك كېتەر دوستلار.

قيامەتنى شددەتنى بىلمەگەنلەر،
قاتىغ ئازاب، تار لەھەددىن قورقماغانلار،
ھەق قەھرىدىن قورقۇپ ياشىن تۆكمەگەنلەر،
دەۋزەخ ئىچرە يۈزمىڭ ئازاب تارتار دوستلار.

ۋا دەرىخا ئۆتتى ئۆمرۈم بىلالمادىم،
جاندىن كېچىپ ھەزرەت سېرى بارالمادىم،
نەفسدىن كېچىپ ھەق ئەمرىنى قىلالمادىم،
ئۆلۈپ بارسام ھەسرەت ماڭا يېتەر دوستلار.

ئۆتتى ئۆمرۈم شەرىئەتكە يېتەلمەدىم،
شەرىئەتسىز تەرىقەتكە ئۆتەلمەدىم،
ھەقىقەتسىز مەئرىفەتكە باقالمادىم،
قاتىغ يولدۇر پىرسىز نىچۈك ئۆتەر دوستلار.

قۇل خۇجە ئەھمەد نەفسىم سالدى ئۇشبۇ يولغە،
ئانىڭ ئۈچۈن قاچتىم دوستلار چۆلدىن-چۆلغە،
ئاللا دىدىم ھىچ باقمادىم ئوڭۇ سولغە،
ئاللا دىگەن شەۋق شارابىن ئىچەر دوستلار.

× ×

مۇھەببەتنى بوستانىغە بۇلبۇل كەبى،
سەھەرلەردە نالە ئەيلەپ قونغۇم كېلۇر،
ئۇشول ۋاقتدە ئىلاھىمنى جامالىنى،
مەئنى كۆزى بىرلە ئەيان كۆرگۈم كېلۇر.

مەردان ئېرۇر ھەق يولىنى باشچىلارى،
مۇرىد بىرلە خۇدا ئارا ئەلچىلارى،
ۋەھدانىيەت دەرياسىنى يولچىلارى،
ئاستانەدە بارىپ دەربان بولغۇم كېلۇر.

ھەق ۋىسالىن تىلەگەنلەر تۈنى - كۈنى،
تىنماي جانى بىرلە ئەيتۇر زىكرى ھۇنى،
ھەقدىن ئىلھام يېتىپ كېلۇر بىلىڭ مۇنى،
ئاخىرەتنى ئازۇقىنى ئالغۇم كېلۇر.

مۇۋەددەتنى ئاساسىنى قولغە ئالىپ،
سائادەتنى خىرقەسىنى تەنگە كىيىپ،
مۇھەببەتنى يۇگى بىرلە قاناتلانىپ،
مەئرىفەتنى بۇتاغىغە قونغۇم كېلۇر.

ئىرانلار بارچە بارىپ بولدى مازار،
قاتىغلانىپ ئەي دوستلارىم بولغىل بىدار،
مۇسا سۇفەت تۇر تاغىدە كۆرۈپ دىدار،
رەببى ئۇنىزۇر ئىلەيكە دەپ ئەيغۇم كېلۇر.

ۋادەرىخا ئىسىز ئۆمرۈم بەردىم يەلگە،
ئىبادەتدىن ھىچنىمە يوق باقسام قولغە،
قۇللۇق قۇرىن كەچ باغلادىم ئەمدى بەلگە،
ھىممەت قىلىپ پىر خىزمەتىن قىلغۇم كېلۇر.

خۇش مۆئجىزە بەردى ئىمان ئەتاسىنى،
تېنىم، جانىم، دىلىم، روھۇم، سەۋداسىنى،
سىر قۇلاغىن ئالىپ نالە نىداسىنى،
نىدا ئىشىتىپ جانىم فىدا قىلغۇم كېلۇر.

قۇل خۇجە ئەھمەد دۇن ئەھلىدىن بىل ئىر-
مەس ئول،
رىيازەتسىز ھىچ ئالىمىن كۆرگۈزمەس ئول،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



ئاللا دىمەك مۆئمىن قۇلغە ئار ئىمەس ئۇل،
ھەق يادىغە جانىم قۇربان قىلغۇم كېلۇر.

× ×

ياراتقان بىرۇ بارىم يولىن ئىزلەپ،
شەيتان لەئىن يوللارىدىن قايىتىڭ دوستلار،
ئىخلاس بىرلەن مۇھەببەتنى جامىن ئىچىپ،
جان ۋە دىلدە ھەيىيى زىكرىن ئەيتىڭ دوستلار.

ھۇ زىكرىنى ئەيتىپ ئىچكەي جام شاراب،
يول ئۇستىدە ئەزىز باشى مىسال تەراب،
ئاللا ئۇچۇن ھالى خاراب، باغرى كاباب،
جان ۋە دىلدە ھەيىيى زىكرىن ئەيتىڭ دوستلار.

ئاستانەغە باشىم قويۇپ زارى قىلسام،
ھەلقە قۇرۇپ كىم زىكر ئەيتسە يارى بەرسەم،
زىكرىن ئەيتىپ ئۇل سۆھبەتدە دۇرلەر تېرسام،
جان ۋە دىلدە ھەيىيى زىكرىن ئەيتىڭ دوستلار.

ئەمەل قىلماي ئالىم ئىلمىن باسىپ يۈرگەي،
ئۆلۈپ بارسا تار لەھەددە جانى كۆيگەي،
ئاللا رەسۇل دىنىڭ كىم دەپ ھەيبەت قىلغاي،
جان ۋە دىلدە ھەيىيى زىكرىن ئەيتىڭ دوستلار.

مۇنكىر نەكىر مەن رەببۇڭ دەپ سۇئال قىلغاي،
قال ئىلمىدىن بىر نۇكتەسى كار قىلماغاي،
ۋا ھەسرەتا ئەمەلسىزلار نىچۇك قىلغاي،
جان ۋە دىلدە ھەيىيى زىكرىن ئەيتىڭ دوستلار.

ئاللا دىگەن قەندۇ ئەسەل پەيدا قىلدى،
ئاخىرەتدە ئاللا بىرلە سودا قىلدى،
ئەمەل قىلغان چىن ئالىمنى دانا قىلدى،
جان ۋە دىلدە ھەيىيى زىكرىن ئەيتىڭ دوستلار.

قالىڭ چىراغ، ھالىڭ پىلتە، باغى ياشىڭ،
نەچچە ئەيتسام بەھرە ئالماس كۆڭلى تاشىڭ،
يول ئۇستىدە تۇفراق بولسۇن ئەزىز باشىڭ،
جان ۋە دىلدە ھەيىيى زىكرىن ئەيتىڭ دوستلار.

ئىسىز ئالىم ئەمەل قىلماي يولدە قالۇر،
ئوقۇپ ئۇقماي دۇنيا مالىن قولغە ئالۇر،
مەدىنەلىكىدىن ئىسىز ئۆمرىن زايىئ قىلۇر،
جان ۋە دىلدە ھەيىيى زىكرىن ئەيتىڭ دوستلار.

زاھىر بۇزۇپ باتىن تۈزە ئالىم بولساڭ،
رەۋزە مەھشەر قولۇڭ تۇتقاي تاڭلا بارساڭ،
ۋاۋەيلىتا نادامەت دەپ يولدە قالساڭ،
جان ۋە دىلدە ھەيىيى زىكرىن ئەيتىڭ دوستلار.

ئالىم ئولدۇر ناماز ئوقۇپ تائەت قىلسە،
ھەقدىن قورقۇپ ئاخىرەتنى غەمىن يىسە،
قۇرئان ئوقۇپ ھەقدىن قورقۇپ زار ئىڭرەسە،
جان ۋە دىلدە ھەيىيى زىكرىن ئەيتىڭ دوستلار.

ئانداغ ئالىم ئىككى كۆزۈم گەريان ئېرۇر،
سەھەرلەرى ئەرتە قوپۇپ نالان بولۇر،
ھەق يولدە كۆيۈپ يانىپ بەريان بولۇر،
جان ۋە دىلدە ھەيىيى زىكرىن ئەيتىڭ دوستلار.

خارلىق تارتقىل كافىر نەفسىڭ باشى قاتسۇن،
دايىم مەدام بۇ دۇنيادىن يىغلاپ ئۆتسۇن،
تۇفراق بولغىل ئالەم سېنى باسىپ ئۆتسۇن،
جان ۋە دىلدە ھەيىيى زىكرىن ئەيتىڭ دوستلار.

خارلىق تارتىپ ھەق مۇستافا ئۇممەت دىدى،
ئاسى جافى ئۇممەتلەرىن غەمىن يىدى،
ئانىڭ ئۇچۇن ئۇممەتلەرى قۇۋۋەت ئالدى،
جان ۋە دىلدە ھەيىيى زىكرىن ئەيتىڭ دوستلار.

ئۇممەت ئۇچۇن باغرىدە يىرق زەررە پۇتۇن،
ئۇممەت دىسە دىماغىدىن چىققاي تۇتۇن،
ھەقتائالا قىلغايمۇ دەپ بىزنى ئوتۇن،
جان ۋە دىلدە ھەيىى زىكرىن ئەيتىك دوستلار.

قۇل خۇجەئەھمەد ئالاي دىسەك ھەقدىن ئۇلۇش،
بايەزىددەك نەفسىك بىلەن تۇن - كۇن ئۇرۇش،
ئەي بىخەبەر ئۇممەت ئىرسەك بول دۇررەۋش،
جان ۋە دىلدە ھەيىى زىكرىن ئەيتىك دوستلار.

× ×

كۆرگەن زامان ئىنانغان ئاتابەكرى سىدىقتۇر،
ئۇستۇن بولۇپ تايانغان ئاتابەكرى سىدىقدۇر.
مۇڭلاشقاندە يىغلاغان، قۇللۇققە بەل باغلاغان،
ئىچ باغرىنى داغلاغان ئاتابەكرى سىدىقدۇر.
بىر قولىدىن قايتماغان سىررىن ھەرگىز ئايتماغان،
غافىل بولۇپ ياتماغان ئاتابەكرى سىدىقدۇر.
جان جانانغا قاۋشۇرغان قىزىن قولدىن تاپشۇرغان،
قول قاۋشۇرۇپ يالبارغان ئاتابەكرى سىدىقدۇر.
ئايتقان سۆزىگە يەتكەن نەفس ھەۋادىن كەتكەن،
ھەق رەسۇلنى بەركىتكەن ئاتابەكرى سىدىقدۇر.
مۇھەممەدكە قىيىن ئاتا قىلغان ئەمەس ھىچ خەتا،
بويىنغە سالغان پوتا ئاتابەكرى سىدىقدۇر.
قۇل خۇجەئەھمەد قىل تەسدىق يارغاردىن قىل تەفرىق،
ئارىفلىكدە بول سادىق ئاتابەكرى سىدىقدۇر.

× ×

ئىككىنچىسى يار بولغان ئادالەتلىغ ئۇمەردۇر،
مۆئمىنلىغدە بار بولغان ئادالەتلىغ ئۇمەردۇر.
بىلالغە ئەزان ئەيتۇرغان، شەرىئەتنى بىلدۇرگەن،
دىن سۆزىنى ئۇقتۇرغان ئادالەتلىغ ئۇمەردۇر.
مەككە ئىشكىن ئاچۇرغان، بىر جەبەتنى مىندۇرگەن،
رەسۇل كۆڭلىن تىندۇرغان ئادالەتلىغ ئۇمەردۇر.
شەرىئەتنى پاس تۇتقان، تەرىقەتنى راست تۇتقان،
ھەقىقەتنى خوپ بىلگەن ئادالەتلىغ ئۇمەردۇر.
ئوغلىن چىرلاپ كەلتۇرگەن، دەررە ئۇرۇپ ئۆلتۇرگەن،
ئەدل قىلىپ يول سورغان ئادالەتلىغ ئۇمەردۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



چىراغ بولۇپ ئۆچمەگەن، دىن يولىدىن يانماغان
ناھەق ئىشنى ئايىماغان ئادالەتلىغ ئۆمەردۇر.
مىسكىن ئەھلىگە مەدەد قىلغىل ياد، قىلغىل ئەجزىڭنى بۇنياد،
شايەد روھى قىلغاي شاد، ئادالەتلىغ ئۆمەردۇر.

× ×

ئۆچۈنچى دوستى يار بولغان ئوسمان باھەيادۇر،
ھەر نەفەسدە يار بولغان ئوسمان باھەيادۇر.
ھەق رەسۇلنى دامادى، دىنىمىزنى ئابادى،
بەندەلەرنى ئازادى ئوسمان باھەيادۇر.
ئوقۇغانى شاتىبى ئايەت ھەدىس كاتىبى،
مۇنبەر ئۈزرە خاتىبى ئوسمان باھەيادۇر.
مۇناجاتى كۆھى تۇر ئالغانلارى ئىككى نۇر،
ئايىتقانلارى بارچەدۇر ئوسمان باھەيادۇر.
كۆپلەر كېلىپ پىيادە، قويمەدىلەر شەھزادە،
شېھىد قىلدىلەر ئاندە ئوسمان باھەيادۇر.
تەۋسىف قىلدىڭ ئوسمانى خۇجەئەھمەد سەن ئانى،
يوقتۇر شەك ۋە گۇمانى ئوسمان باھەيادۇر.

× ×

تۆرتۈنچىسى يار بولغان شىرى خۇدا ئەلىدۇر،
ھەم مىئراجدە يار بولغان شىرى خۇدا ئەلىدۇر.
ئەيتقان سۆزى رەھمانى، كۆرسەڭ يۈزى نۇرانى،
كافىرلارنى قىرانى شىرى خۇدا ئەلىدۇر.
ھىممەت قۇرى بېلىدە، مەۋلۇم يادى تىلىدە،
زۇلفىقارى ئىلكىدە شىرى خۇدا ئەلىدۇر.
مىنىپ چىقسە دۇلدۇلغە، يەرگە قوشار زىلزىلە،
كافىرلارغە غۇلغۇلە شىرى خۇدا ئەلىدۇر.
دۈشمەنلەرگە مۇقابىل، بولدى كافىرغە قاتىل،
زايىل قىلغان ئول ياتىل شىرى خۇدا ئەلىدۇر.
رەھمەت قىلغاي بىرۇبار، ھەرنە قىلسا ئەركى بار،
خۇجەئەھمەدكە مەدەتكار شىرى خۇدا ئەلىدۇر.

× ×

دىدار ئۈچۈن جاننى قۇربان قىلماغۇنچە،
ئىسمائىلدەك دىدار ئارزۇ قىلماڭ دوستلار.
جاندىن كېچىپ تەرىقەتكە كىرمەگۈنچە،
ئاشىق مەن دەپ يالغان دەئۋا قىلماڭ دوستلار.

ئاشىقلىق ئۇلۇغ دەئۋا، قىلسەڭ مۇنى،
مېھنەت بىرلە سىنار ئەرمىش مەۋلۇم سېنى،
رەنج مېھنەت بىرلە بولساڭ تۈنى ـ كۈنى،
مەئشۇقىڭدىن كۆڭۈل ئۈزگە قىلماڭ دوستلار.

مەنزىلىڭ بىلە تەرىقەتكە كىرمەدىلەر،
جاندىن كەچمەي يولغە قەدەم قويمادىلەر،
نەفس ئۆلتۈرمەي تەسلىم فەنا بولمادىلەر،
خام تەمەئلىغ بىرلە يولغە كىرمەڭ دوستلار.

ئۇشبۇ ئىشقنى يولى ھېلىم بولماق تۇرۇر،
مۇندە يىغلاپ ئاخىرەتدە كۈلمەك تۇرۇر،
گۈل رەڭلارى زەئفىراندەك سولماق تۇرۇر،
مۇنداغ بولماي ئاشىق مەن دەپ ئايتماڭ
دوستلار.

مۇرشىدلارنى خىزمەتىنى قىل ئىختىيار،
ئۆزلۈگۈمدىن يولغە كىردىم دېبە زىنھار،
ياخشى بىلسەڭ تەرىقەتنى خەتەرى بار،
قىلاۋەزسىز ئۇشبۇ يولغە كىرمەڭ دوستلار.

مۇرشىدلارغە خىزمەت قىلساڭ نەفسكە ئافەت،
تەگمە نادان بۇ يوللاردە قىلماس تاقەت،
سادىق قۇللار بۇ يوللارنى بىلۇر راھەت،
تىرىك ئۆلمەي دىدار ئارزۇ قىلماڭ دوستلار.

ئەلكەززابۇلا ئۇممەتى دىدى سىزگە،
ئول مۇھەممەد ھەق رەسۇلى دىدى بىزگە،
يالغانچىغە جەننەت يوقتۇر ۋاللا ئاكا،
يالغان سۆزلەپ ئىمانسىزىن كەتمەڭ دوستلار.

خانۇمانىن تەرك ئەتمەيىن كۆرمەس دىدار،
دىدار كۆرەي دىگەن ئاشىق بولۇر بىدار،
ئانداغ ئاشىق ئاخىر كۆرگەي ئاندا دىدار،
دىدار كۆرمەي سىردىن خەبەر تۇيماڭ دوستلار.

سىررىن مەئنى تۇيماغانلار بىگانەدۇر،
ئول ئاشىقنى ماكانلارى ۋەيرانەدۇر،
ئىشق يولىدە جان بەرگەنلەر جانانەدۇر،
جاندىن كەچمەي جاندىن خەبەر بىلمەڭ دوستلار.

قۇل خوجە ئەھمەد ئۆزدىن كەچمەي دەئۋا قىلما،
خەلق ئىچىدە ئاشىق مەن دەپ تىلگە ئالما،
ئاشىقلىغ ئۇلۇغ ئىشدۇر غافىل بولما،
غافىل بولۇپ ھەق دىدارىن كۆرمەڭ دوستلار.

× ×

ھەق قۇللارى دەرۋىشلەر، ھەقىقەت بىلمىشلەر،
ھەققە ئاشىق بولغانلار ھەق يولغە كىرمىشلەر.
ھەق يولغە كىرگەنلەر ئاللا دەيۇ يۈرگەنلەر،
ئىرانلار ئىزىن ئىزلاپ مەملىكەتدىن كەچمىشلەر.
ئالەم فەخرى مۇستافا ئانداغ ئەردى مەرھەبا،
مىئراج تۈنى ئەيتتى فەخر فەقىر يولىنى ئالمىشلار.

كۆڭۈل بەرمەي دۇنياغە شۇرۇۇ قىلماي هارامغە،
هەقنى سۆيگەن ئاشىقلار خالايىقدىن كەچمىشلەر.
دۇنيا مەنىڭ دىگەنلەر، جاهان مالىن ئالغانلار،
كەركەس قۇشدەك بولۇبان ئول هەرامغە پاتمىشلار.
مۇللا مۇفتى بولغانلار، ناهەق دەئۋا قىلغاتلار،
ئاقنى قارا قىلغانلار ئول تامۇغقا كىرمىشلار.
قازى، ئىمام بولغانلار ناهەق دەئۋا قىلغانلار،
ئول هەمىالدەك① بولۇبان يۈك ئاستىدا قالمىشلار.

هەرام يىگەن هاكىملار، رىشۋەت ئالىپ يىگەنلەر،
ئۆز بارماقىن تىشلەبان قورقۇپ تۇرۇپ قالمىشلار.

تاتلىغ ـ تاتلىغ يىگەنلەر، تۈرلۈك ـ تۈرلۈك كىيگەنلەر،
ئالتۇن تەخت ئولتۇرغانلار تۇفراق ئاستىن قالمىشلار.

مۆئمىن قۇللار، سادىقلار، سىدقى بىرلە تۇرغانلار،
دۇنيالىغىن سەرف ئېتىپ ئۇچماخ هۆرىن قۇچمىشلار.

قۇل خۇجە ئەهمەد بىلمىش سەن، هەق يولىغە كىرمىش سەن.
هەق يولىغە كىرگەنلەر هەق دىدارىن كۆرمىشلەر.

× ×

هۇ هەلقەسى قۇرۇلدى ئەي دەرۋىشلار كېلىڭلار،
هەق سۇفرەسى يايىلدى ئاندىن ئۇلۇش ئالىڭلار.

قال ئىلمىنى ئوقۇبان هال ئىلمىگە يېتىبان،
يوقلۇق ئىچرە ياتىبان بالىقلاردىن ئالىڭلار.

يىرتىپ شەفقەت پەردەسىن تىلەپ دىدار ۋەئدەسىن،
ئاچىپ كۆڭۈل دىدەسىن مۇشاهىدە قىلىڭلار.

هۇ ئارەسىن ئالىبان نەفس باشىغە سالىبان،
تۈنى ـ كۈنى تالىبلار جانىنى قۇربان قىلىڭلار.

هەلقە ئىچرە هۇ دەڭىز ئىشىق ئوتىغە يانىڭىز،
تەن، جان بىرلەن تالىبلار تەكبىر باشلاپ ئەيتىڭلار.

هۇ ـ هۇ دىيۇ زار ئىڭراپ هۇ دىيەكدە مەئنى بار،
دىداردىن ئۈمىدۋار رەهمەتىدىن ئالىڭلار.

قۇل خۇجە ئەهمەد قۇل بولغان يول ئۈستىدە كۈل بولغان،
تالىبلارغە مۇل بولغان ئاندىن ئىبرەت ئالىڭلار.

① هەمىال ــ ئەسلى تېكىستە «هەممار» دەپ يېزىلغان. مىدنا ئېتىۋارى بىلەن «هەممال» غا ئۆزگەرتىلدى.

× ×

مۇھەببەتنى جامىن ئىچىپ رەقس ئەيلەگەن،
دىۋانەلىغ مەقامىغە كىردى دوستلار.
ئاچ - توقلۇق، سۇد ۋە زىيان ھىچ بىلمەگەن،
سەرمەست بولۇپ رەقس سەما ئۇردى دوستلار.

رەقس سەما ئۇرغانلارغا دۇنيا ھارام،
ئەھلى ئايال، خانۇماندىن كەچتى تامام،
سەھەر ۋەقتىدە ھەققە ساغىنىپ يىغلار مەدام،
ئاندىن سۆكىدە رەقس سەما ئۇردى دوستلار.

رەقس سەما ئۇرغان ئاشىق ئۆزىن بىلمەس،
بىھۇش يۈرەر دۇنيا مالىن قولغە ئالماس،
يۈز مىڭ ئادەم تەقسىر دىسە مەغرۇر بولماس،
دۇنيا تىپىپ رەقس سەما ئۇردى دوستلار.

دۇنيا تاپماي. رەقس سەما ئۇرغان جاھىل،
ھەق يادىنى بىردەم ئىيتماي يۈرگەن غافىل،
دەرۋىش مەن دەر دۇنيا سىرى كۆڭلى مايىل،
دۇنيا ئۈچۈن رەقس سەما ئۇردى دوستلار.

ئۆزدىن كەتمەي رەقس سەما ئۇرماق خەتا،
سۇبھان ئىگەم ئاڭا قىلماس ئىمان ئەتا،
تائەت قىلسە دىللارىنى قىلماس سەفا،
رىيا قىلىپ رەقس سەما ئۇردى دوستلار.

ۋاي ئۇشۇنداغ نادانلاردىن ئۈمىد قىلماڭ،
فەيزى فۇتۇھ ئالۇرمەن دەپ يۈگرۈپ بىلمەڭ،
نەفسى ئۇلۇغ، شەرئى بۇزۇغ ۋەلى بىلمەڭ،
شەيتان لەئىن نوختە ئۇرماي مىندى دوستلار.

ئۆزدىن كەتمەي رەقس ئەيلەسە ئاللا بىزار،
سەمائىدىن يەر تەبرەنىپ تارتقاي ئازار،
دۇئا قىلاي كۆرسەتمەسۇن ئاڭا دىدار،
دىندىن كىچىپ رەقس سەما ئۇردى دوستلار.

دىۋانەلىغ غالىپ كەلمەي سەما ئۇرار،
ھەق مۇستافا چاھار ياردىن بىزار يۈرەر،
باشدىن ئاياغ گۇناھلارى ھازىر تۇرار،
گۇناھ تىلەپ رەقس سەما ئۇردى دوستلار.

شەبلى ئاشىق سەما ئۇردى پەرتەۋ كۆرۈپ،
مۇستافانى ھازىر كۆرۈپ سۇئال سورۇپ،
دۇنيا ئۇقبىن ئارقە تاشلاپ كۆزىن يۇمۇپ،
ئانداغ قۇللار رەقس سەما ئۇردى دوستلار.

شەبلى ئاشىق يىغلاپ ئەيدى ئەيا رەسۇل،
بىتاقەت مەن سەما ئۇرسام مەن مەلۇل،
رەسۇل ئەيدى ئىنشائاللا قىلغاي قەبۇل،
رۇخسەت تىلەپ رەقس سەما ئۇردى دوستلار.

قۇل خوجە ئەھمەد رەقس سەما ھەركىمگە يوق،
تەقلىد بىرلە سەما ئۇرسە كىرگەي تاموق،
بۇ رىۋايەت پىنھان ئەردى ئەيتسام قاموق،
ھەقنى تىپىپ رەقس سەما ئۇردى دوستلار.

× ×

شەرئەتنى شەراپەتىن بىلگەن ئاشىق،
تەرىقەتنى مەقامىنى بىلۇر دوستلار.
تەرىقەتنى ئىشلارىنى ئادا قىلىپ،
ھەقىقەتنى دەرياسىغە پاتار دوستلار.

دىدارىنى كۆرۈپ بولماس تۈن - كۈن ئۆيۈپ،
پاك ئىشقىنى قولغە ئالماي بولماس يۈرۈپ،
ھەقىقەتنى دەرياسىنى خەتەرى كۆپ،
ھىچ ئۇخلاماي دىدارىنى كۆردۇم دوستلار.

www.uyghurkitap.com

ئەيا ئاشىق بۇ دۇنيادە مىھنەت تارتقىل،
تارتقان جەۋرۇ جەفالارنى راھەت بىلگىل،
ھۇ سۆھبەتىن قۇرغانلارغا① ئۆزۈڭ ئۇرغىل،
ئۇرغان ئاشىق مىرادىغە يېتەر دوستلار.

بۇ يوللارنى غىزاسىدۇر قايغۇ مىھنەت،
مىھنەت تارتىپ جەفا چەككەن كۆرەر راھەت،
سەھەرلەردە زارى قىلغان خۇش سەئادەت،
ھۇ ـ ھۇ دەيۇ بۇ دۇنيادىن ئۆتەر دوستلار.

چىن دىل بىرلە يىغلاغانلار كۆرگەي لەقا،
سۇبھان ئىگەم دىدارىنى قىلغاي ئەتا،
قىلاۋەزسىز يولغە كىرمەك ئەينى خەتا،
يولغە كىرگەن مەنزىللاردىن ئۇزار دوستلار.

ۋادەرىخا ئۆتتى ئۆمرۈم بىلمەي قالدىم،
بۇ دۇنيانىڭ ئەسبابىنى قولغە ئالدىم،
دۇنيا ئىزلەپ دىن ئىشىنى ئارتقە سالدىم،
بىلەلمەسمەن ھالىم نىچۈك بولۇر دوستلار.

مۇھەببەتنى شارابىدىن تاتماغانلار،
بايەزىددەك ھەر كۈن ئۆزىن ساتماغانلار،
بۇ دۇنيانى ئىززەتىدىن ئۆتمەگەنلەر،
ھايۋان ئېرۇر بەلكى ئاندىن بەتتەر دوستلار.

ئاشىق بولساڭ ئىشىق يولغە قويغىل قەدەم،
دۇنيا ئۇقبىن تەلاق قويغىل مىسال ئەدھەم،
ئاقىل ئېرسەڭ دۇنيا ئۈچۈن يېمەگىل غەم،
قىيامەت كۈن جازالارىن بىرەر دوستلار.

سىر شارابىن ئىچكەن ئاشىق ئۆزىن بىلمەس،
بۇ دۇنيانى ئىززەتلارىن كۆزگە ئىلماس،
يۈزمىڭ دانە نەسىھ بولسا پەند ئالماس،
ۋا شەۋقا! دەپ ئۆزىن بىلمەي يۈرەر دوستلار.

رەۋزە ئەلەست خۇدا ئۆزى نىدا قىلغان،
قالۇ بەلا دىبان روھلار جەۋاب بەرگەن،
ھەزرەت تەبا روھلار ئۈچۈپ قارشۇ كەلگەن،
ئانداغ ئاشىق ھەق جامالىن كۆرەر دوستلار.

قۇل خۇجە ئەھمەد ئاشىق بولساڭ دۇنيا قويغىل،
ئاخىرەتنى ئەزابىدىن قايغۇ يېگىل،
ئىرانلارنى قىلغانلاردىن سەن ھەم قىلغىل،
خىزمەت قىلغان ئاخىر مۇراد تاپار دوستلار.

× ×

دىدارىنى تەلەب قىلساڭ ئەي زاكىرلار،
جاندىن كېچىپ ھەلقە ئىچرە كۆرۈڭ دىدار،
شەۋقىڭ بىلە ئاللا ئەيتىپ راستقا قايتىپ،
تۈن ئۇيقۇسىن ھارام ئەيلەپ بولغىل بىدار.

بىدارلارغا ھەق رەھمەتى بولۇر ياۋۇق،
بىدارلارنى كۆڭلى سۇنۇق كۆزى ياشلىق،
مەنمەنلىكنى جەزاسىنى بەرگەي تامۇق،
تەكەببۇرنى دەۋزەخ ئىچرە ھالى دىشۋار.

سەندىن بۇرۇن يارانلارىڭ قايان كەتتى،
بۇ دۇنياغە مەيل قىلماي يىغلاپ ئۆتتى،
ئۆمرىڭ ئاخىر بولدى نەۋبەت ساڭا يەتتى،
گۇناھىڭغا تەۋبە قىلغىل ئەي بەدكەردار.

نەفسىڭ سەنى باقىپ تۇرساڭ نىلەر دىمەس،
زارى قىلساڭ ئاللا سىرى بويۇن سۇنماس،
قولغا ئالساڭ يابان قۇشدەك قولغا قونماس،
قولغا ئالىپ تۈن ئۇيقۇسىن قىلغىل بىدار.

نەفسى يولغە كىرگەن كىشى رەسۋا بولۇر،
يولدىن ئازىپ، تايىپ، تۇزۇپ، گۇمراھ بولۇر،
ياتسا، قوپسا شەيتان بىلە ھەمراھ بولۇر،
نەفسنى تەپكىل، نەفسنى تەپكىل ئەي بەدكەردار.

نەفسلىك سەنى ئاخىر دەمدە گەدا قىلغاي،
دىن ئۆيىنى غارەت قىلىپ ئادا قىلغاي،
ئۆلەر ۋەقتدە ئىمانىڭدىن جۇدا قىلغاي،
ئاقىل ئەرسەڭ نەفسى بەددىن بولغىل بىدار.

فىرئون، قارۇن شەيتان سۆزىن مەھكەم تۇتدى،
بول سەبەبدىن يەر يارىلدى ئانى يۇتدى،
مۇسا كەلىم ناسىھ بولۇپ سۆزلەر ئەيتدى،
قۇلاق تۇتماي ئول ئىكىسى ئولدى مۇردار.

گۇناھىڭغا تەۋبە قىلىپ يىغلاپ يۇرگىل،
كېتەرمەن دەپ يول باشىغە بارىپ تۇرغىل،
كەتكەنلەرنى كۆرۈپ سەن ھەم ئىبرەت ئالغىل،
ئىبرەت ئالساڭ ياتمىش يېرىڭ بولۇر گۇلزار.

مۆئمىن قۇللار دەرد ھالەت پەيدا قىلدى،
ھەق يولىدە جان - دىلىنى شەيدا قىلدى،
دۇنيا تاشلاپ ئاخىرەتنى سەۋدا قىلدى،
سەۋدا قىلساڭ ھۆرۈ غۇلمان بارى تەييار.

قۇل خوجە ئەھمەد نەفس ئىلكىدىن قىلۇرمەن داد،
پىرى مۇغان بولغايمىكىن ئاڭا جاللاد،
بىخەبەرلەر ئىشتىمەسلەر دادۇ فەرياد،
قان يىغلاغىل ئىشتىسۇن ئول پەرۋەردىگار.

× ×

ھەققە يانىپ مۆئمىن بولساڭ تائەت قىلغىل،
تائەت قىلغان ھەق دىدارىن كۆرەر دوستلار.
يۈزمىڭ بەلا باشقە تۈشسە ئىگرانمەغىل،
ئاندىن سۈگرە ئىشق سىررىن بىلەر دوستلار.

ئاشىقلارى زار ئىگرەبان يولغا كىردى،
ھەرنە جافا تەگسە ئانى ھەقدىن بىلدى،
رازى بولۇپ يەر ئاستىغە ھازىر بولدى،
زار يىغلابان سەھەرلەردە قوپار دوستلار.

ئەيا دوستلار ھېچ بىلمەدىم مەن يولۇمنى،
سەئادەتقە باغلامادىم مەن بېلىمنى،
غەيبەت سۆزدىن ھېچ يىغمادىم مەن تىلىمنى،
نادانلىغىم مەنى رەسۋا قىلدى دوستلار.

كېچە - كۈندۈز بىغەم يۈردۇم زىكرىن ئېيتماي،
جەھەد ئەيلەبان تۈنى - كۈنى فىكرىن ئېيتماي،
مۇھەببەتنى بازارىندە ئۆزنى ساتماي،
نەفسىم مەنى يۈزمىڭ تائام تىلەر دوستلار.

نەفسىڭنى سەن ئۆز رايىغا قويما زىنھار،
يېمەي - ئىچمەي تائەت بىرلە بولغىل بىدار،
ئاخىر بىر كۈن كۆرسەتكۈسى ساڭا دىدار،
بىدار بولغان ئاندا دىدار كۆرەر دوستلار.

ئەيا غافىل ھەق زىكرىنى تىلدىن قويما،
دۇنيالىقدىن بىر زەررەسىن قولغا ئالما،
ئىرانلارنى ئارقاسىدىن ھەرگىز قالما،
يولغا كىرگەن ئاخىر مۇراد تاپار دوستلار.

قول خوجە ئەھمەد بەندە بولساڭ يىغلاپ يۈرگىل،
مۇھەببەتنى مەجلىسىغە ئۆزۈڭ ئۇرغىل،
قىيامەتنى شىددەتىدىن ماتەم قۇرغىل،
ماتەم قۇرغان سىردىن خەبەر ئالۇر دوستلار.

× ×

قۇل مەن دىگەن دايىم تىنماي زىكرىن ئەيتار،
ئىشق ئوتىغە باغرى كۆيۈپ فەرياد ئىتەر،
بىخەبەرلەر ئۆمرىن بىلمەي يەلگە ساتار،
غەفلەت بىرلەن جەھەننەمگە كېتەر دوستلار.

www.uyghurkitap.com

ئاخىر زامان شەيخى تۈزەر سۈرەتلەرىن،
زاھىد تەقۋى قىلماي بۇزار سىررەتلەرىن،
كەرامەت دەر خەۋاپ غەفلەت رىۋايەتلەرىن،
رىيا بىرلە خەلققە ئۆزىن ساتار دوستلار.

ئەيا غافىل ئۆمرۈڭ سەنى ئۆتەر يەلدەك،
كۆز ياشىڭنى ئاقۇر دائىم ئابى سەلدەك،
سېنى سۆيەر دەرگاھىدە مىسال قۇلدەك،
خۇجە سۆيسە سېنى ئازاد ئېتەر دوستلار.

غەفلەت بىرلە ئۆمرۈڭ سەنى ئۆتەر بىلگىل،
جانىڭ بىرلە پىرخىزمەتىن تۇرۇپ قىلغىل،
ئاندىن سۆكرە دەرگاھىگە لايىق بولغىل،
خىزمەت قىلغان مىرادىغە يىتەر دوستلار.

قۇل خۇجە ئەھمەد ھىكمەت ئەيتىپ يىغلا سەھەر،
ئىرانلارنى ئەلفازىدىن ئالىپ خەبەر،
سۆز ئەسلىنى بىلگەنلەرگە ئىسىل گەۋھەر،
زاھىرىغە باققان قۇرۇغ قالۇر دوستلار.

× ×

كېلىڭ دوستلار ئاللا يادىن دائىم ئەيتىڭ،
ئاللا يادى كۆڭۈل مۇلكىن ئاچار دوستلار،
ئەستەغفىرۇ ئىستىغفارنى تىنماي ئەيتىڭ،
شەيتان لەئىن تەن مۇلكىدىن قاچار دوستلار.

شەيتان لەئىن سىزگە دۇشمەن ھازىر بولۇڭ،
كېچە ئاللا، كۈندۈز ئاللا ئەيتىپ ئۆلۈڭ،
تار لەھەدكە كىرەر ۋەقتىدە نۇرغا تولۇڭ،
مەلائىكلەر ئاللا نۇرىن ساچار دوستلار.

ئاللا نۇرى قەبرە ئىچىنى رەۋشەن قىلغاي،
مەلائىكلەر تەگرەسىدە رەۋزەن قويغاي،
مۆئمىن بەندە كۆرۈپ ئانى ھەيران قالغاي،
بۇ ئالەمنى رەۋشەندىن كېچەر دوستلار.

بارچە ئەرۋاھ يىغلىشىپ كەلگەي مۇبارەككە،
خالايىقلار مەشغۇل بولغاي تەبارەككە.
دۇئا قىلىپ يانغاندىن سوڭ قالۇر يەككە،
جۇملە ئەرۋاھ سۆيۈنۈپ بىر-بىر قۇچاردوستلار.

يەتتى قەدەم قويغاندىن سوڭ مۇنكىر- نەكىر،
ھەيبەت بىلەن كىرىپ كەلگەي قىلىپ قەھىر،
ئىكى كۆزى ئوتتەك يانىپ ئۇقراپ تۇرار،
نۇرىن كۆرۈپ تەئزىم قىلىپ قاچار دوستلار.

مۇنكىر - نەكىر سورماي چىقىپ نالە قىلغاي،
كۆز ياشىنى ھەر تەرەپكە ژالە قىلغاي،
ھەق يادىنى ئەيتىپ ئۆزىن ۋالە قىلغاي،
پەرۋاز قىلىپ ھەۋاسىرى ئۇچار دوستلار.

نىدا كەلگەي ئىلاھىدىن نە يىغلادىڭ،
خاس قولۇمدىن قەبرە ئىچىندە نە تىڭلادىڭ،
ئەي بى ئەدەپ قۇلاق سالىپ نە ئاڭلادىڭ،
مۇنكىر - نەكىر سوڭ - سوڭىغا قاچار دوستلار.

يۈرسە - تۇرسا، ياتسا - قوپسا مەنى يادىم،
خەت بەر ئات قولغە ئالغان ئول ئازادىم.
ئانداغ قۇلنى سەيدىدۇرمەن ئول سەييادىم،
قىلمىش، ئەتمىش گۇناھلاردىن كېچەر دوستلار.

گۇناھلارىن ھەققە باغىشلاپ نەزەر قىلغاي،
ئۆكدە - سوكدە ياتقانلارى شاكىر بولغاي،
ئاندىن سوڭدە بارچە ئەرۋاھ ھازىر بولغاي،
قەبرىستانغە ھەق رەھمەتىن ساچار دوستلار.

بىھەمدۇلىللاھ ياخشى كەلدى بىز قۇتۇلدۇق،
قەبرە ئىچىندە ھەر ئەزابدىن قارىغ بولدۇق،
نەچچە يىللار مۇردە ئەردۇك باز تىرىلدۇق،
دۇئا قىلىپ ھەققە ئىلكىن ئاچار دوستلار.

مۇنكىر ـ نەكىر يىغلاپ ئەيتۇر سەن بىلۇرسەن،
زاتىڭ ئۇلۇغ هەرنە قىلساڭ سەن قىلۇرسەن،
لۇتف ئەيلەسەڭ يولسىزلارغا يول بېرۇرسەن،
سەجدە ئەيلەپ شاكىر تىلىن ئاچار دوستلار.

لائىلاهە ئىللەللاغە شەيدا بولغان،
دىدار ئۈچۈن بۇ ئالەمدە رەسۋا بولغان،
دۇنيا قويۇپ ئاخىرەتنى سودا قىلغان،
هەۋز كەۋسەر شەرابىدىن ئىچەر دوستلار.

رەۋزە ئەزەل تەقدىر قىلىـە هەق جامالى،
يۈزمىڭ شەيتان قەسىد ئەيلەسە يوق زاۋالى،
كۈندىن ـ كۈنگە زىياد بولغاي قالۇ هالى،
دانا بولۇپ هەق يوللارىن ئاچار دوستلار.

مۇهەببەتنى مەيدانىدە جەۋلان قىلغان،
هەقىقەتنى دەرياسىدىن گەۋهەر ئالغان،
مەئرىفەتنى مەتائىنى ئىچگە سالغان،
يۈرسە ـ تۇرسە دۇررى گەۋهەر ساچار دوستلار.

ئاشىق ئولدۇر هەققە جانىن قۇربان قىلسە،
زىكرىن ئەيتىپ، چاهار زەرب ئۇرۇپ، سەهەر
تۇرسە،
ئىرانلاردىن فەيزى فۇتۇه تولۇ ئالسە،
سۇلتان بولۇپ دۇررى گەۋهەر ساچار دوستلار.

هەقتائالا بۇيىن ئالغان مۇندا تۇرماس،
دەئۋا قىلىپ ئىشانلىقنى لافىن ئۇرماس،
قايدا بارسا فېقىر ـ مىسكىن دۇكان قۇرماس،
غېرىپ بولۇپ ۋەيرانەغە كۆچەر دوستلار.

قۇل خوجە ئەهمەد نەفسدىن ئۇلۇغ بەلا بولماس،
يەر ۋە كۆكدىن تۆئمە بەرسەڭ هەرگىز تويماس،
تۇفراق بولۇپ يەردە ياتساك كافىر ئۆلمەس،
نەفسى ئۆلگەن هۆر غۇلمان قۇچار دوستلار.

× ×

هىكمەت بىرلەن ئەدەمدىن بار ئەيلەدى،
ئون سەككىزمىڭ قامۇغ ئالەم هەيران ئېرۇر.
قالۇبەلا دىگەن قۇللار ئۆلۈش ئالدى،
سۆكۈت ئەتكەن قۇللار دىنى ۋەيران ئېرۇر.

هەقتائالا ئىمان ئەتا قىلدى بىزگە،
ئول مۇستافا هەق رەسۇلى ئەردى بىزگە،
دۇرۇد ئېيتساق قۇۋۋەت بېرۇر دىنىمىزغا،
يوق ئەرسە قىلغانلارىم يالغان ئېرۇر.

ئول ئەلەستۇ بىرەببىكۇم دىدى خۇدا،
قالۇبەلا دەبان روهلار قىلدى سەدا،
يىغلاپ كەلدۇق ئىشىگىڭگە جۈملە گەدا،
لوتف ئەيلەسەڭ يۈزمىڭ ئاسى خەندان ئېرۇر.

تەۋبە قىلسام كېچەرمۇكىن قادىر ئاللاه،
يوق ئەرسە نېتكۇم ئاندە مەن رۇسياه،
تاڭلا بارسام ئىلىك ـ ئاياغ بارچە گۇۋاه،
هەق قاشىدە بارچە ئىشلار ئاسان ئېرۇر.

يىغلامايمۇ ئۆتتى ئۆمرۈم ئەيا شاهىم،
قىستاپ كەلدى قارانغۇلۇق چىقغىل ماهىم،
سەندىن ئۆزگە يوق پاناهىم، تەكيەگاهىم،
كېچە ـ كۈندۈز تىلەگەنىم ئىمان ئېرۇر.

ئۈممەت ئۈچۈن رەسۇل دايىم قايغۇ يىدى،
تىلەپ ئۈممەت گۇناهىنى هەقدىن ئالدى،
كېچە ـ كۈندۈز قايىم تۇردى تەڭرىم بىلدى،
تىلدە ئۈممەت مەن دەر، دىلدە يالغان ئېرۇر.

ئۈممەت بولساڭ مۇستافاغا پەيرەۋ بولغىل،
ئايغانلارىن جان ـ دىلدە سەن هەم قىلغىل،
كېچە قايىم، كۈندۈزلەرى سايىم بولغىل،
چىن ئۈممەتنى رەڭى مىسال سامان ئېرۇر.

www.uyghurkitap.com

سۆزنەتلەرىن مەھكەم تۇتۇپ ئۇممەت بولغىل،
كېچە ـ كۈندۈز دۇرۇد ئەيتىپ ئۇلفەت بولغىل،
كېچە ـ كۈندۈز تىنماي يىغلاپ گەدا بولغىل،
دەردىن تارتساڭ خۇداسەندىن رىزا ئېرۇر.

× ×

مۇھەببەتنى بوستانىدە ھەزار داستان،
بۇلبۇللارى سايرار ئاندا ئەفغان قىلۇر.
مەئرىفەتنى مەيدانىدا جەۋلان قىلغان،
كېچە ـ كۈندۈز كۆز ياشىنى ئۇممان قىلۇر.

ئول بۇلبۇلنى ئاۋازىنى ئىشىتكەنلەر،
تەكەببۇرنى تاغىن كېسىپ ئۇشاتقانلار،
بۇ دۇنيانى مەزەسىنى ئۇنۇتقانلار،
فەرياد ئۇرۇپ يىغلاپ كۆزىن گەريان قىلۇر.

ئاشىق قۇللار بۇ دۇنيانى كۆزگە ئىلماس،
دۇنيا ئىشقىن زاھىد قۇللار تىلغا ئالماس،
كېچە ـ كۈندۈز مەست ۋەھەيران ئۆزگە كەلمەس،
دىدار تىلەپ كۆكسىن تىشىپ نالان قىلۇر.

ۋادەرىخا كەچتى ئۆمرۈم تۇيماي قالدىم،
راھىلەسىز يولغە كىرىپ ھارىپ قالدىم،
ھىممەت قورىن بەلگە مەھكەم چالىپ ئالدىم،
ئۆزى سۆيگەن ئاشىقلارىن سەرسان قىلۇر.

ئەيا ئاشىق كېچە ـ كۈندۈز تىنماي يىغلا،
كۆيۈپ ـ پىشىپ، يۈرەك ـ باغرىڭ ئېزىپ داغلا،
ئەجەل يەتسە مەردانەۋار بېلىڭ باغلا،
مۇنداغ ئاشىق بارسە ئاندا مېھمان قىلۇر.

شەيخ مەنسۇر ئۆز باشىنى داردا كۆردى،
پەرتەۋ سالدى ھەق دىدارىن ئاندا كۆردى،
بىخۇد بولۇپ ئۆزىن بىلمەي ئەفغان قىلدى،
ۋاشەۋقا دەپ ئۆزىن بىلمەي جەۋلان قىلۇر.

شەيخ شەبلى ئاشىق بولۇپ بىلمەي ئۆتتى،
شەيخ بايەزىد يەتمىش پۇلى ئۆزىن ساتتى،
بۇ دۇنيانىڭ ئىززەتلەرىن تاشلاپ ئاتتى،
ئۆتكەن ئىشقە نادامەت دەپ ئەفغان قىلۇر.

ئانداغ ئېرلار سۆھبەتىنى تاتقان كىشى،
مەست ۋە ھەيران بولۇپ يۈرەر يازۇ قىشى،
سەھەرلەردە چار زەرب ئۇرماق ئانى ئىشى،
زاھىرخەندە باتىنلارىن پىنھان قىلۇر.

مۇنداغ بولماي ھەق ۋەسلىغە يېتىپ بولماس،
رەسۋا بولماي سىردىن مەئنى ئالىپ بولماس،
ھۇ، زىكرىنى ئەيتىپ دائىم تىلدىن قويماس،
ۋەھمى بىرلەن دىللارىنى لەرزان قىلۇر.

قۇل خوجە ئەھمەد بۇھىكمەتنى كىمگە ئەيدىڭ،
ئارىف مەن دەپ خالايىقغە ئۇقۇپ يايدىڭ،
ئەئسىر قىلماس ئالىملارغە ئەيغان پەندىڭ،
ئارىف ئۇلدۇر تەن مۈلكىنى ۋەيران قىلۇر.

× ×

بېھىشت ـ دەۋزەخ تالاشۇر تالاشماقدا بايان بار،
دەۋزەخ ئەيتۇر مەن ئارتۇق مەندە فىرئون ھامان بار.

بېھىشت ئەيتۇر نەدەرسەن، سۆزنى بىلمەي ئەيتۇرسەن،
سەندە فىرئون بولۇسە، مەندە يۈسۇف كەنئان بار.

دەۋزەخ ئەيتۇر مەن ئارتۇق، بېخىل قۇللار مەندە بار،
بېخىللارنى بويىندا ئوتلۇغ زەنجىر ـ كىشەن بار.

بېھىشت ئەيتۇر مەن ئارتۇق، پەيغەمبەرلەر مەندە بار،
پەيغەمبەرلەر ئالدىدە كەۋسەر، ھۆر ۋە غىلمان بار.

دەۋزەخ ئەيتۇر مەن ئارتۇق، تەرسائ، جوھۇد مەندە بار،
جوھۇد، تەرسائ ئالدىدە تۈرلۈك ئەزاپ سوزان بار.

بېھىشت ئەيتۇر مەن ئارتۇق، مۆئمىن قۇللار مەندە بار،
مۆئمىنلارنى ئالدىدە تۈرلۈك نىئمەت ئەلۋان بار.

دەۋزەخ ئەيتۇر مەن ئارتۇق، زالىم قۇللار مەندە بار،
زالىملارغا بىرۈرگە زەھەر ـ زوقۇم چەندان بار.

بېھىشت ئەيتۇر مەن ئارتۇق، ئالىم قۇللار مەندە بار،
ئالىملارنى كۆڭلىدە ئايەت، ھەدىس، قۇرئان بار.

دەۋزەخ ئەيتۇر مەن ئارتۇق، مۇنافىقلار مەندە بار،
مۇنافىقلار بويىندا ئوندىن ئىشكەل، كىشەن بار.

بېھىشت ئەيتۇر مەن ئارتۇق، زاكىر قۇللار مەندە بار،
زاكىرلارنى كۆڭلىدە زىكىر ئىلاھى سۇبھان بار.

دەۋزەخ ئەيتۇر مەن ئارتۇق، بىنامازلار مەندە بار،
بىنامازلار بويىندا يىلان بىلەن چايان بار.

بېھىشت ئەيتۇر مەن ئارتۇق، دىدار كۆرمەك مەندە بار،
دىدارىنى كۆرسەتۈرگە رەھىم ئاتلىغ رەھمان بار.

دەۋزەخ ئاندە تىلك تۇردى، بېھىشت ئۆزرىن ئەيتتى،
قۇل خوجە ئەھمەد نە بىلدى بىلدۇرگۈچى يەزدان بار.

× ×

مۇھەببەتنى دەرياسىدە غەۋۋاس بولۇپ،
مەئرىفەتنى گەۋھىرىنى ئالغۇم كېلۈر.

تەرىقەتنى مەيدانىدە پەرۋاز قىلىپ،
ئول توبى دەرەختىغە قونغۇم كېلۈر.

www.uyghurkitap.com

ئۇل تۇبى دەرەختىنى ئىكسە بىتمەس،
ئاللا دىگەن ئاشىق قۇلدىن تەقسىر كەلمەس،
چىن ئاشىق ئىران ھەرگىز يولدا قالماس،
ئاشىق بولۇپ ئاللا يادىن ئەيغۇم كېلۇر.

ئاشىق قۇللار ھەق يادىدىن خالى ئىمەس،
ھەقىقەتلىغ بۇ دۇنياغە مەيل قىلماس،
چىن ئاشىقلار دونيا ئۇقبىن ھەرگىز ئالماس،
مەن تەقى بۇ دۇنيانى قويغۇم كېلۇر.

تەجەللىنىڭ نۇرى بىلەن ئەقلى شاشقان،
ئاللا دىيۇ كۆڭل باغلاپ تۇرغە ئاشقان،
مۇھەببەتنى ئوتى بىرلەن قايناپ - تاشقان،
مەن تەقى ئاللا دىيۇ بارغۇم كېلۇر.

ئاللايادى كۆڭىللەرنى قىلدى خۇررەم،
بەلخ مۇلكىن تاشلاپ كۇلام كەيدى ئەدھەم،
كۇلام كىيىپ ھىدايەتكە ئۇردى قەدەم،
ھىدايەتكە ئانداغ قەدەم ئۇرغۇم كېلۇر.

كۇلام كىيگەن ئۇل ئەزىزلەر ھەققە ياقار،
چۇن سىرلارى دۇكان ئىچرە ھەقنى تاپار،
ئاھلاردىن تىلىم تاغلار سىزىپ ئاقار،
سەلىم بولۇپ ئۇل كۇلامنى كىيگۇم كېلۇر.

سەلىم بولۇپ ساق بولدى جۇنەيد شەبلى،
نەفسىن تىپىپ قەھر قىلدى ھەسەن بەسرى،
خەلقىنى قويۇپ پانا بولدى زۇننۇن مىسرى،
ئەزىزلارغە مۇتابىئەت قىلغۇم كېلۇر.

ئاللايادى تەكەببۇرنى ئۆيىن بۇزدى،
مەشايىخلەر بۇ ھەلقەنى كۆركلۇك تۈزدى،
چۈن ھۇ دىدىم مەئىسىيەتلەر تۈزگە تۈزدى،
مەن ھەم تەقى ئۇل ھەلقەدە بىرلغۇم كېلۇر.

شەۋق شەرابىن ئىچتىم ئەرسە قىلدى خەراپ،
مۇھەببەتنى ئوتى بىرلەن باغرىم كەباپ،
دىدارىنى روزى قىلسە ئىزىم ۋەھھاپ،
دارىسسالام سارايىغە كىرگۇم كېلۇر.

قول خۇجە ئەھمەد گەۋھەر يەكلىغ ھىكمەت
ئەيدى،
ئەزىزلارنى مەدھ بىلەن سۆزىن يايدى.
ئۆززۈن تۈننى كۈنگە ئۇلاپ قىيام تۇردى،
دۇئا ئوقۇپ رەۋان ھىكمەت ئەيغۇم كېلۇر.

× ×

يول ئۈستىدە ئولتۇرۇپ يىغلىنى سورغان دەرۋىشلەر،
ئۇقبىدىن خەبەر ئىشتىپ يىغلە كىرگەن دەرۋىشلەر.

ئەسالارى ئىلكىندە ھىممەت قۇرى بېلىندە،
ئىزىم يادى تىلىندە ئاللا دىگەن دەرۋىشلەر.

خىرقەلەرى كىر چەفان كۆڭلىدە يۈزمىڭ ئەيان،
بىلىنگىز ئىككى جەھان كۆزگە ئىلماس دەرۋىشلەر.

دەرۋىش ھەقنى مەنزۇرى زىكرى تۇرۇر گۈلزارى،
ھەقنى يادى ئەسرارى خوپ ئەدەبلىغ دەرۋىشلەر.

يازۇقۇم كۆپ يولاتماس ئەسباپ دارۇسىن تاپماس،
كۆزە ياشىن قۇرۇتماس ياشى ئاققان دەرۋىشلەر.

سىرى بىرلەن سۆزلەرلەر، تىلگە ھىكمەت تۈزەرلەر،
ئىشق بىرلەن جان كىزەرلەر، رەنگى سەرىغ دەرۋىشلەر.

ئىت نەفسىنى ئۆلتۈرەر، قىزىل يۈزىن سولدۇرۇر،
خۇجە ئەھمەد قۇل تۇرۇر، ساتىپ يىسۇن دەرۋىشلەر.

× ×

**ئاشقلەرى دايىم تىلەر دىدارىنى،**
سەھەرلەردە غەفلەت بىلەن ياتماس بولۇر.
نادانلاردىن ئۇشبۇ سىرنى پىنھان قىلىپ،
جاھىللارغا ئاشق مەن دەپ ئەيتماس بولۇر.

ئارىف ئاشق دۇنيا ئۈچۈن غەم يىمەدى،
بۇ دۇنيادا ئىززەت ـ ھۆرمەت ھەم سۆيمەدى،
كىچە ـ كۈندۈز كۆز ياشىدىن ئايرىمەدى،
غەفلەت بىرلەن غەم لايىغە پاتماس بولۇر.

ئارىفلارىڭ دەرگاھىدۇر گەۋھەر كانى،
ئول تەڭىزدە لەئل جەۋھەر يوق ئىمكانى،
ھىسابىنى بىلۇر ئاندە ئىشق سۇلتانى،
ئىشقسىزلارنى ئەقلى ئاڭا يەتمەس بولۇر.

ئاشق كىرەك غەۋۋاس بولۇپ چۆمسە دەريا،
چىقسە ئاندىن ئۇلۇغ دۇررلەر بولۇر پەيدا،
جاندىن كەچمەي جانان يۈزىن كۆرمەك قايدا،
ئىدراك بىلەن تاپقان قولدىن كەتمەس بولۇر.

جاندىن كەچمەي ئاشق كۆرمەس فەنا مۇلكىن،
ئاشق بولسا پىنھان قىلۇر ۋۇجۇد يۈركىن،
ھەسرەت تاڭى ھەيرەت بىرلەن ئاتارمۇكىن،
غەم تاغىدىن ئەمگەكسىزىن ئاشماس بولۇر.

ئول ئۇقبەدىن ھىممەت بىرلەن ئالشاماغىلىڭ،
تۆرت يۈزقىرلق تۆرت ياشىڭ تۆكۈپ ياشاماغىلىڭ،
ئۈچ يۈزئالتمىش بەند باغىڭ بىرشاماغىلىڭ،
مىھنەت تارتماي راھەت تاڭى ئاتماس بولۇر.

قۇل خۇجە ئەھمەد ئىرانلارنى ياد ئەيلەبان،
ھىكمەت قىلىپ ئۇشبۇ سۆزنى قىلدى بەيان،
ئاڭلاڭىزلار ئۇشبۇ سۆزنى يارى ياران،
يالغان سۆزنى خالايىققە ئەيتماس بولۇر.

× ×

قوي بۇ تىرىكلىك زەۋقىنى بىلگىن ئۆلۈم ئالدىڭدادۇر،
قالۇر ئىمارەت بوستان ھەرنەكى بار ئالدىڭدادۇر.

كۆچۈ ساراي باغلار مالىڭ تۇتار ئول تاغلار،
يۇرتۇڭدا ئويىنار زاغلار، قاي كۈن كىلۇر ئالدىڭدادۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ دۇنيا بىر كونه رەبات ئۆتۈپ بارادۇر مىسال باد،
ئانده سىياسەتلىغ سىرات، قورقماسمۇسەن ئالدىڭدادۇر.

مۇنكىر - نەكىر كىلۇر كىرىپ، ئۇتلۇق گۇرزى قولغه ئالىپ،
مەن رەببىڭ دەپ ھەيبەت قىلىپ سورغۇچىلار ئالدىڭدادۇر.

تارتار تارازۇ خەير - شەررى ئاندا تامۇغ ئوتى يازى،
مۇنداغ بەلالاردىن زەررە قىلماسمۇسەن ئالدىڭدادۇر.

قورقىل قىيامەت ۋەھمىدىن فىكىر ئايتقىل قوپ ئۇيقۇدىن،
مۇنچه ئۇيۇرسەن شەمسىدىن يۇزمىڭ ھىجاپ ئالدىڭدادۇر.

× ×

ھەر زامان تىنماي خۇدا دىسەم خۇداغا خۇش ياقار،
گەر نەزەر قىلسا خۇدايىم كۆز ياشىم سۇدەك ئاقار.

كىچەۋۇ كۇندۇز خۇدا دەپ يىغلاساڭ سەن ئاھ ئۇرۇپ،
گەر خۇجام دەپ يىغلاسا قۇل خۇجاسىغه خۇش ياقار.

سۇنىبه غەفلەتكه بويۇن غەفلەت سېنى گۇمراھ ئېتەر،
كىمكى سۇنسه بويىنىنى غەفلەت ئانى زىنكار ئەيىيار.

تەۋبه ئىستىغفار بىله دايىم سەھەرلەر ھەق دىگىل،
ھەق دىسەڭ ھەققه ياقار ھەق رەھمەتى سۇدەك ئاقار.

ئەلكىڭدىن كەلسه قىلاكۆر خۇجه ئەھمەد ئېر ئىشىن،
ئېر ئىشىن قىلغان كىشىنى ھەرئىشى ھەققه ياقار.

× ×

رەھمەت سۇيى ئۇلۇغ دەريا چۆمۈپ پاتتىم،
ۋەھدانىيەت دەرياسىغه كىردىم دوستلار.
ئول دەريانىڭ گەۋھەرلەرىن ئالىپ يۇتتۇم،
بىخۇد بولۇپ ئۆزۈم بىلمەي تۇردۇم دوستلار.

ئول تىگىز قەلب كۆرسەڭ ئەجەپ پايانى يوق،
ئىخلاس قىلىپ كىرگەن قۇللار قالغانى يوق،
ئول دەريانى كۆرگەن ئاشىق ئارمانى يوق،
يولنى تاپماي ھەيران بولۇپ تۇردۇم دوستلار.

ئۇل دەرياغە كىرمەگەنى ھەم جانى يوق،
چۆمۈپ ياتىپ ئۇ دەريادىن ئالغانى يوق،
ئەي مۆئمىنلەر بۇ سۆزلەرنى يالغانى يوق،
ئەژدەر يەگلىغ ئىشقسىزلارنى سوردۇم دوستلار.

ئىشقسىزلارى ھەيران بولۇپ يولدا قالدى،
دىنىنى تاشلاپ دۇنيا مالىن قولغە ئالدى.
كۆرۈپ بىكىپ ئۆز جانىنى ئوتقە سالدى،
ئىخلاسى يوق غافىللارنى كۆردۇم دوستلار.

يولغە كىرگەن ئىرانلاردىن يولنى سورغان،
مەشايىخلار خىزمەتىدە ھازىر تۇرغان،
خىزىر ئاتا سۆھبەتىنى ئاندا كۆرگەن،
سۆھبەت ئىچرە ھەلقە ئالىپ كۆردۇم دوستلار.

ئاشىق ئەرسەك پەرۋانەدەك ئۆزۈڭ ئۇرغىل،
ئىرانلارنى سۆھبەتىدە بولا كۆرگىل،
نوتالىبدەك ھەلقە ئىچرە ئۆزۈڭ ئۇرغىل،
مۇرىدلارنى ئىزىن ئىزلاپ يۈردۇم دوستلار.

ئاشىق ئەرسەڭ كەچكىل كەلى ماسىۋادىن،
مەشايىخ تىلەر ئەرمىش ئول خۇدادىن،
يولغە كىرگىل مەدەد تىلەپ مۇستافادىن،
غافىللىقدە ئۆمرۈم ئۆتتى بىلدىم دوستلار.

ئىشقسىزلارنى كۆردۇم ئەرسە ھەيران ئىرۇر،
زاھىر جەندە باتىنلارى ۋەيران ئىرۇر،
باشى قاتىپ، ئەقلى كىتىپ سەرسان ئىرۇر،
ئانىڭ ئۈچۈن يۈرەك ـ باغرىم تىلدىم دوستلار.

قۇل خوجە ئەھمەد مەدەد تىلەپ يولغە كىرگىل،
ئىرانلارنىڭ (ئىزىن) ئىزلاپ يولنى سورغىل،
ھەقتائالا قىلغانىغە بويۇن سۇنغىل،
بويۇن سۇنۇپ دەرگاھىغە كەلدىم دوستلار.

× ×

ئەيا دوستلار ئىشق غەۋۋاسى بولماغۇنچە،
ۋەھدانىيەت دەرياسىغە كىرسە بولماس.
ئول دەرياسى گەۋھەرىدۇر ھەق ۋىسالى،
جاندىن كېچىپ كىرمەگۈنچە كۆرسە بولماس.

رەھمەت قۇردىن جان بېلىغە مەھكەم چالماي،
ماسىۋانى مۇھەببەتىن ئۆزدىن سالماي،
كۆز ياشىنى نىسار ئەيلەپ رازىن ئەيتماي،
ئەسرار يولىن مەردانلاردىن [1]بىلسە بولماس.

يۇھببۇھۇم شەرابىنى ئىچمەگۈنچە،
ۋە يۇھببونە لىباسىنى كىيمەگۈنچە،
رىيازەتنى فوتاسىنى بوغماغۇنچە،
ھەق جامالىن مىرادىنچە كۆرسە بولماس.

لى مەئەللاھى مەقامىغە بارماغۇنچە،
ئەنتەمۇتۇ سارايىغە كىرمەگۈنچە،
فەنا فىللاھ دەرياسىغە چۆممەگۈنچە،
بەقابىللاھى گەۋھەرىدىن ئالسا بولماس.

شەرىئەتنى سالاھىنى كىيمەگۈنچە،
تەرىقەتنى بۇراقىغە مىنمەگۈنچە،
جۇزب جۇنۇن ئالەمىغە بارماغۇنچە،
ھەقىقەتنى مەيدانىغە كىرسە بولماس.

مەردانلارنى مورادىدۇر ھەق دىدارى،
ھەق دىدارى كېرەك بولسە بول بىدارى،
قۇل خوجە ئەھمەد سەھەر ۋەقتىدە قىلغىل زارى،
بىدار بولماي ھەق جامالىن كۆرسە بولماس.

× ×

ئاشىقلار ھەرنە دىسە يالغانى يوق،
يالغان ئاشىق بۇ يوللارنى بىلگەنى يوق،

www.uyghurkitap.com

خىزمەت قىلىپ پىردىن ئۆلۈش ئالغانى يوق،
ئۆلۈش ئالغان فەخر تونىن كىيەر ئېرمىش.

فەخر تونىن كىيگەن ئاشىق بولۇر تۇفراق،
زار يىغلابان دىدارىغە بولۇر مۇشتاق،
مالايىكلار ئات قويىغلار ئاتا ئافاق،
ئانداغ ئاشىق ئېلدىن قاچىپ يۈرەر ئېرمىش.

زاھىر كۆرگەن خاس ۋەلىنى تانىماسلار،
كىم ياخشى، كىم ياماندۇر سىنىماسلار،
ئاندىن يۈزمىڭ سىرلار كۆرسە ئۇناماسلار،
ئول سەبەبدىن ئارا يولدە قالار ئەرمىش.

بۇ يوللارنى ئۇقبەسى كۆپ ئۆتۈپ بولماس،
پىرى مۇغان ئەتەكلەرىڭ تۇتۇپ بولماس،
جان چەكمەيىن جان بەخشىنى تاپىپ بولماس،
مەي ئىستەگەن يالغۇز ھەقنى سىۋەر ئەرمىش.

تازە-تازە ھىكمەتلەرىم سانى دەفتەر،
ئىسىز سۆزۇم نادانلارغا قىلۇر ئەبتەر،
بەھرە ئالماي كۈندىن-كۈنگە بولۇر بەتتەر،
سۆزگە يەتمەي ئۆزگە بىنا قىلار ئەرمىش.

ھەر كىشىكىم يۈزىن سۈرتەر مازارىمغە،
پاك تۇشسە ئىكى كۆزى ئول قەبرەمگە،
ھەقتائالا گۈناھ پۈتمەس ئول بەندەغە،
ھەقتائالا گۈناھىنى ئۆتەر ئەرمىش.

ھەق سۆزلەگىن نەسەبىمدەك پىرلىك سورسۇن،
ھەق تاماشا قىلىپ سەنى ھالىڭ كۆرسۇن،
خوجە موللا سەما تېپىپ ئاسىپ قويسۇن،
كىشت پوستىن ھەق سۆزلەتىپ قويارئەرمىش.

ھىكمەتىمنى كىمگە ئەيتسە روھۇم ھازىر،
ئىخلاس بىرلە كىم ئىشىتسە بولغاي زاھىر،
ئىنشائاللا بەندەم دىگەي رەببىم قادىر،
خاس بەندەم دەپ ئۆچيۈز ئالتمىش باقارئەر-
مىش.

قۇل خوجە ئەھمەد روھىڭ ئەردى قالۇ بەلا،
ۋەئدە قىلدىڭ ھىچ ئەيتمادىڭ ھەمدۇ سانا،
يوللار قاتىغ قىيامەت كۈن ھالىڭ تەباھ،
يالغان بەندە ۋەئدەسىدىن تايار ئەرمىش.

× ×

تەرىقەتكە شەرىئەتسىز كىرگەنلەرنى،
شەيتان كېلىپ ئىمانىنى ئالۇر ئەرمىش،
ئۇشبۇ يولنى پىرسىز دەئۋا قىلغانلارنى،
سەرسان بولۇپ ئارا يولدە قالۇر ئەرمىش.

تەرىقەتكە سىياسەتلىغ مۇرشىد كېرەك،
ئول مۇرشىدقا ئېئتىقادلىق مۇرىد كېرەك،
خىزمەت قىلىپ پىر رىزاسىن تاپماق كېرەك،
مۇنداق ئاشىق ئۆلۈشلەرىن ئالۇر ئەرمىش.

پىر رىزاسى ھەق رىزاسى بولۇر دوستلار،
ھەقتائالا رەھىمەتىدىن ئالۇر دوستلار،
رىيازەتدە سىر سۆزىنى بىلۇر دوستلار،
ئانداغ قۇللار ھەققە ياۋۇق بولۇر ئەرمىش.

ئۇشبۇ يولغە ئەي بۇرادەر پىرسىز كىرمە،
ھەق يادىدىن تازا غافىل بولۇپ تۇرما،
ماسىۋاغە ئاقىل ئېرسەڭ كۆڭۈل بەرمە،
شەيتان لەئىن يۈز بەلاغە سالۇر ئەرمىش.

ئەيا دوستلار ھىچ بىلمەدىم مەن يولۇمنى،
سەئادەتغە باغلامادىم مەن بېلىمنى،
ماسىۋادىن ھىچ يىغمادىم مەن تىلىمنى،
نادانلىغىم مەنى رەسۋا قىلۇر ئەرمىش.

شەرىئەتنى تەرىقەتنى بىلەي دىسەڭ،
تەرىقەتنى ھەقىقەتكە ئۇلاي دىسەڭ،

بۇ دەريادىن دۇررى گەۋھەر ئالاي دىسەڭ،
جاندىن كەچكەن خاسلارى ئالۇر ئەرمىش.

ئاشىق قۇللار كېچە ـ كۈندۈز ھەرگىز تىنماس،
بىر سائىتى ھەق ياددىن غافىل بولماس،
ئانداغ قۇلنى سۇبھان ئىزىم زايىئ قويماس،
دۇئا قىلسە ئىجابەتلىغ بولۇر ئەرمىش.

ۋادەرىخا كەچتى ئۆمرۈم غەفلەت بىلە،
سەن كەچۈرگىل گۇناھىمنى رەھمەت بىلە،
قۇل خۇجە ئەھمەد ساڭا ياندى ھەسرەت بىلە،
ئۆز ئوتىغە ئۆزى يانىپ كۆيەر ئەرمىش.

× ×

ئارىف ئاشىق شەۋقى بولان قىيامەت كۈن،
خۇدايىغە بەھىس جەۋاپ قىلۇر ئەرمىش،
بۇ ئالەمدە تارتقان جەۋرى جەفالارنى،
كۆكسىنى يارۇپ ھەق قاشىغە سالار ئەرمىش.

بۇ ئالەمدە قىلدىڭ مەنى خەلققە رەسۋا،
دىدارىمنى كۆرسەتەي دەپ قىلدىڭ شەيدا،
ئالەم خەلقىنە دۈشمەن قىلىپ سالدىڭ غەۋغا،
خۇدايىغە بارۇپ ئەرزە قىلۇر ئەرمىش.

دىدارىمنى تەلەپ قىلسەڭ ئەرشە باقغىل،
ئۈممەت بولساڭ مۇھەممەدگە قابۇق قاقغىل،
ئەرش ئۈستىدە ئاھىڭ بىلەن ئوتلار ياقغىل،
سۇبىمان ئىگەم جەبىن ئاشىقنى سىنار ئەرمىش.

ئىشتىپ ئانى ئاشىق رەقىس سەماڭ ئۇرغاي،
مەلائىكلار يىغىلىپ كېلىپ سۆھبەت قۇرغاي،
ئەرش كۇرسى لەۋھى قەلەم داد ئەيلەگەي،
يەر تەبرەتىپ ھەققەلائەرا قىلار ئەرمىش.

چىن ئاشىقلار زەئىپ بولۇپ سالام قىلغاي،
قۇدرەت بىلەن پەردە ئىچرە ئىلىك ئالغاي،
جەننەت كىر دەپ ئىلاھىمدىن ئىلھام بولغاي،
جەننەت كىرمەي دىدارىنى تىلەر ئەرمىش.

ئىدا كەلگەي مەلائىككە زەنجىر سالغىل،
غۇللار سالىپ مەھشەرگادە ئالىپ يۈرگىل،
دىدار ئۈچۈن كۆيگەنلەرىم مەئلۇم قىلغىل،
ئاشىقلارى بىخۇد بولۇپ يۈرەر ئەرمىش.

ئەتكەنلەرىن قىلغان ئاشىق دىدار كۆرگەي،
ۋاسىل بولۇپ مەھشەر ئارا دەۋران سۈرگەي،
ئەفغانىدىن يەتتى دەۋزەخ ئۆرتەپ يانغاي،
مالىك كېلىپ ئاڭا تەئزىم قىلار ئەرمىش.

ئاشىقلارنى ھەيبەتىدىن مالىك قاچقاي،
قورقۇپ بارىپ دەۋزەخ ئىچرە ئوتلار ساچقاي،
ۋەھم بىرلەن زەھەر ـ زوقۇم تويا ئىچكەي،
قۇدرەتىغە ھەيران بولۇپ قالار ئەرمىش.

مەلىكلاردىن ئاشىقى كۆپ ئەي بىخەبەر،
بىر ئاھ ئۇرسە ئالەم بولۇر زىر ـ زەبەر،
زاھىد ئابىد سالىكلارىن ئىشق بەتتەر،
ئىشقسىز ئادەم ۋاللا يولدا قالۇر ئەرمىش.

قۇل خۇجە ئەھمەد دىدار ئىزلەپ گەدا بولغىل،
كەچكىل ئەھل ئايالىڭدىن جۇدا بولغىل،
ئاللا ھەققى بونلار دۈشمەن رەسۋا بولغىل،
رەسۋا بولغان دىدارىنى كۆرەر ئەرمىش.

× ×

كېلىڭ دوستلار زاكىر قۇللار زىكىر ئېيتەلىك،
زاكىرلارنى خۇدا بىشەك سىۋەر ئەرمىش.
ئىشقسىزلارنى ھەم جانى يوق ھەم ئىمانى،
دەۋزەخ ئىچرە دايىم تىنماي كۆيەر ئەرمىش.

مۇھەببەتلىك ئاشىقلارنى خۇدا سۆيدى،
جاندىن كېچىپ، ياشىن تۆكۈپ ئىشقىن تايدى،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى

ئانىڭ ئۆچۈن دۇنيا ئۇقبىن تەلاق قويدى،
رەۋز مەھشەر دىدارىنى كۆرەر ئەرمىش.

ئاشىقلارى كېچە-كۈندۈز تىنماي يىغلار،
ئىشق يولىدا جاندىن كېچىپ بېلىن باغلار،
كۆيۈپ شىيىپ دەرد بىلەن كۆكسىن داغلار،
داغدا كەتكەن دىدارىنى كۆرەر ئەرمىش.

ئاشىقلارنى چىن دوستىغە جانى قۇربان،
ئانىڭ ئۆچۈن شەۋقى بىرلەن يۈرەر ھەيران،
مەلامەتنى باشقە ئالىپ جانىن بەرگەن،
ئاشىقلارى ئۆلمەس بۇرۇن ئۆلار ئەرمىش.

سەۋدا قىلسەڭ ئاخىرەتنى سەۋداسىنى،
باشقە ئالماي بۇ دۇنيانى غەۋغاسىنى،
ئەمەل قىلىپ ئالغىل جەننەت ماۋاسىنى،
جەننەت ئالغان دىدارىنى كۆرەر ئەرمىش.

قۇل خوجە ئەھمەد ئاشىق بولساڭ جاندىن كەچكىل،
ئاندىن سۇكرە شەۋق شەرابىن تويا ئىچكىل،
گۇناھىڭنى سۇبۇك قىلىپ مۇندا ئۆچكىل،
مۇندا ئۆچقان ئۆچماغ ئىچرە كىرەر ئەرمىش.

× ×

كېلىڭ دوستلار بارچە تۇرۇپ ياد ئىتەلىك،
ئۇل ياد بىزنى يار دەۋغەلىقەغە تارتار ئەرمىش.
يادى بىلەن شۇرۇۋ قىلغان ئاشىق قۇللار،
نىيازلارى كۈندىن-كۈنگە ئارتار ئەرمىش.

كىمكى ئەيتسە ھەق يادىنى باغرى كۆيۈپ،
كۆز ياشىنى ژالە قىلىپ رەڭگى سولۇپ،
ئۆز ياقاسىن ئۆزى تۇتۇپ تەۋبە قىلىپ،
ئانداغ ئاشىق سىر شەرابىن تارتار ئەرمىش.

ئۆشبۇ يولنى مەزاسىنى بىلمەگەنلەر،
ئۆز يەقاسىن تۇتۇپ تەۋبە قىلماغانلار،
دۇنياسىغە مەغرۇر بولۇپ يۈگۈرگەنلەر،
ھەيۋان ئېرۇر بەلكى ئاندىن بەتتەر ئەرمىش.

ئىشق سەۋاسى باشقە تۈشسە خانە ۋەيران،
كېچە-كۈندۈز دىدار دىيۇ يۈرەر ھەيران،
ھەق يولىدا كۆزى ياشلىغ باغرى بەريان،
شەيدا بولۇپ ئۆزىن بىلمەي يۈرەر ئەرمىش.

ھەقنى سۆيگەن ئاشىقلارى تاپتى مۇراد،
يالغان ئاشىق بولۇپ يۈرمە تاڭلا ئۇيات،
قىلىچدىن تېز، قىل كۆفرۈكنى ئاتى سىرات،
يالغان دەئۋا قىلغان ئۆتمەي قالار ئەرمىش.

ئاشىق بولساڭ يالغان دەئۋا قىلما زىنھار،
يالغان دەئۋا قىلغانلاردىن خۇدا بىزار،
قەھھار ئىگەم قەھر ئەيلەسە ئاتى قەھھار،
قىيامەت كۈن يۈزى قارا بۇلار ئەرمىش.

ئاشىقلارى كېچە يىغلاپ سەھەر قوپار،
سىر شەرابىن ئىچكەن ئاشىق سىرنى ياپار،
ھەركىم سۆيسە بەلكى ئۆپسە قولىن ئۆپەر،
ئانداغ ئاشىق فەيزى فۇتۇھ ئالار ئەرمىش.

مۇھەببەتتىن خەبەر ئالغان ئۆزىن بىلمەس،
باشنى كەسسە پەرۋايى يوق جانىن بىلمەس،
شەۋقىگە مەي زوق تەئامى نانىنى بىلمەس،
ھۇ — ھۇ دىيۇ زىكرىن ئەيتىپ كۆيەر ئەرمىش.

ئاشىقلارنى كۆزى گىريان باغرى بەريان،
پەرۋايى يوق نامۇس بىلەن، يۈرۈر ئەريان،
ئېل كۆزىگە تۇفراقدىن كەم سىرى پىنھان،
جانان بىلەن دائىم سەۋدا قىلار ئەرمىش.

توغرى يۈرگەن ئاشىقلاردىن خۇدا رازى،
ئىشق ئىشى ئاسان ئەمەس قىلمە بازى،

يالغانچىلار ئاشىق مەن دەر خۇدا قازى،
ئىمانلارىن مال ۋە پۇلغا ساتار ئەرمىش.

ئاشىقلىغنى ئاسان ئىشى باش بەرمالىك،
ئەيا دوستلار قىستاپ كەلدى قارانغۇلۇق،
ئۆمىدىم بار ئول ئىزدىمدىن هەم يازۇقلۇق،
نىيازلىق قۇل كىرىپ سەۋدا ئىتەر ئەرمىش.

نىيازسىز بەهرە ئالماس ئول بازاردىن،
غافىللىقدە قۇرۇغ قالار ئول نەزەردىن،
قۇل خۇجە ئەهمەد ئىبرەت ئالغىل سەد هەزاردىن،
نادان قۇللار ئۆمرىن يەلگە ساتار ئەرمىش.

× ×

رامانە ئاخىر بولسا ئەيا دوستلار،
تۇرلۇك ـ تۇرلۇك بەلالەر قوپار ئەرمىش.
ئۇ بەلانى ئۆزى سۆيگەن دەرۋىش قۇللار،
ئىلكىن ئاچىپ دۇئا ئەيلەپ تۇرار ئەرمىش.

ئول دەرۋىشنىڭ ئەزىز باشى خەلقنىڭ يولى،
قايدا بارسە تانىپ بولماس قۇلنى قولى،
ئاشىقلارنى شەيدا قىلغان ئۆچكەن كۆلى،
ئىخلاس بىلەن بارغان ئاشىق تاپار ئەرمىش.

ئول ئاشىقنى تاپساڭ جانىڭ بەرمەسمۇسەن،
باسغان ئىزىن كۆزلەرىڭگە سۈرمەسمۇسەن،
شاهۇ ـ سەهەر خىزمەتىدە تۇرماسمۇسەن،
خىزمەت قىلغان هەر سىر كۆرسە ياپار ئەرمىش.

جام جاهاننەما بولۇپ سىرلار ياپقان،
كۆرمەدىم دەپ ئاندىن مۇندىن هەقنى بۇرغان،
نوتالىبدەك هەلقە ئىچرە ئۆزىن ئۇرغان،
ئەزىزلارنى ئىزىن ئالىپ ئۆپەر ئەرمىش.

پەيغەمبەرى ئاخىر زەمان سۈننەتلەرى،
فەقىر سورماق هەق مۇستافا ئادەتلەرى،
مەن ماتى غەرىبا دەپ هەدىسلارى،
فەقىر سۈرغان ئىمان بىلەن بارۇرئەرمىش.

خىزىر ئىلياس، غەۋسۇ غىياس ئاتا غۇلام،
ئانداغ دەرۋىش هەقدىن ئۆزگە قىلماس كەلام،
زاهىرلارى كىمنى كۆرسە ئەيلەر سەلام،
باتىنلارى هەق مۈلكىگە چاپار ئەرمىش.

يۈزمىڭ سەلام هەقدىن پايام ئاتا كەلگەي،
سەهەرلەردە فەيزى فۇتۇه تولا ئالغاي،
ئىئتىقادلىق تالىپ بارسە نەزەر قىلغاي،
ناجىنسلارنى قابۇغىندان قۇۋار ئەرمىش.

ئاشىقلارنى هەققە يەتكەي بىل فەرياتى،
ئەرشنى بۇزار ئاشىقلارنى قىلغان دادى،
روزە، نەماز، تەسبىهلارى هەقنى يادى،
ئەهلىن تاپسە كۆز ياشىنى ساچار ئەرمىش.

ئاشىقلارنى هەق بوينىغە غۇللار سالغاي،
مەلائىكلەر غۇللار سالىپ ئالىپ يۈرگەي،
بىر ئاه ئۇرسە ئەرشدىن ئۆتۈپ دەۋزەخ كىرگەي،
دۇدى چىقسە ئاي كۈننى تۇتار ئەرمىش.

مەهشەرگاهنى بۇزماسۇن دەپ ئاللا ئۆزى،
مەن ئايتمادىم ئايەت، هەدىس، قۇرئان سۆزى،
ئاشىقلارغە يىتە بىلمەس شەهىد، غازى،
ئەۋۋەل بارىپ ئاشىق دىدار كۆرەر ئەرمىش.

ئىشق ئىستەگىل، ئىشق ئىستەگىل، ئاشىق بولغىل،
بۇ يوللاردا ناپاك يۈرمە سادىق بولغىل،
لەيلى ـ مەجنۇن، فەرهاد ـ شىرىن، ۋامۇق بولغىل،
ئاشىقلارى دىدار كۆرۈپ تويار ئەرمىش.

ئەقلى كىتىپ ۋالە بولۇپ ئەفغان قىلغاي،
دىدار كۆرۈپ ئاشىقلارى هەيران بولغاي،

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىنى www.uyghurkitap.com

شەۋقى بىلەن يۈزىمىڭ جانىنى فىدا قىلغاي،
ئەللىك مىڭ يىل ئۆزدىن كېتىپ ياتار ئەرمىش.

ئاشىقلارغە تويدۇڭمۇ دەپ نىدا قىلغاي،
ھەزىن ئاۋاز ئىشىتىپ ئاشىق جانە كىرگەي،
مەئشۇق ئۈچۈن ئول ئاشىقلار جانىن بەرگەي،
ۋاۋەيلىتا نەدامەت دەپ تۇرار ئەرمىش.

ھەلقە ئىچرە بېخىل كىرسە سۆھبەت بولماس،
زاكىر قۇللار زىكىر ئەيتىبان فەيز ئالالماس،
ئول سۆھبەتدىن ئىرانلارى بويى كەلمەس،
زاكىرلارنى ئۆمرى زايىئ ئۆتەر ئەرمىش.

ناجىنىس بېخىل سەخىلارنى غەيبەت قىلغاي،
تاڭلا بارسە دەۋزەخ ئىچرە جانى كۆيگەي،
يىمەك-ئىچمەك لىباسلارى ئوتدىن بولغاي،
ھەسرەت بىلەن زەھەر-زوقۇم تاتار ئەرمىش.

قىيامەتنىڭ ئافتابى جۇشغە كەلگەي،
ھەق بەندەسىن نامەلەرىن قولغە ئالغاي،
ئاندىن سوڭرە ھەق پەرتەۋى ئالەم تولغاي،
بىر-بىر سوراپ جەزالارىن بېرەر ئەرمىش.

قۇل خوجە ئەھمەد بەندە بولساڭ سەخى بولغىل،
سەخى بولۇپ مىسكىنلەرگە تەئام بەرگىل،
تاڭلار بارىپ جەننەت ئىچرە گۈللەر تەرگىل،
ۋەللا سەخى ھەق دىدارىن كۆرەر ئەرمىش.

× ×

مۇھەببەتدىن خەبەر بىلگەن ئاشىقلارى،
ئاللا دىسە توققۇز ئاسمان كۆيەر ئەرمىش.
ئەرش ئۈستىدە نەئرە تارتسە سادىقلارى،
مەلائىكلەر ئەزىز جاندىن تويار ئەرمىش.

سەن ئاشىق بول پەرتەۋ سالۇر ئاشىقلارغە،
پەردە ئالىپ جىلۋە قىلۇر سادىقلارغە،
دىدارىنى ھەق كۆرسەتۇر لايىقلارغە،
ھەق يەنە جىلۋە بىرلەن سەۋلار ئەرمىش.

ئاشىق بولساڭ ئانداغ بولغىل بەرسۇن شەراپ،
سىدىق سۇفەت ھەلقە يەتسۇن بويى كەباپ،
ئاللا دىسەڭ لەببەيك دىيۇ بەرسۇن جەۋاپ،
ئانداغ ئاشىق دۇنيا ئۇقبىن قويار ئەرمىش.

ئىشق قەدەم قويغان ئاشىق ئۆزىن بىلمەس،
شەيخ بايەزىد مۇرىد بولسە قولىنە ئالماس،
دۇنيا كېلىپ جىلۋە قىلسە كۆزىن سالماس،
كۆز قانىدىن ساچ ساقال بويار ئەرمىش.

ئاشىقلارغە بىر خۇدادىن ئۆزگە ھارام،
رەھمەتىدىن قەترە تامسە ئىشى تەمام،
رىزقى روزى ئىزلەمەسلەر تەۋەككۇل تام،
ھەق زىكرىنى ئەيتە-ئەيتە تويار ئەرمىش.

ئاشىقلارى ھەقدىن قورقۇپ ياتماس بىدار،
ھەقىقەتلىك ئاشىقلارنى فىكرى دىدار،
باش بەر دىسە جان، ئىمان ئاڭا تەييار،
جاندىن كېچىپ ھەق يولىدا ئۆلەر ئەرمىش.

لا، لا دېگىل ئاسى سەنى كافىر دىسۇن،
كافىر دىبان مەنسۇر سۇفەت دارغە ئاسسۇن،
باشىڭ بەرگىل دىدارىنى ھەق كۆرسەتسۇن،
باشىن بەرگەن ھەق دىدارىن كۆرەر ئەرمىش.

دەرۋازەغە ئاسىپ قويۇڭ ئالەم كۆرسۇن،
ئانى كۆرۈپ خەلقى ئالەم ئىبرەت ئالسۇن،
ئۇلۇغ-كىچىك يول ئۆتكۈچى ئۇرۇپ ئۆتسۇن،
ئەنەلھەق دەپ نىھان بولۇپ كۈلەر ئەرمىش.

خوجە موللا شاھ گەدا يىغىلىپ باردى،
كافىر مەنسۇر ئۆلمەي دەپ ئەرز قىلدى،

رەسۇل شەرئى نە بولۇرسە قىلىلىك دىدى،
زاھىرلەرنى شادغە تەئزىم قىلار ئەرمىش.

شەرىئەت دەپ ئالىملارى بويۇردىلەر،
كافىر مەنسۇر ئۆلمەدى دەپ كۆيدۈردىلەر،
ئەخكەر سىلىپ كۈلنى كۆككە ساۋۇردىلەر،
تاغ، تۈزلەر ئەنەلھەق دەپ كۆيەر ئەرمىش.

شەۋقى بىلەن ئوت كۆيدۈرۈپ كۆككە چىقتى،
مەلائىكلەر ئەفغان قىلىپ ھەققە باقتى،
جەننەت ئىچىدە ھۆر غۇلمان قابۇغ قاقتى،
دىۋانەلەر يا مەنسۇر دەپ تۇرار ئەرمىش.

كۈلنى يىغىپ دەريا ئىچرە تاشلاپ ئاتتى،
مەستانەدە دەريا تاشىپ نەئرە تارتتى،
شەھەر خەلقى يۇگرۇپ بىلىپ باشى قاتتى،
جاندىن قورقۇپ داد-فەرياد ئىتەر ئەرمىش.

شەيخ زۇلنۇن شاھ مەنسۇرنى پىرى ئەردى،
پادشاھ يۇرۇپ ۋىلايەتكە خەبەر بەردى،
بىر ئەۋلىيا يارمۇكىن دەپ زارى قىلدى،
شەيخ زۇلنۇن نىھان بولۇپ يۇرەر ئەرمىش.

غەرىپ مەنسۇر قۇلاغىغە بىر سۆز دىدى،
خاكىستىرىن بىركەف ئىلىپ ماڭا بەردى،
دەريا تاشسە يا مەنسۇر دەپ سالىلىك دىدى،
ئىنشائاللا تاشقان دەريا تۇرار ئەرمىش.

پادشا ئەيدى ھازىر يىرىم يۇرە كۆرۈك،
خاكىستىرىن دەريا ئىچرە سالار كۆرۈك،
غەرىپ يىتىم ئىلكىن تۇتۇپ ئالا كۆرۈك،
پادشاھ ۋەزىر تەئزىم ئىتىپ تۇرار ئەرمىش.

شەيخ زۇلنۇن خوپ بۇيۇرۇپ يەردىن تۇردى،
پادشاھ ۋەزىر تەئزىم قىلىپ ئىزىن ئۆپتى،
شەيخ زۇلنۇن دەريا سىرى يۇرۇپ يەتتى،
بىر زاماندا دەريا قارار ئىتەر ئەرمىش.

خاكىستەرىن يا مەنسۇر دەپ سۇغە سالدى،
قۇدرەت بىلە دەريا قۇرۇپ خامۇش بولدى،
خوجەمۇللا شادمان بولۇپ شۈكرى قىلدى،
ئىلكىن ئاچىپ شاھنى دۇئا قىلار ئەرمىش.

پادشاھ ئەردى شەھەر يارىمىنى سىزگە بىرەي،
ھەزرەت پىرىم بىر قىزىم بار چۆرى قىلاي،
ئەھل ئايال خانى مانىم خادىم قىلاي،
شەيخ زۇلنۇن قەبۇل قىلماي تۇرار ئەرمىش.

مەن دۇنيادىن رەسۋا بولغان ئىشت پادىشاھ،
زاھىر پادشاھ باتىن ئىچرە مەن شاھىنشاھ،
دۇنيا ئۇقبى تالاق قىلغان بولغان ئاگاھ،
كەلگەن نەزرىن خەلقغە ئىنئام قىلار ئەرمىش.

ئەي بىخەبەر ھەققە ئىخلاس قىلماسمۇسەن،
مۇندە ئىخلاس ئاندە خالاس بولماسمۇسەن،
ئىكى ئالەم خۇدايىڭنى بىلمەسمۇسەن،
بىخەبەرنى دەۋزەخ ئىچرە سالار ئەرمىش.

زاھىر بىنلار خاس دىننى تانىماسلار،
ئاندىن يۇزمىلىك سىرلار كۆرۈپ ئورناماسلار،
كىم ياخشىدۇر، كىمسە يامان سىناماسلار،
ئول سەبەبدىن ئارا يولدە قالار ئەرمىش.

تازە-تازە ھىكمەتلەرىم سانى دەفتەر،
ئىسىز سۆزۈم نادانلارغە قىلۇر ئەبتەر،
بەھرە ئالماي كۈندىن-كۈنگە بولۇر بەدتەر،
سۆزگە تويماي ئۆزگە بىنا قىلار ئەرمىش.

لا ماكاندىن چىقىپ روھۇم ئاللا دىدى،
سۇلتان ئەھمەد ئىشتىبان سىرگە ياپتى.

www.uyghurkitap.com



شەك كەلتۈرگەن مۇنكىرلارنى كۆزىن ئۇيدى،
ناچىنىسلارنى ھەق جازاسىن بىرەر ئەرمىش.

ئاشىقلارنى سۆزىن ئەيتتىم يالغانى يوق،
يالغان تالىپ بۇ يوللاردە كىرگەنى يوق،
خىزمەت قىلىپ پىردىن ئۆلۈش ئالغانى يوق،
ئۆلۈش ئالغان فەقىر تونىن كىيەر ئەرمىش.

فەقىر تونىن كىيگەن ئاشىق بولۇر تۇفراق،
زار يىغلابان دىدارىغە بولۇر مۇشتاق،
مالائىكلار ئات قويالار ئاگا ئافاق،
ئانداغ ئاشىق ئىلدىن قاچىپ يۈرەر ئەرمىش.

سىنەمىندەك ھەقنى ئالغىل تىرەك سويسۇن،
خوجەمۇللا سامان تىقىپ ئاسىپ قويسۇن،
ھەق تاماشا قىلىپ سىنى ھالىڭ سورسۇن،
ئانداغ ئاشىق بىخۇد بولۇپ يۈرەر ئەرمىش.

قۇل خوجە ئەھمەد روھىڭ تەيۇر قالۇبەلا،
ۋەئدە قىلدىڭ ھىچ ئايتمادىڭ ھەمدۇ سەنا،
غەيسەت قىلسە نە قىلغايسەن قادىر خۇدا،
يالغان بەندە ۋەئدەسىدىن تانار ئەرمىش.

× ×

قايۇ مەخلۇق خالىقىغە مۇتىئ بولسە،
ئالەم خەلقى ئۇشول خەلقنى سۆيەر ئەرمىش.
يادىن ئەيتىپ باغرى سويىپ ئىچرە ئۆلسە،
دەم ئۇرسە سانسىز ئوجماغ ئۇچارئەرمىش.

تىلى كۆڭلى يادى بىرلەن زاكىر بولسە،
ئۈچيۈز ئالتمىش تومۇرلارى نۇرغە تولمىش،
يازدەكى بۇلبۇل قۇشدەك ۋاله قىلسە،
سايرابان ئول شاخدىن ـ شاخقە قونار ئەرمىش.

بۇ كۆڭۈلنى بوستاندۇر ئەجەپ بوستان،
ئىچىندە سايراپ سۆزلەپ چەندان ھەزار داستان،
تەگىمە بىرشاخ ئۆزرە تۈرلۈك نىئمەت ئالۋان،
نىئمەتلەرىن بىشكانىنى دوستان كۆرەر ئەرمىش.

زاھىرنىئمەت شۈكرىنى غافىل بىلمەس،
زاھىر كۆزدە تۇتمىش غەفلەت باقىپ كۆرمەس،
زاھىردىكى قىياس بىرلەن ئەيتىپ بولماس،
باتىن كۆزى ئاچىلغانلار كۆرەر ئەرمىش.

باتىن ئاچسە بولۇر خىزمەت ئاندا پەردە،
ئاچىلۇر، كىتەر قالماس ھىجاپ ئاندە پەردە،
جانىن كۆزى ھەريان بولۇپ ئۇشول يەردە،
باقىپ ئىمان نۇرى بىرلەن كۆرەر ئەرمىش.

قۇل خوجە ئەھمەدنى ئۇشبۇ سۆزى،
ئەجەپ ئەرمەس باقىپ كۆرەر سىردىن كۆزى،
فەنالىق مەقامىدا ئۆزنى ئۆزى،
فەنالىق ئىچرە باقىپ ئانى كۆرەر ئەرمىش.

× ×

قۇدرەت بىرلە فەرمان قىلسە بەندەسىگە،
بۇ ئالەمدە ھىچكىم ئۆلمەي قالغانى يوق،
بۇ ئامانەت جاننى بەردى مەۋلۇم بىزگە،
قابىز كېلىپ ئانى ئالماي قويغانى يوق.

قابىز كېلىپ ئەزىز جاننى قويماي ئالغاي،
دۇنياپەرەست ناچىنىس ئادەم غافىل قالغاي،
جانىن كېلىپ قەبز ئىتەردە تەۋبە قىلغاي،
تەۋبەسىنى خوجەم قەبۇل قىلغانى يوق.

سەھەرتلىكدە تەۋبە قىلغىن مەقبۇل بولسۇن،
سەھەرلەردە زارى قىلغىن قولۇڭ ئالسۇن،
ئىرانلارغا خىزمەت قىلغىن يولغە سالسۇن،
خىزمەت قىلماي ھىچكىم يولنى بىلگەنى يوق.

قۇلاقىسىزغە ئايەت، ھەدىس، ھىكمەت ھارام،
ئىسىز ھىكمەت ئىچ قارنىدە بولسۇن تامام،

نادانلارغا تاكى ئەيتىپ يىغلاي مەدام،
داد ئەيلەسەم ھىچكىم قۇلاق سالغانى يوق.

يەر ئاستىغا كىرىپ يىدىم خۇن-جىگەر،
ئىمان ئىسلام قىلغە ئالىپ قىلدىم سەفەر،
شەيتان لەئىن قىلالمادى ماڭا زەرەر،
مۇنكىر-نەكىر مەندىن سۇئال سورغانى يوق.

مۇنكىر-نەكىر ھەددى بولماس قىلسە سۇئال،
ئىمان-ئىسلام ھازىر تۇرۇپ تاپسا كامال،
گۆر ئىچىدە ھەق كۆرسەتسە ئاڭا جامال،
ئانداغ قۇللار ئىككى ئالەمدە ئۆلگەنى يوق.

سۆزنى ئەيتقىن سۆز قۇرىنى بىلگەنلەرگە،
سۆزنى چايناپ مەزاسىنى ئالغانلارغە،
ئىخلاس بىرلە سۆزگە قۇلاق سالغانلارغە،
بى ئىخلاسلار سۆز قەدرىنى بىلگەنى يوق.

سۆزگە يەتمەس بىخەبەرگە ئىسىز مەئنى،
سۆزنى ئەيتسەڭ داناغە ئەيت دۇرنى كانى،
خىزمەت قىلماي يەتكەن بارمۇ بىلىڭ مۇنى،
خىزمەت قىلماي ئىرانلارغا يەتكەنى يوق.

دۇر كانىنى مەندىن سورساڭ شەيخ سادىق،
ئانداغ شەيخنى خەلق خۇشى ھەققە لايىق،
دىلى ۋەسىئ، ئۆزى مەسىھ، جانى ئاشىق،
ئانداغ ئىشان ھەقدىن مەھرۇم قالغانى يوق.

ئانداغ ئىشان پەيدا بولسە جانىڭ بەرگىن،
ھەر بىر باسقان ئىزلارىنى كۆزگە سۈرگىن،
پىرى كامىل مۇكەممەلدۇر بى شەك بىلگىن،
كىلە رەۋلەر پىرقەدرىنى بىلگەنى يوق.

كىلەرەۋنى يامان-ياخشى ھەركىم پىرى،
ئىخلاسى يوق بىزگە مەئلۇم دايىم سىرى،
نەچچە باقسە كەتمەس ئاندىن كۆڭۈل كىرى،
كىلەرەۋلەر پىردىن ئۆلۈش ئالغانى يوق.

ھەريان باقساڭ خۇدا ھازىر كىلەرەۋلەر،
ئاللا يادىن بەلەند ئايتىپ يىغلاساڭلار،
يالغان-چىن ھەققە مەئلۇم راست يىغلاڭلار،
يالغان گىريە ھەققە مەقبۇل بولغانى يوق.

چىن دەرۋىشلەر تاش ئۈستىدە تائەت قىلدى،
قاتىغ يەرنى بەستەر قىلىپ ئادەت قىلدى،
يۈزمىڭ بەلا باشىغە سالدى تاقەت قىلدى،
تاقەت قىلماي ھەق ۋەسلىغە يەتكەنى يوق.

تەۋبەم قەبۇل بولسۇن دىسەڭ سەھەر يىغلا،
جاندىن كىچىپ، مالدىن كىچىپ بىلىڭ باغلا،
مۇھەببەتنى جامى بىرلە يۈرەڭ داغلا،
مۇنداغ بولماي ھەققە ۋاسىل بولغانى يوق.

خاس دەرۋىشلار ھەقنى ئىزلەپ جاندىن كەچتى،
رىيازەتنى قاتىغ تارتىپ كۆكسىن تەشتى،
ئاندىن سۆگرە ۋەھدەت مەيدىن تويا ئىچتى،
يالغانچىلار ۋەھدەت مەيدىن تاتقانى يوق.

ئىشق سايەسى ئەرشدىن بەلەند قىلۇڭ يەتمىش،
ئىشق سايەسى تۈشكەن ئاشىق خەلقغە باقماس،
ۋەھدەت مەيدىن تويا ئىچكەن تائام تاتمىش،
يالغانچىلار مەندىن ئىشتىپ كۆرگەنى يوق.

مەيخانەگە كىرگەن تالىپ ھالى ئۆزگە،
ئايەت، ھەدىس بايان قىلسە يېتەر سۆزگە،
ئەھلىن تاپسە ئىزىن ئالىپ سۈرەر كۆزگە،
ئانداغ ئاشىق بۇ ئالەمدە تۇرغانى يوق.

يالغان ئاشىق بايانىنى ئەيتاي ساڭا،
قولدە تەسبىھ، دىلدە ھىلە فىكرى بەنگە،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئاقىل ئەرسەڭ ئىخلاس قىلمە زىنھار ئاڭا،
ئۇ ناداندىن ھىچكىم بەھرە ئالغانى يوق،

ھەق پەرەستلەر ھەريان باقسە ھەقنى كۆرەر،
جەزبى كەلسە ھەر تەرەفكە ئۆزىن ئۇرار،
يالغانچىلار كۆردۈم دىبان دۇكان قۇرار،
كۆردۈم دەرلەر ئاللا ھەققى كۆرگەنى يوق.

ھەقنى تاپقان تۇفراق بولۇپ يولدا ياتدى،
تۇفراق سۇفەت ئالەم ئانى باسىپ ئۆتتى،

مەنمەنلىكلەر باشىن باسىپ تىپىپ ئۆتتى،
باش كۆتەرىپ ئاڭا سۆخەن قىلغانى يوق.

قۇل خوجە ئەھمەد ھەرنە بولساڭ فەقىر بولغىن،
قايدا بارساڭ بوينۇڭ قىسىپ ھەقىر بولغىن،
ئاشىق بولساڭ ئىشق ئىلكىندە ئەسىر بولغىن،
ئەسىر بولماي ھىچكىم مۇراد تاپقانى يوق.

× ×

ئىلاھى باتىل ئىشلاردىن ماڭا بەرگىل پۇشايمانلىق،
① ...... جۇرم ئىسيانلار يۈرەكىمنى قىلىپ قانلىق،

گۇناھىم يادىمغە ئالسام سوكاكلار لەرزە ئەيلەيدۇر،
جاھاندا ھىچ كىشى بارمۇ مەنىدەك جۇرم ئىسيانلىق.

خۇداۋەندە ئۇلۇغ زاتىڭ ئەگەر ئەفۇ ئەتمەسەڭ ناگاھ،
لەھەد تارىك، يولىم جارىك ھەمە ئىشلار پۇشايمانلىق.
دىدىڭ لاتەقەنتۇ مىن رەھمەتىللاھى بار ئۈمىدىم كۆپ،
قىيامەت تاڭى ئاتقاندا باشىمغە سالمە ھەيرانلىق.
مۇھەممەد ئۈممەتى قىلدىڭ يولۇم ئازغۇرمىغىل يارەب،
شەفائەتدىن قىلىپ مەھرۇم ئاراغە سالمە سەرسانلىق.
ھاۋايى نەفس جەھلىدىن ئەزازۇل دائىما خۇررەم،
يولۇم ئەگرى، ئۆزۈم غافىل، يۈرۈشۈم جۇملە شەيتانلىق.
مۇسۇلمان ئوغلى مەن دىدىم، قەنى تائەتدە بولغانىم،
گۇنادىن ئۆزگە ھاسىل يوق، قەنى دوستلار مۇسۇلمانلىق؟
قولۇمدا دانەئى تەسبىھ تىلىمدە دائىما تەزۋىر،
نامازۇ رۇزەنى تاشلاپ دىلىمدە تولا يالغانلىق.
بۇ ھالەت بىرلە مەن گۇمراھ نىچۈك بەندەڭ دىيەن يارەب،
ھوزۇر دىلدا تائەت يوق كۆڭۈل دائىم پەرىشانلىق.
بۇ دۇنيا مالىنى يىغدى ۋەفاسىن كۆرمىدى قارۇن،
كىتىپ يەر ئاستىغە ئاخىر جاھاندىن كەتتى ئارمانلىق.
جاھان گەنجى دىلى خۇشدۇر خۇدا يولىغە سەفەر ئەتسەڭ،
فەقىر بىناۋالارگە كى بولساڭ خەيىر - ئىھسانلىق.

① قولىيازمىدا ئۆچۈپ كەتكەن.

جاهان باغىدىن ئۈزسەڭ گۈل بولۇر لەھزە دەھر مۇردە،
ئەدەم باغىدىن ئۈزسەڭ گۈل ئۆزىگە باقى پايانلىق.
ئەگەر سەن بەندەلىك قىلساڭ خۇدانىڭ قەھرىدىن قورقىل،
خۇدانى قەھرىدىن قورقساڭ بارۇرسەن ئاندا ئىمانلىق.
گۇناھىم سانىنى ئەيتسام بايابان قۇرلارىدىن كۆپ،
كۈلەرسەن بىخەبەر قەھقەھ نىچۈك بى شەرم، نادانلىق.
قىيامەت قازىسى سورسا تۈشەر باشىڭغە يۈز مىڭ غەم،
قىيامەت ۋەھمىدىن قورقۇپ تۈشەر جىسمىگە... ①
ھەمە ئىشلار ساڭا ئاسان ۋەلى بىزلەرگە مۈشكۈلدۇر،
ئىلاھا كەرەم بىرلە يولۇمغا سالغىل ئاسانلىق.
لەھەد ئىچرە بارىپ ياتسام نىچۈك كەچكەي مەنى ھالىم،
مەلائىكلەر سورۇپ ئەيتۇر نىچۈك ئىنساف ئاسانلىق.
خۇدا ۋە ھەم رەسۇلىنى دىنىدىن بىخەبەر ئۆتكەن،
تەكەببۇر ئاستىدا قالغان ھەمىشە ئاغزى خەندانلىق.
خۇدادىن تۆئەلەر يىدىڭ قىنى تائەتدە بولغانىڭ،
ئۇياتسىز بىخەبەر ئادەم ئالىپ كەلدىڭۇ ھايۋانلىق.
كۆتەرىپ گۇرزىنى ئۇرسە سۆڭەكلەر ئەيلەيۇر لەرزە،
سىنى دەۋزەخ سىرى ئېلتىپ قىلۇرلەر ھەكىم سوزانلىق.
كى غەففارۇلزۇنۇب ئاتى خۇجە ئەھمەد بولماغىل غافىل،
كۆرەر بىشەك جەمالىنى ھەمىشە كۆزى گىريانلىق.

× ×

ئاشىقلىقنى دەئۋاسنى قىلغان كىشى،
مەئشۇقىدىن زەررە غافىل بولغانى يوق.
ئىشق گەۋھەرى تۈبسىز دەريا ئىچرە ياتۇر،
جاندىن كەچمەي ئول گەۋھەردىن ئالغانى يوق.

گەۋھەر ئالۇر غەۋۋاس ئەگەر جاندىن كەچسە،
شەيدا بولۇر ئىشق شەرابىن ھەر كىم ئىچسە،
نەچچە يىللار، نەچچە ئايلار ئەگەر ئۆتسە،
ئىشقنى گۈلى ئاچىلىپ ھەرگىز سولغانى يوق.

ئاشق بولۇپ تاپاي دىسەڭ ھەقنى يولىن،
ئاسراغىل سەن ئىشق باغىدا ئەسرار گۈلىن،

① قولىيازمىدا ئۆچۈپ كەتكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com

مۇھەببەت بىرلەن ئاسرار ئىمىش ياخشى قۇلىن،
چىن ئاشىقنى كۆڭلى ھەرگىز قالغانى يوق.

مۇھەببەتنى دەرياسىدا مەۋج ئۇرغۇسى،
ئىلىم ئەمەل، قىلىۇ قاللار سەۋق ئۇلغۇسى،
بۇ تىگىزگە كىم كىرىبان كىم چىققۇسى،
ئاشىق قۇللار مەئشۇقىدىن قالغانى يوق.

قۇل خوجە ئەھمەد قەبۇل قىلدى ئەيماغلىقنى،
قەبۇل قىلدى ئىشق ئوتىغە كۆيىەگىلىكنى،
جانىن بىرىپ ساتىغۇن ئالۇر كۆيەگىلىكنى،
چىنىن سۆزۈم بار ھەرگىز يالغانى يوق.

× ×

ئىشق دەئۋاسىن ماڭا قىلما يالغان ئاشىق،
ئاشىق بولساڭ باغرىڭ ئىچرە كۆز قانى يوق،
مۇھەببەتنى شەۋقى بىرلەن جان بەرمەسە،
زايە كېچەر ئانىڭ ئۆمرى يالغانى يوق.

ئىشق باغىنى مېھنەت تارتىپ كۆتۈرمىسەڭ،
خارلىق تارتىپ شۇم نەفسىنى ئۆلتۈرمىسەڭ،
ئاللاھ ئەيتىپ ئىچكە نۇرنى تولدۇرمىساڭ،
ۋاللا بىللاھ سەندە ئىشقنى نىشانى يوق.

ھەق زىكرىنى مەئىز جاندىن چىقارمىسە،
تۆرت يۈز قىرىق تۆرت سۈڭەكلەردىن تىترەتمىسە،
ئۈچ يۈز ئالتمىش تومۇرلارىن تەبرەتمىسە،
يالغانچىدۇر ھەققە ئاشىق بولغانى يوق.

نەفسىدىن كېچىپ قانائەتنى پىشە قىلغان،
ھەر كىم تەپسە رازى بولۇپ بويۇن سۇنغان،
خىزمەت قىلىپ ياخشىلاردىن دۇئا ئالغان،
تاڭلا بارسا مەھشەر ئارا ئارمانى يوق.

راھەت تاشلاپ جان مىھنەتنى خوشلاغانلار،
سەھەرلەردە جانىن قىيناپ ئىشلەگەنلەر،
ھاۋايى ھەۋەس مەنمەنلىكنى تاشلاغانلار،
چىن ئاشىقلار ھەرگىز ئانى يالغانى يوق.

ئىشق دەردىنى بىدەردلەرگە ئەيتىپ بولماس،
بۇ يوللارنى ئۇقبەسى كۆپ ئۆتۈپ بولماس،
ئىشق گەۋھەرىن ھەر نامەردگە ئەيتىپ بولماس،
بىخەبەرلەر ئىشق قەدرىنى بىلگەنى يوق.

ئىشققە تۈشدىك ئوتقا تۈشدىك كۆيۈپ ئۆلدۈك،
پەرۋانەدەك جاندىن كېچىپ ئەخگەر بولدۇك،
دەردكە تولدۇك، غەمگە سولدۇك، تەلبە بولدۇك،
ئىشق بەھرىنى مەندىن سوراساڭ پايانى يوق.

باشىڭ كېتەر بۇ يوللاردا ھازىر بولغىل،
ئىشق يولدا ئۆلمەس بورۇن زىنھار ئولغىل،
سىر ئىستەگىل يۈكۈپ يۈگرۈپ خىزمەت قىلغىل،
خىزمەت قىلغان ئاخىر يولدا قالغانى يوق.

زاھىد بولما، ئابىد بولما، ئاشىق بولغىل،
كەززاب بولما ئىشق يولدا سادىق بولغىل،
ئاندىن سۆڭرە دەرگاھىغە لايىق بولغىل،
ئىشقسىزلارنى ھەم جانى، ھەم جانانى يوق.

ئاشىق ئەرمەس جانانىغا جان بەرمەسە،
دىھقان ئەرمەس كەتمەن چاپىپ نان بەرمەسە،
مۇندە يىغلاپ ئاخرەتدە جان بەرمەسە،
يولدا قالغان بويى خۇدا ئالغانى يوق.

ئەي بىخەبەر ئىشق ئەھلىدىن بايان سورسە،
ئاقىل ئەرسەڭ زاھىدلاردىن ئەفغان سورسە،
دەۋا ئىستەگىل ئىشق دەردىگە دەرمان سورسە،
بۇ يوللاردە ئاشىق ئۆلسە تاۋانى يوق.

www.uyghurkitap.com

ئىشق سەۋداسى كىمگە تۈشسە رەسۋا بولۇر،
پەرتەۋ سالىپ ھەق ئۆزىگە شەيدا بولۇر،
مەجنۇن سۈفەت ئەقلىن ئالىپ لەيلا بولۇر،
ئاللا ھەققى بول سۆزلەرنى يالغانى يوق.

قۇل خوجە ئەھمەد جاندىن كېچىپ يولغا كىرگىل،
ئاندىن سۈكرە ئىرانلاردىن مەنى سورغىل،
مىھنەت تارتىپ ئىشق يولىدا راھەت كۆرگىل،
بۇ يوللەردە جان بەرمەسە ئارمانى يوق.

× ×

خۇش ئىڭلاڭىز ھەق رەسۇلنىڭ دۇرۇدىنى،
دۇرۇد ئەيتىل چىن ئۈممەتى بولاي دىسەڭ.
ئۈممەت بولساڭ قان يىغلاغىل تۈنى - كۈنى،
دۇرۇد ئەيتىل چىن ئۈممەتى بولاي دىسەڭ.

سۇبھان ئىزىم كۆكدە قويدى ئاتىن ئەھمەد،
فەرىشتەلەر دۇرۇد ئوقۇر قىلغىل رەھمەت،
قىيامەت كۈن ھەق مۇستافا قىلغاي شەفئەت،
دۇرۇد ئەيتىل چىن ئۈممەتى بولاي دىسەڭ.

دۇرۇد ئەيتىڭ پەيغەمبەرلەر رازى بولۇر،
ھەقتائالا جەننەت ئىچرە ھۆرلەر بېرۇر،
جەننەت كىرگەن ئاخىرەتدە دىدار كۆرۇر،
دۇرۇد ئەيتىل چىن ئۈممەتى بولاي دىسەڭ.

دۇنيا ئۈچۈن رەسۇل ھەرگىز غەم يىمەدى،
ئۈممەت ئۈچۈن پارچە نانغە ئول تويمادى،
تىلەپ ھەقدىن ئاسىلارنى ھەم قويمادى،
دۇرۇد ئەيتىل چىن ئۈممەتى بولاي دىسەڭ.

ئاشىق بولسا ھەق رەسۇلدەك دۇنيا سۆيمەس،
تەكبىر ئېيتىپ دۇرۇدنى تىلدىن قويماس.

دۇرۇد ئېيتقان دەۋزەخ ئىچرە ھەرگىز كۆيمەس،
دۇرۇد ئەيغىل چىن ئۇممەتى بولاي دىسەڭ.

سۇننەتلەردىن مەھكەم تۇتۇپ تابىئ بولۇڭ،
ھاۋايى ھەۋەس مەنمەنلىكنى بەرھەم ئۇرۇڭ،
ئاتى چىقسە دۇرۇد ئەيتىپ ھازىر تۇرۇڭ،
دۇرۇد ئەيغىل چىن ئۇممەتى بولاي دىسەڭ.

مال فەرزەند بۇ دۇنيادە زىننەت ئېرۇر،
ئەزۋاجىم ئەدۇۋۋا دەپ خەبەر بېرۇر،
رەسۇل ئەردى دۇنيا بىر كۇن زەرەر قىلۇر،
دۇرۇد ئەيغىل چىن ئۇممەتى بولاي دىسەڭ.

ئۇممەت مەن دەپ يالغان سۆزلەپ بىغەم يۇرمە،
ئاشىق بولساڭ ھەق رەسۇلدەك دۇنيا سۆيمە.
ھەق زىكرىنى ئەيتىپ ھەرگىز تىلدىن قويمە،
دۇرۇد ئەيغىل چىن ئۇممەتى بولاي دىسەڭ.

قۇل خوجە ئەھمەد تەكبىر ئەيتىپ قىلغىل سۆھبەت،
ئاللا دىگىل ئۆمرۇڭ ئۆتتى دەم غەنىمەت،
دۇرۇد ئېيتىپ ھەق رەسۇلغە بولغىل ئۇممەت،
دۇرۇد ئەيغىل چىن ئۇممەتى بولاي دىسەڭ.

× ×

خوش غايىپدىن تىيىشتى ياخشى سۆزۇم تەبەررۇك،
ئاشىق بولساڭ ئەي تالىب رىيازەتدە بېلىڭ بۇك،
سەھەر ۋەقتىدە زارلاپ ياش ئورنىغا قانىڭ تۆك،
ئارسلان بابام سۆزلەرى ئىشىتسىڭىز تەبەررۇك.

ئارسلان بابام ئەيدىلەر تالىبدە يوق ئىخلاس،
پىرىڭ ھازىر بولغاندا نە كېرەك خىزىر ئىلياس،
پىرگە قەدەم قويغاندە ياد ئەتمە غەۋس غىياس،
ئارسلان بابام سۆزلەرى ئىشىتسەڭىز تەبەرۇك.

تالىب مەن دەپ ئەيتۇرلەر ۋاللابىللا نا ئىنساف،
نا مەھرەمگە پاتارلەر كۆزلەرىدە يوق ئىنساف،

كىشى مالىن ئالاي دەپ كۆڭۈللەرى ئەمەس ساف،
ئارسلان بابام سۆزلەرى ئىشىتىسڭىز تەبەررۇك.

پىر خىزمەتتىن قىلدۇق دەپ تالىب مەن دەپ يۈرەرلەر،
كۆزلەرىدە نەمى يوق ھەلتە ئىچرە كىرەرلەر،
بىلىپ ھەرام ھەرشنى كولۋاردگە ئۇرارلەر،
ئارسلان بابام سۆزلەرى ئىشىتىسڭىز تەبەررۇك.

زاكىرمەن دەپ زور ئۇرار چىقماس كۆزىنى ياشى،
دىللاردا دەرد يوق ناگاھ ئاغرىغاي باشى،
مىكرو ھىلە قىلۇرلەر مەئلۇم خۇداغا ئىشى،
ئارسلان بابام سۆزلەرى ئىشىتىسڭىز تەبەررۇك.

تالىب مەن دەپ ئەيتۇرلەر كۆڭلىدە يوق زەررە شور،
چىن تالىبنى سوراساڭ ئىچى ـ تاشى گەۋھەردۇر،
ھەققە ئايان سىرلارى، ئەيمىشلارى سەفا نۇر،
ئارسلان بابام سۆزلەرى ئىشىتسەڭىز تەبەررۇك.

سۈرەتلەرى سوفى نەقش قىيامەتـدىن قورقماسلەر،
فىسقى فۇجۇر ھاسىلى گۇناھلاردىن ھۈركىمەسلەر،
رىيا تەسبىھ ئىلكىدە يىغلاپ ياشىن تۆكمەسلەر،
ئارسلان بابام سۆزلەرى ئىشىتسەڭىز تەبەررۇك.

رىيا ئىلكىدە زۇننار ياخشى ئېرۇر بىلسەڭىز،
ھەق رىزاسى بۇ تۇرۇر ئىشق سەۋاسىن قىلسىڭىز،
ئىشقىن ئالىب مەھشەردە رەسۋا بولۇپ تۇرسەڭىز،
ئارسلان بابام سۆزلەرى ئىشىتسەڭىز تەبەررۇك.

ئىشقە قەدەم قويغانلار ھەق دىدارىن كۆردىلەر،
مۇسا سۈفەت مەھشەردە ھەقدىن سوئال سىردىلەر،
سەرمەست بولۇپ ۋەسلىدە ھۇ زىكرىنى قۇردىلار،
ئارسلان بابام سۆزلەرى ئىشىتسەڭىز تەبەررۇك.

ئىنشائاللا ئىشتكەننى ھەقدىن تىلەپ ئالۇرمەن،
شەيتان يولىدىن ئالىب ھەق يولغا سالۇرمەن،

مەدەد قىلسە مۇستافا گۇناھلارىن تىلەرمەن،
ئارسلان بابام سۆزلەرى ئىشتىسەڭىز تەبەررۇك.

ئارسلان بابانى سوراساڭ پەيغەمبەرگە ئىتتىبار،
ساھابەلەر ئۇلۇغى خاس بەندەئى گىردىگار،
ياتقان يېرى ناھنۋار بىر كازەئى خارۇ - زار،
ئارسلان بابام سۆزلەرى ئىشتىسەڭىز تەبەررۇك.

چاھارشەنبە كۈنى ئىشتىپ ناگاھ ھەزرەت باردىلەر،
ئارسلان بابامنى جايىغا ئولكۈن مىھمان بولدىلەر،
ياتقان يېرى تاھەمۋار كۆرۈپ ھەيران قالدىلەر،
ئارسلان بابام سۆزلەرى ئىشتىسەڭىز تەبەررۇك.

ئول مۇھەممەد مۇستافا تۇرۇپ دۇئا قىلدىلەر،
مەلائىكلەر ئامىن دەپ ئىلكىن ئاچىپ تۇردىلەر،
شۇنداغ ئۇممەت بەردىڭ دەپ ھەق شۈكرىنى قىلدىلەر،
ئارسلان بابام سۆزلەرى ئىشتىسەڭىز تەبەررۇك.

سەھابەلەر ئەيدىلەر ئارسلان بابادۇر ئاتىڭىز،
ئەرەبلەرنى ئۇلۇغى، پاكىزەدۇر زاتىڭىز،
راھەتتىن فەرز دىدى فەزىجە سالىپ ياتتىڭىز،
ئارسلان بابام سۆزلەرى ئىشتىسەڭىز تەبەررۇك.

ئاخىر زەمان ئۇممەتلەر نەقىش قىلۇر ئۆيلەرىن،
نەفس ھاۋاغا قۇۋۋانىپ بۇرار ئەرمىش خۇيلارىن،
شانۇ شەۋكەتلەر بىلەن بەرپا قىلۇر تويلارىن،
ئارسلان بابام سۆزلەرى ئىشتىسەڭىز تەبەررۇك.

ئاخىر زامان ئۇممەتلەر دۇنيا فانى بىلمەسلەر،
كەتكەنلەرنى كۆرۈبان ئاندىن ئىبرەت ئالماسلەر،
ئىرانلارنى قىلغانىن كۆرۈپ كۆزگە ئىلماسلەر،
ئارسلان بابام سۆزلەرى ئىشتىسەڭىز تەبەررۇك.

ياخشى يوللاردىن ئازىپ يامان يولغا ئاۋۇشقان،
شەيتان لەئىن پىرىم دەپ دامەنىگە ياپۇشقان،

ئەزازۇلنى پىرىم دەپ ئاخشام ۋەقت كۆرۈشكەن،
ئارسلان بابام سۆزلەرى ئىشىتسەڭىز تەبەررۇك.

ئۆلەيەن دەپ دۇنيادا مەۋلۇم بىلەن ئۇرۇشقان،
ئەزازۇلنى پىرىم دەپ ئەرتە ـ ئاخشام كۆرۈشكەن،
ئىمان ـ ئىسلامىن ئالىپ ئۆلەيسەن دەپ كۆلۈشكەن،
ئارسلان بابام سۆزلەرى ئىشىتسەڭىز تەبەررۇك.

ۋەقتى يەتسە ئەزرائىل ئەمانەتنى بەر دىگەي،
شەيتان لەئىن پىرىم دەپ جان بىرەردە كۆرمىگەي،
ئىمان ـ ئىسلامىن ئالىپ ھالىڭ دىلىن سورمىغاي،
ئارسلان بابام سۆزلەرى ئىشىتسەڭىز تەبەررۇك.

تەۋبە قىلسە تەۋبەسى مەۋلۇم قەبۇل قىلماغان،
ئاللا دىسە خوجاسى ئىلكىن ئالىپ تۇتماغان،
جۇرم ئىسيان گىرىھلارنى بارىپ پىرغا چاچماغان،
ئارسلان بابام سۆزلەرى ئىشىتسەڭىز تەبەررۇك.

يەتتى ياشدە ئارسلان باب تۈركستانغا كەلدىلەر،
باشىم قويۇپ يىغلادىم ھالىم كۆرۈپ كۈلدىلەر،
مىلك بىر زىكرىن ئۆرگەتىپ پەرۇ بالىم يۈلدىلار،
ئارسلان بابام سۆزلەرى ئىشىتسەڭىز تەبەررۇك.

كەلام قىلدىم خورمادىن مەڭا ۋەھشەت قىلدىلەر،
ئەي بىئەدەپ گۆدەك دەپ ئەسا ئالىپ سۈردىلەر،
ۋەھشەت دىنى قوقمادىم ماڭا باقىپ تۇردىلەر،
ئارسلان بابام سۆزلەرى ئىشىتسەڭىز تەبەررۇك.

ئاغزىڭ ئاچقىن ئەي گۆدەك ئامانەتىن بىرەيىن،
مەزاسىنى يۇتمادىم ئاچ ئاغزىڭغا سالايىن،
ھەق رەسۇلنى ۋەئدەسىن ئۇممەت بولسام قىلايىن،
ئارسلان بابام سۆزلەرى ئىشىتسەڭىز تەبەررۇك.

ئاغزىم ئاچتىم سالدىلەر خورما ئەمەس قىلدى مەست،
ئىككى ئالەمدىن كىچىپ ۋاللا بولدۇم ھەق پەرەست،

خۇجه موللا يىغىلىپ ئالىپ يۇردى دەست ـ بەدەست،
ئارسلان بابام سۆزلەرى ئىشىتسەڭىز تەبەررۇك.

بابام ئەيدى ئەي بالام تەكلىف قىلمادىڭ ماڭا،
مەزاسىنى سىز ئالىپ تەلفىن بەردىڭىز ماڭا،
تۆت يىلدۇر كامىمدە ساخلاپ ئەردىم مەن ساڭا،
ئارسلان بابام سۆزلەرى ئىشىتسەڭىز تەبەررۇك.

بابام ئەيدى ئەي بالام قاشىمدە تۇر ئويلايىن،
جىنازەمنى ئوقۇپ كۆم جان تەسەددۇق قىلايىن،
مەدەد قىلسە مۇستافا ئەلەيىۇنگە كىرەيىن،
ئارسلان بابام سۆزلەرى ئىشىتسەڭىز تەبەررۇك.

بابام ئەيدى ئەي بالام مالائىكلار يىغىلغاي.
جەبرائىل ئىمام بولۇپ ئۆزگەلەر تابىئ بولغاي،
مىكائىل، ئىسرافىل كۆتەرىپ گۆرگە سالغاي،
ئارسلان بابام سۆزلەرى ئىشىتسەڭىز تەبەررۇك.

قۇل خۇجه ئەحمەد سۆزۈڭنى نادانلارغا ئەيتماغىن،
سۆزنى ئەيتىپ نادانغا پۇچەك پۇلغا ساتماغىن,
ئاچدىن ئۆلسەڭ نامەرددىن هەرگىز مىننەت تارتماغىن،
ئارسلان بابام سۆزلەرى ئىشىتسەڭىز تەبەررۇك.

× ×

ئەيا دوستلار مۇستافادىن بايان ئەيلەي،
قۇلاق سالغىل خاس ئۇممەتى بولاي دىسەڭ.
ئۆلەر ۋەقتىدە ئۇممەتىم دەپ ناله قىلدى،
قۇلاق سالغىل خاس ئۇممەتى بولاي دىسەڭ.

ئۇممەت بولساڭ كىچە ـ كۈندۈز تائەت قىلغىل،
ئۇقبى سىرى بارغىل ئاندا راهەت كۆرگىل،
ئاقىل ئىرسەڭ يىغلاماقنى ئادەت قىلغىل،
قۇلاق سالغىل خاس ئۇممەتى بولاي دىسەڭ.

چىن ئۇممەتى جاندىن كىچىپ دۇنيا قويدى،
ۋاله بولۇپ بۇلبۇل سۈفەت هەقنى سۆيدى،
ئانىڭ ئۇچۇن دىن ساقلاغان دىدار كۆردى،
قۇلاق سالغىل خاس ئۇممەتى بولاي دىسەڭ.

دۇرۇد ئەيتقىل ئۇممەت بولساڭ ئەي بىخەبەر،
رەسۇلللاه سۆزىن ئەيتدىم كان گەۋهەر،
رەسۇل ئەيدى دۇنيا قىلۇر بىر كۈن زەرەر،
قۇلاق سالغىل خاس ئۇممەتى بولاي دىسەڭ.

www.uyghurkitap.com



ۋاي ئۇممەتىم، ۋاي ئۇممەتىم دىدى ئەھمەد،
ئانىڭ ئۈچۈن سۇبھان ئىگەم قىلدى رەھمەت،
ئامىن دىگىل قىيامەت كۈن قىلغاي شەفقەت،
قۇلاق سالغىل خاس ئۇممەتى بولاي دىسەڭ.

يۈز مىڭ ندا كەلدى ھەقدىن ئىشىتىپ ئاڭا،
ئۇممەتلەرىڭ ھاۋالەسىن قىلغىل ماڭا،
جۇملەسىنى باغىشلايىن ئاندا ساڭا،
قۇلاق سالغىل خاس ئۇممەتى بولاي دىسەڭ.

ئاتام، ئانام دىمەدىلەر دىدى ئۇممەت،
ھەمدۇ سانا ئەيغىل ئاندا بولغىل ئۇلفەت،
قىيامەت كۈن سەن تارتماغىل ھەقدىن كۈلفەت،
قۇلاق سالغىل خاس ئۇممەتى بولاي دىسەڭ.

ۋا دەرىغا ئۆتتى ئۆمرۈم قەنى ئىشقىم،
ئۇممەت ئىدىم دۇنيا سىرى بولدى زوقۇم،
باتىن كەززاپ زاھىرىدە باردۇر دەلقىم،
قۇلاق سالغىل خاس ئۇممەتى بولاي دىسەڭ.

كۈچۈم يىتىپ كەئبەسىرى بارمادىم مەن،
ئالىملارنى نەسىھەتىن ئالمادىم مەن،
ھەقدىن قورقۇپ ياخشى يولغا كىرمەدىم مەن،
قۇلاق سالغىل خاس ئۇممەتى بولاي دىسەڭ.

يىغلامايمۇ يولدا قالدىم ئەمەلىم يوق،
ئۇممەت دىدى ئانىڭ سىرى جىدەلىم يوق،
باشىم كەتسە بۇ يوللاردىن تايارىم يوق،
قۇلاق سالغىل خاس ئۇممەتى بولاي دىسەڭ.

قۇل خۇجە ئەھمەد يولغا كىرگىل ھالا فۇرسەت،
ئاللا دىگىل ئۆمرۈڭ ئۆتتى دەم غەنىمەت،
قايدا بارساڭ تەكبىر ئەيتىپ قۇرغىل سۆھبەت،
قۇلاق سالغىل خاس ئۇممەتى بولاي دىسەڭ.

× ×

ئەيدى قۇربان ئاي كەلدى كىلىڭ دوستلار،
زاھىر، باتىن روشەن قىلىپ دىدار كۆرۈڭ.
ئىتىكافدا خالىس تۇرۇپ نەفسىن ئۇرۇپ،
جان ـ دىلىنى بىر تەن قىلىپ دىدار كۆرۈڭ.

نەفسىنى ئۇرۇپ دىن قەلئەسىن قىلىڭ خالى،
ئاللا دىسەڭ غايىپ قوشار ئۇل ئەفئالى،
بىخەبەرلەر ئەيتسام قىلماس سۆز ئەھۋالى،
جان ـ دىلىنى ئىھسان قىلىپ دىدار كۆرۈڭ.

نەفسىنى ئۇرۇپ دىن قەلئەسىن بەرسەڭ ئىنئام،
ئىنئام بەرسەڭ باردۇر ساڭا ئاندا ئىنئام،
رەۋزە مەھشەر خۇجاڭ باقار ساڭا خەندان،
ۋۇجۇدلارىڭ خەندان قىلىپ دىدار كۆرۈڭ.

نەفسىنى ئۇرۇپ دىن قەلئەسىن قىلغىل پەناھ،
قانلار يۇتۇپ تەۋبە قىلغىل كىچەر گۇناھ،
ئىلىك ئاچىپ ئامىن دىسەڭ كەچكەي ئاللاھ،
ئارزۇسىدە تەۋبە قىلىپ دىدار كۆرۈڭ.

تەۋبە قىلساڭ مىسلى نەسۇخ تەۋبە قىلغىل،
ئاندىن سۆكرە ھەق رەھمەتىن بىلىپ كۆرگىل،
نادانلىغىدە ئۆتتى ئۆمرۈڭ ئىنساق قىلغىل،
ھەقدىن قورقۇپ ئىنساق قىلىپ دىدار كۆرۈڭ.

ھايۋان قىلماي ئادەم قىلدى قورقماغ ئۈچۈن،
قىيامەتنى شىددەتىدىن ھۈركمەك ئۈچۈن،
ھەق قەھرىدىن قورقۇپ ياشلىق تۆكمەك ئۈچۈن،
ۋاۋەيلىدا ئەفغان قىلىپ دىدار كۆرۈڭ.

ئەي بولھەۋەس ئاشىق بولساڭ جاندىن كەچكىل،
تۈن ئۇيقۇنى ھەرام قىلىپ زارى ئەيتقىل،

ئاندىن سۇكرە شەۋق شەرابىن تويا ئىچكىل،
ئاللا ئەيتىپ جەۋلان قىلىپ دىدار كۆرۈك.

نەچە ئەيتسام ئىشەنمەسسەن ئەي بىخەبەر،
نادانلارغە تاكى چەككەي خۇن چەكلەر،
دانا بولسا ھەربىر سۆزۈم دۇررى گەۋھەر،
گەۋھەر تاپىپ ئەفغان قىلىپ دىدار كۆرۈك.

قۇل خۇجە ئەھمەد تەۋبە تونىن كيىمەك كېرەك،
ھەقدىن قورقۇپ نەفس بەدنى بىتمەك كېرەك،
خەلقدىن كېچىپ يالغۇز ھەقنى سۆيمەك
كېرەك،
ئەسلىك تۇفراق سۇلتان بولۇپ دىدار كۆرۈك.

× ×

ئالىملار ئىلمى بىرلەن بولدى ئەزىز،
جاھىللار جەھلى بىرلەن قالدى ئاجىز،
قۇلى بولۇپ ھەزرەتىڭدە نەدامەتسىز،
ئۇممەت بولۇپ قۇللۇغىنى قىلماق كېرەك.

ئاللا يادى كۆڭۈللەردىن بەنا بولسا،
ئاچىلۇر باتىن بىر ئىگەمدىن نەدا بولسا،
مۇرىد بولسا بايەزىددەك سەفا بولسا،
ئانداغ مۇرىد مۇرادىغە يەتمەك كېرەك.

مۇرىد ئەگەر كۆڭلىن تامام بەرسە پىرگە،
ئاندىن سۇكرە پىر نەزەرى بولسا ئاگاھ،
ياردىن كېچىپ ئۆزىنى تاپشۇرسا پىرگە،
ئانداغ مۇرادىغە يەتمەك كېرەك.

پىر مۇرىدنى كەئبەسىدۇر ئەگەر بىلسە،
شەك مەي بولۇر ئول شەراپىنى مۇرىد ئىچسە،
قايۇ مۇرىد پىرى سىرى شەك كەلتۇرسە،
قيامەت كۇن تۇنغۇز يەڭلىغ قوپماق كېرەك.

بولغۇم دىيۇ ئىرانلارنى سۆھبەتىدە،
قاتىغ قورقىل «ئەلقارىئەتۇ» ئايەتىدە،
يەۋمە يەكۇنۇنناسى كەلفراشى سائەتىدە،
كۆپ يىغلاغىل تاڭلا ئاندا كۇلمەك كېرەك.

بولغۇم دىيۇ سېغىنىپ كەلدىم ئىلاھىمگە،
شەيخ ئىبراھىم فەرزەندلەرى شەيخ ئەھمەدگە،
لايىق بولدۇم دىيۇ كەلدىم ئىرادەتكە،
بۇ دۇنيانى تەرك تەسلىم قىلماق كېرەك.

قۇل خۇجە ئەھمەد كەچكىل ئەمدى جاندىن رەۋان،
كەتسۇن ئەمدى باتىنىڭدىن غەفلەت تۇمان،
تونىنى پىشتۇرگىل سەن تىكدە ئىمان،
مۇندىن ئۆتۈپ ئول مەنزىلگە كەتمەك كېرەك.

× ×

ئەي كۆڭۈل قىلدىڭ گۇناھ، ھەرگىز مۇسۇلمان بولمادىڭ،
سوفى مەن دەپ لاف ئۇرۇپ تالىپ جانان بولمادىڭ،
ھەيف ئۇمرۇڭ ئۆتتى بىرلەھزە گىريان بولمادىڭ،
سوفى نەقشى ئولدۇڭ ۋەلى ھەرگىز مۇسۇلمان بولمادىڭ.

سوفىلىق شۇنداقىمدۇر دائىم ئىشىڭ ئىسيان بىلەن،
دانەئى تەسبىڭ قولۇڭدا تىللارىڭ غەيبەت بىلەن،

www.uyghurkitap.com

دائىما كەبلەر ئۇرارسەن نەفس بەد ئىززەت بىلەن،
سوفى نەقشى ئولدۇڭ ۋەلى ھەرگىز مۇسۇلمان بولمادىڭ.

سوفى بولساڭ ساف بولغىل جۇرم ـ ئىسيان بولماسۇن،
كۆپ گۇناھلار قىلماغىل ھەردەم پۇشايمان بولماسۇن،
جانۇدىلدە يىغلاغىل مەھشەردە يالغان بولماسۇن،
سوفى نەقشى ئولدۇڭ ۋەلى ھەرگىز مۇسۇلمان بولمادىڭ.

مۇرشىدى كامىل مۇكەممەل راھى مەردانىڭ قېنى،
سوفى مەن دەپ لاف ئۇرارسەن سۆز ئەفغانىڭ قېنى،
ئەشك سەرخ رۇي زەردۇ چەشم گىريانىڭ قېنى،
سوفى نەقشى ئولدىڭ ۋەلى ھەرگىز مۇسۇلمان بولمادىڭ.

سوفىلىقنى شەرتىدۇر تۆنلەر قوپۇپ قان يىغلاماق،
ھەر جەفادە سەبر ئىتىپ بەلنى مەھكەم باغلاماق،
تالىبۇللاھ بولۇپ ھەر بىر ياخشى سۆزنى ئاڭلاماق،
سوفى نەقشى ئولدۇڭ ۋەلى ھەرگىز مۇسۇلمان بولمادىڭ.

سوفىيا تائەت قىلۇرسەن بارچەسى ئەجەپ رىيا،
جان ـ دىلى دۇنىياغە مەغرۇر تىللارىڭدە ئاھ ـ ۋاھ،
جان بىرۇردە بولغۇڭ ئاخىر نۇرى ئىماندىن جۇدا،
سوفى نەقشى ئولدۇڭ ۋەلى ھەرگىز مۇسۇلمان بولمادىڭ.

سوفىيا بىغەم يۈرۈرسەن دانەئى تەسبىھ ئالىپ،
دۇنىياغە مەغرۇر بولۇپ ئۇقبى ئىشىن ئارتغە سالىپ،
قورقىغىل ئەمدى، قورقىغىل ئەمدى سەن خۇداغا يالبارىپ،
سوفى نەقشى ئولدۇڭ ۋەلى ھەرگىز مۇسۇلمان بولمادىڭ.

سوفى بولماي نەيلەسۇن ئۆيدە قىلۇرغە ئىشى يوق،
دەئۋايى سوفى قىلۇر خەلقغە بېرۇرگە ئاشى يوق،
ئاھ ـ ۋاھ دەرلەر يەنە كۆزىدە قەترە ياشى يوق،
سوفى نەقشى ئولدۇڭ ۋەلى ھەرگىز مۇسۇلمان بولمادىڭ.

سوفى بولۇپ نەفس ئۈچۈن ھەردەم ئىشىككە باقاسەن،
نەزىر ئالىپ كەلدىڭمۇ دەپ ئەل ئارقاسىغە قاقاسەن،

ھەرگۇناھ پىرى خەتەر شەرمەندە يۈزى قاراسەن،
سوفى نەقشى ئۇلدۇڭ ۋەلى ھەرگىز مۇسۇلمان بولمادىڭ.

دانەئى تەسبىھ ئالىپ ئەلنى كۆزىگە سوفى سەن،
نەفسى بەدلەر ئالىدىدا تەرسا جوھۇدلار توفى سەن،
بەندەلىك قىلسەڭ خۇداغە بۇھەنىفە كۇفى سەن،
سوفى نەقشى ئۇلدۇڭ ۋەلى ھەرگىز مۇسۇلمان بولمادىڭ.

سوفىيا ئۆز تۇرىڭە يالغۇز خۇداغا بەندەسەن،
ئەسلىگە باقساڭ ئەگەر ئالەم ئىچىندە گەندەسەن،
كېچە - كۈندۈز غەملىك يوق سەن ئەجەپ شەرمەندەسەن،
سوفى نەقشى ئۇلدۇڭ ۋەلى ھەرگىز مۇسۇلمان بولمادىڭ.

سوفىيا قىلدىڭ مۇھەببەت دەئىۋاسىنى دىۋانە بول،
مال - مۈلۈك، خانۇمانىڭدىن كېچىپ بىگانە بول،
كىم خۇدادىن سۆزلەسە مىڭ ئۆرگۈلۈپ پەرۋانە بول،
سوفى نەقشى ئۇلدۇڭ ۋەلى ھەرگىز مۇسۇلمان بولمادىڭ.

سوفىيا دەئىۋا ئىشق قىل بارچەدىن بىزار بول،
ئۇيقۇنى قىلغىل ھارام تۈن كېچەلەر بىدار بول.
دەردى يوق بىدەردنى كۆرسەڭ كىم تەرەپ بىمار بول،
سوفى نەقشى ئۇلدۇڭ ۋەلى ھەرگىز مۇسۇلمان بولمادىڭ.

قۇل خۇجە ئەھمەد سوفى بولما سوفىلىق ئاسان ئەمەس،
ھەق رەسۇلى سوفى بولۇپ دۇنيانى سۆيگەن ئەمەس،
سوفى بولۇپ دۇنيانى سۆيگەن كىشى ئىنسان ئەمەس،
سوفى نەقشى ئۇلدۇڭ ۋەلى ھەرگىز مۇسۇلمان بولمادىڭ.

× ×

كەئبە تەۋاف قىلاي دىسەڭ بۈزما كۆڭۈلنى ئۇۋلاغىل،
ھەرىس، تەمەننا لەشكەرىن شەھەر ۋۇجۇدىن قۇۋلاغىل.
بارچە كىتاپ مەئنىسىن ئوقۇر ئادەم ئۇلانلار،
بارچە كۆڭۈل قىسسەسى بۈزما كۆڭۈلنى ئۇۋلاغىل.
كەئبە بىنا قىلدى خېلىل، كۆڭۈل بىنا قىلدى جېلىل،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


يوقتۇر بۇ سۆزدە قالۇ قىل، بۇزما كۆڭۈلنى ئۇۋۇلاغىل.
كەئبە خىلىل رەنجىدۇر، كۆڭۈل جىلىلىنىڭ گەنجىدۇر،
كۆڭۈل بۇزغان يالغانچىدۇر بۇزما كۆڭۈلنى ئۇۋۇلاغىل.
ئاشىق قۇللار ھەققە يېتەر ھەرمەنزىلگە تۇشۇپ ئۆتەر،
مۇرادىغە پاتراق يېتەر بۇزما كۆڭۈلنى ئۇۋۇلاغىل.
قۇل خۇجە ئەھمەد مۆمىن دەپ ئاخىرەتنىڭ غەمىن يەپ،
ھەق دىدارىن كۆرەي دەپ بۇزما كۆڭۈلنى ئۇۋۇلاغىل.

× ×

ئىشىتىڭ پەندىم ئۇ دۇستلار تىرىكلىكدە ئەيا غافىل،
ئۆلۈمنى ياد ئېتىپ ھەردەم ياراغىڭ قىل ئەيا غافىل.
ئۆلۈم كەلمەس ساڭا سۆزلەپ تۇرۇبدۇر ئول سەنى كۆزلەپ،
قۇتۇلماسەن ئۆزۈڭ كىزلەپ ياراغىڭ قىل ئەيا غافىل.
كېلۇر بىر كۈن ساڭا قابىز يەرىڭ، يۇرتۇڭ بولۇر يابىز،
ئوغۇل ـ قىز يىغلابان سانىسز ياراغىڭ قىل ئەيا غافىل.
كېلۇر بىر ئات ئىگەرى يوق باشىدا ھەم يۈگەنى يوق،
قايۇ كۈنگە قەرارى يوق ياراغىڭ قىل ئەيا غافىل.
دەرىخا بىر كۈنى ئۆلگۈڭ بىھىشت دەۋزەخنى كۆرگۈڭ،
ئىمانىڭ بولمىسا نەتكۈڭ ياراغىڭ قىل ئەيا غافىل.
نىكۇ ئەئماللارىڭ بولسە ئۇلۇغ كۈندە ئىلىك تۇتسە،
تۇتۇپ كۆفرۈكدىن ئۆتكەزسە ياراغىڭ قىل ئەيا غافىل.
يىغلىغاي قەھرىلە ماران ئاسىغ ھىچ قىلمىغاي نالان،
مەگەرسۇد ئەتكەي ئول ئىمان ياراغىڭ قىل ئەيا غافىل.
تۇرۇبدۇر ئەھمەد مىسكىن ئىسەدۇر خاتىرى تەسكىن،
كۆزى ياشلىغ دىلى غەمكىن ياراغىڭ قىل ئەيا غافىل.

× ×

نىيەت قىلدۇق كەئبەگە رىزا بولۇڭ دوستلارىم،
يا ئۆلگەيمىز كەلگەيمىز رىزا بولۇڭ دوستلارىم.
نىيەت قىلدۇق كەئبەگە ھەق مۇستافا رەۋزىگە،
نەسىب قىلغاي بارچەگە رىزا بولۇڭ دوستلارىم.
نەسىب بولسا بارغايمىز، نەسىب بولسا كەلگەيمىز،
ئەجەل يەتسە ئۆلگەيمىز رىزا بولۇڭ دوستلارىم.

رازى بولۇك ئۆزۈمدىن ياخشى - يامان سۆزۈمدىن،
ئۆتۈك قاتىغ يۈزۈمدىن رىزا بولۇك دوستلارىم.
قۇۋەت بولسا يۈرىڭىمىز، كۈچ بولماسا تۇرۇڭىمىز،
دۇئا قىلە كۆرىڭىمىز رىزا بولۇك دوستلارىم.
دوستلار بىزنى يوقلاغاي فاسىقلار كۆپ ئۇقلاغاي،
مەسجىد سىرى كەلمەگەي رىزا بولۇك دوستلارىم.
سىزدىن بولدى ئىشارەت مۇندا قىلدۇق ئىمارەت،
قىلغاي رەسۇل شەفائەت رىزا بولۇك دوستلارىم.
ئارسلان بابدىن بىشارەت پىردىن تىلەپ ئىجازەت،
مۇندە قىلماك ئىمارەت رىزا بولۇك دوستلارىم.
كەئبەسىرى كۆچەلىك زالىملاردىن قاچالىك،
ئوغۇل - قىزدىن كېچەلىك رىزا بولۇك دوستلارىم.
تىلىم سۆرسەم قەرار يوق غەرىب ئۆلسە سورار يوق،
يىمىشلاردە هالال يوق رىزا بولۇك دوستلارىم.
كەچتى قۇلۇك جاندىن چىقتى خەلقنى ساندىن،
دوستلار بارغاي سوڭىدىن رىزا بولۇك دوستلارىم.
يەسەۋى يۇمغىل كۆزۈڭنى خەلققە ئەيتقىل سۆزۈڭنى،
كەئبەگە سۈرت يۈزۈڭنى رىزا بولۇك دوستلارىم.

× ×

يازۇقۇمنى يارلىقا غەففار ئاتلىغ ئىلاهىم،
ئۆز قەهرىڭدىن ساقلاغىل قەههار ئاتلىغ ئىلاهىم.
زەبۇن ئەيلە كىبرىمنى، باغىشلاغىل جۇرمىمنى،
هەم ئارتۇغىل سەبرىمنى جەببار ئاتلىغ ئىلاهىم.
قىلما دۇنيادا ئىتاب ئاخىرەتتە هەم ئەزاب،
باشدىن ئاياغ ئەيبىمنى سەتتار ئاتلىغ ئىلاهىم.
هىكمەتىڭدىن نەسىب ئەت مېنى ئەلدىن لەبىب ئەت،
ئۆز ۋەسلىڭە قەرىب ئەت هەكىم ئاتلىغ ئىلاهىم.
لەدەن ئىلمىن ئىنايەت ئەيلەپ قىلغىل هىدايەت،
هەر ئىشىمنى كىفايەت ئەلىم ئاتلىغ ئىلاهىم.
ئىنساف مەڭا ئەتا قىل هەر دەردىمە دەۋا قىل،
هاجەتىمنى رەۋا قىل رەهىم ئاتلىغ ئىلاهىم.
ئۆزۈڭنى يار ئەيلەگىل ماڭا غەمخۇر ئەيلەگىل،
رەۋزى دىدار ئەيلەگىل رەززاق ئاتلىغ ئىلاهىم.

www.uyghurkitap.com



خۇلقىڭىزنى خوب قىل فەئلىڭىزنى ياخشى قىل،
ھەم ئۆزەڭگە ۋاسىل قىل خەللاق ئاتلىغ ئىلاھىم.
ماڭا قويما ئۆزۈمنى چىن ئەيلە ھەر سۆزۈمنى،
مۇنەۋۋەر قىل يۈزۈمنى مەننان ئاتلىغ ئىلاھىم.
خاتىرىمدىن فىكرىڭنى كۆتەرمىگىل شۈكرىڭنى،
ھەم تىلىمدىن زىكرىڭنى سۇبھان ئاتلىغ ئىلاھىم.
قۇل ئەھمەدى نەۋاسىن ئەيغىل دائىم سەناسىن،
قەبۇل ئەيلە دۇئاسىن ئاللاھ ئاتلىغ ئىلاھىم.

× ×

ئەي بىخەبەر ھەق يولىدا ئولماسمۇسەن،
رىيازەتنى قاتىغ تارتىپ سولماسمۇسەن،
قانلار يۇتۇپ ئىشق دەردىگە تولماسمۇسەن،
مۇندە يىغلاپ ئاخىرەتدە كۈلمەسمۇسەن،

يەھيا شەئىب يىغلا ـ يىغلا ھەققە يەتتى،
دىدار ئۈچۈن كۆزلەرىدىن قانلار ئاقتى،
ئاندىن سۆگرە مەئشۇق كېلىپ بىر سۆز قاتتى،
مۇندە يىغلاپ ئاخىرەتدە كۈلمەسمۇسەن.

سۆز قاتىغى مەندىن سورسەڭ بۇ سۆز ئەردى،
مەنى دىسەڭ بىدار بول دەپ خەبەر بەردى،
چىن ئاشىقلار باتىن ئىچرە ئوقۇپ ئالدى،
مۇندە يىغلاپ ئاخىرەتدە كۈلمەسمۇسەن.

چىن يىغلاغىل ھەق ئىشىتسۇن ئەي نائىنساف،
مالائىكلار ئالىپ بارسۇن قاف تاقاف،
راستلىق بىرلە ئىشق ئىستەگىل ئۇرماغىل لاف،
مۇندە يىغلاپ ئاخىرەتدە كۈلمەسمۇسەن.

كىم زاكىردۇر باشلارىغا ئەرە قويسۇن.
زىكرىيادەك رەببىنا دەپ ھەقنى سۆيسۇن،
ئاللا ئۈچۈن بەلا تىلەب جاندىن تويسۇن،
مۇندە يىغلاپ ئاخىرەتدە كۈلمەسمۇسەن.

تىلى بىرلە زىكىر ئەيتقانلار تاپماس ساۋاب،
ھەلقە ئىچرە تابولماسە باغرىڭ كاباب،
يالغان ئاشىق نارسادۇر مىسال ھۇباب،
مۇندە يىغلاپ ئاخىرەتدە كۆلەمەسمۇسەن.

قان يىغلاغىل كۆز ياشىڭنى گۇۋا قىلسۇن،
چىن دەرد بىرلە بىمار بولغىل داۋا قىلسۇن،
دەرگاھىدىن ھاجەت تىلەب راۋا قىلسۇن،
مۇندە يىغلاپ ئاخىرەتدە كۆلەمەسمۇسەن.

چىن دەرددەنى ئەسلىن سورساڭ ئاللا دەردى،
رەۋز مەھشەر شاھىد بولغاي رەنگى زەردى،
بۇ مەيداندا باش بەرمەگىلىك مەردنى مەردى،
مۇندە يىغلاپ ئاخىرەتدە كۆلەمەسمۇسەن.

زاكىر بولساڭ زىكرىن ئەيتىپ فانىڭ ساچقىل،
مۇھەببەتسىز خەلايىقدىن تاغلار قاچقىل،
ئىرانلارغا خىزمەت قىلىپ باتىن ئاچقىل،
مۇندە يىغلاپ ئاخىرەتدە كۆلمەسمۇسەن.

ئىخلاس ئىلىكىم ياستانسە دەرۋازەنى،
شايەد چىقىپ ئول ئاقىبەت كۆرگەي ئانى،
ئاللا ئۈچۈن جاندىن كەچكەن تالىب قەنى،
مۇندە يىغلاپ ئاخىرەتدە كۆلەمەسمۇسەن.

ئىشقىسىز ئادەم ئادەم ئەرمەس ھەقدىن پەيام،
قايدە كۆرسەڭ ئىشقىسىزلارغە قىلماڭ سەلام،
سۆز سۆزلەسە باقىپ ئاڭا قىلماڭ كەلام،
مۇندە يىغلاپ ئاخىرەتدە كۆلەمەسمۇسەن.

بەندە بولساڭ يەر ئاستىغا يىغلاپ كىرگىل،
تۈن ئۇيقۇنى ھارام قىلىپ ھازىر تۇرغىل،
لەھەد ئىچرە قويۇپ چىقسە بىر ئاھ ئۇرغىل،
مۇندە يىغلاپ ئاخىرەتدە كۆلەمەسمۇسەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇتلۇغ ئاھىڭ ئەرۋاھلارنى بىدار قىلسۇن،
جۇملە ئەرۋاھ ئىلكىن ئاچىپ دۇئا قىلسۇن،
مۇنكىر - نەكىر قاچىپ سەندىن بىزار بولسۇن،
مۇندە يىغلاپ ئاخىرەتدە كۆلەلەمۇسەن.

قاچىپ بارسۇن ھەقتائالا پاناھىغە،
زارى قىلىپ داد ئەيلەسۇن دەرگاھىغە،
تۇرالمادىم ئاشىقلارنى بىر ئاھىغە،
مۇندە يىغلاپ ئاخىرەتدە كۆلەلەمۇسەن.

ئاللا ئۆزى سۆيۈب ئەيتقاي خاس بەندەم ئول،
سەن قەبرىڭە تۆھفە ئىلتكىن جەننەتتىن گۆل،
خەبەر بەرگىل سەلام قىلسۇن يەتمىش مىڭ ھۆر،
مۇندە يىغلاپ ئاخىرەتدە كۆلەلەمۇسەن.

مۇنكىر - نەكىر پەرۋاز قىلىپ جەننەت كىرگەي،
ھەمدۇ سەنا تىنماي ئەيتىپ گۆللەر تەرگەي،
يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ھۆرلەرىگە خەبەر بەرگەي،
مۇندە يىغلاپ ئاخىرەتدە كۆلەلەمۇسەن.

ھۆرۇ غۇلمان ھەق قاشىغە يۈگۈرۈپ كەلگەي،
لەبەيكە دەپ قول قاۋۇشۇپ تەئزىم قىلغاي،
يەر ئاستىغا تۇشۇڭلەر دەپ فەرمان قىلغاي،
مۇندە يىغلاپ ئاخىرەتدە كۆلەلەمۇسەن.

يەر ئاستىدە ئاشىقىم بار ئىززەت قىلغىل،
يۈزمىڭ تۈرلۈك تەئام بىرلە ھۆرمەت قىلغىل،
باشى كۆزىن سىلاپ - سىپاپ شەفقەت قىلغىل،
مۇندە يىغلاپ ئاخىرەتدە كۆلەلەمۇسەن.

ھەۋز كەۋسەر شەرابىندىن مىھمان قىلغىل،
ئەنتەھۇردىن ئاتا بىرىپ ئىھسان قىلغىل،
خۇلقلار قىلىپ ئۆزلەرىگە جانان قىلغىل،
مۇندە يىغلاپ ئاخىرەتدە كۆلەلەمۇسەن.

فەرمانىنى مەھكەم تۇتۇپ تېزراق ئۇچقاي،
توققۇز ئاسمان ۋەھمى بىرلە قورقۇپ قاچقاي،
قەبر ئىچىندە ھۆرۇ غۇلمان سۆيۈنۈپ قۇچقاي،
مۇندە يىغلاپ ئاخىرەتدە كۈلەسەمۇسەن.

ھەقتائالا ئىسىز ساڭا ھەمراھ قىلدى،
قۇدرەت بىرلە تىللارىنى گۇيا قىلدى،
ئاشىقىم دەپ سەنى بىلەن سەۋدا قىلدى،
مۇندە يىغلاپ ئاخىرەتدە كۈلەسەمۇسەن.

دىدارىنى كۆرسەتەسە ھۆر ئۆزىگە،
ۋەللا بىللاھ قۇۋانماسەن بول سۆزىگە،
تا قيامەت كۆزۈم ئاچمام ھۆر يۈزىگە،
مۇندە يىغلاپ ئاخىرەتدە كۈلەسەمۇسەن.

ھۆرۇ غۇلمان يىغلاپ بارغاي ھەق قاشىغە،
ھەيران قالدىم ئاشىقلارىنى بىر ئىشىگە،
ئالەم تولدى كۆزدىن ئاققان قان ياشىگە،
مۇندە يىغلاپ ئاخىرەتدە كۈلەسەمۇسەن.

يىغلاماغنى خاسيەتى بول خاسيەت،
كېچە ـ كۈندۈز ئەنى قىلدىم مەن تەربيەت،
قەبر ئىچىندە ئەيشۇ ئىشرەت ھەم ئافيەت،
مۇندە يىغلاپ ئاخىرەتدە كۈلەسەمۇسەن.

يارىب ئەيغىل كۆپ يىغلاسۇن نادامەتدە،
دىدارىڭنى كۆرسەتۈرمەن قيامەتدە،
زايىئ قويمام يۈزمىڭ تۈرلۈك ئەلامەتدە،
مۇندە يىغلاپ ئاخىرەتدە كۈلەسەمۇسەن

بۇ سۆزلەرنى ئەيتىپ ئالار شادمان بولغاي،
كىفايەتنى دەربەر قىلىپ ئەريان بولغاي،
ھەمدىن ئەيتىپ شاكىر بولۇپ خەندان بولغاي،
مۇندە يىغلاپ ئاخىرەتدە كۈلەسەمۇسەن.

www.uyghurkitap.com

قۇل خۇجە ئەھمەد يىغلاماقنى ھىسابى بار،
قايدا بارساڭ جىلۋە قىلسا ھەق بىرۇبار،
نەدا كەلسە خاس بەندەم دەپ پەرۋەردىگار،
مۇندە يىغلاپ ئاخىرەتدە كۈلەمسۇسەن.

× ×

سەھەر ۋەقتدە قوپۇپ يىغلاپ نالە ئەيلە،
نالىشىڭدىن يەر ۋە كۆكلەر نەۋا قىلسۇن،
ھەققە سىغىنىپ كۆز ياشىڭنى ژالە ئەيلە،
ئاندىن سۆكرە ھەق دەردىڭە داۋا قىلسۇن.

چىن دەردلىكنى ئاللا ئۆزى بەندەم دىدى،
ئۈچ يۈز ئاتمىش تامۇرلارى زىكرىن ئەيدى،
مەلائىكلەر ياشى ئالىپ تۆھفە قىلدى،
كۆپ يىغلاغىل ياشىڭ ئالىپ گۇۋاھ قىلسۇن.

يۈزمىڭ گۇناھ سادىر بولسا بىلالمادىم،
دەرگاھىڭە تەۋبە قىلىپ كىلالمادىم،
خىزمەت قىلىپ ياخشى دۇئا ئالالمادىم،
يازۇقلاردىن سىنى نەدەپ سىۋا قىلسۇن.

بۇ ئالەمدە رەسۋا بولوپ قان يۇتماساڭ،
شەرىئەتدە، تەرىقەتدە پىر تۇتماساڭ،
ھەقىقەتدە دىل جاندىن پاك ئۆتمەسەڭ،
غەفلەتلەردىن سەنى نەدەپ جۇدا قىلسۇن.

ئىرانلارنىڭ قىلغانلارىن قىلالمادىك،
ئىستىئانەت تىلەپ دۇئا ئالالمادىك،
پىرسىز يۈرۈپ دۇرۇد ئەۋراد بىلەلمەدىك،
خاس بۇررۇكلار نەدەپ سىنى دۇئا قىلسۇن.

دام تەزۋىر قىلىپ خەلقنى يولدىن ئۇردىك،
شەيخلىق قىلىپ رىيا بىرلەن دۇكان قۇردىك،

ئشرەت قىلىپ شەيتان بىلەن دەۋران سۈردىڭ،
دىدارىنى نەدەپ ساڭا رەۋا قىلسۇن.

لۇتف ـ كەرەم ھەق ياراتدى بىزلەر ئۈچۈن،
جانۇ دىلدە قۇللۇق قىلماي بىزلەن نىچۈن،
ئاللا ئۈچۈن بەھىس ئىتەرمەن تاپىغىل سەخۇن،
ناپاكلارغە نەدەپ لۇتفىن ئەتا قىلسۇن.

كېچە ياتماي خەۋاب غەفلەت ھەرام قىلسە،
زىكىر سىرنى زىكىر روھنى تەمام قىلسە،
مىڭ بىر ئاتىن تەسبىھ قىلىپ كەلام قىلسە،
بەندە مەن دەپ دەرگاھىغە خەتا قىلسۇن.

ئەمىر مەئرۇف نەھى مۇنكەر بىلىپ قىلسە،
ياتسا ـ قوپسە خۇدايىنى ھازىر بىلسە،
تا ئۆلگۈنچە خۇدايىغە قۇللۇق قىلسە،
قۇۋۋەت بېرۇر ئەنى نە دەپ دۇتا قىلسۇن.

بىناماز ۋە بىتائەتكە بەرمەس قۇۋۋەت،
ئۆزى مەئيۇب فىئلى زەئىف بەرمەس ھىممەت،
رىزق ناقىس ئۆزى ناجىنس كۆرمەس دۆلەت،
ئول فاسىقنى نە دەپ دىلىن سەفا قىلسۇن.

ھەيف، ئادەم ئۆز قەدرىنى ئۆزى بىلمەس،
مەنلىك قىلىپ ياخشىلارنى كۆزگە ئىلمەس،
ئىرانلارنى سۆھبەتىگە قاچىپ كەلمەس،
ئول بىۋەفا ھەققە نە دەپ ۋافا قىلسۇن.

ئادەم ئولدۇر فەقىر بولۇپ يەردە ياتسە،
تۇفراق سۈفەت ئالەم ئانى باسىپ ئۆتسە،
يۇسۇف كەبى بۇرادەرى قۇل دەپ ساتسە،
قۇلنىڭ قۇلى ئول قۇل نە دەپ ھەۋا قىلسۇن.

زەۋقى شەۋقى مۇھەببەتنى بايان قىلسە،
خارلىق ـ زارلىق مۇشەققەتنى نىشان قىلسە،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئاشىقلارغا ئىشقىڭ ئوتىن ئەيان قىلسە،
چىن ئاشىقلار ئوتىدىن نە دەپ ئەبا قىلسۇن.

ئاللادىيۇ ئوتقا كىردى خەلىلۇللاھ،
ئۇ شول ئوتنى بوستان قىلدى باقىپ ئاللاھ،
بوينىن قىسىپ يىغلاپ ئىدى شەيئىللاھ،
فەقىر مىسكىن ئوندا نە دەپ ھەۋا قىلسۇن.

ھەققە ئاشىق سادىقلارى تۇرۇپ خىلۋەت،
تاڭلا بارسە ھەق قۇربىدە كۆرەر دۆلەت،
جەننەت كىرىپ دىدار كۆرەر ئەيش-راھەت،
پىنھان يۈرۈر خەلققە نە دەپ رىيا قىلسۇن.

قول خوجە ئەھمەد دەرد ھالەت پەيدا قىلغىل،
جان دىلىنى ھەق يولىدا شەيدا قىلغىل،
دەردىن تارتىپ رەۋز مەھشەر غەۋغا قىلغىل،
دەرد بولمەسە مەۋلۇم كىمگە دەۋا قىلسۇن.

× ×

مۇھەببەتنىڭ بازارىندە جەۋلان قىلىپ،
ئاخىرەتنى سوداسىنى باشلاسام مەن.
بۇ دۇنيانى ئىشرەتلەرىن ئارتقا تاشلاپ،
خارلىق - زارلىق يوللارىنى خۇشلاسام مەن.

بۇ يوللاردە خارلىق - زارلىق دەرگاھ ئىمىش،
نەسىبە، تەھلىل، روزە، نەماز بىكار ئىمىش،
يالغانچىدىن خۇدا، رەسۇل بىزار ئىمىش،
يالغان نەماز رىيالارنى تاشلاسام مەن.

چىن كۆڭۈلدە نەماز قىلغىل خۇدا بىلسۇن،
خەلق ئىچىندە رەسۋا بولغىل ئالەم كۈلسۇن،
تۇفراق سىفەت خارلىق تارتىغىل نەفسىڭ ئۆلسۇن،
ھىممەت بەرسەڭ نەفس بەدنى تاشلاسام مەن.

دوستلار مەنى رەسۋا قىلغان نەفس هەۋا،
ئەنىڭ ئۆچۈن شەيتان لەئىن قىلۇر غەۋغا،
لوتف ئەيلەسەڭ مەنمەنلىكنى قىلاي ئەدا،
رىيازەتدە جانىم قىيناپ ئىشلەسەمەمەن.

ئىشق يولىدا قەترە ـ قەترە قانلار يۇتاي،
رەهمان ئاتلىغ رەهمەتىڭدىن ئۆمىد تۇتاي،
جام شەراب تويا بەرسەڭ جاندىن ئۆتەي،
هەسرەتىڭدە ئىكى كۆزۈم ياشلاسام مەن.

نەفسىم مەنى ئۆتدەك يانىپ يولدىن ئۇردى،
يۈز مىڭ تۈرلۈك تائام تىلەپ دۇكان قۇردى،
ئاغزىن ئاچىپ هەر ئىشىككە مەنى سۇردى،
هىممەت بەرسەڭ شۇم نەفسىمنى مۇشلاسام مەن.

ئىشقىم تاشتى روهىم قاچتى قايدىن تاپاي،
ئارقاسىدىن ئىشق ئاتىنى مىنىپ چاپاي،
كىمنى كۆرسەم خىزىر بىلىپ ئىلكىن ئۇپاي،
خىزرۇ ئىلياس مەدەد قىلسە ئۇشلاسام مەن.

گۇناهىم كۆپ يەرگە سىغماس كىمگە ئەيتاي،
تەۋبە قىلىپ ئەگرى يولدىن راستغە قايتاي،
نەدامەتدە ئەتلەردەمنى ئۈزۈپ تارتاي،
سەد دەرىغ دەپ بارماقلارىم تىشلەسەم مەن.

ۋادەرىخا گۇناه قىلىپ هەددىن ئاشتىم،
نەفسىم مەنى تۇغيان قىلدى تۇرفە شاشتىم،
بىهەمدۇللاه پىرى مۇغان سىرى قاچتىم،
قولغە ئالىب نەفسى بەدنى تاشلاسام مەن.

قۇل خۇجە ئەهمەد هەر بىر سۆزۈڭ دەردكە دەرمان،
تالىبلارغە بايان قىلسام قالماس ئارمان،
تۆرت مىڭ تۆرت يۈز هىكمەت ئەيدىم هەقدىن فەرمان،
فەرمان بولسا تا ئۆلگۈنچە سۆزلەسەم مەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

× ×

سەھەرلەردە قوپۇپ يىغلاپ دۇئا قىلسام،
دوستلار مېنى خۇجام بەندەم دىگەيمۇكىن،
ياش ئورنىغە قانىم تۆكۈپ گۇۋاھ قىلسام،
دوستلار مېنى خۇجام بەندەم دىگەيمۇكىن.

دەرگاھىغە باشىم قويۇپ نالە قىلسام،
كۆز ياشىمنى ئاقۇزۇبان ژالە قىلسام،
باياۋانلار كېزىپ ئۆزەم ۋالە قىلسام،
دوستلار مېنى خۇجام بەندەم دىگەيمۇكىن.

قايدا بارسام يادىن ئېتىپ يىغلاسام مەن،
خىزمەتىدە بېلىم مەھكەم باغلاسام مەن،
ھەسرەتىدە يۈرەك ـ باغرىم داغلاسام مەن،
دوستلار مېنى خۇجام بەندەم دىگەيمۇكىن.

ھەر كۈن يۈز مىڭ قولۇم ئاچىپ ئامىن دىسەم،
مۇسا سۈفەت تۇر تاغىدا رازىن ئەيتسەم،
توقسان توققۇز رازىن ئەيتىپ جانىم بەرسەم،
دوستلار مېنى خۇجام بەندەم دىگەيمۇكىن.

ئاللاھ دىيۇ دەردى بىلەن ئۆلۈپ كەتسەم،
بايەزىددەك يەتمىش يولى ئۆزەم ساتسەم،
رىيازەتدە ھارىب ـ ئاچىپ، ئېرىپ ـ قاتسام،
دوستلار مېنى خۇجام بەندەم دىگەيمۇكىن.

ئاللا ئۈچۈن فەرزەندلەرىم يېتىم قىلسام،
ئەھلى ئايان خانىمانىم غەنىم قىلسام،
رىيازەتدە سۆڭەكلەرىم ھەلىم قىلسام،
دوستلار مېنى خۇجام بەندەم دىگەيمۇكىن.

ئاللا دىگەن بەندەلەرنى قۇلى بولسام،
يول ئۈستىندە تۇفراق سۈفەت يولى بولسام،
ئاشىقلارنى كۆيۈپ ئۆچكەن كۈلى بولسام،
دوستلار مېنى خۇجام بەندەم دىگەيمۇكىن.

ئاللاھ ـ ئاللاھ جانىم ئاللاھ، دىلىم ئاللاھ،
سەندىن ئۆزگە پاناھىم يوق ۋاللا بىللاھ،
يىغلاپ كەلدىم دەرگاھىڭغە شەيئۇللىلاھ،
دوستلار مېنى خۇجام بەندەم دىگەيمۇكىن.

ياخشىلارنى سۆھبەتىندە زاكىر بولسام،
ھەرنە جافا تەگسە ماڭا شاكىر بولسام،
ئايۇب سۇفەت بالاسىغە سابىر بولسام،
دوستلار مېنى خۇجام بەندەم دىگەيمۇكىن.

ئاستانەڭغە باشىم قويۇپ نالە قىلسام،
غەيبەت قىلغان تىللاردىنى يۈز مىڭ تىلسام،
گۇناھ قىلغان بەدەنلەرىم پارە قىلسام،
دوستلار مېنى خۇجام بەندەم دىگەيمۇكىن.

تەۋبە قىلدىم، تەۋبە قىلدىم قەبۇل قىلغىل،
تەۋبە قەبۇل قىلماس بولساڭ جانىم ئالغىل،
يولدا قالدىم يولدا قالدىم قولۇم ئالغىل،
دوستلار مېنى خۇجام بەندەم دىگەيمۇكىن.

ئاللاھ ئۈچۈن مەردانەۋار جانىم بەرسەم،
ئەھلى ئايال خانىماننى تاشلاپ كەتسەم،
جان نە بولغاي ئىمانىمدىن بەلكى ئۆتسەم،
دوستلار مېنى خۇجام بەندەم دىگەيمۇكىن.

سەھەرلەردە ئەرتە قويۇپ ھەققە يانسام،
ئۇلۇغ ـ كىچىك گۇناھلاردىن تەۋبە قىلسام،
زارى قىلىپ ھەزرەتىگە بويۇن سۇنسام،
دوستلار مېنى خۇجام بەندەم دىگەيمۇكىن.

قەھھار ئىگەم سەندىن قورقۇپ ئويغانسام مەن،
گۇناھىمغە ئىقرار قىلىپ ئىگرانسام مەن،
سەھەرلەردە ياقام ئۇشلاپ يالبارسام مەن،
دوستلار مېنى خۇجام بەندەم دىگەيمۇكىن.

www.uyghurkitap.com

تاشقىن كەلگەن دەريالاردەك يۇزلەسەم مەن،
ئازىپ قالغان بوتالاردەك بوزلاسام مەن،
ئۆلەر ۋەقتدە مىڭ بىر ئاتىڭ سۆزلەسەم مەن،
دوستلار مېنى خۇجام بەندەم دىگەيمۇكىن.

ۋاۋەيلىتا نادامەت دەپ قورقۇپ قوپسام،
پىرى مۇغان دەرگاھىڭنى تىنماي ئۇپسەم،
ياخشىلارنى خاك پايى بولۇپ ئۆلسەم،
دوستلار مېنى خۇجام بەندەم دىگەيمۇكىن.

تاڭ ئاتقۇنچە يىغلاپ تىنماي قورقۇپ چىقسام،
سۇبهان دەردىن ئەيتىپ داۋام ئىڭراپ چىقسام،
تۇفراق سۇفەت ئاجىز بولۇپ خارلىق تارتسام،
دوستلار مېنى خۇجام بەندەم دىگەيمۇكىن.

قۇل خۇجە ئەھمەد جانىڭ بەرگىل مەردانەۋار،
جاندىن كەچىپ يولغا كىرسەڭ كۆرگۇڭ دىدار،
مۇرادىڭنى بىرۇر ئاخىر پەرۋەردىگار،
دوستلار مېنى خۇجام بەندەم دىگەيمۇكىن.

× ×

ھەقنى سۆيگەن ئۇيۇماس،
غافىللارنى خۇشلاماس،
بىرلەھزە غافىل تۇرماس،
نىگە مۇنچە ئۇيۇرسەن؟

ئويغانىپ ئاللاھ دىگىل،
دەردى بىلەن ئاھ دىگىل،
ھەسرەت بىلەن ۋاھ دىگىل،
نىگە مۇنچە ئۇيۇرسەن؟

غەفلەتدە سەن ياتماغىل،
نىجاسەتكە پاتماغىل،
ھەق قۇللۇغىن قويماغىل،
نىگە مۇنچە ئۇيۇرسەن؟

تۇنى - كۇنى تۇرغىل تۇش،
نەفسىڭ بىلەن سەن ئۇرۇش،
ئۇممەتكە يولدۇر يۇرۇش،
نىگە مۇنچە ئۇيۇرسەن؟

سىراتنى سەن كەچمەيىن،
جەننەتكە سەن كىرمەيىن،
ھەق دىدارىن كۆرمەيىن،
نىگە مۇنچە ئۇيۇرسەن؟

شەيتان ساڭا كۆرنەدۇر،
كۇن چىققۇنچە ئۇيۇ دەر،
يۇزۇڭنى ھەم يۇما دەر،
نىگە مۇنچە ئۇيۇرسەن؟

شەيتان سەنى ئازغۇرۇر،
قان يىغلاسەڭ ئاز تۇرۇر،
تەڭرىڭ سەنى يازغۇرۇر،
نىگە مۇنچە ئۇيۇرسەن؟

كىمگە كىم نەزەر قىلۇر،
ئويغاقلار ئۇلۇش ئالۇر،
غافىللار قاراپ قالۇر،
نىگە مۇنچە ئۇيۇرسەن؟

تۇرۇك ئەھلى كېچە ياتىر،
ئاشىقلار كېچە باتىر،
تۆرە تۇرۇر ئول قادىر،
نىگە مۇنچە ئۇيۇرسەن؟

ئۇيقۇ تەنگە راھەتدۇر،
ۋەلى جانغە زەھمەتدۇر،
ئويغاقلارغە رەھمەتدۇر،
نىگە مۇنچە ئۇيۇرسەن؟

ئاتاڭ ئۆلدى بىلۇرسەن،
ئاناڭ ئۆلدى بىلۇرسەن،
سەن ھەم بىر كۈن ئۆلەرسەن،
نىگە مۇنچە ئۇيۇرسەن؟

ئەگەر بولساڭ ئۆلۈملۈك،
بولما ھەرگىز ئۇيقۇلۇق،
ئەھمەد بولدى قايغۇلۇق،
نىگە مۇنچە ئۇيۇرسەن؟

× ×

ھەر سۇبھىدەم بوينۇم قىسىپ رەببىم دىسەم،
رەببىم مېنى مۇرادىمنى بىرەرمۇكىن؟
قانلار تۆكۈپ كۆزلەرىمدىن زار ئىڭراسام،
تەڭرىم مېنى ھالى دىلىم سورارمۇكىن؟

مۇھەببەتنىڭ مەيدانىدا باش ئويناسا،
مەنسۇر سۇفەت ئىشق دارىدە باشىم بەرسەم،
يۈز مىڭ جافا تارتىپ ئاندا جان قىيناسام،
ئاجىز قۇلۇڭ جامالىڭنى كۆرەرمۇكىن؟

يا رەببىنا زىكرىن ئەيتىپ زاكىر بولسام،
سانسىز مىھنەت باشقا تۈشسە شاكىر بولسام،
ياخشىلارنى سۆھبەتىدە ھازىر بولسام،
مىسكىن بەندەڭ فەيزى فۇتۇھ ئالارمۇكىن؟

زاھىدلاردەك ناماز ئوقۇپ تائەت قىلسام،
ئاشىقلاردەك يىغلاماقنى ئادەت قىلسام،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۆز يەرىدە غەربلىقنى راھەت بىلسەم،
دەرگاھىدا خوجام قەبۇل قىلارمۇكىن؟

يىگىتلىكدە تائەت قىلىپ ئىگىلەدىم،
قەرىب چۆكتۇم رىيازەتدە بۆكۆلەدىم،
لا ـ لا ئەيتىپ ئىللەللاھدە سۆكۆلەدىم،
خىزىر بابام ئۆز يولغە سالارمۇكىن؟

بۇ دۇنيادا مەندەك ئاسى ھەرگىز بولماس،
مۇنداغ گۇناھ تەرسا جوھود كافىر قىلماس،
ئۆلۈپ بارسام دەۋزەخ ئىچرە ئورۇن بەرمەس،
تەۋبە قىلسام خۇجام قەبۇل قىلارمۇكىن؟

دەرگاھىغە ھاجەت تىلەپ يىغلاپ كەلدىم،
جاندىن كېچىپ بىلىم مەھكەم باغلاپ كەلدىم،
ئەيىپ ياپقۇچى سەتتارلىغىڭ ئاڭلاپ كەلدىم،
قان يىغلاسام ھاجەت رەۋا بولارمۇكىن؟

قىزىل يۈزۈم رىيازەتدە سارغايتمايىن،
سەھەرلەردە غەرىب جاننى ئىڭراتمايىن،
بىر كۈن يانىپ شۇم نەفسىڭنى ئۆرگەتمەيىن،
ھەق قەھرىدىن قورقسام رەنگىم سولارمۇكىن؟

قالۇ بەلا دىدىم سەڭا سۆزۈم يالغان،
ھەق فەرمانىن مەھكەم تۇتماي يولدا قالغان،
جانىم ئۆلگەن دىلىم ئۆلگەن نەفسىم تىرىلگەن،
ئاللاھ دىسەم كافىر نەفسىم ئۆلەرمۇكىن؟

قۇل خۇجە ئەھمەد كۆڭلۈم كۆزى ئاچىلغايمۇ،
تىللارىمدىن دۇررى گەۋھەر ساچىلغايمۇ،
ئاللاھ دىسەم گۇناھلارىم كەچۇلغايمۇ،
ئۆلەر ۋەقتدە ئىمان ئەتا قىلارمۇكىن؟

× ×

ھەر سۇبھىدەم ئىلكىم ئاچىپ، ياشىم ساچىپ،
ھەق مەۋلۇمنى دەرگاھىغە بارسامۇكىن.

ھەقتائالا رەھىمەتىندىن ئۈممىد تۇتۇپ،
سەھەرلەردە زارى قىلىپ يۇرسەممۇكىن.

زارى قىلساڭ ئاللاھ سەندىن خۇررەم بولۇر،
تاڭلا بارسا دىدارىغە مەھرەم بولۇر،
جان بىرۇردە ئارىغ ئىمان ھەمدەم قىلۇر،
ئىمان ئۈچۈن جاننى قۇربان قىلساممۇكىن.

سىدقىڭ بىلەن ئاللاھ دىگىل قوبۇل قىلسۇن،
ئەي مۆئمىنلەر دۇئا قىلىڭ نەفسىم ئۆلسۇن،
ئاندىن سوڭرە ئىچۇ تاشىم نۇرغە تولسۇن،
نۇرىن ئىزلەپ دائىم يۇزلەپ يۇرسەممۇكىن.

بىخۇد بولۇپ رەقس سەمائ ئۇرۇپ يۇرسەم،
باياباnلار كېزىپ يىغلاپ فەرياد ئۇرسەم،
مەنسۇر سوفەت ئىشق داردە باشىم بەرسەم،
شىبلى يەڭلىغ دىدارىنى كۆرسەممۇكىن.

شىبلى ئاشىق سەرمەست ئولۇب سەمائ ئۇردى،
شەرتى ئولكى دۇنيا ئۇقبىن تەلاق قويدى.
ھىچكىم بىلمەس سىررى پاكىن ئاللاھ بىلدى،
ئەي يارانلار تەقلىد قىلىپ يۇرسەممۇكىن.

ھالال ئەرمىش ئاشىقلاردە رەقس سەمائ،
فەئەززىكرۇللاھ ئەززىكرىكىم دىدى ئاللاھ،
ئايەت، ھەدىس بايان قىلدى ھەق مۇستافا،
لالا ئەيتىپ ئىشق دۇكانىن قۇرساممۇكىن.

ھەلال ئولدى ئاشىقلاردە يۇرەك قانى،
رەقس سەمائ ئاشىقلارنى گويا جانى،
نەفس ئىزاسى، روھ غىزاسى ھەم ئىمانى،
ھەمدىن ئەيتىپ شاكىر بولۇپ يۇرسەممۇكىن.

ئاللاھ ئۈچۈن چىن ئاشىقلار جانىن بەردى،
سۆھبەت كىرىپ سۆزلەر ئىشىتىپ دۇررىلەر تەردى.

ئەنىڭ ئۈچۈن سۇلتان ئەھمەد ئۇلۇش ئالدى،
شەۋقى بىرلەن كۆيۈپ يانىپ ئۆلسەممۇكىن.

ئانداغ قۇلنى ئەزىز باشى تۇفراقىدىن خار،
ئەھلى ئايال خانىماندىن بولۇر بىزار،
تۈن ئۇيقۇنى ھارام قىلىپ بولۇر بىدار،
تاپسام ئانى ئىزىن ئالىپ ئۇپسەممۇكىن.

مەلائىكىلەر تەسبىھىدىن بىخۇد بولدى،
مىئراج ئۈززە ھەق مۇستافا بىر چەرخ ئۇردى،
جەبرائىل ھەق رەسۇلغە قاراپ تۇردى،
ئۇممەت بولسام مەن ھەم بىر چەرخ ئۇرسامىمۇكىن.

ھەي، ھەي دېيۇ ھەق مۇستافا قولىن تۇتتى،
ئۇممەتلەرىن ھالىن كۆرۈپ ئۆزدىن كەتتى،
ئاتا ـ ئانا دەمەدى ئول بىزنى تۇتتى،
كېچە ياتماي زىكرىن قىلىپ ئۇرسامىمۇكىن.

قۇل خوجە ئەھمەد ئۇممەت بولساڭ شۇنداغ قىلغىل،
ھەق رەسۇلنىڭ قىلغانلارىن سەن ھەم قىلغىل،
كۆپ يىغلايۇپ فەيزى فۇتۇھ ئالا كۆرگىل،
جاندىن كېچىپ فەيزى فۇتۇھ ئالسامۇكىن.

× ×

سەن ـ سەن مېنىم پاناھىم دەپ يولغا كىرسەم
بىرۇبارىم يولۇم مېنى ئاچارمۇكىن؟
ھارام شۇبھە قاراڭغۇلۇق باسقان كۆڭۈل،
رەۋشەن بولۇپ دۇرر گەۋھەر ساچارمۇكىن؟

نەزەر تاپسە خەستە كۆڭۈل رەۋشەن بولۇر،
يۈز مىڭ تۇرلۇك يازۇقلارىم پىنھان بولۇر،
لۇتفى ئەيلەسە يۈز مىڭ ئاسى خەندان بولۇر،
ھەق ياندۇرغان چىراغ ھەرگىز ئۆچەرمۇكىن؟

ئەئۇزۇبىللاھى مىنەششەيتانىررەجىم دىسەم،
تائەت بىلەن سۆڭەكلەرىم ھەلىم قىلسام،

ئەھلى ئايال خانىمانىم غەنىم قىلسام،
شەيتانٔ لەئىن مەندىن يىراق قاچارمۇكىن؟

يول ئۈستىدە ئەزىز باشىم تۇفراق قىلسام،
جان - دىلىم ھەق زىكرىگە مۇشتاق قىلسام،
زىكرىن ئەيتىپ مۇردار جىسمىم ئاپاق قىلسام،
ۋۇجۇدۇمدىن بۇ ئۇقبەلەر كۆچەرمۇكىن؟

ئاللا دىيۇ ھەزرەتىگە سىغىنىپ بارسام،
مۇھەببەتىنىڭ شەۋقى بىرلەن كۆكسۇم يارسام،
ھەمدىڭ ئەيتىپ دەردىڭ چېكىپ ئافەت تارسام،
غەرىب بەندەڭ ئۆلەستۇ خەمرىن ئىچەرمۇكىن؟

تاغدىن ئاغىر گۇناھىم بار ئۆتەي دىسەم،
يازۇقۇم كۆپ يەرگە سىغماس بىتەي دىسەم،
باشىم ئالىپ باياباىلار كېتەي دىسەم،
رەھىم مەۋلۇم گۇناھىمنى كىچەرمۇكىن؟

خىزمەت قىلىپ دەرد ھالەت پەيدا قىلسام،
تەرىقەتىنىڭ بازارىندە سودا قىلسام،
مەنسۇر يەگلىغ ئەنەلھەق دەپ غەۋغا قىلسام،
دىدار كۆرۈپ روھىم ئەرشە يىتەرمۇكىن؟

ئۆلەر ۋەقتدە ئارسلان بابامنى بىر كۆرسەم،
گۆدەكلىكدە بىلەلمەدىم جانىم بەرسەم،
ھەر بىر باستان ئىزىن ئالىپ كۆزگە سۈرسەم،
كۆكسۇمدىكى گىرىھلارىم ئاچارمۇكىن؟

قۇل خوجە ئەھمەد كۆڭلۇم كۆزى ئاچىلغايمۇ،
تىللاردىن دۇررى گەۋھەر ساچىلغايمۇ،
ئاللاھ دىسەم گۇناھىمنى كەچۈرگەيمۇ،
جەننەت كىرىپ ھۆر - غۇلمان قۇچارمۇكىن؟

× ×

بۇ ئالەمدە قورقۇپ يىغلاپ زار ئىڭراسام،
ئاخىرەتدە روھىم ئارام ئالارمۇكىن؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىرانلارنى باسقان ئىزىن كۆزگە سۈرسەم،
پېرى مۇغان مېنى يولغا سالارمۇكىن؟

باشىم يارەب بېلىم باغلاپ قىلسام ئىخلاس،
شەيتان لەئىن چانگالىدىن بولسام خالاس،
جان بىرەردە مەدەد قىلسە خىزىر ئىلياس،
غەۋسى غىياس خەتمە ياسىن قىلارمۇكىن؟

ھەر كۈن جۇرم ئىسيان يۈز مىڭ ماڭا ئادەت،
تاغۇ چۆللەر گۇناھىمدىن قىلماس تاقەت،
بۇ ئىش بىلەن ئاخىرەتدە بارمۇ راھەت،
تەۋبە قىلسام ئادەتلەرىم قالارمۇكىن؟

ئاستانەگە باشىم قويۇپ زارى قىلسام،
غەرىب يېتىم باشىن سىلاپ داد ئەيلەسەم،
ھەقدىن قورقۇپ دۇنيا ئىشىن ئارتقا سالسام
خۇجام مېنى ھالىم سوراپ كېلەرمۇكىن؟

ئادەم سەفى سۈننەتلەرىن تىلغا ئالسام،
رەببەنا زۇلمنا دەپ راھەت قىلسام،
بايابان‌دا كۆز ياشىمنى ژالە قىلسام،
بىرۇبارىم يولۇم مېنى ئاچارمۇكىن؟

سەھەرلەردە زارى قىلىپ يىغلاسام مەن،
جان بىرۈرگە بېلىم مەھكەم باغلاسام مەن،
شەۋقى بىلەن يۈرەك باغرىم داغلاسام مەن،
ھەق چىراغى قەبرىم ئىچرە يانارمۇكىن؟

باش، تەنىم تۇفراق قىلىپ فەنا بولسام،
دىدار تىلەپ ھەسرەتىڭدا ئادا بولسام،
ئەھلى، ئايال، خانىماندىن جۇدا بولسام،
ھەق مەۋلۇمنى ماڭا رەھمى كېلەرمۇكىن؟

شەيتان لەئىن يولۇم ئۇردى ھالىم تەباھ،
يىغلامايمۇ نەفسىم مېنى قىلدى ھەۋا،

ئالەم بارى باسىپ ئۆتسە مېنى رەۋا،
كافىر نەفسىم ئەزازۇلدىن تانارمۇكىن؟

غەرىب جانىم ھەق يولىدا نەرد ئويناسام،
شاھ ھۇسەيىن كەربەلادا سۇساپ ئۆلسەم،
ھەق شارابىن ئىچەرمەندەپ تەشنە بولسام،
ئاندا بارسام سۇسىزلارىم قانارمۇكىن.

شەھرى بانۇ ئانامىزدەك يىغلاپ يۈرسەم،
ئاللا ئۈچۈن كافىرلارغە تۇتقۇن بولسام،
ئەسھابلاردەك دىن تالاشىپ جانىم بەرسەم،
رەھىمان ئىگەم ساڭا مەقبۇل بولارمۇكىن؟

شەرمەندەمەن، دەرماندەمەن يولغا سالغىل
يولىن ئازغان دەرماندەمەن قولۇم ئالغىل،
ئاللاھ دىيۇ فەنا بولدۇم رەھىم ئەيلەگىل،
ئاسىيلارگە فەيزى فۇتۇھ بىرەرمۇكىن؟

ئەي ئاسىيلار تەۋبە قىلىڭ ھەق ئىشتسۇن،
نالەڭىزدىن يەر ۋە كۆكلەر ناۋا قىلسۇن،
مەلائىكلەر ھەقدىن تىلەپ ئۈلۈش بەرسۇن،
ئۈلۈش ئالغان قۇلنىڭ غەمى بولارمۇكىن؟

ئەقلىم ھەيران، كۆزۈم گىريان، خانەۋەيران،
ھەق يولىنى بىلائالماس ئۆزۈم نادان،
ئەي تالىبلار بىلائالماس قايدا جانان،
جانانەدىن ھىچكىم خەبەر بىلەرمۇكىن؟

جانانەنى تاپاي دىسەڭ سەھەر تۇرغىل،
ئاشىقلارنىڭ مەجلىسىگە ئۆزۈڭ ئۇرغىل،
ھەقنى ئىزلەپ دائىم يۈزلەپ ماتەم قۇرغىل،
ماتەم قۇرماي تەرىقەتكە كىرەرمۇكىن؟

ھەق ۋەسلىغە يېتەي دىسەڭ زارى قىلغىل،
زىكرىن ئەيتىپ ئىرانلارغا يارى بەرگىل،

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

جافا تارتىپ ئىرانلاردىن ئۇلۇش ئالغىل،
ئۇلۇش ئالماي دىدارىنى كۆرۈرمۇكىن؟
قۇل خوجە ئەھمەد ھەرنە دەرسەن بولھەۋەس سەن،
ھەقدىن قورقۇپ ئاخىرەتكە غەم يىمەسسەن،
باشىڭ بىلەن تۈنلەر قاتىپ ھۇ دىمەسسەن،
بول ئىشىگىنى خوجام تامام قىلۇرمۇكىن؟

× ×

ھېچ بىلمەدىم نىچۈك كەچتى ئۆمرۈم مىنى،
سۇرار بولسا مەن قۇل ئاندە نە قىلغايمەن؟
نە بولغاي يولغا سالساڭ مەن ئاسىينى،
سۇرار بولسا مەن قۇل ئاندا نە قىلغايمەن؟

يولدىن چىقىپ ئازغانىمنى بىلمەدىمەن،
ھەق سۆزنى قۇلاقىمغە ئىلمەدىمەن،
بۇ دۇنيادىن كېتەردىمنى بىلمەدىمەن،
سورار بولسا مەن قۇل ئاندا نە قىلغايمەن؟

ئۆتكەنلەردىن ئىبرەت ئالىپ يولغا كىرمەي،
نەۋھە فەرياد ئىتىپ ئاندا ئۆرتەپ كۆيمەي،
كېچە ـ كۈندۈز يىرىمىشمەن ئۆزنى بىلمەي،
سورار بولسا مەن قۇل ئاندا نە قىلغايمەن؟

جانىڭ چىقىپ تەنىڭ ياتۇر تارلەھەددە،
سورغۇچىلار كېلىپ سورسە ئول ھالەتدە،
ئاقار ياشىم، كېتەر ھۇشۇم ئول ۋەقتدە،
سورار بولسا مەن قۇل ئاندا نە قىلغايمەن؟

غافىللىكدە يىرىدىڭ سەن ئىتتەك شاشىپ،
تەنىڭ ياتۇر تارلەھەددە كۆيۈپ شەشىپ،
ئىش قىلمەدىڭ تەگرىگە سەن كۆكسىڭ تەشىپ،
سورار بولسا مەن قۇل ئاندا نە قىلغايمەن؟

قۇل خوجە ئەھمەد بۇ دۇنيادە تەۋبە قىلغىل،
تەۋبە قىلىپ يول باشىغە بارىپ تۇرغىل،

خاس قۇللاردەك ياراغىڭنى ئالىپ تۇرغىل،
سورار بولسا مەن قۇل ئاندا نە قىلغايمەن؟

× ×

خوش غايىبدىن هازىر بولغان دەرۋىشلەر،
جانىم بىلەن ئەنى مىهمان قىلسامىكىن؟
يوللارىغە باشىم قويۇپ يۈزۈم سۈرتۈپ،
تۇفراق بولۇپ فەيزى فوتۇھ ئالسامىكىن؟

دەرۋىشلەرنى هەر بىر سۆزى دەردكە دەرمان،
دەرۋىشلەرگە بى ئىخلاسنى سۆيمەس رەهمان،
ئىخلاسى يوق بىئەدەپلەر يولدا قالغان،
دەرۋىشلەرنى خاكى پايى بولسامىكىن.

سىدقىڭ بىرلە ئاللا دىگىل هالا فۇرسەت،
هەق زىكرىنى ۋەرد ئەيلەگىل دەم غەنىمەت،
هەلقە ئىچرە ئاللاھ دىگىل بىرۇر قۇۋۋەت،
يادىن ئەيتىپ جانىم قۇربان قىلسامىكىن؟

ئۇقبە ئىشىپ، كۆكسىڭ تەشىپ يولنى تاپغىل،
ياخشىلاردىن هەر سىركۆرسەڭ بۇكۇپ ياپغىل،
كىمنى كۆرسەڭ خىردىر بىلىپ قۇلىن ئۆپكىل،
ئىرانلارنىڭ يولىن ئىزلاپ يورىسامىكىن؟

ئۇشبۇ يولغە كىردىم ئىرسە هەيران بولدۇم،
باشىم قاتىپ، ئەقلىم ئازىپ سەرسان بولدۇم،
دانا ئەردىم پىرسىز يۈرۈپ نادان بولدۇم،
پىرى مۇغان خىزمەتىندە يۈرسەممۇكىن؟

ئاستانەسىن ياستانىبان ئىزىن ئۆپسۇن،
ئىخلاس بىلەن خوجام دىگىل تەكرى سۆيسۇن،
ئاندىن سۈكرە دۇررى مەقسۇد قولغە بەرسۇن،
مۇشەققەتلەر، رىيازەتلەر تارتسامىكىن؟

www.uyghurkitap.com

سىرات كەچمەي بەندە بولساڭ قەھ-قەھ كۈلمە
جەننەت كىرمەي بۇ دۇنيادا خۇررەم يۈرمە،
دىدار كۆرمەي يىغلاماقنى ھەرگىز قويمە،
مۇندا يىغلاپ ئاخىرەتدە كۈلسەمۇكىن؟

تۈنلەر قوپسام تاپىلغايمۇ يارنى ۋەسلى،
مىلڭ بىر ئىسمى زاتى پاكى ئەسلى نەسلى،
ئۇن سەككىزمىڭ ئالەم ئىچرە يوقتۇر مىسلى،
قۇدرەتىغە ھەيران بولۇپ تۇرسامۇكىن؟

ھالا دەم بار سىدقىڭ بىلەن قىلغىل سۆھبەت،
ياماندىن قاچ ياخشىلارغا بولغىل ئۈلفەت،
زارى قىلغىل كېچە-كۈندۈز تارت رىيازەت،
رىيازەتنىڭ بوتەسىندە كىرسەمۇكىن؟

ۋاۋەيلىتا يىگىتلىگىم بىغەم ئۆتتى،
تەۋبە قىلماي قەرىلىغىم قاپساپ يەتتى،
بىلمەي قالدىم ئەجەل كېلىپ ياقام تۇتتى،
تۆبۇ ئىلە ئۇقۇ-ئۇقۇ ئۆلسەمۇكىن؟

سۆزنى ئەيدىم ئىشىتكەنلەر قىلسۇن ئەمەل،
ئۇممەت ئەرسەڭ ياخشى سۆزگە قىلغىل جەدەل،
مەئنەسىغە يەتكەن ئالۇر قەندۇ ئەسەل،
چىن قۇلاقلىق تالىبلارگە ئەيتسامۇكىن؟

قۇل خوجە ئەھمەد تالىبلارگە ناسىھ بولدى،
ھەقدىن قورقۇپ ئاتمىش ئۈچدە يەرگە كىردى
ئەدەپ ساقلاپ مۇستافاغە ئۈممەد بولدى،
قالغانلارغە سۆزنى ئەيتىپ ئۆلسەمۇكىن؟

× ×

سەھەرلەردە چارزەرب ئۇرۇپ رەبىم دىسەم،
دەرگاھىدا خوجام قوبۇل قىلارمۇكىن؟

ھەسرەتىندە ياشدىن ئاياغ دەرد ئەيلەسەم،
دەرگاھىدا خۇجام قوبۇل قىلارمۇكىن؟

تۈنلەر تۇرۇپ دەرگاھىدە سانا قىلسام،
دەرگاھىدا باشىم قويۇپ دۇئا قىلسام،
قانلار تۆكۈپ كۆزلەردىن، باغرىم تىلسام،
دەرگاھىدا خۇجام قوبۇل قىلارمۇكىن؟

ئاللاھ ئۈچۈن مەردانەۋار جانىم بەرسەم،
زار ئىگراپان زاكىر بولۇپ زىكرىن ئېيتسام،
ئەھلى ئايال خانىمانىم غەنىم قىلسام،
دەرگاھىدا خۇجام قوبۇل قىلارمۇكىن؟

مەنسۇر يەڭلىغ ئەنەلھەق دەپ يىغلاپ تۇرسام،
شەبەلىدەك ئاشىق بولۇپ قەدەم ئۇرسام،
بايەزىددەك تۈن-كۈن تىنماي كەئبە بارسام،
دەرگاھىدا خۇجام قوبۇل قىلارمۇكىن؟

ياخشىلارنى سۆھبەتىدە قايىم بولسام،
ھۇ-ھۇ دىيۇ زىكرى بىرلەن دائىم بولسام،
ئاشىقلاردەك چەرخ ئۇرۇبان جانىم بەرسەم،
دەرگاھىدا خۇجام قوبۇل قىلارمۇكىن؟

ئايۇپ سۈفەت قۇرۇت ئىچىندە ھىبا بولسام،
يەھيا كەبى كۆزلەرىمدىن قانلار تۆكسەم،
موسادەك تۇر تاغىدە تائەت قىلسام،
دەرگاھىدا خۇجام قوبۇل قىلارمۇكىن؟

يۇنۇسدەك دەريا ئىچرە بالىق بولسام،
يۈسۈفدەك قۇدۇق ئىچرە تۈن-كۈن قالسام،
يەئقۇبدەك يۈسۈف ئۈچۈن زار ئىگراسام،
دەرگاھىدا خۇجام قوبۇل قىلارمۇكىن؟

ئەيا دوستلار ھىچ قىلمەدىم ياخشى ئەمەل،
ئىرانلارنىڭ ئىزىن ئىزلاپ قىلغىل جەدەل،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئەي بىخەبەر شەرمەندەئى رەۋزى ئەزەل،
دەرگاھىدا خۇجام قوبۇل قىلارمۇكىن؟

مەن دەفتەرى سانى ئەيتىم دەردكە داۋا
تۇفراق سۇفەت باسىپ ئۈتسە مىنى راۋا،
يىغلاپ كەلدىم ئىشىگىڭگە مەن بىناۋا،
دەرگاھىدا خۇجام قوبۇل قىلارمۇكىن؟

تىلى بىلەن ئۇممەت مەن، دەپ يالغان سۆزلەر،
ۋەئزىن ئەيتىپ خالايىققە دۇنيا ئىزلەر،
كىشى مالىن ئالماق ئۇچۇن ھەريان كۆزلەر،
دەرگاھىدا خۇجام قوبۇل قىلارمۇكىن؟

ئاللا دىيۇ سىدقىم بىلەن تەۋبە قىلسام،
غەيبەت قىلغان تىللارىمنى يۇزمىڭ تىلسام،
ھەقدىن قورقۇپ دۇنيا ئىشىن ئارقە سالسام،
دەرگاھىدا خۇجام قوبۇل قىلارمۇكىن؟

ھىكمەت ئوقۇپ ئىخلاس قىلىپ يولغا كىرگەن،
ياخشىلارنى ئىزىن ئىزلاپ دۇئا ئالغان،
بولھەۋەسلەر ئاشىقمەن دەپ يولدا قالغان،
دەرگاھىدا خۇجام قوبۇل قىلارمۇكىن؟

قۇل خۇجە ئەھمەد ھىكمەت ئەيغىل ئاشىقلارغە،
سىدقى بىلەن يولغا كىرگەن سادىقلارغە،
ئىخلاس بىلەن ھەقنى دىگەن لايىقلارغە،
دەرگاھىدا خۇجام قوبۇل قىلارمۇكىن؟

× ×

سەھەرلەردە ئەرتە قوپۇپ نالە قىلغىل،
نالە ئەيلەپ يۈرەك باغرىڭ ئادا بولسۇن،
كۆز ياشىڭنى ئاقۇزۇبان ژالە قىلغىل،
ھەق قاشىدا كۆزۈڭ ياشى گۇۋاھ بولسۇن.

ئىخلاس بىلەن ئىشقىقە قەدەم قويغان بەندە،
تائەت قىلماي ھەق دىدارىن كۆرمەك قەندە،
جانىڭ كۆيۈپ تەنىڭ ئېرىپ بارساڭ ئاندە،
دەرگاھىغا بارىپ يىغلاپ ئادا بولسۇن.

كېچە-كۈندۈز ھەق دىدارىن تىلەگەنلەر،
تەنى جانى شەۋق ئوتىغە داغلاغانلەر،
شەۋق شەرابىن ئىچەرمەن دەپ يىغلاغانلەر،
شەراب ئىچمەي بارىب ئاندا گەدا بولسۇن.

ئاشىقلارنى خەلق ئىچىندە سىرى پىنھان،
باشىن ئۇرۇپ پەرۋانەدەك كۆيەر چەندان،
نەئرە ئۇرۇپ فەرياد ئىتىپ قىلۇر ئەفغان،
قان يىغلاغىل ھەق دەردىگە داۋا بولسۇن.

نەفسىدىن كەچمەي ھەق قاشىدە يوقتۇر راھەت،
جافا چېكىپ مىھنەت تارتىپ كۆرگىل دەۋلەت،
ئىچمىش-يىمىش نئمەتلەرى قايغۇ-مىھنەت،
ۋەھمى بىرلەن ئەلىف قەددىڭ دۇتا بولسۇن.

ئاشىقلارى كېچە-كۈندۈز خىلۋەت ئىستەر،
ھەقنى تاپماي يىغلاپ يۈرۈپ بولۇر مۇزتەر،
ھاجەت ئەرمەس ئاشىقلارغە بالىن بىستەر،
كۆيۈپ يانىپ دەردى بىلەن ئادا بولسۇن.

دۇنيا ئىزلەپ نەفسىم مېنى سالدى يىراق،
تۇغيان قىلىپ كېچە-كۈندۈز ئۆرتەر فىراق،
ئەيا نادان بۇ دۇنيانى قىلغىل تەلاق،
خاس ئاشىقغە ھەق دىدارىن رەۋا قىلسۇن.

ئىسىز ئۆمرۇم كەچتى مېنى رەسۋالىقدە،
دائىم يۈردۈم نەفسىم ئۈچۈن گەدالىقدە،
ئۆتكەن ئۆمرۇم قايتا كەلمەس ئەدالىقدە،
نەدامەت قىل دىللارىڭە سەفا بولسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

شەۋق شەرابىن ئىچكەن ئاشىق قەرار ئالماس،
يادىن ئەيتىپ دائىم مۇدام تىلدىن سالماس،
ئىرانلارنىڭ ئىزىن ئىزلاپ دائىم قالماس،
چىن دەردلىككە ھەقنىڭ يادى دەۋا بولسۇن.

مۇرشىدلارنىڭ ئارقاسىدىن ھەرگىز قالما،
ھەقنى سۆيگىل دۇنيالىقنى قولغا ئالما،
نەفسىڭ ئۈچۈن سەن ئۆزەڭنى ئوتقا سالما،
گەردىپايىن سۈر كۆزىڭگە زىيا بولسۇن.

كۆز ياشىمنى رىياسى يوق ئەيا دوستلار،
ۋەردى تەكيە نەئرە ئۇرار قۇرۇق پوستلار،
كۆز ياشىمنى پەردەسى يوق ئەيا دوستلار،
ئاشىقلارى ئۆلەەي تۇرۇپ فەنا بولسۇن.

نەفسى ئۈچۈن تىنىماي ھەردەم مىھنەت قىلغان،
دىن ئىشىنى ئارتقە سالىپ دۇنيا سۆيگەن،
ھەرىس بولۇپ بۇ دۇنيانى قولغا ئالغان،
چىن ئاشىقلار بۇ دۇنيادىن سەۋا بولسۇن.

قۇل خوجە ئەھمەد بەندە بولساڭ ھەقنى ئىزلە،
ئاشىق بولساڭ باتىن بىلەن ئەرشنى كۆزلە،
ھىكمەت ئەيتىپ ئايەت ھەدىس سۆزىن سۆزلە،
داناەرغە ئەيغان سۆزۈڭ ئىما بولسۇن.

× ×

تىلىم سەۋدا باشىمىزدىن كەتمەس بولدى،
سىياسەتلىغ ئۇلۇغ كۈندە نە قىلغايمەن؟
سانسىز ھىجاب بۇ كۆڭلۈمدىن كەتمەس بولدى،
سىياسەتلىغ ئۇلۇغ كۈندە نە قىلغايمەن؟

يىدىم ئىچدىم ھىسابىنى بىلمەدىمەن،
ئەگرى يولدىن توغرى يولغا كىرمەدىمەن،

سىدقىم بىلەن ئارىغ تەۋبە قىلمەدىممەن،
سىياسەتلىغ ئۇلۇغ كۈندە نە قىلغايمەن؟

بۇ دۇنيانى ھەرگىز فەنا بولماس ساندىم،
ھەق ئامانەت قويغاننى ئالماس ساندىم،
تىرىكلىكدە بۇ ئۆلۈمنى كەلمەس ساندىم،
سىياسەتلىغ ئۇلۇغ كۈندە نە قىلغايمەن؟

ھەق نىئمەتىن يايىپ شۈكرىن قىلمادىممەن،
تۈنلەر قوپۇپ ھەركۈن تائەت قىلمادىممەن،
ئەفسۇس كۈننىڭ كىلەرنى بىلمەدىممەن،
سىياسەتلىغ ئۇلۇغ كۈندە نە قىلغايمەن؟

قىيامەت كۈن ئەيش قىلغانلار مەزدىن ئالدى،
ھىسابسىز يولغا كىرىپ گۈكرەپ ياندى،
مەندەك يولدا قالغانلارغە ھەسرەت بولدى،
سىياسەتلىغ ئۇلۇغ كۈندە نە قىلغايمەن؟

قارانغۇلۇق تار لەھەدكە مىنى قويسا،
سىياسەتلىغ فەرىشتەلەر كىرىپ كەلسە،
مەن رەببىك دەپ دىن نەبىدىن سۇئال قىلسە،
سىياسەتلىغ ئۇلۇغ كۈندە نە قىلغايمەن؟

قىيامەت كۈن ئول سىراتدىن ئۆتكەرگۈسى،
مىزان ئاتلىغ تەرازۇنى ھەم قۇرغۇسى،
ئۇڭ-سولدىن نامەلەرنى ھەم بەرگۈسى،
سىياسەتلىغ ئۇلۇغ كۈندە نە قىلغايمەن؟

سىرات قەئرى جەھەننەمدۇر باقىپ كۆرسە،
ئەنى كۆرۈپ ئەئزالارىڭ تىترەپ تۇرسە،
فەرىشتەلەر كىرگىل دىيۇ ئۇرۇپ تۇرسە،
سىياسەتلىغ ئۇلۇغ كۈندە نە قىلغايمەن؟

غەففار تەڭرىم ئاسان قىلغىل سەن تەرازۇ،
شەفائەتچى دوست مۇھەممەد بىزگە ئارزۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

قۇللارنىڭە رەھىم ئەيلەگىل يائاللاھۇ،
سىياسەتلىغ ئۇلۇغ كۈندە نە قىلغايمەن؟

قۇل خۇجە ئەھمەد تەۋبە بىلەن ئەيدى مۇنى،
نەدامەتدە بولغىل ئەمدى تۈنى - كۈنى،

ئىنشائاللا يارلىقاغاي جۇملە قۇلنى،
سىياسەتلىغ ئۇلۇغ كۈندە نەقىلغايمەن؟

× ×

بىردىن سالام دوستلارغە تەلەب يولىن قويماسۇن،
دىدار ئارزۇ قىلسالەر ھەرگىز غافىل بولماسۇن.
غافىل تاپماس ھەق يولىن تاڭلا تاپماسلار ئۆزدىن،
ئىچى - تاشى كۆيۈبان سەھەرلەرى ياتماسۇن.
يادى بىلەن بولسۇنلار فىكرى بىلەن تۇرسۇنلار،
ھەر چەند خارلىق تارتسەلەر كۆڭلى مەلۇل بولماسۇن.
شەرىئەتتە تەجرىددۇر دۇنياسىنى تەرك ئەتمەك،
ماسىۋانى تەرك ئەتمەي تەجرىد بولدۇم دىمەسۇن.
ھەقىقەتدە هارامدۇر ھەقدىن ئۆزگەنى سۆيمەك،
مۇنداغ بولماي تالىبلار ئارىف بولدۇم دىمەسۇن.
ئانداغ رەسۇل مۇستافا دۇنيا مالىن سۆيمەدى،
ئاشىق بولسا رەسۇلدەك دۇنيا مالىن سۆيمەسۇن.
مىسكىن ئەھمەد يەسەۋى سالام ئەيدى دوستلارغە،
ئۇشبۇ سۆزنى مەئنەسىن ئارىف بولسا قويماسۇن.

× ×

بۇ كۈن كەلدى ئەبۇ بەكرى سۇلايمان بىرلە،
ھەق مۇستافا رازىن ئاچتى رەھمان بىرلە،
بارچە بارۇر بۇ دۇنيادىن ئارمان بىرلە،
ئابدەست ئالىپ ھەققە ۋاسىل بولماق ئۇچۇن.
ئول ئەزرائىل يېتىپ كەلدى فەرمان بىرلە،
فاتىمە قوپۇپ سالام قىلدى ئىكرام بىرلە،
دوست مۇھەممەد مەشغۇل بولدى ئىمان بىرلە،
ئىسسىغ تەندىن ئەزىز جاننى بەرمەك ئۇچۇن.
رەسۇل ئەيتۇر سەھابەلەر كىبلىڭ بولىڭ،
ئاخىرەتكە سەفەر قىلدۇق سىز يوق بىلىڭ،
نەماز قىلىپ، رەۋزە تۇتۇپ، زەكات بېرىڭ،
جەھەننەمدىن تەنىڭىزنى يۇلماق ئۇچۇن.

دۇشەنبە كۈن دوست مۇھەممەد دۇنیا قویدی،
ھەقتائالا فەرمانىغا بویۇن سۇندی،
پەیغەمبەرنی ئابباس بىرلە ئەلی یۇدی،
ئۇجماغدىكی ھۇللە توننی كییەك ئۈچۈن.

پەیغەمبەرنىڭ جىنازەسىن كۆتەردىلەر،
ئاللاھ دییۇ ساھابىلەر تىردىلەر،
ئول سىدرەتۇلمۇنتەھاغا یەتكۈردىلەر،
ئەرش ئۈستىدە تۇربەت قىلىپ قویماق ئۈچۈن.

ئاسمانداغی فەرىشتەلەرگە یەرگە ئۈندی،
پەیغەمبەرنىڭ نۇری بىرلە ئالەم تولدی،
بابام دییۇ فاتىمە ھەم زۆھرە قالدی،
باباسىدىن یىتىم بولۇپ قالغان ئۈچۈن.

قۇل خوجە ئەھمەد گەۋھەر یەڭلىغ زىكرىن ئەیتدی،
خىزمەن قىلدی ئىرانلارغە مۇراد تاپدی،
ئۈچ یۈز ئاتمىش ھىكمەت ئەیتىپ داستان ئەتدی،
داستان قىلدی بوستان ئىچرە ئەیماق ئۈچۈن.

× ×

سەھەرلەردە قوپۇپ یىغلاپ نالە ئەیلە،
نالىشىڭدىن یەرۇ كۆكلەر نەۋا قىلسۇن.
ھەققە ساغىنىپ كۆز یاشىڭنی ژالە ئەیلە،
ئاندىن سۈگرە ھەق دەردىڭە دەۋا قىلسۇن.
چىن دەردلىكنی ئاللا سۆیۈپ بەندەم دىدی،
ئۈچ یۈز ئاتمىش باقىپ ئانی غەمىن یىدی،
مەلائىكلار یاشىن ئالىپ تۆھفە قىلدی،
قان یىغلاغىل یاشىڭ ئالىب گۇۋاھ قىلسۇن.

مىڭ یۈز گۇناھ سادىر بولدی بىلەلمەدىڭ،
دەرگاھىغە تەۋبە قىلىپ كىلەلمەدىڭ.
خىزمەت قىلىپ یاخشی دۇئا ئالالمادىڭ،
یازۇقلاردىن سىنی نە دەپ سەۋا قىلسۇن.

بۇدۇنیادا رەسۋا بولۇپ قان یۇتماسىڭ،
شەرىئەتنی، تەرىقەتنی بىر تۇتماسىڭ،
ھەقىقەتدە تەندىن جاندىن پاك ئۆتمەسەڭ،
غەفلەتلەردىن سىنی نە دەپ جۇدا قىلسۇن.

ئىرانلارنىڭ قىلغانلاردىن قىلالماساڭ،
پىرسىز يۈرۈپ ۋەرد ئەۋرادنى بىلەلمەسەڭ،
ئىستىئانەت تىلەپ دۇئا ئالالمىساڭ،
خاس ئىرانلار سېنى نەدەپ دۇئا قىلسۇن.

دام تەزۋىر قىلىپ خەلقنى يولدىن ئۇردىڭ،
شەيخلىق قىلىپ رىيا بىرلە دۇكان قۇردىڭ،
ئىشرەت قىلىپ شەيتان بىرلە دەۋران سۈردىڭ،
دىدارىنە سېنى نە دەپ رەۋا قىلسۇن.

لۇتف، كەرەم ھەق ياراتتى سىزلەر ئۈچۈن،
جان ـ دىلدە قۇللۇق قىلماي بىزلەر زەبۇن،
ئاللا ئۈچۈن بەھىس ئىبتەرمىز تاپىغىل سەخىن،
ناپاكلارغە نەدەپ لۇتفىن ئەتا قىلسۇن.

كېچە ياتماي خاب غەفلەت هارام قىلسە،
زىكرى قەلبىن زىكر سىرنى تامام قىلسە،
مىڭ بىر ئاتىن تەسبىھ قىلىپ كەلام قىلسە،
بەندە نە دەپ دەرگاھىغە خەتا قىلسۇن.

ئەمىر مەئرۇف نەھى مۇنكەر بىلىپ قىلسە،
ياتسا ـ قوپسا خۇدايىنى هازىر بىلسە،
تا ئۆلگۈنچە خۇجەسىغە خىزمەت قىلسە،
قۇۋەت بىرۇر ئانى نە دەپ دۇتا قىلسۇن.

بىنامازغە، بىتائەتكە بەرمەس قۇۋۋەت،
فەئلى زەئىف ئۆزى مەيىپ. بەرمەس ھىممەت،
رىزقى ناقىس ئۆزى ناجىنىس كۆرمەس دۆلەت،
ئول فاسىقنى نەدەپ دىلىن سەفا قىلسۇن.

ھەيف، ئادەم ئۆز قەدرىنى ئۆزى بىلمەس،
مەنلىك قىلىپ ياخشىلارنى كۆزگە ئىلماس،
ئىرانلارنى سۆھبەتىغە قاچىپ كەلمەس،
ئول بىۋەفا نەدەپ ھەققە ۋەفا قىلسۇن.

ئادەم ئولدۇر فەقىر بولۇپ يەردە ياتسە،
تۇفراغ سۈفەت ئالەم ئانى باسىب ئۆتسە،
يۈسۈف سۈفەت بۇرادەرى قۇل دەپ ساتسە،
قۇلنى قۇلى نەدەپ ئول قۇل ھەۋا قىلسۇن.
ئاللاھ ئەيتىپ ئۇتقە كىردى خەلىلۇللاھ،
ئۇشول ئوتنى بوستان قىلدى باقىب ئاللاھ،

بوينىن قىسىپ يىغلاپ ئىدى شەيئۇلىللاھ،
فەقىر، مىسكىن ئوتىدا نە دەپ ھەۋا قىلسۇن.
زەۋقى ـ شەۋقى، مۇھەببەتدىن بايان قىلغىل،
ئاشىقلارغە ئىشق ئوتىنى ئايان قىلغىل،
خارلىغ ـ زارلىغ مۇشەققەتنى نىشان قىلغىل،
چىن ئاشىقلار ئوتىدا نە دەپ ھەۋا قىلسۇن.
ھەققە ئاشىق سادىقلارى يۈرۈر خىلۋەت،
تاڭلا بارسا ھەق قاسىندا كۆرۈر ئىززەت،
جەننەت كىرىپ، دىدار كۆرۈپ، ئەيش ـ راھەت،
پىنھان يۈرۈر خەلققە نە دەپ رىيا قىلسۇن.
قۇل خوجا ئەھمەد دەرد ھالەت پەيدا قىلغىل،
جان ـ دىلنى ھەق زىكرىدە شەيدا قىلغىل،
دەردىن تارتىپ رەۋز مەھشەر دەۋغا قىلغىل،
دەرد بولماسە مەۋلۇم كىمگە شىفا قىلسۇن.

× ×

ئەي يار يۈرەك كۆيدۈرەسەن قايدا ئېرۈرسەن،
بى شەپە، بى نەمۇنەسەن قايدا ئېرۈرسەن،
سەۋدا قىلاسەن بارمۇ سەنى ئەسلى ماكانىڭ،
جانىم بېرەسەن ئىشق دۇكانىن قايدا قۇرارسەن.
جان كۆيدۈرەسەن، ئۆلتۈرەسەن، ئوق قىلچىڭ يوق،
ھەر يانە باقاي كۆزمە يالغۇز كۆرۈنۈرسەن.
ئول رەۋز قىيامەتدە شەپىت پەند ئىلەللاھ،
دىدارىمە مىھمان قىلايىن قايدا ئېرۈرسەن.
خۇررەم يۈرگىل بەندەئى خاسىم ساڭا ئەيتاي،
ئەي ئاشىق سەن رەۋز قىيامەت بىلىنۈرسەن.
شەيتان سۆزىنە كىرمە يەنە بەندەئى نادان،
جانىڭنى ئالار ۋەقتىدە ئاجايىپ ساغىنۇرسەن.
دۇنيادە يۈرۈپ تەنھا خۇداغا سېغىنۇرسەن،
ئول رەۋز جەزا يول خەتەرىدىن قۇتۇلۇرسەن.
ئەگەر يەتسە ئەجەل ئۇشبۇ جاھاندا سەنى قويماس،
فەرمانى خۇدا بولسا بىر نەفەسدە يىقىلۇرسەن.
ئەسلىڭنى سوراپ كەلسەك، (ئۇلدۇر) بىركەف توپراق،
باشىڭنى قوي تائەت قىل (قەبرىگە) بارىپ كىرەرسەن.

دۇنيا ھەممەنى ئالدى يۇتتى خەبەرىڭ يوق،
كەتمەكنى بىلىپ مالىڭە مۇنچە قۇۋانۇرسەن.
بىللاھ ھەممەدىن كەچتىم بىر ھەققە سىغىندىم،
بىر تەڭرى ھەققى دەۋزەخى ئىچرە قالۇرسەن.
غافىل يۇرمە ئەسلىڭ نەسلىڭ سەنى تۇفراق،
يۈزمىڭ ياشاساڭ ئاخىر بىر كۈن كۆمۈلۈرسەن.
ئاللاھ ئۆلەردىمدە دىدى ئەي ئەھمەد مىسكىن،
قەبرىڭدە چىراغدا گىنە ئۆچۈن سەن كۆيەرسەن.

× ×

ئەسلى تۇفراق ئادەمنى سۇلتان قىلغان ئاللاسەن،
ئەزازۇلدەك ئالىمنى شەيتان قىلغان ئاللاسەن.
زار ئىڭراتىپ ئايۇپنى، قان يىغلاتىپ ياقۇبنى،
دوستلارىنىڭ مىھنەتىن فەرمان قىلغان ئاللاسەن.
بالىق قارنىن يۇنۇسقە قۇدۇغ تۈبىن يۇسۇفقە،
نەمرۇد ئوتىن خەلىلغە بوستان قىلغان ئاللاسەن.
داۋۇد ئوغلى سۇلايمان تەختغە مىنىپ ھەرزامان،
نىيەت قىلسا ھەر قەيان تەيران قىلغان ئاللاسەن.
ئىسمائىلنى ئازدۇرۇپ، ئاناسىدىن ئايىرىپ،
ئاتاسىغە بۇيۇرۇپ قۇربان قىلغان ئاللاسەن.
مەريەم ئوغلى ئەيسانى تۇغرۇپ ئاتاسىز ئانى،
بارچەسىدىن سەن ئانى دىيان قىلغان ئاللاسەن.
ئەبۇ بەكرى ئۆمەرنى، ئوسمان، ئەلى ھەيدەرنى،
ھەبىبىڭگە بۇلارنى ياران قىلغان ئاللاسەن.
يارەب ئۇلار ھەققىندە رەھم ئەيلە قۇل ئەھمەدكە
يۈزمىڭدەك ئاسىيىڭغا ئىھسان قىلغان ئاللاسەن.

× ×

ئەي غافىل دۇنيا پەرەس ھىچ ئۆزگە كەلمەسمۇسەن،
مۇندا سىنى كىم كەلتۈردى ئىستەپ ئانى تاپماسمۇسەن.
مۇندا كېلىپ سەن بىل ئەنى تاپغايسەن ئانداغ خۇجەنى،
باقى ئەمەس دۇنيا فانى ئاللاسىرى قايتماسمۇسەن.
دۇنيا ساڭا ئاشىق ئېرۈر ئاقىل كىشى بىزار ئېرۇر،

ئاللاه دىبان يولغا كىرۇر يولىدا جان تارتماسمۇسەن.
ئەي بەندە كەل ئۆزۈڭە باق كۆپ ۋەئدەلەر قىلغان ھەق،
مۇرشد پىردىن ئالغىن سەباق جان راھەتىن ئالماسمۇسەن.
جان راھەتى زىكرى خۇدا بولماس ئاشىق بىردەم جۇدا،
قىلۇر يولىدە جان فىدا مەئشۇق يۈزىن كۆرمەسمۇسەن.
كەل دۇنيادىن بولغىل گۈزەر نەفسىڭ ئەيلەمەس بۇ مال زەر،
تەڭرى كەلامىندە بەردى خەبەر بىردەم قۇلاق تۇتماسمۇسەن.
دۇنيا كەبۇتەرخانەدۇر، ئاشىق قوللار بىگانەدۇر،
جاندە بىل جانانەدۇر جانانەنى ئالماسمۇ سەن.
باشىدىن ـ ئاياغ مەن بەندەنى جۇملە گۇناھ شەرمەندەنى،
سۇلتان ئەھمەد (بۇ) دۇنيادە ھەق يولىدا ئۆلمەسمۇ سەن

× ×

ئەي غافىل ئۆيقۇدىن ئويان ئۆمرۈڭ كۈنى باتماس بۇرۇن،
قىلغىل نىيازىڭنى رەۋان رىھمەت تاڭى ئاتماس بۇرۇن.
رىھلەت تاڭى ناگاھ ئاتار، ئەيش ـ فەراغەت ھەم ئۆتەر،
ئازۇق، يەراق ۋەقتى ئۆتەر قىلغىل يەراق ئۆتمەس بۇرۇن.
رەۋزە، نەمازنى سۈبھى ـ شام ئىماننى قىلغىل ئىھتىمام،
قىلغىل بۇ ئىشلارنى تەمان تەن قۇۋۋەتى كەتمەس بۇرۇن.
مىھمان كەلتۇر ئۆيۈڭە تۇر پىغان تائامىڭنى پىشۇر،
ئىززەت بىلەن يىدۈر ـ ئىچۈر مەۋت ئاياغىڭ تۇتماس بۇرۇن.
كىملەردىن ئۆتتى بۇ جاھان بولما (غافىل) ئەي فەلان،
راھەت يەرگە قويما زىيان يەر قوينىغە كىرمەس بۇرۇن.
ئەسباپ ـ ئالاتىڭ تۈگەل بارىداسەن قىلغىل ئەمەل،
ھەيھات ـ ھەيھات بۇ ئەجەل ئىلكى ياقاڭ تۇتماس بۇرۇن.
بىلگىل غەنىمەتدۇر ھايات، ئۆلمەسكە ئالمايسەن بىرئات،
ھاسىل قىلە كۆر ياخشى ئات، ئاتىڭ تونۇڭ يۈتمەس بۇرۇن.
ئىمان شاھادەت بىرلە بول، تائەت ـ ئىبادەت بىرلە بول،
دائىم بۇ ئادەت بىرلە بول قۇل ئەھمەد ۋەقت ئۆتمەس بۇرۇن.

× ×

يا ئىلھىل ئالەمىن بەندەم دىبان ئەيىغايمۇكىن،
بەندەئى شەرمەندەنە لۇتف كەرەم قىلغايمۇكىن.

www.uyghurkitap.com

كى گەرمەئدىن لۇتف ئىلە قىلسە نەزەر پەرۋەردىگار،
بەندە ئۆز يولىن بىلىپ مەقسۇدىغە يەتكەيمۇكىن.
بىل ئەقىللىخ كىشىلەر ئاللاھ يولىدا جان بىرۇر،
بۇ مەنىڭ مۇڭلۇغ باشىم ئاللاھ دەپ جان بەرگەيمۇكىن.
بۇ تىرىكلىكدە تىلەكىم ئىشىق ئوتى سەندىن خۇدا،
ئىشق ئىلە ئاشىق بولۇپ مەئشۇق يۈزىن كۆرگەيمۇكىن.
ئاشىقى مەئشۇقدىن بولسا جۇدا ئەيلەر فىغان،
مەن فىغانۇ نالەلەر قىلسام خۇجام سورغايمۇكىن.
ئالىم قادىر خۇدايىم جۈملەنىڭ سىرىن بىلۇر،
بۇ غېرىبىنىڭ سىررىنى سىردان ئۇشول سورغايمۇكىن،
بۇ تىرىكلىكنى ئۆلۈم بىلدىم خۇدا دەردى بىلە،
دەردىمە دەرمان بېرىپ ئاندا تىرىك تۇرغايمۇكىن،
دەرد، سۆز، ئىشق ئوتى بىرلە خۇجە ئەھمەد يولغا كىر،
ئىشق ئوتى رەۋشەن قىلىپ دىدارتىلەپ ئۆلگەيمۇكىن،

× ×

سەھەر سايرار بۇلبۇللار گۈل يادىدىن ھەر زامان،
سەن سايرىساڭ نە بولغاي ھەق يادىدىن ھەر زامان.
ھەر قۇرۇت، قۇش ئەيتادۇر بىر نەۋت بىلەن سەناسىن،
قۇش ـ قۇرۇتچە بولمادىڭ ھۇ دىيەدىڭ ھەر زامان.
سۈبھىدەمدە تۇرغايلا راز ئېيتۇرلەر ھەق بىلەن،
سەندە ھىممەت بولمادى راز ئېيتەدىڭ ھەر زامان.
دۇنياغە غەرقاپ بولدۇڭ كۈفر ئىسيانغا تولدۇڭ،
ئەمدى ئۆزىڭە كەلدىڭ فىكىر قىلغىل ھەر زامان.
قويغىل دۇنيا فىكرىڭنى قىلغىل ھەقنىڭ زىكرىنى،
بۇزغىن شەيتان زەھرىنى زاكىر بولغىن ھەر زامان.
چىن ئۆلەرسەن بىگۇمان بۇزۇلۇر بۇ خانىمان،
نىچە ئوقۇساڭ قۇرئان ئىمان ئەيتقىن ھەر زامان.
قۇل خۇجە ئەھمەد بېلىڭنى ئىكى يەردىن باغلاغىل،
كەلسە ئەجەل قويماسدۇر جانىڭ ئالۇر شول زامان.

× ×

فەفەرۇۋەئىللەللا دەپ ئايەت كەلدى،
ياقام تۇتۇپ ھەزرەتىڭە يانمايىنۇ.
كۆكىدىن ماڭا سانسىز بۇراق ئىندۇردىلەر،
مىن دىدىلەر، ئەي يارەنلەر مىنمەيىنۇ.

كىڭەش بىلەن ئۇل بۇراقغە مىندۇردىلەر،
رەسىم تەئزىم تەۋازۇئلار كەلتۈردىلەر،
ئىرانلارنىڭ چىكەسىگە قوندۇردىلەر،
قون، دىدىلەر ئەي يارانلار قونمايىنەۇ.

سانسىز چىكەس كۆردۇم ئاندا ھەيران بولدۇم،
بىھەمدۇللاھ گەدا ئەردىم سۇلتان بولدۇم،
رەھمەت دەريا تاشاۋەردى ئەريان بولدۇم،
چۆم دىدىلەر ئەي يارانلەر چۆمەيىنمۇ.

ئول دەرياغە چۆمدۇم ئەجەپ تاشلارى بار،
ئۇلۇغ - ئۇلۇغ ئەزىزلارنى باشلارى بار،
باشلار كۆردۇم كۆزلەردە ياشلارى بار،
سەن ھەم ياشىڭ تۆك دىدىلەر تۆكەيىنەۇ.

ئاندىن سۈكرە بىر مەقامغا يەتكۈردىلەر،
نەفسى ھەۋا ئىنگىسىنى ئۆلتۈردىلەر،
ئۆلۈپ ئەردىم قايتا باشدىن تىرگۈزدىلەر،
تىرىك يۈرۈپ ئۆل دىدىلەر ئۆلمەيىنمۇ.

ئول سائەتتە ھەق رەسۇلى ماڭا باقدى،
سالام قىلدى ھەيبەت بىلەن ئىلىك ئالدى،
يىغلاپ تۇردۇم رەھمى كېلىپ بەخشىش بەردى،
ئەيت دىدىلەر مۆئمىنلەرگە ئەيتمايىنەۇ.

قۇل خۇجا ئەھمەد بۇ دۇنيادىن ئۆتتۈك بولغاي،
فەنا فى ئاللاھ مەقامىغە تەككۈك بولغاي،
مەئرىفەتنىڭ دەرياسىغە باتتىڭ بولغاي،
بات دىدىلەر باتقانىمچە باتمايىنمۇ.

× ×

نۇرى خۇدا دوستى خۇدا ھەق مۇستافا،
كىملەر ئۈچۈن كەلدى رەسۇل بىلدىڭىزمۇ؟
دەردى خۇدا، بەردى خۇدا ھەق مۇستافا،
كىملەر ئۈچۈن كەلدى رەسۇل كەلدىڭىزمۇ؟

كىملەر ئۈچۈن گىريان قىلدى كۆزلەرىنى،
ئۈممەت ئۈچۈن بەريان قىلدى ئۆزلەرىنى،
ئۈممەت بولساڭ ئاڭا ئۇشبۇ سۆزلەرىمنى،
كىملەر ئۈچۈن كەلدى رەسۇل بىلدىڭىزمۇ؟

يىغلاي ـ يىغلاي ئىكى كۆزى شەشتى كۆزۈڭ،
قىيام تۇرۇپ ئاياقلارى شەشتى (ئۆزۈڭ)
ئۈممەت ئۈچۈن قايغۇ ـ مىھنەت چەكتى كۆزۈڭ،
كىملەر ئۈچۈن كەلدى رەسۇل بىلدىڭىزمۇ؟

ئەيا دوستلار مۇنى بىلۇر ئۈممەت قېنى،
ئەگەر بىلسەڭ مۇندىن ئارتۇق نىئمەت قېنى،
ئاندىن ئۆزگە قىيامەت كۈن شەفقەت قېنى،
كىملەر ئۈچۈن كەلدى رەسۇل بىلدىڭىزمۇ؟

ئۈممەت بولۇپ رەسۇل قەدرىن بىلمەدىڭسەن،
تەن جان بىلەن سۈننەتلەردىن قىلمادىڭسەن،
رەسۇل ئۈچۈن زار يىغلابان ئۆلمەدىڭسەن،
كىملەر ئۈچۈن كەلدى رەسۇل بىلدىڭىزمۇ؟

ھەيھات ـ ھەيھات غەنىمەتدۇر ئول مۇستافا،
ھەيھات ـ ھەيھات سائادەتدۇر ئول مۇستافا،
ھەيھات ـ ھەيھات ئىنايەتدۇر ئول مۇستافا،
كىملەر ئۈچۈن كەلدى رەسۇل بىلدىڭىزمۇ؟

قۇل خۇجە ئەھمەد سۆزلەر سۆزۈڭ تىلىم قەفا،
ئۈممەتلەرگە قىلغىل ۋەفا قىلمە جەفا،
ئۈممەتىغە مۇنداغ دىدى ھەق مۇستافا،
كىملەر ئۈچۈن كەلدى رەسۇل بىلدىڭىزمۇ؟

× ×

دىدارىنى تەلەب قىلىپ يولغە كىرسەم،
رەۋز مەھشەر دىدارىنى كۆرەرمەنمۇ؟

ناله قىلىپ كۆز ياشىمنى ژاله قىلسام،
جان بېرەردە دىدارىنى كۆرەرمەنمۇ؟

دىدارىنى تەلەپ قىلساڭ يىغلاپ يۈرگىل،
يۈزمىڭ تۈرلۈك رازىن ئەيتىپ سەھەر تۇرغىل،
ھەۋز كەۋسەر شارابىدىن تاتىپ بولماس،
ئاللاھ دىسەم شەۋق شەرابىن تاتارمەنمۇ؟

ۋادەرىخا مەھشەر كۈنى قايىم بولسە،
ئەدلى بىرلەن قەھھار ئىزىم ھالىم سورسە،
ۋاۋەيلىتا قىلغان ئەمەللەرىم بولسە،
ئەيا دوستلار مەن ھەم خەلاس بولارمەنمۇ؟

قۇل خوجە ئەھمەد يوللار خەتەر مەنزىل يىراق،
كېتەر ۋەقتىڭ تەيىن بولدى قېنى يەراق،
راھىلەسىز يولغا كىرسەڭ مەنزىل ئۇزاق،
ئازۇقسىز يولغا كىرسەم تويارمەنمۇ؟

× ×

ئەيا دوستلار يۈرەك باغرىم كەباب بولدى،
ئىشقسىز ئادەم ئىشق قەدرىنى بىلگەن بارمۇ،
تۈنى-كۈنى غۇربەت تاتىپ ئىشق يولىدا،
بىۋاستە ھەق دىدارىن كۆرگەن بارمۇ؟

تاشقىن كەلگەن دەريالەردەك، قىناپ يۈرگەن
دۇنيا مالىن يىغىپ ئاڭا مەغرۇر بولغان،
ھاۋايى-ھەۋەس مەنمەنلىكنى دەئۋا قىلغان،
قارۇن يەڭلىغ دۇنيا مالىن يىغغان بارمۇ؟

ئىشق شىددەتى باشقە تۈشسە ئاشىق بىلەر،
بىگانەلەر تاشلاپ ئاتىپ ئاڭا كۈلەر،
دىۋانە دەپ باشىن يارىپ قانغە بويار،
مەنسۇر سۇفەت ئىشق دارىغە مىنگەن بارمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئاشىق مەنسۇر ئەنەلھەق دەپ ياشى ئاقتى،
چىلتەنلەرگە ھەمراھ بولۇپ قانۇغ قاقتى،
يۈرەك باغرى كەباب بولۇپ ئېرىپ ئاقتى،
غار ئىچىندە چىلتەنلەرنى كۆرگەن بارمۇ؟

ياخشىلارنى سۆھبەتىدە جەفا چەكسەم،
ياشىم ئاقىپ ھەققە باقىپ كۆزۈم تىكسەم،
نەماز ئوقۇپ رىيازەتدە بىردەم بولسام،
ئەي مۆئمىنلەر ھەققە ياۋۇق بولارمەنمۇ؟

بۇ دۇنيانى بىزگە بەردى تائەت قىل دەپ،
ھەق زىكرىنى ئەيتە-ئەيتە راھەت قىل دەپ،
زىكرىن ئەيتىپ شەيتان ئۆيىن غارەت قىل دەپ،
غارەت قىلسام فەيزى فۇتۇھ ئالارمەنمۇ؟

ئۆتتى ئۆمرۈم ئارمان بىلەن تائەت قىلماي،
ھەق شەۋقىدا كۆيۈپ يانىپ ئادەت قىلماي،
جان بىرەردە ھەق مۇستافا مەدەد قىلماي،
ئۆلەر ۋەقتدە ئىمان بىلەن بارارمەنمۇ؟

مەدەد قىلسە بەندە يولغە سادىق بولۇر،
دۇنيا تەپىپ ياشىن ساچىپ ئاشىق بولۇر،
ئاندىن سۆڭرە دەرگاھىغە لايىق بولۇر،
جاندىن كەچمەي ئاڭا لايىق بولۇرمەنمۇ؟

جاندىن كەچمەي ئىشىك بۆتمەس قىيامەتدە،
ھەسرەت بىلەن يىغلاپ يۈرگىل نادامەتدە،
مەغزى سىرىڭ قايناپ تۇرغاي ئالامەتدە،
پىرى مۇغان سىرى قاچسام قالارمەنمۇ؟

ئۆمرۈم يەتىپ يەتمىش ياشقە كۆلگەنىم يوق،
ھەقدىن ئۆزگە ئىشرەتلەرىن بىلگەنىم يوق،
يىغلاماقدىن ئۆزگە ئىشنى قىلغانىم يوق،
مۇندا يىغلاپ ئاخىرەتدە كۆلەرمەنمۇ؟

شەيخ شىبلى سەما قىلىپ دائىم يۈردى،
تەختى بەختىن تاشلاپ ئەدھەم دۇكان قۇردى.
پەرۋانەدەك شەمئىن كۆرۈپ جانىن بەردى،
پەرۋانەدەك ئەخكەر بولۇپ كۆيگەن بارمۇ؟

سەھرالەردە لەيلى دىيۇ مەجنۇن ئۆتتى،
لەيلىسىنى يۈرگەن كۆرگەن ھۇشى كەتتى،
ھەيران بولۇپ، سەرسان بولۇپ ياشى (ئاقتى)،
ئۆتكەن ئاشىق ئىرانلارنى كۆرگەن بارمۇ؟

شىرىن دىيۇ تاغنى قازدى ئاشىق فەرھاد،
شىرىننى كۆرگەن زامان قىلدى فەرياد،
ئەقلى ھۇشىن تاراج ئېيتىپ بەردى بەرباد،
ئاشىق بولۇپ ئۆلمەي تۇرۇپ ئۆلگەن بارمۇ؟

زۇننۇن مىسرى ئازەر شەھرىدىن چىقىپ كەتتى،
شەيخ بايەزىد ئاتمىش پۇلى ئۆزىن ساتتى،
ئۆزىن بىلمەي ۋالە بولۇپ ياشى ئاقتى،
ئانداغ ئىزلار دەئۋاسىنى قىلغان بارمۇ؟

ئىبراھىم ئۆز ئوغلىنى قۇربان قىلدى،
ئىسمائىل دىدار دىيۇ جانىن بەردى،
كۆزىن ئاچىپ ھەق جامالىن ئاندا كۆردى،
ئىسمائىلدەك ھەق جامالىن كۆرگەن بارمۇ؟

كۆپ ئاشىقلار بۇ دۇنيادىن ئۆتۈپ كەتتى،
گۆرۈستان مەنزىلىغە بارىپ يەتتى،
ئەھلى ئايال، خانىمانىن تاشلاپ ئەتتى،
ئىبرەت ئالىپ قىزىل يۈزى سۇلغان بارمۇ؟

قۇل خۇجە ئەھمەد دەردسىز ئۆتتى ئۆمرۈڭ ئاڭلاپ،
خىزمەت قىلىپ ئىرانلارنى سۆزىن سۆزلە،
نەدامەتدە ياشىڭ تۆكۈپ تىنماي بوزلا،
مۇندا يىغلاپ ئاخىرەتدە كۆلگەن بارمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

× ×

ئادەم ئوغلىن ئازدۇرغان نەفسى ھەۋا ئەمەسمۇ،
چىركىن دۇنياغە سالغان نەفسى ھەۋا ئەمەسمۇ،
دىن ئىشىنى قويدۇرغان، دۇنيالىقنى سۆيدۇرگەن،
كىبىر تونىن كىيدۈرگەن نەفسى ھەۋا ئەمەسمۇ؟

ھەردىن ئۆتنى تېزلەتكەن ياخشى ـ يامان سۆزلەتكەن،
زەھرى قاتىلغە سالغان نەفسى ھەۋا ئەمەسمۇ؟
مەنلىك ئاتىن مىندۈرگەن يامان ياروق قىلدۇرغان،
ھارام مالنى يىغدۇرغان نەفسى ھەۋا ئەمەسمۇ؟

ئاتا ـ ئانا، ئوغۇل ـ قىز بىر ـ بىرىندىن ئايرىغان،
ئۇلۇق قايغۇغە قويغان نەفسى ھەۋا ئەمەسمۇ؟
ئەي قول ئەھمەد ھەققە ئۇي نەفسىڭ سۆزىنى سەن قوي،
بىل يالغانچى ھەرىزگۈي نەفسى ھەۋا ئەمەسمۇ؟

× ×

يولغە كىرگەن ئىراندىن يولنى سورسام بولغايمۇ،
باشىم قويۇپ ئىزىگە يۈزۈم سۈرسەم بولغايمۇ؟
يولسىز يادە يوردىم ئىسىز ئۆمرۈم ھىچ ئەيتدىم،
يازۇق يۈكىن يىتۈردۈم تەۋبە قىلسام بولغايمۇ؟
يازۇق يۈكى بەس ئاغىر، مەركەبلارى ھەم ياغىر،
يەڭگىل قىلغاي رەب قادىر يولغا ئۈنسەم بولغايمۇ؟
باتسام يولغا مەن قىلدەك تۇفراق بولسام يائۈندەك،
شامۇ سەھەر بۇلبۇلدەك زار ئىڭراسام بولغايمۇ؟
زار ئىڭرا يۈز ئارىغلاپ تەۋبە تەۋقىنى باغلاپ،
مەۋلۇم رىزاسىن ئىزلەپ قۇللۇق قىلسام بولغايمۇ؟
قۇللۇق قىلسام ھەزرەتە، ھازىر تۇرسام خىزمەتتە،
خادىم بولسام سۆھبەتە ئارزۇ قىلسام بولغايمۇ؟
ئارزۇ قىلغان مەردانغە ئىئتىقادلىك يارانغە،
ئىلىك بىرىپ ئىرانغە ئىتەك تۇتسام بولغايمۇ؟
ئىلىك بەرمەك ئىرادەت، ئىرادەت، تەرك ئادەت،
تەرك ئادەت سائادەت ئادەت قىلسام بولغايمۇ؟

ئادەت قىلسام قۇللۇقنى، ئاداغ ئاستىن ئۇللۇغنى،
خۇجە ئەھمەد يوقلۇقنى بارلىق قىلسام بولغايمۇ؟

× ×

ئۇزاغ يول ئازۇغى ئىمان ئەمەسمۇ،
دىلىۇ جان رەۋشەنى ئىمان ئەمەسمۇ!
ۋەفاسىزگە نەچە كۈن جان چېكەرسەن،
ۋەفالىق ھەمراھىڭ ئىمان ئەمەسمۇ!
شەرىئەت يولىنى ئاچتى پەيغەمبەر،
گۇناھىڭ دەردىگە دەرمان ئەمەسمۇ!
كۆرەر كۆزۈڭ تۇتار قولۇڭ باردا،
ئىبادەت قىلمىساڭ ئارمان ئەمەسمۇ!
سەككىز ئۇجماغ ئىشكىن ئاچقۇچى ھەم،
ئانى سورىسىڭىز ئول رىزۋان ئەمەسمۇ!
خۇدانىڭ باردۇركىم مىڭ بىر ئاتى،
بىر ئاتىن سورسىڭىز غۇفران ئەمەسمۇ!
جاھان بارىنچە تۇرماس تەنىڭ،
تەنىڭدە بۇ جانىڭ مىھمان ئەمەسمۇ!
خۇجە ئەھمەد يەسەۋى ئۇچۇن ئامانەت،
نەچە يىل ساقلاغان سالمان ئەمەسمۇ!

× ×

رەھمان ئىگەم رەھمەتىڭنى جارى قىلغىل سەھەردە،
ئىسيان لايىغە باتدىم يارى بەرگىل سەھەردە.
ئەستەغفىرۇ ئىستىغفارنى قىلغىل يىراق شەيتاندىن،
شەيتان مەنى ئازغۇرۇر فەنا بەرگىل سەھەردە.
ئۇمىد بىلەن كىلىبەن دەرگاھىڭە ئالىھىم،
بەدگەردە ھەم بەدگەردار قولۇم ئالغىل سەھەردە.
تەۋبە قىلدىم دىلىمدە دىلىم قورقاس خۇدادىن،
ھەم رەھمەت ھەم دىدار ئەتا قىلغىل سەھەردە.
يولسىز يولغە يۈگۈردۈم غەفلەتدە ئۆمرۈم ئۆتتى،
يا قادىرۇ زۇلجالال يولغا سالغىل سەھەردە.
سەن ـ سەن مىنىم پاناھىم غەزەپ قىلما ئىلاھىم،
يادانا‌ي كۆللى ھال يولغە سالغىل سەھەردە.
تاغدىن ئاغىر پۈر گۇناھ ئەرز ئەيتارگە تىلىم يوق،
گۇناھىمنى بېغىشلاپ يەكسان قىلغىل سەھەردە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گۇناھىمغە ئىقرارمەن ھازىر سەنۇ نازىرسەن،
قولۇم ئالىپ يا جاپپار يولغا سالغىل سەھەردە.
غەرىبمەن، بىكەسمەن، بىچارە مەن ھەم فەقىر،
سەندىن ئۆزگە كىمىم بار رەھىم ئەيلەگىل سەھەردە.
مەن ئاسى پۇر گۇناھ ھەمدى سانا ئەيتماسمەن،
تاۋۇق جاناۋارنى كۆر سانا ئەيتۇر سەھەردە.
قۇل خوجە ئەھمەد ھەقدىن قورق كىم قورقمىسا ئىمان يوق،
ئالدىڭدا ھازىر تامۇغ ھازىر بولغىل سەھەردە.

× ×

ئىجلال ئەمجەد ئۇلۇغ قۇدرەت ئەزىم قۇۋۋەت،
ئەلىياق ئەجەھر ساڭا قىلدىم قادىر ئاللاھ.
جالال ھىممەت جەلىل ئىززەت جەمىل ھىكمەت،
ئەئلا ھىممەت سەندە تۇرۇر ھەكىم ئاللاھ.

كۆك - يەردە قايىم تۇرۇر ئۇل قۇدرەتىڭ،
بارچە خەلققە مەشھۇر بولدى ھەم ھىكمەتىڭ،
بىلمام سىپىنىڭ قايدا تۇرۇر ئارىغ زاتىڭ،
ئىستەپ سەنى تاپىپ بولماس ئەزىز ئاللاھ.

قىبلە قىلدىم مەن كەئبەنى سىپىنىڭ ئۈچۈن،
سەن ئىبرۇرسەن جۇملە ئالەم ئىچرە بى چۈن،
كۆرۈنمەسسەن مۇنچە خەلق كۆزگە نىچۈن،
سەن ئىبرۇرسەن جۇملە يەردە ھازىر ئاللاھ.

خەبەر بەردىڭ كەلامىڭدە ھازىرمەن دەپ،
جان - تەندىن بەلكى ساڭا ياۋۇق مەن دەپ،
ھەر قايانە باقساڭ ئاندا ھازىرمەن دەپ،
فەئەينەما تەۋەللۇ فەسەمى ۋەجھى ئاللاھ.

قۇل خوجە ئەھمەد مۇناجاتىن قەبۇل ئەيلە،
ئەفۇ ئەيلەبان كۆپ گۇناھدىن ئۆزۈڭ ساقلا،
غەففار ئاتىڭ ئۈمىدلىكدۇر ئاسى قۇلغە،
كەرەم قىلساڭ سەن قىلۇرسەن كەرىم ئاللاھ.

× ×

خۇداۋەندە ساڭا ياندىم ئۆزۈم تەقسىردە تەۋبە،
كى نامەھرەم سارى باقغان كۆزۈم تەقسىردە تەۋبە.
ياراتقان بىزنى ئۇل رەھمان ئوقۇ دەپ بەردى ھەم قۇرئان،
خۇدانى زىكرىدىن غافىل تىلىم تەقسىردە تەۋبە.
سەخاۋەت خەيرىنى قىل دەپ ساڭا خالىق ئالىپ بەردى،
بەسى جەبرى - ستەم قىلغان قولۇم تەقسىردە تەۋبە.
قەدەم مەسجىد سىرى قوي دەپ ئىبادەتكە ئاياغ بەردى،
يۈرۈپ فىسق - فاساد بىرلە ئاياغ تەقسىردە تەۋبە.
قۇلاق بەردى كى ھەق زىكرىن ئىشىتكىل دىدى ئۇل ماڭا،
كى شەيتان سۆزىن ئىشىتكەن قۇلاق تەقسىردە تەۋبە.

كۆكۆل ئۆيى ئېرۇر گۆلشەن ئېرۇر ئىمان ئەگا رەۋشەن،
يۇرۇپ فسىق ھەۋا بىرلەن كۆكۆل تەقسىردىبە تەۋبە.
خۇجە ئەھمەد بەندە تەقسىرىن ئىلاھى سۆزلىدى بىر - بىر،
ئىرۇر تەقسىر، ئىرۇر تەقسىر، قىلۇر تەقسىردىبە تەۋبە.

× ×

ئىرانلار جەمال كۆرەر دەرۋىشلەر سۆھبەتىندە،
ئىرانلار مەجلىسىندە نۇر ياغار سۆھبەتىندە.
نە تىلسە ئۇل بولۇر دەرۋىشلەر سۆھبەتىندە،
ھەر سىرلار زاھىر بولۇر دەرۋىشلەر سۆھبەتىندە.
ھەركىم سۆھبەتكە كەلدى ئىراندىن ئۈلۈش ئالدى،
بات كەلدى بىلىش بولدى دەرۋىشلەر سۆھبەتىندە.
ھەركىم سۆھبەتكە كەلدى كۆڭگە مەئنى يۇتتى،
ئەسھابلار مۇراد تاپتى دەرۋىشلەر سۆھبەتىندە.
ئام كەلسە خاس بولۇر يۇلدۇز كەلسە ئاي بولۇر،
مىس كەلسە ئالتۇن بولۇر دەرۋىشلەر سۆھبەتىندە،
كىبىر - ھەسەدلەر ئۆلەر، ئىچىگە مەئنى تولار،
كۆز ئاچىپ ھەقنى كۆرەر دەرۋىشلەر سۆھبەتىندە.
رەسۇلغە ۋەھى كەلدى باشىدىن تاجىن ئالدى،
قوپتى خادەملىق قىلدى دەرۋىشلەر سۆھبەتىندە.
قۇل خۇجە ئەھمەد سۆھبەتدە دەم ئۇرار مۇناجاتدە،
زەھى خۇشدۇر سەئادەت دەرۋىشلەر سۆھبەتىندە.

× ×

ئەيتتىكىم ئاشىق بولۇپ (ماسىۋا) دىن كەچسىنە،
بۇ سۆزۈمنى ئىشىتىپ ئۆزۆكنى ئوتقا ئۇرسىنە.
ھەر قايان بارساڭ مېنىڭ فىكرىمدە تۇرساڭ بىر زامان،
مەن سېنىڭ دەردىگە دەرمان ئەيلەيىن سەبىر ئەتسىنە،
ئاھ - فەريادىڭ ئېتىپ ئەمدى كۆكۆلنى ئۆزمەگىل،
سەن مېنى ياد ئەيلەبان ھەر يەردە ھازىر كۆرسىنە.
كۆپ گۇناھ قىلدىم دىبان ھەر يەردە ھەيران بولماغىل،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غەم يىمە ئەي بەندە سەن تەۋبەڭنى كۆپراغ قىلسىنە.
بەندە بولساڭ ھەر سەھەر يادىمدە غافىل بولماغىل،
تەۋبە ئىستىغفار قىلىپ جانىڭنى قۇربان قىلسىنا.
گىريە زارى قىلۇرمەن سەن بىلۇرسەن قادىرىم،
ھىچ ئۆزۈمگە كەلمەدىم ھالىمنى مەنىڭ سورسىنە.
ئول سىنىڭ ئىشقىڭ بىلەن دەردىڭە دەرمان تاپمادىم،
سەن مىنى قۇلۇم دىيۇبان دەردىمگە دەرمان بەرسىنە.
لەرزە قىلىپ ۋەھىم بىرلەن بارۇرىمنى بىلمەدىم،
نا ئۈمىد بولمە قۇلۇم سەن شاد ـ خۇررەم بولسىنە.
بارگاھىڭ ساغىنىپ كەلدىم سىنىڭ دەرگاھىڭا،
قۇل ئەھمەد شەرمەندە مەن دەپ كەلدى ئەمدى سورسىنە.

× ×

خالىقىمنى ئىزلەرمەن تۈن ـ كۈن جاھان ئىچىندە،
تۆرت يانىمدىن يول ئىندى كەۋنى مەكان ئىچىندە.
تۆرت دىن يەتتى قات ئۆتدۈم توققۇزنى بىر ـ بىر ئاتدىم،
ئىكىدىن ئونغە يەتدىم چەرخ كەيۋان ئىچىندە،
ئەرشدىن كۆرسغە ئۈندۈم، لەۋھدىن قەلەمغە قوندۇم،
ۋۇجۇد شەھرىنى كەزدىم ئىزى بۇ جان ئىچىندە.
جاننى جاناندا كۆردۈم ئىشقنى مەيداندا كۆردۈم،
دۇررنى سادا كۆردۈم گەۋھەرنى كان ئىچىندە.
ھەيران بولۇپ بەن قالدىم، بىھۇش بولۇپ بەن تالدىم،
ئۆزۈمنى دەردكە سالدىم قالدىم دەرمان ئىچىندە.
غەۋۋاس تونىنى كىيدىم ۋۇجۇد شەھرىغە كىردىم،
ئاشىقلارنىڭ مەيدانى ئۇشول مەيدان ئىچىندە.
تۆرت يۈز قىرىق تۆرت تاغ ئاشتىم، ئۈچ يۈز ئاتمىش سۇ كەچتىم،
ۋەھدەت شەرابىن ئىچدىم تۈشتىم مەيدان ئىچىندە.
چۈنكى تۈشدىم مەيدانغە مەيدانىنى تولا كۆردۈم،
يۈزمىڭ ئارىفنى كۆردۈم بارچە جەۋلان ئىچىندە.
يۈزمىڭ ئارىفنى كۆردۈم ئىستەپ جەمئىنى سوردۇم،
بارچەسى سەندە دىدى قالدىم ھەيران ئىچىندە.
سايرىسنا ئەي بۇلبۇل، ئاچىلىپتۇر قىزىلگۈل،
ھىچ گۈلنى خالى كۆرمەي گۈلنى گۈلزار ئىچىندە.

مىسكىن خۇجە ئەھمەد ھەم جان گەۋھەردۇر ھەم كان،
جۇملە ئەنىڭ ماكانى ئۇل لاما كان ئىچىندە.

× ×

قۇتۇلماسەن قاچىپ تۇن-كۈن ئۈلۈمدىن باغۇ-بوستانغە،
بۇ سۆزدە بولسا ئەشكاللىك تەفەررۇج قىل گۆرۈستانغە.
پەيغەمبەرلەرنى قويمەدى ئۆلۈم كىمنى قويار نادان،
كېتە باتىل بېخىللىكنى تەفەررۇج قىل گۆرۈستانغە.
بۇ ئەزرائىل يېتىپ كەلگەي (شەرەت بىرلە) جاننى ئالغاي،
قېرىنداشلار بەقا قالغاي تەفەررۇج قىل گۆرۈستانغە.
قارا ساچلارنى ياپغايلەر قىزىل يۈزلەرنى يىرتغايلەر،
ھايالىتلار ئۇيالغايلەر تەفەررۇج قىل گۆرۈستانغە.
قېرىنداشلار كۆيۈپ يانغاي فەرشتەلەر كىرىپ كەلگەي،
بۇ مۆئمىندەك سۇئال سورغاي تەفەررۇج قىل گۆرۈستانغە.
ئۆلۈمدۇر ئەرنى يەر قىلغان ئالىب جانىن ئەسىر قىلغان،
جاھان زىرۇ-زەبەر قىلغان تەفەررۇج قىل گۆرۈستانغە.
ۋەفاسى يوق بۇ دۇنيانىڭ ئاسىغ قىلماس ساڭا ئاخىر،
بولۇر بىر سىر ساڭا زاھىر تەفەررۇج قىل گۆرۈستانغە.
قۇل ئەھمەد ئۆزۈڭ ئاڭلا سەفەر قىلغۇڭ بۇگۈن تاڭلا،
نە چۇڭ بولغۇسى ھال ئاندە تەفەررۇج قىل گۆرۈستانغە.

× ×

ئەيتاي سىزگە دوستلارىم كىملەر كېلىپ كەتكۇسى،
مۇسۇلمانلار كۆڭلىدىن مېھرىبانلىق كەتكۇسى،
مۇسۇلمانىمىز دىگەنلەر ھەرام ھەر ئىش ئەتكەنلەر،
يالغان تايۇ تانغايلار ئاخىر زامان بەلگۇسى،
بىر-بىرىگە باقماسلار مېھر-شەفقەت قىلماسلار،
ئاخىرەتنى بىرىبان دۇنيا مالىن ئالغۇسى.
ھەق ئىشىدىن تانغايلار ناھەق ئىشنى قىلغايلار،
ھەقنى ئەيتسە ئۇرغايلەر بىدىنلارنى بەلگۇسى.
ئۇل مەنمەن دەپ ئەيغايلەر يالغان نەماز قىلغايلەر،
قەساد ئىشنى قىلغانلەر مۇنافىقنى بەلگۇسى.
ئالىملار ھەرام يىگەي، ئەۋاملەر دىندىن كەتكەي،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

زالىملەر قەۋى بولغاي مۆئمىنلەر ئازدۇرغۇسى.
هاكىملار زالىم بولغاي مۆئمىنلەر مالىن ئالغاي،
ئۆلۈپ ماللارى قالغاي ئاندا تەكىرىم سورغۇسى.
شەرىئەتنى بىلمەسلەر، تەرىقەتكە كىرمەسلەر،
ھەقىقەتدىن ئۇقماسلەر شەيخلىق دەئۋا قىلغۇسى.
ئىلنى مۇرىد قىلغايلەر، ئاھۇ فىغان ئەتكەيلەر،
مەستانەۋار يۈرگەيلەر دەججال لەئىن بىلگۈسى.
دۇنيا مالىن سۆيمەگىل، دۇنيانى كۆپ يىغماغىل،
ئۆلمەسمەن دەپ ئەيماغىل، بارچە ئالەم ئۆلگۈسى.
نەفسى ئىلكىگە تۈشۈپسەن، سەمىرتىپ يۈرۈپسەن،
مەھشەر كۈنى بولغاندا قەھھار قەھرى قىلغۇسى.
قۇللۇق قىلماي ئۆلەرسەن قارا يەرگە كىرەرسەن،
يالغۇز ياتىپ قالۇرسەن كۆزگە تۇفراق تولغۇسى.
ئاسى قۇل ئەھمەد غافىل، يۈرمىگىل باقىپ ھەيران،
مەۋلۇمدىن تىلە ئىمان ئاندا دىدار كۆرگۈسى.

× ×

كۆڭلۈم قۇشى ئۇچار دائىم قانات تۈتۈپ،
ئىككى كۆزۈم نەدامەتدە قانلار تۆكۈپ،
تۈن ئولتۇرۇپ رىيازەتدە تىزىن پۈكۈپ،
يا ئىلاھا ئەفۇ ئەيلەگىل گۇناھىمنى.

نادانلىقدە قىلغان ئىشىم بارچە خەتا،
تەۋبە تەقسىر ئەيلەمەدىم ياقام تۇتا،
كەردەنىمغە تەۋق يەگلىغ سالىب فوتا،
يا ئىلاھا ئەفۇ ئەيلەگىل گۇناھىمنى.

دۇنيا سۆيۈپ دىن سوداسىن ئۆتكەرىبمەن،
يازۇق يۈكىن ئەيا دوستلار بىتكەرىبمەن،
دەرگاھىڭە مەئسىيەتلەر كەلتۈرۈبمەن،
يا ئىلاھا ئەفۇ ئەيلەگىل گۇناھىمنى.

بۇ دۇنيانى ئۆتەرىمنى ئەمدى بىلدىم،
يا ئىلاھا ئەفۇ ئەيلەگىل گۇناھىمنى.

كۆڭۈل مۈلكىن تۈتمىش ئۇقشار زۇلمەت تۈتتى،
مەنلىك ئىچرە پەيدا بولۇر مەئمىنى،
پىر خىزمەتى يارلىق قىلۇر بىزدىن ئانى،
يا ئىلاھا ئەفۇ ئەيلەگىل گۇناھىمنى.

قۇل خوجە ئەھمەد گۇناھىغە قائىل ئېرۇر،
ئىرانلارنىڭ سۆھبەتىغە مائىل ئېرۇر،
ھەركىم ئاللاھ دىسە ئاڭا يارى ئېرۇر،
يائىلاھا ئەفۇ ئەيلەگىل گۇناھىمنى.

× ×

شۇم دۇنياغە كۆڭۈل باغلاپ كاھىل بولدۇم،
ئىشرەت بىلەن ۋادەرىغا جاھىل بولدۇم،

ئاسى جافى قۇلۇڭ كەلدى دەرگاھىڭە،
قولۇم تۈتۈپ يولغا سالغىل ئەنتەلھادى.

ئېركىنلىك قادىر ساغىنىپ كەلدىم پاناھىڭغە،
قولۇم تۇتۇپ يولغا سالغىل ئەنتەلھادى.

تۇنىكىچەدىن تاڭ ئاتقۇنچە ياتماق ئىشىم،
سەھەر تۇرۇپ زار ئەتمەدىم مۇڭلۇغ باشىم،
نەدامەتدە ئاقارمۇكىن كۆزدە ياشىم،
قولۇم تۇتۇپ يولغا سالغىل ئەنتەلھادى.

يولسىز يولغا كىردىم دوستلار ھالىم خەراب.
خەلقدىن سورسەم ھېچكىم بەرمەس ماڭا جەۋاب
خالىقىمسەن يولنى كۆرسەت ئالى جاناب،
قولۇم تۇتۇپ يولغا سالغىل ئەنتەلھادى.

يىغلاپ كەلدىم دەرگاھىڭە ئەيا شاھىم،
قاپساپ كەلدىم قارانغۇلۇق چىققىل ماھىم،
پادىشاھىمسەن بىرۇ بارىم تەكيە گاھىم،
قولۇم تۇتۇپ يولغا سالغىل ئەنتەلھادى.

باشدىن-ئاياغ تولدى گۇناھ قايدا باراي،
يول ئاداشقان ئىزگۇ يولنى كىمدىن سوراي،
بۇ ھال بىرلە دىدارىڭنى نىچۇك سوراي،
قولۇم تۇتۇپ يولغا سالغىل ئەنتەلھادى.

شەرمەندە مەن، دەرماندە مەن كۆپتۇر گۇناھ،
مەن بىر كىتسەم ئىلىك-ئاياغ بارچە گۇۋاھ،
سەن بىر كىتىپ ياپماس بولساڭ ھالىم تەباھ،
قولۇم تۇتۇپ يولغا سالغىل ئەنتەلھادى.

گۇناھ دەردى كىسەل قىلدى تەبىبىمسەن،
مەرھەمىمسەن، دەرمانىمسەن، ھەبىبىمسەن،
يولدا قالدىم ھالىم سورار تەبىبىمسەن،
قولۇم تۇتۇپ يولغا سالغىل ئەنتەلھادى.

فىسق-فۇجۇر رەھمەتىڭدىن نەۋمىدئىمەس،
سەندىن ئۆزگە ھېچكىم مەنى يولغە سالماس،
لۇتفى ئەتمەسەڭ مۇشكىللارىم ئاسان ئىمەس،
قولۇم تۇتۇپ يولغا سالغىل ئەنتەلھادى.

قۇل خۇجەئەھمەد رەھمەتىڭنى ئۈمىد تۇتاي،
خۇجەم مېنى بەندە دىسە شۇكرىن ئەيتاي،
بەندەم دىمەي يۈز ئۆگۈرسە نىچۈك ئەيتاي،
قولۇم تۇتۇپ يولغا سالغىل ئەنتەلھادى.

× ×

ئەۋۋەل ھۇ دەپ، ئاخىم ھۇ دەپ بىخۇد بولغىل،
ھەق جامالىن كۆرسەتمەسە زامىن بولاي.
زاھىر ھۇ دەپ، باتىن ھۇ دەپ قانلار يۇتغىل
ھەق جامالىن كۆرسەتمەسە زامىن بولاي.

لائىلاھە ئىللەللاھ دەپ زارى قىلغىل،
ھەق زىكرىنى ھەم ئەيتسەلەر يارى بەرگىل،
پىرى مۇغان خىزمەتىدە يۈگۈرۈپ يۈرگىل،
ھەق جامالىن كۆرسەتمەسە زامىن بولاي.

تىلدە ئالغىل لائىلاھە ئىللەللاھ،
ئىچكە سالغىل ھەر نەفەسدە بولغىل ئاگاھ،
پىرى مۇغان نەزەر قىلغاي ساڭا ناگاھ،
ھەق جامالىن كۆرسەتمەسە زامىن بولاي.

كىمنى كۆرسەڭ خىزىر بىلىپ قولىن ئۈپكىل،
ئەدھەم سۈفەت رەسۋا بولۇپ دۇنيا تەپكىل،
جەمالىنى كۆرەي دىسەڭ سەھەر قوپغىل،
ھەق جامالىن كۆرسەتمەسە زامىن بولاي.

ئاللاھ دىگەن بەندەلەرنىڭ قۇلى بولغىل،
تۇفراق سۈفەت يول ئۈستىدە يولى بولغىل،
ئاشىقلارنىڭ يانىپ ئۆچكەن كۈلى بولغىل.
ھەق جامالىن كۆرسەتمەسە زامىن بولاي.

زاكىر بولۇپ، شاكىر بولۇپ ھەقنى سۆيگىل،
سەھەر ۋەقتدە قوپۇب نەفسىڭ كۆزىن ئويغىل،
بايەزىددەك ئاشىق بولسەڭ دۇنيا قويغىل،
ھەق جامالىن كۆرسەتمەسە زامىن بولاي.

www.uyghurkitap.com

يۈرسەك، تۇرساك، ياتساك، قوپساك ھەقـقـە
ئەيتسەك،
ذاكىر بولۇپ، شاكىر بولۇپ، جاندىن ئۆتسەك،
ۋەللا بىللاھ دۇنيا ھارام تاشلاپ ئەتسەك،
ھەق جامالىن كۆرسەتمەسە زامىن بولاي.

ھەق ۋەسلىگە يېتەي دىسەك سەھەر يىغلا،
ئاللاھ دىيۇ يۈرەك ـ باغرىڭ ئوتقا داغلا،
ھىممەت قۇرىن مەردانەدەك بەلگە باغلا،
ھەق جامالىن كۆرسەتمەسە زامىن بولاي.

ئەدھەم سۇفەت بۇ دۇنيادىن كۆڭۈل ئۈزگىل،
ھەرس ھەۋا تەكەببۇرنىڭ ئۆيىن بۇزغىل،
مۇھەببەتنىڭ دەرياسىغە چۆمۈپ يۈزگىل،
ھەق جامالىن كۆرسەتمەسە زامىن بولاي.

ئەھلى ھەۋا مەنمەنلەردىن قاچىپ يۈرگىل،
ئەھلىن تاپساڭ كۆزدە ياشىڭ ساچىپ يۈرگىل،
مۇھەببەتنىڭ شەرابىدىن ئىچىپ يۈرگىل،
ھەق جامالىن كۆرسەتمەسە زامىن بولاي.

كېچە ـ كۈندۈر ئاخىرەتنى غەمىن يىگىل،
تۈن ئۇيقۇنى ھەرام قىلىپ تائەت قىلغىل،
مۇھەببەتنىڭ شەۋقى بىلەن كۆكسىڭ يارغىل،
ھەق جامالىن كۆرسەتمەسە زامىن بولاي.

ئەيا دوستلار بۇ دۇنيادىن يىغلاپ ئۆتتۈك،
مۇھەببەتنىڭ جامىن ئالىپ مەي نۇش ئەتىڭ،
فانى تۇرۇر بۇ دۇنيادىن كەچىپ كېتىڭ،
ھەق جامالىن كۆرسەتمەسە زامىن بولاي.

كېچەلەرى بىدار بولۇپ قانلار يۇتغىل،
بۇ دۇنيانىڭ ئىشرەتلەردىن مەڭا ساتغىل،
پىرى مۇغان ئىتەگىنى مەھكەم تۇتغىل،
ھەق جامالىن كۆرسەتمەسە زامىن بولاي.

كېچە ئاللاھ، كۈندۈز ئالاھ تىنماي ئەيتغىل،
مەئرىفەتنىڭ بازارىندە ئۆزلۈك ساتغىل،
مەي نۇش ئېتىپ سەمائ قىلىپ زىكرىن ئەيتغىل،
ھەق جامالىن كۆرسەتمەسە زامىن بولاي.

يا رەببىنا زەللەمنا دەپ نالە قىلغىل،
كۆز ياشىڭنى ھەر تەرەفغە ژالە قىلغىل،
ھەق يادىنى ئەيتىپ ئۆزلۈك ۋالە قىلغىل،
ھەق جامالىن كۆرسەتمەسە زامىن بولاي.

دەرد ـ ھالەت پەيدا قىلىپ يولغا كىرگىل،
پەرۋانەدەك شەمئىنى كۆرۈپ ئۆزلۈك ئۇرغىل،
قايدا بارساڭ زىكرىن ئەيتىپ دۇكان قۇرغىل،
ھەق جامالىن كۆرسەتمەسە زامىن بولاي.

مۇھەببەتنىڭ مەيدانىدە باش ئويناتساڭ،
ھۇ ـ ھۇ دىيۇ زىكرىن ئەيتىپ جان قىيناتسەڭ.
قان ـ ياش تۆكۈپ دىدار ئىزلەپ قان يىغلاتسەڭ،
ھەق جامالىن كۆرسەتمەسە زامىن بولاي.

ئىرانلارنىڭ ئاستانەسىن ساقلاپ ياتقىل،
سەھەرلەردە چار زەرب ئۇرۇپ ئەرتە قوپقىل،
زارى قىلىپ فەنا بولۇپ جاندىن ئۆتكىل،
ھەق جامالىن كۆرسەتمەسە زامىن بولاي.

تۇفراق سۇفەت خارلىق تارتىغىل نەفسىڭ
ئۆلسۈن،
خەلق ئىچىندە رەسۋا بولغىل ئالەم كۈلسۈن،
چىن كۆڭلىدە يىغلاپ يۈرگىل خۇدا بىلسۇن،
ھەق جامالىن كۆرسەتمەسە زامىن بولاي.

پىنھان يۈرۈپ تائەت قىلغىل تەڭرى بىلسۇن،
كۆز ياشىڭنى دەريا قىلغىل رەھمى كەلسۇن،
غەرىب بولۇب يولدا ياتغىل قولۇڭ ئالسۇن.
ھەق جامالىن كۆرسەتمەسە زامىن بولاي.

ھىجران تۈنتى ئاھىڭ بىلەن ئۇتلار ياقغىل،
كۆز ياشىڭنى بەرقى بىرلەن چاقماق چاقغىل،
ئىرانلارنىڭ سۆھبەتىدە ئىرىپ ئاقغىل،
ھەق جامالىن كۆرسەتمەسە زامىن بولاي.

ئەي نائىنساف دۇنيا فانى ھەققە يانغىل،
بەندە بولساڭ ھەق زىكرىنى يىنماي ئەيغىل،
پىرى مۇغان خىزمەتىدە جافا تارتغىل،
ھەق جامالىن كۆرسەتمەسە زامىن بولاي.

ئاللا دىيۇ فەنا بولغىل باغرىڭ كۆيسۇن،
تۈنلەر قوپۇپ تائەت قىلغىل تەگرى سۆيسۇن،
ئاندىن سۆگرە خاس بۇزرۇكلار نەزەر قىلسۇن،
ھەق جامالىن كۆرسەتمەسە زامىن بولاي.

تۈن سەھەرلەر بىدار بولۇپ سەھەر تۇرغىل،
ئاشىق بولساڭ ئىسمائىلدەك جاندىن ئۆتكىل،
قول ئاياغىڭ مەھكەم بوغۇپ ئەمرىن تۇتقىل،
ھەق جامالىن كۆرسەتمەسە زامىن بولاي.

رىيازەتنى قاتىغ تارتىپ جانلار قىينا،
مەيدان ئىچرە باشىڭ بەرىپ ئىمان ئوينا،
ئىشقدىن كىچىپ بال ئوينىغە زوقۇم چاينا،
ھەق جامالىن كۆرسەتمەسە زامىن بولاي.

فەرھاد سۆفەت مىھنەت تارتىپ تاغلار كەسكىل،
با يەزىدەك تۈنلەر قوپۇپ ئۆزۈڭ ئاسغىل،
جۇنەيدىدەك چۆللەر كىزىپ خارلار باسغىل،
ھەق جامالىن كۆرسەتمەسە زامىن بولاي.

ھەق رەھمەتى ئۇلۇغ دەريا بىر قەترە بەس،
قەترەسىدىن بەھرە ئالغان قىلماس ھەۋەس،
(مەنمەن) لىكلەر سەندىن كىتەر مىسلى مەگەس،
ھەق جامالىن كۆرسەتمەسە زامىن بولاي.

ھەق رەھمەتى ئۇلۇغ دەريا قابىل بولغىل،
تالىپ ئىسەڭ ھەق سارىغە مائىل بولغىل،
زوھىد تەقۋا قىلىپ دائىم نائىل بولغىل،
ھەق جامالىن كۆرسەتمەسە زامىن بولاي.

لا، لا ئەيتىپ ئىللەللاھغا شەيدا بولغىل،
مەنسۇر سۆفەت ئەنەلھەق دەپ غەۋغا قىلغىل،
گىريان بولۇپ كۆز ياشىڭنى دەريا قىلغىل،
ھەق جامالىن كۆرسەتمەسە زامىن بولاي.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئەي بىخەبەر غەفلەت بىلەن ئۇيغۇداسەن،
دۇنيا تىلەپ كېچە ـ كۈندۈز قايغۇداسەن،
تائەت قىلماي سۆزلەر سۆزلەپ بىھۇدەسەن،
ھەق جامالىن كۆرسەتمەسە زامىن بولاي.

تاشدىن تۇشەك ياستۇق قىلىپ تائەت قىلساڭ،
ھەق ئەمرىگە رازى بولۇپ بويۇن سۇنساڭ،
ئۆلەر ۋەقتدە ئىمان ئارىغ قولغە ئالساڭ،
ھەق جامالىن كۆرسەتمەسە زامىن بولاي.

قۇل خوجە ئەھمەد نەسىھەتنى ئۆزىڭە قىل،
ئەي بىخەبەر خەلقىنى قويۇپ ئۆزۈڭنى بىل،
تاغدىن ئاغىر گۇناھىڭ بار ئۆزىڭە كىل،
ھەق جامالىن كۆرسەتمەسە زامىن بولاي.

× ×

مۇھەببەتنىڭ بازارىندە جەۋلان قىلىپ،
خاس بەندەلەر نەۋا قىلىپ يۈرۈر بولغاي.
مەھشەرگاھدە خەلق ئىچىندە تۇغيان قىلىپ،
ئاسىلارنى ئول كۈن ھەقدىن تىلەر بولغاي.

رەھمان ئىگەم بەندەلەرگە نىدا قىلغاي،
نىدا ئىشىتىپ بەندەلەرى رەببىم دىگەي،
قىيامەتنىڭ ئافتابى چۈشقە كەلگەي،
ئاشىقلارنى كۆزدە ياشى ئاقار بولغاي.

مەئرىفەتنىڭ مەيدانىدا جەۋلان قىلغان،
تەرىقەتنىڭ گۈلزارىدا تەيران قىلغان،
ھەقىقەتنىڭ بوستانىدا سەيران قىلغان،
خاس بەندەلەر ھەق دىدارىن كۆرەر بولغاي.

رەۋزە ئەزەل تەقدىر قىلسە ھەق جامالى،
يۈزمىڭ ئاشىق كۆيۈپ ياتسە يوق زاۋالى،
كۈندىن ـ كۈنگە زىيلا بولغاي قال ـ ھالى،
ئىزىم يولىن بەندەلەرغە ئاچار بولغاي.

ھەقنى ئىزلەپ كېچەلەردە بىدار تۇرغان،
شەۋق شەرابىن ئىچەرمەن دەپ تەشنە بولغان،
ئۆز يەقاسىن ئۆزى تۇتۇپ زارى قىلغان،
تاڭلا بارسا شەۋق شەرابىن ئىچەر بولغاي.

كېچە ياتماي خاب غەفلەت ھەرام قىلسە،
زىكرى سىر ۋە زىكرى روھنى تامام قىلسە،
مىڭ بىر ئاتىن تەسبىھ قىلىپ كەلام قىلسە،
يوق ئېرسە خەلايىقدىن قاچار بولغاي.

ۋادەرىخا ئۆتتى ئۆمرۇم ئارمان بىلەن،
ئىشق يولدا بولمادىمەن سالمان بىلەن،
ھەقنى ئىزلەپ يۈرمەدىمەن ئەفغان بىلەن،
يولنى تاپقان مەردانلارى ئۇچار بولغاي.

مۇھەببەتنىڭ دەرياسىدە جەۋلان قىلغان،
ئاخىرەتنى يەراغىنى قولغە ئالغان،
شامۇ سەھەر چار زەرب ئۇرۇب زىكرىن ئەيغان،
ئانداغ قۇللار ئۇجماغ ئىچرە كىرەر بولغان.

قۇل خۇجە ئەھمەد بەندە بولساڭ زارى قىلغىل،
ھەلقە ئالىب كىم زىكر ئەيتسە يارى بەرگىل،
جان ـ دىلنى ھەق زىكرىگە ۋاسىل قىلغىل،
ۋاسىل قىلغان ھەق دىدارىن كۆرەر بولغاي.

× ×

ھەق ئىلاھىم قايۇ قۇلغە لۇتف ئەيلەسە،
كېچە ـ كۈندۈز كۆزدە ياشى ئاقار بولغاي.
مۇھەببەتنىڭ جامىن ئالىپ نۇش ئەيلەسە،
ئەقلى كېتىپ بىھۇش بولۇپ ياتار بولغاي.

ئۇل ئاشىقنى رەسۋا قىلغان ئاللا ئۆزى،
خەلق ئىچىندە ئويناپ ـ كۈلەر پىنھان سۆزى،
خەزان ئۇرغان يافراق كەبى تىترەر ئۆزى،
چىن دەردلىكلەر دىدار ئىزلەپ يۈرەر بولغاي.

ھەق رەسۇلى مۇستافانىڭ سۈننەتلەرى،
ئىبراھىم خەلىلۇللانىڭ مىللەتلەرى،
شەرىئەتكە مۇنكىر بولغان بىدئەتلەرى،
كۆزگە ئىلماي مۇبتەدىئدىن قاچار بولغاي.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىشقسىز كىشى ھەيۋان يەڭلىغ ھەيۋان ئېرۇر،
باشى قايىپ ئۆزىن بىلمەي سەرسان ئېرۇر،
دۇنيا ئىزلەپ كېچە ـ كۈندۈز گىريان ئېرۇر،
دۇنيا ئۈچۈن ئۆمرىن يەلگە ساتار بولغاي.

ئەيا ئاشىق دەرد، ھالەت پەيدا قىلغىل،
مەنسۇر سۈفەت ئەنەلھەق دەپ غەۋغا قىلغىل.
دۇنيا تېپىپ ئاخىرەتنى سودا قىلغىل،
سودا قىلغان ھەق دىدارىن كۆرەر بولغاي.

ئەيا دوستلار كېچە ـ كۈندۈز زىكرىن ئەيغىل،
سەھەرلەردە چار زەرب ئۇرۇپ يادىن ئەيتغىل،
غەرىب بولۇپ ۋەيرانەدە دەردىن ئەيتغىل،
دەردلىك ئادەم خەزان يەڭلىغ سولار بولغاي.

رەسۋا بولۇپ ھەقنى ئىزلەپ يۈرگەن ئاشىق،
جافا تارتىپ ئىشق يولىغە كىرگەن سادىق،
ئاندىن سۆكرە دەرگاھىغە بولۇر لايىق،
ۋەھشى يەڭلىغ ئادەملەردىن قاچار بولغاي.

ھەق ئىلاھىم رەفىق بولۇپ كىرگۈز يولغە،
مۇھەببەتنىڭ شەۋقى ئۇرسۇن غەرىب جانغە،
دىدارىڭنى ئەتا قىلغىل جۈملە قۇلغە،
غەرىب بولۇب ۋەيرانەگە كۆچەر بولغاي.

خىزىر ئاتانىڭ سۆھبەتىدە دائىم بولغان،
غەۋس غىياس چىلتەنلەرنى ھازىر كۆرگەن،
شەراب ئىچىپ ۋاله بولۇب ئەفغان قىلغان،
ئانداغ ئاشىق قانات قاقىپ ئۇچار بولغاي.

سىر شەرابىن ئىچكەن ئاشىق روھى يوللار،
تەشنە بولۇپ ھارىب ـ تالىب يۈرۈپ يوللار،
بىگانەلەر تاشلار ئاتىپ ئاڭا كۈلەر،
ۋاله بولۇپ كۆزدە ياشىن ساچار بولغاي.

قۇل خۇجە ئەھمەد دەرد ھالەت پەيدا قىلغىل،
مەئرىفەتنىڭ دەردىن ئەيتىپ گىريان بولغىل،
ئاخىرەتنىڭ مەھشەرىندە غەۋغا قىلغىل،
ئىشق بابىنى مەۋلۇم ئاڭا ئاچار بولغاي.

× ×

مۇھەببەتنىڭ بوستانىغە كىرگەن ئاشىق،
كۆز ياشىنى نىياز ئەيلەب ساچار بولغاي.
ئىشق يولىدا جانىن فىدا قىلىپ يۈرگەن،
قانات قاقىب ھەۋاسىرى ئۇچار بولغاي.

جەفا چېكىپ مىھنەت تارتماي ئاشىق بولماس،
تۇفراق بولۇپ خارلىق تارتماي سادىق بولماس،
بىدار بولماي دىدارىغە لايىق بولماس،
لايىق بولغان خالايىقدىن قاچار بولغاي.

ئىرانلار مەنلىك بىلەن يورمادىلەر،
نەفسدىن كەچمەي تەرىقەتكە كىرمەدىلەر،
بۇ دۇنيادە زەررە ئارام ئالمادىلەر،
ئەھلى ئايال خانىماندىن كېچەر بولغاي.

ۋادەرىخا ئۆتتى ئۆمرۈم زايىئ بەندە،
سورىسەلەر مۇندە مەنى نىتكۈم ئاندە،
قۇللۇق قىلماي ھەق دىدارىن كۆرمەك قاندە،
ئادەم ئوغلى كارۋان يەڭلىغ كۆچەر بولغاي.

دەردلىك ئادەم بۇ دۇنيادە قەرار ئالماس،
ھەق يادىنى ئەيتىپ يۈرۈر تىلدىن قالماس،
مەست ھەيران يۈرۈر دائىم ھارىب ـ تالماس،
زىكرىن ئەيتىپ دىل زىنكارىن ئاچار بولغاي.

ئەريان بولۇپ ماسىۋادىن كەچىپ يۈرۈر،
مەجنۇن سۈفەت خەيلى خۇشدىن قاچىپ يۈرۈر،
كۆكۈل قۇشى ھەزرەت تەبا ئۇچۇپ يۈرۈر،
بۇ دۇنيانىڭ مەزاسىدىن كېچەر بولغاي.

ئانداغ ئاشىق چۆللەر ئارا قىلغاي ۋەتەن،
ۋەھشى يەڭلىغ ھەمراھلارى زاغ ـ زەغەن،

رىھلەت قىلسە چۇرۇك ئىگىن ئاڭا كىفەن،
خىزىر، ئىلياس ھۇللە تونلار پىچار بولغاي.

گۆرگە بارسە فەرىشتەلەر ئىلىك قىلغاي،
ئىما قىلىپ ئەدەپ بىلەن ئىلىك ئالغاي،
كۆزىن يۇمۇپ ئاشىقلارى بىخۇد بولغاي،
جەدەل قىلىپ ئۇقبى سىرى كۆچەر بولغاي.

قۇل خۇجە ئەھمەد شەيخ ئىبراھىم فەرزەندىدۇر،
ھەق رەسۇلى مۇستافانىڭ دىلبەندىدۇر،
ئاشىقلارغە ئەيغان سۆزى سەرقەندىدۇر،
ھىكمەت ئەيتىپ تالىبلارغە ساچار بولغاي.

× ×

سۇبھان ئىزىم قۇدرەت بىلەن فەرمان قىلسە،
ئاشىقلارى غەۋغا قىلىپ يۈرۈر بولغاي،
مەھشەرگاھدە ئەفغان قىلىپ ياشىن تۆكۈپ،
ئىلگە ئۆزىن گۇمراھ قىلىپ يۈرۈر بولغاي.

خەلق ئىچىندە رەسۋا بولۇر ئۆزىن بىلمەس،
نادانلارنىڭ سۆھبەتىغە قاچىپ كەلمەس،
ئول سۆھبەتدە ئىرانلارنىڭ بويى كەلمەس،
كۆزدە ياشىن نەۋا قىلىپ يۈرۈر بولغاي.

ئاشىقلارنىڭ ھەق قاشىدا كۆب نازى بار،
نەئرە تارتسە زەررە قالماس گەردۇ غۇبار،
رەۋزە ناماز تەسبىھلارى يا ھۇدىدار،
باتىنلارىن گويا قىلىپ يۈرۈر بولغاي.

ۋەھشى يەكلىغ باياباندا قىلغاي ۋەتەن،
ھەمراھلارى چۆللەر ئارا زاغۇ زەغەن،
ھاجەت ئەمەس ئاشىقلارغە باغۇ چىمەن،
خىزىر ئىلياس ھەمراھ بولۇپ يۈرۈر بولغاي.

ئاشىقلارنىڭ كۆز ياشىندۇر باغۇ بوستان،
بۇلبۇللارى سەيران ئاندا ھەزار داستان،
زاھىرلارىن بۇزۇپ يۈرۈر خانە ۋەيران،
ھەق قۇدرەتىن ئىنشائ قىلىپ يۈرۈر بولغاي.

بىخۇد بولۇپ يۈرۈر بولغاي مەست ھەيران،
ئاللاھ دىيۇ كۆزدە ياشى باغرى بەريان،
نەئرە ئۇرۇپ فەرياد ئېتىپ قىلۇر ئەفغان،
ئاللاھ يادىن سەنا قىلىپ يۈرۈر بولغاي.

قادىر ئىگەم فەزلى بىرلەن سۇلھ ئەيلەسە،
جەننەت بەرسە ئالماس ئاشىق ئەمر ئەيلەسە،
نەئرە ئۇرۇپ فەرياد ئېتىپ داد ئەيلەسە،
مەي نۇش ئېتىپ سەمائ قىلىپ يۈرۈر بولغاي.

كېچە ـ كۈندۈز يىغلا دائىم بىردەم تۇرماي،
تىلدىن سالما ئاللاھ يادىن ھارىب تالماي،
كۆزدە ياشى ئاقماس ھەرگىز باغرىن تىلماي،
ياشى ئاقىپ گۇۋاھ قىلىپ يۈرۈر بولغاي.

مۇھەببەتنىڭ بۇراقىنى مىنىپ يۈرگەن،
ئانداغ ئاشىق تەرىقەتدە جەۋلان قىلغان،
سىر شەرابىن ئىچىپ ئاشىق روھى قالغان،
ئىشق بابىدە نەۋا قىلىپ يۈرۈر بولغاي.

دەۋزەخ ئىچرە كىرسە ئاشىق پەرۋا قىلماس،
كۆرۈپ بىلىپ مالىكلارنى كۆزگە ئىلماس،
ھۆرۈ قەسىر، غۇلمانلارنى بەرسە ئالماس،
فەرياد ئېتىپ سادا قىلىپ يۈرۈر بولغاي.

قادىر ئىگەم قۇدرەت بىرلەن نىدا قىلغاي،
دىدار ئۈچۈن كۆيگەنلەرىم كەلگىل دىگەي،
كۆزدە ياشىن ئاقىزۇبان فەرياد قىلغاي،
ئەقلى ھۇشىن رىھا قىلىپ يۈرۈر بولغاي.

رەھمان ئىگەم بەندەلەرنى دادىن بەرگىل،
ئاسى جافى قۇللارىڭنى ھالىن سورغىل،
رەۋز مەھشەر دىدارىڭنى ئەتا قىلغىل،
جان ـ دىلىنى ۋالە قىلىپ يۈرۈر بولغاي.

ئۇيغۇر كىتاب تورېكىتى www.uyghurkitap.com

رەھمان ئىگەم رەھمى بىلەن نىدا قىلغاي،
ھەزىن ئاۋاز ئىشىتىپ ئاشىق جانى كۆيگەي،
زەئىپ بولۇپ ئاشىقلارى باش كۆتەرگەي،
ھەق ئىشقىنى سەنا قىلىپ يۈرۈر بولغاي.

ئاشىق بولۇپ ھىكمەت ئەيتدى قۇل خۇجە ئەھمەد،
زەۋقى بىرلەن ئىشتىكەنگە يۈزمىڭ رەھمەت،
ئىمان ئەتا قىلسە تەڭرىم تاج ـ دەۋلەت،
ئاشىق دىلىن سەفا قىلىپ يۈرۈر بولغاي.

× ×

مۇھەببەتنىڭ شەۋقى بىلەن يار ئىستەگىل،
رەۋزە نەماز ئۇقۇماق ئىزىم فەرزى بولغاي،
مەھشەر گاھدە ئەدلى بىلەن سودار بولسە،
ئاشىقلارنىڭ خۇدايىغە ئەرزى بولغاي.

ئەرزى شولدۇر خۇدايىغە مىڭ داد ئەيتار،
ھالىم كۆرۈپ ياشىن تۆكۈپ فەرياد ئېتەر،
نەئرە تارتىپ مەھشەرگاھنى ئاباد ئېتەر،
ئاشىقلارنى ئاھى دىلى فەرزى بولغاي.

چىن ئاشىقلار دائىم تىرىك ئۆلگەن ئەمەس،
ئەرۋاھلارى يەر ئاستىغە كىرگەن ئەمەس،
زاھىد ئابىد بۇ مەئنىنى بىلگەن ئەمەس،
چىن ئاشىقلار خالايىقنى خىزرى بولغاي.

يازۇقلاردىن قورقۇپ دائىم يىغلاپ تۇرار،
رەۋز مەھشەر يېتەر مەندەپ قانلار يۇتار،
سىرات ئاتلىغ كۆزەرگاھدە باشىم قاتار،
خۇجەسىغە شىكەستەلىك ئەرزى بولغاي.

زەررە ئىشق كىمە تۇشسە نالان قىلۇر،
كۆز ياشىنى ئاقىزۇبان ئۇممان قىلۇر،
ھەرنە تاپسە ھەق يولىغە ئېھسان قىلۇر،
بېخىللارنىڭ ئەداۋەتى بەغزى بولغاي.

ئاشىقلارنى ياش ئورنىغە قانى ئاقغاي،
مەلائىكلەر ھەر تەرەفدىن ئوتلار ياقغاي،
غافىل بولسە ھازىر بول دەپ ئۆزى باقغاي،
چىن ئاشىقلار بۇ دۇنيانى خىزرى بولغاي.

ئەھلى دۇنيا ئاخىرەتدىن پەرۋايى يوق،
روھى تەنھا ئىمان ئىسلام ھەمرايى يوق،
تەرىقەتدە ئاداشقاننىڭ ھېچ راھى يوق،
بەندەمەن دەپ تىلى بىلەن ئاغزى بولغاي.

كېچە ئاللاھ، كۈندۈز ئاللاھ تىنماي يورار،
ئاللاھ شەمئى پەرۋانە دەب ئۆزىن ئۇرار،
لەيلى مەجنۇن، فەرھاد ـ شىرىن دەۋرىن سورار،
ھەق تائالا ئاشىقلارنى سۆزى بولغاي.

ئاشىق كۆيسە خاس مەئشۇقى بىرگە كۆيگەي،
مەجازىلەر كۆيمەي تۇرۇپ خاندىن ئۆتكەي،
ئاشىقلارى كۆيگەنسىرى سۆيۈنۈپ كۆيگەي،
ئول سەبەپدىن مەئشۇقىغە نازى بولغاي.

ئوتقە سالسا ئوتدىن يانماس ئاشىق كىشى،
يەرۈ ـ كۆكنى توفان قىلۇر ئاقغان ياشى،
ئاللاھ دىسە بىشەك يارۇر ئىچۇ تاشى،
كۆيمەك يانماق ئاشىقلارغە بازى بولغاي.

جۇملە ئاشىق يىغلىپ بارغاي دەرگاھىغە،
ياشىن ساچىپ ئەفغان قىلۇر بارگاھىغە،
يەتتى دەۋزەخ تاقەت قىلماس بىر ئاھىغە،
رەھمان ئىگەم ئاشىقلارغە قازى بولغاي.

سۇلىھ ئەيلەسە ئاشىقلارى قوبۇل قىلماس،
ھۆرۇ غۇلمان جەننەت بەرسە كۆزگە ئىلماس،
دىدار تىلەپ باشلارىنى يەردىن ئالماس،
ئاشىقلارى دىدار كۆرۈپ رازى بولغاي.

ئاشىقلارنى يەتتى كۆككە يېتەر ئاھى،
ئاللاھ دىسە يەكسان بولۇر ھەر گۇناھى.

ئاشىقلارنى رەھمان ئىگەم تەكيەگاھى،
ئەزىز باشى خالايىقنى ئىزى بولغاي.

ئەزىزلەرنى كۆپ كۆيدۈرگەن ھەق دىدارى،
ئەنىڭ ئۈچۈن تىنماي يىغلار قىلۇر زارى،
ۋەئدە قىلغان ئاشىقلارغە كۆرەر ئارى،
ھەق جامالى كۆز ياشىنىڭ مۇزدى بولغاي.

ئاشىقلارى ھەقغە باقىپ نەئرە تارتار،
مالائىكلار ھەققە ئىلتىپ تۆھفە تارتار،
شەۋق شەرابىن ئىچكەن ئاشىق شەۋقى ئارتار،
سۆزى ئاشىغان ئاشىقلارى تۆزى بولغاي.

مەي جان بەخش ئىچكەن ئاشىق ئاندە سۇلتان،
ئەنىڭ ئۈچۈن ھەق يولىدا جانى قۇربان،
تاڭلا بارسە دىدارىغە قىلۇر مىھمان،
زىمىستاندە مەي ئىچۈرسە يازى بولغاي.

پىنھان يۈرۈپ كىمنى كۆرسە ئاشىق قىلغاي،
لوتى ئەيلەسە كەززابلارنى سادىق قىلغاي،
ھەقدىن تىلەپ دەرگاھىغە لايىق قىلغاي،
زاھىر ئەئما باتىن ئىچرە كۆزى بولغاي.

ئاشىق يانار، خەلقدىن تانار ئاللاھ رازى،
ئاشىقلارنى ئاررزۇ قىلۇر شەھىد غازى،
ھەق قاشىدە ھاجەت ئەرمەس كۆپ ۋە ئازى،
قەترە ياشى ھەق مەۋلۇمنى نەزرى بولغاي.

جۇنۇن ئىچرە باشىن يارغاي قانى جارى،
زىكرىن ئەيتسە ئاللاھ ئۆزى ئاڭا يارى،
سەھەرلەردە قان يىغلاماق كارۇ بارى،
ئاشىقلارى ھەركۈن يۈزمىڭ رازى بولغاي.

قۇل خۇجە ئەھمەد مالى يوقتۇر نەزر باشى،
تاڭلا بارسە خۇجەسىغە تۆھفە ياشى،
ئەجىز نىياز شىكەستەلىك قىلغان ئىشى،
ئەشك سەرخى، رۇيى زەردى ئۆزرى بولغاي.

× ×

خۇش قۇدرەتلىك پەرۋەردىگار بىرۇبارىم،
قولۇم تۇتۇپ يولغا سالغىل ئەنتەلھادى.
زاتى ئۇلۇغ رەھمان ئىگەم ھەم جەببارىم،
قولۇم تۇتۇپ يولغا سالغىل ئەنتەلھادى.

سەھەم ۋەقتدە يىغلاپ تۆكسەم قانلار كۆزدىن،
كۆڭلۈم ئاچىپ ئاگاھ بولاي ياخشى سۆزدىن،
قۇدرەتىڭغە مەھۋ بولۇپ كىتەي ئۆزدىن،
قولۇم تۇتۇپ يولغا سالغىل ئەنتەلھادى.

ئىجابەتنى ئاندىن تىلەپ قىل مۇناجات،
ھاجەتىڭنى رەۋا قىلغاي قازى ھاجات،
رەھمەت دەريا تولۇپ تاشار يەتسە فەرياد،
قولۇم تۇتۇپ يولغا سالغىل ئەنتەلھادى.

ئەي داد ئىگەم ھىچ يەتمەدى ساڭا دادىم،
يەر ۋە كۆكنى نالان قىلدى بول فەريادىم،
رەۋز مەھشەر قاچغايمۇ دەپ ئەيت ئازادىم،
قولۇم تۇتۇپ يولغا سالغىل ئەنتەلھادى.

ھىچ كىشى يوق يەردە كۆكدە سەندىن قادىر،
شەكىم يوقتۇر بۇ سۆزۈمدە ئۆزۈڭ نازىر،
ھەم يەككە سەن، بىگانەسەن بىشەك ھازىر،
قولۇم تۇتۇپ يولغا سالغىل ئەنتەلھادى.

مەن يولۇڭدا باش بەرمەدىم قادىر خۇدا،
باش نە بولغاي غەرىب جانىم يۈزمىڭ فىدا،
دەردھەم ئۆزۈڭ، دەرمان ئۆزۈڭ، لۇتفىڭ دەۋا،
قولۇم تۇتۇپ يولغا سالغىل ئەنتەلھادى.

جان ئىمان غىزاسىدۇر سىنىڭ رەۋقىڭ،
جانىم بەرىب ساتغۇن ئالاي سىنىڭ ئىشقىڭ،

uyghurkitap.com

رەۋزى مەھشەر شەفئى بولغاي سېنى شەۋقىڭ،
قولۇم تۇتۇپ يولغا سالغىل ئەنتەلھادى.

قۇلھۇۋاللاھۇ، سۇبھان ئاللاھ دىن قامچىسى،
دەۋزە، ناماز، تەسبىھ، تەھلىل ھەق ئەلچىسى،
پىرى مۇغان تالىبلارنى يول باشچىسى،
قولۇم تۇتۇپ يولغا سالغىل ئەنتەلھادى.

ئەنتەلھادى ئەنتەلھەقنى زىكرىن ئەيتسەم،
ھادى بولسا ئەگرى يولدىن راستىغە قايتسام،
ھۇ زىكرىنى تىلغە ئالىپ نەئرە تارتسام،
قولۇم تۇتۇپ يولغا سالغىل ئەنتەلھادى.

ئەنتەلھادى ئەنتەلھەقنى زىكرىن بىلمەس،
مەشايىخلار سۆھبەتىنى كۆزگە ئىلماس،
ياخشىلارنى مەجلىسىغە قاچىپ كەلمەس،
قولۇم تۇتۇپ يولغا سالغىل ئەنتەلھادى.

ئەنتەلھادى ئەنتەلھەقنى زىكرىن بىلمەس،
مەشايىخلەر سۆھبەتىنى كۆزگە ئىلماس،
ياخشىلارنى مەجلىسىغە قاچىپ كەلمەس،
قولۇم تۇتۇپ يولغا سالغىل ئەنتەلھادى.

ئەنتەلھادى ئەنتەلھەقنى زىكرى قوي،
پىرى مۇغان سۆزلەرىدىن ئالسا فوتۇي،
باتىنلارى رەۋشەن بولۇپ بولسە ياخشى،
قولۇم تۇتۇپ يولغا سالغىل ئەنتەلھادى.

بەندە بولساڭ زىكرىنى ئەيت قولۇڭ ئالسۇن،
يولدىن ئازغان رەھبەر بولۇپ يولغا سالسۇن،
سەھەرلەردە زارى قىلغىل رەھمى كەلسۇن،
قولۇم تۇتۇپ يولغا سالغىل ئەنتەلھادى.

ئەنتەلھادى ئەنتەلھەقدۇر زىكر ئاللاھ،
ھەق زىكرىنى ئەيغىل تىنماي بولغىل ئاگاھ،
رەھىم مەۋلۇم نەزەر قىلسە ساڭا ناگاھ،
قولۇم تۇتۇپ يولغا سالغىل ئەنتەلھادى.

مەنمەن دىگەن شەيخ زەمان ئاب كۆلدە،
بىلمەس نادان زىكرىن ئەيتىپ زاھىر تىلدە،
ئەنتەلھادى ئەنتەلھەقنى زىكرى دىلدە،
قولۇم تۇتۇپ يولغا سالغىل ئەنتەلھادى.

ئەنتەلھادى ئەنتەلھەقنى زىكرى ئۇلۇغ،
ۋەرد ئەيلەمەي شەيخمەن دىسە جايى تۇمۇغ،
ھەق زىكرىنى ۋەرد ئەيلەگەن كۆڭلى سۇنۇغ،
قولۇم تۇتۇپ يولغا سالغىل ئەنتەلھادى.

ئەي يارانلار نەفس ئىلكىدىن ئارماندا مەن،
ئىسيان يۈكى دۇتا قىلدى دەرماندا مەن،
ئاجىز قولۇڭ ھەرنە قىلسە فەرماندە مەن،
قولۇم تۇتۇپ يولغا سالغىل ئەنتەلھادى.

قۇل خوجە ئەھمەد نەفسىدىن ئۇلۇغ بالا
بولماس،
يول ئۈستىدە تۇفراق بولسام كافىر ئولماس،
يەر ۋە كۆكدىن تۆئمە بەرسەم ھەرگىز
تويماس،
قولۇم تۇتۇپ يولغا سالغىل ئەنتەلھادى،

× ×

ئەي سىفاتىڭدىن تەكەللۇم ھەر تىل ئۆزرە مىلك سەنا،
پادشاھ ئەنبىياسەن تاج فەسەررۇق ئەۋلىيا،
دىنىڭ ۋە شەرئىڭ بولۇبدۇر ئاسىيلارغا رەھنەما،

سەندىن ئۈمىدىم شەفائەت تاڭلادۇر رەۋزى جەزا،
ئاسى ئۈممەتكە شەفائەت يا مۇھەممەد مۇستافا.

ھەقتائالا زات ئەئلاڭنى ياراتمىشدۇر ھەبىب،
مەئىسىيەت دەردىگە دەرمان ئەتكۈچى ھازىق تەبىب،
چۈنكى مازاغۇلبەسىر گۈلزارىدا سەن ئەندەلىب،
رەۋز مەھشەر مىھىر ـ شەفقەت بىزگە ئۇلغايمۇ نەسىب،
ئاسى ئۈممەتكە شەفائەت يا مۇھەممەت مۇستافا.
كىم سىنىڭ ۋەسـفىڭدە نازىل بولدى ۋەنشەقەلقەمەر،
كىم ئاڭا ئىنكار ئېتەر قەسد ئۇ ئەندا قەد كەۋەر،
ۋە غەرىب بىناۋالار ھالىغە ئەتكىل نەزەر،
رەۋز مەھشەر ئاسىيلارغە سەن شافائە قىل مەگەر،
ئاسي ئۈممەتكە شافائەت يا مۇھەممەد مۇستافا.

ئەي شاھىنشاھ نەبۇۋۋەت مەئدەنى جەۋەدكەرەم،
ئەنبىياۋۇ ئەۋلىيالەر بارچەسىدىن مۇھتەرەم،
دىنىڭ شەرئىڭ يايىلدى بارچە ئالەمغە ئەلەم،
خاك راھىڭ تۇتىيايى دىدەئى لەۋھى قەلەم،
ئاسى ئۈممەتكە شافائەت يا مۇھەممەد مۇستافا.

يا رەسۇلىللاھ ئۆزۈڭسەن بارچەغە پۇشتى پەناھ،
نەفىس نافەرمان ئېلىدە قىلمىشىم دايىم گۇناھ،
ئىلتىفاتىڭ بولمىسە تاڭلا بولۇر ھالىم تەباھ،
قايدە بارغايمەن مېنى شەرمەندەئى نامە سىياھ،
ئاسي ئۈممەتكە شافائەت يا مۇھەممەد مۇستافا.

يەتتى قات گەردۇن مۇزەييەن بولدى مىئراج ئاقشامىڭ،
قابى قەۋسەينا ۋە ئەۋئەدناغە يەتتى مەقدەمىڭ،
ھەزرەتى جەبرائىل ئەردى ئۇل كېچە يار ھەمدەمىڭ،
خاكى نەئلىنىڭ زىيايى چەشم ئەرشى ئەئزەمىنىڭ،
ئاسي ئۈممەتكە شافائەت يا مۇھەممەد مۇستافا.

سەندىن ئۆزگە مىھرىبانىم يوق بەسى بىچارەمەن،
ئىگەسىز ئىتلار كەبى نەفسىم ئۈچۈن ئاۋارەمەن،
ھىچ كىشى بىلمەس مېنى ئالەم ئارانى كارەمەن،
يا نەبىيۇللاھ تەرەھھۇم قىل كى بەختى قارەمەن،
ئاسي ئۈممەتكە شافائەت يا مۇھەممەد مۇستافا.

www.uyghurkitap.com

ئەھمەد بىچارە بولمىشدۇر گۇناھ بىرلەن مەلۇل،
ئىستىئانەت قىل ئاڭا يا سەييىدى خەتمى رەسۇل،
بىناۋالارنى دۇئاسىنى خۇدا قىلغىل قەبۇل،
مەقسۇدى مەجمۇئ ئۈممەت بولغۇسى سەندىن ھۇسۇل،
ئاسى ئۈممەتكە شافائەت يا مۇھەممەد مۇستافا.

× ×

ۋەفا قىلمەس جاھان بىزگە كى ئول ئادەم مۇستافا ئۆتتى،
كۆرۈك ئىكى جاھاننى سەرۋەرى ئول مۇستافا ئۆتتى.
كىچە ـ كۈندۈز رەسۇلۇللاھنى ئالدىدىن جۇدا بولماس،
ئەبۇبەكرى، ئۆمەر، ئوسمان، ئەلى مۇرتىزا ئۆتتى.
ئۆلۈم چانگالىدىن ئاخىر قۇتۇلماس جان ـ جانۋارلار،
نەچە بەگ ۋە نەچە خانۇ نەچە شاھ ـ گادا ئۆتتى.
جاھانغا باغلاماڭ ھەرگىز كۆڭۈل ماتەم سارايىدۇر،
ئىچۈنكىم ئول ھەسەن ـ ھۈسەيىن شەھىد كەربەلا ئۆتتى.
جاھاندىن ياخشىلىق كۆرمەي كۆرۈككىم فاتىمە زوھرا،
يەزىدنىڭ دەستىدىن يىغلاپ ھەمىشە دادخاھ ئۆتتى.
جاھاندىن ئەنبىيا، ئەۋلىيا يىغلىپ نە سۆز (ئەيدى) بىزگە،
ئۆلەرمىز دەپ ئۆلۈمنى ۋەھمى بىرلە مۇبتەلا ئۆتتى.
ئۆلۈمنى ۋەھمىدىن دوستلار يۈرەك ـ باغرىم كەباب بولدى،
ئىچۈككىم كىشىلدى نۆبەت بىزگە ئول ئاتا ـ ئانا ئۆتتى.
كۆرۈك بول ئىنتىزارنى ھەمىشە خەستە دىل ئەيلەب،
يۈرۈبدۇر دەربەدەر دائىم كى ئۆمرۈم بىھساپ ئۆتتى.

× ×

ئاللاھ دىگەن قۇلنى ئۈنى ئەرشكە يېتەرا،
غافىل بولما مۆئمىن قۇل ئۆمرۈك يەلدەك ئۆتەرا.
كىمكى بولسا مۇسۇلمان بولماس ئىمانى ۋەيران،
تەكرار قىلىپ ھەر زامان ئاللاھ يادىن ئېتەرا.
تىلدىن قۇيماس يادنى ئوقۇغاي بەش ۋەقت نەمازنى،
خەيرۇ ئېھسانلار قىلىپ ھەق ئەمرىن تۇتارا.
ھەركىم نەماز تەرك ئېتەر كافىر قالماقدىن بەدتەر،

كافىر قەۋمىدە كېتەر جەھەننەمگە ئاتارا.
مىلك ئىكى يۈز سەكسەن بىر مۇڭا ئېرۇر بۇ دەلىل،
پەيدا بولغاي ئۆزگە ئېل ئىسلام قولدىن كېتەرا.
كافىر كېلىپ قىشلاغاي كۆپ مۆئمىنلەر ئاچ قالغاي،
ئاسان قىلغاي بۇ ئىشنى ياراتقۇچى سەتتارا.
ئون يىل ياتىپ قىشلاغاي يۇرتنى كافىر ئۇشلاغاي،
بەبۇد ئۈچۈن يەراشقاي فىئىل ئەتۋار كېتەرا.
دەئۋا قىلغاي بەھارنى، سەمەرقەندنى، ھىسارنى،
مۆئمىنلەر كۆپ يىغىلغاي كافىر قايتىپ كېتەرا.
كافىرلارنى قاچۇرغاي، دىن نەچە يىل ئېچىلغاي،
زەيىن لىجام كۆپ قالغاي مۇنداغ ئىشلار ئۆتەرا.
ھەركىم بۇ سۆز ئىشىتكەي، مەككە شەھەرىگە كەتكەي،
ھەق ئۆزى ئاسان ئەتكەي ئەقلىك بولسا يېتەرا.
ئۇرۇشۇرلار ئول زەمان شاھى زەندە بىگۇمان،
ئىلكىندە باتىن گۇمان زىرۇ زەبەر ئېتەرا.
ئۆتكەن شەيخۇ موللاسى رىيا بولغاي ھەر ئىشى،
مۆئمىن سۈرەتلىك تاشى باتىنىدۇر ئەبتەرا.
كەتكەي ئاندىن دىيانەت خەلقلەر قىلغاي خىيانەت،
ھەر سۆز بولغاي ئاھانەت خەلقدىن ھايا كېتەرا.
قۇل خوجە ئەھمەد تۈركىستانى ھەقدۇر بىلسەڭ ئەيغانى،
بىر زەررە يوق يالغانى كىم مۆئمىندۇر يېتەرا.

× ×

ناگىھان تۇرۇرىمدە كۆڭلۈم ئىچرە،
ھەق مەۋلۇمنى نەزرى تۈشتى بولغاي.
قىرىق يىللىق زەنگار باسقان كۆڭۈل
لەۋھىنى،
ھەق يادى نۇرى بىرلە ئاچتى بولغاي.

مەن بىلمەسمەن نەچۈك بولغاي مېنىڭ
ئىشىم،
ئەنىڭ ئۈچۈن تىنماي ئاقار كۆزدە ياشىم،
سەھەرلەردە ئەرتە قوپۇپ تىلەمەشىم،
فەرىشتەلەر ئۈمەمەتىغە تۈشتى بولغاي.

زاكىرلار جەمئى بولۇپ تۈزۈلمىشدە،
زىكرى سەمائ نەۋبەتىنى قۇرۇلمىشدە،
بۇ تەن ئۇقبى دۇنياسىغە قارۇلمىشدە،
كۆڭۈل قۇشى ھەزەر ئېتىپ ئۇچتى بولغاي.

داغى ياد ئىتىپ يىغلادىم زار ـ زار.
كۆڭۈل زەخمى ئۆيرۈلدى ناسۇرغە،
كى ئاشتى مەلالەت بۇ مەھجۇرغە.
جەراھەت بەدەندە داغى ئىرۇر خام،
ھەمە يارۇ ياران قىلىپ ئىزدەھام.
ھەمە ئەيلەدىلەر يانىمغە سەفەر،
ماڭا يۈزلەنىپ ئۆزگەچە دەرد سەر.
بىلىپ مەن مۇشەخخەس قىلىپ بۇ خىيال،
مۇيەسسەر ئىمەس ئەمدى بىزگە ۋىسال.
ئانىڭ يادى كۆڭلۈمگە بولدى رەفىق،
ئىرۇر جانغە ھەردەم خىيالى رەقىق.

جەھان ئەھلىدىن ئەيلەدىم ئۆزنى فەرد،
سەنەم يادىدا بولدۇم ئازادى مەرد.
چۇ نەفرەت قىلىپ مەن جەھان خەلقىدىن،
كىيىپ ئىگنىمە ئىشقىنىڭ دەلقىدىن.
قىلىپ مەن سەفەر ئىل بىلە لائىلاج،
چۇ ئىشق ئافەتىدىن بۇزۇلدى مىزاج.
كەلىپ بۇ مەكاندا قارار ئەيلەدىم،
ئانىڭ يادىنى ئىختىيار ئەيلەدىم.
بۇزۇلغان مەكانىنى قىلىپ مەن بەنا،
كى مۇندا تۇرۇشغە قىلىپ مۇددەئا.
تاپىپ كەلتۈرۈپ نەچچە ئىممارنى،
يەنە سەنگ تەراش بىرلە گىلكارنى.
ئاڭا مەبلەغنى بىرىپ بى ئەدەد،
ئىمارەتنى قىلماقغە قىلدىم مەدەد.
ئىمارەت بەناسىنى ئەيلەپ تەمام،
كى تەنھا بۇ يەردە تۇتۇپ مەقام.
بارى مال دۇنيانى قىلدىم تەلەف،
ھەمە دۇنيەۋى بولدى ئىلكىمدە جەف.
كى تەقسىم ئىتىپ بەردىم ئەۋلادغە،
تەسەددۇق قىلىپ سەرۋ ئازادغە.
غولامىمنى بىر مىڭ تۈمەن زەر بىرىپ،
يەنە ئىلكىگە نەچە چاكەر بىرىپ.
تىجارەتكە قويدۇم شەھەردىن شەھەر،
ئانىڭ نەفئىدىن يىلدا بىزگە يىتەر.
يۈرۈپ قەلئەلەردە تىجارەت قىلۇر،
ئانىڭ سۇدى مۇندا كۇفايەت قىلۇر.
تەئەششۇق قىلىپ تەختى زەررىن ياساپ،
ئانىڭ ئۈچىدا ماھى سەمىن ياساپ.
قىلىپ سۈرەتىن ئول دىل ئارامنىڭ،
بولۇپ ساھىبى ئۈشبۇ بەدنامىنىڭ.
بولۇپ ئول سەنەم شەكلىگە ئىشقباز،
قىلۇرمەن ئاڭا ھەر دەم ئەرزۇ نىياز.
چۇ تەسكىن بىرۇرمەن كۆڭۈل خەيلىگە،
كى مەجنۇن سۈفەت بولدۇم ئول لەيلىگە.
ۋىسالى فەقىرگە مۇيەسسەر ئىمەس،

مىسالىنى تاپتىم ماڭا ئەمدى بەس.
چۇ نوئىمان سەييااھ تۆگەتتى كەلام،
بايان ئەيلەدى سەرگۆزەشتىن تەمام.
ئىشىتتى بۇ سۆزنى تۇرۇپ دەمبەدەم،

تەنەككۇر قىلىپ شاھزادە ئەجەم.
ئەيا ساقى مەينى قىل ئىلتىفات،
كى ئول مەي ماڭا بولسە خەيرۇلنجات.

**ئەجەم شەھزادە نوئىماندىن بۇ ھىكايەتىنى ئاڭلاپ، ئول ھۆرلىقا ماھ سىمانىڭ ئۆۋسافىنى ئىشتىپ، ئول گۆلۈزارنىڭ ئىشقى تەئسىر قىلىپ، شاھلىق ھەشمەتىنى تەرك ئەيلەپ فەردىڭ شەھرىگە ئەزم ئىتىپ، ئەۋۋارەئى جەھان بولغانى**

چو ئول پىردەير ئولسە رەھبەر ماڭا،
گۇمان يوقكى يارىم مۇيەسسەر ماڭا.
يارانلار مەقالىغە سامىئ بولۇڭ،
فەقىرنى قوشۇپ ئىمدى رابىئ بولۇڭ.
بىلىڭلار جەھان گەشتە دەرۋىشلار،
قىلىپ تەرك مەن ئەقرەبا خىشلار.
چو نوئىماندىن ئاڭلاپ ماڭا تۆشتى ئوت،
ئانىڭ زىكرىن ئاڭلاپ يانا تۆشتى ئوت.
بولۇپمەن جەنان شىفتە يار ئۆچۈن،
مۇھەببيا قىلىپ ئۆزنى ئازار ئۆچۈن.
كى نوئىمان قولىغە سۆيۈپ زار ئىتىپ،
تولا يىغلاپ ئەشكىنى خۇنبار ئىتىپ.
مەنى يولغە سال ئەمدى ئەي راھبەر،
كى ئول ياردىن بىزگە بەردىڭ خەبەر.
گىرىفتار ئولۇپمەن فەرەڭ ماھىغە،
كى يول باشلاڭ ئول خوبلار شاھىغە.
كى ئول مۇددە ئانىڭ ھوسۇلىن كۆرەي،
ۋە يا كەلتۆرەي قولىغە يا جان بىرەي.
بول ئەردى ماڭا خىزىردەك رەھبەرىم،
كى تەئلىمى ئىشق ئىچرە بول سەرۋەرىم.
تەرەھھۇم قىلىپ بىزگە قىلغىل دۇئا،
دۇئانى ماڭا ئەيلەگىل بى رىيا.
سۆلۆكى مۇھەببەتنى تەئلىم ئىتىڭ،
فەقىر ئىلتىماسىغە تەسلىم ئىتىڭ.
چۇ نوئىمان تەرەھھۇم قىلىپ ئولزەمان،
فەقىر زار ئۆچۈن ئەشكى بولدى رەۋان.

كى ئىنئام ئىتىپ بەردى بىر مۇشت زەر،
نەسىھەت قىلىپ، بولدى ئول راھبەر.
لىباسىغە تەغيىر بىرىپ خاكسار،
بولۇپمەن جەھان ئىچرە دىۋانەۋار.
چو تەئلىم بىرىپ ئىشقنىڭ بادەسىن،
ئىچۈردى ماڭا ھىجرنىڭ بادەسىن.
سۆلۆك تەرىقەتدە ئول پىرى ئىشق،
مۇھەببەت ھۇرۇفىن قىلىپ بەردى مەشق.
قىلىپ ئەلۋىداع سەكرىدىم كۆھدىن،
كى جان چىقىقالى تۇردى ئەندۇھدىن.
بەياباندا يۆردۈم تەك پۇ بىلە،
كى لاھۇۋل دەپ زىكر ياھۇ بىلە.
كى ھەيران يۆرۈپ ئەسلەن ئارام يوق،
داغى بىر نەفەس خورۇ ئاشام يوق.
كۆرۈپمەن ئەجايىب ـ غەرايىبنى كۆپ،
غەرايىب ئەمرى بىرلە ئەجايىبنى كۆپ.
نە كىچە، نە كۈندۈز ماڭا يوق ئەمان،
چىكىپ ئاھلار بولدى ھالىم يامان.
چۇ شەھلىقنى تاشلاپ گەدا قىلدى ئىشق،
نەچە دەردكە مۇبتىلا قىلدى ئىشق.
ھە مانا كۆڭۈلنى ئەسىر ئەتتى ئىشق،
كى ھىجران يەلىدە دەلىر ئەتتى ئىشق.
چۇ مەجنۇن بولۇپ ئاھۇ ئەفغان چىكىپ،
كى ئول يار يادىدا ھىجران چىكىپ.
يىمەك غەم بولۇپ بەلكى ئىچمەك زەھەر،
سەنەم يادى بىرلە بولۇپ دەربەدەر.

كى ئۆرتەپ فەلەكنى فىغانىم مەنىڭ،
بولۇپ سەيلى ئەشك رەۋانىم مەنىڭ.
فەلەكدىن مىھەن يەتتى بىھەد ماڭا،
مۇھال ئۇلدى تاپماقغە مەقسەد ماڭا.
جەنان رەنجى چەكتىم فىراق ئىچرە مەن،
كى ئۇل رەنج ئىلە ئىشتىياق ئىچرە مەن.
يۈرۈپ نەچە كۈندە كۆرۈندى دىيار،
يىتىپ ئۇل دىيار ئىچرە تاپتىم قارار.
تىگىپ نەخل قەددىدىغە ئىشق ئافەتى،
كى پەيدا بولۇپ ئۆزدە بىر ھالەتى.
يىتىپ بەلكى مەجنۇن كەبى مويى سەر،
كى ئۇل ساچ ئىلە بەلگە قىلدىم كەمەر.
بولۇپ نەئلدەك سەرۋ قەددىم نىگۈن،
خۇتۇت ئىچرە گويا بولۇپ ھەرف نۇن.
كۈرۈپ تىفلىلار باشىمە ئاتتى تاش،
بەلا تاشلارىغە ھەدەف بولدى باش.
كى ئۇل يارنىڭ جۇستجۇيىدا مەن،
چۇ ئۇل ماھنىڭ ئارزۇيىدا مەن.
يۈرۈپ ھەر تەرەف كويى ئارا دەربەدەر،
تەجەسسۇس قىلىپ تاپمادىم ھىچ خەبەر.
چۇ مەئلۇم ئېمەس فەيزدىن بىر نىشان،
پەرى ياڭلىغ ئۇل يار كۆزدىن نىھان.
جەمالىنى كۆرمەك بولۇپ ئارزۇ،
سەفىب ئەشكدىن يەرگە بىسيار سۇ.
چۇ بىر يىل ئۆتتۈپدۈر بۇ مىھنەت بىلە،
ۋىسالىنى ئىستەپ مۇھەببەت بىلە.
ئۇلۇس خەلىغە بولدۇم ئەفسانەئى،
بولۇپ ئەن جەھان ئىچرە دىۋانەئى.
چۇ سەرگەرشتەلىك بىرلە بەختىم زەبۇن،
تۈلۈدۈ ئەيلەدى تالىئىم ۋاژگۈن.
فەلەك سالدى باشىمغە بىچارەلىك،
ئەزىز جىسمىمغە يەتتى ئەۋۋارەلىك.
فەلەككە شىكايەت قىلىپ دەمبەدەم،
بولۇپ تەلبە ھەر سارى قويدۇم قەدەم.
يىتىپ مىھنەتىم غايەتىگە نىھتەيي،
باشىمنى ئالىب ئەمدى ھەريان كېتەيي.

سەھەرلەردە ھەققە قىلىپ ئىلتىجا،
چىنان ئۆزرىلار بىرلە قىلدىم دۇئا.
شىكەستە بولۇپ يىغلار ئېردىم مەرام،
كى ھەقدىن تىلەپ يارنى سۇبھ - شام.
قىلىپ تەكرىگە بۇ مۇناجاتنى،
تىلەپ يالبارىپ چۈنكى ھاجاتنى.
ئىلاھى بىھەق شەھى ئەنبىيا،
كى يەئنى مۇھەممەد رەسۇلى خۇدا.
بىھەق ئەبۇبەكر، ئادىل ئۆمەر،
كى ئوسمان ئىلە ئەلى شىر نەر.
بىھەق ھۆسن زات ۋەھدەت نەسەب،
بىھەق ھۆسەين شەھىد غەرىب.
ئىلاھى نىكۇ سافلار ھۆرمەتى،
خۇدا تەرس ئەشرەفلەر ھۆرمەتى.
يەنە ئىشقى سادىق دىلى ھۆرمەتى،
مەيى مۇھەببەت ئىچكەن ۋەلى ھۆرمەتى.
ئىلاھى بىھەق ھەمە ئۆممەتان،
كى ئۇل ياردىن ماڭا بەرگىل نىشان.
ئەتا قىل مۇرادىمنى فەزلىڭ بىلە،
فەقىر سارى باق ئەمدى ئەدلىڭ بىلە.
چىكىپ ئاھلار نالەئى تا سەھەر،
تۆكۈپ چەشمدىن قەترە - قەترە گۆھەر.
چۇ دەرگاھى ھەققە قىلىبان نىياز،
تاڭ ئاتغۇنچە ئىتىپ ئۆزۈم بىرلە ساز.
كى بىر كۈن تۈلۈدۈ ئەيلەدى ئافتاب،
كۈنەشنىڭ يۈزىدىن كۆتەردى نىقاب.
چىقىپ مەن قوپۇپ كۈنجى ۋەيرانەدىن،
قىلىپ ئىنتىقال ئەسكى كاشانەدىن.
تەلاشىدە چىقىپ سەير ئىتىپ زار ئىلە،
گۇزەر ئەيلەدىم ئاندا بازار ئىلە.
كىلىپ مەن يىتىپ چارسۇ باشىغە،
قاچار خەلق باقماي قەرىنداشىغە.
كى بازاردا ھىچكىم قالمادى،
.تۇشۇپ قالسە نەقدى ئانى ئالمادى.
تەئەججۇب ئەتادىن ئۇغۇل بىخەبەر،
فەرار ئەتمەگەن قالمادى ھىچ ئېر.

نه ۋائ ئىكىن دەپ تۇرۇپىەن قاراپ،
كى پەيدا بولۇپ مەرد ئالىجاناپ.
چۇ ھەيبەت بىلە شىر ياڭلىغ يىگىت،
كېلۇر ئوينانىپ كۈھ پەيكەر يىگىت.
يۈزى ماھدەك مۇشك ياڭلىغ سەقال،
مۇبارىز نەما بەلكى رۇستەم جەمال.
كۆرۇندى ماڭا چىھرەسى خەشم گىن،
ئانىڭ سۆۋلەتىدىن قاچىپ مەن كىيىن.
كۆزى خۇن مەسەللىك بولۇر دەمبەدەم،
كى قايناپ تۇرار مىسلى ئابى بەقەم.
لىباسى كىيىپدۇر شەھەنشاھدەك،
جەھان يارۇتۇپ كەلدى ئول ماھدەك.
مىياندا باردۇر مۇرەسسەئ كەمەر،
قىلىپ ئۇستىۋار بەلكى زەنجىرى زەر.
قولىغە ئالىپ تىغى ئالماسنى،
سالىپ خەۋفكە بۇ جەھان ناسنى.
تولا قەھر ئىلە رەنگى بەرھەم زەدە،
سەلاپەت بىلە قىلغۇسى ئەربەدە.
كىلىپ كۆفۆكلەر ئاغزىدىن ھەر زەمان،
ئۇرار نەئرەنى ئول جەھانى پەھلىۋان.
قولىدا ئېرۇر بەلكى شەشفەر ئۇمۇد،
ئۇمۇد بىرلە ئالەمنى ئەيلەر نابۇد.
بەلا سەيلىدەك ھەر تەرەفكە خۇرۇش،
قىلىپ كۆپ فىغانلار نە ئەقل نە ھۇش.
كىلۇر ئارقەسىدىن بىر ئىكى غۇلام،
بىرى ئاي، بىرى كۈن كەبى خۇشخىرام.
كى سالى ئانىڭ ئىكى يەتتە دۇرۇر،
مىسالى ئولكى ماھى دۇھەفتە دۇرۇر.
جەۋاھىر بىلە بولغان ئاراستە،
كى دۇر - گۆھەر بىرلە پىراستە.
بۇلار ئىلكىدە بىر جەنازە ئېرۇر،
كۆتەرمەك بىلە سەرەفرازە ئېرۇر.
بۇلار كەلتۇرۇپ ئانى فەرمان بىلە،
قويۇپ ئوترادا ئاھى ھىرمان بىلە.
كىلىپ تۈشتى ئاتدىن باھادىر جەۋان،
جەنازە باشىدا قىلىپ كۆپ فىغان.
چىنان يىغلادى دەرد ھىجران چېكىپ،
چۇ يىغلاتتى ئېلنى چۇ ئەفغان چېكىپ.
دەرىغ ھەسرەتا شاھزادە شەھىد،
قىلىپ سەن مىنى دەھردىن نا ئۇمىد.
كى ناھەق ئۆلۈمدە بولۇپ سەن فەنا،
گۈنە يوق ئىدى سەندە يەتتى قەزا.
كى تەقدىر ھەقغە يوق ئېرمىش ئىلاج،
ئەجەل ئىلكىدىن كىمگە كىم تەگسە كاج.
يوق ئېردى فىراقىدا تاقەت ماڭا،
سىنىڭ ماتەمىڭدۇر ئىبادەت ماڭا.
تۆكۈپ ياشىنى ئەبرى نەيسان كەبى،
زەمىننى قىلىپ لالە ياقۇتان كەبى.
ھەمە گىرد - ئەترافىدا قەۋمى خەيل،
ئانىڭ مۇيەسسەگە بولۇپدۇر تۇفەيل.
ھەمە خەلقدىن شۇرۇ غەۋغا قوپۇپ،
كى بازار ئىچىندە ئەلالا قوپۇپ.
ھەمە يىغلادى بولدى كۆپ ماجرا،
جەھان بولدى گوياكى مىھنەت سەرا،
قوپۇپ ئول يىگىت قۇرس ئۇرۇپ چۆرۈلۈپ،
كى ئول نەئشى ئەتراپىدا ئۆيرۈلۈپ.
گاھى يىغلابان گاھ گاھى كۈلۈپ،
باشىغە ئۇرۇپ گاھ جىسمىن ئۆلۈپ.
تولا فىئللار قىلدى دىۋانەدەك،
ئۆزىنى ئۇرۇپ ئوتغە پەرۋانەدەك.
يەنە ئەمر قىلدى كۆتەردى غۇلام،
يانىپ ئارقاسىغە چۇ قىلدى خىرام.
بۇ ئەھۋالنى كۆردۈم ئول زاتدىن،
كېتىپ ئۆزلۈگۈمدىن مۇلاقاتدىن.
تۇرۇپ تۈشتى كۆڭلۈمگە ئەندىشەئى،
بۇلارنىڭ مەكانى مۇكىن پىشەئى.
چۇ بىر مۈشكۈل ئىش تۈشسەكىم باشىغە،
كى ئاجىز ئىسە ئەمرى پاداشىغە.
كى ھەر ئەردە مەشۋەرەت خوب ئېرۇر،
ئۇلۇغلار بىلە مەسلەھەت خوب ئېرۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كى ئۇشبۇ دىلاۋەر ئەسالەت مەئاب،
كۆرۈنۈر ماڭا بەلكى ئالىجاناب.
كى مەئلۇم ئېرۇر ئەمر با تەجرىبە،
جەنان زاھىر ئولمىش ئۇلۇغ دەبدەبە.
بارىبان ئاڭا ئەرزۇ ھالىمنى دەي،
فەلەكدىن يەتمىش رەنجۇ ھالىمنى دەي.
ئۆلەي يا كۆرەي نە كىلور بەختدىن،
خەلاسلىق تاپاي بۇ غەم سەختدىن.
چۇ ئۇشبۇ خىيال ئىچىدە بولدۇم غەرق،
..................................①
ئۆزۈمنى قىلىپ مەست دىۋانەئى،
يۈرۈپ چەرخ ئۇرۇپ مىسلى پەرۋانەئى.
يۈرۈپ ئەقەبىدىن سايەدەك ئېرگەشىپ،
كىرىپ ئارقەئە گەردەنىمنى قاشىپ.
خەلايىق كۆرۈپ مەنئ قىلدى مىنى،
دىدى: بارماغىل ئۆلتۈرۈرلەر سىنى.
ھەزەر ئەيلەگىل ئول كىشى خەشمىدىن،
يىراق تۇت ئۆزۈڭنى ئانىڭ چەشمىدىن.
تەقابىل بولۇرغە كىشى يوق ئاڭا،
ئانىڭ يوقتۇرۇر ئىنتىھادى ساڭا.
جەھاندىن كىچىپ سەن كى جاندىن تويۇپ،
سىتەم تىغىنى باشىڭ ئۆزرە قويۇپ.
كى جاھىلمۇ سەن ياكى دانامۇ سەن،
جەھان ئەھلىدە ياكى رەسۋامۇ سەن.
ئەيا ناتەۋان يوقمۇ دۇر ئەقلۇ ھۇش،
كى قەسدەن ئەجەل جامىنى قىلدىڭ نۇش.
چۇ بارساڭ بولۇرسەن بەلاغە دۇچار،
غەزەنفەر ئانىڭ سۆۋلەتىدىن قاچار.
بۇ ئېرگەشكەنىڭ ئانچە فاسىد خىيال،
قىلۇ تىغى ئۆمرۈڭ قۇياشىن زەۋال.
نەسىھەت بۇدۇر ئاڭلاغىل ئەي غەرىب،
ئانىڭ كەينىدىن ئەمدى بارمە ھارىب.
چۇ دىۋانەلىكنى زىياد ئەيلەدىم،
تەۋەججۇھ بىلە ھەقنى ياد ئەيلەدىم.
كى سالماي نەسىھەتلەرگە قۇلاق،
قاچىپ خەلقدىن بەلكى بولدۇم يىراق.
ھوجۇم ئەيلەبان خەلق ئەفسۇس ئېتىپ،
ئاراغە ئالىپ مەنى مەھبۇس ئېتىپ.
ئىچى كۆيدى ئېلىنىڭ فەقىر زارغە،
دۇرۇشتلۇق قىلىپ تۇردى ئازارغە.
خەلەيىق ئاراسىدا بىر دەردمەند،
چۇ سۆز قىلدى ئېلگە ماڭا دىلپەسەند.
دىدى: ئەي خەلايىق، قويۇڭ ھالىنى،
قۇلاق سالىڭ دىۋانەنىڭ قالىغە.
كى دىۋانەدە يوقتۇرۇر ئىختىيار،
ئانىڭ قەۋلى فىئلى ئېمەس ئېتىبار.
كىتەمدۇر قالامدۇر ئۆزى بىلگۈسى،
فەلەكدىن نە كەلسە ئانى كۆرگۈسى.
بۇ دىۋانەدۇر، سىزمۇ دىۋانەمۇ؟
بۇ مەستانەدۇر، سىزمۇ مەستانەمۇ؟
بۇ مەجزۇب ئىكەن ئۆزىدە يوق ۋۇقۇف،
ۋە بەلكىم دىگەن سۆزىدىن يوق ۋۇقۇف.
بولۇپ ئولكىشى خىزىردەك راھبەر،
كى دەفئ ئەيلەدى خەلقدىن شۇرۇشەر.
مەنى خەلقلەردىن خەلاس ئەتتى ئول،
ماڭا بارغالى يولنى خاس ئەتتى ئول.
تەئەسسۇف بىلە يولغە بولدۇم رەۋان،
ماڭا باقماس ئېردى جەھان پەھلىۋان.
ئانىڭ ئالدىغە ئۇچراغان قاچقۇسى،
ئەگەر قاچماسا، قانىنى ساچقۇسى.
كىمەرسە مەنى كۆرسە ھەيران ئىدى،
ئىچى كۆيگەندىن پەرىشان ئىدى.
مەنىڭ ۋاقئەمنى ئىشتتى جەۋان،
نەزەر ئەيلەمەي يولغە بولدى رەۋان.
قاراماس ئىدى ئارقىسىغە يانىپ،
بارۇر ئېردى كەلگەن سارى يۈزلەنىپ.
بارىپ كىردى بىر قەسر ئېردى خەلا،
قالىپ ئاندا ماتەم فىغانىن مەلا.
كى ھەيرەتدە قالدىم تۇرۇپ تاشقارى،
يۈتۈپ دەمبەدەم ئىشقىنىڭ ساغەرى،

① بۇ مىسرا پۈتۈنلەي ئۆچۈپ كەتكەن.

تەرەددوُددا توُردوُم تەفەككوُر بىلە،
چىكىپ ئاھلار كۆپ تەھەييوُر بىلە.
ئۆ توُپ فوُرسەتى چىقتى ئۆيدىن غوُلام،
مەنى تەكلىف ئەيلەپ قىلىپ ئىھتىرام.
ئالىپ كىردى ئول قەسىر ئەيۋانىغە،
كى ئول بەچە ئولتوُرغوُزوُپ يانىغە.
كۆروُپمەن سەفالىغ ئىمارەت دوُروُر،
ھەمە تەرزوُتەرھى نەزاكەت دوُروُر.
يەنە ئالدىدا باغ جەننەت نىشان،
كى ئەشجار ئەنھار بىلە بوستان.
تۆردە قويوُپ قەسىرنىڭ توُرفە تەخت،
كى ئول تەخت ئوُزە نەئىش ئارا نىكبەخت.
ئانىڭ يانىدا ئولتوُروُپ پەھلىۋان،
موُسبەتدە يىغلار ئىدى ئانچىنان.
خەزەبدىن كۆزى ئىردى گويا بەقەم،
كى قورقوُپ جەنابىغە قويدوُم قەدەم.
قولىدا ئانىڭ گوُرزدوُر شەشفەرى،
توُتوُپ ئولتوُروُپ يەرگە توُشمىش سەرى.
ياقىپ تەخت ئوُزە شەمئ كافوُرنى،
پەرەستىش قىلوُر نەئىش مەزكوزنى.
بولوُپ ئەين موُسەغرەق ئول شىرمەرد،
جەھان خەلقىدىن ئەيلەگەي ئۆزنى فەرد.
تەۋەككوُل قىلىپ ئاڭا قىلدىم سەلام،
توُروُپ ئالدىدا كۆركوُزوُپمەن قىيام.
قوپوُپ ئورنىدىن سەكرىبان ئولزەمان،
نىدىن ئىرگەشىپ سەن دىدى ئول جەۋان.
ئەيا ئەلەھ ئارقامدا نە باردوُر،
كىلىپ سەن ساڭا مەندىن ئازاردوُر.
بوُ گوُرزى بىلە بىر ئوُراي بول ئەدەم،
دىدى مەن ئاڭا ئەيلەدىم باشنى خەم.
دىدىم: ھۆرمەتدىن ئانىڭىز،
خەلاس ئەيلەبان جاننى قەتل ئەيلەڭىز،
نوُروُپمەن ئۆزۈمنى ئۆلۈمگە تىكىپ،
كى تەسلىم ئىتىپ مەن بوُ جاندىن كىچىپ.
دىدىم: ئەي يىگىت دەھر ئارا تەلغ كام،
خەلاس ئىتىپ مىنى ئۆمۈرنى قىل تەمام.

بوُ سۆزنى ئىشتتى كى بىچارەدىن،
جەفاكەش غەرىب كۆڭلى ئەۋۋارەدىن.
ئوُ شوُلدەم قولىنى يىغىپ شىر نەر،
كى بىر سىللى ئوُردى خەزەب بىرلە ئىر.
بىرىپ زەب ئانداغ بەناگوُشىمە،
فەرار ئەيلەدى ئەقل ئىلە ھوُشىمە.
يىغىلدىم يانىغە چوُ بىخوُد ئولوُپ،
زىمىن بودوُم ئانداغكى نابوُد ئولوُپ.
زەمانى كىتىپ يەتتى بىدارلىغ،
قىلوُر ئول داغى ئانچە دىلدارلىغ.
باشىمنى قوُچاقىمە ئالمىش ئىدى،
نەزارە قىلىپ كۆزنى سالمىش ئىدى.
رەئايە ئەدەب بىرلە ئوُلفەت قىلوُر،
تەرەھھوُم قىلىبان موُھەببەت قىلوُر.
ئانىڭ ھەيبەتىدىن قوفوُپ دەرمەھەل،
كى تىترەپ توُروُپمەن بولوُبان كەسەل.
ماڭا ئولزەمان خەشىي بىرلەن قاراپ،
سوُئال ئەيلەدى دىدى بەرگىل جەۋاب.
نىچوُك ئادەمىدوُر سەنىڭ خاھىشىڭ،
كىلىپ ئارقەدىن موُندا نەدوُر ئىشىڭ.
جەھان ئىچرە بىچارەسەن بى خىرەد،
دىيار ئىچرە ئەۋۋارەسەن بى مەدەد.
كى ئەقلىڭ كىتىپدوُر بولوُپ سەن سەراڭ،
چوُ بىھوُدە سۆزنى قىلوُر سەن فەراڭ.
بىلىپ مەنكى كۆڭلۆڭدە باردوُر موُراد،
ياشوُرماي ئانى ماڭا قىلغىل كوُشاد.
تولا يىغلاماي ئەي فەقىر ناتەۋان،
ھەمە ئەرزوُ ھالىڭنى قىلغىل بايان.
ھەمە ھاجەتىڭ بار رەۋا ئەيلەيىن،
بارى مەتلەبىڭنى ئەدا ئەيلەيىن.
قەسەم ئول خوُداغە مەدەدكارلىغ،
قىلوُر مەن ساڭا جان بىلە يارلىغ.
ساڭا كەلدى رەھىم موُرۇۋۋەت قىلاي،
ھەمە ئىشلارىڭغە فوُتوُۋۋەت قىلاي.
ساڭا شەرتدوُر ئەسلەن ياشوُرماغىل،
كۆڭۆل ئىچىدە سۆزنى ئالىپ قالماغىل.

بۇ سۆزگە تەھىيەت ئەدا ئەيلەدىم،
كى ئول زاتغە جان فىدا ئەيلەدىم.
ھەمە سەرگۈزەشتىنى قىلدىم بايان،
تۇرۇپ ئاڭلابان ئېردى ئول جەۋان.
ئەيان ئەيلەدىم بەلكى نامۇ نەسەب،
چۇ تەقرىر ئېتىپ ئانچە فەزلۇ ھەسەب.
فەرەڭى پەرى چېھرەنىڭ سۇرەتىن،
كۆرۈپ ئاشىق ئولدۇم ئېشىتىپ ئاتىن.
تولا رەنج تارتىپ كى ھىجران ئارا،
جەھان بولدى ئىشق ئىچرە مىھنەت سەرا.
چۇ دەردىدە سايىل بولۇپ دەربەدەر،
ت.....................ھىچ خەبەر.
كى يەرگە باشنى سالىپ ئول دەلىر،
ئۇرۇپ ئاھلار ئولزەمان چۇن تەغىير.
كۆتەردى باشنى ماڭا باقتى ئول،
........ئەيلەپ....................ئول.
چۇ فەھم ئەيلەدى ئۇشبۇ گۇفتارنى،
تۇرۇپ ئاڭلادى بارچە ئەسرارنى.
ئەجەب گىريە ئاغاز ئېتىپ مەن شىگەرف،
چېكىپ ئاھى (سەرد تۆكۈپ) ئەشك بەرف.①
مەنىڭ ھالىمە رەھمى كەلدى ئېنىڭ،
كى تەئسىر ئېتىپ دەردۇ سۆزۈم مەنىڭ.
ئەياكىم مۇسافىر جەفاكەش ئوغۇل،
قىلاي سۆز ساڭا ئانى تۇتغىل قەبۇل.
ئەجەب فىتنەلەر ئۆتتى سەن بىخەبەر،
نەچە ئادەمى بولدى زىرۇ زەبەر.
ساڭا سۆز بۇدۇر بىر زەمان گۇش قىل،
قۇلاق سالغىلۇ ئورنى خامۇش قىل.
بۇ نەئىش ئىچرە ياتغان ئېرۇر شاھزاد،
جەھاندىن كېتىپ غۇنچە تاپماي مۇراد.
بۇ گۈلچېھرەنىڭدۇر ئەمىگى زادەسى،
كى ئول سەرۋى قەد يار ئازادەسى.
بۇ شەھ زۇلۇم ئىلە ئانى ئەيلەپ شىھد،
ئەزىز جاندىن ئەيلەدى نائۇمىد.

ئوشۇل كۈن ۋەزىر تىغ تارتىپ ئىدى،
قىساسىنى بوينىغە② ئارتىپ ئىدى.
كىلىپ غەيبدىن سىنەگە تەگدى ئوق،
كى ئول تىر ئىلە شۇل ۋەزىر بولدى يوق.
ئانى مەن ئاتىپ ئېردىم ئول باغدە،
كى شورىش بولۇپ ئېردى ئول چاغدە.
نەچە ئادەمنى ھەلاك ئەيلەدىم،
بۇ شەشفەر بىلە زىرى خاك ئەيلەدىم.
كى شەھنى ئاتارغە قىلىپ مەن ئەبا،
نەمەك ئىستەبان چۈنكى قىلدىم ھەيا.
يوق ئېرسە بىر ئوق بىرلە كەتكەي ئىدى،
ۋەزىر ئەقەبىدىن تىز يەتكەي ئىدى.
بۇ شەھزادەنىڭدۇر ئاتام كۆكەسى،
مۇخادىملاردىن فەقىر بۆكەسى.
قەزايى ئىلاھى بۇ ئېركەن نىتەي،
بۇ ئەرمان بىلە ئاخىرەتكە كىتەي.
ئۇ شۇندىن بەرى ئادەتىم بۇ دۇرۇر،
ئاڭا ئەيلەگەن تائەتىم بۇ دۇرۇر.
نەچە كافىرنى قىلىپ مەن ئەدەم،
كى دىۋانەلىككە قويۇپمەن قەدەم.
چۇ ھەر ئايدا بىر تەئزىيەت ئەيلەگۈم،
ئەلالا سالىپ جەمئىيەت ئەيلەگۈم.
كىشكىم بۇ ئىشدا مۇدەببىر ئىدى،
ئانىڭ جايى ئاخىر مۇقەببىر ئىدى.
بۇ شەھزادە قەتلىگە كىمدۇر سەبەب،
بۇ شەشفەر بىلە ئاڭا بەردىم ئەدەب.
قايۇ زالىم ئۆلسە، ئۆلۈمدۇر ئىشى،
كى زۇلۇم ئەھلىدىن تۇيمادى ھىچ كىشى.
كىلىپ سەن قاشىمغە ئۈمىد ئەيلەبان،
پەناھ ئىستەبان ئىئتەمىد ئەيلەبان.
چېكىپ سەن پەرىۋەش ئۈچۈن رەنجنى،
زەماندىن كۆرۈپ تۈرفە ئىشكەنجنى.
بىلۇرمەن كى سەن مۇستەھىق ئادەمى،

---

① ( ) بەلگىسى ئىچىدىكى سۆزلەر ئەسلى تېكىستتە ئۆچۈپ كەتكەن.

② بوينىغە: بۇ سۆز ئەسلى تېكىستتە: بورنىغە دەپ يېزىلغان.

جەفاكەشلىگىڭگە يوقتۇر كەمى.
بۇ ئىش مەندىن ئۆزگەدە تافماس كۇشاد،
ساڭا سۆز قىلاي جان ئىلە ئەيلە ياد.
بۇ مۇشكۇلنى ھەل قىلماق ئاسان ئېمەس،
قەدەم قويماق ئول ئىشغە ئىمكان ئېمەس.
تەھەققۇق بىلىپ مەنكى سەن مۇستەھىق،
سەنى كىم قىلاي مەن ئاڭا مۇتتەفىق.
ساڭا شەرت ئولدۇر كى قىلغىل قىياس،
نەسىھەتنى كۆڭلۈڭ ئارا ساقلا پاس.
ئانى كۆرگۈزۈرمەن ساڭا بىر زەمان،
چۇكۆرگەن زەمان قىلمە ئاھۇ ئەفغان.
كى ساقلا ئۆزۈڭنى تەھەممۇل بىلە،
كى فاش ئەتمەگىل سىر تەزەلزۇل بىلە.
قارارىڭدا تۇر بولماغىل بىقارار،
كۆرۈپ ئانى ھەم قىلماغىل ئاھۇ زار.
ئەگەر شەرتكە تۇرماغىل ئەي ئاداش،
ئۇمىد ئەتمەگىل ئولزەمان كەتتى باش.
قەسەم ئول خۇداغە چافار مەن سەنى،
كى تۇفراق بىرلە يىغار مەن سەنى.
دىدىم ئەي خىرەدمەند قىلدىم قەبۇل،
شەرايىت ھەمۇلدۇر ھەمۇلدۇر ھەمۇل.
تۇتۇپ ئول كۇنى بولدى خۇرشىد پاش،
جەھاننى يورۇتتى چۇ نۇرى قۇياش.
كى فەرمان بىلە كەلتۇرۇپ خىلئەتى،
ماڭا كەيدۇرۇپ ئەيلەدى زىننەتى.
ئۆزى ھەم مۇكەممەل مۇسەللەھ بولۇپ،
بۇ ماتەم ئىشىغە مۇئەككەل بولۇپ.
ماڭا تۇتتۇرۇپ نەئىشىنىڭ بىر ئۇچىن،
يەنە بىر ئۇچىن تۇتتى بىر گۇل چەبىن.
كۆتەردۇك ئانى چۇن ئىشارەت بىلە،
كىرىپ ئارقەسىغە ئىجازەت بىلە.
تەك پۇ ئۇرۇپ ئالدىدا ئول دەلىر،
چىكىپ خامىيازە چۇ دەرەندە شىر.
يۇرۇپ بىر مۇسافەت كىلىپ باغ ئارا،
نە باغىكى ئول دەرە ئىلە داغ ئارا.
ئۇلۇغ نەھر ئالدىدا چىنارى ئېرۇر
شەجەر بىھەدۇ مۇرغ زارى ئىرۇر.
چۇ مەيىيتنى قويدۇق لەبى نەھردە،
كى نەئرە ئۇرۇپ پەھلىۋان قەھردە.
بارىپ كۇشەگە ئولتۇرۇپمەن قاراب،
دىلاۋەر فىغان ئەيلەدى بى ھىساب.
چىكىپ نەئرە ئول دىل بىلە توندخۇي،
ئانىڭ ھەيبىتىدىن ئۇچۇپ رەنگى رۇي.
كىلىپ لەرزەگە باغۇ ئەشجارلار،
كىتىپ ئەقلىدىن بارچە ھۇشيارلار.
تەرەننۇم قىلىپ ئاندا ئۇشبۇ غەزەل،
ئوقۇپ دەرد ئىلە قىلدى رەنجىنى ھەل.
چۇ سەنسىز ماڭا بۇ جەھان كارى ھىچ،
جەھان ئەھلىنىڭ بىزگە ئىنكارى ھىچ.
گۇل ئارىز يارىنىڭ يادى ھىچ،
جەھان خوبىنىڭ قەددى شەمشادى ھىچ.
جەفا ئەيلەدىڭ ئەي فەلەك بىۋەفا،
بۇ گۇل غۇنچەسىنى قىلىپ سەن فەنا.
كى يىغلاپ چىنان ئەشكى بولدى رەۋان،
تۇتۇلدى ئانىڭ ئاھىدىن بۇ جەھان.
ئۇمىد بىرلە قىلدىم تۇرۇپ ئارزۇ،
بولۇپ مۇنتەزىر چۇن بەدەن بولدى سۇ.
قارار ئېردىم ئاندا تۇرۇپ تەرەف،
كى رووشەن بولۇرمۇ قارارغان ئۇنۇف.
بىناگاھ خۇدا فەزلى قىلدى مەدەد،
نە مۇدار ئولۇپ ئولزەمان سەرۋى قەد.
خىرامان كىلۇر چۇنكى تاۋۇس مەست،
كىلىپ نەئىش ئالدىدا قىلدى نەشەست.
نەزارەسىدىن بولدى جانىم فىگار،
كۆڭۈلدۇر ئەلەمناك تەن خار خار.
ماڭا تۇشتى تىترەتمە ئۆزدىن كىتىپ،
باشىمنى تۇتۇبان قالىپ مەن قاتىپ.
يەنە ھۇش سائەتىدە پەيدا بولۇپ،
ئانىڭدەك ئېرۇر مۇردە ئەھيا بولۇپ.
كى ئول ھۆرگە تۇشتى دەم دەم نەزەر،
شۇئائ يۈزى جانغە سالدى شەرەر.
چۇ ئىلكىدە رومالى زەررىن كەتان،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

نه ياغلىق كى جان پەردەسىدىن نىشان.
قويۇپ كۈرسى زەررىن نەشەست ئەيلەدى،
چۇ كىم ئۆزنى ماتەم پەرەست ئەيلەدى.
كى لەيلى مەسەللىك نە ھوش، نە ئەقل،
دىلاۋەرگە قىلدى پەرى چېھرە نەقل.
قۇلاق سالدى شىرىن سەنەم سۆزىگە،
چېكىپ ئاھ دەم ـ دەم باقىپ كۆزىگە.
تەكەللۇمنى قىلدى تەۋەل ئول سەنەم،
كەلامى ئانىڭ ئانچە پۇر دەردۇ غەم.
يېتىپ سۆزى بىر جايىغە يىغلادى،
ياشىن يەڭ بىلە بەلكى ئارىغلادى.
ئۆزىن توختالماي جەنان قىلدى زار،
بولۇپ كۆزلەرى چۈنكى ئەبرى باھار.
رىزا سەمئى بىرلە ئىشىتتى دەلىر،
قىلىپ گىريە ھەم ئولزەمان نەرە شىر.
يىراقدىن تۇرۇپمەن ھەمان يىغلادىم،
ئۇلارنى كۆرۈپ ئولزەمان يىغلادىم.
كى فەرياد ئۇرۇشتە يېتىپ ھالەتىم،
كى قالماي تەھەممەل بىلە تاقەتىم.
چۇ فەھم ئەيلەدى ئول دىلاۋەر جەھان،
ماڭا خەشم بىرلە قاراپ ئولزەمان.
ئانىڭ ھەيبەتىدىن تەخەۋۋۇف قىلىپ،
كى توختاتتىم ئۆزنى تەئەسسۇف قىلىپ.
كى زايىل بولۇپ مەندە ئەقلۇ خىرەد،
ئۆلۈكنىڭ مىسالى بولۇپ كالبۇد.
زەمانى ئۆتۈپ ئەقل كەلدى يەنە،
جەمالىنى كۆرسەم يەنە بىر گىنە.
مەنىڭ ۋاقىئەمنى قىلىپ ئىبردى نەقل،
سۆيۈندى كۆڭۈل ئەيلەبان كارى ئەقل.
ئىجابەت قىلىپ سۆزنى سالدى قۇلاق،
زىيادە بولۇپ ھىجر بىرلە فىراق.
بولۇپ شادلىقدىن كۆڭۈل بولدى غەش،
چېكىپ ئولزەمان ئەلئەتەش (ئەتەش) ①.
كى بىر سائەتى قىلدى گۇفتۇ كەلام،
تۆگەتتى سۆزىن ئۆيگە قىلدى خىرام.
دىلاۋەر قويۇپ يىغلادى زار-زار،
بۇلار ھەم قىلىپ يانغالى ئىختىيار.
كى يولدا كىلىق ئاھ ئەفغان چېكىپ،
لەبىمنى لەبىمگە قويۇپ جان چېكىپ.
كىلىپ مەردى مەردانەنىڭ جايىغە،
كى داخىل بولۇپ ئاندا مەئۋايىغە.
چۇ بىر خىلۋەت ئىچرە كىرىپ دەرد ئىلە،
كى ئاغۇشتە ئەيلەپ باشىم گەرد ئىلە.
يەنە ئىشق تازە بولۇپ تۈتتى سەخت،
كى ھەسرەت بىلە قان يۇتۇپ لەخت ـ لەخت.
كى تىشلەر ئىدىم قوللارىمنى كۆلۈپ،
چۇ يىغلار ئىدىم ئېتەلەرىمنى ئۆلۈپ.
كى خاب ئەيلەدى بىر زەمان پەھلىۋان،
ئەمان تاپتى غەمدىن يېتىپ بىر زەمان.
چۇ بىدار ئولۇپ مەنى قىلدى تەلەب،
تەۋازۇئ بىلە ئاڭا قىلدىم ئەدەب.
سوراپ مەندىن ئول ھال كەيفىيەتىن،
بايان ئەيلەدىم بارچە ۋەجھىيەتىن.
فىدا بولسام ئول يارغە مۇغتەنەم،
ئانىڭ يادىدا بەلكى بولدۇم ئەدەم.
دىدى ئول بىھەمدۇللاھ بولدۇڭ خەلاس،
سەنى يارغە ئەيلەگۈم ئىختىساس.
شەرەف بۇرجىدا كەۋكەب ئەيلەپ تۇلۇئ،
كىتىپ نەھسلەر سەئد تاپتى ۋۇقۇئ.
رىيازەت كىتىپ كەلدى بەختىڭ بەلەند،
ئۈمىد ئولكى يارىڭغە بولغۇڭ پەسەند.
مۇرادىڭ گۈلى ئەمدى ئەيلەر شىگىفت،
قىلاي مەن سەنى ئەمدى ئەختەرغە جۇفت.
كى فەھم ئەيلەدىڭمۇ نەدەپ مەن ئاڭا،
نىگاھى بىلە بىر قاراپدۇر ساڭا.
سەنىڭ سەرگۈزەشتىڭنى قىلدىم بەيان،
ھەمە رەنجۇ مېھنەتنى قىلدىم ئەيان.
ھەمە ئەرزۇ ھالىڭنى تەقرىر ئىتىپ،
فەسانە بىلە ئانى تەئخىر ئىتىپ.

① بۇ سۆز ئەسلى تېكىستتە ئۆچۈپ كەتكەن. خەتنىڭ ئىزناسىغا ئاساسەن (ئەتەش) قىلىپ ئېلىندى.

ئەسالەتلىكنى قىلىپ مەن ئەيان،
بۇ بىچارە ئىدۇر ئۇلۇغ خاندان.

ئەيا ساقىيا راھ قىلغىل كەرەم،
مۇھەببەت بىلە سىپقاراي دەمبىدەم.

**ئول شەھزادەئى بەھادىر بۇ مۇسافىرنىڭ ئەۋۋارەئى بولغان ئەھۋالىنى مەلىكەئى فەرەڭگە تەقرىر قىلغانى**

مىسالىدا بولدۇم پەرىشان بەسى،
ۋىسالى ئۈچۈن چەكتىم ئەفغان بەسى.
چۇ ناقل بۇ سۆزنى قىلىپ ئاشكار،
سۇخەن گەنجىنى قىلدى ئىلگە نىسار.
سەنى دەپ بولۇپدۇر ۋەتەندىن غەرىب،
يۈرۈپدۇر بەيابان ئارا سارغارىپ.
ئاتادىن كېچىپدۇر، ئانادىن داغى،
كى شەھلىغ بىلە مۇددەئادىن داغى.
يولۇڭدا خەزانە قىلىپدۇر نىسار،
كى ھىجرىڭدە بولمىش چىنان خار-خار.
كۆرۈپ سۇرەتىڭنى تىگىپدۇر جۇنۇن،
ئەلىڭدەك قەددى غەمدە بولمىش نىگۇن.
يۈرۈپ نەچە كۈن بى سەرۇپا بولۇپ،
ھەمە دەردۇ غەمگە مۇھەييا بولۇپ.
جەفالار كىلىپدۇر سەنى دەپ ئاڭا،
كىلىپ يالبارىپ يىغلادى كۆپ ماڭا.
سەنى دەپ ئاڭا ئۆتتى ئەنسىزلىك،
بىلەمسەن بولۇپ ئانچە خۇنرىزلىك.
ئەگەر بۇ كىشى كۆڭلىنى ئىستەسەڭ،
سەۋابى بولۇر ئانى يارىم دىسەڭ.
بىھىشت بەرسە تەڭرىم ساڭا نە ئەجەب،
بۇ شەھزادەدۇر تارتمىش كۆپ تەئەب.
دىدى ئول مەلىكە ئىلاجى نىدۇر،
كى ئايغىل بۇ ئىشنىڭ ئىلاجى نىدۇر.
دىدىم ئىددەسىدۇر ماڭا ئەي پەرى،
قولۇمدا مۇھەييا ئىرۇر شەشفەرى.
سەنى ساقلاغان مەن بولۇپ پاسبان،
بولۇڭ ئەي سەنەم ئەمدى غەمدىن ئەمان.
بۇ سۆزنى ئىشىتتى سۆكۈت ئەيلەدى،
تەۋەككۇلەت ھەي لايەمۇت ئەيلەدى.

دىدىم كى بۇ كېچە خەبەردار ئولۇڭ،
بارۇر ئول يىگىت ئاندا ھۇشيار ئولۇڭ.
مەنىڭ خاتىرىمدىن قەبۇل ئەيلەگىز،
فەقىر قۇلغە ئەمدى مەقبۇل ئەيلەگىز.
پەرى ھەم رىزا بەردى بۇ قۇلغە،
زەبانىم كىلىپ ئاندا لاھەۋلغە.
كۆزى بىرلە قىلدى ئىشارەت ماڭا،
ئىشارەتدە بەردى بىشارەت ماڭا.
بۈگۈن كېچە سەن ئاندا ئەتكىل خىرام،
تۈشەي باشلاسۇن مەن ساڭا بىر غۇلام.
كى ئەقلىڭ بىلە ئانچە ھۇشيار بول،
زەمان ئافەتىدىن خەبەردار بول.
بۇ مۇژدە يىتىپ بۇسە قىلدىم ئانى،
غۇلامى بىلە يولغە سالدى مەنى.
فەرەھلىك يىتىپ ئول كۈنى ئانچە شاد،
بولۇپ قۇۋۋەت ئالدى بۇ جان نىھاد.
قاچان كەچ بولۇر دەپ بولۇپ ئىنتىزار،
بولۇرمۇ ئىكىن بەختىمە ۋەسلى يار.
فۇرۇ كەتتى خۇرشىد بولۇپ ۋەقتى شام،
قەمەر جىرمى گەردۇندا قىلدى خىرام.
سۇھا لەشكەرى چەرخدا يۈتراشىپ،
كى تىرى شەھابىن ئاتىپ ئويناشىپ.
ئىشا فەرزىنى چۈن ئەدا ئەيلەبان،
تەۋەككۇل بىراي خۇدا ئەيلەبان.
ئوشۇل ۋەقتىدە كەلدى رەھبەر غۇلام،
مەنى باشلاماققە قىلىپ ئىھتىمام.
ئانىڭ ساھىبى قۇشنى تەئەكىد ئىتىپ،
مۇسافىرنى باشلاپ بارىپ كۆرسەتىپ.
تۇرۇپ ساقلاغىل بۇ كىشى چىققۇچە،
يىتىشسۇن ماڭا خىزمەتىڭ بۇ كېچە.

گۇمان قىلماسۇن ئەسلەن سەندىن كىشى،
كى تەقدىرى ھەق بۇ فەلەك گەردىشى.
ئاڭا سۆز دىدى كۆپ نەسىھەت بىلە،
مەنى شاد قىلغىل بۇ خىزمەت بىلە.
مۇسافىردۇرۇر بەلكى ئەئما دۇرۇر،
مۇڭا راھبەر بولساڭ ئەلا دۇرۇر.
قەبۇل ئەيلەدى قۇل يولۇم باشلادى،
يۈرۈپ بىر مۇسافەت مەنى تاشلادى.
كى بىر كوچە باشىدا تۇردۇم قاراپ،
بارىلىك سىز تۇرايەن بۇ يەردە ماراپ.
بول بىرلە بارساڭ تاپارسەن مۇراد،
دىدى ئولزەمان ئەيلەدى خەيرباد.
كىرىپ كەتتى ئول دەمدە بىر كوي ئارا،
كۆزۈمگە بولۇپدۇر جەھان قاپقارا.
خەرەز نە ئىكىن ناپەدىر ئولدى ئول،
خىجالەت بىلە ئاندا قالدىم خۇمۇل.
تۇرۇپ بىر زەمان يىغلاپ ھەيران بولۇپ،
تەۋەككۇل قىلىپ دىدە گىريان بولۇپ.
قىلىپ ھەق جەنابىغە كۆپ ئىلتىجا،
مەنى يولغە سالغىل كى يارەببەنا.
شىكەستە قۇلۇڭ ناتەۋان بەندە مەن،
مۇھەببەت تەرىقىدا شەرمەندە مەن.
مەنى قىلماغىل غەم بىلەن ئىشتىھاد،
تەرەھھۇم قىلىپ ئەمدى بەرگىل مۇراد.
/تەۋەككۇل بىلە ئاندا قويدۇم قەدەم،
كى ياد ئەيلەبان تەڭرىنى دەمبەدەم.
كى بىر شاھرەھ ئىچرە ئەزم ئەيلەدىم،
كى گۈلشەنگە بارماقنى جەزم ئەيلەدىم.
خۇدا يىرى ئىبرىپ يەتكۈزۈپ باغقە،
داغى قويمادى يىرلنى سورماققە.
ئىشىكدە تۇرۇپ تولغانىپ پىچ - پىچ،
كى مەقسەدگۈلدىن نىشان بولماي ھىچ.
ئىشك ھەلقەسىگە قولۇمنى قويۇپ،
تۇرۇپ يىغلادىم بەلكى جاندىن تويۇپ.
تەفەككۇردا ئۆتتى بىر ئىككى زەمان،

ئۇشۇل ۋەقت غەۋغا چىقىپ ناگىھان.
بولۇپ ئاندا بىھەد ئەلالا شەدىد،
سۆرەن بىرلە قىقاس غەۋغا شەدىد.
بولۇپمەن ئانى ئاڭلابان ۋەھىمگىن،
كى تەسبىھ ئىتىپ تۇرۇپمەن كىيىن.
بولۇپ نىسفى شەب ئول ئەلالا بىلە،
كېلىپ نەچە تەن سەرۋى رەئنا بىلە.
ھەمە خەلقنى ياندۇرۇپ ئولزەمان،
كېلىپ ئالدىمە بارچە ئېلدىن نىھان.
نەزارە قىلىپ مەن شەكەرلەب كېلۇر،
كى خۇرشىدۋەش سىم غەبغەب كېلۇر.
جەمالى بىلە كۆزنى رەۋشەن قىلىپ،
قەدەم گاھىغە جاننى گۈلشەن قىلىپ.
كى ھەممىد ئەيلەدىم ھەق جەنابىغە ھەم،
تۈمەن شۈكر دەپ ئىلتىفاتىغە ھەم.
جەمال ئاشكار ئەتتى شەمئە ئەنۋار،
ئۆزۈمنى كۆرۈپ مەنكى پەرۋانەۋار.
يىقىلدىم ئاياغىغە باشنى قويۇپ،
تەزەررۇئ بىلە كۆزدە ياشنى قويۇپ.
بىھەمدۇللاھ بولدى مۇنەۋۋەر كۆزۈم،
تۇرۇپ ئاڭلادى يار ئەندەك سۆزۈم.
دىدىكىم ئەيا جاھىل غەم سىرىشت،
نىيدىن مۇنچە بولدۇڭ كى ماتەم سىرىشت.
بۇ يەردە ئېيمەستۇر مەھەللى كەلام،
كى ھاسىل ئېيمەس سۆزلەمەكدىن مەرام.
بولۇپ ھۇش بىرلە قىلىڭ ئىھتىيات،
كى جايىڭغە بارغاندا ئەيلە نىشات.
كى يىرلغە چىقىپ مەن يانىپ كەتەگۈم،
قىلىپ بىۋەفالىق قاچىپ كەتمەگۈم.
مەكانىڭغە باشلا رەۋان بولغامىز،
سەنىڭ بىرلە ئاندا نىھان بولغامىز.
كۆڭۈل شاھىغە ئانچە يەتتى سۇرۇر،
چۇ خوشۋەقت كەتتى باشىدىن شۇئۇر.
كى يىرل باشلادىم ئالدىدا يارنىڭ،
تۇشۇپ ۋەھمى يولدا يەزەكدارنىڭ.

دىلاۋەر مەكانىغە يول باشلادىم،
يۇتتۇردۇم يولۇم ئوك - سول باشلادىم.
سەراسىمە خىجالەت چېكىپ،
چۇ گۇمراھلىقدىن مەلالەت چېكىپ.
بولۇپ يار ئالدىدا ئانچە خىجىل،
قىلىپ ئىزتىرابى بولۇپ مۇنفەئىل.
قىلىپ ئىئتىراز ئول سەنەم دەمبىدەم،
مەكانىڭ قانى قايدا قويدۇڭ قەدەم.
ئاڭا ئۆزر دەرگە زەبانىم قانى،
تەكەللۇم قىلۇرغە لىسانىم قانى.
مەھەلات ئارا چۆيرۈلۈپ دەربەدەر،
خىجالەتدە ئۆزىدىن بولۇپ بىخەبەر.
فەلەكدىن زىھى يەتتى سەرگەشتەلىك،
بولۇرمۇ بۇ رەڭ بەخت بەرگەشتەلىك.
يەنە ئول سەنەم ئەيلەدى ئىئتىراز،
چۇ يەتتى سەھەر بولدى سۇبھى بەياز.
كى جايىڭنى يىلمەي يۈرۈسەن تىنەپ،
ئەگەر چىقسە كۈن بىزگە بولغاي تەئەب.
چۇ دۇشمەن قولىغە گىرىفتار ئولۇپ،
كى ئاندىن شەھىنشەھ خەبەردار ئولۇپ.
تۇتۇپ بىزنى قىلغاي ئۆلۈمگە مۇھىق،
ئەجەل خەيلىگە ئەيلەگەي مۇتتەفىق.
بۇ سۆزنى دىدى، ئاھ چەكتى ئول ئاي،
دىدىم ئالدىدا مەن ھەمان ئاھ ۋاي.
دىلىمدا خۇداغە چىنان يالبارىپ،
قىلىپ ئىلتىجا چىھرەمىز سارغارىپ.
مۇناجات ئەيلەپ قىلىپ مەن دۇئا،
ھىدايەتكە باشلا مەنى ئەي خۇدا.
ئىلاھى بىھەق جەنابى قەدىم،
بىھەق جەمال جەلالى ئەزىم.
گىرىھلارنى ئاچغىل بولۇپ رەھنەما،
بىھەق ھەمە ئەنبىيا ئەۋلىيا.
تەۋەججۇھ بىلە ھەر تەرەف ئوغرادىم؛
كى تىشلەپ قولۇمنى ئۆزۈپ توغرادىم.
تاڭ ئاتتى يۈرۈپ ھەر تەرەف دەربەدەر،
دىدى ئول پەرى ئەلھەزەر ئەلھەزەر.

دىدىم ئاھ ئايدى نە قىلماق كەرەك،
جەفا بەچچەسىنى چىقاردى فەلەك.
دەرىغا كىتىپ مىھنەتىم رايگان،
چىقىپ كەتتى قولدىن بۇ سەرۋى رەۋان.
ئانىڭ سىز تىرىكلىكنى ئەمدى نىتەي،
ئۆلەي بىر يولى بۇ جەھاندىن كىتەي.
خىيالىمنى فەھم ئەتتى ئول ماھ رۇي،
مەنىڭ بىرلە ئول ئەيلەدى گۇفتگۇي.
دىدىكىم خىيالىڭ نىدۇر ئەي گەدا،
دىدىم ئەي جەھانىم بولۇرمەن فىدا.
خىجالەتكە سالدى مەنى بىر غۇلام،
خىلاف ئەيلەدى ۋەئدەغە ئول ئاكام.
كۆرۈپ كوچە باشىدا دەرۋازەنى،
ئانىڭ ئىشتمەيكى ئاۋازەنى.
كى قۇفل ئەيلەگەن يوقتۇرۇر ھىچ كىشى،
كىشى بولسە ھەم يوقتۇرۇر ھىچ ئىشى.
ئىشىكنى ئىتىپ ئول كىتىپدۇر قەيان،
قىلىپ ئول ھەرامى بۇ ئىشنى يەمان.
بەھانە بىلە سۆزنى قىلدىم خىلاف،
پەرى چىھرە بىلدى ۋە قىلدى مۇئاف.
پەرى چىھرە كۈلدى ۋە ئىرغاتتى باش،
كى دەرۋازە زەنجىرىگە ئۇردى تاش.
چاقىپ قۇفلىنى دەرنى ئەيلەپ كۇشاد،
كىرىپ ئىچكەرى ئانچىنان بولدى شاد.
ئەجەب ۋەھم يۈزلەندى مەن زارغە،
بۇ ئىش بولمادى خوب مەن يارغە.
مۇبادا كىشى كۆرسە مەن نىتكەمەن،
بۇ رەسۋالىق ئىچرە ئۆلۈپ كىتكەمەن.
فەقىر ئىرگەشىپ ئارقادىن سايەدەك،
ۋە ياخۇد مۇخادىم ئارا دايەدەك.
كۆرۈپمەن كى گۈلشەن ئىرۇر بى نەزىر،
كىلور بۇي ئاندىن كى مۇشك ئەبىر.
فەرامۇش بولۇپ قالدى دەرۋازە بوش،
فەرامۇشلۇق بولدى مىھنەتكە تۇش.
ئەجەب باغ قەسرى ئەجەب بوستان،
كى ئەشجار ئىلە ھەر تەرەف گۈلىستان.

گۈلۈ ئەھمەر سەۋسەنۇ ياسەمەن،
شگىفتە قىلىپ مۇرغ زارۇ چەمەن.
كى باش تارتىبان چەرخغە ھەر شەجەر،
شەجەر شاخىدا زاھىر ئولمىش سەمەر.
دەرەختىكى سەرۋى سەنەۋبەر داغى،
چىنار بىرلە شەمشادۇ ئەرئەر داغى.
قىلۇر قۇمرىلار ئاندا سۇۋتۇ سەدا،
يەنە ئەندەلىب گۇلغە ئەيلەر نەۋا.
ئەجەب قەسر ئەيۋان شاھانەئى،
كى زەررىن سەرانجام كاشانەئى.
ئۇلۇغ زات مەئۋاسى مەئلۇم ئولۇر،
باھادىر كىشى جايى مەفھۇم ئولۇر.
نە چۈككىم تۇرار ئاندا نەچە يەراغ،
بولۇپدۇر ئاڭا قۇرخانە بۇ باغ.
مۇلۇكانە فەرشدا زەررىن بىسات،
مۇزەييەن ھەمە بارچە جايى نىشات.
ھەمە زەرفلار نوقرە تىللار دۇرۇر،
جەۋاھىر سۇراھىدا سەھبا دۇرۇر.
ئىمارەتنى ئاراستە قىلدى ئاي،
مۇزەييەن قىلىپ جايى ئىشرەت فەزاي.
كۆمۈش سەندەل ئۈزرە نەشەست ئەيلەدى،
چىكىپ ساغەرى ئۆزنى مەست ئەيلەدى.
كى بىر خاننى كەلتۈردىلەر ئول مەھەل،
تەناۋۇل قىلىپ ئاندا قەندۇ ئەسەل.
كى نانى شەكەر ئانچە رۇۋغەن سىرىشت،
چۇ تەئمى تۇيۇردىن كەبابى بىھىشت.
بارىن كەلتۈرۈپ ئالدىدا قويدى ئول،
لەتىفە غىزادىن يەمدى تويدى ئول.
تەبەسسۇم قىلىپ ئەيلەدى ئىلتىفات،
تاپىپ مەنكى بىرمۇنچە غەمدىن نىجات.
دېدى: ئەي ئەزىزىم غەم يېمەڭ زىنھار،
ئەگەر قىلغان ئىبرسە غۇلامىڭ فەرار.
قاچىپ كەتسە ئول مەن ساڭا ھەم نەفەس،
بولۇپمەن مۇسافىرغە فەريادەرەس.
ئاچىلدى ساڭا ئەمدى ئەبۋابى ئەيش،
كى مىنادا مەملۇ مەيئى نابى ئەيش.

سۇراھىغە سۇندى ئىلكىنى پەرى،
چۇ مەي نۇش ئەتىپ ئول پەرى ئىلگەرى.
چۇ بىر جامنى باز مەملۇ ئەتىپ،
ماڭا تۇتتى جامنى خوشبۇ ئەتىپ.
چىكىپ بىر ئىكى جام ئول ماھۋەش،
سەرشار ئولۇپ بولدى چۇن تەبئى ئەيش.
چۇ سەير ئەيلەمەككە قىلىبان ھەۋا،
خىرام ئەتتى گۈلشەن ئارا دىلرەبا.
بارىپ كۆشەئى ئىچرە قىلدى نەشەست،
ئۆزۈمنى قىلىپ ئالدىدا يەرگە پەست.
ئاياغىغە قويدۇم قاپاق باشنى،
تۆكۈپ چەشمدىن ئاقىزىپ ياشنى.
دېدى ئول سەنەم كەلتۈرۈڭ بىر غىزا،
كى مەي نەشاسىدىن كەلىپ ئىشتىھا.
قويۇپ مەن كىرىپ دەرمەھەل ئىچكەرى،
كى بىر خاننى كەلتۈرۈپ ئىلگەرى.
كى سەرفۇشنى ئاچتىم ئول خاننىڭ،
قويۇپ ئالدىدا خاننى مېھماننىڭ.
تەناۋۇل قىلىپ ئاندا دىلبەر كەباب،
كى نۇش ئەيلەبان گاھ گاھى شەراب.
ماڭا ھەم كەبابىنى قىلدى كەرەم،
ياڭى جان كىرىپ بەل كىتىپ ئەسكى غەم.
فەقىر ھەم بولۇپ ئانچە سەرشار مەست،
چىراكىم ئىدى ئاندا ئول يار مەست.
جەمالىغە مەھۋ ئولدى ئەقلۇ خىرەد،
تاپىپ يار ئاياغىدا ئۆمر ئەبەد.
بۇ مەزمۇن بىلە ئەلەدىم ئەرزۇ ھال،
ئۆزۈم بىرلە قىلدىم ئەجەب قىلۇ-قال.
جەھان باغىدا تاپمادىم يارنى،
تاپىپ مەنكى باغ ئىچرە دىلدارنى.
ماڭا بەخت بىدار بولدى نەسىپ،
تۇمەن شۈكر دىلبەرغە بولدۇم قەرىب.
بولۇپدۇر ماڭا تەختى ئىقبال يار،
كى شۈكر خۇداغە ھەزاران ھەزار.
كەل ئەي ساقىيا بىرگە بىر جام مەي،
ئەتا ئەيلەگىل سىپقاراي پەي بە پەي.

**مەلىكە يوق بولغانىدىن پادىشاھ خەبەر تاپىپ تەجەسسۇس قىلىپ ئىستەگەنى، مەلىكە شەھزادە ئەجەمى بىرلە بەھزارخان باغىدا ئەش - ئىشرەتكە مەشغۇل بولغانىدا بەھزادخان شىكاردىن يەتىپ كىلىپ كەمپىرنى ئۆلتۈرۈپ، بۇلارنى ئەجەم تەرەفىگە ئىتكەنى**

پەرىۋەش بىلە ئەيلەش بەزمنى،
كى ئەسلى ۋەتەنغە قىلىپ ئەزمنى.
يەنە سۆز بۇكىم ئاڭلاڭىز ئەي رەفىق،
سەنەم يوق بولۇپ بولدى ئالەم ھەرىق.
ئانى شاھغە يەتكۈزۈپ پاسبان،
كى مەئلۇم ئىتىپ ئەيلەدىلەر ئەيان.
بولۇپ پادىشاھ ئانچىنان دەرغەزەب،
بىرىپ نەچە دەربانغە تۈرلۈك ئەدەب.
چىقاردى كىشى ئىستەمەكلىك ئۈچۈن،
تەفەھھۇس قىلىبان نە كۈندۈز نە تۈن.
يەنە ھەر تەرەفكە چىقاردى كىشى،
تەرەددۇد قىلىپ ئەيلەگىز تەفتىشى.
قاراۋۇللارىغە كىشى چاپتۇرۇپ،
كى پەستۇ بەلەندنى يۈرۈپ باقتۇرۇپ.
يەنە قىرىق خاتۇن مەككارنى،
ھەرامزادە تەنناز تەييارەنى.
چىقاردى شەھەردە مەھەلات ئارا،
يۈرۈپ دەربەدەر ھەم ئۆز ۋە يات ئارا.
قەزارا كىرىپ باغ ئارا پىر زال،
بۇ بى زاھىرى باتىنى بەدسكال.
دۇتا قەد بىلە بىر قولىدا ئەسا،
كى تەسبىھ ئۆيرۈپ قىلىبان دۇئا.
ئىشىكدىن كىرىپ كەلدى ھەيران قىرى،
قىلىپ ئول زەمان نالە ئەفغان قىرى.
كىلىپ قاشىمىزدا قىرى ئولتۇرۇپ،
نە كەمپىركى ئوشۇل ھەرى ئولتۇرۇپ.
قىلىپ مىكىرلەر بىرلە ئانچە كەلام،
دىدىكىم ئولئايغە مۇرادىن تەمام.
جەزەئ ئەيلەدى دەرد ھىرمان بىلە،
ئاڭا رەھىم قىلدۇق كى جەنان بىلە.
پەرىۋەش دىل ئاسالىق ئىتتى يانا،
نە مەقسەددە كەلدىڭ دىدى ئەي ئانا.

قايۇ جايدىن مۇندا كەلدىڭ يىتىپ،
تۇرۇپ سەن ماڭا ئۆزرىلار كۆرسەتىپ.
دىدى ئول قىرى ئەي جەھان ئافەتىم،
كى باردۇر جەنابىڭدا بىر ھاجەتىم.
قىزىم بار ئىدى ئول دىدى ھامىلە،
ئولۇپدۇر شىكەم دەردىگە شامىلە.
تۇغالماي ياتىپتۇر بولۇپ ئىكى كۈن،
كىتىپ ھالى ھەم بولدى ئەمدى زەبۇن.
تەبىب بۇيرۇدى لەھى ئۆردەك كەباب،
تاپالماي دەرەم بولدى ھالىم خاراپ.
كى ئاجىز فەقىرمەن زىھى نامراد،
كى سىزلەرگە قىلدىم بۇ ئەرزىمنى داد.
كەرەم ئەيلەبان بىزنى شاد ئەيلەگىل،
سەخا بابىنى ھەم كۇشاد ئەيلەگىل.
جەنانىكدىن ئەمما تىلەرمەن كەباب،
ئەتا ئەيلەسەڭ ئانچە بولغاي سەۋاب.
قىرىغە ئىچى كۆيدى رەھىم ئەيلەبان،
ئىكى مۇرغ بىرىيان بىرىپ نەچە نان.
يەنە بىر ئىگىننى نىياز ئەيلەدى،
چۇ ئىھسان بىلە سەرەفراز ئەيلەدى.
دىدى: ئەي ئانا مۇندا پات-پات كىلىڭ،
كى ئىھسان قىلاي، سىز دۇئالار قىلىڭ.
ھەلى دەرمەھەل جايىڭىزغە كىتىڭ،
كى رەنجۇر قاشىغە فاتراق يىتىڭ.
قىرى دەرمەھەل قوپتى ئىنجىقلابان،
ئەساسىن تايانىپ دوڭغاقلابان.
چىقىپ بۇ قىرى شاد خۇررەم بولۇپ،
بۇ مەككار شەيتانغە ھەمدەم بولۇپ.
مەلىكە فەراغەت تاپىپ بولدى خاب،
فەقىر ھەم ئاياغىدا تۇردۇم قاراپ.
ئۆزۈم ئارزۇسىدا فىكىر ئەيلەدىم،
دىلىمدا خۇدايىمغە زىكىر ئەيلەدىم.

www.uyghurkitap.com

ئوشۇل ۋەقت ئىدى چىقتى بىر ماجرا،
كى باغلا دىبان كەلدى قاتتىغ سەدا.
ئانىڭ ۋەھشەتىدىن ئەجەب تىترەدىم،
سەراسىمەۋار ھەر تەرەف بوتىرادىم.
چۇ باغنىڭ تاشىدىن كىلىپ بىر تاۋۇش،
ئانىڭ ھەيبەتىدىن ئۇچۇپ بارى ھۇش.
قارادىم ئىشىككە كۆرۈنمەس كىشى،
داغى رامدىن ئانچە ئۆچمەس كىشى.
تۇرۇپ ئىچىدە ئاڭلادىم زارلار،
قىلۇر ئول قىرى تۇرفە ئاۋازلار.
ئەجەپ يالبارىپ نالەلەر قىلدى ئول،
كى قاتىل ئانى ئەسلەن قىلماس قەبۇل.
سەراسىمە ھەيران ئىدىم بۇ نە ئىش،
بۇ كەمپىرگە بىر كىشى ئۇردى نۇش.
ئىشىككە چىقىپ ئەيلەدىم سەرھساب،
كۆرۈپمەن كى بىر شىر ئالىجاناب.
كى بازۇسىدۇر مىسلى شاخى چىنار،
يۈزى ئاي مەسەللىك ئۆزى تاجدار.
ھەژىرى زەمان بەلكى شىرى ژىيان،
سىياقى ئانىڭ ھەم چىنان پەھلىۋان.
سەقالى ئانىڭ مۇشك ئەنبەر كەبى،
خۇراسان كۇلاھ باشىدا زەر كەبى.
چىنانىكىم كۇلاھىدا زەنجىرى زەر،
چۇ كۈن تابىدىن يەرگە ئۇرمىش شەرەر.
كى خەنجەر بەلىدە ھەمايىل دۇرۇر،
ھەمە كۇفر ئىلىگە مۇقاتىل دۇرۇر.
بەرەھنە قىلىچ قولىدا قان تامار،
غەزەبدىن سەقالى بولۇپ تار-تار.
تۇتۇپدۇر قىرىنى كى ئول شىرتەن،
گىرىفتار ئولۇپدۇركى ئول پىرەزەن.
تۇشۇپ ئاتىدىن ئول جەھان پەھلىۋان،
قىرىنى قىلىپ ئاخىرەتكە راۋان.
ئىيسىپ فۇتىدىن دەرەخت باشىغە،
تەفەررۇج قىلىپ ئەھلى قور باشىغە.
ئۇزۇپ باشىنى تىغى بۇرران بىلە،
سۆكۈپ جىسمىنى تىرى پەرران بىلە.

غەزەب بىرلە كەلدى ئەجەب خەشم كىن،
كى تىشلەب لەبىن جەبھەسى چىن-چىن.
قولىدا ئانىڭ دەشنەئى ئابدار،
يەنە ئاھۇ فىتراكىدا ئۇستۇۋار.
يەنە بىر قولىدا خەدەنگ دەراز،
ئەجەب مار پىچانكى دۇشمەن گۇداز.
كىلىپ ئولتۇرۇپ شۇكر بىسيار دەپ،
تەناۋۇل قىلىپ لوقمەئى تەشنەلەب.
چۇ لاھەۋل ئىتىپ ئانىڭ كارىغە،
تەئەججۇب قىلىپ بارچە كەردارىغە.
كىشى قىلماغاي مۇنچە بى باكلىق،
پەلەكدەك دەلىرانە چالاكلىق.
تىرىكلىكتىن ئەمما ئۈزۈلدى ئۇمىد،
ماگا يۈزلەنىپ ئانچە ۋەھىي شەدىد.
چۇ ئىمانى ئىسلامغە كەلدى تىلىم،
يەنە ئاخىرەت سارى كەتتى دىلىم.
سەلامەت قۇتۇلماغلىق ئاسان ئىمەس،
كى بۇ شىردىن قاچماق ئىمكان ئىمەس.
فەرار ئەيلەمەكلىككە قالماي مەجال،
بولۇپ ھەيبەتىدىن چىنان گونگۇلال.
تۇرۇپ ئىردىم ئول يەردە ھەيرەت بىلە،
مەنى چىرلادى شىر ھەيبەت بىلە.
بارىپ ئالدىغە ئەيلەدىم ئىھتىرام،
تەۋازۇ بىلە بەلكى قىلدىم سەلام.
كى تىترەپ تۇرۇپ ئالدىدا سەرنىگۇن،
قەددىم ۋەھمىدىن خەم بولۇپ بولدى نۇن.
دىدى شىر نەر سەن نەچۈك ئادەمى،
كى نادانلىقىڭ ئەسلەن يوقتۇر كەمى.
ئەگەر بولماساڭ مۇندا سەن مىھمان،
ئۇرار ئىردىم ئەمماكى بەرمەي ئەمان.
چۇ تەنبىھ قىلىپ بارچە جۇھھالغە،
كى ئىبرەت قىلىپ جۇملە بەدھالغە.
بولۇر ئىردى بۇ ئىش جەھاندا نىشان.
بۇ رەڭ ئىشنى قىلماس ئىدى ھىچ جان.
كى ئاندىن ئىشتىم رەئايەت سۆزىن،
قىلىپ فەھم ئاندىن ھىمايەت سۆزىن.

يىقىلدىم ئايەغىغە ئەفغان قىلىپ،
نە ئەفغان بەلكى فىدا جان قىلىپ.
قىلىپ بۇسەلەر چۈن كەفى پايىغە،
سۈرۈپەن يۈزۈمنى يۈزى ئايىغە.
چۇ خەندە قىلىبان دىدى: ئەي ئوغۇل،
كى ئىش زىمنىغە ئەمدى ئاگاھ بول.
كىرىپ سەن ئىشىكنى قويۇپ سەن كۇشاد،
كىرىپ نامۇراد مۇندا تاپتى مۇراد.
خۇدا ساقلادى بارچەنى فىتنەدىن،
خەلاس ئولدى ئىل سىيف ئىلە دەشنەدىن.
بىلەسەن بۇ كەمپىرنى ساددەئى،
ساڭا زۇلم قىلماقىغە ئامادەئى.
دىدىم كى كىلىپ ئىردى مۇندا قىرى،
كى ئەرز ئەيلەدى ئول كىلىپ ئىلگەرى.
بىلۇرسىز خىيالىنى سىز خوبىراق،
فەقىر ناتەۋان ئەقلى مەئيۇبىراق.
دىدى ئول باھادىر ماڭا يار ئولۇپ،
قۇتۇلدۇڭ كى بەختىڭ مەدەدكار ئولۇپ.
ئەگەر كەلمەسەم تۇتقاي ئىردى سەنى،
سەياسەتكە يەتكۇرگەي ئىردى سەنى.
ھەمە خاس ئام ئىچرە ئىبرەت قىلىپ،
سەنى ئۆلتۇرۇر ئىردى غەيرەت قىلىپ.
بۇ مەككار جاسۇس نادان ئىدى،
ھەرەمزادە ئەييار شەيتان ئىدى.
سەنى ئىستەبان ئەجۇز سو بەسو،
كى ھەر كوي ئارا ئەيلەبان جۇستجۇ.
مەلىكە زامانى بولۇپ ناپەدىد،
جەھاندا چىقىپ فىتنە هاي شەدىد.
بۇ شەھ ئاڭلابان ئانچىنان دەرغەزەب،
بولۇپ يارلىغ ئەيلەدى لەب بەلەب.
ھەمە راھلارغە قاراۋۇل قويۇپ،
بارى قەرىيەلارغە چافاۋۇل قويۇپ.
يەنە قىردىق تەن قوددى مىكر ئەجۇز،
شەھەر ئىچرە ئاقتاردى ئەيلەپ رۇدۇز.
بىرى بۇ ئىدى قەتل قىلدىم ئانى،
خەلاس ئەيلەدىم كۆپ بەلادىن سەنى.

خۇدا خەيرى قىلدى ماڭا ئۇچرادى،
خەبەر قىلغالى شاھغە ئوغرادى.
قولىدا كەباب ئىلكىدە بىر چەفان،
كى ئاغزىدا ئايتۇر تەييار بۇ نىشان.
گۇمان ئەيلەدىم كىم بۇ ئىشدۇر فەساد،
مۇنى دەفئ قىلماق نىشانى مۇراد.
ئانى چىرلادىم ئالدىمە ئەي قىرى،
كى لۇتف ئەيلە گۇمدۇر كىلىك ئىلگەرى.
كىلىپ ئول قىرى ئەيلەدى ئەرزۇ هال،
قىزىم رەنج ئىدى ئانچە بولغۇم مەلال.
مەلىكەم كەباب ئەيلەدى ئىلتىفات،
بارۇرمەن ئالىپ رەنج قاشىغە پات.
چۇ فەھم ئەيلەدىم فىتنە ئاغاز ئىتەر،
نەچە ئادەملەرنى ناساز ئىتەز.
جەھەت بۇدۇرۇر ئانى قىلدىم ئەدەم،
ئانى يوق قىلىپ مۇندا قويدۇم قەدەم.
كۆڭۈلنى تۇتۇپ خوش دۇئا ئەيلەگىل،
بۇ گۈلشەن سەرادا ھەۋا ئەيلەگىل.
فەراغەت بىلە قىلغىل ئەيش نىشات،
جەھان خەلقىدىن يوقتۇرۇر ئىھتىيات.
ئەگەر يۈز يىل ئۆتسە كىشى بىلمەگەي،
ئەگەر بىلسە ھەم ئول يەقىن كەلمەگەي.
كى ئاگاھ دانا بولۇڭ ئەي پۇسەر،
كى فەرزەند دىدىم سىزنى بولدۇم پەدەر.
ئاتىمدۇر مەنىڭ ئاڭلا بەھزاد خان،
ئۆزۈم شىرنەر پەھلىۋانى جەھان.
بۇ شەھنىڭ ئاغاسىغە خادىم ئىدىم،
ئاڭا ھەم سىپاھى مۇلازىم ئىدىم.
قەزا يەتتى بولدى جەھاندىن فەنا،
بالاسىغە يەتتى فەلەكدىن قەزا.
قاچانكى شەھزادە بولدى شەھىد،
فەقىر ھەم جەھاندىن بولۇپ نائۇمىد.
چۇ مەنسەبنى تاشلاپ تۇتۇپمەن قىراق،
شەھەر خەلقىدىن ئۆزنى ئەيلەپ يىراق.
يۈرۈپ خالى يەردە بولۇپ راھ زەن،
بەرابەر ئىمەس بولسە ھەم يۈز تۈمەن.

www.uyghurkitap.com

چۇ غايەت سالىپ مەن شەھەر خەلقىغە،
چاقىپ تىغنى يەتكۈرۈپ ھەلقىغە.
ھەمە ئەھلى كۇفار بولدى ھەلاك،
يەنە نەچچەسى بولدى ئاسۇدە خاك.
تەقابىل ئىمەس شاھنىڭ لەشكەرى،
مەنى كۆرسە كىم قاچقۇسى جەۋان ـ پەرى.
مەنىڭ ھەيبەتىمدىن قاچار پادشاھ،
سىپاھى بولالماس ماڭا دەستگاھ.
كى تەختىدە ياتماس فەراغەت بىلە،
نەسەت ئەيلەمەس ئەسلەن راھەت بىلە.
نەچە ئادەمنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ،
ئانىڭ مالىنى جايىمە كەلتۈرۈپ.
فەقىرلارغە سەرف ئېتكۈم ئول مالنى،
بۇ رەڭ ئۆتكەرىپ ماھ بىلە سالنى.
تەئەددى قىلالماس ماڭا ھېچ جان،
ئەگەر قىلسە تاپماس قولۇمدىن ئەمان.
ئۆتتۈپ نەچە ھىنگام بۇ ھالەت بىلە،
غەزەبدىن يۈرۈپمەن سىياسەت بىلە.
قىلىپ مەن تەفەككۇردە بىر كېچە خاب،
تۇشۇمدە كېلىپ شاھى ئالىجاناب.
كى ئول شىرى دەرگاھ ئەينۇلكەمال،
ماڭا كۆرسەتىپ مىھر ياڭلىغ جەمال.
كىم ئول شاھى مەردان شىرى خۇدا،
ئەلى پاك دامەن كى ساھىبى ۋەفا.
ماڭا بەردى تۆۋبە نەسىھەت قىلىپ،
كەرەم ئەيلەدىلەر مۇھەببەت قىلىپ.
قىلۇر فىئلدىن ئەمدى قىل ئىجتىناب،
چۇ ئەندىشە قىل باز يۇۋمۇلھىساب.
بۇ ياڭلىغ ماڭا ئەيلەدى تەربىيەت،
كى ئاندىن بارى چۈن تۆزەلدى نىيىيەت.
بۇ ئۇي ئىچرە تەنھا ئىبادەت قىلىپ،
ياتىپ مەن خوداغە رىيازەت قىلىپ.
مەلال ئولغانىمدا شىكار ئەتكەمەن،
بەيابان ئارا كار زار ئەتكەمەن.
قىل ئەمدى فەقىرغە ئۆزۈڭنى ئەيان،
كى نامۇ نەسەب ئەمدى ئەيلەڭ بەيان.
كى مۇۋلۇدۇڭۇز قاي شەھەر قاي دىيار،
نېدىن جەۋر ئىلە بولدۇڭىز خاكسار.
نېچۈك ۋاقىئە پېش كەلدى ساڭا،
ياشۇرماي ئايىت بارچە بىر ـ بىر ماڭا.
ئەگەر راست ئايتساڭ تاپارسەن نىجات،
كى سىدق ئەھلىغە سىدق ئەينۇلھەيات.
فەقىر ھەم تەۋاتۇر ئەيان ئەيلەدىم،
ھەسەبنى نەسەبنى ئەيان ئەيلەدىم.
بۇ باشدىن ئۆتتۈپ ئەۋۋەلىن ئاخىرىن،
كى تەقرىر ئېتىپ ئالدىدا مەن ھەزىن.
پەرىۋەش بىلە يول يۈرگەننى ھەم،
غۇلامنى باقىپ يولدا يۈرگەننى ھەم.
كى بۇ ھەۋلى دەرۋازەسىن كۆرسەتىپ،
بەھانە بىلە ماھنى توختاتىپ.
غۇلام ئېتىپ دەرنى بولدى قەيان،
دىدىم دىلبەرىمگە بۇ سۆز ئولزەمان.
خىجالەتلىگىمنى بىلىپ ئولپەرى،
ئالىپ قولغە تاشنى كىلىپ ئىلگەرى.
چاقىپ قۇفلنى دەرنى ئەيلەپ كۇشاد،
كىرىپ باغقە مەسرۇر بولدى نىھاد.
ھەمە ۋاقىئەنى ئىشىتتى دەلىر،
دىدى خوش بولۇپ بۇ ئىشلىك دىلپەزىر.
ئاتامدەك يۈزۈمگە قىلىپ بۆسە ئول،
مەنى① ئول ئۆزگە قىلىپدۇر ئوغۇل.
دىدى ئول ئەيا سەرۋى رەئنا يىگىت،
ئەلەم كەش خىرەدمەند دانا يىگىت.
ئۇلۇغ قائىدە ئەمدى كەلتۈر بەجا،
مەنى قىل غۇلامىڭ قىلاي كۆپ ۋەفا.
قىلاي خىزمەتىڭنى دىلۇ جان بىلە،
ئىشىڭنى قىلاي ھۆكمۇ فەرمان بىلە.
بىلىپ مەن ئېرۇرسەن ئەسالەت مەئاب،
كى مەئلۇم ئېرۇر زاتى ئالىجەناب.
بۇ سۆزدىن بولۇپمەن خىجالەت بەسى،
ئۇياتدىن باسىپدۇر مەلالەت بەسى.

① بۇ سۆز ئەسلى تېكىستتە «مۇنى» يېزىلىپ قالغان.

باشىمنى سالىپ يەرگە هەيران بولۇپ،
بولۇپ فەيزمان دىدە گىريان بولۇپ.
ئانىڭ ئۆلفەتىگە قىلىپ فىكرلەر،
دىبان نىئمەتىگە تۆمەن شۆكرلەر.
دىدىم① ئەي دەلىر رەھىم قىلسۇن خۇدا،
ئەتا ئەيلەگەي تاڭلا ياخشى جەزا.
مۇرۇۋۋەتلارىڭغە بولۇپ بەندە مەن،
بۇ دىلدارلىقىغە سەرئەفكەندەمەن.
ساڭا ئۆزر ئايتۇرغە يوقتۇر تىلىم،
تىلىمنى ئەگەر ئەيلەسەم مىڭ تىلىم.
قويۇپ شىر غۇرران كەبى پەھلىۋان،
دىدى: ئولتۇرۇڭ مەن قىلاي مىھمان.
قويۇپ يەشتى فىتراكىدىن ئاھۇنى،
قولىغە ئالىپ دەشنەئى ھىندۇنى.
سويۇپ پوستىنى لەھمىنى پارچەلاپ،
كى سىخلاپ كەباب ئەتتى ئوتنى قالاپ.
كەبابىنى تەييار ئىتىپ ئولزەمان،
چىقاردى يەنە رۇۋغەن ئالۇدە نان.
تەۋازۇئلار ئەيلەپ ئۆرە تۇردى ئول،
كى باغلاپ ئەلىف لام ئىتىپ ئىكى قول.
ئوشۇلۋەقت ئىدى ئولپەرى ئويغانىپ،
چىكىپ خامىيازە قويۇپ سەسكەنىپ.
كۆرۇپ ئولپەرىنى شىكارى جەۋان،
يۈگۈردى ئاڭا قۇللۇق ئەيلەپ ئەيان.
پەرىۋەش ئاياغىغە قويدى باشىن،
تۆمەن ئۆزرلار بىرلە تۆكتى ياشىن.
دىرۇشتلۇق بىلە ئانچە قىلدى ئىتاب،
جەۋاب ئېتمەيىن تۇردى يەرگە قاراپ.
تولا ئۆزرلار دەپ شىكەستە بولۇپ،
كى بىماردەك ئانچە خەستە بولۇپ.
نە قىلساڭ دىدى سەندەدۇر ئىختىيار،
بىلۇرسەن ئۆزۈڭ مەندە يوق ئىئتىبار.
ئەگەر ئەفۇ قىلساڭ ئۆزۈڭ پادىشاھ،
چۇ قەھر ئەيلەسەڭ مەن قۇلۇڭ ئۆزرى خاھ.

سەنىڭ خىزمەتىڭدە شىكار ئەيلەدىم،
ئاياغىڭغە جانىنى نىسار ئەيلەدىم.
بىلۇرسەن غەزەبكە سەزاۋارمەن،
نە قىلساڭ تۇرۇپمەن كى تەييارمەن.
تولا ئۆزر بىرلە قىلىپ مەن سۆلۆك،
ماڭا رەھىم ئىتىپ باز ئەيىنۆلمۆلۆك.
سۇراھىغە سۇندى قولىن مۇغبەچە،
قويۇپ مەينى ساغەر چىكىپ بىر نەچە.
چۇ گۆلگۆن سۇراھىدا گۆلگۆن شەراب،
كى مەي بىرلە قەن ناباتۇ كەباب.
ماڭا ئول نەزەر قىلدى ئەينۆلھەيات،
پىيالە سۇنۇپ ئەيلەدى ئىلتىفات.
ئول ئاي خىزمەتى بىرلە مەشغۇل ئولۇپ،
تۇرۇپ ئالدىدا ئانچە مەقبۇل ئولۇپ.
ئۆچ ئاي ئۆتتى مۇندا ياتىپ باغ ئارا،
كى جاسۇس تاپالماي قالىپ داغ ئارا.
كىشى ياتسە يۈز يىل تاپالماس ئىدى،
ئەگەر تاپسە قولغە ئالالماس ئىدى.
قىلىپ بىر كۈنى ئول مۇبارىز سۆخەن،
كى بىر مەسلىھەتكە ئاچىپدۇر دەھەن.
دىدى: ئەي مۇسافىر ئوغۇل خاكسار،
بۇ يەردىن ساڭا ياخشىراق ئۆز دىيار.
كىشى شەھرىدە بولغۇچە پادىشاھ،
ئۆزى يۇرتىدا بولسە خوب خاكى راھ.
كى ئەزم ئېتكەلى ئىختىيار ئەيلەسەڭ،
بۇ يەردىن ئۇ يەرگە فەرار ئەيلەسەڭ.
باراي خىزمەتىڭدە سىپاھىڭ بولۇپ،
يامان - ياخشى ئىشغە نىگاھىڭ بولۇپ.
سەنىڭ خىزمەتىڭدە قىلاي جان نىسار،
كى دۇشمەنلەرىڭنى قىلاي تارمار.
كى مەئشۇقۇڭىزغە بولاي پاسبان،
ئەگەر سىز بىلە بولسە ئولدەم رەۋان.
كى ئۆز شەھرىڭىزدە تاپىپ سىز **مۇراد**،
قويۇپ سىزنى ئاندىن قىلاي خەيرباد.

① بۇ سۆز ئەسلى تېكىستتە «دىدى» يېزىلىپ قالغان.

..............................

①..............................

بۇ تاڭدىن ئۆزۈمنى ئىتىپ ئىتكەمەن،
ئانىڭ سىز بۇ جان جەھان نىتكەمەن.
دىدى ئول ئەزىز سەبرىقىل ئەي نەرىب،
مۇرادىڭغە ئاخىر بولۇر سەن قەرىب.
سەنىڭ تالىئىڭنى چۇ تەفتىش ئىتەي،
كۆرەي قۇرئەنى نىڭ ئەندىش ئىتەي
دىدى كۆردى ئولدەم كىتابىنى ئول،
كۆرۈپ نوقتەلەرنىڭ ھىسابىنى ئول.
دىدى: ئەي يىگىت غەم يىمە شاد بول،
ساڭا خوشخەبەر غەمدىن ئازاد بول.
قولۇڭغە كېلۇر ئول يۇتۇرگەن گۆھەر،
ساڭا ۋەسلى بولغاي نەسىب ئەي پۇسەر.
كى قۇستەنتەنىيە يولىدا رەبات،
بەنا ئەيلەگەندۇر قىلىپ ئىھتىيات.
مۇئەييەن گۆرىستانلىق ئول شەھر ئارا،
بۇرۇن چاغدا بۇ جاي تاپمىش بەنا.
كى ئاندا مۇئەممەر ئېرۇر تۆرت تاق،
ھەمول جايىغە تىز قويغىل ئاياق.
سەنىڭدەك يەنە باردۇر ئۈچ كىشى،
ئۇلارنىڭ سەنىڭ بىرلە فۇتكەي ئىشى.
يەنە شاھدۇر ئاندا ئازادە بەخت،
ئانىڭدەك بولۇر سىزدە ئامادە بەخت.
بارىڭ ئەمدى ئوليان قويۇندەك كىتىڭ،
رەفىقلەر ۋىسالىغە فاتىراق يىتىڭ.
چۇ رۇخسەت بېرىپ ئەيلەدى ئەلۋىدائ،
كى ئاھۇ كەبى سەكرىدىم سويى قائ.
يۈرۈپ پىرىيە ئەيلەپ مەنازىل بىلە،
كى تەي ئەيلەبان كۆپ مەراھىل بىلە.
تولا تارتىبان رەنجۇ ئازارلار،
كېلىپ مەن يىتىپ بۇ كىچە يارلار.
نىشان بەردى ئول شەيخ قىلغان كەلام،
بۇگۇن تۆرت تاق بىزگە بولدى مەقام.
قىلىپ جەمئ بىزنى خۇدايى جەھان،
كى مەسكەن بولۇپ بىزگە ئۇشبۇ مەكان.
كۆرۈشتۇك بۇگۇن نەئمەت دۇرۇر،
يارانلار كۆرۈشمەككە فۇرسەت دۇرۇر.
ئۆتۈپ كەتتى باشدىن كېلۇر ئىش ئەدەم،
نەئمەت بۇ دەمدۇر نەئمەت بۇ دەم.
ھەمە سەرگۈزەشتىمنى قىلدىم تەمام،
كى خەتىم ئولدى سۆز يارلار ۋەسسالام.
ئىشتتى بۇ سۆزلەرنى دەرۋىشلەر،
تىگىپ جانىغە يۈز تۈمەن نىشلەر.
باشنى سالىپ يىغلادى - زار زار،
تاڭ ئاتغۇنچە ئەفغان قىلىپ تۆرت يار.

## مەۋئىزە

فەلەك ھەمچۇ تاۋۇس زىننەت نەما،
فۇسۇنساز پۇر مىكر دۇن دەغا.
نەمايىش بىرۇر نەچە رەڭ زىب ئىلە،
كى رەفتارىدۇر ئۇشبۇ تەھزىب ئىلە.
نەزەردە ئانىڭ رەڭگىدۇر نىلگۇن،
تۇغار بەچەئى ھەر زەمان لۇۋن - لۇۋن.
بۇ تاۋۇسغە بەيزە خۇرشىدۇ ماھ،
قىلۇر رەڭ بەرەڭ جۇجەسىن جىلۋەگاھ.
باسىپ تۇخمىن ھەر كۈندە ئەيلەپ بارىش
جۇجەسى كېچە - كۈندۈز ۋە ياز - قىش.
بۇ تاۋۇس ئىشرەت نەما ماكىيان،
كى تۇغقان بەلاسى فەنادىن نىشان.
چىقارغان ئېمەستۇر ۋەفادىن بەلا،
تۇغۇلغان بەلاسى ئېرۇر بىۋەفا.
جەھان بولدى چۈنكىم ئەدەمدىن ئەيان،
ئۆتۈپ بۇ رەۋىش بىرلە يۈز مىڭ جەھان.
تۇغۇپدۇر فەلەك ھەرنەكىم تا بۇدەم،
جەھاندا بولۇپ بەچەسى دەردۇ غەم،
كى ئىشق ئەھلى راھىدا يۈز مىڭ تۈمەن،
كى دەرد ئەھلى ۋادىسىدا يۈز مىھەن.

① كۆپ چېكىت قويۇلغان بۇ ئورۇندا تەخمىنەن بىر ۋاراق (136 مىسرا) كەم.

كىشى بولسە مۇندا مۇھەببەت شىئار،
گۇمان يوق تاپار ئاقىبەت ۋەسلى يار.
مەجازى مۇھەببەت ھەقىقەتكە يول،
بۇ يول ئەزمىدە يازنى تاپىغاي ئول.
مەيى ۋەھدەت ئىچمەككە قىلغىل ھەۋەس،
كى ساقى ئەزەلى يار فەريادەرەس.
ئەيا ساقىيا مەينى تۇت بىزگە پات،
ئانى نۇش ئىتىپ ئۆزنى ئەيلەي ھەيات.
كۆڭۈل زەنگىگە راھ بەرسۇن سەفا،
ئانىڭ كەيفىيياتىدا ئەيلەي ھەۋا.

### لۇغەت

### ئا

ئابى يەم — دەريا سۇيى، دېڭىز سۇيى
ئازمۇد — ئۇزۇن سىناقلاردىن ئۆتكەن
(ئازمۇد ئەيلە — : سىنىماق، سىناپ كۆرمەك).

### ئە

ئەبرى نەيسان — باش باھار يامغۇرى
ئەبسار — ① كۆرۈش قۇۋۋىتى ② كۆزلەر ③ بىلىملەر
ئەبلەھ — نادان، ئاخماق
ئەبۋاب — ① ئىشىكلەر، دەرۋازىلار ② باپلار
ئەبىر — ① بىر خىل خۇشپۇراقلىق نەرسە، ئەنبەر ② خوشپۇراق
ئەتەش — ئۇسساش، چاڭقاش. تەشنالىق
ئەجرى جەمىل — نازىنىنىڭ موكاپاتى
ئەجۇز — قېرى كەمپىر
ئەزەلى — باشتىن - ئاخىر، مەڭگۈ ئەبدى
ئەسالەت — ئاللىق، دانالىق، پۇختىلىق
ئەشكال — ① شەكىللەر ② تۈرلەر، خىللار؛ ③ ئوبرازلار، رەسىملەر، تەقلىدى رەسىملەر
ئەفتادە — تاشلاندۇق، يىقىلغان، ئاجىز، زەئىپ
ئەفسۇردەلىك — دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىش، روھى چۈشكۈنلۈك، ھەسرەت چېكىش؛ ② قېتىپ قېلىش، جانسىزلىق
ئەقەب — ① كەينى، ئارقىسى؛ ② ئەگىشىش
ئەكلۇشورب — يېمەك ۋە ئىچمەك، يېمەك - ئىچمەك
ئەلئەتەش: — سۇ!، ئۇسساپ ئۆلگىدەك بولدۇم!
ئەلھەزەر — ھەزەر قىل، ساقلان، ساقلا

www.uyghurkitap.com



ئەمارەت — ئەمىرلىك، بەگلىك
ئەمتىئەي — ماللار، تاۋارلار، ماتالار
ئەمر — ئىش
ئەمر مەھال — كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىش
ھەمىگ زادە — چوڭ دادىسىنىڭ (دادىسىنىڭ ئاكىسىنىڭ) بالىسى
ئەندەكى — بىر ئاز، ئازراق
ئەنھار — دەريالار، قانالار
ئەئما — ① ئەما، كور ② نادان
ئەئيان — ① كۆزلەر، بۇلاقلار، ② مۇھىم تۈقتىلار، ماھىيەتلەر

## ب

بازۇ — بىلەك
باشۇكۇھ — ھەيۋەتلىك، تەمكىن، سالماق
بانگ — قاتتىق ئاۋاز، ئۈن، ۋاقىرىغان ئاۋاز
بەختى بىدار — تەلەيلىك، بەختلىك
بەدايەت — ① باشلاش، دەسلەپتە ② ئىجادىيەت، باشلىنىش
بەدھال — ① ئاجىز، زەئىپ ② بىچارە، بىتەلەي
بەرايى خۇدا — ئاللانىڭ يۈزى ئۈچۈن، خۇدانىڭ يۈزىنى قىلىپ
بەرەھنە — ① يالىڭاچ، قىپ يالىڭاچ ② نامرات
بەرف — قار، قار ئۇچقۇنى
بەرگەشتەلىك — ئارقىغا يانغانلىق، قايتقانلىق
بەل — بەلكى
بەلى — شۇنداق، توغرا، ھەقىقەتەن، ئاپىرىن
بەياد (~بەيات) — سېغىنىش
بۆكە — پەلۋان، ناھايىتى كۈچلۈك ئادەم
بۇتە — زەرگەرلەرنىڭ مەدەن ئېرىتىدىغان قاچىسى، بوتا ② ئوچاق
بى دەماغ — روھى چۈشكۈن، سۇلغۇن، ھەسرەتلەنگەن
بى دىرەڭ — دەرھال، تېز، قىلچە ئىككىلەنمەستىن
بى رىيا — سەممى، قىلچىمۇ ساختا ئەمەس
بىستەرى خاب — ئۇخلاش كارۋىتى، ئۇخلاش تۆشىگى
بىلاد — شەھەرلەر، جايلار، دۆلەتلەر، رايونلار
بىھەق — ① تىگىشلىك، مۇناسىپ، لايىق، ھەقلىق يوسۇندا ② ھەققىي،
قەسەم قىلىمەنكى
بىھەمدۇللاھ — ئاللاغا رەخمەت

بىيەقىن — شۈبھىسىز، چوقۇم، جەزمەن

بىينا — ①......نى كۆرەلەيدىغان ② (كۆزى) ئۆتكۈر

## پ

پاس — قوغداش، ساقلاش

پاك دامەن — ئەپپەتلىك، نومۇسلۇق، ھالال يۈرگۈچى

پەرەستىش — چوقۇنۇش

پەلەڭ — قاپلان

پوشت — دۈمبە

پىچان — ئورالغان، تولغانغان. ئەگرى - بۈگرى

پىردەيىر — ئاقساقال ئەۋلىيا، ئاقىل، دانىشمەن

## ت

تابغان بېگى — خىزمەتكارلارنى باشقۇرغۇچى بەگ ياكى خاس نۆكەرلەر بېگى (؟)①
مېنىڭ قارىشىمچە «تابغان» سۆزى قەدىمقى ئۇيغۇرچىدىكى «تاپىغ»
(ھۆرمەت، خىزمەت دىگەن مەنىدە)دىن ياسالغان بولسا كېرەك.

تازى — تايغان، ئوۋ ئىتى

تەئەددى — زۇلۇم قىلىش، تاجاۋۇز قىلىش، ھەددىدىن ئېشىش

تەئەششۇق — ئاشىق بولۇش، ئاشىقلىق، سۆيۈش

تەئەكىد — ① تونۇش، ئىسپاتلاش، تەكىتلەش ② قەتئىلىك

تەبباخ — ئاشپەز

تەبئ خاھ — مىجەزى ياخشى، خاراكتىرى ياخشى

تەخەۋۋۇف — قورقۇش، ۋەھىمىگە چۈشۈش

تەغافۇل — ① بىپەرۋالىق ② كۆرمەسكە سېلىش، بىلمەس بولۇۋېلىش

تەفەھھۇس — ① ئىزلەش، ئىز - تەك - سوراق ② تەپسىلىي تەكشۈرۈش

تەلەف — ① ئۆلۈش، يىقىلىش، ھالاك بولۇش ② زىيان

تەمەسسۇك — ① ھۆججەت؛ ② ئېلىشۋالماق، تۇتۇۋالماق

تەھەققۇق — ① ھەقىقى، ئىشەنچىلىك ② ئەمەلگە ئاشۇرۇش ③ ئىشىنىش
④ ئىسپاتلاش، تەكشۈرۈش

تەھرىك — قوترىتىش ② ھەركەتكە كەلتۈرۈش ③ قوزغىتىش

تەھزىب — ① تەلىم، تەربىيە بېرىش ② تۈزىتىش ③ تازلاش، پاكلىق

تەۋاتۇر — ① سۆز - چۆچەك، رىۋايەت: ② ئۈزۈلدۈرمەي ۋارىسلىق

① (؟) بەلگىسى مەنىسى تازا ئىشەنچىلىك بولمىغان سۆزلەرگە بېرىلدى.

www.uyghurkitap.com



تەۋەككۇلەت — تەۋەككۇل سۆزى بۇ يەردە تەۋەككۇلەت قىلىپ ئىشلىتىلگەن
تەئخىر — تەخىر، كېچىكتۈرۈش، ئارقىغا سوزۇش
توند خۇي — مىجەزى چۇس، ئاسان تېرىكىدىغان
تۇفەيل — چاقىرىلمىغان مېھمان
تۇيۇر — قۇشلار، ئۇچار قاناتلار
تىرى پەرران — ئۇچقۇر ئوق
تىغى بۇرران — ئۆتكۈر تىغ

## ج

جەبە (~ جەبھە) — پىشانە، ماڭلاي
جەزەئ — ① خاتىرجەمسىزلىك، ئەنسىرەش، تىت-تىت بولۇش ② ھەسرەتلىنىش، ئۇھ تارتىش، يىغلاش
جەف — قۇرۇش، قۇرۇپ كېتىش
جەفاجۇي — جاپا قىلغۇچى، زالىم
جەلاجىل — قوڭغۇراقچە، شىلدىراق
جۇد — قاتتىق يامغۇر، قارا يامغۇر
جۇستراق — تېزرەك، چاپسانراق، ئىتتىكرەك
جۇملە ئەمۋال — بارلىق ماللار، ھەممە بايلىقلار
جۇنۇد — ئەسكەرلەر، لەشكەرلەر، قوشۇنلار
جىننى — ① ساراڭ بولغان، تەلۋىلەشكەن ② ئالۋاستىغا ئوخشاش

## چ

چالاك — ① تىتىك، چاققان ② زېرەك، مېڭىسى سەگەك
چەرخى دۇن — تەتۈر پەلەك، كاج پەلەك
چەكاچاك — جاراڭ-جۇرۇڭ، تاراق-تۇرۇق (تەقلىدى ئاۋاز)
چىن — قورۇق
چىنان — شۇنداق، مۇشۇنداق

## خ

خارخار — ئارزۇ تېچسىزلىنىش، كۆڭۈل ھاياجانى؛ ② غەم-قايغۇ
خامىيازە — ① ئەسنەش؛ ② ئۈمىت قىلىش، تەلمۈرۈش، تەشنا بولۇش
خەتم ئول — تۈگىمەك، ئاياقلاشماق، ئاخىرلاشماق
خەد — مەڭىز (ئادەمنىڭ مەڭزى)
خەدەنگ — ئوق، كامان ئوقى

خەشم گىن — غەزەپلىك، ئاچچىغلانغان
خەشمناك — غەزەپكە تولغان، ئاچچىغلانغان
خەلا — خالى، بوش
خوردۇكەلان — كىچىكلەر ۋە چوڭلار، ئۇلۇغ-ئۇششاقلار
خۇشبۇ — خۇشبۇي خوشپۇراقلىق، پۇراقلىق
خوش لىقا — گۈزەل، چىرايلىق

خۇتۇت — خەتلەر
خۇداتەرس — خۇداغا ھۆرمەت قىلىدىغان، خۇدادىن قورقىدىغان
خۇرشىدۋەش — قوياشقا ئوخشاش (گۈزەل)
خىل (~خىلىل) — يېقىن دوس، سىرداش دوس

## د

داۋار — ھاكىم، پادىشا
دەراز — ئۇزۇن.
دەرئامەد — ① دارامەت، پايدا، ② باشلاش
دەرەندە — يىرتقۇچ، دەھشەتلىك، ۋەھشى
دەربان — دەرۋازىۋەن، ئىشىك باققۇچى
دەردئامىز — دەرت ئارىلاش، دەرت قوشۇلغان
دەستگاھ — ① ئەسۋاپ-ئۈسكۈنە، ياراق؛ ② بايلىق، سۆلەت، كۈچلۈكلۈك
دەشنە — خەنجەر، پىچاق
دەشنەئى ھىندۇ — ھىندى خەنجىرى، ھىندى پىچىقى
دەغا — ① ئالدىراش ئالدامچىلىق ② ساختا؛ ③ ئالدامچى ④ ئاخماق
دەمساز — يېقىن، سىرداش، قەدىناس
دەھ — ئون (10)
دەھەن — ئېغىز
دۇتاقەد — مۈكچەيگەن، دۈمچەيگەن، قەددى پۈكۈلگەن
دۇر — ئۇزاق، يىراق
دۇن — پەس، رەزىل، ناكەس
دىباي — ① كىمخاپ، گۈللۈك دۇردۇن؛ ② گۈزەل نازىنىننىڭ يۈزى (تەقلىد سۆز)

رابىئە — تۆتىنچى (بۇ سۆز تېكستتا 4 مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن.)
رايگان — ① ھەقسىز، پۇلسىز؛ ② تېپىۋالغان، تېرىۋالغان؛ ③ بىكاردىن-بىكار

www.uyghurkitap.com

رەقىق — يېقىملىق، مۇلايىم، نازاكەتلىك، سىلىق - يۇمشاق

رەنجۇر — ① ئاجىز، كېسەل؛ ② كۆڭلى ئاغرىغان، ھەسرەتلەنگەن

رۇجۇئ قىل — ① قايتماق؛ ② مۇراجىئەت قىلماق؛ ③ تاپشۇرماق

رۇسۇم — ① ئادەتلەر، رەسمىيەتلەر ② مۇراسىملار، ③ قائىدىلەر ④ئۇسۇللار

رۇقۇم — ① ساناقلار، رەقەملەر ② بەلگىلەر ③ تۈرلەر، ④ شەكىللەر، رەسىملەر ⑤ ئىمزالار ⑥ بۇيرۇقلار، يارلىقلار

رۇمۇز — مەخپىيەتلىكلەر، ئىما - ئىشارەتلەر، مەخپى بەلگىلەر

رىققەت — ① ھېسداشلىق، ئىچ ئاغرىتىش ② مۇلايىملىق

## ز

زەقەن — ئېڭەك

زۇلۇمات — زۇلمەتلەر، قاراڭغۇلۇقلار

زىمنى — ئىما - ئىشارەتلىك، بىشارەتلىك، ئىچىگە ئالغان، مەنىسى يوشۇرۇن؛ ③ تەسادىپلىق، كۈتۈلمىگەن

## ژ

ژىيان — ① غەزەپلەنگەن، ياۋۇز؛ ② قورقۇنۇچلۇق

## س

سەخابابى — ساخاۋەت ئىشىگى، ساخاۋەت بابى

سەربەرەھنە — يالاڭباشتاق

سەرشار — ......گە تولغان، تويغان، تولۇق، مول

سەفىنە — كېمە

سەمئ — ① ئاڭلاش ② قۇلاق

سەھم — ئوق (يا ئوقى)

سەۋسەن — گۈلسامساق، پىياز گۈل

سەئد — بەخت، تەلەي، ياخشىلىق

سەئىر — ① تويغان ② يېتەرلىك، قانائەتلەنگەن، زېرىككەن

سەئيى — ① خىزمەت، ئەمگەك؛ ② تىرىشىش؛ ③ ئارزۇ قىلىش، تەشنا بولۇش

سەيلى ئەشك — كۆز يېشىنىڭ قاينام بۇلاقتىن چىققاندەك ئېتىلىپ چىقىشى؛ ياش سېلى

سەييار — سەير قىلغۇچى، كەزگۈچى، كېزىپ يۈرگۈچى
سوبەسو — ئۇياق - بۇياق، ھەرتەرەپ
سويىقائ — تۈزلەڭلىككە، ئويمانلىقتا، ۋادىغا (سوى: تەرەپ، نىشان؛ قائ: ئويمانلىق، تۈزلەڭلىك)
سۇھا — كىچىك ئېيىق يۇلتۇزلار تۈركۈمىدىكى ئەڭ خىرە يۇلتۇز
سىدق ئەھلى — راس سۆزلىگۈچىلەر، چىنلىقنى سۆيگۈچىلەر
سىللى — شاپىلاق
سىيف — خەنجەر، قىلىچ.

## ش

شاخ — مۈڭگۈز
شامۇئەشا — كەچلىك تاماق
شاھرەھ — چوڭ يول، كاتتا يول، ئازادە يول
شەباب — ياشلىق دەۋرى، ياشلىق باھارى
شەبابەت — ياشلىق دەۋرى، ياشلىق باھارى
شەشفەر (~ شەشپەر) — ئالتە قىرلىق گۈرزى، توقماق
شەفاشەق — شارت - شۇرت، جاراق - جۇرۇق، تاراڭ - تۇرۇڭ (تەقلىدى ئاۋاز)
شەفىق — شەپقەتلىك، مېھرىۋان
شەھىد — ① شېھىت، قۇربان بولغۇچى، ② شېھىد بولغان ③ گۇۋاچى، شاھىت
شەيخ — ① قەبىلە باشلىقى، ئۇرۇق ئاقساقىلى ③ شەيخ ④ بوۋاي، قېرى ئادەم
شۇبە — ① شۈبھە، گۇمان ② ئوخشاش
شۇئۇر — ① ئەقىل، ئەقلىي كۈچ، پاراسەت ② ئاڭ - سېزىم
شىرزەن — ① ئاياڭ باتۇر ② ھازازۇل ئايال، مۇتىھەم ئايال ③ چىشى شىر
شىر غۇرران — شىرنىڭ ھۆكۈرىشى
شىرنەر — ئەركەك شىر
شىھاب — ① ئوت، يالقۇن، ئۇچقۇن ② ئاقار يۇلتۇز

## غ

غەراۋ — قۇمۇش، قۇمۇش قەلەم
غەررە — ① تەكەببۇر، مەغرۇر ② ئالدانغان
غەزال — كىيىك

www.uyghurkitap.com

غەزەنفەر — ① شىر ② باتۇر

غەمزە — ناز - كەرەشمە

## ف

فەرسەڭ — فەرسەڭ (ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ 6.24 كىلومېتىرغا تەڭ كېلىدۇ)

فەرق — ① پەرق ② ئايرىلىش ③ باشنىڭ چوققىسى

فەرىب — ① ئالداش، ئالدامچىلىق ② قايمۇقۇش شەيدا (مەپتۇن) بولۇش ③ سېھرىگەرلىك

فەيزمان — ياخشىلىقتا ئېرىشمەك، شەپقەتكە ئېرىشمەك (فەيز + مان، - مان: سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە)

فۇتۇۋۋەت — يىگىتلىك، مەرتلىك، ئالىجاناپلىق

فۇرۇخت — سېتىش

فۇۋج - فۇۋج — توپ - توپ

## ق

قاسىد — ① خەۋەرچى، خەت توشۇغۇچى، ئەلچى؛ ② قەس قىلغۇچى

قاشىپ — قاشلاپ، تاتلاپ

قەرىيە — يېزا، كەنت

قەمەرجىرمى — ئاي (جىرم: گەۋدە، بىر نەرسىنىڭ بىرلىكى)

قەۋۋى شەكىللەر — باتۇر قىياپەتلىكلەر

قودۇم — قەدەم، ئاياق

قور — بۇ سۆز «قورزەدەن» نىڭ قىسقارتىلغان شەكلى بولسا كېرەك (قورزەدەن: ئالداش، يولدىن ئازدۇرۇش دېگەن مەنىدە)، ئەھلى قور: ئالدامچى، ئېزىتقۇ، ھىلىگەر

قورخانە — قورال خانا، قورال - ياراق ئۆيى

قورس — يۇمۇلاق شەكىللىك نەرسە

قوۋلئىجاز — سۆزنىڭ مۇھىم مەزمۇنى

قۇددى — ① كاجلىق، تەرسالىق، جاھىللىق؛ ② تەكەببۇرلۇق

قۇستەنتەنىيە — ئىستانبۇلنىڭ بۇرۇنقى ئاتىلىشى

قىراق تۇت — چەتلەشمەك، ئۆزىنى قاچۇرماق

ك

كاج — شاپىلاق
كارزار — ئۇرۇش، سوقۇش، قىرىش
كاھ — سامان
كەتان — كاناپتىن توقۇلغان كىيىملىك؛ (ئەپسانىگە ئاساسلانغاندا، بۇ رەخ
ئاي نۇرىغا چىدىماي يىرتىلىپ كىتەرمىش)
كەفپاي — پۇت ئالقىنى
كەلالەت — ① ھېرىش، چارچاش، زېرىكىش ② قاشاڭ
كەمەند — سىرتماق، ئاغامچا، ئارقان
كەۋكەب — يۇلتۇز
كوھپەيكەر — بەستى ناھايىتى يوغان، زور
كۆكە — ئونۋان نامى (؟)
كوكۆل زەنگى — كۆكۆل ئاغرىغى، ھەسرەت
كۇنەش — ئاپتاپ، قۇياش

گ

گۇنگ — ① گاچا، تىلسىز، ② ئۈنسىز
گۇزەررۇد — دەريادىن ئۆتمەك
گىرىبان — ياقا (كىيىمنىڭ ياقىسى)
گىلكار — ① گىل بەرگۈچى، سۇۋاقچى ② ساپالچى

ل

لات — قەدىمقى ئەرەپلەرنىڭ ھەيكىلى
لايەمۇت — مەڭگۈ ھايات، ئۆلمەس، بوقالماس (خۇدانى كۆرسىتىدۇ)
لەبىلەب — لىقمۇ-لىق، لىق تولغان، لىۋىگىچە توشقۇزۇلغان
لەھزە — ① كۆز نۇرى، ② كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە، ھەش-پەش دىگۈچە

م

ماھىدۇھەفتە — 14 كۈنلۈك تۇلۇن ئاي
مەئەلقىسسە — شۇنىڭ بىلەن بىللە، قىسقىسى
مەبسۇت — ① يېيىلغان، يېيىق، كېڭەيگەن؛ ② شەرھىلەنگەن، تەپسىلى

www.uyghurkitap.com

مەتلەب — ① مەزمۇن ② مەسلە، ئىش، ③ ئارزۇ قىلغان نەرسە، مەقسەت
مەجزۇب — ① جەلىپ قىلىنغان؛ ② ھەيرەتتە قالغان؛ دىۋانە
مەرام — ① مەقسەت، غەرەز، ② ئارزۇ، تىلەك
مەغاك — ① ئازگال، ئورەك، خەندەك، ② قەۋرە، گۆر
مەفرەش — سېلىنچا، يەرگە سېلىنىدىغان گىلەم، كىگىز، پالاز قاتارلىقلار
مەقسۇر — ① قىسقارتىلغان، مۇھىم نۇقتىلار (مەزمۇنلار)؛ تاللىۋېلىنغان؛ چەكلەنگەن
مەلا — ① تولغان، تولدۇرۇلغان ② كىشىلەر توپى، ③ ئوچۇق يەر؛ ئوچۇق-چىلىق
مەملۇ — تولغان، تولا، ......گە تولغان
مەنگ — دۆت، كالۋا، ئەقلى يوق، ئاخماق
مەھازىر — قاتنىشىش، ھازىر قىلىش
مەھجۇر — ① ئايرىلغان، ۋىدالاشقان ② تاشلىۋېتىلگەن، مەھرۇم
مەۋئىزە — ئوگۇت، ۋەز-نەسىھەت، پەندى نەسىھەت
مەئمۇل — ① ئادەتتىكى، دائىملىق، نورمال ② كەڭ تارقالغان ③ تۈگەتكەن، ئورۇنلاپ بولغان، ④ ئىدارە قىلىنغان، بېقىنىدىغان
مەئيۇب — ① كەمچىلىكى بار، يېتەرسىز، ئەيىپلىك ② مېيىپ
مۇئەررا — ① يالىڭاچ، قىپ يالىڭاچ ② مەھرۇم قىلىنغان، ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان
مۇئەززەز — ئىززەتلىك، ھۆرمەتلىك، قەدىرلىك، سۆيۈملۈك
مۇئەممەر — قېرى، ياشانغان، ئۇزۇن ياشىغان
مۇتتەفىق — ① ئىتتىپاقلاشقان، بىرلەشكەن، ② قەلبداش، دوس
مۇخاتەب — ئاڭلىغۇچى، تىڭشىغۇچى، ئىشتكۈچى
مۇدەببىر — ① ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچى، ھۆكۈمران ② تالانتلىق، قابىلىيەتلىك
مۇراقىب — ① كۈزەتكەن، نازارەت قىلغان ②......گە كۆڭۈل بۆلگەن ③ئويلانغان
مۇرەسسەئ كەمەر — ئىسىل تاشلار بىلەن بېزەلگەن كەمەر
مۇسەببىب — سەۋەپ، سەۋەپچى
مۇستەھىق — ① ئەرزىيدىغان، مۇناسىپ ② تۆھپىسى بار ③......گە ئېھتىياجلىق
مۇسلىھ — ① ئىسلاھ قىلغۇچى، ياخشىلىغۇچى، ② كېلىشتۈرگۈچى، تەكشىگۈچى
مۇسەممى — ......ئاتىلىدىغان
مۇشتەرەك — ئورتاق، بىرلەشكەن، ئارلاشقان
مۇشەئبىد — نەيرەڭۋاز، مەككار، ھىلىگەر
مۇغەلبە — غەلبە
مۇغتەنەم — ① قەدىرلەنگەن، ئىشلىتىلگەن، ② مۇۋاپىق ③ قىممەتلىك
مۇفتەخىر — ① شەرەپ دەپ بىلىدىغان ② پەخىرلىنىدىغان، ئىپتىخارلىنىدىغان
مۇقاتىل — ① كۆرەش قىلىۋاتقان، ئۆز ئارا قىرىشقان؛ ② جەڭچى

مۇقەييەد — چىرمالغان، باغلانغان، بەنت قىلىنغان
مۇلۇكانە — شاھلارچە، شاھانە
مۇنىس — سىرداش دوس، قەدىناس
مۇھال — ① مۇمكىن بولمايدىغان ② رىيال بولمىغان
مۇھىق — ھەقلىق، لايىق، مۇناسىپ
مۇئتاد — ئادەتلەنگەن
مۇيە — قاتتىق يىغلاش
مىينا — ① شىشە ② ھاۋا رەڭ ③ ھاراق قاچىلىنىدىغان ئۇزۇن بويۇنلۇق بوتۇلكا

ن

نابالىغ — بالاغەتكە يەتمىگەن
ناخودا — كىمە باشلىغى، پاراخوت باشلىغى
نازىش — ① نازلىنىش ② يالۋۇرۇش
ناساز — ① ماسلاشمىغان، قاملاشمىغان، ② پەسكەش، بەتقىلىق
ناسۇر — ① ئاقما تۆشۈك ② قاداق
ناقى — چىشى تۆگە
نەخل — ① خورما دەرىخى ② (گۈزەللىنىڭ) قامىتى
نەخل قەد — ئىگىز بويلۇق
نەدا — ① ۋاقىراش، توۋلاش، جار سېلىش ② چاقىرىق
نەھار — ① چۈشلۈك تاماق ② ئاچ قالغان
نوخبە — ئەڭ ياخشى، خىللانغان، سەرخىل، تاللانغان
نىسبەت — ① مۇناسىۋەت، ئالاقە ② نىسبەت، ③ قانداشلىق مۇناسىۋەت، ئۇرۇق-تۇققان، ④ خۇسۇسىيەت، ئالاھىدىلىك
نىكئەندىش — ياخشىلىقنى ئويلىغۇچى
نىھاد — ① تۇغما خاراكتىر، ماھىيەت، ئادەت، خۇسۇسىيەت ② قەلب، كۆڭۈل

ھ

ھالە — ئاي قوتىنى، ئاي گەردىشى
ھەر (~ ھەرر) — مۆشۈك
ھەرىق — ① ئوت كېتىش، ئوت ئاپىتى ② يالقۇن
ھەزيان — جۆيلۈش، ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈش، چۈشەكەش، ئېسىنى يوقىتىش

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ھەژىر — ① مەدھىيلەشكە ئەرزىيدىغان، ھۆرمەتكە لايىق ② سەگەك، ئەقىللىق ③ پاراسەت، يىراقنى كۆرۈش

ھەسەب — ① ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ شەرىپى، ئىسىلزادە ئائىلە؛ ② تۆھپە

ھەلقى — گال، كىكىرتەك

ھەمچۇ — ① مۇشۇنداق ② ......غا ئوخشاش،......ـ دەك

ھەي — تىرىك، جېنى بار، جانلىق

ھەيف — ① ئادىل بولماسلىق، ئادالەتسىز؛ ② ئىست، ئەپسۇس

ھۇرۇف — ① ھەرىپلەر ② گەپ ـ سۆزلەر

ھۆسەين — گۆزەل، چىرايلىق

ھىرمان — ① رەت قىلىش، ۋاز كېچىش، ئۈمىتسىزلىك ② مەھرۇملۇق

ھىمايەت — ① قوغداش، ئاسراش؛ ② قوللاش، قانات ئاستىغا ئېلىش

## ئۇ

ئۇلۇپ — يۇلۇپ (ئېتلەردىمنى ئۇلۇپ — ئەتلىردىمنى يۇلۇپ)

ئۇنف — قوپاللىق، جەبر، زۇلۇم قاتتىق، شىددەت

## ۋ

ۋەجھىييەت — سەۋەب

ۋەدۇد — سۆيگەن، سۆيۈملۈك

ۋەدىئەت — ئامانەت قىلماق

ۋەگەرنە — ئۇنداق بولمىسا

ۋەھدەت — ① بىرلىك، ئىتتىپاقلىق ② بىردىن بىر، يەككە ـ يىگانە، تەنھا، يالغۇز

ۋەھمگىن — ۋەھىمىلىك (بۇ سۆز، ۋەھىم + گىن دىن ياسالغان. ـ گىن: سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە.)

## ئى

ئىتمام — تۈگەش، ئاياقلىشىش، ئاخىرلىشىش

ئىجاز — مۇھىم مەزمۇن، قىسقىچە مەزمۇن

ئىختىساس — تەۋەلىك، قاراشلىق، مەنسۇپلۇك

ئىختىلات — ئارلىشىش، قاتنىشىش، باردى ـ كەلدى قىلىش

ئىددە — ئىدە (ئايال كىشى ئېرىدىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى 100 كۈن ۋاقت)

ئىزمە — ئۇلۇغلىق، كاتتىلىق، بۈيۈكلۈك

ئىشا — كەچقۇرۇن، قاش قارايغان مەزگىل

ئىشكەنج — قيناق، ئازاپ، ئىسكەنجە
ئىشۋە — ناز، نايناقلاش
ئىغلاق — مۇرەككەپلىشىش، مۇرەككەپلەشتۇرۇش، قيىنلىشىش
ئىنتىفائ — بەھرىمەن بولۇش، نەپ (پايدا) ئېلىش
ئىھتىراق — ① ئوت كېتىش، كۆيۈش ② پارتلاش، ③ ئوت ئېلىش
ئىئتىبار — ① قەرز، ئامانەت ـ قەرز ② ئاتاق، ئابروي، تەسىر ③ ئىشەنچ

## ي

ياخۇد — ياكى، ياكى خۇددى
يالۇبال — يەلكىدىكى (مۈرىدىكى) كۈچ
يونچى — ھازىدار، تەزىيىچى (؟) بۇ سۆز قەدىمقى ئۇيغۇرچىدىكى يوغچى (ھازىدار، تەزىيىچى دىگەن مەنىدە) بىلەن ئوخشاش مەنىدە ئىشلىتىلگەن ياكى خاتا يېزىلىپ قالغان
يوۋمۇتتەناد — قىيامەتتىكى سوراق كۈنى
يوۋمۇلھساب — قىيامەتتىكى سوراق كۈنى
يىلباسۇن — ؟ (ئەسلى تېكستتىكى ئەينەن يېزىلىشى) مېنىڭ قارىشىمچە، بۇ سۆزنى «يۇلپاسۇن» دەپ ترانسكرىپسىيە قىلساق، «يۇلۇپ + ئالسۇن» دىن كەلگەن ھىساپلاپ «يۇلۇپ تاشلىسۇن، ئۈزۈپ تاشلىسۇن» دەپ مەنا بېرىش مۇمكىن.




## تۇردى نازىم غېرىبى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇرىشىت ئىسلامى

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:

ئۇيغۇر شائىرى تۇردى نازىم غېرىبىنىڭ «كىتابى غېرىب» ناملىق بۇ مەشھۇر ئەسىرىنى مەن ئەسەرنىڭ 19 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدا قەشقەر شەھرىدە كۆچۈرۈلگەن قولىيازما نۇسخىسىغا ئاساسەن نەشرگە تەييارلىدىم. قولىيازمىدا كۆچۈرگۈچى كاتىپ ئۆز ئىسمىنى قالدۇرمىغان. قولىيازما 67 ۋاراق، ئاق بوز رەخت بىلەن مۇقاۋىلانغان، ئىچكە پات بېرىپ سىلىقلاشتۇرۇلغان خوتەن قەغىزى ئىشلىتىلگەن. پۈتۈن ئەسەر ئاروز ۋەزنىنىڭ مەسنىۋى شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، ئومۇمى ھەجمى 1956 مىسرادىن تەشكىل تاپقان. قولىيازما شىنجاڭ داشۆنىڭ كلاسسىك ئەسەرلەر ئارخىۋىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

**ھىرىپەگەرلەرگە نېسىپ بولغان ھۈنەرنى «مىساق كارگاھى» مۇئەييەن قىلىپ تەيىن بولغان ھۈنەرنى تەقسىم قىلىپ بەرگىنىگە نۇكتە باشلىماقى**

بىراۋنى قىلىپ ئىلىم ئەھلە رەھنەمۇن،
كى بىرىنى غېنى، بىرىنى زارۇ زەبۇن.
پەيدىدار ئېتىپ ئوتتۇز ئىككى ھۈنەر،
جاھان ئەھلىگە ئەيلەدى مۆتىۋەر.
ئۇلەشتى ئەزەل مۈلكىدە ھەر كىشى،
چىقارىدى بۇ دۇنيا ئارا بىر ئىشى.
بىراۋ ئالدى دىخانچىلىق پىشەسى،
ئۆزى كەسپىنىڭ قىلدى ئەندىشەسى.
چۇ ئاھەنگەر ئۇلدى بىراۋ شولزامان،
جاھان ئىچرە كەسبىنى قىلدى ئايان.
بىراۋ ئىختىيار ئەتتى نەججارلىق،
قىلىپ چۇن ئىمارەتكە مىمارلىق.

بىراۋ ئاندا زەرگەرلىك ئىلمىن ئېلىپ،
ھۈنەرنى كۆڭۈل كۆرەسىغە سېلىپ.
چۇ مىسگەر يۇگۇردى ئۆزى كەسبىغە،
ئۆزى سەنئىتىنىڭ مىنىپ ئاتىغە.
كى بوز توقۇماقنى ئېلىپ باپكار،
جاھان مۈلكىدە بوز بىلە قىلدى كار.
ئېلىپ مۇينە ئىلمىنى جۇببەچى،
كى پۇستىن بىلە مۇندا ئىش قىلغۇچى.
چۇ تامچى ئېلىپ كەسپى گىلكارلىق،
جاھاننى قىلىپ قەسرو دىۋارلىق.
ئۈتۈك ئىلمىنى ئاندا ئېلىپ موزدوز،
كېلىپ مۇندا ئەۋقان ئېتىپ شەب ۋە روز.

گىلەم كەسىپىن ئالدى گىلەم باپلار،
توقۇپ زىلچە مۇندا قىلىبان ھۈنەر.
يانا ئۇشتەگەر شۇستەشۇ ئەيلدى،
ھۈنەر ئالغىلى جۇستىجۇ ئەيلدى.
قىلىپ باسمىچى نەقشىنى ئىختىيار،
چىقاردى قىلىپ مۇندا نەقش نىگار.
بىراۋ ئالدى سەرداچىلىق سەنئىتىن،
ياساپ مۇندا خەيلى تەپەككۇرنىڭ ئاتىن.
بوياقچى ھۈنەرگە قىلىپ ماجرا،
جاھانغا كىلىپ ئەيلەپ ئاقنى قارا.
بىراۋ سىرچىلىقتا كۆڭۈل باغلدى،
قىلىپ نەقش سەيقەل بىلە باغلدى.
بىراۋ بولدى كىمسەن بىلەن روبەرۇ،
كى پەيدا قىلىپ مۇندا ئالتۇن تىرە.
كى قۇر باپلار ئاندا ئالدى ھۈنەر،
جاھان سەپھەسىدە توقۇبان كىيمەر.
بولۇپ ئولزاماندا بىراۋ ئاتقۇچى،
كى مەزلۇمەگە كەسىبىنى ساتقۇچى.
بىراۋ ئىختىيار ئەيلدى بورىيا،
قومۇشدىن بىسات ئەيلدى خەلق ئارا.
كۇلالچى كىلىپ كەسىبگە ئىتتىپاق،
كىلىپ ئاب گىلدىن ياسابدۇر تاباق.
بىراۋ قىلدى نەسساجلىق ئىختىيار،
يىپىپ ئەبرىشىم ئەيلدى تار-تار.
بىراۋ بولدى پاكى تۇتۇپ سەر تاراش،
بۇرۇت ئالدى لەبىدىن، ياساپ ئەتتى باش.
قوبۇل ئەتتى «ئەسسار» كەسىبى جۇباز،
بولۇپ ئول جاھان ئىچرە رەۋغەن گۇداز.
يانا بىرسى كۆنچى بولۇپ ئولزامان،
قىلىپ چەرم بىرلە مىشى سەختىيان.
چۇ زەيتاپلىقتا يۇگۇردى بىراۋ، .
كى ئاندىن كىلىپ ئەشتى مۇندا ئۇچەۋ.
چۇ ئول ۋەقتدا ساغرىچى تۇتتى ئىش،
ھالالۇ، ھارامدىن چىلاپ خام قىيىش.
كى شالگەر ئىشنى ئىلىپ بى بەدەل؛
تىرەنى سۇنۇچ بىرلە ئەيلەپ يىشىل.
بىراۋ بولدى قاساپ كۆپ قىردى جان،
غەنەم ئولتۇرۇپ ھەركۈنى تۆكتى قان.
بۇ سەنئەت ھەقىقەتتە تەقدىم ئولۇپ،
ئەزەل مۇلكدە ئاندا تەقسىم بولۇپ.
نەكىم ئاندا بولدى كىشىگە نىسىپ،
كىلىپ مۇندا بولدى ئول ئىشقا قىرىپ.
بۇ ھىرپە ئارا ھەم سالاھۇ-پاساد،
كى پەيلى ئىررور بايازۇ-ساۋاد.
كى مىساق ئارا كەسىپ شايە ئىدى،
چۇ كىم ئاندا كەسىبگە قانئ ئىدى.
بەشەر نەسلى بىرلە تۆزۈلدى جاھان،
ھەمە كەسىپلەر بولدى بىر-بىرئايان.
تەمەننا قىلىپ كەسىبگە ھەر كىشى،
جاھان مۇلكدە كۆرگۈزۈپ بىر ئىشى.
قىلىپ ھەربىرى پەزەلنى ئاشكار،
ئۆزى كەسىبگە كۆرگۈزۈپ ئىتىبار.
بىرىنىڭ سۆزىنى بىرى ئالمىدى،
بىرى پەزلىگە بىرسى كۆز سالمىدى.
ھەسەددىن بۇلار ئىچرە بولدى جىدەل،
بۇلار سۆزلىرى بولدى رەد-دۇ بەدەل.

**ئىنسانلار گۇرۇھى ئۆزىگە نىسىپ بولغان كەسىبنى جاھانغا ئاشكارا قىلىشىپ، ھەربىر ھۈنەرۋەن ئۆز ھۈنىرىگە مەنمەنلىك تەنتەنە قىلىپ، بىر-بىرىدىن ئارتۇقچىلىقنى ئىسپاتلاشتا يىغىن تۈزگەندە دىخان ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىغىنى ئاشكارىلىدى**

چۇ دىخان كى سۆزدىن بولۇپ دانەرىز،
ئىپتىداقدا پەزلىن سىلىپ رۇستەخىز.
قىلىپ پەزلىنى ئاندا بىر-بىر بايان،
ھەمە كاربارىنى ئەلگە ئايان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئايا دوستلار سۆزگە سالغىل قۇلاق،
كى پەزلىمنى ئاڭلاپ قىلغىل ئىشتىياق.
كېلىپ دەھر ئارار ھەزرتى بولبەشەر،
سامادىن تۈشۈپ مەنزىلى بولدى يەر.
زەلەمنا دىبان يىغلىدى نەچچە يىل،
كېرەم ئەيلىدى باز رەببۇل جېلىل.
بېھىشتىن چىقاردى نەچچە دانەنى،
تېرىپ ئەيلىگىل رىزىق روزانەنى.
چىقاردىكى ئەسبابى دىخانچىلىق،
سەبەب ئەيلەبان قىلدى نىمەتنى جىق.
چۇ تەلىم ئېتىپ ھەزرتى جىبرئىل،
كى دىخانچىلىق ئىلمى بولدى دەلىل.
يانا كەلتۈرۈپ بەردى بىر جۈپ ئۆكۈز،
سۆكۈپ يەرنى قىلدى ئۆكۈزلەر تۈكۈز.
سىچىپ دانە ئادەم كېلىپ ئولزامان،
كى ئەۋلادىغە كەسپ ئېتىپ بەردى نان.
سەبەپ ئەيلەبان رىزىق يولىن ئېچىپ،
زىمىن سەتھىگە سۇ ۋە دانە سىچىپ.
يانا ئەيلىدى باغ ۋە بوستانلار،
كى پەيدا قىلىبان گۈلىستانلار.
تېرىپ ئۈندۈرۈپ نەچچە ئەشجارنى،
كى پەيدا قىلىپ بەلكى ئەنھارنى.
زىمىننىڭ يۈزىن قىلدى جەننەت مىسال،
چۇ ھۇشۇ تۇيۇر تاپتى ئاندىن ناۋال.
كى دىخانچىلىق ئىلمى بىزگە نىسىپ،
تەۋەككۇل بىلە يەرنى يىرتىپ تېرىپ.
زىرائەت قىلىپ ئانچە مېھنەت بىلە،
ھۇسۇلىن ئېلىپمىز مۇشەققەت بىلە.
زىرائەت ئىشىدا رىيازەت قىلىپ،
رىيازەت ئىشىدا زىرائەت قىلىپ.
تېپىپ بەھر بىزدىن كى شاھۇ گادا،
ناۋا تاپقۇسىدۇركى ھەر بىناۋا.
چۇ لۇتفى ئەتتى ھەق بىزگە مىلك دانەنى،
كى بۇغداي بىلە تولدۇرۇپ خانەنى.
چۇ خىرمان يىبىردە سىچىلغان ئۇرۇق،
ھەممە مۇرلارغە بولۇپتۇر ئوزۇق.
ھەم جاندارلار بولۇپ بەھرىمەند،
كى ھەمدۇ-سانا بىرلەدۇر ئەرجىمەند.
باشاقچى تېرىپ باش ئېلىپ مەنپەئەت،
ئوراقچىغا ئاندىن بولۇپ تەربىيەت.
تىلەنچى گادالارغە روزانەئى،
تويۇپ شادلىق بىرلە مەستانەئى.
بۇ دىخاندا كۆپ خاسىيەت باردۇر،
جاھان مۈلكىدە پەزلى ئىزھاردۇر.
جاھان خەلقى دىخانغە مۇھتاج بولۇپ،
ئەگەر بەرسە توق، بەرمەسە ئاچ ئولۇپ.
بۇ دىخانچىلىق كەسپى ئەلادۇرۇر،
كى ئاندىن بۆلەك بارچە ئەدنا دۇرۇر.
كى بىز بولغۇمىز بارچەدىن پىشىۋا،
جاھان خەلقى بىزگە قىلىڭ ئىقتىدا.
تىكىپمىز بابابان ئارا كۆپ شەجەر،
كى ئول نەخلەلەردىن بولۇپ كۆپ سەمەر.
نەچچە تەشتە رەھ رەۋنى سىراپ ئېتەر،
ئۈنىڭ سايەسىدە تېخى خۇاپ ئېتەر.
قويۇپ تاك، ئەنجىر، سىبۇ ئانار،
كى باغنىڭ ئىچىنى قىلىپ مىۋەزار.
قىلىپ ئاندا گۈلشەننى ئاراستە،
قىلىپ ئەنجۇمەن پىرۇ نەۋخاستە.
مۆزەييەن بولۇپ بولسا پەسلى باھار،
چىمەنزارۇ گۈلزار ھەم لالەزار.
كى ئاندا قىلۇر خەلق ئەيشى نىشات،
جاھاننىڭ غەمىدىن تېپىپ ئىنبىسات.
رىيازەتدە ئەيلەپ جىگەرلەرنى خۇن،
جاھان سەپھەسىگە تېرىپمىز قاۋۇن.
چۇ سىراپ ئەيلەر ئۈنىڭ شەربىتى،
كى بىسياردۇر بەلكى خاسىيەتى.
كى ئىنسان غىزاسىغا بولدۇق سەبەب،
سانا ئەيغۇسى بارچە نىئمەتنى يەپ.
ئۈمىد ئولكى بىزلەرگە بىھەد ھىساپ،
ئەتا قىلسا ھەق، يوق ئەجەپ بى
ھىساپ.

چۇ دىخان ئۆزىنى ستايىش قىلىپ،
تەمەننا قىلىپ ئۆزگە نازىش قىلىپ.

تۇرۇپ ئېردى ناگاھ پاسانە تۈزۈپ،
تۆمۈرچى يۈگۈردى تارانە تۈزۈپ.

## تۆمۈرچىنىڭ دىخانغە مۇنازىرەسى

ئايا رۇستائى كى سەھرانىشىن،
نىدىن مۇنچە سۆزلەرگە بولدۇڭ قېرىن.
ئۆزۈڭنى دىدىڭ، ئۆزگىنى بىلمىدىڭ،
كى بىزدىن مۇقەددەم ئۆزۈڭنى دىدىڭ.
چۇ ماختاپ ئۆزۈڭنى تولا ئۇرمە لاپ،
بۇ ئۇرغان سۆزۈڭ بەزىسىدۇر خىلاپ.
چۇ ئەمر ئەيلىدى نەچچە ئىشنى خۇدا،
خۇدا ئەمرىنى قىلمادىڭلار ئادا.
خۇدا ئۇشۇرنى بۇيرۇغان ئولزامان،
ئادا قىلسا ئۇ شىرىن ھالال بولدى نان.
بىراۋنىڭ يېرىدە زىرائەت قىلىپ،
كى ئورتاقچىلىقدا خىيانەت قىلىپ.
ئوغۇرلاپ كېچە خوشە ۋە ئەنجۈنى،
كى مەھكەم قىلىپ تولدۇرۇپ گۆشەنى.
بىراۋ ئۇشرى بەرگىل دىسە ئولزامان،
كى ئاڭلاپ بۇ سۆزنى تۇرۇپ چىقتى جان.
ھەمە مىۋەدىن ئۇشرى بەرمەك راۋا،
كى بۇ پەرزنى ئەمرى قىلدى خۇدا.
كى سىزلەردە يوقتۇر ناماز ۋە نىياز،
چۇ ئىنسان سۈپەت قىلىڭىزدۇر گۇداز.
ئوقۇماي نامازنى قىلىپ سىز قازا،
تىلى يوق ئۆكۈزگە سېلىپ سىز نادا.
رىسالە بىلەن قىلمادىڭلار ئەمەل،
خۇدا ئەمرىنى تۇتتۇڭىزلەر سەھەل.
قۇتاندا تورەپ مال يوقتۇر زاكات،
كى قورقۇپ خۇدادىن ئۇلۇسىدىن ئۇيات.
كى ھويلاڭغا ئىتدىن قويۇپ پاسىبان،
يۈگۈرگەي كىشى كەلسە نەچچە ئايان.
قەلەندەرنى قوغلاپ سۈرۈپ ئىتلىرىڭ،
ئەلەككە يېتىپ تامدىكى چىتلىرىڭ.

چىقىپ كەلسە موللا يىراقتىن ئەگەر،
كى ئاغرىق بولۇپ بولغايسەن دەردىسەر.
بايان ئەيلىسە مەسلەن مەئرىپەت،
خەبەردار بولۇپ قىلمادىڭ مەرھەمەت.
ھەمە ھاسىلىڭنى تىقىپ چاھغە،
تۇرۇپسەن باھاسىن تىلەپ ئاھغە،
ئەگەر بولسا قىممەت ساڭا شادلىق،
داغى خۇب خاراپ بولسا ئابادلىق.
بۇ كەسبىڭدە قىلساڭ ئەگەر راستلىق،
كى ئەسلا ساڭا يوق كەمۇ - كاستلىق.
ھالالنى ھارامدىن جۇدا ئەيلىگىل،
خۇدا ئەمرىگە جان پىدا ئەيلىگىل.
چۇ ماختاپ ئۆزۈڭنى بولۇپ بى خەۋەر،
تولا سۆز دىدىڭ ئەلگە سالماي نەزەر.
تۆمۈرچى بىلەن پۈتتى كارىڭ سېنىڭ،
كى ھەدداد ھەر ئىشدا يارىڭ سېنىڭ.
ئەگەر ئەتمەسەڭ بىز بوقور ساڭاتىش،
كى ھەيرەتتە يازىڭ بولۇر ئېردى قىش.
كى ئەنجۇلىرىڭغا ياساپمىز ئوراق،
ھەمە ھاجىتىڭغە ياساپمىز پىچاق.
يانا ئەيلىدۈك سىزگە تىشە تەبەر.
بۇ ئەسباپ بىلە ئەيلىدىڭلەر ھۈنەر.
چۇ كەتمەن ياساپمىزكى يەر چاپسەن،
كى تۇپراقنى يەنجىپ ئۇرۇغ ساچسەن.
بۇ ئىشدىن بولۇپدۇر ئىشىڭغا راۋاج،
تۆمۈر بىرلە ئىشقا قىلىپسەن ئىلاج.
ھوسۇلۇڭنى مىننەت قىلىپ خەلق ئارا،
تەمەننا قىلىپ ئەيلىدىڭ ماجرا.
كى روزى بولۇپ رىزىق روزى ئەزەل،
پاسانە دىبان ئەيلىمەڭ كۆپ جېدەل.
كى دىخانكى تەسلىم ئېتىپ شۈك تۇرۇپ،
بۇ سۆزدە سۈكۈت ئەيلىدى ئولتۇرۇپ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

## تۆمۈرچى ئۆز ھۈنىرىدە ئارتۇق سۆزلەپ، قالغان ھۈنەرلىرىنى ئاشكارا قىلىپ، ئۆزىنى ماختىغىنى

ھۈجۇم ئەيلىدى سۆزگە ئاھەنگىران،
تۇرۇپ قىلدى ئەلگە پەزىلەت بايان.
كى ئىنسانغا لازىم ھۈنەر ئەيلىدۈك،
تۆمۈر بىرلە تىغ ۋە تەبەر ئەيلىدۈك.
كى پۇلاد بىرلە ياساپىمىز پىچاق،
يانا ئورما ئورماقغا سوقتۇق ئوراق.
قىلىپمىز داغى تىشە بىرلە تەبەر،
يىقىلغاي ئۇنىڭدىن قورۇغان شەجەر.
كى كەتمەن سوقۇپمىز زىرائەت ئۈچۈن،
زىمىننى ياساپ ئەسلا قويماس پۈتۈن.
تۆمۈردىن يانا ئوققا پەيكان قىلىپ،
ئەدۇ خەيلىنى بەلكى بىجان قىلىپ.
چۇ پاكى ياساپ قەبزە كۆكسى شىكاپ،
تاراشىدە قىلسا قىلۇر باشنى ساپ.
چۇ مىقراز ئېيتىپ مۇي لەب ئالغىلى،
ياساپ قۇلپا دەرۋازەغە سالغىلى.
قىلىچ ئەيلىدۈك تىغ ۋە خەنجەر داغى،
قىلىپمىز سىنان بىرلە شەشبەر داغى.
كى سۈزەن قىلۇرغە قىلىپمىز قىياس،
ئۇنىڭدىن پۈتەر بارچە زەردىن لىباس.
يانا ئات پۇتىغا قىلىپمىز تاقا،
تىگۇرمەن تىشىغا ياساپمىز پاقا.
قىلىپ نەئىل ھەم مۇزەغە مىخنى،
تونۇردا كاباب ئەتكىلى سىخنى.
جاھاندا قىلىپمىز ئەجەب ھەربىلەر،
كى ساتۇن شەمشەردەك ھەربەلەر.
تۇفەڭ بىرلە زەنبۇرەك ساز ئېتىپ،
شىكار ئەيلىدى ھەر كىشى غاز ئېتىپ.
چويۇندىن قۇيۇپ داش، تۆمۈردىن قازان،
كى شاھۇ گاداغا قويۇپمىز نىشان.

ئۆتۈكچىغە بۇررەندە بىزدىن دۇرۇر،
كى نەججارغە رەندە بىزدىن دۇرۇر.
تۆمۈر بىرلە ئانچە چىقاردۇق ھۈنەر،
كى مەشھۇر ئىنسان ئارا سەربەسەر.
ئوشۇل داۋۇد ئەيھىسسالام،
نەبى زات پەيغەمبىرى زولكرام.
قىلىپ كەسىپ ئاھەن بىلە پۈتتى كار،
كى بىزگە ئۇلاردىن قىلىپ يادىكار.
كى بۇ كەسبىمىز ئەلگە لازىم دۇرۇر،
جاھان خەلقى بىزگە مۇلازىم دۇرۇر.
ئايا ھۆرپەگەر جۈملە ئەھباپلار،
ياساپ بارچەڭىزلارغە ئەسبابلار.
كى ئىنساپ ئىلە ئەيلىڭىز ئىتىراپ،
دىگەن سۆزلىرىم ئەسلا كۆرمەڭ خىلاپ.
بىزنىڭ پىرىمىز بارچىدىن پىشىۋا،
چىراكىم ئۇنىڭ زاتىدۇر ئەنبىيا.
پەزىلەت ئۇلاردىن كى مەلۇم دۇرۇر،
كى قاتتىغ تۆمۈر ئىلگىدە مۇم بولۇر.
كى ھەددادلىغ سەنئەتىن قىلدى پاش،
چۇ ئۇشبۇ ھۈنەردىن تېپىپمىز مائاش.
يانا نەچچە پىران ئۇستازلار،
جاھاندا تۆمۈر بىرلە ئەيلەپ ھۈنەر.
قويۇبان جاھان سەپھەسىدە نىشان،
ئۇلار پەيرىۋى جۈملە ئاھەنگىران.
چۇ تەئرىپ ئۆزىنى ئېتىپ ئۆزنى ھەددادلار،
تۇرۇپ باغلىدى تۇرپە ئىسنادلار.
ئېيتىشتى بۇ سۆزنى ھەمە ھىرپەگەر،
جاھان ئەھلىدە بارچە ساھىپ ھۈنەر.
سۈكۈت ئەيلىدى بارچە قول كۆتۈرۈپ،
ھەمە مەسلىھەت ئەيلىدى ئولتۇرۇپ.

## زەرگەرلەرنىڭ تۆمۈرچىلەر بىلەن مۇنازىرىسى

بىناگاھ قىلىپ قوپتى زەرگەر جېدەل،
سېنىڭ سۆزلىرىڭ بىزنى قىلدى كېسەل.
كى زەرگەر ئالتۇن كەبى سارغىرىپ،
كېلىپ ئۆزىگە گاھى ئۆزدىن كېتىپ.
نە دەرسەن ئايا غەلبەچى قاپقارا،
سېنىڭ ئىشلىرىڭ بارچىسى ماجرا.
ئوچاقتا سېلىپ بىر سىۋەتتە كۆمۈر،
تۇلۇملارنى باسىتىڭ قىزىتتىڭ تۆمۈر.
ئۇرۇپ چوغ قىلىپ ئانى بازغان بىلە،
ساچىپ ئوت قىلىپ ئالەمگە ئەفغان بىلە.
سالاھىڭ دىدىڭ پاسادىڭ قېنى؟
كى ئىنساپقا كەل، ئېيتقىل قېنى؟
قىلۇرسەن ھەمە ئىشنى ھەيبەت بىلە،
ئىشىڭ پۈتتى مېھنەت مۇشەققەت بىلە.
دۇكانغە كىرىپ ئىشنى قىلساڭ كېچە،
ئەجەپ رەڭگى رويۈڭ بولۇپ ئۆزگىچە.
بولۇپ دىۋە يەڭلىغ چىرايىڭ تۈرۈك،
ئەجەپ شەرپە بىرلە بېسىپ سەن كۆرۈك.
دۇكانىڭغە كىرگەن كىشى ۋەھىمناك،
چۇ ئوت بىلە گوياكى بولدى ھالاك.
كى جەللاتلارغە ياساپ تېز تىغ،
چۇ ئىنسان بېشىنى كېسەر بى دەرىخ.
ياساپ ئوغرىغا بەلكى تىغ ۋە تەبەر،
سېنىڭ خەنجىرىڭ بىرلە تامنى تىشەر.
جاراھەتنى يارماقتا نەشتەر ياساپ،
ئېزىز جاننى ئالماقتا خەنجەر ياساپ.
بەزەكدارلارغە ياساپ سىخلار،
كى زەنجىر ئىشكەل بىلە مىخلار.
قاراقچىغا تەييار ئېتىپ تىغ كىس،
كى تۇججار يولدا تۇتقاي كەمىس.
تۆمۈردىن توزاق ئەتتىڭ ھايۋان ئۈچۈن،
سالاسىل ياساپ بەندى زىندان ئۈچۈن.
نەچە نادىر سەنئەتلىرىڭ باردۇر،
كى سەنئەتلىرىڭ جانغا ئازاردۇر.
چۇ داۋۇد قىلغاننى سەن قىلمىدىڭ،
ئۇلار كارىنىڭ تۈرىنى بىلمىدىڭ.
ئەمەل ئەيلىگەن پىرلى ئەتۋارىنى،
رىسالە قىلىپ پىرلار كارىنى.
تاھارەت بىلە ئىش قىلىپدۇر ئۇلار،
كى زىكرى خۇدادىن بولۇپ باخەبەر.
جاھاندا ئۇلارنىڭ بۇدۇر ئادىتى،
دۇكانغا كىرەردە ئوقۇر ئايىتى.
چۇ بازغان ئۇلاردا ئوقۇرلار دۇئا،
قىلۇر كارىنى ئەزبىرايى خۇدا.
ياسار ئىشنى ئاللاھۇ ئەكبەر بىلە،
ھەمە كارى پۈتكەي مۇقەددەر بىلە.
سېنىڭ ئىشلىرىڭ بىزگە لايىق ئەمەس،
ئۇلار كارىگە ئەسلا سادىق ئەمەس.
كى سىزلەردە يوق پىرغە ئېتىقاد،
ئۇنتۇپ ئاي ۋە يىل قىلمىدىڭ ئەسلا ياد.
چۇ پىر ھەققىدە قىلمىدىڭلار چىراغ،
بۇراتماي كى ئەرۋاھ بۇرنىغە ياغ.
سالاھىڭنى كۆرگىل، پاسادىڭنى كۆر،
كى يۈزلەرگە يۇققان ساۋادىڭنى كۆر.
ئۇلار پەيرىۋىدە يۈگۈرمەك كېرەك،
ئۇلار بۇيرىغان ئىشنى قىلماق كېرەك.
تەھەممۇل قىلىپ سۆزدە خامۇش بول،
كى خامۇش بولۇپ بەلكى بىھۇش بول.
ساڭا سۆز نىمە؟ بىز تۇرۇپ ئەي ئاداش،
باراۋەر ئەمەس ئەسلا زەر بىرلە تاش.
سۆزۈڭلار قىلىپ كۆڭلىمىزنى تۈگۈن،
پاسانەدىن ئەمدى ئاڭلاڭ بۈگۈن.
تۆمۈرچى تۆمۈردەك قاتىپ بولدى شۈك،
چۇ زەرگەر سۆزىگە باسىپدۇر كۆيۈك.

www.uyghurkitap.com

## زەرگەرنىڭ تۆمۈرچىگە مۇنازىرىسى

ئايا ھۈشمەندانى ساھىپ ھۈنەر،
مېنىڭ ئىشلىرىم بارچىسى سىم ۋە زەر.
كى بىزلەردە ئانچە زارا پەتتۇرۇر،
ھۈنەر ئىلكىمىزدە لەتاپەتتۇرۇر.
قىلىپ تاجىمىز ھەممەنى تاجدار،
كى دۇرلەر بىلەن ئەيلەدۈك گۇشۋار.
قىلىپمىزكى شاھلارغا زەر بىرلە جام،
چىكەر ساغەرى شاھى ئالى مۇقام.
ياساپ تىترەگۈچ شاھغە تاج زەر،
تېخى ئىشلىدۇق بەلكى زەردىن كەمەر.
كى زەرنى سوقۇپ زەرب ئىلە پەخش ئېتىپ،
ياساپ تۈگمەلەر يۈزىگە نەقش ئېتىپ.
كۈمۈشنى ئېرىتتۇق قىلىپ دانەلەر،
كى سىركە تىزىپ تولدۇرۇپ خانەلەر.
ئەجەپ رىزە نازۇك ھۈنەر بىزدە بار،
ھۈنەر بىزدەدۇر ئۆزگە بى ئىتىبار.
بولۇپ خاس شاھ ئوردانىڭ ئىشىدا،
ماقامىم شەھەنشاھ مەئۋاسىدا.
كى ئالتۇن-كۈمۈشدىن ياساپمىز نېگىن،
بولۇپ شاھلارغە نېگىندەك يېقىن.
ياساپ تەخت زەردىن جاۋاھىر قويۇپ،
كى بىر ھۆكمىران تەخت ئۆزە ئولتۇرۇپ.
سۈرۈپ شاھلىق زىب-زىننەت بىلە،
جاھاندىن ئۆتۈپدۇر ھۆكۈمەت بىلە.
ياساپ نازىنىنلار قولىغا ئۈزۈك،
شەبەكدار ھەلقە كۆزىدۇر سۈزۈك.
يانا ساز ئېتىپ پۇتقا خەلخاللار،
جاۋاھىر تىزىپ ئەيلەدۈك خاللار.
كى پىرۇ جاۋان بىزگە قائىل دۇرۇر،
جاھان ئەھلى پىشەمگە مايىل دۇرۇر.
ياساپ شاھ تۇتىغا ئالتۇن قەپەس،
كى شەھباز بوينىغا زەردىن جەرەس.
پۈتۈن كارىمىز بارچە زەر ھەل بىلە،
كى پەرداز ئېتىپ زەرنى مەسقەل بىلە.
نەچە تەرز سائىت ناماساز ئېتىپ،
ئۇلۇغلار تۇتۇپ ئانى ئىئزاز ئىتىپ.
چۇ بارچە ھۈنەردىن ئېرۇرمىز زىيىپ،
ھۈنەرمەندلەر بىزگە ئەرمەس ھەرىپ.
كى تەسلىم ئېتەر يار ئەھبابلار،
يىغىلغان بۇ مەجمۇئەدە ئەسھابلار.
داغى پەزلىمىز سەر-بەسەر دىمىدىم،
ماقالاتتى مۇختەسەر ئەيلەدىم.

**زەرگەر تۆمۈرچى سۆزىنى رەت قىلىپ، ئۆز ھۈنىرىدە كۈمۈش، ئالتۇن بىلەن بويۇملار مەۋجۇت قىلىپ، جاھان سەھپەسىدە نامايىش قىلىپ ماختاپ، مەنمەنلىك بىلەن سۆزلىگەنىدە يىغىن ئىچىدىن ياغاچچى قوپۇپ زەرگەرنىڭ سۆزلىگەنلىرىنى رەت قىلىپ، تىل كەركىسى بىلەن زەرگەرنىڭ ئەپسانەسىنىڭ خورمازارلىق باغىنى كېسىپ تاشلاپ، ئۆز ھۈنىرىدە كىسىر ھاۋانىڭ ئىمارەت نەقشلىرىنى تەييارلاپ زىب-زىننەت بىلەن ماختاپ پەلەك گۈنبىزىدىن ئاشۇرغىنى**

ساچىلدى ياغاچچى بولۇپ زەررەدەك،
تۆشۈپ ئوتىرىغا گۆركۆرەپ ئەررەدەك.
ئايا زەرگىرى قەلىبكەش ھىلىگەر،
ھۈنەردە قىلىپ زەرنى مىس-مىسنى زەر.
نىدىن مۇنچە تەئرىپ ئېتەرسەن ئۆزۈڭ،
كى ئاغزىڭ ئېچىلدى ساچىلدى سۆزۈڭ.
ھۈنەر سەندە دائىم خىيانەت بىلە،
ئېلىپ سىم-زەرنى زاراپەت بىلە.

چۇ شاھلارغە قىلساڭ ئەگەر تاجنى،
كى ئالتۇن - كۆمۈشدىن ئىلىپ باجنى.
جاھاندا چىقاردىڭ ھۈنەر ساز ئىتىپ،
كۈمۈشكە قۇيۇپ مىسنى پەرداز ئىتىپ.
جاۋاھىرغە مەخلۇت ئىتىپ شىشەنى،
ھۈنەردە قىلىپ تۈرپە ئەندىشەنى.
چۇ شاھنىڭ فۇلۇسغا ئەيلەپ خىيال،
دەرەمنى چويۇن بىرلە ئەيلەپ ساپال.
زانانلار بىلە كاربارىڭ سىنىڭ،
خىيانەت بىلە پۈتتى كارىڭ سىنىڭ.
نەچە ئەيىپ سىزلەردە پەيدادۇرۇر،
كى سىزگە مۇئەننەس خىرىدداردۇر.
ھۈنەرنى ئەگەر قىلساڭىز ھەر نەچە،
ئۇنىڭ ئەسلىنى قىلماڭىز ئۆزگىچە.
ئايا كاسىبا ئاڭلىڭىز بۇ كالام،
ئۇشۇل ۋەقت نوھى ئەلايھىسسالام.
قىلىپدۇر ياغاچ بىرلە تۈرپە ھۈنەر،
كى نەجارلىقدىن بىرىپدۇر خەبەر.
خۇدا قۇدرىتىدىن تۈرەلدى جاھان،
كى نەجارلىقدىن قالىپدۇر نىشان.
بىنا ئەيلەدى نەچچە قەسرى ئىمار،
قىلىپ ئەھلى ئىنىسانىغا دارۇلقارار.

چۇ بەيتۇلمۇقەددەسنى قىلدى بىنا،
ستونلەر بىلە توختاتىپ جابىجا.
چۇ لازىم بولۇپ مۇندا نەجارلىق،
ياغاچدىن ھۈنەر قىلدى پەركارلىق.
بىنا ئەيلەدۈك مەسجىدۇ خانىقاھ،
كى تائەت قىلۇر ئاندا ئەھلى ئىلاھ.
ئەگەر ئەتمىسەڭ بەھر ئارا بىر كىمە،
كى غەرق بولغۇسىدۇر ئۆتەردە ھەمە.
ياغاچدىن ياساپمىز شاھلارغە تەخت،
چىقىپ ئولتۇرۇرلەر شەھىنىڭ بەخت.
ياساپ مەككەتۇللاغە ئەيۋان سەقىپ،
شەھى كامرانلار ئاڭا قىلدى ۋەقىپ.
قىلىپ ئاسياغا تەۋىل ناۋدان،
بولۇر ناۋدان ئىچرە ئابى راۋان.
ماماتىڭغە قىلدۇق ياغاچ بىرلە ئات،
يىتۈرگەي سىنى ئول لەھەدىڭگە پات.
ھۈنەردە بىزدە باردۇر پازائىل مائاپ،
دىردۇك ئەيلەسەم سەنئەتىم بى ھىساپ.
ئايا ئەھلى سەنئەت مۇسەللەم تۇتۇڭ،
بىزىڭ پىشەمىزنى مۇقەددەم تۇتۇڭ.
بۇ سۆزنى ئىشىتتى ھەمە ھۆرپەگەر،
سۆكۈت ئەيلىبان بارچىسى باقتى يەر.

**ياغاچچىنىڭ ئۆزىنى ماختىشىنى ئاڭلىغاندىن كيىىن بابكارلار ۋۇجۇدىغە بىسئارامىلىق تۈشۈپ ئورنىدىن قوپۇپ ياغاچچى سۆزىگە رەددىيە بىرىپ ئۆز كەسپى ئارتۇقچىلىغىنى ئاشكارا قىلغىنى**

ۋۇجۇدىغە بابەندەنىڭ تۈشتى تاپ،
زابان چەرخىغە ئەشتى سۆزدىن تاناپ.
تەكەللۇم قىلىپ ئاندا نەجارغە،
چۇ ھىممەت بىلە تۈردى گۇپتارغە.
دىدىكىم ئايا كاسىبى خۇدپەرەس،
تەكەببۇر ھىمارىغە قىلدىڭ نەشەست.
ياغاچدىن ياساپ ئانچە قەسرى ئىمار،
مۇنىڭ زىمنىدا خەيرى ھەم شەررى بار.
ماساجىد ئىشىنى قىلىپسىز پىسەد،

كى نەجارلار قىلدىڭىز ئانى رەد.
ياغاچدىن دەرياغە ئەتتىڭ كىمە،
بولۇر ئاقىبەت غەرق ئاندا ھەمە.
ياساپسىز جاھاندا ئەگەر خانىقاھ،
كى مەيخانە ئىچرە داغى يۈز گۇناھ.
ماساجىد ئىچىگە قىلىپسىز ئىمار،
ئارازىل يۈكۈپ ئاندا ئوينار قىمار.
كىشى بۇيرۇسا بىر ئىمارەت ساڭا،
ياغاچدا قىلۇرسەن خىيانەت ئاڭا.

www.uyghurkitap.com

تاراشە قىلىپ ئانى ھىزۇم قىلىپ،
كېرەكلىك ياغاچدىن داغى كەم قىلىپ.
جىنازە ياساپ ئەلگە ھەيبەت سىرشىت،
ياساپ گۇندىخانە چۇ مىھنەت سىرشىت.
نىدىن مۇنچە بولدى زابانىڭ داراز،
ئۆزۈڭ كارىغە ئەيلىگىل ئىمتىياز.
چۇ گۇيتار خەلقىغە قىلدىڭ شىرە،
ئۇلار جايىغە ئەيلىدىڭ پەنجىرە.
ساۋاپ ئىشلىرىڭدىن ئىقابىڭ تولا،
كى ئازادەلەرغە ئازابىڭ تولا.
ياغاچ بىرلە تەنھا ئىشىڭ پۈتتىمۇ؟
جاھاندا ھۈنەر قىلماشىڭ پۈتتىمۇ؟
تولا لاپ ئۇرۇپ سۆزنى قىلما ئۇزۇن،
كى چوك سۆزلىرىڭ ئەمدى ھەددىن پۈزۈن.
كۆرۈنمەي كۆزۈڭگە پەقىر ناتاۋان،
تەكەببۇر بىلە ئانچە سۈردۈڭ زابان.
كېسىپ مىۋەلىك باغلىنى يوق قىلىپ،
ئېزىز جاننى ئالماق ئۈچۈن ئوق قىلىپ.
ياغاچ بىرلە ئولدەم ياساپسىز چۇۋاز،
چېكىپ زەنج ئىزا ئۆكۈزۈد قوتاز.
ياساپسىز جاھاندا ئارابە قىلىپ،
سىمىز ئەسپلەرنى خارابە قىلىپ.
جاھان كارۋانىغە كىشتى ياساپ،
ئەجەل بادبانىغە شەستى ياساپ.
چۇ نۇھى نەبى نى سەنەد ئەيلىدىڭ،
نىدىن كەسىپ ئارا پىئل بەد ئەيلىدىڭ.
ئۇنىڭ پەيرىۋىدە قىلىپ سەن خىلاپ،
دىگەن سۆزلىرىڭ سىدق ئەمەستۇر گازاپ.
جاھان زىبىغە ئەيلىدىڭلار ھۈنەر،
كى زاھىر بولۇر زىمنىدىن خەيرۋەشەر.
ئىشتىكىل ئايا كاسىبى رىندى خام،
ئوشۇل ۋەقت ئادەم ئەلەيھىسسالام.
چىقىپ خۇلدىدىن كەلدى رۇيى زىمىن،
كېرەك بولدى دۇنيا يۈزىدە ئىكىن.
جاھان خاكدانىغا تەشنا كېلىپ،
ۋۇجۇدى مۇبارەك بەرەھنە كېلىپ.
ماۋقنى خۇداۋەند قىلدى ئەتا،
ئۇنى رىشتە ئەيلەپ چۇ ئادەم ئاتا.
چۇ تەلىم ئىتىپ شىيمىسغە جىبرئىل،
كى بوز توقۇماغلىقنى قىلدى دەلىل.
چۇ ئەۋلادى ئادەمگە قىلدى لىباس،
كى سەن ھەم ۋۇجۇدىڭغە قىلغىل قىياس.
تىرىكلەر لىباسى ھەمە بوز بىلەن،
كى يالغان ئەمەستۇر كۆرۈك كۆز بىلەن.
يانا بولغۇسىدۇر ئۆلۈككە كېپەن،
داغى پۈشش ئەيلەركى سىمىن بەدەن.
چۇ دەي شىددىتىگە بولۇپتۇر ھىجاپ،
كىيەر ئەگنىگە بارچە پىرۇ شاباپ.

**پاپكار ئۆز كەسپى تەئرىپىدە سۆز ژىپلىرىنى ئىشىپ ئۇستادلىق دۇكانىدا تىل موكىسى بىلەن مەنىدەلىك خامنى توقۇغاندا، ئەتتار ھەم ئۆز شان ـ شەۋكىتى دۇكانىدا خۇشپۇراق ئەترلەرنى تەرىپ قىلىپ ئۇنىڭ پۇرىغىنى ئالەمگە تارقىتىپ شەۋكەت رەستەسىدە رەڭگا ـ رەڭ تاۋار ۋە خىلمۇ ـ خىل كىمخاپ ۋە قىزىلگۈللەرنى يېيىپ بابكار بازارىنى كاسات ۋە ئىنابەتسىز قىلغانى**

چۇ ئەتتار باپەندەغە بۇ كالام،
دىدى روزگار ئىچرە ئى پىكرى خام.
خېمىنى توقۇپ بەر ئەگەر دىسە خەلق،
ئوغۇرلۇق بىلە بولغىنىڭ پاك ھەلق.
سەھەردە چېكىپ بىۋەلەر ئاھىنى،
ئىگىرمەك بىلە چەرخ جانگاھىنى.
مۇشەققەت بىلە تولدۇرۇپ بىر قۇمۇش،
بولۇپ روزگارىدا نەچچە ئۇرۇش.
ئۆتۈپ ئايلار رىشتەلەر جەمئى ئېتىپ،
ئېلىپ بارسا ئالدىڭغە ئولكۈن يېتىپ.

ئۆزۈڭ خاھىشىڭچە ئېلىپ ژىپلىرىن،
قىلىپ سەنئىتىڭنى ئاڭا بىر - بىرىن.
دىگەيسەن بۇ ژىپ بىرلە بولماس خامىڭ،
ئېلىپ رىشتەسىن باغلىدىڭ ئۆز جىنىڭ.
ساڭا بۇ ھۈنەر ئىچرە يوق راستلىق،
ئۆزۈڭنى نىدىن مۇنچە ئاراستلىق.
ئىشتىپ خامچى مەن كەسىبىم ئەيلەي بايان،
ماڭا «ئەشرىپىنناس» لىق بىگۇمان.
ماڭا بولدى كەسىپ ئىچرە ئەتتارلىق،
بارى كەسىپ ئەھلىغە سەردارلىق.
جاھانغا يېتىپ مەندىن ئارايىش،
داغى ئەھلى ئالەمگە ئاسايىش.
جاھان ئىچرە ھەر رەڭ ماتا ئىستسەڭ،
تېپىلغاي دۇكانىمدا ھەمە رەڭمۇ - رەڭ.
تاۋارۇ، ھېرىدۇ داغى بى قەسەب،
داغى باسمەلەر لانكالەر بى ھەسەب.
ئېزىم شاھى كىمخاپلار سانى يوق،
مېنىڭسىز جاھان ئەھلىنىڭ جانى يوق.
دۇكانىمغە كەلمەك تەمەننا تۇشۇپ،
جاھان خەلقى باشىغە سەۋدا تۇشۇپ.
دىماغىغە ئەترىم بىلەن راھىتى،
تۇشۇپ بارچە ئەلنىڭ ماڭا ھاجىتى.

**سودىگەر خەلقىنىڭ شەرەپلىگى مەندۇرمەن دىگەن دەۋاسىدا سۆزنىڭ رەڭگا - رەڭ تاۋارلىرىنى ماختاپ بايان سۇنبۇللىرىنى سۆز خۇشپۇراقلىرى بىلەن خېرىردارنىڭ دىمىغىغا يەتكۈزۈپ خۇشپۇراق قىلغاندا ناۋاينىڭ كۆڭلى تونۇرىغا ئوت تۇتۇشۇپ تىل زىخىنى تەۋ- رىتىپ مالامەت كۇسۇيى بىلەن سودىگەر ماللىرىغا ئوت چېچىپ ئۇنىڭ سۇنبۇل ۋە ئىس- پارلىرىدىن تۇتۇن چىقارغانى**

قىلىپ تەنە ئەتتارغە نانۋاي،
دىدى بۇ ھۈنەر ئىچرە ھالىڭغە ۋاي.
مال ئالماقدا مەككارلىقلار قىلىپ،
چۇ ساتماقدا غەددارلىقلار قىلىپ.
بېرىپ ساھىبى مالغا يۈز مىڭ پىرىپ،
پۇلۇم نەقددۇرۇر دەپ ماتائىن ئېلىپ.
ماتائىن ئۆيۈڭگە ئېلىپ بارىبان،
پۇلىن بەرمەيىن زار-زار ئەيلەبان.
بىراۋ بىرلە قىلساڭكى بەيئى شىرا،
دىگەيسەن ئاڭا «ئەزبىرائى خۇدا».
خېرىدىم بۇ مال ئۇستدە مۇنچەدۇر،
ئىزىغا بېرەي دەپ قەسەم نەچچەدۇر.
مۇنىڭ بىرلە مۇئادىمىيەت قېنى،
ئۇلۇغلۇق قېنى، شان - شەۋكەت قېنى؟
شەرئەت بىلەن بەيئىڭ بولماس دۇرۇست،
قىيامەتنى ياد ئەت، دىلىڭ ئەيلە رۇست.
ئىشىت سەنئىتىمنى بايان ئەيلەرەم،
يېتەر قۇت رۇھ نەپسىڭ ئارامى ھەم.
مېنىڭ بىرلەدۇر بارچەغە زىندەلىك،
مېنىڭ نانىم بولماس يېتەر مۇردەلىك.
جاھانىنىڭ بىناسىغە ناندۇر سەبەپ،
نىچۈك تەن ھاياتىغە جاندۇر سەبەب.
سەھەرلەردە قوپقۇم تاھارەت قىلىپ،
دىلىم ئىچرە غەپلەتنى غارەت قىلىپ.
چۇ ئىشىق ئوتى بىرلە قىزىتتىم تونۇر،
نىچۈك ئىشىق ئېلىنىڭ دىلى ئىچرە نۇر.
ياپۇشتۇردۇم ئانداغ دىلىم ئىچرە نان،
دىمەي نانكى ياقتىم تېنىڭ ئىچرە جان.
يېتىپ باقە ئەھلىگە بۇ نان ئىسى،
دىمەي نان ئىسى بەلكى ئىمان ئىسى.
دىدىمكى كابابۇ، كابابۇ، كاباب،
يىغلىدى مېنىڭ ئالىدە شەيخ - شاب.
ئېلىپ ئىلكىگە بارچە نان گەۋھەرىن،
بېرىپ ساتقۇن ئالماققا جان جەۋھەرىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

يانا بىر نەچچە كەلدى خارۇ گادا،
تىلەپ پارە نان قىلدى جانىن پىدا.
مېنىڭ نانىمە بولدى پارچە ئەسىر،
كېرەم بىرلە قىلدىم بارىسىنى سىر.

**ئاۋاي مەنىمەنىلىك بازاردا مىننەت گەردىنىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئۆز-ئۆزىنى بازارغا سېلىپ، تېۋىنىنى بېشىغا كۆتەرگەندە قازانچى تاپا-تەنە بارمىقىغا تىل كۆيەكىدىن يەل بېرىپ، ئۆز ھۈنىرى يالقۇنىنى پەلەككە چىقارغانى**

قازانچى پىغان چەكتى ئى نانپۇرۇش،
ئۆزەڭگە قارا، قىلما مۇنچە خۇرۇش.
چۇ زاتىڭدە بولسا پەرزانەلىغ،
دىگىلكى نىدىن مۇنچە ئەپسانەلىغ.
كىشى ئۆز خىيالىنى تەرىپ ئېتەر-
ئۇنىڭ شەنىدىن ئادەمىيەت كېتەر.
باشىڭنى زەنالار كەبى باغلىبان،
تونۇر ئىچرە قاشۇ-كۆزۈڭ داغلىبان.
تومۇغدەك تونۇر ئىچرە باشىڭ تىقىپ،
يۈزۈڭ كۆيدۈرۈپ بەلكى جانىڭ چىقىپ.
كېچە ئۇيقۇسىزلىقدا ئۇن تاسقىماق،
سەھەرلەر قوپۇپ ئاندا نان راستلىماق،
داغى قوپقۇسەن باشىڭ ئۆزرە تەڭ،
نانىڭنى ساتارغە قىلىپ نەچچە رەڭ.
يۈرۈرسەن پىغان ئەيلەبان كۈبكۈ،
ھايا يوقمىدۇر ئادەمىيەت قايۇ؟
مېنىڭ پېشەم ئولدۇر قازان بىرلەداش،
قىلۇرلار ئۇنىڭ بىرلەدۇر ياخشى ئاش.
جاھان خىۋانى نانغە دىخان ئىشى،
سەبەب بولدى بەلكىم قازانچى ئىشى.
ئۈي ئىچرە ئەگەر بولمىسا پارە نان،
قازان بولسا نىمەت مۇھەييا ھامان.

**قازانچى سۆزمەنىلىك دۇكانىدە ئۆز كەسپىنى ماختاپ شۆھرەت داشىدىن ئاۋاز چىقارغاندا مىسگەرلەر مەسخىرەنىڭ ئىگنىدە قازانچى بېشىغا ئوت قويۇپ، ئۆز قازانىنىڭ قاراسىنى يۈزىگە سۈرتۈپ رەسۋا قىلىپ شەھەر ئايلاندۇرغىنى**

قازانچىغا مىسكەر دىدى بۇ ماقال،
ئايا رۇي سىيەھ دىل سىيەھ بى كامال.
بۇ يۈز بىرلە نىدۇر تەكەببۇرلۇغۇڭ،
جاھان ئەھلىغە يەتكۈسى شۇملۇغۇڭ.
يانىڭدىن كىشى ئۆتسە سەندىن قاچار،
قاراڭنى يوقۇتما، دىبان تىل ئاچار.
كۆمۈردەك زاتىڭ بارچە مەغشۇش سەن،
سىيەرۇي، سىيەدىل، سىيەپۇش سەن،
ئىشىت بىزكى مىسكەردۇرۇر پېشەمىز،
ھەمىشە زاراپەتتە ئەندىشەمىز.
ئەگەر ئەيلىسەڭ كەسپىدىن شەمئىدان،
ئاڭا داغى پەرۋانەدەك مۇرغى جان.
ياساپ شاھلار خەيلىغە مىس تەبەق،
نى كىم مىس تەبەق بەلكى ئالتۇن تەبەق.
ئەگەر ھىرپەدىن ئەيلىسەم چايجۇش،
ئۇنى كۆرسە ھەر كىم قىلۇر تەركى ھۇش.
داغى ئەيلىگۈمدۇر ساماۋەر لىگەن،
جاھان خەلقى كۆڭلىغە سالغاي شىكەن.

**مىسگەر ئۆز كەسپى شەمئىدانىغا مەغرۇرلۇق شامىنى شەۋكەت مەجلىسىدە ياندۇرغاندا، جۇۋاجى ۋە تىككۈچىلەر شىكايەت قايچىسى بىلەن مىسگەرنىڭ يېنىپ تۇرغان شامدانىنىڭ بېشىنى كېسىپ ئەسەبىيەت نەپەسى بىلەن پۇدەپ ئۆچۈرگەنى**

چۇ مىسگەرگە بۇ نۇكتەنى جۇببەدۇز،
سۇرۇپ دىدى ئى رويى سىياھ خانەدۇز.
ساڭا كەلدى كەسپ ئىچرە مىسگەرچىلىك،
نە مىسگەرچىلىك بەلكى ئوغرى ئىلىك.
ئەگەر كىمسە ئەسباب ئۈچۈن بەرسە مىس،
ئېلىپ مىسنى ئەسباب ئەيلەپ نەپىس.
ئۇنىڭ باتنىغە قويۇپ قورغۇشۇم،
بۇ مەككارلىق قىلدى بەختىڭنى شۇم.

تىكەرمىز ھۈنەر ئىچرە بىز پوستىن،
بەرەھنە يالاڭ باشلارىغە ئىگىن.
بىلىڭ سەترى ئەۋرەت ئىشى پەرزدۇر،
شەرئىئەتتە ھەر كىمگە ئول قەرزدۇر.
رەسۇلى خۇدا دىدى ئولدۇركى ناس،
جاھان مەجلىسىدە بولۇر باللىباس.
كىشى كىيسە ئەگنى ئۇزە پوستىن،
بولۇر ئاندا «دەي» شىددىتىدىن ئىمىن.

**جۇۋىچى ئۆز - ئۆزىنى داختاش بىلەن مەنىمەنلىك تەلپىگىنى باشباشتاغلىق بېشىغا كىيىپ ئۆز كەسپى تەرىپىدە نۇكتە پەردازلىق قىلغاندا تامچى تەنە كەركىسى بىلەن جۇۋىچىنىڭ بېشىنى يېرىپ مالامەت - تاپا تەنە ئەندۇبەسى بىلەن جۇۋىچىنىڭ ئاغزىغا لاي ئۇرغىنى**

غەزەپدىن قوپۇپ تامچى ئەيلەپ خۇرۇش،
كى پوستىنچى بىرلە قىلىپ كۆپ ئۇرۇش.
دىدى نىگە بىزدىن تەقەددۇم لوغۇڭ،
قىياس ئەت، ئۇنۇتدۇڭمۇ ئۇزدۇزلوغۇڭ.
خېلىل ئەيلەدى مەككە بۇنيادىنى،
بىزە ئۆرگەتىپ كەتتى گىلكارىنى.

ماڭا كەسپ بولدى بۇ گىلكارلىق،
جاھان تاپتى ئىلكىمدە مىمارلىق.
داغى ئەيلەدىم مەسجىدۇ خانىقاھ،
كىرىپ ئاندا گۇمراھلار تاپتى راھ.
يەنە نەچچە سەنئەتكى شانىمدە بار،
بايان ئەتمەدىم ئەيلەدىم مۇستەتار.

**تامچى ئۆز شەۋكەت پەشتاقىنى پەلەك گۇنبىزىدىن ئاشۇرۇپ ماختاش ئاسمانىنى نەقىشلىگەندە موزدۇز تەنە كوۋىسى بىلەن تاپا - تەنە موزگەردىنىنى قولىغا ئېلىپ، تامچى ھۈنىرىنىڭ پەشتاقى كۈڭگىرەلىرىنى پارە - پارە قىلىشى**

نادا ئەيلەدى تامچىغا مۇزەدۇز،
ئۆز ھەددىڭدىن ئاشمائى تامچى دۇز.
ئاتاڭدەك نەسىھەت قىلاي تۇت قۇلاق،
ساڭا پىشەدۇر كۇھنا تام ئولۇماق.
ئۆزۈڭ گوئىيا لايغە پاتقان ئېشەك،
بىر ئىلگىڭدە لايدۇر ، بىرىدە كېسەك.
تەغەننى قىلۇ ئۆلمىگىل تام باسىپ،
يىقۇق كۇھنا تام ئىچرە قالما باسىپ.
مانا ئاڭلا، مەن موزەدۇز ئۇستا،

ئاياغى يالاڭلارغە كەسبىم داۋا.
مېنىڭسىز ئاياغىڭ جاراھەت دۇرۇر،
مېنىڭ بىرلە پايىڭغە راھەت دۇرۇر.
ماڭا قىلدى بۇ پىشە تەلىمىنى،
پەيەمبەر ئاراسىدە سالىھ نەبى.
بىھىشدىن ئېلىپ چىقتى ئالتۇن كوبا،
ئۇنىڭدىن ئۇڭا قالدى ئاخىر ماڭا.
بۇ پىشەمنى بىلگىل مۇئەززەم دۇرۇر،
ھەمە پىشەلەرغە مۇقەددەم دۇرۇر.

www.uyghurkitap.com



**موزدۇز ئۆز ھۈنىرى سارايىنى ماختاش ژىپلىرى بىلەن زىننەتلەپ مەنمەنلىك بازا-
رىدا جىلۋە قىلدۇرغاندا، زىلچە باپ نارازلىق پەنجەسى بىلەن ئۇنىڭ ئۆزە-چىلىك
ئۆتىكىنى سۆكۈپ ئۆزىنىڭ مۇنغۇيى بىلەن ئۆز ئاغزىنى يەملىگىنى**

غەزەپدىن دىدى زىلچەچى بۇ كالام،
ئۆزۈڭگە باقىپ سۆزلە ئى پىكرى خام.
ساڭا ھىرپە يۇ ئەردى مۇنغۇي يىمەك،
ئىشەك ساغرىسىن ئىت كەبى تىشلەمەك.
كىشىكىم بۇيۇرسا ساڭا بىر ئۆتۈك،
قىلىپ مەكرىدىن سۆزلىرىڭنى چۈچۈك.
ئالىپ نەقد رەختىن دىگەيسەن يانىڭ،
كىچە قىلغۇمەن ئەرتە بىرلە كىلىڭ.

ئەگەر كەلسە ۋەئدەڭ بىلەن ئولكىشى،
دىگەيسەن مۇھەممەدۇر بىراۋنىڭ ئىشى.
ھەمىشە بو يالغانچىلىق ۋەرزىشىڭ،
شۇڭا تاپمىغاي رەۋنىقى ھىچ ئىشىڭ.
جاھان خانىسى ئىچرە مەن زىلچەساز،
مىنىڭ بىرلە شاھ تەختىدۇر جىلۋەساز.
ئىپەك زىلچەم ئۈستىگە شاھلار چىقار،
تەھەييۇر ئىلگىن ئاغزىغا تىقار.

**زىلچە باپ ئۇستا ئۆز ھۈنىرى بىساتىنى ماختاش سۇ پاسىدا يىيىپ ماختىغاندا ئۇشتەگەر
ئۆزىنىڭ ماتالىرىنى ئاقارتىپ ماقتانچاقلىق دۇكانىغا يايغىنى**

دىدى ئۇشتەگەر ھاي ئى زىلچە ساز،
ئۆزۈڭ ھەددىدە سۆزلە كۆپ قىلما ناز.
ماڭا ئۇشتەگەرلىكنى كار ئەيلىمەك،
ساڭا كەسپ بولدى تاغار ئەيلىمەك.
ساڭا ئەيلىمەك كەلدى ئەسكى پالاس،
ماڭا بولدى مۇھتاج كىم بارچە ناس.

ساڭا رىشتەدىندۇر ئارقاق ئەيلىمەك،
ماڭا چىرك مىھنەتنى ئاق ئەيلىمەك.
ساڭا پىشە قەتئى ئەيلىمەك تارۇ پۇد،
ماڭا كەسپ ۋەسل ئەيلىمەك خۋانى جۇد.
ساڭا چەرخدىندۇر ئىگىرمەك نىسىپ،
ماڭا بولدى كەسبىمدە ئىززەت قىرىپ.

**ئۇشتەگەر ئۆز ھۈنىرى تەنتەنەسىدە مەدھىلەش خامىنى تىل تاختاسىدا سىرگەندە
بوياقچى تەئنە پەشۋاسى بىلەن ئۇنىڭ ھەشەمەتلىك ماتالىرىنى يىرتىپ ئۆز ھۈنىرى
كۈدىكى بىلەن ئۇشتەگەرنىڭ گەردەنكەشلىك خامىغا پەشۋا بىرىشى**

بوياقچى تىلىن چەكتى ئى ئۇشتەگەر،
ئۆزۈڭنى نىدىن ئەيلەدىڭ مۇئتەبەر.
كۆرەرسەن ئۆزۈڭدىن بەلەندلەرنى خار،
دىگىل راست نۇش ئەيلەدىڭمۇ شاخار.
سۆزۈڭدىن كۆرەرمەن دىماغىڭ پۈتۈر،
بولۇپسەن جۇنۇن قالماي ئەقلىڭدە نۇر.
قوپۇپ تىز بولغىل ھىكىم ئىزلىگىل،
بۇ دەئۋانى مۇندىن كىيىن دىمەگىل.

مىنىڭ ۋەرزىشىم ئاڭلا ھوشۇڭ بىلەن،
ئۆزۈڭ توختاتىپ تىڭلا گۆشۈڭ بىلەن.
جاھان باغىدا ھەرنە رەڭ كۆرگەسەن،
مىنىڭ كەسبىم ئەردى بارى بىلگەسەن.
مۇئەللىم ئىدى بىزگە ئىيسا نەبى،
قالىبدۇر ئۇنىڭدىن ماڭا بىر خۇمى.
كى كۆكلۈك تىلەر بولسا ھەر نىمە رەڭ،
خۇمىدىن چىقارغۇم ئۇنى بى دەرەڭ.

**بوياقچى ئۇستا بوياقچىلىق بايرىغىنى كۆتۈرۈپ ئۆزىنىڭ شان ـ شەۋكەت رەڭلىرىنى داغدۇغا تاناسىغا يايغاندا، سەرراج ئۆز كەسپى سانداقىنى بېلىگە باغلاپ، مەدھىيە يۈگىنىنى باشباشتاقلىقنىڭ تۇسۇن ئاتى بېشىغا سېلىپ، سۆز مەيدانىدا يۈگۈرتىشى**

بوياقچىغا سەرراج تەئن ئەيلدى،
مالامەت تىلى بىرلە لەئن ئەيلدى.
دىدى ئى بوياقچى ئۆزۈڭگە قارا،
كى ئىلكىڭ قارا، بەلكى كۆڭلۈڭ قارا.
ساڭا بەرسە ھەر كىم ماتائى نەپىس،
خىيانەتنى كۆڭلۈڭگە ئەيلەپ ئەنىس.
ئالىپ ئانى رەڭگىن قىلىپ ئۆزگە خام،
بېرۈرسەن دىيانەتمۇ ئى پىكرى خام.

نەسىھەت قىلاي مەن ساڭا ئى نېدىم،
دىيانەتنى كۆڭلۈڭدە تۇت مۇستەقىم.
دىيانەتتە ئىككى جاھان باردۇر،
خىيانەتتە ئالەم ئارا خاردۇر.
غازات ئەھلىگە ئەيلىگۈم ساغداق،
داغى ئەيلىگۈم كىسە بىرلە ياراغ.
ياساپمەن ئۇلۇغ پادىشاھلار غەزىن،
ماڭا يەتتى شاھ لۇتپىدىن كۆپ قالىن.

**سەرراج ئۆز ھۈنىرى مەدھىيەسىدە سۆزمەنلىك قىلغاندا باسمىچى ھەم ئۆز كەسپى شەنىدە رەڭمۇ ـ رەڭ نەقىش ئاشكارا قىلىشى**

زابان چەكتى سەرراجغا باسمىچى،
ئۆزۈڭگە باقىپ سۆزلە ئى تاسمىچى.
ساڭا نىگە مۇنداغ ئۇلۇغ سۆزلاماك،
بۈيۈكلەر ماقامىن نىدۇر كۆزلاماك.
كىشىگە توقۇم ئەيلەمەك فەخرىمۇ؟
ھايا يوق ۋۇجۇدۇڭدا بىر تارمۇ؟
بەقەر چەرمىنى تاسما تىلماق ئىشىڭ،
بۇ ھىرپە ئارا ئۆتتى يازۇ قىشىڭ.

ھەرىر ئۈزرە نەقىش ئەيلەمەكدۇر ئىشىم،
كامايەنبخى ئەقلدۇر ۋەرزىنىتىم.
ھەرىر ئۈزرە كۆپ نەقشلەرنى سىزىپ،
قىلىپ باسما، چىن گۈللىرىنى تىزىپ.
كىشى كەسپىمە سارى قىلسا نەزەر،
تەئەججۇپىدىن ئانداغ ئۆزىدىن كېتەر.
كى ئايغاي بۇ ئىش كەسبى ئىنسان ئېمەس،
كىشى كۆرسە ئىنسان قىلىپدۇر دىمەس.

**باسماچى كاسىپ ئۆزىنىڭ دانالىق تاۋارىغا ئىپتىخار بازارىدا خېرىدار ئىزدىگىنىدە، تۆگۈرمەنچى تەنە ـ تاپىنىڭ مىتىنى بىلەن ئۇنىڭ باسمالىرىنى يىرتىپ ئۆز كەسپى قوپارغۇسى بىلەن باسمىچى شان ـ شەۋكىتىنىڭ بېلىنى سۇندۇرغىنى**

تۆگۈرمەنچى چەكتى غەزەبدىن زابان،
خىتاپ ئەيلەدى باسماچىغا ئايان.
دىدى باسماچىغە تۆگۈرمەنچى سۆز،
كى ئى رۇي سىيە ئەقلى يوق، تامغا يۈز.
ئۆزۈڭ خىسلىتىنى ئۆزۈڭ دىگاسەن،
ھاماقەت خىيالىڭدا دۇر بىلگاسەن.
ئۆزىن داملاماقدۇر ھاماقەت ئىشى،
بۇ سۆزنى قوبۇل ئەتكەي ئاقىل كىشى.

ئىشىت باسماچى پىشەم ئەيلەي بايان،
ساڭا كەسىپ ھالىنى ئەيلەي ئايان.
ماڭا پىشە بولدى تۆگۈرمەنچىلىك،
مېنىڭسىز تاپار بارچە پەژمۇردەلىك.
تۆگۈرمەن ئىشىكدە بارچە ئەسىر،
ئۇن ئالماق ئۈچۈن ئەھلى ئالەم يەسىر.
پەلەك دەۋرىدەكدۇر تۆگۈرمەن تاشى،
ئۇنىڭدىن يېتەر ئەلگە نانۇ ـ ئاشى.

يوق ئەرسە تۆگۈرمەن نە ئەيلەر جاھان،
مۇھەققەت جاھان ئىچرە مەئدۇم خان.
تۆگۈرمەن يوق ئەرسە نىچۈك ئەيلەگۈك،
تاۋۇقدەك يىرىك دانەلەرنى يىگۈك.
تۆگۈرمەن ئەگەر بولمىسا قايدا نان،
ياتىپ ئۆلگۈك ئەردى دىبان نان ـ نان.

**تۆگۈرمەنچى ئۆز كەسپى تاشلىرىنى مەدھىيە تىلىنىڭ سۆيى بىلەن ئېيتىپ سۆزلەگەندە، جۇۋازچى ھەم ئۆز كەسپى جۇۋازىنى دەنمەنلىك ئۆكۆزى بىلەن دەيدەپ تۆگۈرمەنچىنىڭ مەدھىيە تاشلىرىنى توختىتىپ قويغىنى**

جۇۋازچى تۆگۈرمەنچىغە بۇ كالام،
دىدىكىم يىدىڭىۇ كۇماچىڭنى خام.
دىگىلكىم قوساق ئەستىىۇ خام كۇمەچ،
كىشى ھەققىنى كۆلگە بۇلغاپ يىگەچ.
سىنىڭ بولدى پۇستەكچىلىك ۋەرزىشىڭ،
تۆگۈرمەن ئارا ئۇن تالاشماق ئىشىڭ.
ساڭا ھىرپە كەلدى تۆگۈرمەنچىلىك،
ماڭا كەسىپ رەۋشەن قىلىپ، تىرەلىك.
ياغىدىن قاراڭغۇ ماكان تاپتى نۇر،
ئەگەر بولمىسا ياغ بولۇر خانەگۇر.
پەتىلە بىلە رەۋشەن ئولىباس چىراغ،
مۇھەققەق ئەگەر بولمىسا ئاندا ياغ.

**جۇۋازچى ئۆز كەسبى مەدھىيەسىدە ياغ چىقىرىپ مىننەت كۆپىگە تولدۇرغانىدا، قاساپلار تەنە ـ مەلامەت پالتۇسىنى غەزەپ قولىغا ئېلىپ جۇۋازچىنىڭ چوڭ سۆزلۈك كۆپىنى چىقىپ يېغىنى بوشقا ئېقىتىپ ئەتكىنى**

قوپۇپ سوردى قاساپ مۇنداغ كالام،
كى ئى ياغچى قىلغىل سۆزۈڭنى تامام.
ئىشىت ئەمدى كەسبىڭ بايان ئەيلەرەم،
ئۆزۈم پەزلىنى ھەم ئايان ئەيلەرەم.
نەدۇر ئۆز خىيالىڭ ئۆزۈڭ ئەيتماقىڭ،
ماڭا پەخىر ئېيتارسەنىۇ ئاچچىغ ياغىڭ.
سۆزۈڭدىن ماڭا يەتتى بەدبۇيلۇق،
ۋۇجۇدۇڭدا يوق سەندە خۇشخۇيلۇق.
يىمەك كۆنجۇرا نان كەبى ئادىتىڭ،
سەبەپ بۇكى ئويلار بىلە ئۆلپىتىڭ.
ئېيەس ئەردىمۇ ھىرپىڭىز ياغچىلىق،
نەدىن كەسبىڭىز بولدى يالغانچىلىق.
ماڭا يەتتى كەسىپ ئىچرە قاساپلىق،
يىتۇردۇم جاھان ئەھلىغە تابلىق.
غەنەم لەھمى ئىلكىمدە بولدى ھالال،
شەرىئەت ئىشىن ئەيلىدىم باكا مال.

**قاساپ ئۆز ھۈنىرىنىڭ قۇيرۇق ياغلىرىنى تەئرىپ كانارىسىغە چىقىرىپ، ئەجەپلەنىش ـ پەخىرلىنىش بازارىدا خېرىدار ئىزدىگىنىدە باققال ھەم ئۆز ھۈنىرى دۇكانىنى مەدھىيە نۇقلەسى ۋە تەئرىپ پىستەلىرى بىلەن بېزەكلەپ قاساپنىڭ باشباشتاغلىق كاللەسىنى ئۆز گورداڭغا تىققىنى**

غەزەپ ئوتى باققالغە بەردى تاپ،
دىدى ئى پوكانچى سۆزۈڭدۇر گازاپ.
ئۆزۈڭ كەسبىگە قىلماغىل مۇنچە ناز،
غەنەم خەيلىغە بولغاسەن زۇلمى ساز.

خىيانەت بىلەكىم قىلۇرسەن تاشلىڭ،
كېسەرسەنمۇ تىغلىڭ بىلە ئۆز باشىڭ.
ماڭا بولدى باقاللىق چۈن ھۈنەر،
كى ئالدىمدا باردۇر بارى مىۋەلەر.
مېۋىزۇ، شىكەر، نۇقلە، پىستە، نابات،
ھەسەل، شىرنى ھەمچۈن ئابى ھايات.
بېھى، سىب، ئەمرۇد، داغى ئانار،
يانا سىركە، تاربۇزۇ خەربۇز بار.
ياسالدى دۇكانىمدا گويا بىھىشت،
جاھان خەلقى ئىلگىدە راھەت سىرشت.
كى مۇز بىلە يەخ ئاپ، سەرتان چاغى،
ئىچىپ جىسمىغە كىردى يېڭى جان داغى.
جاھان خەلقىغە خۋانى رەھمەت ئاچىپ،
داغى بەھساپ نازۇ نىمەت ساچىپ.

**باققال ئۆز مىۋىلىرىنى سۈپەتلەپ داغدۇغا سۇپاسىغا تىزىپ، ھاۋىچىغە ئوخشاش پەرياد-پىغان قىلغاندا ئەبرىشىمكارنىڭ جان تومۇرلىرىغە تولغۇنۇش تۈشۈپ، ئۆز سەنئىتى كالاۋەلىرىدىن باققالنىڭ گەردىنىگە سالغۇ تاشلىغىنى**

تۈشۈپ ئەبرىشىمكارغە پىمتاپ،
غەزەبدىن قوپۇپ قىلدى مۇنداغ خىتاپ:
كى ئى كەسپكار ئىچرە شەلغەم پۈرۈش،
ساڭا نىگەدۇر مۇنچە قىلماق ئۇرۇش.
شاراپەت دىيارى ئارا ئەھلىمەن،
جاھان ئىچرە بى شەر نا ئەھلىسەن.
ئەدەپ بىرلە بول، بولماغىل ھىرزە گۈي،
ئەدەپ باغىدىن تاپمادىڭ زەررە بۇي.
ساڭا كەسىپ بەد پېئىل بەدكارلىق،
ماڭا كەسپدۇر ئەبرىشىمكارلىق.
مېنىڭ مەھشۇتۇم كۆر، ئوتتۇز ئىككى رەڭ،
بۇ يەڭلىغ كى گۈلزار ئارا رەڭمۇ-رەڭ.
ئىپەك بىرلەچىن ئەھلى مەنپۇ سىزىپ،
داغى ھىندۇ، كەشمىر «پابتۇ» سىزىپ.
ئىپەك زىلچە ئەيلەپ ھىراتۇ پەرەڭ،
بارىسىغا مەندىن يېتىپ شۇخ رەڭ.

**ئەبرىشىمكار ئۆز ھۈنىرى ئىپەك ژىپلىرىنى رەڭگا-رەڭ قىلىپ، تەنتەنە بازارىدا پەرداز ئەيلىگىنىدە، تاۋاقچى تەنە چاقىغا ھەركەت بېرىپ مالامەت خۇمدانىدا ئىپەكچىنىڭ ژىپلىرىنى كۆيدۈرگىنى**

تەبەقچى دىدى ئەبرىشىمكارغە،
كى ئى يىپچى پەخر ئەيلىمە تارغە.
ئەگەر رىشتەدىن فەخرى قىلماق يېتەر،
قېرى دەللە ھەم رىشتەدىن پەخر ئېتەر.
بۇ ھىرپەڭنى بىرگە سەنەد ئەيلىمە،
ئۆزۈڭنى قوبۇل بىزنى رەد ئەيلىمە.
كېلىپ ئاڭلىغىل پىشەم ئەيلەي بايان،
مېنىڭ بىرلە رەۋنەق تاپار بۇ جاھان.
مېنىڭ بىرلەدۇر شاھلار راھتى،
دىمەي شاھ بەلكىم گاداي ھاجىتى.
پىيالەمدە نۇش ئەيلىگەيلەر شاراب،
تاباقىمدا ئەكل ئەيلىگەيلەر كاباب.
ساراھىمنى كۆر مەجلىس ئىچرە ئايان،
پاراغەت قۇشىغە ئىدى ئاشيان.
پىيالەم ئەتا قىلدى ساقىغە جاھ،
خۇمار ئەھلىغە بولدى پۇشتى پاناھ.
كى شاھ كاسەلەردە پولۇنى قويۇپ،
نەچە خەلق بولسا ئۇنى يەپ تويۇپ.
بۇ كەسبىمدە شاھ تەختى پەيدا دۇرۇر،
مېنىڭ شاھ شانىم ھۆۋەيدا دۇرۇر.
ئېيتىپ رەشك چىن ئەھلى پەژمۇردەھال
بولۇپ ئەقلى لال مەئدۇم تىلى گۈڭگى لال.

**تاۋاقچى ئۆز ھۈنىرى پىيالىلىرىنىڭ سۈپەت تەرىپىنى كۆڭۈل خۇمدانىدا تەييارلاپ تىل سۈپەسىدە زىننەتلىگىنىدە، سىرچى ۋە كىمسەنچىلەر تىل قەلەمى بىرلە نەققاشلىق مەدھىيىلىرىنى بېزەكلەپ، تاۋاقچىنى ھەيرانلىقتا سالغىنى**

تاباقچىغا كىمسەنچى كۆپ قىلدى تەئن،
داغى بىر تەرەپ سىرچى ھەم چەكتى لەئن.
بىرى ئەيدى ئۆزنى ئۇلۇغ تۇتمە ھاي،
يېدىڭمۇ دىدى بىرسى خۇمداندا لاي.
بىرى دىدى: ئەيغىل تەبەق نەچچە پۇل،
بىرى ئەيدى: زاتىڭدۇر بەد ئەسلى قۇل.
بىرى ئەيدى: پەخر ئەيلىگۈڭمۇ تەبەق؟
بىرى ئەيدى: نۇش ئەيلىدىڭمۇ ئەرەق؟
تەبەقچىغا كۆپ ھەزل ئېيتىپ ئىككىسى،
تەمەسخورلار ئەيلەپ كېلىپ كۆلگۈسى.
بايان ئەيلىدى سىرچى ئۆز پىشەسىن،
ئايان ئەتتى كىمسەنچى ئەندىشەسىن.
ئىشت ئى تەبەقچى بىزنىڭ ۋەسپىمىز،
جاھان ئىچرە نەققاشلىق كەسبىمىز.
ئەگەر تارتسام نەقشىدىن سۈرەتى،
ۋەگەر نەقش قىلسام ئەجەپ ھەيئىتى.
نوقۇشۇمغە چىن ئەھلى ھەيران ئېرۇر،
پەرەڭ خەيلىنىڭ كۆڭلى ۋەيران ئېرۇر.

**سىرچى ۋە كىمسەنچىلەر ئۆزلىرىنىڭ كامالەت ۋە نەقش، كىمسەنلىرىنى ئاسمان تامىدىكى شەپەق ۋە يۇلدۇزغا ئوخشاش زىننەتلىگىنىدە، ساغرىچى ۋە شالگەر ئۆز ھۈنەر تىغلىرىنى قولغا ئېلىپ ئۇنىڭ نەقش ۋە ئالتۇن ھەل بەرگەن تەخسىلىرىنى قىرىپ تاشلىغىنى**

دىدى شالگەر ساغرىچى بىر بولۇپ،
كى ئى سىرچى، كىمسەنچى ئىتەك ھۇلۇپ.
ھەمىشە ئۆزۈڭ ۋەسپىنى دىگەسەن،
مۇقەررەر بىلندىكى بەڭ يېگەسەن.
ساڭا كەسىپ تاملارغە سۈرەت چېكىپ،
نەچچە بەد نامارەڭ ھەيئەت چېكىپ.
كىشى سۈرەتى چەكسە دىۋارغە،
ۋەيا ھەيئەتى ئەيلىسە دارغە.
مۇسۇلمان ئوشۇل ئۆينى بۇتخانە دەر،
چۈ دىن ئىچرە نەققاشنى بىگانە دەر.
ئەگەر كەسپىدىن دىنغا يەتسە پۇتۇر،
ئۆزۈڭدىن ئوشۇل كەسىنى ئەيلەدۇر.
كىشى كەسبكار ئىچرە كۆرسە ئەلەم،
بولۇر روزى مەھشەردە ساھىب ئەلەم.
ماڭا بولدى كەسپ ئىچرە مېھنەت نىسىپ،
ئەجەپ يوق ئەگەر بولسا راھەت قەرىپ.

**شالگەر ۋە ساغرىچى ئۆز ھۈنىرى تىغىرسىنى تارانلاپ دەنمەنلىك گەردىشىگە تارتىپ، كاسىلار يىغىنىدا داپ چالغاندا، بورىياچى تاپا-تەنە قوەۇشنى قولغا ئېلىپ، تاپا-تەنە بورىياسىنى توقۇپ شالگەر دېمەنى يارغىنى ۋە ساغرىچىنىڭ ساغرىسىنى يىرتقىنى**

قوپۇپ بورىياچى سۇرۇپ نۇكتە سۆز،
دىدى ساغرىچىلارغە بۇ نۇكتە سۆز.
بىرىڭ ساغرا ئەيلەپ ئېشەك ساغرىسىن،
بىرىڭىز كىرىپ باخشىلار ناغراسىن.

غەزەلچىغە جەرمەندە تەييار ئېتىپ،
داغى باخشىلار داپلىرىن بەركىتىپ.
بۇ پىشە بىلە سىزگە يوقتۇر كامال،
مۇقەررەر بىلىڭ جانىڭىزغە ۋابال.
ماڭا كەسبدۇر ئەيلىمەك بورىيا،
نىدىنكىم دىلىم ئىچرە يوقتۇر رىيا.
بولۇر بورىيا مەسجىد ئىچرە بىسات،
ئۇنىڭدىن يېتەر پەقىر ئېلىگە نىشات.
ئوقۇپ بورىيا ئۈزرە زاھىد ناماز،
داغى ئەھلى ھاجەت ئەيلەپ نىياز.
ئۇلار تائىتى بولسا شايەد قوبۇل،
ماڭا ھەم بولۇر زەررە ئاندىن ۋۇسۇل.

**بورىچى ئىتائەتسىزلىك قوەۋشى بىلەن ئۆز يەزىلىتى بورىسنى توقۇپ، رىيا مەسجىدىگە يايغىنىدا كىگىزچىلەر تەئنە مۇشتىگىنى كۆتۈرۈپ غەزەپ چىغىدا بورىچىنى يۆگەپ تەپكىنى**

نەمەدمان غەزەبدىن قوپۇپ ئۇشبۇ ھال،
دىدى بورىياچىغە ئانداغ ماقال:
كى ئى بورىياچى ئەسرۇ ناز ئەيلىمە،
قۇمۇشدەك باشىڭنى پاراز ئەيلىمە.
تاۋازۇئ تەرىقىدا ئەيلەگىل ئۆزنى خەم،
بولۇر ئاقىبەت مەرتىۋەڭ ھەمچۇجەم.
قومۇشدەك باشىڭ ئەيلەسەڭ سەر پاراز،
باشىڭ بورىيا بولغۇسى قىشۇ - ياز.
مېنىڭ كەسبىم ئاڭلا نەمەد ساز ئىدىم،
ئۇلۇغلارغە كەسىپ ئىچرە ھەمراز ئىدىم.
نەمەدسىز بويۇتلارغە ۋەيرانەلىغ،
نەمەد بولسا ئۆيلەرگە پەرزانەلىغ.
داغى ئەيلەگۈم نەقش ئىلە جايناماز،
تاھارەت بىلە ئولتۇرۇر ئەھلى راز.
ماڭا كەلدى كەسبىم ئارا پاكلىق،
دىلىم - غەمىلىكۇ چەشىم نەمناكلىق.

**كىگىزچىلەر پەخىرلىنىش جايىنامازلىرىنى بېزەكلەپ، ساختالىق نامازىنى يىغىنىدا نامايىش قىلغانىدا، سوپۇنچى ئۆز ھۈنەر سوپۇننى تاپىيارلاپ كىگىزچى دىلىدىكى كىر قاسماقلارنى يۇيۇپ تازىلىغىنى**

سابۇنچى نىدا ئەيلەدى بۇ تەرىق،
نەمەدمان سارىگە دىدى ئى رەپىق.
ساڭا كەسپ پەشمىنە ئاتماق بولۇپ،
ئۇنى مەكر ئەيلەپ قاتۇرماق بولۇپ.
بۇ ھىرپەڭدە دىشۋارلىق كۆرگەسەن،
ئۆزۈڭ مېھنىتى ئۆزۈڭ بىلگەسەن.
جاھان ئىچرە كەسبىڭدە يوقتۇر نىشات،
بۇ مېھنەتكە كۆپ قىلماغىل ئىختىلات.
ماڭا كەسپ كەلدى سابۇن سازلىق،
ھۈنەر ئىچرە قىلدىم تەكۇ سازلىق.
بارى چىرىك مېھنەتنى پاك ئەيلەدىم،
جاھان ئەھلىنى پەرەھناك ئەيلەدىم.
سابۇن قىلدى مېھنەت كويىدىن يىراق،
بارى كەسپدىن كەلدى مەرغۇ بىراق.
سابۇن بولدى مېھنەت ئېلى ھاجىتى،
كۆرۈڭ ھىرپەمىز لۇتفى خاسىيىتى.

**سوپۇنچى ئۆز سوپۇننى ماختاشتا سۇخەندانلىق كۆرسەتكىنىدە، قۇرچى ئۇستا ھەم ئۆز كەسپىنىڭ ياخشىلىقلىرىدا بىرمۇنچە سۆز توقۇغىنى**

چۇ قۇرباپ سۆردى بۇ رەڭگىن ماقال،
سابۇنچىغا دىدى ئى بەد خىسال.
نىدىن مۇنچە ئۆزنى ئاشۇرماق ساڭا،
ھاۋا ئۇستىدە نىگە ئۇچماق ساڭا.

www.uyghurkitap.com

قازانغا ياغلىك بىرلە سالدىك شاخار،
داغى ھەرنىچۈك نەرسەلەر ئاندا بار.
ئەگەر پەخرى بولسا بۇ كەسبىك ساڭا،
ۋەلى ئار كەسىپ ئەھلىگە ھەم ماڭا.
مېنىڭ ۋەرزىشىمدۇر كەمەر بەندلىغ،
بۇ كەسبىمدە شاھلارغە دىلبەندلىغ.

ئىشتىكىل توقۇرمەن ئىپەك بىرلە قۇر،
بۇ كەسبى كامالىمدا يوقتۇر پۇتۇر.
ئۇنىڭ بىرلە شاھلار بېلىن باغلىغاي،
باھاسىغا دۇنيا يۈزىن چاغلىغاي.
بۇ ئىشدىن بولۇپ كى شاھلارغە خاس،
تەلەتتۇپ بىلە قىلدى غەمدىن خالاس.

قۇرچى ئۆز ھۈنىرىنىڭ ئۇلۇغلىقىنى مەدھىلەپ تەئرىپ يىپارىدىن مەنمەنلىك قۇرىنى توقۇغاندا، سەرتاراش تەنە ئۇستۇرادى بىلەن ئۇنىڭ يىپارىنى كەسكىنى

دېدى قۇرچىغا ئۇشبۇ سۆز سەرتاراش،
دېمە كىبرلىك سۆزنى ئى باغرى تاش.
زەنان زۇلپىغە ئەيلىگۈك ساچ باغى،
دېمەي ساچ باغى بەلكى ئىشتان باغى.
نەسىھەت قىلاي ئەيلەگىل ئىستىماە،
مەنىيەت ھاۋاسىغا قىل ئەلۋەداە.
ۋۇجۇدۇڭدا يوق زەررە ياخشى سىپات،
ئۆزۈڭ ۋەسپىڭ ئەيتماقتا يوقمۇ ئۇيات؟

ماڭا كەسبدۇر سەرتاراش ئەيلىمەك،
باشىڭ مېھنىتىنى پەرراش ئەيلىمەك.
ئەگەر بولمىسا سىزگە بۇ ھىرپەمىز،
زەنانلار كەبى ساچىڭىز ئۆرگەسىز.
ئەگەر يوق ئىسە مۇي لەبىغە دۇكارت،
ئۆزۈڭنى جوھۇتلار قاتارىغا قات.
ئەگەر بولسا كەسبىم جاھاندا ناھان،
باشىڭنى قىلۇر مۇرغىلار ئاشيان.

سەرتاراش ئۆز ھۈنىرى دۇكاننى تىل قولىغا ئېلىپ، دۈشنى-جادالى كامالىغا زىننەت بەرگىنىدە ئاتقۇچى تەنە مۇشتەسى بىلەن سەرتاراشنىڭ بېشىغا ئۇرغىنى

ئېلىپ ئىلكىگە ئاتقۇچى مۇشتەسىن،
دېدى سەرتاراشقە بۇ نۇكتەسىن.
كى ئى سەرتاراش ھەددىڭگە ئاشماغىل،
سۆزۈم ئاڭلابان گەچكىنا قاشلاغىل.
ساڭا ھىرپە كەلدى «ئەخەسسۇلخەسىس»
نىدىن كەلدى مۇنچە ساڭا بۇ قەسىس؟
ساڭا كەلدى گۆدەكنى خەتنە ئەيلەمەك،
قوپۇپ جۇستىجۇ بىرلە تۇرمەك بىلەك.

ساڭا «خۇسىيەقەتنە» ئەيلەمەك پەخرمۇ؟
ھايا يوق ۋۇجۇدۇڭدا بىر تارمۇ.
ئىشتىكىل كى ئانداق ئۇلۇقدۇر ئىشىم،
ماڭا پۈتبە يەزمەك كېلىپ ۋەرزىشىم.
مېنىڭ بىرلە تاپتى بارى رەۋنىقى،
جاھان ئىچرە نى پاجىرۇ مۇتتىپقى.
مېنىڭ بىرلەدۇر بىۋەلەر چەرخى ھەم،
داغى باپكار ئەھلىنىڭ نەرخى ھەم.

ئاتقۇچى ئۆز كەسبى دۇكاندا تىل يىپارىنى مەدھىيە زىپىگە ئۇرۇپ چوك سۆزلەك بىلە پاختا ئاتقاندا، زەيتاپ ھەم ئۆز كەسپى تارەلىرىنى داغدۇغا ساتارىغە سېلىپ تىل ناخۇنى بىلەن ناۋاغا كەلتۈرۈپ، ئاتقۇچىنىڭ دىلىنى ئاتماغىنى

چو زەيتاپ قىلدى تەكەللۇم ئايان،
دېدى ئاتقۇچىغا بۇ سۆزنى بايان:

كى ئى ئاتقۇچى خۋاجەلىق ساتماغىل،
ئېغىز بىلە پاختەڭنى كۆپ ئاتماغىل.

هەمىشە زانالار بىلە ئۇلپەتلىك،
ئۆتۈپ كەتتى پەسىق ئىچرە كۆپ پۇرسەتلىك.
بۇ كەسىپ ئىچرا ئۆمر ئۆتسە هالىڭغە ۋاي،
داغى پەخر ئېتەرسەنمۇ ئەي بەدناماي.
مېنىڭ بىرلە بولدى ساڭا كەسىب كار،
ساڭا رۇددىن ئەيلەدىم نەچچە تار.
ماڭا يەتتى كەسىپ ئىچرە زەيتابلىق،
زاراپەت تەرىقىدا ناياپلىق.
مۇغەننى بىزنىڭ رىشتەدىن ساز ئېتەر،
ناۋا سازلىقدىن بېسى ناز ئېتەر.
دىلنى خاراش ئەيلىگەي ئۇشبۇ تار،
كىشىكىم ئىشتىسە رابابۇ ساتار.

**زەيتاپ ئۆز كەسىبى ئۇچەيلىرىنى تەئرىپ قولى بىلەن تولغاپ مەنىمەنلىك ساتارىغا تاج قىلىپ، هۇنەرۋەنلەر يىغىنىدا چېلىشقا باشلىغاندا، كۆنچى هەم ئۆز هۇنىرى تېرىسىنى نەۋبەت ناغرىسىغا تارتىپ، ئىگىز ناغراخانەسىدا شادىيانە چالغىنى**

دىدى كۆنچى زەيتاپقا بۇ خىتاپ:
كى ئى زەيچى زۇرۇڭغە كۆپ بەرمە تاپ.
ئۇزۇلگەن ئۇچەينى ئەسرۇ تاب ئەيلەمە،
هۇنەر يولىدا كۆپ شىتاپ ئەيلەمە.
سېنىڭ كەسبىڭ بولدى كامانغا چىلە،
كامان تىرى تۆكتى خۇنىن بىگۇنە،
مۇغەننى چالۇر رىشتەڭىزدىن راباب،
بۇ كەسىپ ئەيلەمەكدىن ساڭا يوق ساۋاب.
مېنىڭ كەسىبىم كۆنچى كامال ئەيلەمەك،
بارى جىلىدلارنى هالال ئەيلەمەك.
كى رەختىم بىلەن بولدى جىلدى كىتاپ،
ئىشتىكىل كى هىرپەمدە كۆپدۇر ساۋاپ.
ئاياغى يالاڭ كيدى مەندىن ئۆتۈك،
كىشى كيىسە بولماس ئاياغى تۆشۈك.
قىلىپ ئەسپلەرغە توقۇم خاسۇ ئام،
كى رەختىم بىلە ئەيلەدىم هەم بىكام.
داغى خار خاشاكدىن ئىجتىناپ،
قىلىپ كەپش كيەرلەر هەمە شەيخۇشاپ.
دىباغەت بىلەن ئول مۇيەسسەر بولۇر،
يوق ئول خام قېشىدىن مۇقەررەر بولۇر.

**كۆنچى ئۆزكەسپى يولىدا مەدهىيە قىرىمى ۋە سۆپەت بولغارلىرىنى ئىمكانىيەت بازارىدا بايلىق سۆپاسىغا قويدى، خىشچى ئۆز شەخسيىتىنى يوق قىلىپ، هەسرەت يېشىدىن نادامەت چاڭ توزانلىرىنىقوزغاپ ۋۇجۇدى تۇپرىغىنى ئارىلاشتۇردى ۋە دىل قەلبىغە مۇهەببەت خىشىنى قويۇپ، پەقىرلىق يار بېشىدىن شەۋكەت تەختىغە يەتتى، بەلكى ئاقىۋەت يۇرتىدا ماكان تۇتتى**

دىدى خىشچى ئەشكىن تۆكۈپ بۇ كالام،
كى ئى كۆنچى ئەيلەپسەن ئۆمرۈڭ تامام.
داغى سەن بۇ كەسبىڭنى پەخرى ئەتكەسەن،
ئەجەل نەۋبىتى يەتسە سەن نېتكەسەن.
جاهان كەسىپ چاغىڭغە دامى بالا،
جاهان ئەهلى بۇ دامغا مۇپتالا.
ئەگەر كەلسە بىر كۈن ئەجەل نەۋبىتى،
قالۇر مال پەرزەنتىنىڭ ئۇلپىتى.
ئىشتىكىل بۇ ئىشدىن ساڭا بەهرى يوق،
بارۇرسەنمۇ ئۇفاغ، دىلتەڭ قۇرۇق.
بەسى يىغلا هالىڭغە ئۇشبۇ زامان،
نادامەت بىلە قىل پىغانۇ ـ پىغان.
كۆزۈڭدىن يىراق ئەت غۇبارى هەۋەس،
دىلىڭ رەۋشەن بولماققادۇر ئۇشبۇ بەس.
ماڭا كەلدى كەسىبىمدە كۆپ خۋارلىق،
كى خىشت قۇيماق ئىلە چېكىپ زارلىق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قۇيۇپ خىشت مەن ئاب، تۇپراق بىلە،
كىشی هەققىدىن خالی، دەشت باغ ئىلە.
ماڭ بولدی كەسىپ ئىچرە مېهنەت نىسىپ،
ئەجەپ يوقكی بولسا پاراغەت نىسىپ.

كىشی چەكسە مېهنەت بۇ دۇنيا ئارا،
مۇقەررەركی راهەتتۇر ئۇقبا ئارا.
ئايا كاسىبا سال تەكەللۇمغە گۇش،
دىماغىڭدا گەر بولسا بىر زەررە هۇش.

**خىشچی دۇنيا كەسىپ كارىنىڭ مەڭگۇ ئەمەسلىگىنی، ئۆز شەخسىيىتىنی يوقۇتۇشنىڭ مەڭگۇ راهەت ۋە ئاۋاتلىغىنی هۇنەرۋەنلەرنىڭ يىغىنىدا بايان قىلغىنىدا، هۇنەرۋەنلەرنىڭ قەلبی جوش ئۇرۇپ كىبىر زۇننارىنی ئۈزۈپ تاشلاپ، ئۆزلىرىنی كەمتەر تۇتۇپ خىشچىدىن سوئال سورىغىنی ۋە ئۇنىڭدىن جاۋاپ ئىشىتكىنی**

باری ئەهلی كەسىپ ئاڭلدی بۇ ماقال،
بۇ سۆزلەرگە تەسلىم ئېتىپ بولدی لال.
قوپۇپ بارچەسی ئەرزهال ئەيلدی،
ياشىن ئاققۇزۇپ بۇ ماقال ئەيلدی:
كی ئی خىشچی زاتىڭ مۇبارەك خىسال،
سۆزۈڭ سالدی بىزلەرگە كۆپ ئىنپىئال.
كېرەم ئەيلەگىل بىزگە بولغىل ئەمىر،
فانا كەسپىن ئەيلەردە ئۇستاد پىر.
تۇتۇڭ ئىلگىمىز ئەقلىمىز خىرەدۇر،
هىدايەت قىلىڭ كۆڭلىمىز تىرەدۇر.
ياقا چاك ئېتىپ يىغلابان بارچەسی،
تاپىپ خىشچىدىن مەئرىپەتنىڭ ئىسی.
باری ئۈزدىلەر كىبری زۇننارىنی،

جاهاندىن كېچىپ ئىزدىدی يارنی.
دىدىلەر دەرىغا، دەرىغا، دەرىغ،
ئايا خىشچی لۇتف ئەيلەگىل باش قاتىغ.
بايان ئەيلدی هەر بىری ئەرزهال،
ئەدەپ بىرلە سوردی ئۇنىڭدىن سوئال.
چۇ دىخان دىدی خىشچىغا بۇ نوكات،
كی ئی مۇردە دىللارغە ئابی هايات.
قىلىپمىز جاپا بىرلە دېهقانچىلىق،
ئۆتۈپ ئۆمرىمىز يەتتی ۋەيرانچىلىق.
بۇ مەزرەئدە ئەسرۇ جاپاكار بىز،
مۇشەققەت يۈكىگە سازاۋەر بىز.
بۇ كەسىپ ئەيلەمەكدىن بولۇرمۇ ساۋاپ؟
ۋە يا هەشىر ئارا بارمۇ بىزگە ئازاپ؟

## خىشچىنىڭ جاۋابی

چۇ دېهقانغە خىشچی جاۋاپ ئەيلەدی،
هىدايەت سۆزىن بی نىقاپ ئەيلەدی.
دىدىكىم سوئالىڭغە ئەيلەي جاۋاپ،
ئەدەپ بىرلە بول ئەيلەگىل تەركی خۋاپ.
زىرائەت ئارا ئەيلەر ئەرسەڭ مۇدام،
شەرئەت بىلە ئەيلەسەڭ سۇبهی شام.
هوسۇلغە ئۇشرىن ئادا ئەيلەسەڭ،
شەرئەتكە جانىڭ پىدا ئەيلەسەڭ.
بۇ دېهقانچىلىقدۇر مۇسۇلمانچىلىق،

مۇسۇلمانچىلىقدۇر بۇ دېهقانچىلىق.
ئايا دېهقان هەر نىچە چەكسەڭ ئازاپ،
يېتەر ئاقىبەت تەشنە كامىڭغە ئاب.
ئەمەل دانەسىن دەهر ئارا يەرگە ساچ،
سۇغارماقدا كۆز ئارىغىدىن سۇ ئاچ.
ئەگەر ئىشق هاۋاسی پۇشۇرسا ئۇنی،
ئۇرارسەن ئۇنی تەڭلىك بولغان كۈنی.
ئادا ئەيلە دېهقان زاكات ۋە ناماز،
بۇ مەزرەئدە هەسرەت بىلە قىل نىياز.

## ئەتتارنىڭ سوئالى

سوئال ئەتتى ئەتتاركى ئى خۇش ماقال،
دىلىم ئىچرە ئولتۇردى كۆپ زەۋقى مال.
تاۋار ئىلە زەر نۇقرەلەر شەۋقى ھەم،
داغى بى قەسەپ باسمالار زەۋقى ھەم.
خىيالىمدا كىمخاپ يادى دۇرۇر،
دىلىمدا ئۆلۇم خەۋپىدىن كەم دۇرۇر.
قەيۇ ئىش بىلەن ئەيلەگۇم دىلنى ساپ،
كى شايەد يولۇم بولسا ئاندىن شىكاپ.

## خىشچىنىڭ سودىگەرگە جاۋابى

ئاڭا بەردى چۈن خىشچى مۇنداغ جاۋاپ،
كى ئى جامى ھىرىس ئەيلەگەن مەستى خۋاپ.
بۇ سۆزنى دىمەس ھەرگىز ئاقىل كىشى،
بۇ ھىرپە ئەمەس ئادەمنىڭ ئىشى.
بولۇپ مال ئۈچۈن ھىرىس شەيدالىغىڭ،
ئۆزۈڭگە كۆرۈنمەس بۇ رەسۋالىغىڭ.
ئەگەر جەمئى ئېتىپ مال قارۇن كىبى،
ۋەيا تەخت بەختىڭ پېرىدۇن كىبى.
قالۇر ئاقىبەت بارچىسى كەتكىسەن،
شاھىنشاھ نە ئەتتى سەن نەتكىسەن.
دىلىڭدىن چىقار ماللار پىكرىنى،
تىلىڭدىن يوقات سىم ۋە زەر زىكرىنى.
ئەگەر ئىزدىسەڭ كۆزلە مەقسۇدنى،
دىلىڭ بىرلە تەرك ئەت جاھان سودىنى.
دىلىڭدىن سۈپۈرسەڭ غۇبارى ھەۋەس،
قىلۇر جىلۋە مەقسۇد يۈزى شول نەپەس.
دىلىڭدىن مۇھەببەت قۇماشىڭ چىقار،
كۆزۈڭدىن دۇر ئورنىغا ياشىڭ چىقار.

## تۆمۈرچىنىڭ سوئالى

تۆمۈرچى سوئال ئەتتى كى ئى پاك زات،
كۇشاد ئەيلە كۆڭلۈمدىكى مۈشكىلات.
جاھاننى خالايىققا ئى رەھنەۋەرد،
نىدىن ئاپىرىد ئەتتى خەللاقى پەرد.
نىدىن بوالدى رۇھ مۇپتالايى بەدەن؟
نىدىن رۇھ پەرۋاز ئېتىپ قالدى تەن؟
كېرەم بىرلە ئىنساننى قىلدى پەيدا،
ئۆلۈمنى نىدىن ئەيلەدى ئاپىرىد.

## خىشچىنىڭ تۆمۈرچىغە جاۋابى

تۆمۈرچىغە خىشچى دىدى بۇ جاۋاپ:
كى بولما بەد ئەندىشەلىقدىن خاراپ.
ئىشىت مۈشكىلاتىڭنى ھەل ئەيلەيىن،
جاھان خەلق قىلماقنى شەرھ ئەيلەيىن.
جاھان ئەيلەمەك بىرلە ئىنسان مۇراد،
داغى قىلدى ئىنساننى ئالى نازاد.
چۇ ئەمر ئەتتى ئىنسانغە ھەق زىكرى پەرۋ،
ئۆزىنى تونۇماققا سالدى غەلۋ.
جاھان خەيلى بىلگەي ئۇنىڭ زاتىنى،
دىلۇ-تىل بىلە قىلغاي ئىسپاتىنى.
بۇ ئىشدىن پەيدا ئەيلىدى مۇمكىنات،
زېمىن، ئاسمان بەل جامادۇ نابات.
بېھىشتۇ جەھەننەم بولۇپ لۇتپ، قەھر،
بولۇپ مۆمىنۇ، كاپىرۇ بارچە دەھر.
ئىشىت تەڭرى قەھرىگە پاجىر كېرەك،
ئۇنىڭ لۇتپ بەھرىگە تاھىر كېرەك.
تۆمۈردەك دىلىڭ ئىشق ئىلە مىس قىل،
غەزەپ ئوتىنى ئەشك ئىلە پەست قىل.
تۆمۈردەك دىلىڭ ئىشق ئىلە تاب بەر،
ئەلەم بولقىسى بىرلە كونتاپ بەر.

www.uyghurkitap.com



## زەرگەرنىڭ سوئالى

چۇ زەرگەر سوئال ئەيلەدى خىشچىدىن،
ھىدايەت دىيارىغە يولباشچىدىن.
دىدى يول ئۇزاقدۇر بۇ مەقسەت سارى،
بايان ئەيلىگىل يولداسەن ئىلگىرى.
ئايان ئەيلە يولنىڭ مۇشەققەتلىرىن،
بايان ئەيلە يولنىڭ مەساپەتلىرىن.
دىگىلكى بۇ يولغا نەدۇر زادى راھ،
مۇھەييا قىلىپ بولغامەن ئەزمى راھ.
سوئالغا خىشچى جاۋاپ ئەيلىدى،
كى زەرگەر دىلىنى كاباب ئەيلىدى.
دىدى ئاڭلا مەقسەت يولى زىكرىنى،
قەدەم قويىكى قىلغىل بۇ يول پىكرىنى.
بۇ يولدا ۋۇجۇدۇڭنى قىلغىل ئەدەم،
ئىشىت يولنى مەقسەتكە ئىككى قەدەم.
بىرى بۇكى دۇنيانى ئەيلە ھارام،
داغى ئەيلە ئۇقباغە ئاندىن خارام.

جاھان ئەھلىدىن بەئزى دۇنيا تەلەپ،
رىيازەت بىلە بەئزى ئۇقبا تەلەپ.
چۇ دۇنيا تەلەپلەرگە دۇنيانى قوي،
بۇ زۇھد ئەيلىگەنلەرگە ئۇقبانى قوي.
كى دۇنيا ۋە ئۇقبانى تەرك ئەيلىگىل،
دىلىڭ بىرلە مەقسەتكە يەتتىم دىگىل.
ئەگەر ئۇشبۇ پەندىدىن سالساڭ قۇلاق،
خۇدا ۋەسلىدىن قالمىغايسەن يىراق.
ئىشىت زەرگەرا ئىستىسەڭ زادى راھ،
سەھەرلەر قوپۇپ ئەيلىگىل ئاھ - ئاھ.
مۇھەببەتنى دىل كۇرەسى ئىچرە سال،
رىيازەتنى ئامبۇردەك قولغا ئال.
دۇھەن دەم مەسەللىك نەپەسلەر چىكىپ،
مىسىڭنى زەر ئەيلەرگە كۇشىش قىلىپ.
بۇ ئىشلار ئۇچۇن باغلار ئەرسەڭ كەمەر،
ئەجەپ يوق ۋۇجۇدۇڭ مىسى بولسا زەر.

## ياغاچچىنىڭ سوئالى

سوئال ئەتتى نەججاركى ئى دەستىگىر،
گۇناھ دۇدى بىرلە يۈزۈم بولدى قىر.
ئۆتۈپ كەتتى پىسىق ئىچرە كۆپ روزىگار،
نادامەت بىلەن يىغلايىن زار - زار.

سەھەرلەردە ھەسرەت بىلە چەكسەم ئاھ،
ياقا چاك ئېتىپ ئەيلىسەم ئاھ - ئاھ.
گۇناھىمنى ئەپۇ ئەيلىگەيمۇ خۇدا،
ۋەيا رەد قىلۇرمۇ دىگىل رەھنەما.

## خىشچىنىڭ جاۋابى

ياغاچچىغە خىشچى دىدى بۇ تەرىق،
كى ئى بەھرى غەپلەتتە بولغان غەرىق.
ئەگەر ئۆمر ئىچرە خاتا كارسەن،
گۇناھىڭ يۈكىدىن جاپاكارسەن.
كىچە مەست، سەھەر بەڭگى، كۇندۇز جۇنۇپ،
زىنا ۋە شارابۇ ئوغۇرلۇق بولۇپ.
كىبىرە گۇناھنى سەغىرە بىلىپ،
سەغىرە گۇناھنى ھەمىشە قىلىپ.

ئەگەر ئۆمر ئىچرە ناماز ئەيلىمەي،
كىرىپ مەسجىد ئىچرە نىياز ئەيلىمەي.
بۇ جۇرم ئەيلىمەك بولسا ئادەت ساڭا،
ئامانەتكە قىلماق خىيانەت ساڭا.
ئەگەر ئۆمر ئارا ئەيلىسەڭ كۆپ گۇناھ،
بۇ پىسىق ئىچرە دىنىڭنى قىلساڭ تاباھ.
بۇ جۇرمۇڭغە تەۋبىق تېپىپ يىغلىساڭ،
قىلىپ تەۋبە مەھكەم بىلىڭ باغلىساڭ.

گۇناھىڭغە ھەسرەت بىلە چەكسەڭ ئاھ،
چۇ بولساڭ نادامەت بىلە ئۇززە خۋاھ.
گۇناھىڭ يۇكىدىن خالاس بولغاسەن،
خۇدا ئەپۇ بەھرىغە خاس بولغاسەن.
بولۇپ ئى ياغاچچى گۇناھدىن يىراق،
دىلىڭ راست ئەيلەرگە قىل ئىشتىياق.
كۆڭۈل زەنگىنى چۇپسلە قىل خاراش،
رىيازەت چوتى بىرلە بول غەم تاراش.
قولۇڭغا ئىلىپ پەقرەنىڭ ئەررەسىن،
مۇشەققەتتە قەتئى ئەيلە نەپسىڭ بىشىن.
كۆڭۈل لەۋھىنى زىكردىن رەندەلەپ،
ئاڭا نەقش قىل پىكرى تىشەڭ بىلەپ.
بۇ ياڭلىغ ئەگەر ئەيلسەڭ روزىگار،
كۆڭۈلدە قىلۇر جىلۋە رۇخسارى يار.

## بابكارنىڭ سوئالى

سوئال ئەيلدى خىشچىدىن بابكار،
كى ئى گۇمراھلارغە بولغان دۇچار.
جاھاندا قەيۇ ئىش يامانراق دۇرۇر،
ئول ئىش دەپىئغە چارە قىلماق نەدۇر؟
دىگىل بارچە ئىشدىن قەيۇ ئىش قاتىغ،
جاھان ئىچرە كامىغە نەدۇر ئاچىغ.
ئۇنى دەپىئى ئىتەرنىڭ ئىلاجىن دىگىل،
سەئۇبەتگە قالدىم بايان ئەيلەگىل؟

## خىشچىنىڭ جاۋابى

دىدى خىشچى باپكارغە بۇ خورۇش،
سوراغىڭ بايان ئەيلەيىن بول خۇمۇش.
ئەگەر بولسا ئالەم ئارا مۇشكۇل ئىش،
ئول ئىشدىن دىلىڭ بولسا ھەر نەچچەرىش.
ساڭا يەتسە ئالەم مۇشەققەتلىرى،
ئەگەر كەلسە باشىڭغە مىھنەتلىرى.
ساڭا قىلسا تەڭرى تائالا غەزەپ،
قاتىغ ئىش بۇدۇر ئاڭلا ئى بىئەدەپ.
باردىن غەزەپ ئوتى مۇشكۇل ئىمىش،
تۇمۇغدىن غەزەپنى قاتىغراق دىمىش.
ۋەلىكىن غەزەپ دەپىئغە بار ئىلاج،
تەبىئەتنى قىلساڭ مۇلايىم مىزاج.
كىشىدىن ساڭا يەتسە بەدگۇيلۇق،
ئاڭا ئەيلسەڭ ئۆزنى خۇشخۇيلۇق.
غەزەپنى يۇتۇپ ئەيلسەڭ «كەزمى غەيز»،
ئەجەپ يوقكى «ھەق» لۇتپىدىن يەتسە پەيز.
ئۆزۈڭگە غەزەپ كەلسە ئى باپكار،
غەزەپنى يۇتۇپ ئەيلسەڭ خار زار.
ئەگەر پەست قىلساڭ ئۆزۈڭ قەھرىنى،
«خۇدا» لۇتپىدىن تاپقسەن بەھرىنى.

## ناۋاينىڭ سوئالى

سوئال ئەيلدى خىشچىدىن نانۋاي،
كى ئى يول يۇتۇرگەنگە سەن رەھناماي.
ئۆلۈم يادى كۆپ سالدى كۆڭلۇمگە بىم،
داغى جان بىرۇر خەۋپى دىلدا مۇقىم.
بۇ ئالەم ئارا ھەر سەئوبەت كى بار،
ئۇنىڭ چارەسىن قىلدى پەرۋەردىگار.
دىدى تەڭرى «ئىننەمەئەلئوسرىيۇسر»،
كى ھەر مۇشكۇل ئىشنىڭ ئىلاجىغە نۇسر.
ماڭا جان بىرۇر ۋەقتى دىشۋارلىغ،
ئەگەر چەكسە جانىم بەسى زارلىغ.
قەيۇ ئىش كى جان بەرمەك ئاسان ئىتەر؟
قەيۇ كەسىپ ئىلە رۇھۇم ئاسان كىتەر؟
بايان بىرلە قىل مۇشكۇلۇمنى كۇشاد،
داغى ئەيلىگىل قايغۇلۇق دىلنى شاد.

www.uyghurkitap.com

## خىشچىنىڭ جاۋابى

دېدى خىشچى نۇكتەڭگە ئەيلەي جاۋاپ،
ئىشت ئولتۇرۇپ قىلمىغىل ئىزتاراپ.
سەئۇبەت بىلە جان بېرورگە ئىلاج،
ئەگەر ئىزدىسەڭ بول ساخاۋەت مىزاج.
تەئەللۇققە جان رىشتەسى چىرمىشىپ،
بەسى مەھكەم بولدى ئاڭا قارمىشىپ.
ئەجەل لاچىنى «دەي» دىگونچە يېتىپ،
جانىڭ مۇرغىنى ئالسا جانىڭ كىتىپ.
جانىڭ رىشتىسى باغلىق ئەسبابغە،
ئۇزۇلىبەكتە جانىڭ تۇشەر تابغە.
تەئەللۇق ئەگەر قانچە بىسيار ئىرۇر،
جانىڭ چىقماقى شۇنچە دىشۋار ئىرۇر.
بۇ ئىشدىن ئەگەر ئەيلەسەڭ ئىھتىيات،
دېسەڭ جان بېرۇر ۋەقت قىلغۇم نىشات.
تەئەللۇقنى جان رىشتەسىن باغلىما،
قىلىپ ھەرىس جانىڭنى كۆپ داغلىما.
كۆڭۈل رىشتەسىن ئۈز، ساخا پىشە قىل،
مۇشەققەتدە جان بەرمەكنى ئەندىشە قىل.
كىشى ئەيلىسە كەسىپ ئىسانى،
كۆرەر جان بېرۇر ۋەقت دىلدارنى.
دىلىڭنىڭ تونۇرنى ئى نانۋاي،
قىزىت ئىشىق ئوتىدىن چېكىپ ۋاي - ۋاي.
ياپىشتۇر ئاڭا داغلاردىن توقاچ،
كۆزۈڭ ئەشكىنى شەربەت ئورنىغا ساچ.
بۇ كەسىپ ئىچرە دۇنيا خېرىدداردۇر،
نە دۇنياكى ئۇقبا ئىلى خاردۇر.

## قازانچىنىڭ سوئالى

قازانچى سوراپ خىشچىدىن بۇ سوراغ،
كى ئى پىر قىل دىلنى غەمدىن يىراغ.
جاھان ئىچرە مەلۇم بولورمۇ شىقى؟
بايان ئەيلە «تاھىر» مۇدۇر «مۇتتىقى»؟
«شىقى» جۇرمەكەشكە نىشانە نەدۇر؟
«سەئىد» ئەھلىنىڭ نۇرى زاھىرمۇدۇر؟
خالايىق ئارا مۇتتىقى قايسى دۇرۇر؟
سەئىد قايسى ئايغىل، شىقى قايسىدۇر؟

## خىشچىنىڭ جاۋابى

چۇ خىشچى سوئالغا بەردى جاۋاپ،
دېدىكى ئەي جاھان ئىچرە غەپلەت مائاپ.
ئىشتكىل سوئالىڭ بايان ئەيلەرەم،
بۇ مۇشكۇل سوراغىڭ ئايان ئەيلەرەم.
جاھان ئەھلى باردۇر شىقى، ياسەئىد،
بىرى يارىغە قورب، بىرى بىئىد.
بۇ ئىككىگە زاھىر ئالامەت ئىمىش،
بىرى تائەتۇ بىرىسى پىسىق ئەيلەمىش.
شاقاۋەت ئالاماتى پىسىق ئەيلىمەك،
ئىبادەت تەرىقى سائادەت دىمەك.
ئىبادەتكە مايىلنى بىلگىل سەئىد،
پۇجۇر ئەھلىنى بىلگەسەن نائۇمىد.
بۇ سۆزنىڭ سۆپۆتىغە ئەيتاي مىسال،
مۇسەللەم دىگىل قىلماغىل قىلۇ - قال.
نەزەر ئەيلىسەڭ ئەسكى دىۋارغە،
ئەگەر ئول ئىگىلسە زىمىن سارىغە.
قىياس قىل قايسى تەرەپ ئۆيرۈلۈر،
مۇقەررەر ئىگىلگەن تەرەپ ئۆيرۈلۈر.
كىشى بولسا مايىل ئىبادەت سارى،
بارۇر ئاقىۋەت ئول سائادەت سارى.
ئەگەر كىمسە پىسىق ئەيلىمەك رىغبىتى،
شاقاۋەتكە باردۇر ئۇنىڭ نىسبىتى.

قازانچى شاقاۋەتكە ئەتسەك پاناھ،
دىلىڭ قىلمىغىل ئۆز يۈزۈڭدەك سىياھ.

چويۇندەك دىلىڭ تاپ ئىلە ئاب قىل،
رىيازەتدە گوياكى سىماپ قىل.

## جۇۋىچى ۋە سەيپۇڭلارنىڭ سوئالى

سوئال ئەيلدى خىشچىدىن جۇببەدۇز،
سوراغ ئەيلدى بىر تەرەپ جامەدۇز.
دىدى دوست ئۇستادلار رەددى بار،
نەدىن بولدى ئالەم ئارا خار زار.
جاھان ئىچرە كۇپىر ئەھلى دۇشمەن ئىدى،

ئاڭا نىگە «دۇنيانى جەننەت» دىدى.
كۆرەر ئەيش دۇنيادا دۇشمەنلىرى،
نەدىن خاردۇر «جان سىپار» دىنلىرى.
جاھان ئىچرە ھەق دۇشمنى ئەيش ئېتەر،
نەدىن دوستلار مىھنەت ئىچرە كېتەر؟

## خىشچىنىڭ جاۋابى

چۇ خىشچى سۇرۇپ نۇكتەنى بۇ تەرىق،
دىدىكىم سوئالىڭ دىيىن ئى رەپىق.
جاھان بولدى كۇپپارلارغە بىھشت،
ئاڭا قىلدى ئالەمنى راھەت سىرشت.
جاھان ئاخىرەت بىرلە خەندان ئېرۇر،
جاھان ئەھلى ئۇقباغە زىندان ئېرۇر.
كىشىگە يىتىشسە جاھان راھتى،
چېكەر ئاخىرەتتە بەسى مىھنتى.
كىشى چەكسە ئالەم ئارا زارلىغ،
قىلۇر ئاقىبەت تەڭرى دىلدارلىغ.
بۇ دۇنيانى بىلگىل ئىمىش بى باقا،
ۋەلى ئاخىرەت باردۇر بى پانا.

باقاسىز جاھان ئىچرە كۇپپارلار،
كۆرەر لەززەتى، زۇلم كىردارلار.
ۋەلى ئاخىرەتدە چېكەر كۆپ ئازاپ،
ئازابى كى پايانى يوق بى ھىساپ.
تەمەننا قىلىپ ۋەسلىنى دوستلار،
بۇ بەشكۇنلۇك ئالەمدە مىھنەت چېكەر.
تۆكۈپ ئەشكىنى يىغلابان سۇبھى شام،
چېكەر ئاقىبەت ئەيش جامىن مۇدام.
ئايا جۇببەچى نەپسىڭە قىل ئازاپ،
ۋۇجۇدۇڭ رىيازەت بىلە قىل تۇراپ:
كۆڭۈل جامىدا زەۋقنى ئىشلىگىل،
مۇھەببەتنىڭ ئورغاقىدا قاشلىغىل.

## تامچىنىڭ سوئالى

قوپۇپ تامچى داد دەپ قىلدى نادا،
كى ئى خىشچى جانىم سۆزۈڭگە پىدا.
بايان بىرلە بەر مۇشكۇلۇمغە جاۋاپ،

پەلەك ئۇزرە يۇلدۇزغە نەدۇر شاھاپ؟
سپەھر ئۇزرە «كەۋكەب» ئىتلماق نەدۇر؟
پەلەك سەھىندە تېز چاقماق نەدۇر؟

## خىشچىنىڭ جاۋابى

جاۋاپ ئەيلدى خىشچى بوتۇر ئىلە،
كى ئى ئۆمرۈڭ ئۆتكەن بەسى جەۋر ئىلە.
ئىشت ئەيلىگۇمدۇر سوئالىڭ بايان،

دىلىڭ بىرلە گۇش ئەيلە ئەي ناتاۋان.
سپەھر ئۇزرە كەۋكەب ئىتلماق دۇرۇر،
پەلەك تاقى ئۇزرە يۈگۈرماق بۇدۇر:

شاياتىنغە كەۋكەپنى قىلدى رۇجۇم،
پەلەك زىننىتى بولدى داغى نۇجۇم،
شاياتىن سپەھر ئۇزرە قىلسا ھاۋا،
پەلەكدىن كاۋاكىب ئېتىلغاي ئاڭا.
پەلەك باغىغا چىققىلى قويمىغاي،

مالائىك سپىغە ئۇنى قوشمىغاي.
ئايا تامچى بىل دىلنى ھەمچۇن سپەھر،
بۇ دىلدىن يىتىشمەس ساڭا ھىچ بەھر.
قوپارغىل دىلىڭ گۇنبىزىنى بەلەند،
ئاڭا سۇرمىگەي مەكرى شەيتان سەمەندە

## مىسگەرنىڭ سوئالى

چۇ مىسگەر قوپۇپ خىشچىغە بۇ كالام،
دىدى ئى ھىدايەتتە ئالى مۇقام.
ئۆلۈكنى چۇ دەپىن ئەيلىسە گۆرغە،
ئازاپ ئەتسە «ئۇسسات» بى نۇرغە.

ئىشتكەي ئۇنى بارچە خەرراس چىن،
بىلىندۇرمىدى ئىنسى - جىنغە نەدىن؟
گۇناھكارغە قەبرى ئىچىدە ئازاپ،
نەدىن بىزگە مەلۇم ئېمەس ئول ئازاپ؟

## خىشچىنىڭ جاۋابى

دىدى خىشچى مىسگەرگە ئى بەدگۇمان،
جاۋاپ ئەيلەيىن بولمىغىل سەرگاران.
مۇھەققەقكى قەبر ئىچرە ئەيلەر ئازاپ،
پۇجۇر ئەھلىنى ئەيلىگەيلەر ئازاپ.
ئازاپ ئەيلەر ئەرمىش گۇناكارغە،
ئىتاپ ئەيلىمىش زۇلم كىردارغە.
ئازاپ ئەيلىگەي ئاندا ئىككى مەلەك،
ئىشتكەي ئۇنى ئىنسى - جىندىن بۆلەك.
چۇ ئىنسانغا پاش ئەتمىدى كىردىگار،
ئازابىكى قەبر ئىچرە ھەر نەچچە بار.
ئىشتتۇرمىدى ئۇنى قۇدرەت بىلە،

جاھاننى بىنا قىلدى ھەپلەت بىلە.
ئەگەر گۆر ئازابىن ئىشتسە كىشى،
جاھان مۇلكىدە قىلمىغاي ھىچ ئىشى.
ئىشتتۇرسە قەبر ئىچرە زەررە ئىتاپ،
بولۇر ئەردى ئالەم بىناسى خاراپ.
ئايا مىسگەر ئەتكىل دىلىڭ چايجۇش،
ئۇنى ئەيلە ئىشقىڭ ئوتى بىرلە جۇش.
رىيازەت شاخارى بىلە دىلنى سۇر،
گۇناھ دۇدى قىلغان قاراڭنى يىتۇر.
ئەلەم قەللاسىدىن ساپا ئەيلىگىل،
كى ئائىنەدەك رۇي يار ئىزدىگىل.

## موزدۇزنىڭ سوئالى

سوئال ئەيلىدى خىشچىدىن موزەدوز،
كى ئى ئىشق ئارا چەشمى نەم باغرى سۆز.
بايان ئەيلە نەدۇر زىمىن تىترىمەك،
جاھان خانەسىگە نەدۇر تەبرىمەك.

ئەگەر تەبرىسە بىر زىمىنى دىيار،
خەبەر تابىمىش ئاندىن ئۆزگە دىيار.
بۇ ئىشدىن ۋۇقۇپۇڭ ئايا بارمۇكىن،
بايان بىرلە قىل دىلنى شەكدىن يىقىن؟

## خىشچىنىڭ جاۋابى

بايان ئەيلىدى خىشچى كى ئى موزدوز،
دىلىڭ نۇرى زاھىر ئىمەستۇر ھۇنۇز.

زىمىن تەبرەمەكدىن سوئال ئەيلىدىڭ،
بۇ ئىشدىن ماڭا ئەرز ھال ئەيلىدىڭ.

ئشتكل سوئالڭغه ئەيلەي جاۋاپ،
سۆزۈمدن دماغڭغه يەتكەي گۈلاپ.
ددى هكمەت ئەهلى بۇ خاراتدن،
زمن تەبردمەك بۇ ئالاماتدن.
هبكم ئەهلنك سۆزدگه يوق ئۇسۇل،
بۇ سۆز بولمدى ماڭا هەرگز قوبۇل.
زمن تەبردمەك بائسغه جاۋاپ،
بۇ ئەرمشكى بار هەر زمنغه تاناپ.

زمننك كانادا بار كۆهى قاف،
كۆرەرسەن ئۇنى ئەيلسەڭ دلنى ساف.
زمننك تانابىن ئاڭا باغلمش،
ئاڭا بر پەرشته مۇئەككەل ئمش.
ئەگەر تەبرسۇن دسه قايسى ديار،
مۇئەككەلغه ئەمر ئەيلگەي كردگار.
پەرشته ئەگەر چەكسه قايسى تاناپ،
ئۇنڭدن قلۇر شول زمن ئزتراپ.

### زلچەچنك سوئالى

ددى زلچەچى ئولتۇرۇپ يغلبان،
كى ئى راهبەر قل سوئالم بايان.
ئبادەت ئچدە قەيۇ خۇب ئېرۇر،
قەيۇ زۇهد تەڭرىغه مەرغۇپ ئېرۇر؟

ئبادەت ئارا ياخشسى قايسدۇر،
كى تەقۋا ئارازۇبدەسى قايسدۇر؟
بايان ئەيلە تەقۋا ئارا بەندەغه،
قەيۇ زۇهد مەقبۇل خۇداۋەندەغه.

### خشچنك جاۋابى

جاۋاپ ئەيلدى خشچى كى ئى زلچه ساز،
نادامەت تەرىقدكى گريەساز.
ئشتكل سوئالڭنى ئەيلەي بايان،
سۆزۈم ئاڭلاسۇن داغى پرۇ جاۋان.
خۇدا يولدا زۇهد بسياردۇر،
ۋەلېكن «ۋەرەئ» ئەپزەلى باردۇر.

جەمئى ئبادەتكه باردۇر ئۇسۇل،
ئۇنڭسز ئبادەت ئمەستۇر قەبۇل.
ئبادەت ئۇسۇلن ئەگەر ئزدسەڭ،
هەقىقەت ديارىغه يەتكۇم دسەڭ.
هالال ئەيله هەلقڭنى ئى زلچەگەر،
ئبادەت ئۇسۇلى تۇرۇر بۇ هۇنەر.

### ئۇشتەگەرنك سوئالى

سوئال ئەيلدى خشچدن ئۇشتەگەر،
كى گۇمراهلارگه سەن راهبەر.
سپەهر ئۇزره قۇيرۇغلۇق ئەختەر،
«تۇلۇئ» ئەتسه ئنسان ئۇنى «نەهس» دەر.

داغى دەر ئمش بۇ ئالامەتدۇرۇر.
زامانه ئاخرىغه مر ئاتدۇرۇر.
بۇ سۆز ئەرمش مۇ يا راستمۇ؟
پەلەككه ۋە يا زننەت ئاراستمۇ؟

### خشچنك جاۋابى

بېرىپ ئۇشتەگەرلەرگه خشچى جاۋاپ،
ددىكى جاهان ئچدە غەپلەت مائاپ.

چۇ قۇيرۇغلۇق ئەختەر تۇلۇئ ئەيلسه،
خالايق ئۇنى نەهسى ئەكبەر دسه.

www.uyghurkitap.com

ئىشتىمە خالايىق سۆزىن ئى غۇلام،
جاھالەت زامانىدا مۇنداغ كالام.
مۇھەممەد بۇ ئالەمگە كەلگەن زامان،
نەھۇسەت دېگەت قالمىدى بىگۇمان.

تۇلۇۋ ئەيلىسە باز كەۋكەب ئەگەر،
ئۇنى نەھس دەپ بىلمە ئەي ئۇشتەگەر.
كىشى ھەققىدىن قاچ، خامىلىك ئاقارت،
كۆزۈڭ ياشى بىرلە دىلىڭنى ئاقارت.

## باسمىچىنىڭ سوئالى

سوئال ئەيلىدى خىشچىدىن باسمىچى،
كى ئى يولدىن ئازغاننى باشقارغۇچى.
خالايىق ئارا ئاقىلى قايسىدۇر؟
جاۋاپ ئەيلىگىل جاھىلى قايسىدۇر؟

بايان ئەيلە ئالەمدە دانا قېنى؟
دېگىل زىكىرىڭگۇ چەشم بىنا قېنى؟
جامائەت ئارا ئەبلەھى قايسىدۇر،
جاھان ئىچرە نادانراق قايسىدۇر؟

## خىشچىنىڭ جاۋابى

سوئالىغە خىشچى دېدى بۇ نادا،
كى ئى مەردۇمان ئىچرە ئىشرەت ناۋا.
خالايىق ئارا ئاقىلىن ئىزدىسەڭ،
بۇ ئالەمدە نادانىنى بىلگۈم دېسەڭ.
ئىشىتكىل سوئالىڭنى ئەيلەي ئادا،
دىلىڭ زۇپىنى تاپقاي بۇ سۆزدىن داۋا.
كىشىكىم دىلىدا ئۆلۈم يادىدۇر،
ئۆلۈم پىكرىدە كۆڭلى ناشاددۇر.

ئۇنى بىل بۇ ئالەمدە ئاقىل كىشى،
ھەمىشە ئۆلۈم خەۋپىدىن نالەشى.
ئۆلۈم يادى قىلماسنى نادان دېگىل،
دىلىدا كەدۇرات نامايان دېگىل.
ئايا باسمىچى مەرگىنى ياد قىل،
خىيالى ماھالىڭنى بەرباد قىل.
زابانىڭنى ھەق زىكرىغە راستىلغىل،
چۇ ھەق زىكرىنى كۆڭلىڭدە باسما قىل.

## بوياقچىنىڭ سوئالى

بوياقچى سوراپ خىشچىدىن بۇ سوئال،
كى ئى ھىرپەگەرلەر ئارا ئەھلى ھال.
كىشى خۇاپ ئارا ھەر نىچۈك تۈش كۆرەر،
ۋەلىيۇ، نەبى تۈشدە تەلقىن ئېتەر.

تۈشۈمدە پەيغەمبەر بىر ئىش بۇيرۇسا،
تۈشۈم ئىچرە ھەر ئىشنى قىلغىل دېسە.
قىلۇرمەنمۇ ئول ئىشنى يا يوقمۇ ئەيت،
تۈشۈم ھەقمۇ يا مەكرى شەيتانمۇ ئەيت؟

## خىشچىنىڭ جاۋابى

بوياقچىغا خىشچى دېدى بۇ جاۋاپ،
كى ئى سورغۇچى ئەسرۇ قىلما شىتاپ.
سۆكۈت ئەيلە قىلغۇم سوئالىڭ بايان،

ئايان ئەيلەيىن قالمىسۇن سۆز ناھان.
تۈشۈڭدە پەيغەمبەر بىر ئىش بۇيرۇسا،
ساڭا تۈشدە ھەر ئىشنى قىلغىل دېسە.

بۇ تۆش كۆرمىگىنىڭ ياكى رەھمانىدۇر،
ۋە يا بىل بو خۋابىڭ شەيتانىدۇر.
پىيەمبەرگە خاۋاسى نوربۇۋەت بۇدۇر،
كى شەيتان ئاڭا ئوخشماق دۇر ـ دۇر.
ئەگەرچە شاياتىن ئاتەش كەدە،
ئۆزىن ئەيلىيەلمەس ئۇنىڭ شەكلدە.
پىيەمبەر ۋۇجۇدىنى سەن كۆرمىگەن،
ئۇنىڭ سۇرتى شەكلىنى بىلمىگەن،
چۇ شەيتان بولۇپ بىر كىشى شەكلدە،
ئۆزىنى پىيەمبەر دىسە، مەكر دە.
بۇ تۆش ۋەھمىدىن شەكدە قالسا دىلىڭ،
شەرئەت چىراغىنى قولغا ئېلىڭ.
بوياقچە بىلىڭ تۆشكە يوق ئىتبار،
نىدىن كىم دىلىڭ ئاينەسىدۇر غۇبار.
دىلىڭ خۇمىدا ئەردى تۆرلۈك خىيال،
ۋەلى ھەر خىيالىڭ، خىيالى ماھال.
رىيازەتدە نەپسىڭ بىلە جەڭگى قىل،
كى تۆرلۈك خىيالىڭنى يەكرەڭگى قىل.

## سەرراچنىڭ سوئالى

سوئال ئەتتى سەرراچ كى ئى راھبەر،
مېنى قىلدى شەيتان ئويۇندىن بەتەر.
مېنى ئۆز ھۇزۇرۇمغا قويماس دەمى،
خىيالىم ئارا كەلتۇرۇر ئالەمى.
سالۇر لەھزە كۆڭلۈمغە يۈزمىڭ خىيال،
ئۇنىڭدىن قۇتۇلماققا يوق ئېھتىمال.
قەيۇ ئىشنى قىلسام خالاس ئولغامەن،
قاچان تەڭرى يادىغە خاس ئولغامەن؟

## خىشچىنىڭ جاۋابى

دىدى خىشچى سەرراجغە بۇ خۇرۇش،
كى ئى ئەيلىگەن جەھىل جامىنى نۇش.
ئۆزۈڭنى قىلىپسەن كى نەپسىڭگە قۇل،
بۇ ئىشدىن تاپالماي ھەقىقەتكە يول.
دىلىڭ ئىچرە شەيتان سېلىپ ھەر خىيال،
خىيالىڭغە ھەردەم يېتىپ ئۆزگە ھال،
قالىپسەن ئۆزۈڭ ئاخىرەت يادىدىن،
يامان نەپسىنىڭ زۇلمى بىدادىدىن.
گەر ئاقىل ئىسەڭ تاشلاغىل بۇ خىيال،
ئول ئىش ئىزدىگىل ئاڭا يوقدۇر زاۋال.
بولۇپسەن بۇ ياڭلىغ كى نەپسىڭگە يار،
نەدىن سالدى كۆڭلۈڭغە شەيتان غۇبار.
بۇ يولدا ئەگەر ئىزدىسەڭ ئاخىرەت،
قويۇپ نەپسىنىڭ خاھىشىن ئاخىر ـ ئەت.
ئۆزۈڭ ئەيلىگىل شەرئ ئارا مۇستەقىم،
ئۇنىڭدىن ھەقىقەتكە تاپقۇڭ نەسىم.
ھەقىقەتتە سەرراجلىق ئەيلىگىل،
كى نەپسىڭ باشىغا لۇجام ئەيلىگىل.
ۋەرەئ بىرلە تەييار ئېتىپ ساغداق،
قويۇپ مەكرى شەيتانغە ئاتقىل باشاق.

## تۆگۆرمەنچىنىڭ سوئالى

تۆگۆرمەنچى سوردى بۇ ياڭلىغ سوراغ،
كى ئى ئىشىق ئوتىدىن دىلىڭ داغى ـ داغ،
كىشى قىلسا ئىنساپ دۇنيا ئارا،
ئاڭا ياخشىلىق بارمۇ «يەۋمەلجازا».
بۇ ئىنساپ ئىلە كىمسەنىڭ نىسبىتى،
ئەگەر بولسا تاپقايمۇ ئول قۇربىتى.
بايان ئەيلە ئىنساپنىڭ ۋەسپىنى،
ئايان ئەيلە تەۋپىقنىڭ كەسپىنى.

www.uyghurkitap.com

## خىشچىنىڭ جاۋابى

تۇگۇرمەنچىغە خىشچى بەردى جاۋاپ،
دىدى بۇ خىسالىڭدادۇر كۆپ ساۋاپ.
چۇ ئىنسانغا ھەر نەچچە ئەۋساپدۇر،
ئۇلار ئەبزىلى لىك ئىنساپدۇر.
كىشىدە يوق ئىنساپ ئادەم ئىمەس،
خىرەمەند ئۇنى ھەرگىز ئادەم دىمەس.
كىشىكىم جاھان ئىچرە ئىنساپى يوق،
ئۇنىڭ ئادىمىيەتدە ئەۋساپى يوق.
ئەگەر كەسپ ئارا كىمسە ئىنساپ ئېتەر،
خالايىق ئۇنى ياخشى ئەۋساپ ئېتەر.

جاھان ئىچرە ئول ئەھلى ئىنساپ ئېرۇر،
كى بوغزو ھەسەددىن دىلى ساپ ئېرۇر.
بۇ ئىنساپنى تەكرى تەۋپىقى بىل،
ھىدايەت تەرىقىدا رەھرەۋ دىگىل.
ئەگەر ئاقىل ئىسەڭ ئەھلى ئىنساپ بول،
جاھان شوغلى تەركىدە دىل ساپ بول.
تۇگۇرمەنچى گۆشۈڭ بىلە سۆز ئىشت،
نادامەت بىلە ناۋدىن سۇ ئېقىپ.
دىلىڭ ئىچرە پىكرى ھالىڭ ئۇنۇت،
ئەمەل تاشى بىرلە تۇگۇرمەن يۇرۇت.

## جۇۋازچىنىڭ سوئالى

سوراپ خىشچىدىن ھەم جۇۋازچى سوئال،
دىدى كى ھىدايەت ئارا باكامال.
خۇدا بارگاھىغا لايىق نەدۇر؟
ئاڭا تەۋبە قىلماقتا سادىق نەدۇر.

قەيۇ ئىش جانابىغە مەرغۇبراق؟
گۇناكاردىن قايسى ئىش خۇبراق؟
بايان بىرلە قىل مۇشكۇلۇمنى كۇشاد،
سۆزۈڭدىن كۆڭۈل بولغۇسى شاد ـ شاد.

## خىشچىنىڭ جاۋابى

جۇبازچىغە خىشچى جاۋاپ ئەيلدى،
نەسىھەت بىلە دىلنى ئاب ئەيلدى.
ئەگەر تەڭرىغە ئەرمۇغان ئىزدىسەڭ،
جانابىغە ئانىڭ نەلايىق دىسەڭ.
ئۇنىڭ بارىگاھىغا تائەت بەسى،
چۇ تەقۋا ئىلىدىن ئىبادەت بەسى.
جانابىدا مەخزەن ئېرۇر بى ھىساپ،
خازايىن ئارا دۇر دۇرۇر بىھىساپ.
ئۇنىڭ بارىگاھىدا ھەر نەرسە بار،

ۋەلى يوق، دىلى سۆز ھەم ئەشكى بار.
ئەگەر تۆھپە ئىستەر ئىسەڭ قىل نىياز،
بۇ تۆھپەڭنى لايىق كۆرەر بى نىياز.
ئۆزۈڭ بىرلە كۆپ دەردى سۆز ئەتكەسەن
ئاڭا ئەشك ئاھىڭ بىلە يەتكەسەن.
بۇ مىقدار تۆھپە جانابىدا يوق،
پانا ئوتىدىن قىل ۋۇجۇدۇڭنى يوق.
جۇ بازچى دىلىڭ ئىچرە قىلغىل جۇباز،
نادامەت بىلە ئەيلىگىل كۆپ نىياز.

## قاسساپنىڭ سوئالى

سوئال ئەتتى قاسساپ چۇن خىشچىدىن،
بەسى دەردى سۆز ئىچرە نالىشچىدىن.

دىدى كى سائادەتدە ئالى مۇقام،
بۇ مۇشكۇل سوئالىمغە يەتكۇر پايام.

نەدىن مەرگىنى دوست تۇتماس دىلىم،
جاھان باغىغا دۇر نەدىن مايلىم.
ئۆلۈمدىن نەدۇر قورقماغلىق ماڭا،
نەدىن مۇندا ئول باغلىماقلىق ماڭا؟

## خىشچىنىڭ جاۋابى

جاۋاپ ئەيلىدى خىشچى قاسساپقا،
ئۆلۈم خەۋپىدىن كۆڭلى سىماپقا.
دىدىكىم سوراغىڭنى ئەيلەي بايان،
ئىشتىكىل بۇ سەۋدادە سۇدۇ زىيان.
بۇ ئالەمغە سەۋدا ئۈچۈن كەلگىسەن،
ئۆزۈڭ ئۆمرىنى بادغە' بەرگىسەن.
كۆرەرسەنكى ئىلگىڭدە ھىچ نەرسە يوق،
بىلۇرسەنكى بارماقغە ئىلگىڭ قۇرۇق.
بۇ ۋەجھە بىلە ۋەھشەت ئۆلۈمدىن ساڭا،
بۇ خەۋپىڭ خىجالەتلىكىڭدىن ساڭا.
سۆزۈمنى قىياس ئەيلە ئەيتاي مىسال،
ئۆلۈم خەۋپىدە سۆز دىدى ئەھلى ھال.
بىراۋنىكى زىنداندىن ئەتسە خالاس،
ئۇنى ئەيلىسە شاھ بەزمىگە خاس.
ئۇنىڭ دىلدا چىقماقادۇر شىددىتى،
ھەمىشە قۇتۇلماقادۇر رىغبىتى.
بىراۋنى چىقارسا ئەگەر چاھدىن،
غەزەپ ئەيلىمەككە ئاڭا شاھدىن.
ئۇنىڭ چىقمىقىغا بەسى خەۋپى بار،
دىگەيكىم يىتەرمۇ بىشىم ئۈزرە دار.
دىلىڭ ئىچرە قاسساپ خەۋپىڭ ئىسە،
ئۆلۈمدىن دىلىڭ ئەسرۇ ۋەھىم ئەيلىسە.
يامان شۇم نەپسىڭنى زەبھ ئەيلىگىل،
رىيازەت كانارەسىنى ئىزلىگىل.

## باققالنىڭ سوئالى

سوئال ئەتتى باققاللار بۇ تەرىق،
كى ئى خىشچى بۇ يولدا بولغىل رەپىق.
جاھاندا قالىپمەن ئىكى ئىش ئارا،
گىھى پىسىق ئىلە، گەھ بولۇپ پارسا.
ماڭا ـ گاھ تائەت مەتلۇپ ئىرۇر،
گىھى جۇرم كەش پىئلى مەرغۇپ ئىرۇر.
مىزاجىمدا يوق ئىستقامەت ماڭا،
راۋا ئەيلىگىل قىل شاپائەت ماڭا.
ئىلاج ئەيلە تەبىئىمگە يەكرەڭگىلىك،
ئۆزۈم تاپىمدىم سىھھەت ئاھەڭگىلىك؟

## خىشچىنىڭ جاۋابى

دىدى خىشچى باققالغە بۇكالام،
كى ئى شۇم نەپسىڭگە بولغان غۇلام.
ۋۇجۇدۇڭ ئارا باردۇر نەپس رۇھ،
بىرىدىن يىتەر بەستە بىردىن پۇتۇھ.
چىكەر بىر تەرەپ پىسىق ئارا نەپس شۇم،
داغى بىر تەرەپ رۇھ شەرئى ئۇلۇم.
بىرى تارتىدۇ پىسىق ئىسيان سارى،
بىرى مەيل ئىتەر راھى ئىمان سارى.
ساڭا نەپس بەددىن ئەگەر بىم ئىرۇر،
ئاڭا چارە مۇشىدغە تەسلىم ئىرۇر.
داغى چارە بۇدۇر رىيازەت ئىلە،
سەھەرلەردە ئاھۇ مۇناجات ئىلە.
بۇ ئىش قىلمىش ئەرسەڭ تەرەنباك سەن،
خۇدا يولىدا مۇرشىدى پاك سەن.

www.uyghurkitap.com

## ئەبرىشىمكارلارنىڭ سوئالى

سوئال ئەيلىدى ئەبرىشىمكارلار،
دىدى خىشچىغە زۇلم كىردارلار.
بايان ئەيلىگىل بىزگە بۇ كارنى،
كى ئىنسان، مالائىك نەمۇدارنى.

مالائىك چۇ ئىنسانغە ئەئلا مۇدۇر؟
ئۇنىڭدىن بەشەر خەيلى ئەدنامۇدۇر؟
مەلەك بىرلە ئىنسان ئارا ئى سەپى،
دىگىل قايسىدۇر ئىككىدىن ئەشرىپى؟

## خىشچىنىڭ جاۋابى

جاۋاپ ئەيلىدى ئەبرىشىمكارغە،
دىدى سۆزنى خىشچى دىل ئەپگارغە.
كىئى ئەبرىشىمكار سال سۆزگە گۇش،
دىماغىڭدا گەر بولسا بىر زەررە هۇش.
ئەتا قىلدى ئىنسانغە هەق ئەقىل نەپس،
مەلەك خەيلىغە ئەقلنى قىلدى بەس.
چۇ هايۋانغا نەپس ئىلتىپات ئەيلىدى،
بۇ قۇر ئىلە يوق مۇمكىنات ئەيلىدى.
چۇ بولسا بەشەر ئەقل ئىلە مۇتتەپىق،

مەلەكدىن ئۇنى بىلگىل ئەئلا تەرىق.
ئەگەر ئەقل نەپسگە غالىپ ئىسە،
ئۇنى بىل مەلەكدىن بۈيۈك مەرتىبە.
ئەگەر نەپس غالىپ ئىسە ئەقىلدىن،
ئۇنى پەست بىلگىل ئىشەك شەكلىدىن.
ئايا ئەبرىشىمكار ئەقلىڭ كىسىپ.
سىيەرۇي، دىلىڭ تىيرە، دىنىڭ زەئىپ.
يۈزۈڭ رەڭگىنى ئەيلىگىل زەرد رەڭ،
قىزىل ئەيلە كۆز ئەشكىنى بى دەرەڭ.

## تاۋاقچىنىڭ سوئالى

تاۋاقچى بۇ ياڭلىغ سۈرۈپ نۇكتەنى،
دىدى ئىنتىزار ئەتمە مەن خەستەنى.
سوئالىمغە ئى خىشچى يەتكۇر پايام،
هىدايەت مەيىدىن بەر ئىلگىمگە جام.
جاهان ئىچرە كۆپ تارتتىم زارلىغ،

بەسى مىھنەت ئىچرە دىل ئازارلىغ.
چۇ غەم پەرۋەر ئەتمىش مىنى روزىگارە
جاهاندىن دىلىم خەستە جانىم پاگار.
بۇ مىھنەت چىكەردىن ماڭا ياخشىلىق،
بولۇرمۇ دىگىل ئاقىۋەت ئى رەپىق.

## خىشچىنىڭ جاۋابى

تاباقچىغا خىشچى دىدى بۇ خىتاپ،
كى ئى روزىگار ئىچرە مىھنەت مائاپ.
ساڭا كەلسە دۇنيا مۇشەققەتلىرى،
يىتىشسە جاهان رەنج كۆلپەتلىرى.
ئەگەر ئۇشبۇ مىھنەتكە رازى ئىسەڭ،
مۇشەققەت بىلە هەق يولىن ئىزدىسەڭ.

بۇ مىھنەت چىكەردىن يىتەر ياخشىلىق،
كى مەهشەردە هەقدىن كەرەم بەخشىلىق.
بۇ سۆزنى دىدى بىدىل ئازۇردە تەبئ،
قىلۇر ئەيش جەننەتتە پەژمۇردە تەنئ.
بەلەندلىگگە ئۆزنى خار ئەيلىمەك،
پاراغەتكە يول ئۆزنى زار ئەيلىمەك.

تاباقچى ئۆزۈك ئەيلسەڭ خار زار،
بولۇر ئاقىبەت دىلغا جۇشش باھار.
كۆزۈك قىل پىياله دىلىڭنى ساراھ،
قىزىت خۇمدانى دىلنى ۋەقتى ساباھ.

### شالگەر، ساغىرىچىلارنىڭ سوئالى

دىدى خىشچىغە شالگەر، ساغىرىچى،
كى ئى دۇست دەرگاھىغە بارغۇچى.
بايان ئەيله ئالەمدە ئى راھبەر،
ھاۋادىس ئوقىغە بولۇرمۇ سىپەر.
كىشى باشىغە گەر ھاۋادىس يېتەر،
ئۇنى قايىسى تەدبىر بىله رەد ئېتەر.
ھاۋادىسغا بارمۇ ئىلاج ئەيلمەك،
بايان ئەيله تەدبىرنى نەيلمەك.

### خىشچىنىڭ جاۋابى

دىدى خىشچى شالگەرگە مۇنداغ كالام،
كىئى ھىرزەگۇ، دىل سىيەھ، پىكرى خام.
ئىشىت بۇ سوئالىڭغە ئەيلەي جاۋاپ،
سۆزۈمنى ئىشىتكەي داغى پىرۇ شاپ.
ھاۋادىس ئىلاجىن ئەگەر ئىزدىسەڭ،
زابانىڭ داراز ئەيلمە قىل دەرەڭ.
ھاۋادىسقا بائىس دۇرۇر سۆزلىمەك،
سەبەپتۇر زابانىڭ داراز ئەيلمەك.
دىسەڭكىم ھاۋادىس ئوقى تەگمىگەي،
سۈكۈت ئەيلىگىل ئابرۇي كەتمىگەي.
مەسەلدۇر «تىلىڭ يىغ تىشىڭ سۇنمىسۇن،
خالايىق تەمەسخور قىلىپ كۈلمىسۇن».
مەسەلدۇركى «تىل يۈگرۈقى باشىغەدۇر،
ئاياغ يۈگرۈقى بىل سەبەپ ئاشقادۇر».
ئايا ساغىرىچى شالگەر بول خۇمۇش،
مەي ئىچكىل كىدەھر ئىچرەبول تەركى ھۇش.
يۈزۈڭ چەرمىنى دەرددىن قىل خاراش،
دىلىڭ دۇردىنى نالەدىن قىل تاراش.

### كىمسەنچى ۋە سىرچىلارنىڭ سوئالى

يەنە خىشچىدىن سوردى كىمسەنچىلەر،
سوئال ئەيلىدى بىر تەرەپ سىرچىلار.
دىدى بىزگە بول دەھر ئارا جان پاناھ،
سوئالىم بايان ئەت بولاي ئۈزرەخۋاھ.
نىچۈكدۇر بايان قىل كەرەم مەئنىسىن،
دىلىم بىرله ئەيلەي ئۇنىڭ سەئيىسىن.
ئادا ئەيله بىزگە كەرەم ۋەسپىنى.
بايان ئەيله بىزگە ساخا كەسپىنى.

### خىشچىنىڭ جاۋابى

دىدى خىشچى كىمسەنچىگە بۇ بايان،
كى ئى ھەسرەت ئىچرە بەسى يىغلاغان.
كېرەم ۋەسپىنى سەر بىسەر ئاڭلىغىل،
كېرەم ئەيلمەككە بېلىڭ باغلىغىل.
ئەتا ئەيله «مۇپلىسقە» دىنارلار،
ئىبادەتتە خۇش ئەيله بىمارلار.
تەرىق ئۈزرە ئەئماغە بول دەستىگىر،
داغى يولدىن ئازغانغا بولغىل بېشىر.

www.uyghurkitap.com

ئۆزۈڭ ناتاۋانلارغا بول ناتاۋان،
تەلەتتۇپ بىلە شاد قىل غەم نىشان.
بۇ مەزكۇرلارنى بىل مۇھتەرەم،
دىدىكىم كېرەمدۇر، كېرەمدۇر، كېرەم.

ئىشت سىرچى كىمسەنچى ئۇلدۇر كېرەم،
جانىڭنى نىسار ئەيلىسەڭ ئۇشبۇ دەم.
دىلىڭ تەختەسىن زۇھددىن قەلىيەقىل،
كۆزۈڭ ياشى ياغى بىلە سىرلىغىل.

### بورىياچىنىڭ سوئالى

سوراپ بورىياچى بۇ ياڭلىغ سوئال،
كىئى خىشچى، دۇنيادا كۆڭلۇم مالال.
نەدىن يوق بۇ دەھر ئىچرە ئاسايىشىم؟
ھەمىشە نەدىن غەمگە ئالايىشىم؟

كۆڭۈل تىنمىدى دەھر ئارا سائىتى،
كى ھىچ نەرسەدىن تاپمىدىم راھىتى.
نەدىن يوق بۇ دەھر ئىچرە ھەرگىز ئامان،
نەدىن يوقكى ئاسايىشىدىن نىشان؟

### خىشچىنىڭ جاۋابى

جاۋاپ ئەيلىدى خىشچى بۇ تۇر ئىلە،
كىئى ئۆمرۈڭ ئۆتكەن بەسى جەۋر ئىلە.
بۇ دەھرە ئىچرە كۆڭلۈم تىلەپ ئابرۇ،
دىلىڭ ئىچرەدۇر نەۋئەئى ئارزۇ.

كۆڭۈل ئىچرە يۈز نەۋئى سەۋدادۇرۇر،
خىيالىڭدا يۈزمىڭ تەمەننا دۇرۇر.
بۇ ياڭلىغ دىلىڭ چەكسە دۇنيا غېمى،
بولۇپسەن ئۆز ئاسايىشىڭ دۈشمىنى.

### سەرتاراشنىڭ سوئالى

سوراغ ئەيلىدى خىشچىدىن سەرتاراش،
كىئى راھبەر قىل سوئالىمنى پاش.
بايان ئەيلە ئەپزەلمۇ بىدارلىغ،
ۋەيا ئۇيقۇ خۇشراقمۇ قىل يارلىغ.

بىلىندۇر ماڭا سەربەسەر ۋەقتى خۋاپ،
بۇ بىدارلىغ ۋەسپىدىن بەر جاۋاپ.
جاھان ئىچرە بىدارلىغ ياخشىمۇ؟
ۋەيا خۋاپ بىمارلىغ ياخشىمۇ؟

### خىشچىنىڭ جاۋابى

نادا ئەيلىدى خىشچى ئى سەرتاراش،
ئېيتقىل نادامەتتە سەيلا بى ياش،
كۆزۈڭ بولسا بىدار كۆڭلۈڭدە خۋاپ،
نە بىدارلىغ ئانداغ كۆزۈڭگە تۇراپ.
دىلىڭ چەشمى غەلپەتدە ھۇشيار ئىمەس،
كۆزۈڭ ئاچماغىڭ ئاڭلا بىدار ئىمەس.
دىلىڭ چەشمى بىدار ئىسە كۆزدە خۋاپ،

زەھى دىل، زەھى چەشم «ھۇسنۇلمائاپ».
ئەگەر ئىزدىسەڭ ئەسلى بىدارلىغ،
دىلىڭ چەشمىنى ئەيلە ھۇشيارلىغ.
بۇ كۆز رەۋشەن بولماقا بولما پېرىپ،
دىلىڭ چەشمىنى كۆزلە سەن ئى غېرىپ.
غېرىبا كۆزۈڭ يۇم دىلىڭ چەشمىن ئاچ،
بۇ كۆزدىن نادامەت بىلە ئەشك ساچ.

دىلىڭ چەشمىن ئاچماقتا قىلساڭ ھەۋەس،
بۇ كۆز ياشى تۆكمەك ئىرۇر ئۇشبۇ بەس.
كۆزۈڭ يۇم، دىلىڭ ئاچقىل ئى سەرتاراش،
ۋاساۋۇسنى دىل باشىدىن قىل فاراش.

## كۆنچىنىڭ سوئالى

سوئال ئەتتى كۆنچى ياقا چاك ئىتىپ،
پىغان ئەيلەبان كۆزنى نەمناك ئىتىپ.
دىدى بىزگە يەتكۇر بۇ ياڭلىغ پايام،
نىچۇك ھەشرى ئارا ئەيلىگۇمدۇر قىيام.
بايان ئەت قىيامەت ئالاماتىنى،
گۇناھكارلارنىڭ خاساراتىنى.
نىچۇك قوپقىمىز ئول كۇنى قەبرىدىن،
ئۆزۈمگە ئۆزۈم ئەيلىگەن جەبرىدىن.
چىقارمىزمۇ گۆردىن بۇ سۇرەت بىلە،
قوپارمىزمۇ بەد شەكىل ھەيئەت بىلە؟

## خىشچىنىڭ جاۋابى

بايان ئەتتى خىشچى بەسى دەرد بىلە،
تۆكۆپ ياشنى ئاھۇ پۇر دەرد بىلە.
دىدى ئاڭلا مەھشەر سۆزىن ئەي غىرىپ،
بۇ مەككار دۇنياغا بولما پىرىپ.
چىقار گۆردىن ئول كۇنى ھەر كىشى،
يوق ئەرمىش بىرى بىرلە بىرنىڭ ئىشى.
چىقار بەزى گۆردىن بەشەر شەكلىدە،
بىرى خوكدەك بىرسى خەر شەكلىدە.
بىرى باش كۆتەرگەي مالائىك سۈپەت،
چىقارغاي بىرى باشنى سەگ سۈپەت.
قەيۇ ۋەسپى غالىپ ئىسە كىمسەنىڭ،
چىقار قەبرىدىن ئول سۈپەتدە بىلىڭ.
بۇ ئالەمدە قايداغ ئىسە سۇرىتى،
چىقار گۆردىن ئول سۈپەت سۇرىتى.
ئەگەر ئەقلى غالىپ چىقار يار دەك،
ۋەگەر نەپىس غالىپ چىقار مار دەك.
كىشى ھىرسى غالىپ ئىسە دەھر ئارا،
چىقار گۆردىن خوكدەك قەھر ئارا.
ئەگەر غالىپ ئولسا غەزەپ شەۋكىتى،
چىقار ھەشر، شىردەك ھەيئىتى.
بۇ دۇنيادا كىبىر ئولسام مەھشەردە خار،
چىقار ئاندا ھەسرەت ئوتىدىن شارار.
تاۋازۇلۇق بولسا بولۇر سەر بەلەند،
تەكەببۇرلۇق بولسا بولۇر شەرم مەند.
تەمەدىن بولۇر ئەژدەرھايى دەمان،
ھەسەددىن بولۇر مار ياڭلىغ چايان.
بۇ دۇنيا ئارا ئىزدىگەن مال جاھ،
چىكەر روزى مەھشەردە كۆپ ئاھ-ئاھ.
بۇ دۇنيادا پەقر ئىختىيار ئەيلىگەن،
قىيامەتدە بولغاي ماقامى بەلەند.
ئايا كۆنچى دىل گۇشنى قىل كۇشاد،
جاھان رەختىنى ئاھدىن قىل ساۋاد.
قۇلاغىڭنى ئالەمگە قىل ساغرىغۇ،
دىماغىڭنى تۇت دەھرىدىن ئالدە بۇ.

## شائىر غەرىبىنىڭ ئۆز-ئۆزىگە خىتابى

غىرىبى سۆزۈڭنى تامام ئەيلىگىل،
كى ۋەيرانە گۇنجىن ماقام ئەيلىگىل.
بۇ بەش كۇنلۇك ئالەمدە يوقتۇر باقا،
بۇ ئۆمرۈڭنى بىلگىل بەسى بىۋاپا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جاھان شۇغلى گەردىغە سىلكى ئىتەك،
خۇدادىن گۇناھىڭنى قىلغىل تىلەك.

بۇ دەھر ئىچرە ئەسرۇ خاتاكارمەن،
ئۆزۈمدىن ئۆزۈمگە جاپاكارمەن.

ئىلىم مەئرىپەت بوستانىدا ھۈنەرۋەنلەرنى توغرا يولغا تەكلىپ قىلماق، بەلكى زامان ئەھلىنىڭ بىر - بىرىنى كۆرەلمەي ئاچكۆزلۈك، ھەسەتخورلۇقىدىن چىرىپ كەتكەن دىمىغىنى مەئرىپەت گۈلباغچەسىنىڭ خوش پۇرىقى بىلەن خۇشپۇراق قىلماق ۋە دەممە-كىشىنى توغرا يولغا تەرغىپ قىلماق ۋە ئەسلى مەقسىدىگە يەتكۈزمەك

ئايا كاسىبا ئىزدىسەڭ راھى ھەق،
شەرىئەت ئىلى بىرلە بول ھەم سەبەق.
ئەگەر ئىزدىسەڭ بۇيى ھەقدىن نىسىم،
بۇ دەھر ئىچرە بول شەرئى ئارا مۇستەقىم.
شەرىئەتنى بىل ئالەم ئىچرە چىراغ،
ئۇنىڭ بىرلە مەقسەتكە تاپقۇڭ سوراغ.

كىشى قىلسا ھەر ھىرپەنى ئىختىيار،
كېرەك شەرئى ھۆكمىنى قىلغاي شۇئار.
ئەگەر كىمسە كىم شەرئىسىز كەسىپ ئېتەر،
ئۇنى مەئسىيەت ئەھلىدىن بىل بەتەر.
«غېرىبى» غە كۆرسەت شەرئەت يولىن،
كۆزۈم خىرە «يا ئەرھەمەررا راھىمىن».

بۇ، كىتابى غېرىبىنى تاماملىماق ۋە زوھۇرىدىن داكىم دىددىدە بىرنەچچە سۆز سۆزلىمەك ۋە بۇ كىتاپنى يېزىشنىڭ سەۋەبىنى ئەيتماق ۋە تارىخىن بايان ئەيلىمەك ۋە شائىر غېرىبى غېرىبلىق بۇلۇڭىدا ئولتۇرۇپ، سۆز گەۋھەرلىرىنىن شېئىر تىزىقىغا تىزماق ۋە ئۆز خاتالىقلىرىغە ئۆزرە ئەيۇ سورىماق

چۇكاشغەر ئارا بار ئىدى ئەسرى شاھ،
دىلى ئىچرە مەرغۇپ ئىمەس قەسرى جاھ.
ئۆزى كاشغەر شاھى شانى ئۇلۇغ،
ئۆلۈم خەۋپىدىن كۆڭلى ئەردى سۇنۇغ.
زوھورىدىن ئىسمى باشى ئۆزرە تاج،
زامانىدا ئەردى شەرئەت راۋاج.
جاھان ئىچرە كۆرگەن بەسى سەرگۈزەشت،
جاھانىنىڭ بىناسىنى كۆرگەن شىكەست.
باز ئەردىم مەن چۇغزە ۋەيران نېشىن،
ھەمىشە ئۇلۇم ئەھلىگە ھەمنىشىن.
ئۇلۇم ئەھلىگە كەيىش بەردار ئىدىم،
جاھان ئەھلىدىن ئەسرۇ بىزار ئىدىم.
جاھان ئىچرە غۇربەتتە ھالىم تەئەب،
ئىدى تۇردى ئىسمىم «غېرىبى» لەقەب.
دىدى تەئلىپ ئەتكىل بۇ ياڭلىغ كىتاپ،
خالايىق دىماغىغە يەتكۈر گۇلاپ.

بارى ھىرپەگەر سۆزلىرىدىن قىل تامام،
كى نەزم ئەيلىگىل ئاڭلىسۇن خاسۇ-ئام.
داغى ئەيلىگىل بىرنەچە مەئرىپەت،
شەرىئەت بايانىنى ھەم زاھىر ئەت.
جاھان ئەھلى مەككارلىق قىلمىسۇن،
ھۈنەر ئىچرە خەددارلىق قىلمىسۇن.
ھارا ۋە مەنىيەتنى تەرك ئەيلىسۇن،
ھەمىشە شەرئەت يولىن ئىزدىسۇن.
سۆزۈڭ ئاڭلىبان ھىرپەگەرلەر بارى،
قەدەم قويماغاي شەرئىدىن تاشقىرى.
بۇ ياڭلىغ ماڭا ھۆكمى قىلدى ئەمىر،
بىرىپ كۆرسىتىپ سۆزنى گوياكى پىر.
ئىشىتتىم بارى ئەمرى پەرمانلىرىن،
بايان ئەيلىدىم بارچە ئايغانلىرىن.
جاھان ئىچرە بولغاي كىتابى ئەجىب،
ئاڭا ئىسىم قويدۇم «كىتابى غېرىب».

چۇ تارىخغه ئەيلەر ئەرسەڭ رەجۇئ،
غىرىب ئۆستىگە ئەيلەدى «مە» تولۇئ.
«غىرىب» ئىلە «مە» نى ھىساپ ئەيلەگىل،
مىڭ ئىككى يۈز ئەللىك داغى يەتتە بىل.

زامان ئەھلى گەر كۆرسىڭىز بۇ كىتاپ،
بىناگاھ خاتا بولسا ئەيلەڭ ساۋاپ.
خاتا كۆرسىڭىز ئەيلىمەڭ بىزگە تەئن،
ياساڭ ئانى كۆپ قىلماڭىز بىزگە لەئن.

## لۇغەت

### ئا

ئافەرىد (ئافرىدە) — يارىتىش، پەيدا قىلىش
ئالى نەژاد — يۇقۇرى نەسەپلىك
ئاھەڭگەر — تۆمۈرچى
ئارازىل — يامان، پەسكەش ئادەملەر
ئاسىيا — تۈگمەن
ئابى راۋان — ئېقىن سۇ
ئاھەن — تۆمۈر
ئايارۇستائى — ئەي سەھرالىق
ئاشيان — قۇش چاڭگىسى، ئۇۋا
ئالەمى — ئالەمنى
ئازۇردە تەبىئ — كۆڭلى ئازارلانغان
ئالايىش — ئارىلاشماق، بۇلغانماق

### ئە

ئەسر شاھ — زاماننىڭ پادىشاھى
ئەژدەھايى دەمان — دەم تارتقۇچى ئەجدىھار
ئەدەم — يوقلۇق، يوقىلىش
ئەزمى راھ — يولغا چىقىش، يۈرۈش
ئەقلى ئۇقبا — ئاخىرەت كۈنلىرىنى ياد ئېتىپ ئىبادەت قىلغۇچىلار
ئەسزۇ — كۆپ، بەك، ئىنتايىن
ئەھلى راز — تەگرى بىلەن سىرداشقۇچىلار
ئەلۋەدائ — خوشلاشماق، ئايرىلىشماق
ئەخەسسۇلئەخەس — پەستىنەۇ پەس
ئەشرەپىنناس — خەلقنىڭ ئۇلۇغى، ياخشى ئادەم
ئەنھار — ئېرىق - ئۆستەڭ، دەريا - كاناللار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەمرۇد — ئامۇت، نەشپۈت
ئەتۋارى — قىلىقلىرى، ئەخلاقى، ئۇسلۇبى
ئەكل — يىمەك
ئەرەق — پار، هاراق
ئەيش جامى — خۇشاللىق شارابى
ئەبلەھ — ئەقلى يوق، ئەخمەق، نادان
ئەبرىشىم — يىپەك، مەشۇت
ئەرمۇغان — تۆھپە، ھەدىيە
ئەشكى بار — ياش تۆككۈچى، يىغلىغۇچى
ئەشرەپى — ئۇلۇغى
ئەئلا تەرىق — ئۇستۇن، توغرى يول
ئەقلىك كىسىپ — ئەقلىك قارا، قاراڭغۇ

## ئى

ئىننەمەئەل ئۇسرىيۇسرا — ھەرقانداق قىيىنچىلىقتىن كېيىن ئەلۋەتتە ئاسانچىلىق بار
ئىختىلات — ئارىلىشىش، بىرگە بولۇش
ئىسانەبى — ئەيسا پەيغەمبەر
ئىنس — ئىنسان
ئىشرەت ناۋا — راھەت-پاراغەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى
ئىستىقامەت — ئىش-ھەركەتتە مۇقىم، مۇستەھكەم تۇرماق
ئىيادەت — ئاغرىق كىشىلەرنى يوقلىماق
ئىسناد — يۆلەنمەك، تايانماق
ئۇسسات — گۇناھكارلار
ئۇشتەگەر — چۇتارچى، ماتانى يۇيۇپ، ئاقارتىپ تەييارلىغۇچى ئۇستا

## ب

بىۋە — تۇل خوتۇن
بەد نامای — يامان قىياپەتلىك، يامان كۆرۈنۈشلۈك
بۇ تەرىق — بۇ يول
بەقەر — كالا
بىنىقاب — پەردىسىز، ھىجاپسىز (ئوچۇق)
بەدگۇيلۇق — يامان سۆزلۈك، چىقىمچى، غەيۋەتچى

بەھرە — نېسىۋە، ئۈلۈش
بەھر — دېڭىز
بىكام — مەخسەتسىز
بەئىد — يىراق
بەستە — بەنت بولماق، باغلىنىپ قالماق
بۇخارات — گاز، ماگما
بەدكار — يامان ھەركەتلىك
بىقەسەب — بەقەسەم
بەيئى — سېتىۋالماق
باياز — ① ئاق، ② توپلام
بۇغز غەزەپ، ئاداۋەت

## پ

پاقا ئەسلى — كەمبەغەللەر
پەرزانە — ئۇلۇغ
پىران — ئۇستازلار
پاسادىك — يامان قىلمىشلىرىڭ
پەيرىۋى — ئەگەشكۈچىسى، ئارقىدىن كەلگۈچى
پېئىل بەد — يامان قىلىق، گۇنا
پۇشش — يېپىنچى، كىيىم
پاكى — ئۇستۇرا
پارسا — تەقۋادار، خۇداگۇي كىشى
پىرۇشاب — قېرى ۋە ياشلار
پەخش — يەنجىبەك، چاقماق، يەكمەك
پەيكان — ئوق، ئوقيا باشىغى
پەسانە — ھىكايە، ئەپسانە
پاقا — تۆگەنىڭ ئۇستۈن تېشىنى ئايلاندۇرغۇچى ياپىلاق تۆمۈر
پەشمىنە — ژۇڭ چاپان، كىگىز چاپان
پەرەھناك — خۇشال
پەرىب — ئالدىماق، ھىلە قىلماق
پۇتۇھ — ئېچىلىش، ئازاتلىق
پاراز — ئۇستۈن، ئېگىز
پۇردەرد — دەرت ـ ئەلەمگە تولغان
پۇنبە — پاختا
پاجىر — گۇناھكار

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

پۇتۇر — تۇقسان

### ت

تەئەب — جەۋر-جاپا، قىيىنچىلىق
تاۋازۇ — كىچىك پېئىللىق، كەمتەرلىك
تاھىر — پاك، گۇناسىز ئادەم
تاب بەر — قىزىت، تاۋلا
تەركى خاب — ئۇيقۇنى تاشلىماق، ئۇخلىماسلىق
تەشنەكام — ئۇسسۇز، ئاچ
تار-پۇد — تۆمۈر، پەي، ژىپ
تاباھ — خاراپ، ۋەيران
تەرەبناك — خۇشاللىق
تەلقىن — ئىلھام بەرمەك، ئوقۇپ تۇرۇپ ئۆگەتمەك
تۇراب — تۇپراق، توپا
تەمەننا — ئۇمىت، ئارزۇ، تىلەك
تابلىق — قىزىق، قىزىتىش، يورۇق
تىشە — كەكە
تەبەر — پالتا، پالتىغا ئوخشاش جەڭ قورالى
تورى — ئۇسلۇبى
تۇتقاي كەمەن — ماراپ تۇرماق
تۇكۇز — تۇز
تەپەك — ئات ئىگەرىدىكى ئۈزەڭگىنىڭ ئاستىغا بىكىتىلگەن چەم، كۆن
تۇپەك — مىلتىق
تار-تار — تال-تال يىپ
تەكەللۇم — سۆزلىمەك
تۇججار — تىجارەتچىلەر، سودىگەرلەر
تەقەددۇم — ئىلگىرىلىمەك، پىشقەدەم، ئالدىنقىلار
تەغەننى — ئۆزىنى ھاجەتسىز تۇتماق، تەمە قىلماسلىق
گۇڭگى لال — گاچا، سۆزلىيەلمەسلىك
تەمەسخۇر — مەسخىرە قىلىش

### س

سىير — تولۇق، توق

ساھىب ھۈنەر — ھۈنەر ئىگىسى
سالاھىك — ياخشى ئىشلىرىك
سەقىپ — ئۆينىڭ تۈرۈسى، ئۆگزە
سەنەد — تايانچ، شاھادەتنامە
سىم — كۈمۈش
سەرراج — ئاتنىڭ ئىگەر ـ جابدۇقلىرىنى تىككۈچى ئۇستا
سىب — ئالما
سەختىيان — چەم، خام قېيىش
سەلاسىل — زەنجىر، بىنا ئالدىغا ياسالغان توقۇلما پەنجىرە
ساغەر — مەي، شاراپ
ستايىش — تەشەككۈر ئېيتىپ ماختىماق
سەھەل — يېنىك، ئاسان، ئۇزە
سوزەن — يىڭنە
ساتۇن — سېپى ئۇزۇن، پالتىغا ئوخشايدىغان جەڭ قورالى
ساھىب ئەلەم — بايراقدار، بايراق ئىگىسى
ساراھ — شاراپ، مەي پىيالىسى
سەرگىران — بېشى ئايلانماق، مەس
سەپى — ساپ، پاك ئادەم
سۇبۇتى — ئىسپاتى، مۇستەھكەملىگى
سىياھ — قارا
سەغىرە — كىچىك
ساۋاب — توغرى، ھەقىقى
ساۋاب — ئەجىر، مۇكاپات
سەربەلەند — بېشى ئۈستۈن، مەرتىۋىسى يۇقۇرى
سۇپەر — قالقان
سەگ — ئىت

## ج

جانىم پاكار — جېنىم يارىدار
جاھ — مەنسەپ، ئابرۇي
جاماد — جانسىز شەيئىلەر
جاھان سۇدى — جاھاننىڭ پايدىسى
جۈرمكەش — گۇناھكار، پاسىق
جان سىپار — جېنىنى ـ بېغىشلىغۇچى، پىدايى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جامەدۇز — كىيىم تىككۈچى

جەھلى جامى نۇش ئەيلىمەك — نادانلىق، بىلىمسىزلىك شارابىنى ئىچمەك

جەرەس — قوڭغۇراق

جابىجا — ئۆز ئورنىدا

چەشمى نەمناك — كۆزى ياشلىق

## ھ

ھىجاب — پەردە، يېپىنچا، كىيىم

ھىمار — ئېشەك

ھىزۇم — ئوتۇن

ھىرفەگەر — ھۈنەرۋەن، ئۇستا

ھەدداد — تۆمۈرچى

ھەزرىتى ئەبۇلبەشەر — ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى ئادەم پەيغەمبەر

ھەمچۇجەم — پادىشا جەمشىتكە ئوخشاش

ھەشرئارا — قىيامەت كۈنى مەھشەرگاھدا

ھۆسنۇلمەئاب — گۈزەل خىسلەتلىك، ئاقىۋىتى ياخشى

## خ

خاسارات — زىيانلار، زىيانغا ئۇچراشلار

خەر — ئېشەك

خۇك — تۇڭگۇز

خىرام — نازلىنىپ ماڭماق

خەللاقى پەرد — يېگانە، ياراتقۇچى تەڭرى

خۇسىيە قەتئ ئەيلىمەك — خەتنە قىلماق

خانى جۇد — ساخاۋەت داستىخىنى

خۇرۇش — ئاۋاز چىقارماق

خەرراس — تۈت ئاياقلىق ھايۋانلار

خۇشە — زىرائەت، بۇغداي باشىقى

خىيالى مەھال — بىھۇدە، مۇمكىن بولمايدىغان خىيال

خاب — ئۇيقۇ

خەلخال — ئاياللارنىڭ قوڭغۇراقلىق پۇت ھالقىسى

ل — مەڭ، ئۇزۇك، بىلەيزۈكلەرنىڭ كۆزى

خۇد پەرەست — ئۆزىنى ئۇستۈن تۇتقۇچى، ئۆزىنى ماختىغۇچى

خۇلد — جەننەتلەرنىڭ بىرى
خانەدۇز — ئۆي ئوغرىسى
خۇم — كۆپ
خەربۇزە — قوغۇن

د

دىلسىيەھ — كۆڭلى قارا
دەي — قىش، سوغاق پەسىل
دار — هويلا، قورا، ئۆي، لاگىر
دىۋار — تام
دىلئەفگار — كۆڭلى يارا، دەرتمەن
دىماغ — مىڭە
دىلدار — كۆڭۈلنى ئالغۇچى، سۆيۈملۈك
دىباغەت — هايۋان تېرىلىرىنى ئاشلىماق
دىلتەڭ — كۆڭلى قىسىلماق، خاپا بولماق
دارۇلقارار — تۇرار ماكان، قىيامەت كۈنى
دانەرىز — دىخان (ئۇرۇق چاچقۇچى)
دىل چەشمى — كۆڭۈل كۆزى
دىلخاراش — دىلنى تاتىلىماق
دەي — لاچىن، قارچۇغىلارنى چاقىرىش ئاۋازى

ز

زەرد رەڭ — سېرىق رەڭلىك
زەبانى داراز — تىلى ئۇزۇن، سۆزمەن، ناتىق
زاد راھ — يول خىراجىتى، يول ئوزۇغى
زىن — ئات ئىگىرى
زىلچە باپ — زىلچە-گىلەم توقۇغۇچى ئۇستا
زۇلم گىردار — زالىملىق قىلغۇچى، زالىم
زۇبدە — تاللانغان، ياخشى
زەيتاب — قوي، ئۆچكىنىڭ تېرە، ئۆچەيلىرىدىن زەي، تار ياسىغۇچى ئۇ. تا
زاراپەت — دانالىق، هۇشيارلىق
زۇئىپ — ئاجىزلىق، بىچارىلىق، كېسەللىك
زىكرىنگۇ — تەكرىنى ياد ئەتكۈچى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

زەنانلار — خاتۇنلار
زىمىندا — مەزمۇنىدا
زىندەلىك — تىرىكلىك
زۇلكىرام — ئىززەت ئىگىسى، ئىززەتكە سازاۋەر
زەنبۇرەك — زەمبىرەك، توپ

## ر

رەببۇلجەلىل — ئۇلۇغ تەڭرى
رەدۇ بەدەل — بىر-بىرىنىڭ پىكرىنى رەت قىلىپ تالاشماق
رۇز، رەۋز — كۈن، كۈندۈز
رىندى — دىن ۋە شەرىئەت ئىشلىرىنى (مەسىلىلىرىنى) بىلىپ تۇرۇپ ئىنكار قىلغۇچى
رىشتە — تومۇر، يىلتىز، يىپ
رەھمانى — تەڭرىگە مەنسۇپ ئىش، تەڭرىنىڭ ھۆكمى
رەۋغەن — ياغ
رەۋا — مۇۋاپىق، سازاۋەر، دۇرۇس، توغرى
راھەت قەرىب — راھەتكە يېقىن
رۇدە — ئۈچەي
راھى — ھەقنىڭ يولى، توغرى يول

## ش

شەرم مەند — شەرمەندە، رەسۋا
شەۋكەت — ھەيۋەت
شايەد — ئۈمىت، ئەگەر....
شىكاپ — ئوچۇق، ئېچىلىش، كامار
شاب — ياش، يىگىت
شاقاۋەت — بەد بەخت، يامانلىق
شەقى — بەختسىز، بەدبەخت
شەلغەم — چامغۇر
شالگەر — قوي، ئۆچكە، كالا تېرىلىرىنى رەڭلىگۈچى ئۇستا
شەرر — يامانلىق، يامان
شەست — ئوقيا كامانى، ئوقيا ئوقى
شىيىس — ئادەم پەيغەمبەرنىڭ ئوغلى

شەمئىدان — چىراغ، چىراغ پايە

## غ

غارەت — تالاڭ-تاراج قىلماق، بۇلىماق

غۇلام — ئوغۇل، خىزمەتكار، قۇل

غەنەم — قوي

غەنەم لەھمى — قوي گۆشى

غافىل — ئاقىۋەتنى ئويلىمايدىغان، ئۆز زاتىنى بىلمەيدىغان ئادەم

## ق

قەلبەقىل — قەلبىڭنى ئاقارتقىن!

قارۇن — تارىختا بەنى-ئىسرائىل (يەھۇدى) ئارىسىدا ئۆتكەن بىر بېخىل باي

قوماش — مال-مۈلۈك، ئۆي جاھازىلىرى

قالىن — تويلۇق، مۇكاپات

قىل ساۋاد — قارا قىلغىن

قەسرى جاھ — ساراي، ئوردا، مەنسەپ

قانىئ — قانائەتچان، قانائەت قىلغۇچى

قەلب كەش — يالغان نەرسىلەرگە سىر بېرىپ ئالدىغۇچى

قۇرباب — قۇر توقۇغۇچى

قىر — قاراماي، مۇم

## ك

كوبىكۇ — كوچىمۇ-كوچا، مەھەللىمۇ-مەھەللە

كىشتى — كېمە

كىمسەن — ئالتۇن، كۈمۈش سۈيى بىلەن رەڭ بېرىلگەن گۈللۈك خۇرۇم

كۇھى قاپ — يەر شارىنى ئىھاتە قىلىپ قورشاپ تۇرغان تاغ ياكى «ق» ھەرپى شەكلىدىكى تاغ

كەزمى غەيز — غەزەپ ۋە ئاچچىقىنى يۇتماق

كەبرە — چوڭ

كىسە — يانچۇق، خالتا، قاپچۇق

كەمايەنبەغى — ھاجەت بولغاندەك، لازىم بولغاندەك

كۇنتاپ بەر — قىزىتىپ سوقىش

## گ

گۇلاب — قىزىلگۈل سۈيى
گىريىەساز — يىغلىغۇچى
گۇشۋارە — قۇلاققا سالىدىغان زىرە، سىرغا
گىل — لاي
گازاب — يالغان

## ل

لەھەد — قەۋرە، گۆر
لەھزە — بىردەم، ھايت ـ ھۇيت دېگىچە
لۇجام — يۈگەن
لەتاپەت — مۇلايىملىق، نازۇكلۇق
لال — سۆزلىيەلمەسلىك، تىلى تۇتۇلۇپ قېلىش

## م

مار — ئىلان
مۇمكىنات — مەخلۇقات، ئالەم
مۇفلىس — يوقسۇل، كەمبەغەل
مەستى خاب — ئۇيقۇ مەسلىگى
مۇتتەقى — تەقۋادار، پەرھىزكار ئادەم
مۇغەننى — نەغمىچى، سازەندە، مۇزىكانت
مۇرتەدىل — دىلى ئۆلۈك ئادەم
مەزرەئ — دىخانچىلىق مەيدانى، ئېتىزلار
مۇبارەك خىسال — ياخشى خىسلەتلىك ئادەم
مەرغۇب — يېقىملىق، قىزىقارلىق
مەنىيەت — مەنمەنلىك قىلماق، تەكەببۇرلۇق
مۇئەززەم — بۈيۈك، ئۇلۇق
مۇستەقىم — توغرا، مەھكەم، مۇقىم
مۇھەققەق — ھەقىقەتتىكە چىققان ئىش، نەرسە
مەئدۇم — يوقۇتۇلغۇچى، يوقالغان

مالائىك نەمۇدار — پەرىشتە سۈپەت
مەئسىيەت — گۇنا، جىنايەت
مىقراز — قايچا
مىساق — ئەھدە، توختام، مىساق كۈنى
مەخلۇت — ئارىلاشما نەرسە
مەسقەل — مىتال بۇيۇملارنى پاقىراق قىلىش ئەسۋابى
مىئمارلىق — بىناكار، ئىنژېنېر
مۇئەننەس — ئايال
مۇر — چۈمۈلە
موينە ئىلمى — مويچىلىق، جۇۋىچىلىق ھۈنىرى

## ن

نەۋخاستە — ئۆسمۈر، ياش بالا
ناۋال — ئېرىشمەك. بەھرىمەن بولماق
ناۋادان — سۇ ئاقىدىغان نو
نەججار — ياغاچچى ئۇستا
نىگىن — ئۈزۈك
نەمەدمان — كىگىزچى
نەقش نىگار — گۈزەل نەقش، سۈرەت
نەھس — يامانلىق
نەھسى ئەكبەر — چوڭ يامانلىق
نۇقۇش — تۈرلۈك نەقشلەر
نۇسرى — نۇسرەت، زەپەر، غەلبە
نەدىم — پادىشانىڭ يېقىن سۆھبەتدىشى
ناس — ئادەملەر، خەلقلەر
نۇككات — مەنىلىك، چوڭقۇر سۆزلەر
نەبات — ئۆسۈملۈك، دەرەخ
نۇقرە — كۈمۈش
نەبى — پەيغەمبەر

## ۋ

ۋەيران نەشىن — خارابىدە ئولتۇرغۇچى
ۋەيرانەگەنج — ۋەيرانە بۇلۇڭ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

ۋەرەئ — تەقۋا، ئۆزىنى يامان ئىشلاردىن ساقلىماق
ۋۇھۇش — ۋەھشى ياۋايى هايۋانلار
ۋەقپ — دىنىي ئورۇنلارغا بېغىشلانغان يەر، مال ـ مۈلۈكلەر
ۋەلى — ۋە لېكىن
ۋەساۋۇس — ۋەسۋەسلەر، بىهۇدە قۇرۇق خىياللار

ي

يەكرەڭ — بىر رەڭلىك، بىر خىل
يائەرھەمەرراھىمىن — ئەي، رەھىملىكلەردىنمۇ رەھىملىك تەڭرى!
يەۋمەلجەزا — قىيامەت كۈنى
يەزەكدار — شەھەر قورغانلىرىنى، ئەسكىرى قوشۇنلارنىڭ ئەتراپىنى مۇها-
پىزەت قىلغۇچى قىسىم

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىن



## سەيپۇلمۇلۇكنىڭ ھېكايىسى

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: سىۋزۇك، نىمەتۇللا ئەبەيدۇللا

نەشرگە تەييارلىغۇچىلاردىن:

بىز «سەيپۇلمۇلۇكنىڭ ھېكايىسى» ناملىق بۇ خەلق قىسسىنى نامەلۇم بىر مەرىپەتپەرۋەر كىشى تەرىپىدىن 1904 - يىلى يەكەن شەھىرىدە يېزىپ توپلاپ قالدۇرۇلغان قوليازما ھېكايە - قىسسىلەر توپلىمىغا ئاساسەن نەشرگە تەييارلىدۇق.

خەۋەرلەرنى رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە ئەسەرلەردىن نەقىل كەلتۈرگۈچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى: مىسىر شەھرىدە ئاسىم ئىبنى سەپۋان ئىسىملىك بىر پادىشا بار ئىكەن. ئۇنىڭ قول ئاستىدا تۆتيۈز شەھەر بار ئىكەن، لەشكىرىنىڭ ھەددى - ھېساۋى يوق ئىكەن، ئۆزى پۇخراپەرۋەر بولۇپ، خۇدا يولىدا ھېچنەرسىنى كىشىلەردىن ئايىمايدىكەن. ئەمما، ئۇ پادىشانىڭ بىرمۇ ئوغۇل پەرزەنتى يوق ئىكەن، بىر كۈنى ئۇ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ: «يەتمىش ياشقا كىرىپتىمەن، بىرمۇ ئوغۇل پەرزەنتىم يوق، ئەگەر بىر ئوغۇل پەرزەنتىم بولغان بولسا ۋە مەندىن كېيىن پادىشالىق تەختىدە ئولتۇرغان بولسا، پادىشالىغىم ياتقا قالمىغان بولاتتى» دەپ پەرىشان بولۇپ، بىر ئۆيگە كىرىپ بىر نەچچە كۈن خۇداغا مۇناجات قىلىپ يىغلاپتۇ. بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن پادىشانىڭ يېقىنلىرى پادىشانىڭ بارگاھىغا كېلىشىپتۇ. پادىشانىڭ سالىھ ئىبنى ھەمىت ئىسىملىك بىر ۋەزىرى بار ئىكەن، ئۇ ۋەزىر پادىشانىڭ قېشىغا كىرىپتۇ ۋە:

— ئى پادىشاھى ئالەم! ھەزرەتلىرىگە نېمە ھادىسە يۈز بەردى؟ ئىلتىپات قىلىپ بىزگە ئېيتسىلا، بىز ئۇنىڭ ئىلاجىنى قىلساق، دۈشمەنلىرى بولسا، لەشكەر تارتىپ بېرىپ يوقاتساق، — دەپتۇ.

— ئى ۋەزىر! مەن پادىشا بولغىلى نەچچە ئون يىل بولدى. بىرمۇ ئوغۇل پەرزەنتىم يوق، ئەگەر بىر ئوغۇل پەرزەنتىم

www.uyghurkitap.com

بولغان بولسا، ئۆلسەم نامىم ئۆچمىگەن
بولاتتى، مۇشۇ سەۋەپتىن تولدىن - تولا
پەرىشان بولۇۋاتىمەن، — دەپتۇ.

— ئى پادىشاھى ئالەم، — دەپتۇ ۋە-
زىر، — بۇ ئىشنىڭ يولى شۇكى، پۈتۈن مەم-
لىكەتكە ئېلان چىقىرايلى، بارلىق قۇرئەنداز،
مۇنەججىم، يۇلتۇزشۇناسلار ئۆزلىرىنىڭ
ھۆكۈمالىق كىتاپلىرىنى ئېلىپ كەلسۇن،
ئۇلارغا سەۋەپ قىلدۇرۇپ باقساق، بۇ ئىش
كۇشاتلىق تېپىپ، خۇدايى تائالا پەرزەنت
ئاتا قىلسا ئەجەپ ئەمەس.

پادىشا بۇ سۆزنى ماقۇل كۆرۈپتۇ.
ۋەزىر پۈتۈن مەملىكەتكە: «ھەر قانداق جايدا
مۇنەججىم - ھۆكۈمالار بولسا، ئوردىغا يىغىل-
سۇن» دەپ جاكا قىپتۇ. قىرىق كۈندە
بارلىق ھۆكۈما - مۇنەججىملەر يىغىلىپ بوپتۇ
ۋە كىتاپلىرىنى ئېچىپ قۇرئە سېپتۇ. قۇرئە-
نىڭ كۆرسىتىشىگە بىنائەن بارلىق
مۇنەججىملەر:

— جاناپلىرى يەمەن پادىشاسىنىڭ
قىزىنى ئالسىلا، تەلەپلىرى ئىجاۋەت بولۇپ
پەرزەنت ۋۇجۇتقا كېلۇر، — دەپ مەسلىھەت
بېرىپتۇ. پادىشا خۇشال بولۇپ مۇنەججىملەر-
گە نۇرغۇن ھەدىيەلەرنى تەقدىم قىلىپتۇ.
ۋەزىرىگە ئىككى يۈز كىشىنى ھەمرا قىلىپ يەمەن-
گە ئەلچىلىككە بېرىشقا بۇيرۇپتۇ. ئۇلاردىن
يەمەن پادىشاسىغا يۈز تۆگە ئالتۇن - كۆمۈش
ئىسىل كىيىملىكلەر، گۆھەرلەر، يۈز دانە
ئىراق ئارغىمىغى، ئۈچ يۈز نەپەر گۈزەل
كېنىزەكنى سوغا قىلىپ ئەۋەتىپتۇ. سالھە
ئىبنى ھەمت ئىككى يۈز كىشى بىلەن ئاتقا
مىنىپ يەمەن تەرەپكە راۋان بوپتۇ ۋە بىر
نەچچە كۈندىن كېيىن يەمەن شەھرىگە يې-
تىپ بېرىپ، شەھەردىن بىر پەرسەڭ يىراق
يەرگە چۈشۈپتۇ.

شۇ چاغدا يەمەن پادىشاسىغا: — نەدىن
كەلگەنلىگى نامەلۇم بولغان كاتتا لەشكەرلەر
پەيدا بولدى، دېگەن خەۋەر ئاڭلىنىپتۇ.
پادىشا: دەرھال شەھەرنى تاقاش، لەشكەرنى
يىغىش، يېقىندىن لەشكەر ئېلىپ جەڭگە تەي-
يارلىنىش، سىپىللارغا ئادەم قويۇش توغرى-
سىدا پەرمان چىقىرىپتۇ. پادىشا ئۆزىنىڭ
بارلىق غەزنىلىرىنى لەشكەرلەرگە تارقىتىپ
بېرىپ، ئۇلارنى ياخشى جەڭ قىلىشقا ئۈندە-
دەپتۇ، سەردارلارنى چىقىرىپ، جەڭ دۇمبىغى
چالدۇرۇپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان سالھە ئىبنى
ھەمت شەھەرنىڭ ئالدىغا كۆچۈپ بېرىپتۇ
ۋە بىر كىشىنى يەمەن پادىشاسىنىڭ ئالدىغا
تۆھپىلەر بىلەن ئەلچى قىلىپ كىرگۈزۈپتۇ.
ئەلچى: بىز دۈشمەن ئەمەس، مىسىر پادىشا-
سىدىن سىزگە ئەلچى بولۇپ كەلدۇق، دەپ-
تۇ. يەمەن پادىشاسى بۇنى ئاڭلاپ خۇشال
بولۇپ، ئەلچىلەرنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن
شەھەرگە ئېلىپ كىرىپ، ئۇلارغا ئۈچ كېچە-
كۈندۈز شاھانە بەزمە قىلىپ بېرىپتۇ. ئۈچ
كۈندىن كېيىن ئەلچىلەر ئېلىپ كەلگەن خەت ۋە
سوغا سالاملارنى پادىشاغا تاپشۇرۇپتۇ. يەمەن
پادىشاسى خەتنى ئوقۇپ تازىم بەجا كەلتۈ-
رۈپ، خەتنى بېشىدا كۆتىرىپتۇ ۋە پادىشا-
ھى مىسىر ھەرقانداق پەرمان قىلغان بولسا،
بىز ئۇنى قوبۇل قىلدۇق، — دەپ ئەلچىلەر
شەرىپىگە يەنە بىر قىبتىم زىياپەت بېرىپتۇ.
ئەلچىلەرگە شاھانە سەرۇپايلارنى كەيدۈ-
رۈپتۇ، ئېلىپ كەلگەن نەرسىلىرىدىن
زىيادىراق سوغاتلارنى مىسىر پادىشاسىغا
ئاتاپ، ئەلچىلەرگە تاپشۇرۇپتۇ ۋە مىسىر
پادىشاسىغا خەت يېزىپتۇ. خەتنىڭ مەزمۇنى
مۇنداق ئىكەن:

«پادىشاھى مىسىرنىڭ ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن،
دۆلەتلىرى پۈزۈن بولسۇن، مۇھەببەت ئابدا-

سىدىن سۆكرە سۆز بۇ كىم: بۇ بەندەئىي
مۇخلىسنى ئەسلىرىدىن چىقارمىغانلىقلىرىغا
بېشىمىز كۆككە يەتتى. بىز ھەر بىر قەدىمى-
مىزنىمۇ پادىشا ئالىلىرىنىڭ خىزمەتكارلىغىدىن
ئۆزگە يولغا باسماسمىز، بىزنىڭ بىر قىزىمىز
بارسىدىن ئەمىر پەرمان بولغان ئىكەن،
بەجانىدىل قوبۇل قىلدۇق، ئەگەر يۈز قىزى-
مىز بولسىمۇ پادىشا ئالىلىرىنىڭ
خىزمەتكارىدۇر.»

يەمەن پادىشاسى قىزىنى مىسىر پادى-
شاسىغا نىكالاپ، ئەلچىگە قوشۇپ ئەۋەتىپتۇ
ۋە قىزىنىڭ مال-مۈلكىنىمۇ ئەلچىگە تاپشۇ-
رۇپ بېرىپتۇ. يەنە ئۆز ۋەزىرى بىلەن
مەسلىھەتلىشىپ، يۈز تۆگە ئالتۇن-كۈمۈش،
گۆھەر، خىل كىيىملىكلەر ۋە چىرايلىق كې-
نىزەكلەرنى مىسىر پادىشاسىغا سوغا قىلىپ،
سالىھ ئىبنى ھەمىتكە تاپشۇرۇپتۇ، مىسىرغىچە
قوغداپ ئاپىرىش ئۈچۈن لەشكەر قوشۇپ
بېرىپتۇ. ۋەزىر يولغا چىقىپ بىر نەچچە
كۈندە مىسىر تەۋەسىگە يېتىپ بېرىپتۇ ۋە
پادىشاغا خەۋەر ئەۋەتىپتۇ. پادىشا ئوردىدىكى
بارلىق مۇلازىم ۋە كېنىزەكلىرىنى ئۇلارنىڭ
ئالدىغا چىقىرىپتۇ. ئۇلار ئۈچ كۈنلۈك يول-
غىچە ئالدىغا بېرىپ قارشى ئېلىپ، ئوردىغا
ئېلىپ كېلىپ چۈشۈرۈپتۇ. پادىشا مەلىكىنىڭ
قېشىغا كىرىپ ئۇنى كۆرۈپتۇ ۋە ئۇنىڭ
گۈزەللىگىگە ئاپىرىن ئوقۇپ ئاشىق بوپتۇ.

ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن
مەلىكە ھامىلدار بوپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر
تاپقان مىسىر پادىشاسى خوشال بولۇپ،
ئالىمئۇلىمالارغا خەيرى ئېھسان قىپتۇ ۋە
دۇئا تەلەپ بىلەن مەشغۇل بوپتۇ.

ئاي-كۈنى توشۇپ مەلىكە تۇغۇپتۇ.
قارىسا بىر شاھ سۈپەت، ئاپتاپتەك چىرايلىق
بىر ئوغۇل پەرزەنت دۇنياغا كەلگەن ئىكەن.
شۇ كۈنى ۋەزىر سالىھ ئىبنى ھەمىتنىڭ
خوتۇنىمۇ بىر ئوغۇل تۇغقان ئىكەن. پادىشا
ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى ئالدۇرۇپ كېلىپ
«ئىككىسى كۆكۈلداش بولسۇن» دەپ ئايرىم
بىر ئوردا تەيىنلەپ، ئىككىسىنى بىرلىكتە
تەربىيەت قىلىشقا تاپشۇرۇپتۇ. شاھزادىگە
سەيپۇلمۇلۇك، ۋەزىر زادىگە سائىت دەپ
ئىسىم قويۇپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن پادىشا
مۇنەججىملەرگە:

— شاھزادىنىڭ تەلىيىگە قۇرئە سېلىڭ-
لار، — دەپ ئەمىر قىپتۇ.

مۇنەججىملەر قۇرئە سېلىپ كۆرۈپ:

— ئى پادىشاھىم! شاھزادە ئۆمرى
ئۇزۇن ۋە شاھ ئالىلىرىنىڭ ئورنىنى بېسىپ
ئولتۇرىدىغان پادىشا بولىدىكەن. ئەمما ئۇن
تۆت يېشىدا بىر ۋەقەگە ئۇچراپ، كۆپ
مۇشەققەتلەرنى تارتىپ، ياخشى-يامانىنى
سىناقتىن ئۆتكۈزۈپ، ئاقىۋەت مۇرادىغا يېتىپ
تەختى سەلتەنەتتە بەرقارار بولىدىكەن، —
دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان پادىشا كۆپ غەمكىن
بوپتۇ.

ئىككى بوۋاق كۆپ ئىززەت-ئىكرام-
لار بىلەن تەربىيەت قىلىنىپتۇ. شاھزادە
يەتتە ياشقا كىرگەندە مەكتەپكە بېرىپ ئى-
لىم ۋە ئەدەپ ئۆگىنىپتۇ. بارا-بارا شاھزادە
پادىشالىققا لازىم بولىدىغان ئىشلارنىڭ
ھەممىسىدىن تەلىم ئېلىپ، بارچە ھۈنەردە
كامىل بولۇپتۇ.

شاھزادە ناھايىتى چىرايلىق ئىكەن،
شۇڭا خەلق ئۇنىڭ جامالىغا قاراپ ھەيران
بولغانلىقىدىن، ئۇنىڭ يۈزىدىن كۆزىنى ئۈ-
زەلمەيدىكەن. ئەگەر شاھزادە ئاتلىنىپ بىر
جايغا بارسا، شەھەر خەلقى: «قايتىپ كەلسە
كۆرىمىز» دەپ ئۇنىڭ يولىغا مۇنتەزىر بو-
لۇپ تۇرىدىكەن.

www.uyghurkitap.com

ئۇلار ئون تۆت ياشقا كىرىپتۇ. پادىشا ئۇلارنى ئىلگىرىكىدىنمۇ ياخشىراق كۆتۈشكە باشلاپتۇ. بىر كۈنى پادىشا شەھەرنى بايرام كۈنىدەك زىننەتلەپ سەيپۇلمۇلۇك ۋە سائىتقا شاھانە لىباسلارنى كەيدۈرۈپ ئوردىسىغا ئېلىپ كەپتۇ. پادىشا كاتتا زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇپ ئون كۈنگىچە سازەندىلەر ۋە غەزەلخانلار بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزۈپتۇ. زىياپەت ئاخىرلاشقان كۈننىڭ ئەتىسى ئۇلار پادىشاغا تازىم بەجا قىلغىلى كېلىشىپتۇ. پادىشا سەيپۇلمۇلۇككە ئالتۇن كۇرسى، سائىتقا كۈمۈش كۇرسى قويدۇرۇپ بېرىپتۇ. پادىشا دۆلەت كاتتىلىرى بىلەن ئۇلارغا قاراپ سۆيۈنۈپ، خۇدايىتائالاغا كۆپ شۈكرىلەرنى ئېيتىپتۇ. پادىشانىڭ ئالدىدا خىزمەتكارلار سەپ-سەپ بولۇپ قول قوشتۇرۇپ، پەرمان كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن. پادىشا غەزنىدىن ئۆزى مەخسۇس ساقلاشقا بەرگەن بىر ساندۇقنى كەلتۈرۈشنى بۇيرۇپتۇ. ساندۇق كەلتۈرۈلۈپتۇ. پادىشا ساندۇقنى كۆزىگە سۈرتۈپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن ئالتۇن يىپ بىلەن توقۇلغان رەختتىن تىكىلگەن بىر تون بىر دانە پىروزە كۆزلۈك ئۈزۈك ئاپتۇ ۋە ئۈزۈك بىلەن تونىنى بىر دانە ئىراق ئارغىمىقىغا قوشۇپ شاھزادىگە تەقدىم قىلىپتۇ. ئۇ تون ۋە ئۈزۈك پادىشاغا سۇلايمان ئەلەيھىسسالامدىن قالغان ئىكەن. يەنە بىر ئىگەر-يۈگەنلىرى كۈمۈشتىن قىلىنغان ئارغىماقنى سائىتقا تەقدىم قىلىپتۇ. ئۇلار سوغىلارنى ئېلىشىپ ئۆز ئاراملىرىغا قايتىشىپتۇ ۋە خۇشاللىقتىن كېچە-كۈندۈز بەزمە قىلىپ شاراپ ئىچىشىپ مەست بولۇپ يېتىپ قاپتۇ.

بىر چاغدا شاھزادە ھوشىغا كەپتۇ. ئۈزۈك بىلەن تونىنىڭ خۇشاللىقىدا كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەي، ئورنىدىن تۇرۇپ تونىنى سىنچىلاپ كۆرۈشكە باشلاپتۇ. ئۇ تونىنىڭ سىرتىنى كۆرۈپ بولۇپ ئىچكى تەرەپكە قارىغان ئىكەن، ئىچى تەرەپتە بىر پەرىزاتنىڭ سۈرىتى كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ بۇ سۈرەتنى كۆرۈپ بىجانىدىل ئاشىقى-بىقارار بولۇپ، ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپتۇ. بىر سائەتتىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ سائىتتىن ئۇياتقانلىغىدىن بىر ئۆيگە كىرىپ باغرىنى ھۆل يەرگە يېقىپ زار-زار يىغلاپتۇ. سائىت ئويغىنىپ، شاھزادىنىڭ ئۆز ئورنىدا يوقلۇقىدىن خەۋەر تېپىپ، «ئۇ بىرەر كېنىزەكنى كۆڭلى تارتىپ، شۇ ياققا كەتكەن ئوخشايدۇ» دەپ گۇمان قىلىپ، ئۇنى ئىزدەپ تاپالماپتۇ، ئاخىرى ئۇنىڭ «ئاھ» دىگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ، بىر ئۆيگە كىرىپ، ئۇنىڭ ياقىسىنى يىرتىپ نالە-زار قىلىپ پەرىشان ھالدا ياتقانلىغىنى كۆرۈپتۇ. سائىت شاھزادىنىڭ ھالىنى كۆرۈپ ئېچىنىپ، نىمە بولغانلىغىنى سورىغان بولسىمۇ شاھزادە جاۋاپ بەرمەپتۇ. سائىت زار-زار يىغلاپ بېرىپ بۇ خەۋەرنى پادىشاغا يەتكۈزۈپتۇ. پادىشا دەرھال شاھزادىنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭ پەرىشان ھالىنى كۆرگەندىن كېيىن ئوردىسىغا قايتىپ كېلىپ، بارلىق ھۆكۈمالارنى يىغىپ، ئۇلاردىن شاھزادىنىڭ دەردىگە داۋا قىلىشنى تەلەپ قىلىپتۇ. ھۆكۈمالار داۋالاش تەدبىرلىرىنى قىلىپ باققان بولسىمۇ، قىلچە ئۈنۈمى بولماي، ئەكسىچە شاھزادىنىڭ زەئىپلىگى كۈچىيىۋېرىپتۇ. داخانلارنى ئەكىلىپ، قانچە دۇئالارنى ئوقۇتقان بولسىمۇ، ھېچبىر پايدىسى بولماپتۇ. ھۆكۈمالار: ئىلگىرى شاھزادىمىزنىڭ تەلىيىگە قۇرئە سالدۇرۇلغاندا، ئون تۆت ياشقا كىرگەندە بىر بالاغا مۇپتىلا بولىدىغانلىغى ئېيتىلغان ئىدى. شۇ چاغدا دىيىلگەن بالا مۇشۇ بولسا كېرەك، دىيىشىپتۇ ۋە شاھزادىنىڭ ساقىيىشىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈشۈپتۇ. شۇ چاغدا سالىھ ئىبنى ھەممەت بىر ئەقىل كۆرسىتىپ:

— بىز كۆپ چارە قىلغان بولساقمۇ پايدىسى كۆرۈلمىدى، ئەمدى يەنە بىر چارە بار: سائىت شاھزادە قېشىغا كىرىپ، دەردىڭىزنى ماڭا ئېيتىڭ، ئەگەر ئېيتمىسىڭىز مەن ئۆزەمنى ئۆلتۈرىۋالىمەن، دەپ يىغلاپ تۇرۇۋالسۇن، شۇنداق قىلىپ ئۇنى ئۆز دەردىنى ئېيتىشقا مەجبۇرلىسۇن، — دەپتۇ.

بۇ سۆز ھەممىگە ماقۇل كۆرۈلگەچكە، سائىت شاھزادە قېشىغا كىرىپ، نالە - زار بىلەن:

— ئى شاھزادە! بىز سىرداش دوست ئىدۇققۇ؟ سىز مەندىن ھېچنەرسىنى يوشۇرمايتتىڭىزغۇ؟ ئەمدى نىمە بولدى؟ ماڭا ھېچنەرسە دىمەيسىزغۇ؟ ئەگەر ئۇنداق قىلىۋەرسىڭىز مەن ئۆزەمنى ئۆلتۈرۈۋالىمەن،— دەپتۇ.

شاھزادە يەنىلا جاۋاپ بەرمەپتۇ. سائىت يېنىدىن بىر خەنجەرنى چىقىرىپ، ئۆزىنىڭ كۆكسىگە قويۇپ تۇرۇپ:

—ئى شاھزادە، سىز ھېچنەرسە جاھاندا سۆت ھەققىي بىلەن تۇز ھەققىدىن ئۇلۇغ ئەمەس دەپ ئېيتاتتىڭىز، تالىشىپ ئەمگەن سۆت ھەققى ۋە تۇز ھەققىي ئۈچۈن سىردىڭىزنى ئېيتمايدىغان بولسىڭىز، مەن ئۆزەمنىڭ كۆكسۇمنى يارىمەن،— دەپ، گويا ئۆزىنىڭ كۆكرىگىنى يىرىپ تاشلايدىغان قىياپەتكە كىرىپتۇ.

شاھزادە سائىتنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ:

— سائىت، سەۋرى قىل، مەن دەردىمنى ساڭا ئېيتاي،— دەپ ئۇنى توختىتىپتۇ.

شەھەردە بېشىدىن ناھايىتى كۆپ ئىش ئۆتكەن، ياخشى - يامانىنى سىناپ كۆرگەن بىر موماي بار ئىكەن. ئۇ، بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ، پادىشانىڭ قېشىغا كىرىپ تازىم بىجا قىلغاندىن كېيىن:

— ئى پادىشاھى ئالەم! ئەگەر مەرھەمەت قىلىپ پەقىرگە رۇخسەت قىلسىلا، شاھزادىنى سۆز قىلدۇراتتىم،— دەپ رۇخسەت سوراپتۇ.

پادىشا ئۇ مومايغا كۆپ ۋەدىلەرنى قىلىپ رۇخسەت بېرىپتۇ. ئۇ موماي شاھزادىنىڭ قېشىغا كىرىپ، شىرىن سۆزلەر بىلەن خىلمۇ - خىل ئەپسانىلەرنى ئېيتىشقا باشلاپتۇ. ئۇ شاھزادىگە، ئۆزىگە سىرنى ئېيتسا، مەقسىدىگە يېتىدىغانلىغىنى دىپ، مۇنداق ھكايە ئېيتىپ بېرىپتۇ:

**موماي ئېيتقان ھكايە**

بۇرۇن بىر شەھەردە بىر زەرگەر يىگىت بار ئىكەن، ئۇ يىگىت ھۆسنى - جامالدا تەڭداشسىز بولۇپ، ئۇنى بىر قېتىم كۆرگەن قىزلار ئەقلىدىن ئېزىپ، مەجنۇنلۇق كوچىسىدا كېزىپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولىدىكەن، بۇ شەھەرنىڭ پادىشاسىنىڭمۇ گۈزەللىكتە تەڭدىشى بولمىغان بىر قىزى بار ئىكەن. بىر كۈنى مەلىكە هاممامغا بېرىپ قايتىشىدا، ھېلىقى زەرگەر يىگىتنىڭ دۇكىنىنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە شامال چىقىپ، مەپىنىڭ پەردىسىنى كۆتىرىۋېتىپتۇ. مەلىكىنىڭ كۆزى زەرگەر يىگىتكە چۈشۈپ، مەلىكە مەپە ئىچىدە ھۇشىدىن كېتىپ يىقىلىپ قاپتۇ. لېكىن مەلىكىنىڭ خىزمەتكارلىرى بۇنىڭدىن خەۋەرسىز ئىكەن. ئوردىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، مەلىكىنىڭ رەڭگى - روھى باشقىچە بولۇپ قالغانلىغىنى سەزگەن خىزمەتكارلار مەلىكىدىن ئەھۋال سوراشىپتۇ. مەلىكە زەرگەر يىگىتنى كۆرۈپ ئاشىق بولۇپ قالغانلىغىنى ئىنىگانىسىغا ئېيتىپتۇ. ئىنىگانىسى:

— بۇ ئىشنىڭ يولىنى مەن ئوبدان بىلىمەن،— دەپ مەلىكىنى ئەركەكچە ياساندۇرۇپ، ئۆزىنىڭمۇ قىياپىتىنى ئۆزگەر-

www.uyghurkitap.com

تىپتۇ. مەلىكنى ئۇردىدىن ئېلىپ چىقىپ، زەرگەر يىگىتنىڭ دۇكىنىنىڭ قېشىغا كەلگەندە قىزنى بىر جايدا يوشۇرۇپ قويۇپ ئۆزى دۇكانغا كىرىپتۇ ۋە جاۋاھىر-لارنىڭ بەزىسىنى ئېلىپ، بەزىسىنى قايتۇ-رۇپ بېرىشكە باشلاپتۇ. شۇ مەشغۇللۇق بىلەن بىر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، قىزنى دالدىدىن چاقىرىپ كېلىپ، يۈزىنى ئېچىۋېتىپتۇ. زەرگەر يىگىت قىزنى كۆرۈپلا ھۇشىدىن كېتىپتۇ. ئىنىگانا بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ قويىنىغا بىر دانە تاش ۋە بىر نەچچە تال يىڭنە سېلىپ قويۇپ، قىزنى ئېلىپ كېتىپتۇ.

زەرگەر يىگىت ھۇشىغا كېلىپ قوي-نىدىكى تاش ۋە يىڭنىلەرنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ، بۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ ئۆيىگە بېرىپتۇ. ئۇنىڭ خوتۇنى، ئېرىنىڭ چىرايى-دىكى ئۆزگىرىشلەردىن ئەجەپلىنىپ ئەھۋال سورىغان ئىكەن، ئۇ:

— بىر قىزنى كۆردۈم. كىمنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن، جاۋاھىرغا خېرىدار بولدى... دەپ ۋەقەنى باشتىن - ئاياق سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە تاش بىلەن يىڭنىنى ئېلىپ خوتۇنىغا كۆرسىتىپتۇ. خوتۇنى:

— بۇ نىشانلاردىن قارىغاندا ئۇ قىز پادىشانىڭ قىزى ئىكەن، يىڭنىلەر — يىڭنە-پۇرۇش مەھەللىسى بىلەن ماڭساڭ، مەن بار جايغا بارىسەن دېگەنگە ئىشارەت، قويۇپ كەتكەن قاش تېشى، ئوردىنىڭ ئالدىدىكى قاش تېشى سۇپىنىڭ ئالدىغا كەلگىن، دېگەنگە ئىشارەت. دەرۋەقە ئۇ يەردە بىر قاش تېشى سۇپا بار، شۇ يەرگە بارساڭ مۇرادىڭغا يېتىسەن، — دەپ ئەقىل كۆرسىتىپتۇ.

زەرگەر يىگىت خوتۇنىنىڭ سۆزى بويىچە، بەلگىلەنگەن جايغا بېرىپ ئولتۇ-رۇپتۇ. بىر سائەتتىن كېيىن قىز ئوردىنىڭ دەرىزىسىدىن قاراپ ئاشىقىنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇيەردىن بىر ئەينەكنى كۆتىرىپ چىقى-پتۇ ۋە دەرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ تۇرۇپ، يىگىتكە ئەۋۋەل ئەينەكنىڭ ئوڭ يۈزىنى، كېيىن چەپ يۈزىنى كۆرسىتىپتۇ. ئارقىدىن بىر تاغاقنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ چىشلىرىنى سۇندۇرۇپتۇ. بىر قاچا سۇنى دەرىزىدىن تۆكۈپ، بىر باغلام گۈلنى كۆرسىتىپ قويۇپ كىرىپ كېتىپتۇ. زەرگەر يىگىت بۇ ئالامەتلەردىن ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي ھەيران بولغىنىچە ئۆيىگە قايتىپ بېرىپ، كۆرگەنلىرىنى خوتۇنىغا بىرمۇ-بىر بايان قىپتۇ.

خوتۇنى بۇ ئالامەتلەرنىڭ مەنىسىنى يېشىپ:

— ئەينەكنى كۆرسەتكىنى، ئاشىق بولساڭ كېچىسى كەل دېگىنى، قاچىدىن سۇنى تۆككىنى، سۆگۈچتىن كىرگىن دېگىنى، تاغاقنىڭ چىشىنى سۇندۇرغىنى، سۆگۈچنىڭ قوزۇقلىرىنى سۇندۇرۇپ كىرسەڭ بولىدۇ دېگىنى، گۈلدەستىنى كۆرسەتكىنى، گۈللۈككە كىرىپ ساقلا دېگىنى، — دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ.

زەرگەر يىگىت خوتۇنىنىڭ دېگىنى بويىچە، كەچتە بەلگىلەنگەن يەرگە بېرىپ، مەلىكىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. خېلى ۋاقىت كۈتكەن بولسىمۇ قىز چىقماپ-تۇ. زەرگەر كۈتۈپتۇ، ئەمما قىز پات چىقمىغانلىقى ئۈچۈن، ساقلاپ ئولتۇرۇپ-ئولتۇرۇپ ئاخىرى ئۇخلاپ قاپتۇ. بىر مەھەلدىن كېيىن قىز چىقىپ، يىگىتنىڭ ئۇخلاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ قوينىغا بەش - ئالتە تال ياڭاقنى سېلىپ قويۇپ قايتىپ كېتىپتۇ. بىر سائەتتىن كېيىن يىگىت ئويغۇنۇپ، قوينىدا بەش-

ئالتە دانە ياڭاق تۇرغانلىغىنى كۆرۈپ، بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارغا هەيران بولۇپ، ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ ۋە بولغان ۋەقەنى خوتۇنىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. خوتۇنى:

— ۋاي ئىسىت! مەلىكە چىققان ئىكەن، سەن ئۇخلاپ قاپسەن. قوينۇڭغا ياڭاق تاشلاپ قويغانلىغى، سەن ئاشىقلىققا يارىمايدىكەنسەن، ئاشىق بولساڭ ئۇخلىمىغان بولاتتىڭ، بېرىپ كىچىك باللار بىلەن ياڭاق ئوينىغىن دىگىنى، بۇگۈن كېچە يەنە بارغىن، مەقسىدىڭگە يەتسەڭ ئەجەپ ئەمەس،— دەپتۇ.

زەرگەر يىگىت كېچىسى يەنە بېرىپتۇ. بۇ كېچىسىمۇ ساقلاپ ئولتۇرۇپ، يەنە ئۇخلاپ قاپتۇ. قىز چىقىپ ئاشىقىنىڭ ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قوينىغا بەش ئالتە ھۇشۇق سېلىپ قويۇپ كىرىپ كېتىپتۇ. يىگىت ئويغۇنۇپ قوينىدىكى ھۇشۇقلارنى كۆرۈپ، ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ ۋەقەنى خوتۇنىغا ئېيتقاندا، خوتۇنى:

— دەرىخ، قىز چىققان ئىكەن، ئەمما سېنىڭ ئۇخلاۋاتقانلىقىڭنى كۆرۈپ، قوينىڭغا ھۇشۇق سېلىپ قويۇپ، كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇنداق قىلغىنى ئاشقلىققا يارىمايدىكەنسەن، بېرىپ ھۇشۇق ئوينىغىن دىگىنى، بۈگۈن كېچە يەنە بارغىن، لېكىن ھەرگىز ئۇخلىما، يەنە ئۇخلاپ قالساڭ سېنى جەزمەن ئۆلتۈرىدۇ. ئۆزەڭگە ئاگاھ بول،— دەپتۇ ۋە ئېرىنىڭ قولىنى بىرئاز كېسىپ، ئۇستىگە تۇز سېپىپ قويۇپتۇ.

يىگىت بەلگىلەنگەن يەرگە يەنە بېرىپتۇ. قولىنىڭ ئاغرىقى ئۇنى ئۇخلاتماپتۇ. ئۇ بىتاقەت بولۇپ، يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ. قىز چىقىپ يىگىتنىڭ ئويغاق ئولتۇرغانلىغىنى كۆرۈپ سالام قىپتۇ ۋە:

— ئى يىگىت، بۇگۈن يەنە ئۇخلاپ قالغان بولساڭ، سېنى جەزمەن ئۆلتۈرەتتىم،— دەپتۇ ۋە ئۇنى خاس ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ مەي ئىچىشىپتۇ. شۇ كىرگەنچە ئۈچ كېچە-كۈندۈز ئەيشى-ئىشرەت قىلىشىپتۇ.

بۇ چاغدا قىزنىڭ ئاتىسى شىكاردا ئىكەن. ئۇ شىكارغا چىقىدىغان كۈنى، ئوردىسىدىن خەۋەر ئېلىشقا مىرشاپنى بەلگىلەپ قويغان ئىكەن. مىرشاپ ئوردىدىن خەۋەر ئېلىش مەقسىدىدە كېلىپ مەلىكىنىڭ مەخسۇس ئۆيىنىڭ تۈڭلۈگىدىن قاراپ، ئۇنىڭ بىر يىگىت بىلەن ئەيشى-ئىشرەت قىلىشىۋاتقانلىغىنى كۆرۈپتۇ. مىرشاپ غەزەپكە كېلىپ، قىز بىلەن يىگىتنى تۇتۇپ زىندانغا ساپتۇ.

مەلىكە زەرگەر يىگىتتىن:

— مەن ساڭا قىلغان ئىشارەتلەرنى ئۆزەڭ بىلگەنمىدىڭ ياكى بۇنى باشقا بىرسى ئېيتىپ بەرگەنمىدى؟— دەپ سوراپتۇ.

زەرگەر يىگىت:

— ئۆزەم تاپقان ئىدىم،— دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. مەلىكە:

— ۋاي ئىسىت، ئۇنداق بولسا قۇتۇلالمايدىكەنمىز، ئاتام كەلسە ھەر ئىككىمىزنى ئۆلتۈرىدۇ،— دەپ زار-زار يىغلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن زەرگەر يىگىت راستىنى ئېيتىشقا مەجبۇر بولۇپ، ئۇ ئىشارەتلەرنىڭ مەنىسىنى خوتۇنى ئېيتىپ بەرگەنلىگىنى ئىزھار قىپتۇ. مەلىكە بۇنى ئاڭلاپ:

— ئىنشائاللا، ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇشىمىز مۇمكىن،— دەپتۇ. شۇ زامان زىندان باققۇچىنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا:

— ساڭا بىر خىزمەت بار، ئۈچ دانە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

تاشنى ئېلىپ بېرىپ ئۇنىڭ بىرسىنى زەرگەر يىگىتنىڭ دەرۋازىسى پارە-پارە بولۇپ كەتكىدەك ئۇرسەن، يەنە بىر تاشنى ھويلا ئىچىگە تاشلايسەن. ئۈچىنچى تاشنى ئۆگزى-سىگە تاشلاپ قويۇپ يېنىپ كېلىسەن. ئەگەر بۇ خىزمەتنى ئورۇنلىساڭ، قۇلىغىمدىكى قىممەتباھا گۆھەردىنى ساڭا بېرىمەن، — دەپتۇ. زىندان باقىقۇچى قىممەتباھالىق گۆھەرنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلىدىغانلىغىنى بىلدۈرۈپتۇ. مەلىكە گۆھەرنى دەرھال زىندان باقىقۇچىغا بېرىپتۇ.

ئۇ بېرىپ، بىرىنچى تاشنى دەرۋازا يېرىلغۇدەك دەرىجىدە ئۇرۇپتۇ. زەرگەرنىڭ خوتۇنى ئېرىنىڭ كىشى قولىغا چۈشۈپ قالغانلىغىنى بىلىپتۇ. ئىككىنچى تاش ھوي-لىغا چۈشۈپتۇ. خوتۇن بۇنىڭدىن ئېرىنىڭ زىندانغا چۈشۈپ قالغانلىغىنى بىلىپتۇ. ئۈچىنچى تاش ئۆگزىدىگە چۈشۈپتۇ. زەرگەرنىڭ خوتۇنى: «بۇ ئېرىمنىڭ مېنى قۇتقۇزۇۋال دېگىنى» دەپ شۇ ئانىلا بىر قازان ھالۋا پىشىرۇپ، توققۇز نان ئېلىپ زىندانغا كەپتۇ ۋە زىندان باقىقۇچىنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا بىر تاۋاق ھالۋا بېرىپ:

— مېنىڭ ئېرىم سودىگەرچىلىك بىلەن سەپەر قىلىپ، بارغان يېرىدە ئۆلۈپ كەتتى. چۈشۈمدە بىر ئاقساقال كىشى، زىنداندىكى مەھبۇسلارغا ئۆز قولۇڭ بىلەن ھالۋا يې-گۈزسەڭ بەختىڭ ئېچىلىدۇ، دەپ بىشارەت بەردى. رۇخسەت بەرسەڭ، زىندان ئەھلىگە ھالۋا يېدۈرۈپ چىقسام، — دەپ ئىلتىماس قىپتۇ. زىندان باقىقۇچى ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىپتۇ. ئۇ خوتۇن ھالۋىنى ئېلىپ زىندانغا چۈشۈپ، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئالدىدا قويۇپتۇ. زەرگەر يىگىتنىڭ خوتۇنى ئۆزىنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنى ئېرىگە كەيدۈرۈپ، ئېرىنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنى ئۆزى كىيىپتۇ. زىندان باقىقۇچى زەرگەر يىگىتنى ھالۋا ئېلىپ كەلگەن خوتۇن دەپ ئويلاپ، زىنداندىن چىقىرىۋېتىپتۇ.

ئۈچ كۈندىن كېيىن پادىشا شىكاردىن قايتىپ كېلىپ، ئوردىسىغا كىرىپلا قىزىنى سوراپتۇ. قىزنىڭ خىزمەتكارلىرى پادىشاغا، قىزنىڭ يوقالغانلىغىغا بىر نەچچە كۈن بولغانلىغىنى ئېيتىپتۇ.

پادىشا دەرغەزەپ بولۇپ مىرشاپنى چاقىرىپ:

— مەن سېنى ئوردىنى مۇھاپىزەت قىلىشقا قويۇپ كەتكەن ئىدىم، قىزىم قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ. مىرشاپ:

— ئى پادىشاھى ئالەم، مەلىكە بىر نامەھرەم بىلەن بەزمە تۈزۈپ ئولتۇرغان ئىكەن، زىندانغا سالدۇردۇم، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. پادىشانىڭ غەزىۋى ئۆرلەپ:

— بۇ جىنايەتچىلەرنى زىنداندىن چىقى-رىپ، چالما-كېسەك قىلىڭلار! — دەپ پەرمان قىپتۇ.

خادىملار پەرماننى ئورۇنلاش ئۈچۈن زىندانغا بېرىپ، ئىككى ئايالنى كۆرۈپ ھەيران بوپتۇ ۋە ئۇلارنى زىنداندىن چىقىرىپ، پادىشا قېشىغا ئېلىپ كېلىپ، پادىشاغا:

— مىرشاپنىڭ ئېيتقىنى يالغان ئىكەن، مىرشاپ مەلىكەمگە بوھتان قىپتۇ، دەپ مەلۇم قىلىشىپتۇ. پادىشا ئۇلاردىن گەپ سورىغاندا مەلىكە:

— ئى ئاتا! بۇ ئايال مېنىڭ خىزمەت-كارىم ئىدى، قېشىمدا ئولتۇراتتى، تۇيۇقسىز-لا مىرشاپ بېسىپ كىرىپ، بىزنى تۇتۇپ زىندانغا تاشلىدى. مېنىڭ نېمە گۇناھىم بولسۇن، — دەپتۇ.

بۇ گەپ بىلەن پادىشا مىرشاپنى چالما
كېسەك قىلىشقا بۇيرۇپتۇ. مەلىكە يەنە
ئەۋۋەلقىدەك ئىززەت-ئىكرامغا سازاۋەر
بوپتۇ.

مومای ھېكايىسىنى تاماملىغاندىن
كېيىن، شاھزادە سەيپۇلمۇلۇك سۆزگە
كىرىشىپ، بۇ بېيىتنى ئوقۇپتۇ:

ئىشقىنى ھەر قاچان پىنھان تۇتسا نومۇستىن
كىشى،
ھىجىر ئۇنى رەسۋا قىلۇر ھەرقانچە يوشۇرغان
بىلەن.

سەيپۇلمۇلۇك سائىتقا قاراپ:

— ساڭا مەن بۇ سىرنى، ماڭا ئوخشاش
دەرتكە قالمىسۇن، دەپ ئېيتمىغان ئىدىم.
چۈنكى مەن كۆرگەننى سەن كۆرسەڭ
سەنمۇ شۇنداق بالاغا قالاتتىڭ، — دەپتۇ
ۋە سۈرەتنى كۆرۈپ ئاشىق بولغانلىقىنى
ئېيتىپ:

— ئەمدى ساڭا سىر ئېچىلدى. ئاتامغا
مەلۇم قىلىش-قىلماسلىق ئىختىيارى ئۆزەڭدە، —
دەپتۇ.

سائىت شاھزادىنىڭ ئەھۋالىنى پادى-
شاغا مەلۇم قىپتۇ. پادىشا ئەھۋالنى ئۇققان-
دىن كېيىن:

— بىر كۈنى تەختتە ئولتۇراتتىم، تۇ-
يۇقسىز بىر قاتتىق بوران چىقتى. بىرئاز
ۋاقىتتىن كېيىن بوران بېسىقىپ، چاڭ-
توزاڭ يوقالدى، ئالدىمدا يەتتە نەپەر
پەرى نامايەن بولدى. ئۇلار ماڭا سالام
قىلدى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ھەزرىتى سۇلايمان ئە-
لەيھىسسالام تەرىپىدىن ئەۋەتىلگىنى، سۇلايمان
ئەلەيھىسسالامنىڭ ماڭا بىر تون بىلەن بىر
ئۈزۈكنى يادىكار قىلىپ ئەۋەتكەنلىكىنى
ئېيتىشتى ۋە ئۇنى ماڭا تاپشۇردى. مەن
تونني ئېچىپ كۆرۈپ، ئۇ سۈرەتكە كۆزۈم
چۈشۈپ ئاشىق بولدۇم. پەرىلەردىن: بۇ
قانداق سۈرەت؟ دەپ سورىسام، ئۇلار: بۇ
شاھبال ئىبنى شاھرۇخنىڭ قىزى — مەلىكە
بەدىئۇلجامالنىڭ سۈرىتى، ئۇ تامام پەرىلەر-
نىڭ پادىشاھىدۇر، — دەپ جاۋاپ بېرىشتى.
مەن بۇ تون بىلەن ئۈزۈكنى سۆيۈپ،
ساندۇقتا سېلىپ قويغان ئىدىم، كېيىنكى
چاغلاردا مۇنداق بالالارنىڭ تۇغۇلىشىنى
ئويلىمىغان ئىكەنمەن، — دەپتۇ ۋە: «سۇلايمان
ئەلەيھىسسالام ھازىر ھايات بولمىسا، گۈلىستانى
ئېرەمنى بىلىدىغان ئادەم تېخى بولمىسا،
قانداق قىلىش كېرەك؟» دەپ غەمكىن
بوپتۇ. شۇ چاغدا يۇنۇس ئىسپاھانى ئورنى-
دىن تۇرۇپ تازىم قىلىپ:

— ئى پادىشاھى ئالەم! خاتىرىلىرى
جەم بولسۇنكى، بۇ ئىشنىڭ ئىلاجى بار.
بىز شاھزادىگە مەقسىدىنىڭ ھەل بولىدى-
غانلىقىنى، بىر يىللىق مۆھلەت بىلەن دۇن-
يانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا كىشى ئەۋە-
تىپ، سۈرىتى تارتىلغان جانانىنى ئىزلەپ
تاپىدىغانلىقىمىزنى ئوچۇق ئېيتايلى، بىر
يىل ئۆتكىچە بۇ ئىشى شاھزادىنىڭ خاتى-
رىسىدىن چىقىپ، غەمدىن قۇتۇلىشى مۈم-
كىن، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. بۇ مەسلى-
ھەتنى توغرا كۆرگەن پادىشا، شاھزادىگە
خەۋەر يەتكۈزۈشكە سائىتنى بۇي-
رۇپتۇ. سائىت بېرىپ شاھزادىگە:

— ئاتىڭىز سىزنى مەقسىدىڭىزگە يەت-
كۈزىدىغان بولدى. بەدىئۇلجامالنى ئىزلەپ
كەلگىلى كىشى ئەۋەتتى، — دەپتۇ. شاھزادە
سەيپۇلمۇلۇك بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، نالە-زارى-
دىن توختاپ، خۇشال خورام بولۇپ ئەيشى-
ئىشرەتكە مەشغۇل بولۇپتۇ.

پادىشا: گۈلىستانى ئېرەم ۋە بەدىئۇل-
جامالنىڭ ۋەقەسىنى ئاڭلىغان كىشى بولسا
ماڭا خەۋىرىنى بەرسە، ئۇنداق كىشىگە نا-
ھايىتى كۆپ ئىنئام بېرىپ دۇنيالىقىدىن

www.uyghurkitap.com

بىھاجەت قىلدى،— دەپ جاكالاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئىختىيار ئىسىملىك بىر بەگكە تۆتيۈز كىشىنى قوشۇپ، دۇنيانىڭ ھەر تەرەپلىرىگە ئەۋەتىپتۇ. بۇلار دۇنيانىڭ تۆت تەرىپىگە تاراپ، بەدىئۇلجامالنى ئىزدەپ، ئۇنىڭدىن ھېچبىر خەۋەر تاپالماپتۇ. ھەر بىر ۋىلايەتنى ئاختۇرۇپ قەيەردە بىر ساھىبجامال قىز بولسا، كۆرۈپمۇ چىقىپتۇ. لېكىن بەدىئۇلجامالنى تاپالماي، نائۈمىت بولۇشۇپ، بىر يىلنى ئۆتكۈزۈپ قايتىپ كېلىشىپتۇ ۋە ئەھۋالنى پادىشاغا ئېيتىپتۇ. پادىشا ۋە شاھزادىنىڭ ئانىسى يەنە غەمگە چۆكۈپتۇ. پادىشا بۇ ئەھۋالدىن شاھزادە خەۋەر تاپمىسۇن دېگەن بولسىمۇ، سەيپۇلمۇلۇك بەدىئۇلجامالنى ئىزدەپ كەتكەن چېپىردىكلەرنىڭ قۇرۇق قايتىپ كېلىشكەنلىرىنى ئاڭلاپ، بەدىئۇلجامالنىڭ پىراقىدا يۈرىگىگە ئوت تۇتىشىپ، يەنە قاراڭغۇ ئۆيىگە كىرىپ تامغا قاراپ، يۈزىنى يەرگە سۈرتۈپ نالە قىلىشقا باشلاپتۇ.

بۇ ئىشلار يۈز بەرگەندىن كېيىن پادىشا ئۆزى سەيپۇلمۇلۇكنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ئى كۆزۈمنىڭ نۇرى! مەن ئەۋەتكەن چېپىردىكلەر دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە بېرىپ گۈلىستانى ئېرەمنى تاپالماي، بەدىئۇلجامالنىڭ خەۋىرىنى ئالالماي قايتىپ كېلىشتى. ئۇ پەرىزاتنىڭ ئوردىسىنى تاپماق ناھايىتى مۈشكۈل ئىكەن. چېپىردىكلەر بۇ بىر يىلدىن بۇيان جاھان كېزىپ، گەرچە بەدىئۇلجامالنى تاپالمىغان بولسىمۇ، لېكىن نۇرغۇن ساھىبجامالLارنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كەلدى. شۇلاردىن قايسىسىنى خالىساڭ، شانۇ - شەۋكەتلىك، داغدۇغىلىق مۇراسىم بىلەن تويۇڭنى قىلىپ، ئېلىپ بېرەي. ئى ئوغلۇم، كۆپ بىتاقەتلىك قىلما، ئەگەر سەن دېگەن پەرىزات پۇل، مال، لەشكەر بىلەن قولغا كېلىدىغان بولسا بارلىق پۇل - مال، ھەممە لەشكەرلىرىمنى بۇ يولدا پىدا قىلاتتىم. ئەمما بۇ پەرىنى تاپماق ناھايىتى مۈشكۈل ئىكەن،— دەپتۇ. شاھزادە پادىشاغا جاۋابەن:

— ئى ئۇلۇغۋار ئاتا! بۇ ئىشقنىڭ ئوتى ماڭا چۈشۈپتۇ. مەن ئۆز ئىشىمنى ئۆزەم قىلاي، ئەگەر مەقسىدىمگە يەتسەم مۇرادىم ھاسىل بولۇپ قالار، ئەگەر جانانىنى تاپالمىسام، غېرىبلىقنىڭ مېھنەت مۇشەققەت ۋە خارلىقلىرىنى تارتىپ، ئاقىۋەت كۆڭلۈمنى سوۋۇتسام ئەجەپ ئەمەس، ماڭا نىگارىمنى ئىزدەش ئۈچۈن رۇخسەت بەرسىلە، ئەگەر بۇ يولدا ئۆلۈپ كەتسەم پىداكارلىقتۇر، ئەگەر تىرىك قالسام خىزمەتلىرىگە قايتىپ كېلىپ، جامالىرىغا مۇشەررەپ بولىمەن، ئەگەر ئۇنى ئىزدەپ بارمىسام قىيامەتكىچە يامان نامىم قالىدۇ،— دەپ زار - زار يىغلاپتۇ. پادىشا، بەدىئۇلجامالنى ئىزدەشكە يەنە ئادەم ئەۋەتىدىغانلىقىنى، شاھزادىنىڭ تۇرۇپ تۇرۇشى لازىملىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ، شاھزادە قوبۇل قىلماي:

— ئى پادىشاھى ئالەم! ئەگەر مېنىڭ ھاياتىمنى كۆزدە تۇتسىلا، ماڭا رۇخسەت بەرسىلە، ئەگەر رۇخسەت بەرمىسىلە، ھالاك بولۇشۇم مۇمكىن،— دەپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ.

پادىشا نائىلاج شاھزادىگە رۇخسەت بېرىپتۇ. شاھزادە ئۆز سەپىرىنى دەريا بىلەن يۈرۈپ چىن مەملىكىتىگە يۈرۈش قىلىشتىن باشلاشنى، چۈنكى چىن مەملىكىتىدە ئۇستا سۈرەتچىلەرنىڭ بارلىقىنى، چىنغا بارغاندا ئۆز تەلىۋىنىڭ خەۋىرىنى ئالالىشى مۇمكىنلىگىنى ئاتىسىغا ئېيتىپ بېرىپتۇ. پادىشا دەرھال كېمىچىلەرنى ۋە ياغاچچىلارنى يىغدۇرۇپ، يەتتە يۈز دانە كېمە تەييار قىلدۇرۇپتۇ. كېمىچى ۋە ياغاچچىلارغا نۇرغۇن پۇل، مال بېرىپ تولۇق رازى قىپتۇ. كې-

نىزەكلەر ۋە نەغمىچىلەرنى ھەم سەپەرنىڭ باشقا لازىمەتلىكلىرىنى تەييارلاپ، ھازىرلىق پۈتكەندىن كېيىن كېمىلەرنى دەرياغا ئېلىپ كېلىشىپتۇ، پادىشا سائىتىنى ۋە ئەمىرلەردىن يەتتە يۈز كىشىنى شاھزادىگە قوشۇپ بېرىپتۇ. سەيپۇلمۇلۇك چۈشىدىغان كېمىگە مەخسۇس ھوجرىلارنى ياساتقان ئىكەن. شاھزادە كېمىگە چۈشۈش ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى كۆكسىنى پارە، يۈزىنى يارا قىلىپ، زار-زار يىغلاپ كۆزدىن باھار بۇلۇتى يامغۇر قۇيغاندەك ياش تۆكۈپتۇ، شاھزادىمۇ ناھايىتى پەرىشان بولۇپ:

— ئى ئاتا! سەۋرى قىلسىلا، تەقدىرنىڭ قىسمىتى شۇ ئىكەن، قازاغا رىزا، بالاغا سەۋردىن باشقا چارە يوق، — دەپ بۇ بېيىتنى ئوقۇپتۇ:

ئاتارمەن ئوق نىشانغا، ھېچ ئەجەپ ئەمەسكى تەككەي دەپ،
ئەگەرچە تەگمىسە كەتسۇن بېشىم ئول ئاي پىراقىدىن.

ئۇلار يىغا-زارە بىلەن كۆز يېشى قىلىشىپ خوشلىشىپتۇ. كېمىلەر قوزغىلىپ يۈرۈپ كېتىپتۇ. سەيپۇلمۇلۇك گويا قەپەزدىن قۇتۇلغان قۇشتەك ناھايىتى تېز كۆزدىن غايىپ بولۇپتۇ.

سەيپۇلمۇلۇك شۇ يۈرگىنىچە كېمە بىلەن قىرىق كېچە-كۈندۈز يۈرۈپ، پەغپۇر چىننىڭ شەھرىگە يېتىپ بېرىپتۇ. پەغپۇر چىننىڭ قويغان كىشىلىرى ئۇنىڭغا:

— سان-ساناقسىز لەشكەر كېلىپ چۈشتى، ئۇلارنىڭ دوست ياكى دۈشمەن ئىكەنلىكىنى بىلمىدۇق، — دەپ خەۋەر قىپتۇ. پەغپۇر چىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، شەھەرنىڭ دەرۋازىلىرىنى تاقاشقا بۇيرۇق بېرىپتۇ.

سەيپۇلمۇلۇك شەھەرنىڭ تېشىدا ئۈچ كۈنگىچە شاراپخورلۇق بىلەن مەشغۇل بولۇپ بەزمە بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ، ھېچكىمگە دەخلى قىلماپتۇ. پەغپۇر چىن سەيپۇلمۇلۇكنىڭ قېشىغا سوغا-سالاملار بىلەن ئادەم ئەۋەتىپتۇ. ئەلچىلەر سەيپۇلمۇلۇكنىڭ قېشىغا بېرىپ تازىم بىجا كەلتۈرۈپ تۇرۇشۇپتۇ. سەيپۇلمۇلۇك ئۇلار بىلەن شاخمەت ئوينىۋاتقان يېرىدىلا كۆرۈشۈپ:

— نېمە ئۈچۈن كەلدىڭلار؟ — دەپ سوراپتۇ. ئەلچىلەر:

— بىزنى پەغپۇر چىن: «بۇ كەلگەن كىشىلەر مېھمان بولۇپ كەپتىمۇ ياكى ئۇرۇش قىلغىلى كەپتىمۇ؟ خەۋەر ئاڭلاپ كېلىڭلار» دەپ ئەۋەتتى. ئۆزلىرىنىڭ ئۈچۈرلىرىغا مۇنتەزىرمىز، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. سەيپۇلمۇلۇك:

— بىز ئۇرۇش قىلغىلى كەلمىدۇق، بىزنىڭ ھېچ نەرسىگە ھاجىتىمىز يوق، — دەپتۇ ۋە ئەلچىلەرگە كىيىم-كېچەك سوغا قىلىپ ياندۇرۇپتۇ. ئەلچىلەر قايتىپ بېرىپ، بۇ سۆزنى پەغپۇر چىنغا يەتكۈزۈپتۇ. پەغپۇر چىن سەيپۇلمۇلۇكنى ئۆز كىشىلىرى بىلەن، ئىززەت-ئىكرام قىلىپ شەھەرگە تەكلىپ قىلىپ ئەكىرىپ، يەتتە كېچە-كۈندۈز زىياپەت قىلىپ كۈتۈۋاپتۇ ۋە چىن تەۋەسىدىكى بارلىق سۈرەتكەشلەرنى يىغدۇرۇپ بېرىپتۇ. بۇلاردىنمۇ گۈلىستانى ئېرەم بىلەن بەدىئۇلجامالنىڭ خەۋىرىنى ئالالمىغان سەيپۇلمۇلۇك ناھايىتى غەمكىن ۋە پەرىشان بولۇپتۇ. كىشىلەر ئۇنىڭغا:

— بۇ يەردە كۆپنى كۆرگەن، ئىسسىق سوغاقنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بىر قېرى كىشى بار. گۈلىستانى ئېرەم بىلەن بەدىئۇلجامالنىڭ خەۋىرىنى شۇ كىشى بىلسە ئەجەپ ئەمەس، — دېيىشىپتۇ.

www.uyghurkitap.com

سەيپۇلمۇلۇك دەرھال كىشى ئەۋەتىپ ئۇ قېرى ئادەمنى تاپتۇرۇپ كېلىپ، ئۇنىڭدىن گۈلىستانى ئىرەم بىلەن بەدىئۇلجامالنىڭ خەۋىرىنى سوراپتۇ. ئۇ ئادەم:

— يېشىم شۇنچىغا يېرىپ گۈلىستانى ئىرەم، بەدىئۇلجامال دىگەن گەپنى ئاڭلىغىنىم يوق. بۇ خەۋەرنى قۇستەنتىنە شەھرىدىن تاپقىلى بولارمىكىن، چۈنكى ئۇ شەھەرگە دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدىن سودىگەرلەر كۆپلەپ كېلىپ تۇرىدۇ، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

سەيپۇلمۇلۇك بۇ قېرى ئادەمدىن بۇ يەردىن قۇستەنتىنە شەھرىگە ئۈچ ئايدا يېتىپ بارغىلى بولىدىغانلىغىنى بىلىۋېلىپ، پەغپۇر چىن بىلەن خوشلىشىپ، كېمىگە چۈشۈپ قۇستەنتىنەگە يۈرۈپ كېتىپتۇ. دەريادا يەنە قىرىق كېچە-كۈندۈز يول مېڭىپتۇ. قىرىق بىرىنچى كۈنى تەتۈر شامال پەيدا بولۇپ ئوڭنى سولغا، سولنى ئوڭغا، سۈرۈپ، كېمىلەرنى پىقىرىتىشقا باشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە تۈتەك پەيدا بولۇپ، ئالەمنى قاراڭغۇلۇق بېسىپتۇ ۋە يامغۇر يېغىپ دەريا دولقۇنلاپ قايناملار پەيدا بوپتۇ. كېمىلەر سۇ يۈزىدە بىر-بىرى بىلەن سوقۇشۇپ، سۇنۇشقا باشلاپتۇ. سەيپۇلمۇلۇك كېمە ئىچىدىكى نەرسىلەرنى سۇغا تاشلاشقا بۇيرۇپتۇ. نەتىجىدە نۇرغۇن نەرسىلەر دەرياغا تاشلىنىپ، كېمە ئىچى قۇرۇغدىلىپ قاپتۇ. بىر سائەتتىن كېيىن قۇيۇن پەيدا بولۇپ دەريا قايناپ، يامغۇر ياققىلى باشلاپتۇ. كېمىلەر سۇغا تولۇپ غەرق بولغىلى تۇرۇپتۇ. گەرچە كېمىلەرنىڭ ئىچىدىكى سۇنى چىقىرىپ تاشلاشقان بولسىمۇ دەريانىڭ مەۋجى كېمىلەرنى گاھى ئېگىزگە، گاھى پەسكە سۈرۈپ، نۇرغۇن كېمىلەرنى غەرق قىلىۋېتىپتۇ. پەقەت سەيپۇلمۇلۇكنىڭ كېمىسىلا غەرق بولۇشتىن ئامان قاپتۇ. سەيپۇلمۇلۇكنىڭ ئەمرى بىلەن ئۇنىڭ كېمىسىدىكى سۇلار چىقىرىلىپ، ئالتۇن-كۈمۈش، جاۋاھىراتلارمۇ دەرياغا تاشلىنىپتۇ. سائەت چۈشكەن كېمىمۇ غەرق بولۇپ، ئۆزى بىر پارچە تاختاينىڭ ئۈستىدە قاپتۇ.

يامغۇر قىرىق كۈن ياققاندىن كېيىن ئاخىرى توختاپ، ھاۋا ئېچىلىپتۇ. سەيپۇلمۇلۇك سائەتنىڭ يوقلۇغىنى ۋە كىشىلەرنىڭمۇ ئاز قالغانلىغىنى كۆرۈپ: «سائەت بىلەن بىللە ئۆلسەم ئارمانىم يوق ئىدى، ئەمدى مەنمۇ تىرىك قالمايدىغان بولدۇم» دەپ ياقىسىنى پارە-پارە قىلىپ يىرتىپ زار-زار يىغلاپتۇ. شۇ چاغدا خىزمەتكارلار ئۇنىڭغا: يەتتە يۈز ئەمىر ۋە يۈزمىڭ كىشىلىك قوشۇندىن ئازلا كىشىنىڭ قالغانلىغىنى مەلۇم قىپتۇ. سەيپۇلمۇلۇك:

غەم-غۇسسە بىلەن بالاغا ھەمدەمدۇر مەن،
گاھى سىتەم ۋە جاپاغا مەھرەمدۇرمەن.
بىرلەھزە جاپايۇ جەۋرىدىن خالى ئەمەس،
يارەب نە بالاغا قالغان ئادەمدۇرمەن.

دەپ، بۇ رۇبائىنى ئوقۇپ كۆپ يىغلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن خىزمەتكارلار:

— ئى سۇلتانى ئالەم! ھەقتائالا سىزنى سالامەت قىلسۇن. سىز سالامەت بولسىڭىز بىزدەك خىزمەتكارلارنىڭ كارى چاغلىق، خىزمەتكار دىگەن كۆپ تېپىلىدۇ. بىز جېنىمىزنى سىزنىڭ يولىڭىزغا پىدا قىلىمىز. قازاغا رىزا، بالاغا سەۋرىدىن ئۆزگە چارە يوقتۇر، — دىيىشىپ سەيپۇلمۇلۇككە تەسەللى بېرىشىپتۇ.

ئۇلار دەريادا قايسى تەرەپكە مېڭىشنى بىلەي ھەيران بولۇپ تۇرغىنىدا كېمىچى:

— بىر تەرەپكە بىر توپ كىشىلەر

كېلىۋاتىدۇ، ــ دەپ خەۋەر قىپتۇ. سەيپۇلمۇلۇك «بۇلار بىزنىڭ ئۆز كىشىلىرىمىز بولسا كېرەك» دەپ تۇرغاندا ئۇلار يېقىنلىشىپ كەپتۇ. قارىسا ئۇلار ئادەم يەيدىغان زەڭگىلەر ئىكەن.

سەيپۇلمۇلۇك بىلەن زەڭگىلەرنىڭ ئارىسىدا ئۇرۇش باشلىنىپتۇ. قاتتىق ئۇرۇشلاردىن كېيىن، سەيپۇلمۇلۇكنىڭ كېمىسىدىكىلەردىن بىر قانچىسى زەڭگىلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. سەيپۇلمۇلۇك لەشكەرلىرى بىلەن زەڭگىلەرگە قارشى شىددەتلىك ئۇرۇش قىلغان بولسىمۇ، لېكىن تەڭ كېلەلمەپتۇ. زەڭگىلەر بىر مۇنچە كىشىلەر بىلەن قوشۇپ سەيپۇلمۇلۇكنى تۇتۇۋاپتۇ. بۇ زەڭگىلەردىن بويى مۇناردەك ئېگىز، بېشى گۈمبەزدەك يوغان بىرسى سەيپۇلمۇلۇكنى يېمەكچى بولۇپ قەست قىلغاندا، زەڭگىلەر پادىشاسىنىڭ قىزى سەيپۇلمۇلۇكنى كۆرۈپ قېلىپ ئاشىقى شەيدا بولۇپ، ئۇنى ھېلىقى زەڭگىنىڭ قولىدىن ئاجرىتىپ ئېلىپ ئۆزىنىڭ چار باغىغا ئەۋەتىۋېتىپتۇ. ئۇ قىز ئاتا-ئانىسىغا سەيپۇلمۇلۇكنى ئۆلتۈرۈپ يېدىم دەپ قويۇپ ئۇنى چار باغدا مەخپىي ساقلاپ، ئانار، ئەنجۈر، خورما، بادام، قەنت-ناۋات قاتارلىق شىرىن-يېمەكلىكلەر بىلەن تەمىنلەپتۇ، ئەمما سەيپۇلمۇلۇك ئۇ نەرسىلەرگە قاراپ قويماپتۇ. ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتۈپتۇ. ئۇنىڭ رەڭگى سارغىيىپ ئەھۋالى كۈندىن-كۈنگە زەئىپلىشىشكە قاراپ يۈزلىنىپتۇ. زەڭگى قىز «سەيپۇلمۇلۇكنىڭ كۆڭلى ئېچىلسۇن» دەپ دۇنيادا بارلىكى بارلىق سايرايدىغان جانىۋارلاردىن قەپەزگە سالدۇرۇپ، سەيپۇلمۇلۇكنىڭ قېشىغا ئەۋەتىپ تۇرۇپتۇ. سەيپۇلمۇلۇك بۇ جانىۋارلارنى كۆرۈپ، خۇداغا شۈكرى ئېيتىپتۇ.

بىر كۈنى زەڭگى شاھىنىڭ قىزى سەيپۇلمۇلۇكنى كۆرمەك ئۈچۈن ئۆزىنى ياساپ جابدۇپ، باققا بېرىپتۇ. ئۇنىڭ بويى مۇناردەك، كۆزلىرى توشقاننىڭ كۆزىدەك، قۇلاقلىرى كالا تېرىسىدەك، بۇرنى ھامامنىڭ مورىسىدەك، بۇرۇنىنىڭ تۈكلىرى يىكەندەك، ئاغزى غاردەك، ئەمچەكلىرى تۆگىنىڭ لوكىسىدەك ئىكەن، ئۇ ئاق گەجنى ئۇپا ئورنىدا سۈركىۋالغان، كۆسەي بىلەن قاشلىق ئەتكەن، سامساقنى تېشىپ مۇنچاق ئورنىدا ئاسقان، قارا پالازنى چۈمبەل قىلىۋالغان ئىكەن، ئۇ قىز ئاشۇنداق قىياپەتتە نازلىنىپ سەيپۇلمۇلۇكنىڭ قېشىغا كەپتۇ. سەيپۇلمۇلۇك ئۇ بەد قىياپەتنى كۆرۈپ قورقۇپ كېتىپتۇ رەڭگى ئۆزگىرىپ تىترەشكە باشلاپتۇ. زەڭگى قىز ئۇنىڭغا:

— ئى مېھرىبان يارىم! قېشىڭدا مەن يوق، كۈنلەرنى قانداق ئۆتكۈزدىڭ؟ مېنىڭسىز قانداقراق تۇردۇڭ؟ — دەپ خىتاپ قىپتۇ ۋە ئۇنى قۇچىقىغا ئېلىپ، ئىشقىۋازلىق قىلىپ گەپ سوراشقا باشلاپتۇ. سەيپۇلمۇلۇك سوئاللارغا جاۋاپ بەرمەي كۆڭلىدە خۇداغا يالۋۇرۇپ، ئۇنىڭدىن نىجاتلىق تىلەپ مۇناجات قىپتۇ. زەڭگى قىز سەيپۇلمۇلۇكتىن ھېچبىر سادا چىقمىغانلىقىنى كۆرۈپ خىزمەتكارلىرىغا:

— ئۇنى ئېھتىيات بىلەن ساقلاڭلار، — دەپ تاپشۇرۇپ قويۇپ ئۆيىگە قايتىپتۇ.

قىزنىڭ بۇيرۇقى بىلەن زەڭگىلەر سەيپۇلمۇلۇكنىڭ ئالدىغا بوغداي ۋە ياغۇنچاق قويۇپ، ئۇنى يارما تارتقىلى ساپتۇ. دەم ئالغىلى قويماي، گەدىنىگە ئۇرۇپ ئۈچ ئاي كېچە-كۈندۈز يارما تارتقۇزۇپتۇ. سەيپۇلمۇلۇكنىڭ قوللىرى تېشىلىپ يارما تارتالمايدىغان دەرىجىدە ھالىدىن كەتكەندە، نەۋ-

www.uyghurkitap.com

كەرلەر بىلەن بىللە ئوتتۇن توشۇغىلى ساپتۇ.
قولىغا بىر دانە پالتا تۇتقۇزۇپ كۈندە ئۈچ
نان بېرىپ تۆت ئاي ئوتتۇن توشۇتۇپتۇ.
سەيپۇلمۇلۇكنىڭ ئۇچىلىرى يىغىر بولۇپ تې-
شىلىپ هالىدىن كېتىپتۇ. ئاقىۋەت سەيپۇلمۇ-
لۇك ئۆزىنىڭ تۇتقۇن قىلىنغان نەۋكەرلىرى
بىلەن يوشۇرۇن مەسلىهەت قىلىپ قاچماقچى
بولۇشۇپتۇ، ئۇلار جاڭگالدىن مۇۋە يىغىپ،
يوشۇرۇن هالدا ساللارنى ياساپ، دەريا ئىچى
بىلەن خۇددى مىلتىقنىڭ ئوقىدەك تېزلىكتە
يۈرۈپ كېتىپتۇ. شۇ قاچقانچە دەريادا ئۈچ
ئاي يۈرۈپ، زەڭگىلەردىن خاتىرجەم بولغان
ۋاقتىدىلا يۈرۈش سۈرئىتىنى ئاستىلىتىپتۇ.
شۇ كۈنلەردە بوران چىقىپ دەريادىكى سالنى
خۇددى بىر سامان پارچىسىدەك سورۇشقە
باشلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن سەيپۇلمۇلۇك ۋە
ئۇنىڭ نەۋكەرلىرى، قورۇقنىدىن جانلىرى-
دىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، كەلىمە شاهادەت
ئوقۇشقا باشلاپتۇ ۋە خۇداغا تەۋەككۇل قىلىپ
سالنى ئېقىشىغا قويۇپ بېرىپتۇ. بوران پە-
سەيگەندىن كېيىنمۇ ئۇلار سۇ ئىچىدە كې-
زىپ يۈرۈپ، ئېيتىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان
ئاجايىپ ۋە غارايىپ هادىسىلەرنى كۆرۈپ
ئېقىللىرى لال ۋە هەيران بولۇپتۇ.

ئۇلار كېزىپ يۈرۈپ بىر ئارالغا چى-
قىپ قېلىشىپتۇ ۋە سۇدىن قۇتۇلۇپ قۇرۇق-
لۇققا چىققىنىغا شادىمان بولۇپ تەڭرىگە شۈكرى
قىلىشىپتۇ. ئۇ ئارالدا بادام، ئۈزۈم،ياڭاق، ئەنجۈر،
پىستە ۋە خورمىلار نۇرغۇن ئىكەن، ئۇلار
مېۋىلەرگە تويۇپ خوشال بولۇشۇپتۇ، ئەمما
ئۇ ئارالدا يەنە ئادەمخور ياۋايى هايۋانلار-
مۇ بار ئىكەن. سەيپۇلمۇلۇك «بۇ يەردە
تۇرغىلى بولمايدىكەن» دەپ ئويلاپ، سالنى
دەرياغا چۈشۈرۈپ يولغا راۋان بوپتۇ ۋە
قىرىق كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ ئىككىنچى
بىر ئارالغا چىقىپتۇ. ئۇ ئارالدا ئالما، ئانار،
ئۈزۈم، ياڭاق، بادامغا ئوخشاش مېۋىلەر
نۇرغۇن بولۇپ، يەنە بەزى ئاجايىپ ئۆسۈم-
لۈكلەر بار ئىكەن. «قەهقەهە» دەپ
ئاتىلىدىغان، كېچىسى ئادەم كۈلگەندەك كۈ-
لىدىغان بىر دەرەخ بار بولۇپ، بۇ مېۋىسى
يەرگە ئۈزۈلۈپ چۈشسە يەردە تۇرۇپ، تاڭ
ئاتقىچە «ئاللا، ئاللا» دەيدىغان، تاڭ ئاتسا
سەكرەپ دەرەخنىڭ بېشىغا چىقىپ، ئۆز ئور-
نىدا تۇرىدىغان بىر دەرەخ ئىكەن، يەنە بىر
دەرەخنىڭ مېۋىسى ناهايىتى شېرىن، ئەمما
مېۋىسىنىڭ ئادەمنىڭ بېشىغا ئوخشاش باش،
كۆز، قۇلاق، بۇرۇنلىرى بار ئىكەن. يەنە
بىر دەرەخ كەچقۇرۇندا «ۋاق - ۋاق» دەپ
ئاۋاز چىقىرىدىكەن، كۈندۈزى ئاۋازى يوقى-
لىدىكەن. يەنە بىر دەرەخ بار بولۇپ كې-
چىسى گويا ئۆزىدىن ئوت چىقارغاندەك
كۆرىنىكەن. ئۇ چاغدا خۇددى پۈتۈن ئارال-
غا ئوت كەتكەندەك مەلۇم بولىدىكەن.
لېكىن كۈندۈزى هەممە نەرسە ساق تۇرىدى-
كەن. بۇ ئارالدا ئېيىق، توڭگۇز، مايمۇن،
كەركىدان، بۆرىلەر بىر - بىرى بىلەن ئوي-
نىشىپ يۈرىدىكەن، پىللار كەركىدانلارنى
خارتۇمىغا ئېلىپ تاشلاپ ئوينايدىكەن.
سەيپۇلمۇلۇك بۇ ئارالنىمۇ خەۋپلىك هې-
ساپلاپ، سالنى دەرياغا چۈشۈرۈپ يولغا
كىرىپتۇ ۋە بىر ئاي يول يۈرۈپ يەنە بىر
ئارالغا چىقىپتۇ. بۇ ئارالدىمۇ مېۋىلەر ناها-
يىتى كۆپ ئىكەن. خۇشبۇي گىيالار ۋە
گۈللەر نۇرغۇن ئىكەن، رەڭمۇ - رەڭ ئېچىل-
غان گۈللەر دىماقنى خۇشپۇراققا تولدۇرىدى-
كەن. بۇ ئارال گويا جەننەتكە ئوخشايدى-
كەن. ئېقىۋاتقان سۇلىرى ئابى - هاياتقا
ئوخشايدىكەن. ئۇد ۋە ۋاق - ۋاق دەرەخلىرى
بار ئىكەن. قۇمرى، بۇلبۇل، توز، كەكلىك،
قىرغاۋۇل ۋە باشقا هەر خىل قۇشلار نۇرغۇن

ئىكەن. بۇ ئارالدا تېنى ئادەمگە، بېشى ئىتنىڭ بېشىغا ئوخشايدىغان مەخلۇقلارمۇ ئاندا - ساندا ئۇچراپ قالىدىكەن. بۇ ئارالدا يەنە رودۇپايلارمۇ بار ئىكەن. رودۇپايلارنىڭ تەن ۋە قولاقلىرى ئادەمگە، پۇتلىرى توڭگۇزغا ئوخشايدىكەن.

بىر رودۇپاي سەيپۇلمۇلۇكنى كۆرۈپ «ئېشىگىم يوق ئىدى، خۇدا ئېشەك بەردى» دەپ خوشال بولۇپ كېلىپ، سەيپۇلمۇلۇككە مىنىۋاپتۇ. شۇ كۈندىن تارتىپ رودۇپاي سەيپۇلمۇلۇكنى كېچىسى چىرماپ يېتىپتۇ، كۈندۈزى يول مېڭىشقا بۇيرۇپتۇ، شۇنداق قىلىپ بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپتۇ. رودۇپاي بىر كۈنى سەيپۇلمۇلۇكنى مىنىپ بىر جايغا بېرىپتۇ. كەچ كىرگەن ئىكەن، يەنە ئادىتى بويىچە سەيپۇلمۇلۇكنى ئاياقلىرى بىلەن مەھكەم چىرماپ - يېتىپتۇ. سەيپۇلمۇلۇك رودۇپاينىڭ كۆزى ئۇيقىغا كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، دىلىدا تەڭرىدىن نىجاتلىق تىلەپ، بىر دانە يوغان تاشنى ئۆز پۇتىنىڭ ئورنىدا قويۇپ، ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇپ قېچىپ بىر تەرەپكە راۋان بوپتۇ. ماڭا - ماڭا بىر مىۋىسى كۆپ ئارالغا بېرىپ قاپتۇ ۋە مىۋىلەردىن يەپ تويۇپ، كۆڭلى خوشال بولۇپ يۈرگىنىدە بىر مۇنچە مايمۇنلار پەيدا بولۇپ ئۇنى تۇتۇۋېلىپ بىر شەھەرگە ئېلىپ بېرىپ، ئۆز پادىشاھىغا تۇغرىلاپتۇ. سەيپۇلمۇلۇك ئالدىنا قاراپ، ئۇد ياغىچىدىن ياسىلىپ جاۋاھىراتلار بىلەن بېزەلگەن بىر تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغان بىر قارا ساقاللىق ئادەمگە كۆزى چۈشۈپتۇ ۋە ھەيران بولغىنىچە ئۇ كىشىگە سالام بېرىپتۇ. مايمۇنلار پادىشاسى سەيپۇلمۇلۇكنىڭ سالامىغا جاۋاپ بېرىپ، ئۇنىڭغا كۈمۈش كۇرسى قويدۇرۇپ بېرىپتۇ ۋە:

— مۇساپىردەك كۆرۈنىسىز بۇرادەر، ئادەمىنىڭ قەدىمى يەتمەيدىغان بۇ يەرگە نىمە ئۈچۈن كەلدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— تىجارەت بىلەن ئالەمنى كېزىپ يۈرەتتىم، كېمەدە كېلىۋاتقان ۋاقتىمدا كېچىسى كېمە غەرق بولدى. بىر پارچە تاختاي ئۈستىدە قالدىم، سۇ مەۋج ئۇرۇپ مېنى دەريادىن قىرغاققا چىقىرىپ قويدى، بىر ئارالغا چىقتىم، مايمۇنلار مېنى تۇتىۋېلىپ بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى. — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ سەيپۇلمۇلۇك، ئۇنىڭغا جاۋابەن.

پادىشا بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كېتىپ:

— مېنىڭ ئەھۋالىمدىن سىزنىڭ ئەھۋالىڭىز ئاجايىپراق ئىكەن، دەپتۇ.

سەيپۇلمۇلۇك پادىشادىن:

— ئى پادىشاھى ئالەم! ئۆزلىرى قانداق سەۋەپ بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ قالغان؟ — دەپ سوراپتۇ.

پادىشا:

— مەن مىسىر شەھىرىدىن بولىمەن، دەريادا كېمە بىلەن كېتىۋاتقىنىمدا، كېمە غەرق بولۇپ بىر پارچە تاختاي ئۈستىدە قالدىم. سۇ مېنى قىرغاققا چىقىرىپ قويدى، مايمۇنلارغا ئەسىر بولۇپ بۇ يەرگە كەلدىم. بۇلارنىڭ ئادىتى: پادىشاھى ئۆلۈپ قالسا بىر ئادەمنى تېپىپ پادىشا قىلمىسا، خاتىرجەم بولالمايدىكەن. ئۆلگەن پادىشانىڭ ئورنىغا مېنى تەختكە چىقاردى، مېنىڭ ھازىرقى خوتۇنۇم بۇلارنىڭ ئۆلگەن پادىشاسىنىڭ قىزى، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

پادىشا يېمەك - ئىچمەك كەلتۈرۈشكە بۇيرۇپتۇ ۋەسەيپۇلمۇلۇك بىلەن بىر تەختتە ئولتۇرۇپ تائام يەپتۇ. مايمۇنلار تەئەججۈپ بىلەن قاراپ تۇرۇشۇپتۇ.

كەچ كىرگەندە بەزمە باشلىنىپتۇ.

ئۇلارنىڭ بېشىدا بىرنەچچە مايمۇن چىراق تۇتۇپ تۇرۇشۇپتۇ. قالغان مايمۇنلار پارچە-پارچە قىزىل لاتىلارنى ياغاچقا باغلاپ، ئەلەم كۆتەرگەندەك كۆتىرىشىپ تۇرۇشۇپتۇ. سەيپۇلمۇلۇك ئۇ يەردە بىرنەچچە كۈن ئەيشى - ئىشرەت بىلەن بولۇپ، ئۇلاردىن گۈلىستانى ئىرەم بىلەن بەدىئۇلجامالنىڭ خەۋىرىنى سورىغان بولسىمۇ ھېچبىر خەۋەر ئالالماپتۇ. شۇڭا سەيپۇلمۇلۇك پادىشاغا:

— ماڭا رۇخسەت بەرسىڭىز، بۇ يەردىن كەتسەم، — دەپتۇ.

پادىشا بىر زەڭگىگە ئۇنى «چالنىڭ قېشىغا ئېلىپ بارغىن» دەپ بۇيرۇپتۇ. زەڭگى ئۇنى بىر چالنىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىپ يۈز كۆرۈشتۈرۈپتۇ. چال سەيپۇلمۇلۇكنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ ئۇقۇپ ھەيران بوپتۇ. چال تۇرغان جايدا لەئەل، ياقۇت، مەرۋايىتلار كۆپ ئىكەن. چال سەيپۇلمۇلۇكنى بىر ئېگىز تاققا باشلاپ چىقىپتۇ. ئۇ ياقۇت ۋە لەئەل چىقىدىغان تاغ ئىكەن، سەيپۇلمۇلۇك تاغ ئۈستىدە سارغىيىپ ياتقان ياقۇتلارنى كۆرۈپ:

— بۇ ياقۇتلار نېمە ئۈچۈن سارغىيىپ قالغان؟ — دەپ سورىغان ئىكەن، چال:

— بۇ ياقۇتلار ئاپتاپنىڭ ھارارىتى بىلەن سارغايغان، يەنە يەتتە يىلدىن كېيىن لەئەلگە ئايلىنىدۇ — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

— مەرۋايىت نەدىن چىقىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ سەيپۇلمۇلۇك يەنە.

— مەرۋايىت دەريادىن چىقىدۇ — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ چال.

سەيپۇلمۇلۇك بۇ تاغدىن لەئەل يىغىپتۇ. چال ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ نۇرغۇن لەئەل يىغىشىپ بېرىپتۇ. ئۇلار لەئەل پارچىلىرىنى يىغىشنى توختىتىپ، پادىشانىڭ قېشىغا قايتىپ كېلىپ، يىققان ياقۇت ۋە لەئەللەرنى پادىشانىڭ ئالدىدا قويۇپتۇ. پادىشا ئۇنىڭغا:

— مەن سىزگە مەرۋايىتتىن كۆز قويۇلغان لىگەن تاۋاقلاردىن ۋە يەنە جاۋاھىراتلاردىن قانچە لازىم بولسا شۇنچىلىك بېرەي، ئېلىپ كېتىڭ، — دېگەن ئىكەن، سەيپۇلمۇلۇك:

— ئى پادىشاھى ئالەم، بۇ نەرسىلەر ماڭا كېرەك بولمايدۇ. يول كىشىسى يولدا ياخشى، ماڭا رۇخسەت بېرىڭ، — دەپ ئىلتىماس قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ. پادىشا:

— مەن بۇ يەردە يالغۇز، بىر نەچچە مەھەل بىللە تۇرايلى، — دېگەن بولسىمۇ سەيپۇلمۇلۇك قوبۇل قىلماي، رۇخسەت سوراپ چىڭ تۇرۇۋالغانلىقتىن پادىشا نائىلاج رۇخسەت بېرىشكە مەجبۇر بوپتۇ. ئايرىلىشقا چىدىماي، سەيپۇلمۇلۇكنى قۇچاغلاپ يىغلاپتۇ ۋە ئۇنى ئىگەرلەنگەن ئاتقا مىندۈرۈپ، ئىككى مايمۇننى يول باشلىغۇچى قىلىپ يولغا سېلىپ قويۇپتۇ، ئۆزىمۇ بىر كۈنلۈك يەرگىچە ھەمرا بولۇپ بېرىپ خوشلىشىپ قايتىپ كەپتۇ.

سەيپۇلمۇلۇك ئىككى مايمۇننىڭ يول باشلىشى بىلەن بىر نەچچە كۈن يول يۈرۈپ جاڭگالدىن چىققاندا مايمۇنلار رۇخسەت سوراپ، ئېتىغا مىنىپ ئارقىسىغا يېنىپ كېتىپتۇ. سەيپۇلمۇلۇك ئۆزىنىڭ ئىككى ھەمراسى بىلەن خۇداغا تەۋەككۇل قىلىپ يولغا چۈشۈپتۇ. مۇساپىرچىلىقنىڭ دەردىدە سائىتنى ۋە ئاتا-ئانىسىنى ياد ئېتىپ بۇ بېيىتنى ئوقۇپتۇ:

بىر نىگار ھىجرانى ئىچرە يۈرىگىم قاندۇر يەنە،
زۇلپىنىڭ تارى كەبى ھالىم پەرىشاندۇر يەنە.
كۈنچى دۆلەتتە كۆڭۈل ۋەيرانىسى ئەردى
خاراپ،

ۋاھكى ھالى كۆڭلۈم ئۇل زارۇ پەرىشاندۇر يەنە.

سەيپۇلمۇلۇك بىر نەچچە كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن، دېڭىز قىرغىقىدىكى لارتدىگەن بىر جەزىرىگە يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇ جەزىرە سەندەل دەرىخى ئۆسىدىغان، ئالتۇن-كۈمۈش كۆپ چىقىدىغان بىر جاي بولۇپ، ئۇ يەردە چۈمۈلە كۆپ ئىكەن. ئۇ يەرنىڭ چۈمۈلىلىرى ئىتتەك چوڭلۇقتا بولىدىكەن. ئەگەر بىر كىشى سەندەل ۋە ئالتۇن كۈمۈش ئالماقچى بولسا، قوي ئۆلتۈرۈپ گۆشىنى چۈمۈلىلەرگە تاشلاپ بېرىپ، چۈمۈلىلەر گۆش بىلەن بولۇپ قالغاندا، ئىتتىك پالتا ئېلىپ، يۈگرۈك ئاتقا مىنىپ بېرىپ سەندەلنى كېسىۋېلىپ، ناھايىتى تېزلىكتە قېچىپ كەتسە بولىدىكەن. قىش كۈنلىرىدە چۈمۈلىلەر باشقا تەرەپكە كېتىدىكەن. ئۇ جەزىرىدە يەنە زەپەرمۇ كۆپ ئۆسىدىكەن، قۇشلىرىمۇ يوغان بولىدىكەن. سەيپۇلمۇلۇك جەزىرىگە تېخى ئەمدىلا كېلىپ تۇرۇشىغا، كۆزى قىزىل، ئاياقلىرى يېشىل بىر قۇش سەيپۇلمۇلۇك بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھىنى كۆتۈرۈپ ھاۋاغا ئۇچۇپتۇ. سەيپۇلمۇلۇك ئۆز ھەمراھلىرى بىلەن ھاۋانىڭ قەھرىدە گاھ كۆزىنى ئېچىپ، گاھ يۇمۇپ قورققىنىدىن كەلىمە شاھادەت ئوقۇشقا باشلاپتۇ. قۇش ئۇلارنى ئۈچ كۈنلۈكچە يەرگە ئېلىپ بېرىپ، ئۆز ئۇۋىسى بولغان يوغان بىر دەرەخنىڭ تۈۋىدە قويۇپ، ئۆزى يەنە بىر تەرەپكە ئۇچۇپ كېتىپتۇ. سەيپۇلمۇلۇك ئورنىدىن تۇرۇپ قارىسا، نەچچە ئون غۇلاچ كېلىدىغان يوغان بىر ئەژدەرھا ئاغزىدىن ئوت چاچرىتىپ، قۇشنىڭ باللىرىنى يېيىش ئۈچۈن قەست قىلىۋاتقان، قۇشنىڭ باللىرى چۇقۇرۇشۇپ نالە قىلىشىۋاتقان ئىكەن. سەيپۇلمۇلۇكنىڭ قۇشنىڭ باللىرىغا رەھمى كەپتۇ. ئۇ تەگرىنى ياد ئېتىپ، قولىغا قىلىچ ئېلىپ بىر ئۇرۇشتىلا ئەژدەرھانى ئۆلتۈرۈپتۇ. ئەژدەرھانىڭ تېرىسىدىن ئىككى تاسما تىلىپ بېلىگە باغلىۋاپتۇ. شۇ چاغدا قۇش ئۇچۇپ كېلىپ، باللىرىغا يەم قىلىپ بېرىش ئۈچۈن سەيپۇلمۇلۇكنى ئىككى ھەمراھى بىلەن پارە-پارە قىلماقچى بولغاندا، ئەژدەرھانىڭ ئۆلۈكىگە كۆزى چۈشۈپتۇ. شۇ پەيتتە قۇشنىڭ باللىرى چۇقۇرۇشۇپ:

— ئانا، ئەگەر بۇ ئادەم پەرزەنتى ئەژدەرھانى ئۆلتۈرمىگەن بولسا، بىز ئاللىقاچان تۈگىشىپ كەتكەن بولاتتۇق. بۇ كىشى بىزنىڭ ھاياتىمىزنى ساقلاپ قالدى، — دەپتۇ.

قۇش، باللىرىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ سەيپۇلمۇلۇككە زىيان سېلىش نىيىتىدىن يېنىپتۇ. سەيپۇلمۇلۇكنىڭ ياخشىلىقىغا جاۋابەن دەرھال بىر تولۇمغا سۇ ئېلىپ، سەيپۇلمۇلۇكنى قانىتىغا قىسىپ ئۇچۇپ، دەريالار، ئېگىز تاغلار، چۆل-جەزىرىلەردىن ئۆتۈپ قىرىق كۈنلۈك يەرگە ئاپىرىپ قويۇپتۇ. سەيپۇلمۇلۇك كېچىسى دەرەخ ئۈستىدە يېتىپ، كۈندۈزى يول مېڭىپ يەنە بەش كۈننى ئۆتكۈزۈپتۇ. چارچاپ ھالىدىن كېتىپ، يەنە يول يۈرۈشكە تاقەت قىلالماپتۇ. ئۇ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىپ بۇ جاپالاردىن بىر يولى قۇتۇلۇش نىيىتىگە كەپتۇ. لېكىن «ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش مەرتلەرنىڭ ئىشى ئەمەس» دەپ ئويلاپ، يەنە يولغا چۈشۈپتۇ. يەنە بىر نەچچە كۈننى يول يۈرگەندىن كېيىن بىر ئەنجۈرزارلىققا يېتىپ كەپتۇ. ئۇ ئەنجۈرلەردىن يەپ، ئۇ يەردە بىر سائەت ئارام ئاپتۇ ۋە زار-زار يىغلاپ، بۇ بېيىتنى ئوقۇپتۇ:

بولمىغاي ئالەمدە مەندەك بىر پەرىشان ھال كىشى،

www.uyghurkitap.com

بۇلمغاي مېهنەتتە هېچكىم مەن كەبى پايمال كىشى.

ئۇ كېچىسى سەيپۇلمۇلۇك يەنە دەرەخكە چىقىپ يېتىپ تاڭ ئاتقاندا باياۋانغا قاراپ يول ئاپتۇ. يەنە بىر نەچچە كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن بىر تاققا يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇ تاغمۇ-تاغ كېزىپ يۈرگەندە كۆزىگە تاغ ئارىسىدىكى بىر شەهەر كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ يۈرۈپ شەهەرنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەپتۇ. قارىسا شەهەرنىڭ دەرۋازىلىرى بىلىق سۆڭىكىدىن ياسالغان بولۇپ، دەرۋازىدىن شەهەر ئىچىدىكى بويىي ئاسمانغا تاقاشقان كاتتا ئىمارەتلەر كۆرۈنۈپ تۇرغىدەك. سەيپۇلمۇلۇك شەهەرنىڭ ئىچىگە كىرىپ قارىسا مەنزىرىسى كۆركەم ۋە يېقىملىق ئىكەن. ئىمارەتلىرى چىرايلىق نەقىشلەنگەن، ئىچى ئىپار-ئەنبەر هىدى بىلەن تولغان گۈزەل شەهەر ئىكەن، لېكىن شەهەردە بىرمۇ ئادەم يوق ئىكەن. سەيپۇلمۇلۇك بىر ئىمارەتنىڭ ئالدىغا كېلىپ قارىسا، دەرۋازىسىغا خىلمۇ-خىل ئەرچە ۋە ئايالچە كىيىم-كېچەكلەر، قىلىچ-قالقانلار، ئۇرۇشتا دۈشمەننىڭ قىلىچ ۋە ئوقلىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن كىيىلىدىغان ساۋۇت ۋە كۆكرەك دالدىلىغۇچ قاتارلىق ئەسلىهەلەرنىڭ ئېسىقلىق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. سەيپۇلمۇلۇك ئۇ قۇراللاردىن بىر قىلىچنى ئېلىپ، خۇداغا تەۋەككۇل قىلىپ ئۇ ئىمارەتنىڭ ئىچىگە قەدەم تاشلاپتۇ. ئۇ، ئىمارەت ئىچىدە ئوك ۋە سولغا نەزەر تاشلاپ، ئاجايىپ چىرايلىق نەقىش قىلىنغان ئۆيلەرنى ۋە ئالتۇن-كۈمۈشلەردىن ياسالغان سۇپىلارنى، سۇپىلارنىڭ ئۈستىدە تۇرغان، پۇتلىرىغا ئالتۇندىن هەل بېرىلگەن تەختلەرنى كۆرۈپتۇ. ئۇ يەردىكى ئالتۇن قەپەزلەردە بۇلبۇللار سايرىشىپ تۇرغان، يەنە بىر قىرىق خانلىق بىر قەپەزدە خىلمۇ-خىل قۇشلار سايراپ تۇرغان ئىكەن. سەيپۇلمۇلۇك ئۇ يەردىن ئۆتۈپ بىر سارايغا كىرىپ قارىسا، ئۇد ياغىچىدىن ياسالغان، پۇتلىرى ئالتۇندىن قىلىنغان، ئۈستىگە تۇرلۇك ئېسىل تۆشەكلەر سېلىنغان بىر تەخت تۇرغان ئىكەن. يەنە بىر تەرەپتە قاتىرىسىغا سېلىنغان قىرىق هوجرا كۆرۈنۈپتۇ. هوجرىلارنىڭ هەممىسىگە پەردىلەر تارتىلغان، ئىشىكلىرى لەئلى جاۋاهىرلاردىن كۆز قويۇپ بېزەلگەن ئىكەن. سەيپۇلمۇلۇك هوجرىدىن-هوجرىغا ئۆتۈپ قاراپ يۈرۈپ، بىر هوجرىنىڭ ئىشىگىنىڭ مەهكەم قۇلۇپلانغانلىغىنى كۆرۈپتۇ. ئىشىك تۈۋىدە ئالتۇن زەنجىر بىلەن باغلاپ قويۇلغان بىر شىرنىڭ هەيكىلى بار ئىكەن. سەيپۇلمۇلۇك ئىشىكنىڭ قۇلۇپىسىنى سۇندۇرۇپ ئىچكىرىگە كىرىپتۇ ۋە ئالتۇن تەختنىڭ ئۈستىدە ياتقان بىر گۈزەلگە كۆزى چۈشۈپتۇ. ئۇ گۈزەل قىزنىڭ يۈزى تولۇن ئايغا، ئاغزى غۇنچىگە، بەللىرى ئەۋرىشىم، ئۆزى پەرىزاتقا ئوخشاش گۈزەل بولۇپ، هۆسنى-رۇخسارىنى كۆرمەي تەرىپىنى ئاڭلىغان كىشىمۇ بىتاقەتلىككە چۈشكىدەك دەرىجىدە چىرايلىق ئىكەن. ئۇ جانانىنىڭ يۈزىگە پەردە يېپىلغان بولۇپ گويا ئۆلۈكتەك ياتقان ئىكەن. سەيپۇلمۇلۇكنىڭ كۆڭۈل قۇشى ئۇ جانانىنىڭ زۇلپى تارىغا باغلىنىپ قاپتۇ. ئۆزىنىڭ ئۇ قىزنىڭ مۇهەببىتىگە مۇپتىلا بولغانلىغىنى سەزگەن سەيپۇلمۇلۇك «هەي كۆڭۈل، بىرىنى ئىزدەپ شۇنچە مۇشەققەتلەرنى تارتىپ تېخى مۇرادىڭغا يەتمەي تۇرۇپ، يەنە بىرسىنىڭ مۇهەببەت كەمەندىگە ئىلىنىپ قالغىنىڭ نىمىسى؟» دەپ، ئۆز-ئۆزىگە مالامەت قىلىشقا مەجبۇر بولۇپتۇ. سەيپۇلمۇلۇك ئۇنى ئويغىتىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ قىز ئويغانماپتۇ. «بۇ قىز ئۆلگەنمۇ نىمە؟»

دەپ خىيال قىلىپ، بىر ئەينەك ئەپكېلىپ
ئۇنىڭ ئاغزىغا تۇتقان ئىكەن، ئەينەكنىڭ
نەملەشكەنلىگى بىلىنىپتۇ. سەيپۇلمۇلۇك
قىزنى تەخت بىلەن كۆتىرىپ تاشقىرىغا
ئېلىپ چىققان ئىكەن، قىز ئورنىدىن تۇرۇپ
ئولتۇرۇپتۇ-يۇ، ئۇيان-بۇيانغا قاراپ يەنە
بىهۇش بوپتۇ. قىز ئۆيگە ئېلىپ كىرىلسە
هۇشسىزلىنىپ، تالاغا ئېلىپ چىقسا بىرئاز
هۇشىغا كېلىپ يەنە هۇشسىزلىنىپتۇ. بۇ ئىش
بىر نەچچە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن
سەيپۇلمۇلۇك «بۇ قىز مېنى مەسخىرە قىلى-
ۋاتامدۇ ياكى ئويناتقاندىن شۇنداق
قىلىۋاتامدىغاندۇ؟» دەپ ئويلاپتۇ. بىرئاز-
دىن كېيىن قىز ئورنىدىن تۇرۇپ سەيپۇل-
مۇلۇكنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپتۇ. سەيپۇلمۇلۇك
ئۇنىڭدىن گەپ سورىسا، قىز يىغلاپتۇ، لېكىن
سۆزلىيەلمەپتۇ. سەيپۇلمۇلۇك تەختنى يەرگە
كۆمۈپ تاشلىغاندىن كېيىن، قىز ئورنىدىن
قوپۇپ ئولتۇرۇپ يىغلاپ سۆزلەشكە باشلاپ-
تۇ. سەيپۇلمۇلۇك ئۇنىڭدىن:

— ئى جەننەتنىڭ هۆرى! سىز قەيەر-
دىن بولىسىز؟ قايسى باغنىڭ گۈلى ۋە
قايسى دەريانىڭ بېلىغىسىز؟ — دەپ سورىغان
ئىكەن، قىز شۇنداق جاۋاپ بېرىپتۇ:

— ئى يىگىت! مېنىڭ سەرگۈزەشتىم
چېچەمدىن تولا، مەن سىزگە قىسقا قىلىپ
ئېيتىپ بېرەي، مەن سەرانديپ پادىشاسىنىڭ
قىزىمەن. مېنى بۇنىڭدىن ئون ئۈچ يىل
بۇرۇن پەرىزاتلار ئېلىپ كېلىپ بەنت قىلغان.
بىز ئۈچ ئاچا-سىڭىل ئىدۇق. ھەممىشە ئا-
تىمىزنىڭ چاهار بېغىدىكى گۈلزارلىقتا سۇغا
چۆمۈلۈپ ئويناپتتۇق. بىر كۈنى ئاشۇ گۈل-
زارلىقتا ئويناۋاتساق تۇيۇقسىز بوران چىقىپ،
ئالەمنى قاراڭغۇلۇق باستى. شۇ پەيتتە بىر قۇش
پەيدا بولۇپ ئۈچىمىزنىڭ ئارىسىدىن مېنى
چاڭگىلىغا ئېلىپ هاۋاغا ئۇچتى، مەن هۇشۇم-
دىن كەتتىم. كۆزۈمنى ئاچسام ئۆزەمنى
مۇشۇ جايدا كۆردۈم. شۇ چاغدا بىر يىگىت
كېلىپ ماڭا سالام بەردى. مەن كۆرگەن
ئۇنداق بەد چىراي غەلىتى مەخلۇقنى باشقا
ئىنسان كۆرۈپ باقمىغان بولسا كېرەك، مەن
ئۇنى كۆرۈپ قورقتۇم. ئۇ يىگىت: «ئى
نازىنىن قورقماڭ، مەن پەرىلەر پادىشاھىنىڭ
ئوغلى بولىمەن، سىزگە ئاشىق بولۇپ قېلىپ بۇ
يەرگە ئېلىپ كەلدىم. سىزگە ئەمدى ئاتا-
ئانىڭىزنى ۋە دىيارىڭىزنى ئۇنتۇشقا توغرا
كېلىدۇ. بۇ يەرگە تاكى دەۋرى قىيامەتكىچە
ئادەم پەرزەنتىنىڭ قەدىمى يەتمەيدۇ» دەپ
مېنى مۇشۇ تەختكە بەنت قىلىپ قويدى،
يۈزۈمگە پەردە يېپىپ قويۇپ ئۆزى قايتىپ
كەتتى. ئۇ بۇ يەرگە ئايدا پەقەت بىر
قېتىملا كېلىدۇ. يۈزۈمنى ئېچىپ دىدارىمنى
كۆرىۋالىدۇ. ھەر قېتىم كەلگەندە تائام
ۋە شەربەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. قايسى گۇنا-
نىڭ شۇملىغىدىن بۇنداق بالاغا قالغانلىغىمنى
بىلمەيمەن.

قىز سۆزىنى تۈگىتىپ زار-زار
يىغلاپتۇ. سەيپۇلمۇلۇكمۇ ئۆز سەرگۈزەشتى-
سىنى باشتىن-ئاياق قىزغا بايان قىپتۇ.

— ئى هۆسىن ئەھلىنىڭ شاھى، —
دەپ سۆز باشلاپتۇ سەيپۇلمۇلۇك، — مەن
خېرىدىلىق، بىناۋالىق باياۋىنىدا كېزىپ، ئاۋارە
بولۇپ ئون نەچچە يىلنى ئۆتكۈزدۈم. هېچ-
بىر ئادەم پەرزەنتى كۆرمىگەن ئاجايىباتى-
لارنى كۆردۈم...

سەيپۇلمۇلۇك قىزغا ئۆزىنىڭ بەدىئۇل-
جامالغا ئاشىق بولغىنىنى، لەشكەرلىرىنىڭ
كېمىدە غەرق بولغانلىغىنى، سائىتتىن جۇدا
بولغانلىغىنى... ۋە باشقىلارنى ئېيتىپ بېرىپ
زار-زار يىغلاپتۇ، قىزمۇ سەيپۇلمۇلۇكنىڭ

www.uyghurkitap.com

ھالغا ئىچ ئاغرىتىپ، ناله-زار بىلەن كۆز يېشى قىپتۇ. سەيپۇلمۇلۇك قىزدىن بەدىئۇلجامالنىڭ خەۋىرىنى سورىغان ئىكەن، قىز بۇلبۇلدەك سايراپ، ئاغزىدىن خەۋەر دۇردانىلىرىنى تۆكۈپ، شۇنداق دەپتۇ:

— ئى سەيپۇلمۇلۇك، مەن سىزگە گۈلىستانى ئىرەم بىلەن بەدىئۇلجامالنىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزەي، بىلىڭ ۋە ئاگاھ بولۇڭكى، بىز ئاچا-سىڭىل ئۈچىمىز بىركۈنى ئاتىمىزنىڭ چاھار بېغىغا تاماشا قىلىش ئۈچۈن بارغان ئىدۇق. ئانىمىز ھامىلدار بولسىمۇ بىز بىلەن بىللە باققا بارغان ئىدى. باغدا تولغاق تۇتۇپ قېلىپ، بىر قىز تۇغدى. بىز باغدا يەتتە كۈن تۇرۇپ قالدۇق. ئانام بىر دەرەخ تۈۋىدە ئولتۇراتتى، ئۇ ئۆزىگە ئىپار-زەپەرلەرنى ھەمرا قىلغان ئىدى، شۇ ئەسنادا دەرەخ بېشىدىن بىر خوتۇن چۈشۈپ، ئانامغا سالام قىلدى ۋە: «قورقماڭ، مەن پەرىزات بولىمەن، شەھبال ئىبنى شاھرۇخنىڭ خوتۇنى بولىمەن، پەرىزاتلارنىڭ پادىشاھىمەن، مەن سىزنىڭ بېغىڭىزدا تۇغدۇم. ھەقتائالا ماڭا بىر پەرزەنت بەردى، نەچچە كۈندىن بېرى بۇ يەردە تۇرۇپ سىزنىڭ نازۇ-نېمەتلىرىڭىزدىن بەھرىمەن بولدۇق» دىدى ۋە ئانامغا بىر خالتا مەرۋايىت بەردى. ئانام ئۇ پەرىگە: «ئى مەلىكە، قىزىڭىزنى ماڭا بېرىڭ، مەن ئېمىتىپ بېرەي» دىگەن ئىدى، مەلىكە قوبۇل كۆرۈپ قىزىنى ئانامنىڭ قېشىدا قويدى، ئانام بوۋاقنى قولىغا ئېلىپ ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە ھەيران قالدى ھەم ئۇنىڭ ئاغزىغا ئەمچەك سېلىپ تۇرۇپ، يۈزىگە يۈزىنى يېقىپ يىغلىدى. ئاندىن كېيىن مەلىكىگە: «بىر قېتىم كۆرمەك بىلەن ئۈمىدىمنى ئۈزەلمەيۋاتىمەن، بۇ قىزىڭىزنى ماڭا بەرسىڭىز، مەن باقسام» دىۋىدى، مەلىكە: «غەم يىمەڭ، بۇ بوۋاقنى ھەر ئايدا بىر قېتىم قېشىڭىزغا ئەۋەتەي، بىزنىڭ بۇ يەرگە كەلمىگىمىز ئاسان، ئەكسىچە مەنمۇ سىزنىڭ قىزىڭىزنى ئېمىتىپ بېرەي» دىدى. ئانام ناھايىتى خوشال بولۇپ مەلىكىدىن: «قىزىڭىزنىڭ ئىسمى نىمە؟» دەپ سورىغان ئىدى، مەلىكە: «قىزىمغا بەدىئۇلجامال دەپ ئىسىم قويغان» دەپ جاۋاپ بەردى ۋە خوشلىشىپ غايىپ بولدى. شۇندىن بېرى بەدىئۇلجامال ھەر ئايدا بىر قېتىم كېلىدۇ. ئاينىڭ يېرىمىنى ئانامنىڭ قېشىدا ئۆتكۈزۈپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ھۆسنىدىن ئايمۇ خىجىل بولىدۇ. ھازىر دەل ئۇنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى، دەرىخا! ئەگەر مەن ئانامنىڭ قېشىدا، ئۆز شەھىرىمدە بولغىنىمدا ۋە سىز بۇ دىيارلارغا كېلىپ سەرگەردان بولمىغىنىڭىزدا ئىدى، مەن سىزگە بەدىئۇلجامالنى كۆرسىتەتتىم، ئەپسۇسكى ھازىر بۇنىڭغا ئىمكانىيەت يوق.

سەيپۇلمۇلۇك قىزدىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن ناھايىتى كۆپ مىننەتدار بولۇپتۇ. ئىككى دەرتمەن بىر-بىرىنىڭ ئەھۋالىغا ئېچىنىپ كۆز يېشى قىلىشىپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قىز يەنە سۆزگە ئېغىز ئېچىپ، خەۋەر دۇردانىلىرىنى سۆز رىشتىسىگە مۇنداق تىزىپتۇ:

— بىر كۈنى مەن، مېنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەن پەرى يىگىت بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇراتتىم، سۆز ئۈستىدە ئۇ يىگىت: «ئى جانان، سىز جېنىڭىزنى ماڭا بېرىڭ، مەنمۇ جېنىمنى سىزگە بېرەي» دىدى. مەن: «مېنىڭ جېنىمنى نىمە قىلىسىز؟ سىزنىڭ جېنىڭىز نەدە؟» دەپ سورىدىم. ئۇ غەزەپلىنىپ: «مېنىڭ جېنىمنىڭ نەدىلىكىنى سوراپ نىمە قىلىسەن؟» دەپ ۋاقىرىدى. مەن

قورقۇپ يىغلاشقا باشلىدىم ۋە «مېنى ئاتا-
ئانامدىن، دىيارىمدىن ئايرىپ بۇ بالاغا
گىرىپتار قىلدىڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن
مېنىڭ غېرىپلىغىمنى ئېتىۋارغا ئالماي، سۆز
سورىسام قاتتىق جاۋاپ بېرەمسەن؟» دىدىم.
پەرى يىگىت قىلغان سۆزىگە پۇشايمان
قىلىپ: «جانانىم، مېنىڭ جىنىمنىڭ نەدىلىگىنى
ساڭا ئېيتىپ بېرەي، ئەگەر ھەركىمدە سۇ-
لايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈزۈگى بولسا،
ئۈزۈكنى بەھرى مۇھىتقا كۆرسەتسە، بەھرى
مۇھىتنىڭ ئىچىدىن بىر ساندۇق چىقىدۇ. شۇ
ساندۇقنىڭ ئىچىدە بىر كەپتەر بار. مېنىڭ
جېنىم ئاشۇ كەپتەرنىڭ ئىچىدە» دىدى.
مەن ئۇنىڭدىن: «بىزنىڭ تۇرغان يېرىمىز
قەيەر؟» دەپ سورىسام، ئۇ: «جەزىرەئى
ئىسپەندە باش» دەپ جاۋاپ بەردى. مەن
ئۇنىڭدىن: «بۇ يەر بىلەن گۈلىستانى ئېرەم-
نىڭ ئارىلىغى قانچىلىك؟» دەپ سورىغان
ئىدىم، ئۇ: «پەرىلەر بىر ئايدا بارالايدۇ،
ئادىمىزات بىر يىلدا بارالايدۇ، بۇ يەر
بىلەن گۈلىستانى ئېرەمنىڭ ئارىلىغىدا
چوڭ-چوڭ دەريالار، ئېگىز تاغلار كۆپ،
يوللىرى خەتەرلىك، ئادەم ئەۋلادىنىڭ ئۇ
يەرگە بارمىغى ناھايىتى مۇشكۈل» دىدى.
مەن يەنە: «ئەگەر ئۇ كەپتەرنى بىر كىشى
تۇتۇپ ئۆلتۈرسە سىز ھەقىقەتەن ئۆلەمسىز؟»
دەپ سورىسام، ئۇ: «ئۆلىمەن» دىدى. مەن
ئۇ گەپكە ھەيران بولغىنىمدا ئۇ ماڭا قاراپ
كۈلگىلى تۇردى. ئاندىن كېيىن ئۇ مېنى
تەختكە بەنت قىلىپ قويۇپ، ئۆزى كەتمەك-
چى بولدى، مەن ئۇنىڭدىن نەگە بارىدىغان-
لىغىنى سورىسام، ئۇ: «خۇدا پەرمان قىلغان
يەرگە» دەپ، ئۆزىنىڭ بارىدىغان جايىنى
يوشۇردى.

قىزدىن بەدىئۇلجامالنىڭ خەۋىرىنى
ئاڭلىغان سەيپۇلمۇلۇك چەكسىز خۇرسەن
بولۇپ:

— ئى ئاي يۈزلۈك، سۇمبۇل چاچلىق،
پەيۋەستە قاشلىق، قارا خاللىق، شېكەر
سۆزلۈك جانان! ئى مېھرىبانىم! مەندە سۇ-
لايمان ئەلايھىسسالامنىڭ ئۈزۈگى بار، —
دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان قىز كۆپ سۆيۈنۈپتۇ.
شۇ زامان ئىككىلەن بىرلىكتە دەريا بويىغا
بېرىپتۇ. سەيپۇلمۇلۈك تاھارەت ئېلىپ ئىككى
رەكەت شۈكرانە نامىزى ئوقۇپتۇ ۋە سەج-
دىگە باش قويۇپ، تەڭرى تائالادىن ئۆز
مۇشكۈلىنىڭ ئاسان بولۇشىنى تىلەپ، ئۈزۈك-
نى دەرياغا كۆرسىتىپتۇ. بىر پەستە دەريا
ئىچىدىن بىر ساندۇق چىقىپتۇ. ئۇلار سان-
دۇقنى كۆتىرىپ ئۆيگە ئېلىپ كېلىپ، ئىشىك-
نى مەھكەم تاقاپ ساندۇقنى ئېچىپ، كەپ-
تەرنىڭ بويىنىنى ئۈزۈپ تاشلاپتۇ. بىر سا-
ئەت ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، تاغدەك
يوغان بىر نەرسە ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ
يىقىلىپلا قايتا مىدىرلىماپتۇ. دىمەك، پەرى
يىگىت ئۆلۈپتۇ. شۇ ھامان ھاۋا بۇزۇلۇپ،
ئاۋال چاڭ-توزاڭ، قارا بوران پەيدا بو-
لۇپ ئالەمنى قاراڭغۇلۇق بېسىپتۇ. ئۈچ كۈن-
گىچە ئاسماندىن قان يېغىپتۇ. قىز بىلەن
سەيپۇلمۇلۈك بۇ ھادىسىدىن قورقۇپ، بۇ يەر-
دىن تېزلىكتە كېتىشنىڭ مەسلىھەتىنى قىلى-
شىپ، سال باغلاپ، سالغا لەئلى ياقۇت،
مەرۋايىتقا ئوخشاش جاۋاھىراتلارنى سېلىپ
خۇداغا تەۋەككۈل قىلىپ، سال بىلەن دەر-
ياغا چۈشۈپ يولغا چىقىشىپتۇ. ئېلىۋالغان
خورمىلىرى بىلەن ئوزۇقلىنىپتۇ. دەريادا
گاھى بوران چىقىپ، سالنى تېزلىكتە ھەي-
دەپ بەش-ئالتە كۈنلۈك يەرگە بىر كۈندە
ئاپىرىپ قويىدىغان ۋاقىتلارمۇ بوپتۇ. شۇنداق

www.uyghurkitap.com

مېڭىپ، ئۇزۇقلۇغى تۈگەپ تۇرۇشىغا بىر جەزىرىگە ئۇلۇشۇپتۇ. ئۇلار جەزىرىگە چىقىپ ھەرخىل مېۋىلەردىن يەپ، ئۇرغۇن مېۋە يىغىپ، يەنە يولغا چۈشۈپتۇ. ئۈچ ئاي يول ماڭغان بولسىمۇ قۇرۇقلۇققا چىقالماپتۇ. بىر كۈنى سەيپۇلمۇلۇك ئۇخلاپ قېلىپ، سالنى قىز ھەيدەپ كېتىۋاتقاندا دەريا ئىچىدىن يوغان بىر لەھەك چىقىپ، سالغا ئېغىز ئېچىپ ئۇلارنى غەرق قىلماقچى بوپتۇ. قىز سەيپۇلمۇلۇكنى ئويغاتقان ئىكەن، ئۇ ئويغىنىپلا قولىغا قىلىچ ئېلىپ بىر ئۇرۇشتىلا لەھەكنى ئىككى پارە قىلىۋېتىپتۇ.

ئۇلار يەنە بىر نەچچە كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن يەنە بىر جەزىرىگە يېتىپ چىقىپتۇ. بۇ جەزىرىدە ھەرخىل مېۋىلەر بار ئىكەن، ئۇلار مېۋىلەردىن يەپ قوسىغىنى تۇرۇشىغا، بۇ جەزىرىگە بىر بۆلۈك سودىگەرلەر يېتىپ كەپتۇ، ئۇلار سودىگەرلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارنىڭ شەھىرى ۋاستىدىن سەراندىپقا كېتىپ بارغان سودىگەرلەر ئىكەنلىكىنى، شەھىرى ۋاستىدىن سەراندىپقا ئۈچ ئايدا يېتىپ بارغىلى بولىدىغانلىقىنى، ۋاستە شەھىرىنىڭ بۇ يەرگە يېقىن ئىكەنلىكىنى، شەھىرى ۋاستىگە تاجىلمەلىك ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ پادىشا ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ سۆيۈنۈپتۇ. چۈنكى قىزنىڭ ئېيتىشىچە شەھىرى ۋاستىنىڭ پادىشاسى تاجىلمەلىك ئۇنىڭ ئاتىسى بىلەن بىر تۇققان ئىكەن. شۇ سەۋەپتىن ئۇلار شەھىرى ۋاستىگە بارماقچى بولۇپ، يولغا راۋان بولۇپتۇ. بىر نەچچە كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن شەھىرى ۋاستىگە يېتىپ بېرىپتۇ. سەيپۇلمۇلۇك قىزنى بىر يەردە قويۇپ، ئۆزى تاجىلمەلىكنىڭ ئوردىسىغا بېرىپتۇ. تاجىلمەلىك ئاتلىنىپ چىقىۋاتقان ئىكەن، سەيپۇلمۇلۇك ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ سالام بېرىپتۇ. تاجىلمەلىكنىڭ كۆزى سەيپۇلمۇلۇككە چۈشۈپ:

— ئى يىگىت، مۇساپىردەك كۆرۈنىسىز، قەيەردىن بولىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ. سەيپۇلمۇلۇك:

— كەمىنە مۇساپىر غېرىپلىرى مىسىر شەھىرىدىن بولىمەن، ئەگەر بېشىمدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بايان قىلسام، سۆز ئۇزۇرۇپ كېتىپ جانابلىرىغا مالاللىق يەتكۈزۈپ قويۇشۇم مۇمكىن، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. شۇنداقتىمۇ سۆزىگە ئۆزىنىڭ غېرىپلىق ۋە سەرگەردانلىق تارتىۋاتقانلىقىغا توپ-توغرا ئون ئۈچ يىل بولغانلىقىنى قىستۇرۇپ قويۇپتۇ. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان پادىشا پەرىشانلىق بىلەن:

— مېنىڭ ئاغامنىڭ مەلىكەيى ھۆسن ئىسىملىك بىر قىزىنىڭمۇ غايىپ بولغىنىغا ئون ئۈچ يىل بولدى، ھېچ بىر جايدىن خەۋىرى بولمىدى، — دېگەن ئىكەن، سەيپۇلمۇلۇك:

— ئى پادىشاھى ئالەم! ئەگەر جانابلىرىدىن رۇخسەت بولسا، مەلىكەيى ھۆسنىنى ھوزۇرلىرىغا ئېلىپ كەلسەم، — دەپتۇ. تاجىلمەلىك مەلىكەيى ھۆسنىدىن خەۋەر تاپقىنىغا ناھايىتى سۆيۈنۈپتۇ. سەيپۇلمۇلۇك پادىشانى ئەگەشتۈرۈپ، مەلىكەيى ھۆسن بار يەرگە ئېلىپ بېرىپتۇ. پادىشا مەلىكەيى ھۆسنىنى كۆرۈپلا ئاتتىن ئۆزىنى تاشلاپ يىغلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. تاجىلمەلىك دەرھال ئۆز ئاغىسى سەراندىپ پادىشاھىغا خەۋەر ماڭدۇرۇۋېتىپ، مەپە كەلتۈرۈپ مەلىكەيى ھۆسنىنى ئولتۇرغۇزۇپ، ئىززەت ۋە ھۆرمەت بىلەن ئۆز ئوردىسىغا ئېلىپ كەپتۇ. سەيپۇلمۇلۇكنى ئىراق ئارغىمىقىغا مىندۈرۈپ ئىززەت بىلەن شەھەرگە ئېلىپ كىرىپتۇ ۋە

ئۇنىڭغا شاھانە كىيىم-كېچەكلەرنى تەقدىم قىلىپ، زىياپەت بېرىپتۇ.

تاجىلەلىك مەلىكەيى ھۆسنىنىڭ تېپىلغىنىغا خۇرسەن بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ھېيت قىلىشىنى جاكالاپتۇ ۋە ئۆزى ئون يەتتە كۈنگىچە شاھانە زىياپەتلەرنى ئۆتكۈزۈپتۇ. تاجىلەلىك سەيپۇلمۇلۇكنى ھوزۇرىغا چاقىرىپ، ھال-ئەھۋال سوراپ تۇرۇپتۇ. سەيپۇلمۇلۇك ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ۋەقەلەرنى، تارتقان مېھنەت-مۇشەققەتلىرىنى بىرمۇ-بىر بايان قىپتۇ،

زىياپەت كۈنلىرى ئاخىرلاشقاندا تاجىلەلىك يول تەييارلىقلىرىنى پۈتتۈرۈپ، مەلىكەيى ھۆسن بىلەن سەيپۇلمۇلۇكنى ئېلىپ، ئاغىسىنىڭ قېشىغا سەرانديپ شەھرىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. مەنزىللەرنى كېزىپ، بىر ئاي دېگەندە سەرانديپ شەھرىگە يېتىپ كەپتۇ. سەرانديپ پادىشاھى قىزى مەلىكەيى ھۆسن بىلەن كۆرۈشۈپ شاتلىققا چۆمۈلۈپتۇ. ئۇ قىزى بىلەن سالامەت كۆرۈشكەنلىكىنىڭ شەرىپىگە خەيرى-ئېھسانلارنى قىپتۇ. بىر نەچچە كۈنگىچە ئەيشى-ئىشرەت بىلەن ئۆتۈشۈپتۇ، ئاندىن مەلىكەيى ھۆسن بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاتىسىغا بىرمۇ-بىر بايان قىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئى ئۇلۇغۋار ئاتا! مېنى پەرىنىڭ قولىدىن سەيپۇلمۇلۇك ئاجرىتىپ ئالدى، ئۇ ئەگەر پەرىنىڭ جىنىنى بەھرى مۇھىتتىن چىقىرىپ ئۆلتۈرمىگەن بولسا، مەن پەرىدىن قۇتۇلالماس ئىدىم، ئەگەر ئۇ بىز دەريادا سال بىلەن كېتىۋاتقاندا لەھەڭنى ئۆلتۈرمىگەن بولسا، مەن لەھەڭگە يەم بولغان بولار ئىدىم.

مەلىكەيى ھۆسن يەنە سەيپۇلمۇلۇكنىڭ بىھېساپ لەشكەرلىرىنىڭ دەريادا غەرق بولۇپ كەتكەنلىگىنى ۋە ئۇنىڭ ئون ئۈچ يىلدىن بېرى غېرىپلىق، سەرگەردانلىقتا يۈرۈپ ناھايىتى كۆپ مېھنەت-مۇشەققەتلەرنى تارتقانلىغىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

سەرانديپ پادىشاھى قىزىدىن سەيپۇلمۇلۇكنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنى چاقىرتىپ:

— ئى يىگىت، سىز مېنىڭ قىزىمنىڭ قۇتۇلۇشىغا سەۋەپچى بوپسىز، بىز ئاتا-بالا دىدار كۆرۈشۈش ئىمكانىيىتىگە مۇيەسسەر بولدۇق. بىز سىزدىن مىننەتدارمىز، ئەگەر خۇدايى تائالا سالامەت قىلسا، سىزنى مۇرادىڭىزغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن سەئى قىلغۇمىزدۇر، — دەپ ۋەدە بېرىپتۇ.

پادىشانىڭ مەلىكىسى قىزى مەلىكەيى ھۆسن بىلەن مۇلاقات بولۇپ، كۆز يېشى قىلىشىپتۇ ۋە قىزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى سوراپتۇ. مەلىكەيى ھۆسن ئانىسىغا ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن كۆلپەتلىك كۈنلەرنى بىرمۇ-بىر بايان قىلىپ بېرىپتۇ. مەلىكە بىر تەرەپتىن قىزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئېغىر كۈنلەرگە ئېچىنىپ قايغۇرغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن قىزى بىلەن سالامەت دىدار كۆرۈشكەنلىگىگە شاتلىنىپ خۇدايى تائالاغا شۈكرى ئېيتىپتۇ. غېرىپ-مىسكىنلەرگە كۆپ نەزىر ۋە سەدىقە بېرىپتۇ.

سەرانديپ پادىشاھى سەيپۇلمۇلۇككە تولا ئىززەت-ئىكرام كۆرسىتىپ ئالتۇن تەخت ۋە كۈمۈش كۇرسىلاردىن ئورۇن بېرىپتۇ. ئۇنىڭغا بىر نەچچە شەھەرنىڭ ھاكىملىرىنى بېرىپتۇ. لېكىن سەيپۇلمۇلۇك سائىتىنى ياد ئېتىپ دائىم يىغلايدىكەن.

سەرانديپ پادىشاھنىڭ كۆڭلىگە سەيپۇلمۇلۇك شۇنداق يېقىپ قاپتۇكى، پادىشا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سەيپۇلمۇلۇكتىن بىر سائەت ئايرىلىشقا تاقەت قىلالمايدىكەن، ئۇنى دائىم ئۆزى بىلەن شىكارغا بىللە ئېلىپ بارىدىكەن، كېچىلىرى بىر ئۆيدە ياتىدىكەن.

بىر كۈنى سەيپۇلمۇلۇك مەلىكەيى ھۆسنىدىن بەدىئۇلجامالنىڭ يەنە قاچان كېلىدىغانلىقىنى سورىغان ئىكەن، مەلىكەيى ھۆسن «توققۇز كۈندىن كېيىن كېلىدىغانلىقى»دىن خەۋەر بېرىپتۇ. سەيپۇلمۇلۇك بەدىئۇلجامالنىڭ كېلىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈپ، تۆۋەندىكى بېيىتنى ئوقۇپ يىغلاپتۇ:

ياخشى ئىدى شەھسۇۋارىم كەلسە مەيدان سارىدىن،
كىرىپىگىم بىرلە سۈپۈرسەم چاڭنى، ئاي رۇخسارىدىن،

كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشا سەيپۇلمۇلۇك بىلەن شىكارغا چىقماقچى بولۇپ، شەھەر كوچىلىرىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا، ئۆشنىسىگە بىر كونا چاپاننى ئارتقان، قولىغا ھاسا تۇتقان، يالاڭ ئاياق، سېرىق چىراي، چاچلىرى ئۆسۈپ قېشىنى ياپقان، تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان بىر ئادەم سەيپۇلمۇلۇكنىڭ دىققىتىنى قوزغاپتۇ. سەيپۇلمۇلۇك كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئۇششاق پۇللارنى يىغىش قىلىپ، سەدىقە بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. سەيپۇلمۇلۇك ئۇنى سائىتقا ئوخشاتقان بولسىمۇ جەزم قىلىپ تونۇيالماپتۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ بىر-بىرىدىن ئايرىلغىنىغا ئون ئۈچ يىل بولغان ئىكەن. سەيپۇلمۇلۇك يېنىدىكى بىر كىشىگە: «بۇ كىشىنى ئۆيگە ئېلىپ بېرىپ، مەن شىكاردىن قايتقىچە ساقلىغىن» دەپ بۇيرۇپتۇ، ئۆزى شاھ بىلەن بىللە شىكارغا يۈرۈپ كېتىپتۇ. ئۇ كىشى سائىتنى «گۇناكار ئوخشايدۇ» دەپ گۇمان قىلىپ، زىندانغا ئەۋەتىۋېتىپتۇ. سەيپۇلمۇلۇك شىكاردىن قايتىپ كېلىپ، كۆڭۈل ئېچىش بىلەن بولۇپ كېتىپ، سائىتنى ئۇنتۇپ قاپتۇ. سائىت ئۈچ كۈنگىچە زىنداندا سولاقلىق تۇرۇپتۇ. كېيىن بۇ ئىش سەيپۇلمۇلۇكنىڭ يادىغا يېتىپ: «مەن بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى ساقلاپ قويۇڭلار دەپ بۇيرىغان ئادەمنى ئېلىپ كېلىڭلار» دىگەن ئىكەن، سائىتنى ئېلىپ كېلىشىپتۇ. سەيپۇلمۇلۇك سائىت بىلەن ئۆزئارا سۆزلەشكەندىن كېيىن، ئۆز دوستى ۋەزىرزادە سائىتنى تونۇپ ھاياجانلىنىپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. خىزمەتكارلار بولسا سائىتنى «بۇ ئادەم ئەسلىدە شاھزادىنىڭ دۈشمىنى ئىكەن، شاھزادە ئۆزىنىڭ بۇ يامان دۈشمىنىنى كۆرۈپ غەزەپلەنگەنلىكتىن ھوشىدىن كەتتى» دەپ ئويلاپ، سائىتنى ئۇرۇپ، قوغلاپ چىقىرىۋېتىپتۇ. سائىت قېچىپ چىقىپ بىر خارابىلىققا بېرىپ يوشۇرۇنۇپتۇ. خىزمەتكارلار سەيپۇلمۇلۇكنى گۇلاپ، سىركە، بادام يېغى قاتارلىق دورىلار بىلەن ھوشىغا كەلتۈرۈشۈپتۇ. ئۇ ھوشىغا كېلىپلا خىزمەتكارلاردىن سائىتنى سوراپ، بولغان ۋەقەدىن ۋاقىپ بولۇپ:

— ئەي مۇسۇلمانلار! ئۇ مېنىڭ دۈشمىنىم ئەمەس بەلكى مەن ئىزدەپ تاپالماي يۈرگەن بىر ئەزىز دوستۇم ئىدى، ئۇنى نېمە ئۈچۈن قوغلاپ چىقاردىڭلار! ئەمدى ئۇنى ئىزدەپ تېپىڭلار، — دەپ بۇيرۇپتۇ.

نەۋكەرلەر چىقىپ ئىزدىگەن بولسىمۇ سائىتنى تاپالماپتۇ. ئاخىرى «سائىتنى تېپىپ بەرگەن كىشىگە مىڭ مىسقال ئالتۇن مۇكاپات بېرىشى» جاكالانغاندىن كېيىن، كىشىلەر ئۇنى ئىزدەپ، بىر ۋەيرانىلىق ئىچىدىن تېپىپ سەيپۇلمۇلۇكنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈشۈپتۇ. سەيپۇلمۇلۇك سائىتقا ئۆزىنىڭ سەيپۇلمۇلۇك ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇنى ئۆز قۇچۇغىغا تارتىپتۇ. سائىتمۇ سەيپۇلمۇلۇكنى تونۇپ

ھۇشىدىن كېتىپتۇ. سەيپۇلمۇلۇك ئۇنىڭ يۈزىگە گۈلاپ سېپىپ ئۇنى ھۇشىغا كەلتۈرۈپتۇ ۋە ھامامغا ئەۋەتىپ يۇيۇندۇرۇپ، يېڭى كىيىم-كېچەك كەيدۈرۈپتۇ. ئاندىن كېيىن ئالدىغا تائام كەلتۈرۈپ مېھمان قىپتۇ. پادىشا بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ سائىتنى كۆرگىلى كەپتۇ. سائىت پادىشانىڭ ئالدىغا چىقىپ تازىم بىجا كەلتۈرۈپتۇ. پادىشا ئۇلارغا بىر نەچچە كۈنگىچە كاتتا زىياپەت قىلىپ بېرىپ كۈتۈۋاپتۇ. سەيپۇلمۇلۇك سائىتتىن:

— نەچچە يىلدىن بېرى بېشىڭدىن كەچۈرگەن ۋەقەلەرنى ئېيتىپ بەرسەڭ، پادىشاھىمىز باشلىق ھەممەيلەن ئاڭلىساق، — دەپ ئىلتىماس قىپتۇ.

سائىت بۇ ئىلتىماسنى قوبۇل كۆرۈپ، تۈتىدەك تىللىرىدىن سۆز شېكەرلىرىنى تۆكۈپ، مۇنداق ھىكايە باشلاپتۇ:

## سائىت ئېيتقان ھىكايە

— ئى شاھزادە! مەن سىزدىن جۇدا بولۇپ، دەريادا بىر پارچە تاختاينىڭ ئۈستىدە قېلىپ قىرىق كۈن ئاققاندىن كېيىن ھاۋا ئېچىلدى. بىر جەزىرىگە چىقتىم، بۇ جەزىرىدە مېۋىلەر كۆپ ئىكەن، ئاچ بولغانلىقىمدىن ئۇ مېۋىلەردىن يەپ تويدۇم. تەڭرىگە شۈكرىلەرنى بىجا كەلتۈرۈپ بىر نەچچە كۈننى شۇ جەزىرىدە ئۆتكۈزدۈم. لېكىن ئۇ يەردە ئىلان كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، تۇرۇشقا مۇمكىن بولمىدى. مېۋىلەردىن يىغىپ تاختايغا سالدىم-دە، يەنە دەرياغا چۈشۈپ ئېقىشقا باشلىدىم. دەريا مەۋج ئۇرۇپ ئاقاتتى. ھەر بىر كۈننى مىڭ غەم-ئەندىشە بىلەن ئۆتكۈزۈشكە توغرا كېلەتتى. شۇ تەرىقىدە دەريادا بىر ئاي ئېقىپ يۈرۈپ يەنە بىر جەزىرىگە ئۇلاشتىم. بۇ جەزىرىمۇ ئاۋالقى جەزىرىگە ئوخشاش مېۋىلىرى مول بىر جاي ئىكەن. مېۋىلەردىن يەپ تويدۇم. دەريا ۋە جەزىرىدىن باشقا يەرگە چىقالمىدىم. بىر كۈنى بىر جەزىرىدە بەدخۇي، بەتبەشىرە، باشلىرى توڭگۇزنىڭ بېشىغا، پۇت-قوللىرى ئادەمگە ئوخشايدىغان زەڭگىلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدىم. ئۇلار مېنى جانۋار چاغلاپ قەپەزگە سالدى ۋە مېنىڭ ئوزۇقلۇغۇم ئۈچۈن ئوت-گىيالارنى تاشلاپ بەردى، مەن قەپەزدە ئۆز ئەھۋالىمغا يىغلىسام، ئۇلار كۈلۈشۈپ، باشلىرىنى ئىرغىتىشىپ «ياخشى جانۋار ئىكەن» دېيىشەتتى. بارغان يەرلىرىگە مېنى قەپەز بىلەن كۆتىرىپ بىللە ئېلىپ باراتتى. ماڭا قاراپ، زوقلىنىپ تاماشا قىلاتتى. بىر كۈنى زەڭگىلەر مېنىڭ خورما يېگىنىمنى كۆرۈپ ھەيران بولۇشتى ۋە ماڭا خورما بېرىشكە باشلىدى. مەن ئۇ ۋەھشى زەڭگىلەرنىڭ قولىدا ناھايىتى قىينالدىم. بىر كۈنى ئۇلار مېنى ئۆزى بىلەن بىللە دەريا بويىغا ئېلىپ باردى. زەڭگىلەر تاماشىغا مەشغۇل بولغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆزەمنى قەپەزدىن بوشاتتىم، بۇ چاغدا زەڭگىلەر تاماشا بىلەن بولۇپ كېتىپ مەندىن يىراقلىشىپ قالغان ئىدى. مەن ئۆزەمنى بىر تاختاي بىلەن سۇغا تاشلىدىم. سۇ ئۈستىدە ئوقيانىڭ ئوقىدەك تېزلىكتە مېڭىپ، بەش كېچە-كۈندۈز دېگەندە يەنە بىر جەزىرىگە يېتىپ باردىم. لېكىن «بىر بالادىن قۇتۇلۇپ، مىڭبىر بالاغا تۇتۇلدۇم» دېگەندەك، بۇ جەزىرىدىمۇ ئادەمخور زەڭـ

گىلەرگە تۇتۇلۇپ قالدىم. ئۇلار مېنى: «بۇ تېخى ئۇرۇق ئىكەن، سەمرىتىپ يەيلى» دېيىشىپ، بىر خۇمغا سېلىپ يېيىشىگە كۆنجۈت يېغى بىلەن شېكەر بېرىشكە باشلىدى. ئارىلاپ بادام، پىستە ۋە شەربەتلەرنىمۇ بېرەتتى. مەن زەڭگىلەرنىڭ قولىدا شۇ تەرىقىدە بودالماقتا ئىدىم. ئۇلار مېنى خۇمدا ئۈچ ئاي ساقلىغاندىن كېيىن، پادىشاسىنىڭ ئالدىغا تۆھپە قىلىپ ئېلىپ بارماقچى بولۇشتى. مېنى كېمىگە سېلىپ ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ ماڭدى. بىز دەريادا كېتىۋاتاتتۇق. كېمە شامال بىلەن ماڭىدىغان يەلكەنلىك كېمە ئىدى، لېكىن بىر ئايغىچە شامال چىقمايى، كېمە دەريا يۈزىدە بىر ئىزدا چۆگىلەپ يۈرىۋەردى. بىر كۈنى تۇيۇقسىز بوران پەيدا بولۇپ، دەريا دولقۇنلاشقا باشلىدى. ئالەمنى قاراڭغۇلۇق باستى. بۇ قاراڭغۇلۇق قىرىق كۈن داۋام قىلدى. كېمە مېڭىۋەردى، قىرىق كۈندىن كېيىن بوران پەسىيىپ ھاۋا ئېچىلدى. زەڭگىلەر يولدىن ئېزىپ باشقا بىر جايغا كېلىپ قالغانلىقلىرىنى سېزىشىپ، ئالدىراشلىق بىلەن كېمىنى تارتىپ دەريانىڭ لېۋىگە ئېلىپ كەلدى. دەل شۇ چاغدا دەريانىڭ لېۋىدە بىر مۇنچە ئادەملەر پەيدا بولۇپ، زەڭگىلەرنى تۇتقۇن قىلدى. ئۇ ئادەملەر زەڭگىلەرنىڭ ئىچىدە مېنىڭمۇ بار ئىكەنلىگىمنى كۆرۈپ ھەيران قالدى ۋە مېنى ئۆز ئۆيىلىرىگە ئېلىپ بېرىپ ئەھۋال سورىدى. مەن بېشىمدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى ئۇلارغا ھىكايە قىلىپ بەرگىنىمدە، ئۇلار ھەيران قېلىشتى. مەن بىر نەچچە كۈن ئادەملەر ئارىسىدا يۈردۈم. شۇ ئەسنادا بۇ شەھەرگە كېتىۋاتقان سودىگەرلەر بىلەن تونۇشۇپ، ئۇلارغا قوشۇلۇپ يولغا چىقتىم. بۇ شەھەرگە كېلىپ سەرگەردان بولۇپ يۈرگىنىمگە ئۈچ كۈن بولغان ئىدى، سىزگە يولۇقتۇم. ئەلھەمدۇلىللا ھەممە تارتقان رەنجۇ-مۇشەققەتلىرىم زايە بولمىدى، دىدارىڭىزغا مۇشەررەپ بولدۇم.

سائىت ھىكايىسىنى تۈگىتىپتۇ.

ئۇلار ئۇزۇن يىللىق جۇدالىق دەرت-ئەلەمدىن قۇتۇلۇپ، دىدار كۆرۈشكەنلىگى ئۈچۈن تەڭرى تائالاغا شۈكرى قىلىپ خۇشال-خورام بولۇشۇپتۇ. سائىت سەيپۇلمۇلۇكتىن:

— گۈلىستانى ئىرەم ۋە بەدىئۇلجامالدىن خەۋەر تاپتىڭىزمۇ؟—دەپ سورىغان ئىكەن، سەيپۇلمۇلۇك:

— خەۋەر تاپتىم، بەدىئۇلجامال يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن كېلەرمىش، خۇدادىن ئۈمىدىم باركى، ئۇنىڭ ۋىسالىغا يېتىشكەيمەن،—دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

سائىت تەڭرى تائالاغا شۈكرىلەرنى ئېيتىپتۇ.

مەلىكەيى ھۆسنىنىڭ سەيپۇلمۇلۇككە بەدىئۇلجامالنى كۆرسىتىشكە ۋەدە قىلغانلىغىنى يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن ئىدۇق. سەيپۇلمۇلۇك مەلىكىنىڭ تاپشۇرۇغى بىلەن چاھار باغنىڭ ئىچىدە چېدىر تىكىپ، بەدىئۇلجامالنى كۆرۈش ئىشتىياقىدا مۇنتەزىر بولۇپ ئولتۇرۇپتۇ. سائىتمۇ ئۇنىڭغا ھەمرا بولۇپ ئولتۇرۇپتۇ. مەلىكە ۋە مەلىكەيى ھۆسن بىرلىكتە چاھار باغدا بەدىئۇلجامالنىڭ يولىغا قاراپ ئىنتىزارلىق بىلەن ئولتۇرۇشقىنىدا بىردىن ھاۋا قىزىپ ئىپارزەپەر، سۇنبۇلغا ئوخشاش خۇشبۇي نەرسىلەرنىڭ ھىدى پەيدا بولۇپ، باغنى خۇشبۇي قىلىۋېتىپتۇ. ئارقىدىن بىرمۇنچە دىۋە، پەرىلەرنىڭ ھەمرالىغىدا بەدىئۇلجامال

چاھار باقفا كىلىپ چۈشۈپتۇ. ئىككى مەلىكە
ئۇلار بىر - بىردىن ھال - ئەھۋال سوراش -
قاندىن كېيىن، بەدىئۇلجامال مەلىكەيى
ھۆسنگە قاراپ ئۇنىڭدىن ئۆز سەرگۈزەشتى -
لىرىنى ئېيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ.
مەلىكەيى ھۆسن:

— مېنى پەرىلەر ئېلىپ قېچىپ جەزى -
رەئى ئىسپەندە باش دىگەن ئارالدا بەنت
قىلغان ئىدى، ھەقتا ئالانىڭ ئىنايىتى
بىلەن بىر يىگىتنىڭ قەدىمى يېتىپ، شۇ
يىگىتنىڭ ياردىمى بىلەن بەنتتىن خالاس
بولدۇم. مەن بېشىمدىن ئۆتكەن ۋەقە -
لەرنى سىزگە كېيىنرەك تەپسىلى سۆزلەپ
بېرەي، يۈرۈڭ، ھازىر باغنى سەيلە قىلاي -
لى،— دەپ بەدىئۇلجامالنى باغنى سەيلە
قىلىشقا ئېلىپ مېڭىپتۇ.

ئۇلار سەيلە قىلا - قىلا سەيپۇلمۇلۈك
بىلەن سائىت ئورۇنلاشقان چېدىرغا يېتىپ
كەپتۇ. بەدىئۇلجامالنىڭ قۇلىغىغا بىر چىراي -
لىق ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ.

بەدىئۇلجامال:

— بۇ نىمە ئاۋاز؟— دەپ سوراپتۇ.

— بۇ، مەن سىزگە ئېيتقان ھېلىقى
يىگىتنىڭ ئاۋازى،— دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ،
مەلىكە ھۆسن.

بەدىئۇلجامال:

— قېنى كۆرەيلى، قانداق ئادەم
ئىكىن؟— دەپ چېدىرغا يېقىن بېرىپتۇ.
ئۇنىڭ سەيپۇلمۇلۈككە كۆزى چۈشۈشى
بىلەنلا، يۈرىكىگە ئىشىق ئوتى تۇتىشىپتۇ -
دە، سەۋرى - تاقىتى قولىدىن كېتىپتۇ.
بەدىئۇلجامال يۈرىكىگە ئىشق ئوتىنى تۇتاش -
تۇرۇپ ئۆيگە قايتىپتۇ. كېچىسى كۆزىگە
ئۇيقۇ كەلمەپتۇ. كۈندۈزى ئارام تاپالماپتۇ.
ئەمما ئۆز سىرىنى يوشۇرۇپ، پەرىشانلىق
ئىچىدە قاپتۇ. مەلىكەيى ھۆسنىنىڭ ئانىسى
ئۇنىڭ غەمكىن ۋە پەرىشان يۈرگەنلىكىنى
كۆرۈپ ئەھۋال سورىغان ئىكەن، بەدىئۇل -
مال «ھەممە ئەزالىرىنىڭ ئاغرىيدىغانلىغىنى»
ئېيتىپ سىرىنى يوشۇرۇپتۇ. ئەمما بەدىئۇل -
جامال مەلىكەيى ھۆسندىن «كۆرگەن -
ئاڭلىغان ھىكايىلىرىڭىزنى ئېيتىپ بېرىڭ»
دەپ ئۆتۈنگەچكە، مەلىكەيى ھۆسن تىل
بۇلبۇلىنى ناۋاغا كەلتۈرۈپ، تۆۋەندىكىدەك
سايراپتۇ:

## مەلىكەيى ھۆسن ئېيتقان ھىكايە

— ئى بەدىئۇجامال، ئاگاھ بولغايسىزكى،
مىسىر شەھرىدە بىر پادىشا بار ئىكەن،
ئۇ پادىشا ئاسىم ئىبنى سەپۋان دەپ ئاتى -
لىدىكەن. ئۇنىڭ دۇنيالىقتىن ھېچنەرسىگە
ھاجىتى يوق ئىكەن، لېكىن ئۆمرى
ئاخىرىغا يەتكەن بولسىمۇ پەرزەنت يۈزى
كۆرمىگەنلىگىدىن داغدا ئىكەن، ئۆز تەختىگە
ۋارىسلىق قىلىدىغان بىر پەرزەنت ئارزۇ
قىلىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ ھەكىم ۋە مۇنەج -
جىملەرنى يىغىپ: «مەندىن پەرزەنت بولام -
دۇ - يوق؟ قۇرئە سېلىپ كۆرۈڭلار» دەپتۇ.
ھەكىم ۋە مۇنەججىملەر قۇرئە سېلىپ:
«ئى پادىشاھى ئالەم! سىز يەمەن پادىشا -
ھىنىڭ قىزىنى ئالسىڭىز، ئالالاتائالانىڭ
ئىنايىتى بىلەن بىر پەرزەنت ۋۇجۇتقا
كەلگەي» دەپتۇ. پادىشا ئۇلارغا تولا ئىنئام
ۋە ئېھسانلارنى قىلىپ ياندۇرۇپتۇ ۋە
يەمەن پادىشاسىنىڭ قىزىنى ئاپتۇ. خۇدايى -

www.uyghurkitap.com

تاتالا پادىشانىڭ تەلۋىنى ئىجاۋەت قىلىپ، ئۇنىڭغا بىر پەرزەنت ئاتا قىپتۇ. ئۇ پەرزەنت ناھايىتى چىرايلىق ئىكەن، پادىشا ئۇنىڭغا سەيپۇلمۇلۇك دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. سەيپۇل-مۇلۇك بالاغەتكە يەتكەندە پادىشا بىر شاھانە ئولتۇرۇش قىلىپ غەزىنىچىسىنى چاقىرىپ ئوغلىغا بىر زەرباپ تون ۋە بىر پىروزە كۆزلۈك ئۈزۈك تەقدىم قىپتۇ. شاھ-زادە تونىنى ئېچىپ كۆرۈپ، بىر سۈرەتكە كۆزى چۈشۈپ، شۇ سۈرەتكە ئاشىق بوپتۇ...

مەلىكەيى ھۆسنىن ئۆز ھېكايىسىدە سەيپۇلمۇلۇكنىڭ دەريا سەپىرى، ئۇنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ دەريادا قانداق غەرق بولغانلىقى، بېشىدىن ئۆتكەن كۆلپەتلىك ۋە مۇشەققەتلىك كۈنلەرنىڭ نىمىلەردىن ئىبارەت بولغىنىغا تولۇق توختىلىپتۇ.

— ئەگەر پادىشا ئاسىم ئىبنى سەپۋان ئۇ تونىنى پەرزەنتى سەيپۇلمۇلۇككە كۆرسەت-مىگەن بولسا، سەيپۇلمۇلۇك بۇ مېھنەتكە دۇچار بولمىغان بولاتتى، — دەپ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپتۇ.

بەدىئۇلجامال:

— ئۇ سۈرەت كىمنىڭ سۈرىتى ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

مەلىكە ھۆسنىن:

— ئۇ سۈرەت كۈيىقاپ پادىشاسى شەھبال ئىبنى شاھرۇھنىڭ قىزى بەدىئۇل-جامالنىڭ سۈرىتى ئىكەن، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

بەدىئۇلجامال:

— ئۇنداق بولسا ئۇ سۈرەت مېنىڭ سۈرىتىم ئىكەن. لېكىن مېنىڭ ئادىمىزات بىلەن نىمە ئىشىم بولسۇن؟ — دەپ ئاچچىقلىنىپتۇ.

بەدىئۇلجامال ئاچچىقلانغاندەك قىلغىنى بىلەن، كۆڭلىدە سەيپۇلمۇلۇككە كۆيىدىكەن. مەلىكەيى ھۆسنىنمۇ بۇنى چۈشىنىدىكەن. شۇڭا ئۇ سۆزنى داۋاملاشتۇرۇپ:

— بۇ يىگىت سىز ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ رەنج - مۇشەققەتلەرنى تارتقان، ئەگەر مەن بۇنى سىزگە ئېيتمىسام ئىشىق مەزھە-بىدە راۋا بولمايدۇ، — دەپتۇ ۋە ئۆز سۆزى-نىڭ راستلىغى ئۈچۈن قەسەم قىلىپ، بەدىئۇلجامالنى ئىشەندۈرمەكچى بوپتۇ.

بەدىئۇلجامالنىڭ يۈرىگى سەيپۇلمۇلۇك ئۈچۈن سوقۇپ تۇرسىمۇ:

— ئادىمىزات بىلەن پەرىلەرنىڭ جۈپ بولمىغى مۇمكىن ئەمەس. بۇ توغرىدا ماڭا ھېكايە قىلماڭ، — دەپتۇ.

مەلىكەيى ھۆسنىن بەدىئۇلجامالغا يال-ۋۇرۇپ:

— بۇ يىگىت مېنى پەرىنىڭ قولىدىن ۋە لەھەڭنىڭ ئاغزىدىن قۇتقازدى، مەن ۋە ئاچىلىرىم ئۇنىڭ بۇ ياخشىلىغى ئۈچۈن سىزنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىشكە ۋەدە بېرىپ قەسەميات قىلغان ئىدۇق، بىزنىڭ ئىلتىما-سىمىز شۇكى: بىزنى شەرمەندە قىلماڭ، سەيپۇلمۇلۇككە ئۆزىڭىزنى بىر مەرتىۋە كۆرسىتىڭ. ئەگەر سىز بۇ سۆزۈمنى قوبۇل قىلمىسىڭىز، بىز ئۇياتتىن باش كۆتىرەلمەي قالىمىز، — دەپتۇ.

بەدىئۇلجامال: «بۇ يەرگە ئۆزى بىلەن بىللە مىڭ دىۋە، مىڭ پەرىنىڭ بىللە كەلگەنلىگىنى، ئەگەر ئۇلاردىن بىرەر-سى بۇنى كۆرۈپ قېلىپ ئاتىسىغا يەتكۈزسە، بۇندىن كېيىن بۇ يەرگە كېلىش مۇمكىن بولماي قالىدىغانلىغىنى، شۇڭا نامەھرەمگە يۈزىنى كۆرسەتمەيدىغانلىغىنى ئېيتىپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. ئۇلار: «بىز سىزنى سەيپۇلمۇلۇك

كە ھېچقانداق كىشى خەۋەر تاپالمايدىغان يەردە كۆرستەيلى» دىگەن بولسىمۇ ئۇنداماپتۇ. ھەتتا: «بىلىقىزمۇ پەرىزات ئىدى، سۇلايمان ئەلەيھىسساالامغا تەككەن» دەپ باققان بولسىمۇ ئۆزىنى كۆرستىشكە ماقۇل بولماپتۇ. لېكىن مەلىكەيى ھۇسىنىمۇ بوش كەلمەي، تەكرار-تەكرار يالۋۇرۇپ، ئاخىرى بەدىئۇلجامالنى يۇمشىتىپتۇ. بەدىئۇلجامال سەيپۇلمۇلۇككە يۈزىنى بىر قېتىم كۆرستىشكە رازىلىق بېرىپتۇ.

كەچ كىرگەندە مەلىكىلەر ئۇخلاش ئۈچۈن يېتىشىپتۇ. بەدىئۇلجامالنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەپتۇ. مەلىكىنىڭ كۆزى ئۇيقۇغا بارغان ھامان، ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ باققا راۋان بوپتۇ ۋە سەيپۇلمۇلۇكنىڭ چېدىرىغا كىرىپتۇ. چېدىردا مەشئەل يورۇتۇلغان بولۇپ، سەيپۇلمۇلۇك سائىت بىلەن بىللە ئولتۇرغان ئىكەن. سەيپۇلمۇلۇك ئۆز ئىشقىنى باسالماي ساز چېلىپ مۇڭلۇق ناخشىلارنى ئېيتماقتا ئىكەن. بەدىئۇلجامال سەيپۇلمۇلۇكنىڭ بۇ ناخشىلار بىلەن ئىپادىلىگەن نالىسىنى ئاڭلاپ، چىداپ تۇرالماي ھۇشىدىن كېتىپ يىقىلىپ قاپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئۇيقۇسى كەلمەي بىتاقەت بولۇپ ئولتۇرغان سەيپۇلمۇلۇك چېدىردىن تاشقىرى چىقىپتۇ. شۇ ئان ئۇنىڭ كۆزى يۇزى تولۇن ئايدەك، قامىتى بوستاننىڭ سەرۋىسىدەك يەردە ياتقان بىر جانانغا چۈشۈپتۇ. سەيپۇلمۇلۇك ئۇ جانانىڭ يىقىلغان يېرىگە كېلىپ قاراپ، ئۇنىڭ سۈرەتتىكى نازىنىن ئىكەنلىگىنى تونۇپتۇ-دە، ئۇنىڭ بېشىنى تىزىغا ئېلىپ لېۋىگە بىرنى سۆيۈپتۇ. ئادەمنىڭ ھىدى بىلەن ھۇشىغا كەلگەن پەرى، كۆزىنى ئېچىپ، ئۆز بېشىنىڭ بىر ئادەمنىڭ تىزىدا تۇرغانلىغىنى كۆرۈپتۇ. سەيپۇلمۇلۇك پەرىزاتىنىڭ يۈزىگە تەلمۈرۈپ يىغلاپ تۇرغان ئىكەن. ئۇ سەيپۇلمۇلۇكنى تونۇپتۇ. لېكىن ئۇنى تونىماس بولۇۋېلىپ يۈزىنى يېڭى بىلەن يېپىۋاپتۇ ۋە:

— بىئەدەپلىك بىلەن بېشىمنى تىزىڭغا ئالغان قانداق كىشىسەن؟ — دەپ خىتاپ قىپتۇ.

سەيپۇلمۇلۇك:

— دىن ۋە مەزھىپىڭنىڭ ھەققى ئۈچۈن يۈزۈڭدىن قولۇڭنى ئال ۋە مېنىڭ سۆزۈمگە قۇلاق سال، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

— ئەي كىشى! يامان يەردىن تۇتتۇڭ، سۆزۈڭ بولسا ئېيت، — دەپتۇ بەدىئۇلجامال.

سەيپۇلمۇلۇكنىڭ خۇشال بولۇپ، سەرگۈزەشتىسىنى باشتىن-ئاياق بىرمۇبىر بايان قىپتۇ. بەدىئۇلجامال سەيپۇلمۇلۇكنىڭ سەرگۈزەشتىسىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي ئادەم! ئادىمىزاتنىڭ ھەممە سۆزى ھىلە-مىكىر بىلەن تولغان. ئادىمىزات ئۇرۇغىدا ۋاپا بولمايدۇ. ئادەم ئۆز مەھبۇبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھىلىگەرلىك قىلىپ، ۋاپادارلىقتىن گەپ ساتىدۇ، لېكىن مەقسىدى ھاسىل بولغاندىن كېيىنلا ۋاپادارلىق شەرتلىرىنى يەرگە ئۇرىدۇ. ئىنسان ئۆز جىنسىغا شۇنداق ۋاپاسىزلىقنى قىلغان يەردە، باشقا جىنستىن بولغانلارغا نىمىلەرنى قىلمايدۇ؟ مەن بولسام پەرىزات جىنسىدىنمەن ۋە ئادىمىزاتقا ھېچقانداق ئوخشاشلىغىم يوق. ئاتا-ئانامىمۇ مېنى ساڭا راۋا كۆرمەيدۇ. گەپنىڭ قىسقىسى مېنىڭ ۋەسلىم ساڭا مۇيەسسەر بولالمايدۇ. سەن «دۇنيادا ھېچ ئادەم پەرىزەنتى چەكمىگەن رەنجۇ-مۇشەققەتلەرنى سېنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يولۇقـدا چـەكـتىم» دېدىڭ، لېـكـىن بۇ
سۆزۈڭنىڭ راستلىقىغىمۇ ئىشەنگىلى بولمايدۇ.
شۇنى بىلگىنكى بىر بۇزرۇك «ھەر جىنىس
ئۆز جىنسى بىلەن ياخشى» دېگەن. شۇڭا
مەندىن ئۈمىدىڭنى ئۈزگىنىڭ ياخشى.

سەيپۇلمۇلۇك پەرىزاتنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ شۇنداق يىغلاپتۇكى، دەرت تولغان يۈرىگىدىن چىققان بۇ ئوتلۇق پىغان، سەيپۇلمۇلۇكنىڭ ھەقىقى ئاشىق ئىكەنلىكىنى ئىسپات قىلىپ، بەدىئۇلجامالنىڭ كۆڭلىدە سەيپۇلمۇلۇكنىڭ سادىق ۋە ۋاپادار ئىكەنلىكىگە شۈبھە قالدۇرماپتۇ. ئاقىۋەت پەرىزاتنىڭ كۆڭلى يۇمشاپتۇ ۋە سەيپۇلمۇلۇككە رەھىمى كەپتۇ. پەرىزاتمۇ سەيپۇلمۇلۇككە مۇھەببەت يولىدا سادىق ۋە ۋاپادار بولۇشقا قەسەم بېرىپتۇ. ئاندىن كېيىن پەرىزاتمۇ شۇنداق يىغلاپتۇكى، ئۇ ئىككىسىنىڭ كۆز يېشى بىرگە قوشۇلۇپ دەريا بولۇپ ئېقىپتۇ. ئۇلار بىر-بىرىنىڭ بويۇنلىرىغا قول سېلىشىپتۇ. ھەر بىرسى ئۆزلىرىنىڭ چەككەن ئەلەملىرىدىن شىكايەت قىلىشىپتۇ ۋە «سەندىن كۆرە مېنىڭ تارتقان ئەلىمىم زىيادە» دەپ تالىشىپتۇ. ئەمدى ئۇلار سۆزىنى چارە-تەدبىر ماۋزۇسىغا يۆتكەپتۇ. سەيپۇلمۇلۇك: «مېنىڭ كۆڭلۈم پەرىشان، ھېچنەرسىگە ئەقلىم يەتمەيدۇ» — دەپ، بۇ ئىشقا چارە-تەدبىر قىلىشنى بەدىئۇلجامالدىن ئۆتۈنۈپتۇ.

بەدىئۇلجامال:

— ئى سەيپۇلمۇلۇك! مېنىڭ سەرۋى بانۇ ئىسىملىك بىر مومام بار. ئۇ تۇرغان شەھەر بوستانى سەرۋى سۈمەن دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ شەھەرنىڭ يولىدا ئاسمانغا تاقاشقان ئېگىز بىر تاغ بار. ئۇ تاغنىڭ ئارقىسىدا دەريايى ھۇشان دەپ ئاتىلىدىغان بىر دەريا بار. ئۇنىڭ سۈيى قازانىدا قايىنغاندەك قايناپ ئاقىدۇ. ئۇنىڭدىن ئۆتسە گىلەم قۇلاقلارنىڭ شەھرىگە بارىدۇ. بۇ گىلەم قۇلاقلار ئۇخلىسا بىر قۇلىقىنى ئاستىغا سېلىپ، بىر قۇلىقىنى يېپىنىپ ياتىدۇ. ئادەمنى كۆرسە پارە-پارە قىلىۋېتىدۇ. ئۇ يەردىن ئۆتسە زەڭگىلەرنىڭ شەھرىگە بارىدۇ. ئاشۇ خەتەرلىك يوللارنى باسقاندا مومامنىڭ شەھرىگە يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. سىزنى مومامنىڭ قېشىغا ئەۋەتسەم، بۇ بۇ ئىشنىڭ ئىلاجىنى مومام قىلارمىكىن دەپ ئويلايمەن. شۇنداق قىلغاندىلا بىز مەقسىتىمىزگە يېتەلەيمىز — دەپتۇ.

سەيپۇلمۇلۇك بەدىئۇلجامالدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، پەرىشان بوپتۇ ۋە:

— ئەي پەرى! مېنى ئاشۇ جايغا ئەۋەتىپلا مەندىن قۇتۇلماقچى ئوخشايسىز، مەن سىزدىن ھەرگىز ئايرىلمايمەن. سىزدىن يىراق يەرگە بېرىپ ئۆلگىچە، خۇدا گۇۋادۇركى، يېنىڭىزدا ئۆلسەم، كۆڭلۈمدە ئارمان قالمايدۇ،— دەپ يىغلاپ، بۇ بېيىتنى ئوقۇپتۇ:

غېمىڭنى گەرچە كۆپ ئازار كۆردۈم،
ۋە لېكىن باشقىچەدۇر ئۇشبۇ ئازار.

بەدىئۇلجامال سەيپۇلمۇلۇكتىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، كۆپ غەمكىن بوپتۇ ۋە:

— يىغلىماڭ ۋە مېنى بىتاقەت قىلماڭ،— دەپتۇ يۇ، بۇ ئىشقا نېمە چارە قىلىشنى ئۆزىمۇ بىلمەي، كۆڭلى بۇزۇلۇپ زار-زار يىغلاپتۇ. سەيپۇلمۇلۇك بەدىئۇلجامالنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ، نائىلاج بېرىش قارارىغا كېلىپ رازىلىق بېرىپتۇ.

— سىزنى بىر كىشىگە تاپشۇرۇپ بېرىمەن، ئۇ كىشى سىزنى خەتەرلىكلەردىن

ساق ـ سالامەت ئۆتكۈزۈپ، بوستانى سەرۋى سۇمەنگە يەتكۈزۈپ قويىدۇ، دەپتۇ بەدىئۇلـ جامال ۋە «بۇ سىرنى يوشۇرۇن ساقلاش كېرەك» دەپ جېكىلەپتۇ، ئاندىن كېيىن بۇ ئىككى ئاشىق ـ مەشۇق ئەيش ـ ئىشرەتلەر قىلىشىپ، مۇراتلىرىغا يېتىشىپتۇ. تاڭ ئاتقىلى تۇرغاندا بەدىئۇلجامال ئۆيىگە قايتىپتۇ ۋە ئۆز ئورنىدا ئۇخلىغان كىشى بولۇپ يېتىۋاپتۇ.

مەلىكەيى ھۆسىن بىلەن ئانىسى ئويغىنىپ بەدىئۇلجامالنى ئويغىتىپتۇ ۋە تۈنۈگۈنكى سەيپۇلمۇلۇككە كۆرۈنمەكچى بولغان ۋەدىسىنى يادىغا ساپتۇ. بەدىئۇلجاـ مال ناھايىتى تەسلىك بىلەن ۋەدىسىگە تۇرۇشقا رازى بولغاچقا، سەيپۇلمۇلۇككە خەۋەر بېرىلىپتۇ. سەيپۇلمۇلۇك شاھانە كىيىنىپ، ياسىنىپ بەدىئۇلجامالنىڭ ھوزۇرىغا كىرىپتۇ. بۇ ئىككى ئاشىق ـ مەشۇق بىر ـ بىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ھال ـ ئەھۋال سورىشىپتۇ، دىدارىغا بېقىشىپتۇ لېكىن ئۆزلىرى كېچىسى بىر جايدا بولمىغاندەك، بىر ـ بىرى بىلەن كۆرۈشـ مىگەندەك تۇرۇشۇپتۇ. مەلىكەيى ھۆسىن بىلەن ئۇنىڭ ئانىسى ناھايىتى خوشال بولۇپ، ئۇلارنىڭ شەرىپىگە ئولتۇـ رۇش قىلىپ بېرىپتۇ. بۇ ئولتۇرۇش شۇنـ داق ياخشى ئۆتۈپتىكى، شۇ چاققىچە ھېچ ـ كىم ئۇنداق ئولتۇرۇشنى كۆرمىگەن ئىكەن. ئولتۇرۇش بىر كېچە ـ كۈندۈزدىن كېيىن تارقىلىپتۇ. ئاندىن كېيىن بەدىئۇلجامال ئۆز پىكىرىنى تەكرارلاپ:

ــ ئەي سەيپۇلمۇلۇك! سىز مومام سەرۋى بانۇ قېشىغا بارمىسىڭىز بىزنىڭ مۇشكۈلىمىز ئاسان بولمايدىغان ئوخشايدۇ. مومام ئاتامغا ئېيتىپ ئىككىمىزنى بىر ـ بىرىمىزگە قوشمىسا، باشقا بىر كىشى بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ، ــ دەپتۇ. سەيپۇلمۇلۇك بۇ سۆزنى ئاڭلاپ كۆز يېشى قىلىپ:

ئەزەلدە قىسمىتىم بولمىش كويۇڭدا بولماق ئاۋارە،
خۇدانىڭ تەقدىرىگە دوسلۇرۇم بارمۇ بۆلەك چارە.

ـ دەپ بېيىت ئوقۇپتۇ ۋە باققا كىرىپ سائىتنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ:

ـ ئەي قېرىندىشىم! مەقسەت كويىدا دىيارىمىز، ئاتا ـ ئانىمىز ۋە يار ـ بۇرادەرلىـ رىمىزدىن ئايرىلىپ، لەشكەرلىرىمىز دەريادا غەرق بولۇپ، ئۆزىمىز كۆپ دەرت ـ ئەلەمـ لەرنى تارتتۇق، ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلـ گەندە بىر يەنە ئايرىلىدىغان ئوخشايمىز، ــ دەپ زار ـ زار يىغلاپتۇ. سەيپۇلمۇلۇك ساـ ئىتنى خۇداغا تاپشۇرۇپ، بەدىئۇلجامال قېـ شىغا كەپتۇ. بەدىئۇلجامال خەت يېزىپ بىر دىۋىدىن ماڭدۇرغان ئىكەن، سەيپۇلمۇلۇكنى بولسا يەنە بىر دىۋىگە تاپشۇرۇپتۇ ۋە: «سەيپۇلمۇلۇكنى خەۋپ ـ خەتەرلەردىن ساقـ لاپ، بوستانى سەرۋى سۇمەن شەھرىگە ئاپىـ رىپ قويۇش» قا ئەمىر قىپتۇ. دىۋە ئۇنى مىندۈرۈپ ئاسمانغا پەرۋاز قىپتۇ. سەيپۇلمۇـ لۇك قورققىنىدىن جېنىدىن ئۈمىت ئۈزۈپ، كەلىمە شاھادەتنى ئوقۇشقا باشلاپتۇ. دىۋە قىرىق كۈن ئۇچقاندىن كېيىن سەيپۇلمۇلۇككە: «كۆزۈڭنى ئاچ» دەپتۇ. سەيپۇلمۇلۇك كۆـ زىنى ئېچىپ تاملىرى كۈمۈشتىن، ياغاچلىرى ئۇدتىن ياسالغان بىر شەھەرنى كۆرۈپتۇ. بۇ شەھەردە ئالى ئىمارەتلەر ۋە چىمەنزارلىقلار بار بولۇپ، سۇلار ئېقىپ تۇرغان ئىكەن، ئۇلار بىرئاز يول يۈرۈپ، تاناپلىرى يېشىل يىپەكتىن، قوزۇقلىرى ئالتۇندىن قىلىنغان بىر چېدىر قېشىغا يېتىپ بېرىپتۇ ۋە چېدىرـ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

غا كىرىپ، تەختتە ئولتۇرغان يېشىل كىيىم-
لىك موماي‌غا سالام بېرىپ، ئەدەپ بىلەن
تۇرۇپتۇ. بۇ موماي سەرۋى بانۇ ئىكەن.
سەرۋى بانۇ:
— ماڭا سالام قىلغان كىمسەن؟ نەدىن
كېلىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.
سەيپۇلمۇلۇك ئۆز ئەھۋالىنى ۋە كېلىش
سەۋەبىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن ئىزھار قىپتۇ.
سەرۋى بانۇغا بەدىئۇلجامالنىڭ يازغان خې-
تىمۇ كېلىپ تەككەن ئىكەن. سەرۋى بانۇ
ئەھۋالدىن ۋاقىت بولغاندىن كېيىن سەيپۇل-
مۇلۇككە رەھمى كېلىپ: «ئۆزىڭنىڭ بۇ ئىش
ئۈچۈن گۈلىستانى ئىرەمگە باردىغانلىقىنى،
شەھبال ئىبنى شاھرۇھقا ئېيتىپ، بەدىئۇلجا-
مالنى سەيپۇلمۇلۇككە نىكا قىلدۇرۇپ قويى-
دىغانلىقىنى» ئېيتىپتۇ، سەيپۇلمۇلۇك بۇ ۋە-
دىدىن سۆيۈنۈپ، سەرۋى بانۇغا تازىم بەجا
كەلتۈرۈپتۇ. سەرۋى بانۇ گۈلىستانى ئىرەمگە
بېرىش سەپىرىگە تەييارلىق قىلىشقا كىرىشىپ-
تۇ. تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن سەيپۇلمۇ-
لۇكنى بىرگە ئېلىپ گۈلىستانى ئىرەمگە راۋان
بوپتۇ ۋە بىر نەچچە كۈندىن كېيىن گۈلىس-
تانى ئىرەمگە يېتىپ بېرىپ، سەيپۇلمۇلۇكنى
بىر دەرەخ تۈۋىدە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ،
سەرۋى بانۇ ئۆزى يالغۇز شەھبال ئىبنى
شاھرۇھنىڭ قېشىغا كىرىپ كېتىپتۇ.

سەيپۇلمۇلۇك دەرەخ تۈۋىدە بىرئاز
ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۇنى ئۇيقۇ بېسىپتۇ.
ئۇ ئۇيقۇسىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن باغ ئىچىنى
سەيلە قىلىشقا باشلاپتۇ ۋە باغدىكى مۆۋىلەر-
دىن يەپ تاماشا قىلىپ يۈرگىنىدە قۇلىقىغا
بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. ئۇ ئىزتىراپ بىلەن
ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىغان ئىكەن، بىر
دەرەخ ئۈستىدە ئولتۇرغان قىرىق نەپەر پە-
رىزاتقا كۆزى چۈشۈپتۇ. پەرىزاتلار ئۇنىڭ-
دىن ئەھۋال سوراپ، ئۇنىڭ سەراندىپ پا-
دىشاھىنىڭ قىزى مەلىكەيى ھۆسنىنى بەنتتىن
خالاس قىلغان، شاھ پەرىدۇننىڭ ئوغلىنى
ئۆلتۈرگەن كىشى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ، ئۇ
پەرىزاتلار ئەسلىدە قۇلزەم پادىشاسى پەرى-
دۇننىڭ تەۋەلىكىدىن ئىكەن، قۇلزەم پادىشا-
سى پەرىدۇن شاھ، ئۆز ئوغلىنىڭ قاتىلىنى
تېپىپ ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن، ئالەمنىڭ ھەر
تەرىپىگە نۇرغۇن دىۋە - پەرىلەرنى ئەۋەت-
كەن ئىكەن. ئۇ پەرىلەر بۇ يەردە سەيپۇل-
مۇلۇكنى ئۇچراتقاندىن كېيىن، ئۆز شاھزادى-
سىنىڭ قىساسى ئۈچۈن سەيپۇلمۇلۇكنى تۇ-
تۇپ، بىر دىۋىگە مىندۈرۈپ، قۇلزەم شەھرى-
گە ئېلىپ قېچىپتۇ ۋە ئاپىرىپ پادىشاسىغا
توغرىلاپتۇ. پادىشا بۇ ئادەمزاتنىڭ ئۆز
ئوغلىنىڭ قاتىلى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، دەرھال
ئۆلتۈرۈشكە ئەمر قىپتۇ. شۇ ھامان ئۇنىڭ
ۋەزىرى ئورنىدىن تۇرۇپ:
— ئەي پادىشاھى ئالەم! سەۋرى قى-
لىڭ، كىشىنى ئۆلتۈرمەك ئاسان، تىرىلدۈ-
رۈشكە مۇمكىن بولمايدۇ. پەرىزاتلار بۇ ئا-
دەمنى گۈلىستانى ئىرەمدىن تۇتۇپ كەلدۇق
دېيىشىۋاتىدۇ. مۇبادا بۇ ئادەم شەھبال ئىب-
نى شاھرۇھنىڭ ئادىمى بولۇپ قالسا، بۇنى
ئۆلتۈرگەندىن كېيىن شەھبال بۇنى بىزدىن
تەلەپ قىلسا، بىز نىمە دەيمىز؟ شەھبال
ئىبنى شاھرۇھ كاتتا پادىشا تۇرسا، ئۇنىڭغا
تاقابىل تۇرغىلى بولماس، — دەپتۇ.

پەرىدۇن شاھ ئۇنىڭ سۆزىنى توغرا
تېپىپ، سەيپۇلمۇلۇكنى زىندانغا بۇيرۇپتۇ.
بەھرى مۇھىتنىڭ ئىچىدە بىر زىندان بار
ئىكەن. دىۋىلەر دەريا سۈيىنى توختىتىپ تۇ-
رۇپ سەيپۇلمۇلۇكنى دېڭىز ئاستىدىكى ئاشۇ
زىندانغا سولاپتۇ ۋە زىندان ئاغزىنى تۈگمەن
تېشى بىلەن مەھكەم بېكىتىپ، ئۇستىدىن

يەنە ئاۋالقىدەكلا سۇ ئاقتۇزۇپتۇ.

بۇ سۆز بۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن، ئەمدى بىر كەلىمە سۆزنى گۇلىستانى ئىرەمدىن ئاڭلايلى:

سەرۋى بانۇ پەرىلەر شاھى شەھبال ئىبنى شاھرۇھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپتۇ. پادىشا سەرۋى بانۇغا ئىززەت - ئىكرام كۆرسىتىپ، ھاردۇق سورىغاندىن كېيىن كېلىش سەۋەبىنى سوراپتۇ. سەرۋى بانۇ سەيپۇلمۇلۇك ۋە بەدىئۇلجامالنىڭ ۋەقەسىنى پادىشاغا تونۇشتۇرۇپتۇ ۋە ئۇلارنى بىر - بىرسىگە قوشۇشنى پادىشادىن تەلەپ قىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان شەھبال ئىبنى شاھرۇھ:

— ئۇ يىگىت قېنى؟ ئۇنى ماڭا كۆرسىتىڭ، — دەپتۇ.

سەرۋى بانۇ «سەيپۇلمۇلۇكنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە كەلگەنلىكىنى، تاشقىرىدا بىر دەرەخنىڭ تۈۋىدە قالغانلىقىنى، ئەگەر شاھتىن ئىجازەت بولسا ئېلىپ كىرىپ پادىشا بىلەن كۆرۈشتۈرىدىغانلىقىنى» ئېيتىپتۇ. پادىشا سەرۋى بانۇغا قاراپ:

— ئۇنى تاشقىرىدا قويۇپ خاتا قىپسىز، چۈنكى بۇ ئەتراپتا بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىز كۆپ، — دەپتۇ ۋە پەرىلەرگە «دەرھال خەۋەر ئېلىنسۇن، دۈشمەنلەر ئۇنىڭغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈپ قويمىسۇن» دەپ بۇيرىغان ئىكەن، پەرىلەر چىقىپ، سەيپۇلمۇلۇكنىڭ ئۆز جايىدا يوق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ھەممە تەرەپنى ئىزدەپ تاپالماپتۇ. ئاخىرى ئۇنىڭ قۇلزەم شاھ تەۋەلىكىدىكى پەرىزاتلار تەرىپىدىن تۇتۇپ كېتىلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، شەھبال ئىبنى شاھرۇھقا ئەھۋالنى مەلۇم قىلىشىپتۇ. شەھبال ئىبنى شاھرۇھ دەرغەزەپ بولۇپ: «لەشكەرلەر جەڭگە ئاتلانسۇن» دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. دىۋە-پەرىلەردىن نۇرغۇن لەشكەر جەم بولۇپ، شەھرى قۇلزەمگە راۋان بوپتۇ. ئۇلار شەھرى قۇلزەمگە بارغاندا، پەرىدۇن شاھمۇ ئۆز لەشكەرلىرىنى جەم قىلىپ روبىرو بوپتۇ. ئىككى تەرەپ ئۇرۇش قىلماقچى بولۇشۇپتۇ.

قۇلزەم شاھى پەرىدۇن، گۇلىستانى ئىرەم شاھى شەھبال ئىبنى شاھرۇھقا ئەلچى ئارقىلىق «ئەي شاھ! جەڭ قىلىش ئۈچۈن كەلگەن بولساڭ مەنمۇ جەڭ قىلىمەن. ئەگەر كېلىشتىكى غەرىزىڭ بىر ئادىمىزات ئۈچۈن بولسا، مەن ئۇنى تۇتۇپ ئوغلۇمنىڭ قىساسى ئۈچۈن ئۆلتۈرىدۇم، سەن بىر بىۋاپا ئادىمىزات ئۈچۈن مەن بىلەن ئۇرۇش قىلامسەن؟ قايسى زاماندا پەرى بىلەن ئادەمنىڭ جۈپ بولغىنى بار؟» دىگەن سۆزلەرنى يەتكۈزۈپتۇ. شەھبال ئىبنى شاھرۇھ ئەلچىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ دەرغەزەپ بولۇپ، «قۇلزەم شەھرىنى ۋەيران قىلىپ، كۆلىنى كۆككە سورۇشقا» ئەھدۇ - پەيمان قىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى سەپلىرىنى تۈزۈپ ئۇرۇشقا كىرىشىپتۇ. ئۇرۇش ناھايىتى شىددەتلىك ئېلىپ بېرىلىپتۇ. ئاقىۋەت قۇلزەم شاھىنىڭ لەشكەرلىرى بەرداشلىق بېرەلمەي قېچىشقا باشلاپتۇ. شەھبال ئىبنى شاھرۇھنىڭ لەشكەرلىرى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ يۈرۈپ قىرغىن قىپتۇ ۋە قۇلزەم شەھرىنى ۋەيران قىپتۇ. قۇلزەم شاھى پەرىدۇننى بارلىق بالا - چاقىلىرى بىلەن قوشۇپ ئەسىرگە ئاپتۇ. شەھبال ئىبنى شاھرۇھ پەرىدۇن شاھنى ھۇزۇرىغا ئەكەلدۈرۈپ:

— ھەي پەرىدۇن! مېنىڭ كۆھقاپقا پادىشا ئىكەنلىكىمنى بىلمەمتىڭ؟ ئاتا - ئانا تەرەپتىن مىسىر ۋە يەمەن پادىشاسىنىڭ نەسلى بولغان بىر ئادەمنى نېمە ئۈچۈن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

سۇرۇشتۇرمەيلا ئۆلتۈردۈڭ؟ سېنىڭ مۇشۇ قىلمىشىڭ ئۈچۈن سېنى ۋە بالا ۋاقاڭنى، لەشكەرلىرىڭ ھەم شەھرىڭ بىلەن قوشۇپ ئوتتا كۆيدۈرىۋەتسەم ياكى سېنى بالا - چاقىلىرىڭ بىلەن قوشۇپ سائىتىقا تاپشۇرۇپ، سەيپۇلمۇلۇكنىڭ ئاتا - ئانىسىغا ئەۋەتسەم، سېنى ھەر كۈنى نەچچە خىل ئازاپ بىلەن قىيناپ ئۆلتۈرسە نىمە دەيسەن؟ بىزنى پانا تارتىپ كەلگەن ۋە بىزنىڭ بېغىمىزدا يۈرگەن بىر كىشىنى، بېغىمىزدىن تۇتۇپ ئېلىپ كېتىپ ئۆلتۈرۈشكە ساڭا كىم ھوقۇق بەردى؟ — دەپ سوراق قىپتۇ.

پەرىدۇن شاھ شەھبال ئىبنى شاھرۇھنىڭ غەزىۋىدىن قورقۇپ، سەيپۇلمۇلۇكنىڭ زىنداندا ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ ۋە ئۆزىگە ئەۋۇ قىلىنىشنى تىلەپ ئۆزىنىڭ قىلمىشىغا پۇشايمان قىلىپ يىغلاپتۇ. پەرىدۇن شاھنىڭ پۇت - قوللىرى بوشۇتۇلۇپ زىندان بېشىغا ئېلىپ بېرىلىپتۇ ۋە دېۋىلەر ئارقىلىق دەريانىڭ سۈيىنى باغلاپ، زىنداننىڭ ئاغزىنى ئېچىپتۇ. ئاغامچا سېلىپ سەيپۇلمۇلۇكنى زىنداندىن تارتىپ چىقىرىپتۇ. شەھبال ئىبنى شاھرۇھ سەيپۇلمۇلۇكنىڭ سەرۋى بانۇ ئېيتقاندىنمۇ ئارتۇق ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا ئىززەت - ئىكرام قىلىپ كۆڭلىنى ئىزدەپتۇ. سەيپۇلمۇلۇكمۇ شەھبال ئىبنى شاھرۇھنىڭ مېھرىبانلىق كۆرسىتىپ، كۆڭلىنى ئىزدىگەنلىگىگە تەشەككۇر بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭغا تازىم بىجا كەلتۈرۈپتۇ ۋە «تارتقان بارلىق مۇشەققەتلىرىم، ئەلھەمدۇلىللا راھەتكە مۇبەددەل بولدى» دەپ خۇرسەن بوپتۇ.

شەھبال ئىبنى شاھرۇھ سەيپۇلمۇلۇكنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى سىناپ باقماقچى بوپتۇ ۋە سەيپۇلمۇلۇككە قاراپ:

— ئەي شاھزادە! سەندىن سورايدىغان بىر نەچچە سوئالىم بار. ئەگەر بۇ سوئاللىرىمغا توغرا جاۋاپ بېرەلىسەڭ، مۇرادىڭغا يېتىسەن، — دەپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا مۇنداق سوئال - جاۋاپلار بوپتۇ:

— ئادەم پەرزەندىگە نىمە ئەڭ يېقىن؟

— ئۆلۈم ئەڭ يېقىن.

— ياخشىلارغا نىمە ياخشى؟

— ھايات ياخشى.

— دۇنيادا ئۆلۈك كۆپمۇ، تىرىك كۆپمۇ؟

— ئۆلۈك كۆپ، چۈنكى تىرىكلەر ئۆلۈپ، ئۆلۈكلەرگە قوشۇلۇپ تۇرىدۇ.

— دۇنيادا ئەر كىشى كۆپمۇ، خوتۇن كىشى كۆپمۇ؟

— خوتۇن كىشى كۆپ، چۈنكى خوتۇن كىشىلەرنىڭ سۆزىگە كىرگەن ئەر كىشىلەرمۇ خوتۇن قاتارىدا ھۆكۈم قىلىنىدۇ.

— قىيامەت كۈنى قاچان بولىدۇ؟

— غايىپنى خۇدادىن ئۆزگە كىشى بىلمەيدۇ. ئەگەر ھەركىم قىيامەت پالان كۈنى بولىدۇ دىسە، ئىماندىن ئاجرايدۇ.

بۇ جاۋاپلار شەھبال ئىبنى شاھرۇھقا خوش كەپتۇ ۋە سەيپۇلمۇلۇكنىڭ بۇ توغرا جاۋاپلىرىدىن رازى ۋە مەمنۇن بوپتۇ. ئاندىن كېيىن شەھبال ئىبنى شاھرۇھ پەرىدۇن شاھقا قاراپ:

— شۇنداق كىشىنىمۇ زايا قىلماقچىمىدىڭ؟ — دەپ ئۇنى ئەيىپلەپ يەرگە قارىتىپتۇ. ئاندىن ئۇنىڭ گۇنايىدىن ئۆتۈپ ئۆز مەملىكىتىنى قولىغا بېرىپتۇ. شەھبال ئىبنى شاھرۇھ سەيپۇلمۇلۇكنى ئېلىپ، ئۆز لەشكەرلىرى بىلەن گۈلىستانى ئىرەمگە قايتىش ئۈچۈن يولغا چىقىپتۇ. ئالدىن ئەۋەتىلگەن خەۋەر بويىچە شەھبال ئىبنى شاھرۇھنىڭ يولغا چىققانلىقىدىن ۋاقىپ بولغان سەرۋى بانۇ ۋە بەدىئۇلجامال شاھنىڭ ئىستىقبالىغا

چىقىپ، ئۇلاردىن ھال-ئەھۋال سوراپتۇ.

ئۇلار بىرلىكتە گۈلىستانى ئىرەمگە يېتىپ كېلىشىپتۇ.

شەھبال ئىبنى شاھرۇھنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم بولۇپ، توي جابدۇقلىرىنى تەييارلاشقا تۇتۇش قىپتۇ. ئۈچ ئاي ئىچىدە توي جابدۇغى ۋە باشقا تەييارلىقلار پۈتۈپتۇ. ئۇ غەزىنىسىدىكى لەئلى جاۋاھىرات ۋە گۆھەر-ياقۇتلارنى چىقىم قىلىپ، ئەتراپتىكى دىۋە-پەرىلەرگە خەۋەر قىلىپ، قىرىق كېچە-كۈندۈز توي-تاماشا ئۆتكۈزۈپ، بەدىئۇلجامالنى سەيپۇلمۇلۇككە نىكا قىلىپ بېرىپتۇ. بۇ ئاشىق-مەشۇقلار مۇرات-مەقسەتلىرىگە يېتىپ، ئەيشى-ئىشرەتكە مەشغۇل بوپتۇ.

شۇ يوسۇندا بىر يىل ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى شەھبال ئىبنى شاھرۇھ سەيپۇلمۇلۇكنى چاقىرىپ:

— ئەمدى بېرىپ ئاتا-ئانىڭىزنى كۆرۈشىڭىز كېرەك، چۈنكى پەرزەنت پىراقى يامان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەھۋالى نىچۇك بولىدىكىن؟ بېرىپ خەۋەر ئېلىڭ، بىز خالىساق ھەر ئايدا بىر نۆۋەت بېرىپ كۆرىمىز، بىزنىڭ بارمىقىمىز ئاسان، لېكىن ئادىمزاتنىڭ بۇ يەرگە كەلمىكى ناھايىتى مۇشكۇل، — دەپتۇ.

شاھزادە سەيپۇلمۇلۇك شاھنىڭ بۇ ئىلتىپاتىغا جاۋابەن:

— ئەي پادىشاھى ئالەم! سىز مېنىڭ ئاتامسىز، سىزنىڭ شەپقىتىڭىزدىن ئۈمىتۋارمەن، مېنىڭ سىزدىن باشقا غەمخورۇم يوق، — دەپ تازىم قىپتۇ.

شەھبال ئىبنى شاھرۇھ سەيپۇلمۇلۇكنىڭ بۇ سۆزىدىن خۇشۋاقىت بولۇپ، كېرەكلىك نەرسىلەرنى تەييارلاپ، سەيپۇلمۇلۇك بىلەن بەدىئۇلجامالغا يەتتە مىڭ پەرىنى قوشۇپ يولغا ساپتۇ. پادىشا ۋە سەرۋى بانۇ ئۈچ كۈنلۈك يەرگىچە بېرىپ، ئۇلارنى ئۇزۇتۇپ قويۇپتۇ. سەيپۇلمۇلۇك بىلەن بەدىئۇلجامالنى بىردىن دىۋە ئۆزىگە مىندۈرۈپ، ئاسمانغا پەرۋاز قىپتۇ، ئۇلار بىر ھەپتە ئىچىدە سەرەندىپ شەھىرىگە يېتىپ بېرىپتۇ. سەرەندىپ پادىشاسى ئۆز مەلىكىسى بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئىززەت-ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋاپتۇ. يەتتە كۈنگىچە مەجلىس ۋە زىياپەت ئۆتكۈزۈپ مېھمان قىپتۇ.

سەيپۇلمۇلۇك بىلەن بەدىئۇلجامال سەرەندىپتىن كۆچۈپ مىسىرغا يۈرۈش قىلىشنىڭ تەرەددۇتىغا چۈشۈپتۇ. مەلىكەيى ھۆسن بەدىئۇلجامالغا: «مەن خىزمىتىڭىزگە بىللە بارسام» دەپ ئىلتىماس قىپتۇ.

بەدىئۇلجامال سەيپۇلمۇلۇككە:

مەلىكەيى ھۆسنىنى سائىتقا ئېلىپ بەرسەك ۋە ئۆزىمىز بىلەن بىللە ئېلىپ بارساق قانداق؟ چۈنكى مېنىڭ ئادىمزاتلار ئارىسىدا يالغۇز تۇرۇشۇم مۇشكۇلدۇر، — دەپتۇ.

سەيپۇلمۇلۇك بۇ مەسلىھەتنى توغرا كۆرۈپ، مەلىكەيى ھۆسنىنىڭ ئاتا-ئانىلىرىغا مەسلىھەت ساپتۇ. ئۇلارمۇ بۇ ئىشقا رازى بولۇپ يەتتە كېچە-كۈندۈز داغدۇغىلىق توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، مەلىكەيى ھۆسنىنى سائىتقا نىكا قىلىپ بېرىپتۇ. توي ئاخىرلاشقاندا سەپەرگە تەييارلىق قىلىنىپ، تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن مىسىرغا قاراپ يولغا چىقىشىپتۇ. مەلىكەيى ھۆسنىنىڭ ئاتا-ئانىلىرى ئۇلارنى ئۈچ كۈنلۈك يەرگىچە بېرىپ، ئۇزۇتۇپ قويۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى بىردىن دىۋىگە مىنىپ، خۇشال-خۇراملىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلەن يۇرۇپ، بىر ئاي دىگەندە مىسىرغا يىتىپ بىرىپتۇ.

مىسىرغا يىتىپ بىرىشتىن ئۈچ كۈن ئىلگىرى، سەيپۇلمۇلۇك بىر دىۋە ئارقىلىق ئاتا - ئانىسىغا خەت ئەۋەتىپ ئۆزىنىڭ كىلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن ئىكەن، ئۇلار بۇ خەۋەردىن سۆيۈنۈپ «ئوكسىمىزمۇ، چۈشىمىزمۇ؟» دەپ، خوشاللىقتىن گاھى ھۇشىدىن كىتىپ، گاھ ھۇشىغا كىلىشىپتۇ. سەيپۇلمۇلۇكنىڭ پىراقىدا تولا يىغلاپ ئۇلارنىڭ كۆزلىرى كور بولۇپ قالغان ئىكەن، ئۇلار تاڭ سەھەردە خۇداغا مۇناجات قىلىپ: «ئى خۇدايا! پاكا پەرۋەردىگارا! بارنى يوق قىلغۇچى سەن، يوقنى بار قىلغۇچىمۇ ئۆزۈڭسەن، ھەر قانداق مۇشكۇل ئىش سىنىڭ ئالدىڭدا ئاساندۇر، بىزنىڭ بۇ ئىزىز پەرزەنتىمىزنىڭ دىدارىنى كۆرۈشىمىز ئۈچۈن كۆزىمىزگە نۇر ئاتا قىلغايسەن» دەپ، چىن ئېتىقادى بىلەن يىغلىغان ئىكەن، تەڭرى ئۇلارغا رەھىم قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆزىگە نۇر ئاتا قىپتۇ. ئۇلارنىڭ كۆزى ئېچىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشا ئاسىم ئىبنى سەپۋان پۈتۈن مىسىر خەلقىغە سەيپۇلمۇلۇكنىڭ ئىستىقبالىغا چىقىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرۈپتۇ. ئۆزلىرىمۇ ئوغلىنىڭ ئىستىقبالىغا چىقىشىپتۇ. يىراقتىن ئاتا - ئانىلىرىنى كۆرگەن سەيپۇلمۇلۇك، دىۋىدىن ئۆزىنى تاشلاپ ئاتا - ئانىلىرىنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپتۇ. ئۇلار يىغلىشىپ دىدار كۆرۈشۈپتۇ. كىيىن ئۇلار ئىززەت - ئىكرام بىلەن شەھەرگە ئېلىپ كىرىلىپتۇ.

پادىشا ئاسىم ئىبنى سەپۋاننىڭ پەرمانى بويىچە، شەھەر بايرام تۈسىگە كىرىپتۇ. مەملىكەتنىڭ ھەر تەرىپىدىن كەلگەن ئويۇنچىلار ۋە ئاجايىپ - غارايىپ ياسالغان نەرسىلەر كەلتۈرۈلۈپتۇ. ئۈچ ئاي ئويۇن - تاماشا كۆرسىتىلىپتۇ. تويلار ئۆتكۈزۈلۈپتۇ. ئىنئام ۋە ئىھسانلار قىلىنىپتۇ. بۇ ئىشلاردىن كۆڭلى خاتىرجەم بولغاندىن كىيىن، پادىشا تەختكە چىقىپ ئولتۇرۇپ مەملىكەت كاتتىلىرىنى ئالدىغا ھازىر قىلىپ، دۆلەت ۋە تەختنى سەيپۇلمۇلۇككە تاپشۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئۇنىڭغا بوي سۇنۇشىنى تەلەپ قىپتۇ. سائىتىنى ۋەزىرلىككە بەلگىلەپتۇ. ئارىدىن بىر نەچچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كىيىن، پادىشا ھەققە جان تەسلىم قىپتۇ.

سەيپۇلمۇلۇك ئاتا - ئانىلىرىنىڭ جەسىدىنى شاھانە رەسمىيەتلەر بىلەن دەپنە قىلىپ، خەتمە قۇرئان ۋە دۇئا-تەكبىرلەر ئۆتكۈزۈپ، تەزىيەت تۇتۇپتۇ. بۇ ئىشلاردىن پارىغ بولغاندىن كىيىن پادىشالىق تەختىدە ئولتۇرۇپ، ئادالەت بىلەن يۇرت سوراپتۇ.

ئاسىم ئىبنى سەپۋان ۋاپات بولغاندا، شەھبال ئىبنى شاھرۇھ ۋە سەرۋى بانۇ لەشكەرلىرى بىلەن مىسىرغا كىلىپ، ئىككى ئاي تۇرۇپ تەئزىيەت بىلدۈرۈپ قايتىپتۇ. شۇندىن كىيىن ئۇ پات - پات كىلىپ يوقلاپ تۇرۇپتۇ.

سەيپۇلمۇلۇكنىڭ سەلتەنىتى ئەللىك يىل داۋاملىشىپتۇ. بەدىئۇلجامالدىن بىر پەرزەنت ۋۇجۇتقا كەپتۇ، لىكىن ئالدامچى پەلەك ئۇلارغا ۋاپا قىلماپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە سەيپۇلمۇلۇك ۋاپات بوپتۇ. بەدىئۇلجامال بىشىغا تۇپراق چىچىپ يىغلاپ ماتەم تۇتۇپتۇ ۋە غەزىنىنىڭ ئىشىگىنى ئىچىپ، شاھانە قائىدە - يوسۇنلار بىلەن سەيپۇلمۇلۇكنىڭ جەسىدىنى دەپنە قىپتۇ، شاھانە قەۋرىلەرنى ياسىتىپتۇ. ئاندىن كىيىن تەختتە بەدىئۇلجامال ئۆزى ئولتۇرۇپ، ئادالەت بىلەن يۇرت سوراپ دەۋر سۈرۈپ، ئاقىۋەت ئۇمۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىپتۇ.

رۇبائىي:

كىشىكىم، كەلسە دۇنياغا ئاخىر دەم،
كىتەر ئۇ، قان يۇتۇپ، رەنجىپ، چىكىپ غەم.
بۇ دۇنياغا كۆڭۈل باغلاش ئورۇنسىز،
قىنى كىم كەتتى بۇندىن شادۇ - خورەم.

**بۇلاق (ئومۇمى 16 - سان)**

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
فورماتى: 1092×787 مىللىمېتىر 1/16
1985 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى

كىتاپ نومۇرى: M10098·1033

**源　泉** (维吾尔文,丛刊,总第16期)

(ئۈرۈمچى شەھەر ئازاتلىق كوچا № 306)
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى
باسما تاۋىقى: 25.75 قىستۇرما ۋارىقى: 1
1985 - يىل 9 - ئاي 1 - بېسىلىشى

تىراژى: 1—4,000 باھاسى: 1.95 يۈەن

www.uyghurkitap.com

مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: غازى ئەمەت، لىيۇ پېيچىڭ



书号：M10098・1033
定价：　　　　1.95元